ئابدۇراخمان قاھار

# ئاۋازات شەھرىنىڭ

# پېشقەدەم ئۇستازلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇراخمان قاھار

# ئاۋات شەھەرنىڭ پېشكى پۇقراسى

( رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم ........................................ 1
ئىككىنچى قىسىم ........................................ 157
ئۈچىنچى قىسىم ........................................ 370

# بىرىنچى قىسىم

## 1

ئۇلار ئىككىسى ــ ئابدۇقادىر بىلەن ھەسەنجان قىزىق تويىغا ئاياغ بېسىپ ئالدىراپ ماڭدى. بىرى يەنە بىرىگە بىر كارامەت كۆرسەتمەكچى.

ــ مەن بۈگۈن قالتىس بىر ئىش قىلىۋەتتىم.

ــ شۇنداقمۇ؟

ــ بارغاندا كۆرىسەن، ھەيران قېلىشىڭ مۇمكىن.

ھەيران قالغۇدەك قانچىلىك ئىشتۇ؟ تۇگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىپ سۆزلەيدىغان نەرسە بولىدىغان بۇ... ھەسەنجان ئاتلىقى شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېگىنىگە قىزىقىپ قالدى:

ــ قالتىس دېگىنىڭ چاغلىقلا ئىشتۇر؟

ــ چاغلىقلا دەيسەنغۇ، قىز ئەپقېچىپ كەلدىم، قىز.

ــ ياھ، كىمنى؟

ــ ماھىنۇرنى.

ــ قايسى ماھىنۇر؟

ــ شەمشىنۇرنىڭ سىڭلىسىچۇ.

ــ نېمە! ... سەن ئۇنىڭ ھەدىسى بىلەن يۈرۈۋاتساڭ...

ــ ئىككىسى بىلەن تەڭ يۈرگەن.

ھەقىقىي ئادەم باشقىلارنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە ياكى بىلسە، ئۆزىنىڭمۇ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ. ھەسەنجانىڭ ۋۇ-

جۇدى بىردىنلا قوزغالغان نەپرەتتىن سىلكىنىپ كەتتى. بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىگە ھەم غەزەپلىك، ھەم ھەيرانلىق ئالامەتلىرى شۇئان ئوقچۇپ چىقتى. ئابدۇقادىرنىڭ غەلىتە سۆزلىرى ئۇنى بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئۇ ھوشىنى بىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇنداق غەلىتىلىكنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. تېخى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ، ئابدۇقادىرنىڭ چىرايىدا شادلىق - مەغرۇرلۇقنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغىنىچۇ... ماھىنۇرنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ ئۇ ھەدىسىنى، ئاتا - ئانىسىنى ئويلىمىدىمىكىنە؟... كىچىكلىكىدۇر بەلكىم، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يېتەلمىدى - دە.

ئەگەر ئۇ ماھىنۇرنى كۆرمىگەن، تونۇمىغان بولسا، ئۇنىڭدا مۇنداق ھېس - تۇيغۇلار پەيدا بولماي كەتمىگەنمۇ بولار ئىدى. كىشىلەرنىڭ غېمىنى يەيدىغان، قايغۇسىنى قىلىدىغان شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدۇكى، ئۇلارنى قايغۇ - ھەسرەت، ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ياكى قېيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدۇ، ئۇلارنى خاتا كىرىپ قالغان يولدىن ياندۇرۇپ چىقمىغۇچە توختىمايدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپىدۇ.

ھەسەنجان ئۇنىڭ ئىنچىكە سىنچىلىقىنى يۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش - ئالتە ئاي بۇرۇن ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ ساۋاقدىشى ئىمىن ئارقىلىق ئابدۇقادىر بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئابدۇقادىر ئىمىندىنمۇ ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ يىگىرمە بەشلەرگە كىرىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ قارىماققا ئوتتۇز بەش ياشلاردا باردەك كۆرۈنەتتى. ھەسەنجان ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ رەسمىيەت ئۆتەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

ئابدۇقادىر ئەسلى شەھەرلىك ئەمەس، تېكەس ناھىيىسىدىن بولۇپ، شەھەرگە پات - پاتلا كىرىپ تۇرىدىغان ۋە كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە ئىدى. ئەسلى ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئىمىن ماھىنۇرلار بىلەن بىر مەھەللىلىك بولغاچقا، ئابدۇقادىر ئاۋۋال ماھىنۇرنىڭ ھەدىسى شەمشىنۇر بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەن.

شەمشنۇر — ئوڭ پۇتى سول پۇتىدىن ئۈچ - تۆت سانتىمېتىر كالتە بول-
غاچقا ، بىر يانغا تاشلىنىپ ماڭىدىغان ، بوينى خېلىلا قىسقا ، خۇددى
ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېشىنى كىيدۈرۈپ قويغاندەك ، بېشى ئال-
دىدا ، دۈمبىسى كەينىدە قالغاندەك بىر قىسما كۆرۈنىدىغان كۆرۈمسىز قىز
ئىدى . شۇڭا ، شەمشنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىغا ئابدۇقادىرنىڭ خېرىدار
بولغانلىقىغا ئىنتايىن خۇشال ئىدى ۋە ئۇ كەلسە قىزغىن قارشى ئالاتتى .
شۇنداق بولغانلىقتىن ئابدۇقادىرمۇ بۇ ئائىلىگە قورۇنماي ، بەخۇدۇك
كېلىدىغان بولۇپ قالغان . ئۇنىڭ بۇ ئائىلىگە بەخۇدۇك كىرىپ چىقىشى-
نىڭ سەۋەبىنى مۇشۇ شەمشنۇرنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق مەھەللىدىكىلەرمۇ
بىلىپ كەتكەنىدى .

بىر كۈنى ئابدۇقادىر ھەسەنجاننى سېنى يۇرۇۋاتقان قىزىمنىڭ ئۆ-
يىگە ئاپىرىپ كېلەي دەپ ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان شەرق مەھەللىگە باشلاپ
كېلىدۇ . قوش ئىشىكلىك دەرۋازىنى ئۇرغاندا ، شەمشنۇر دەرۋازىنى ئا-
چىدۇ - دە ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە باغقا باشلايدۇ . بۇ باغلىق
چوڭ ھويلا بولۇپ ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ، بىر تۈپ باراقسان ئالما ئاستىغا
كارىۋات ، كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جوزا قويۇلۇپ ، جوزىنىڭ ئىككى
يېنىغا يېكەندازلار سېلىنغانىدى . شاخ - شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ياز-
لىق ئالمىلارنىڭ مەززى ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ ، تېخى
پىشىپ كەتمىگەنىدى . ئابدۇقادىر بىلەن ھەسەنجان كارىۋاتتا ئولتۇ-
رۇشتى . بىر دەمدىن كېيىن يوغان ئىككى ئاق نان ، قەن - گېزەك
كۆتۈرگەن بىر قىز كېلىپ قولىدىكى نەرسىلەرنى جوزا ئۈستىگە قويىدى .
ئابدۇقادىر ئۇنى : بۇ ماھىنۇر ، شەمشنۇرنىڭ سىڭلىسى بولىدۇ ، دەپ
تونۇشتۇردى . ماھىنۇر چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ، ئون تۆت -
ئون بەشلەردە بار ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى . ھەسەنجان بۇ ھەدە -
سىڭىلنىڭ بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىغا ، ھەدىسىنىڭ سەت-
لىكى ، سىڭلىسىنىڭ ئىنتايىن گۈزەللىكىگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى .
ئابدۇقادىر بىلەن ھەسەنجان ئىككى قىز بىلەن چاي ئىچىپ ، پاراڭلىشىپ
بىرەر سائەت ئولتۇرۇپ قايتىپ كېلىشتى . ئارىدىن ئالتە - يەتتە كۈن

ئۆتۈپ ، ئىككىسى باغلىق قورۇغا يەنە بىر قېتىم بىرىپ ، تاماق يەپ ، خېلى ئۇبدان مېھمان بولۇشۇپ كەلدى . مۇشۇ ئىككى قېتىملىق مېھمان بولۇش ئارقىلىق ھەسەنجان ئۇ ئىككى قىز بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالغان ...

چىڭقى چۈش مەزگىلى ئىدى . ھاۋا قاتتىق قىزىپ كەتكەنىدى . ئىككى خىل خىيال ، ئىككى خىل ھىس ـ تۇيغۇدا كېتىۋاتقان ھەسەنجان بىلەن ئابدۇقادىر قىڭغىر ـ قىيسىق ، توپىسى ئۆرلەپ تۇرىدىغان تار كوچىغا بۇرۇلدى . كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سوقما تاملىق ، پاكار ـ پاكار كۆرۈمسىز ئۆيلەر كىشىگە خۇددى ھالىدىن كېتىپ مۈكچىيىپ قالغان بوۋايلارنى ئەسلىتەتتى . كوچىنىڭ تارلىقىدىنمۇ ياكى سۇ يېتىش-مەسلىكتىنمۇ ھويلىلارنىڭ ئالدىدا بىرەر تۈپمۇ دەل ـ دەرەخ كۆرۈنمەيتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن قاقاس كوچىنىڭ توپىسى ئۆرلەپ ، ئاياغ ئاستىدا توزاڭلار پۇرقىراپ تۇراتتى . ئۇلار كوچىغا كىرىپلا ھاۋانى تېخىمۇ قىزىپ كېتىۋاتقاندەك ھىس قىلدى .

ــ ئاخشام ئەپقېچىپ كەلدىڭمۇ ؟ ــ دېدى ھەسەنجان بىر قىسما روھىي ھالەتتە ئاستا شىۋىرلاپ .

ــ ياق ، بۈگۈن تاڭ سەھەردە ، بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئۇ قو-رۇسىدىن چىقتى ، ئالدىغا بىرىپ قولىدىن تۇتتۇم ـ دە ، ئۇدۇل مەشەگە باشلاپ كەلدىم ، ھېلىمۇ تەلىيىمىز بارئىكەن ، تاڭ ئېتىپ قالغان بولسىمۇ ، ھېچكىم كۆرمىدى ، ماھىنۇرغۇ ھېچنېمە بولمىدى ، ئەمما مەن ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە تىترەپ كەتتىم .

ــ ماھىنۇرنى ئەكەلگەن ئۆي كىمنىڭ ؟

ــ تۇغقىنىمىزنىڭ .

ــ مۇنداق ـ دە .

ــ ئەمما ئۇ قورۇدا ھازىر ھېچكىم يوق ، ئاچقۇچنى ماڭا بىرىپ قو-يۇپ ھەممىسى يايلاۋغا چىقىپ كەتكەن ، قارا ، تەلىيىمىزنىڭ ئوڭدىن كېلىپ ، قورۇنىڭ بىزگە ئوڭچە قالغىنىنى ، تاس قاپتىمەن تېخى ئاچ-قۇچنى ئالمىغىلى .

ئىككىسى كونىراپ جۇلنقى چىقىپ كەتكەن قوش ئىشىكلىك

دەرۋازىنى ئېچىپ قورۇغا كىردى. ھەسەنجان ئېنىق ھالدا بۇ قورۇدا ھازىر ماھىنۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى كۆرۈپلا داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ماھىنۇردا يېڭىدىن قېچىپ كەلگەن قىزلاردا كۆرۈلىدىغان قورۇنۇش، قورقۇش، ۋەھىمە ئالامەتلىرىدىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر يوق بولۇپ، ئۇ خۇددى مۇشۇ قورۇنىڭ قىزىدەك شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق ئىشەنچلىك ھالدا يازلىق چايخانىدا گۆش توغراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسىگە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئېرەنسىزلىك بىلەن بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئىشىنى قىلىپ ئولتۇرۋەردى.

— بۇ كىم، تونۇدۇڭمۇ؟

— تونۇمايچۇ، ھەسەنجان ئاكامغۇ.

— تاماقنىڭنى قويۇپ تۇر، قورساقلا ئېچىپ، ئۈچەيلەر تارتىشىپ كەتتى، ئاۋۋال چاي دەملە.

ئابدۇقادىر ماھىنۇرغا ئۇنى ئەمرىگە ئالغاندەك، گويا ئۇنىڭ ئېرىدەك مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ماھىنۇرمۇ ئابدۇقادىرنىڭ ئايالىدەك، گويا كۆنىراپ قالغان ئىتائەتمەن كېلىنلەردەك ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دەرھال ئورۇنداۋاتاتتى. ئۇ گۆش توغراشنى توختىتىپ، جوزا قويۇپ داستىخان سالدى. چەينەككە چاي سېلىپ، ئۈستىگە چايداندىكى قايناق سۇدىن قۇيدى ـ دە، ھېچقانچە ھايال بولماي بىردەمدىلا چاي دەملىدى، ئۇنىڭ ھەركەتلىرى تېز ـ چاققان ئىدى. ھەسەنجان تۇۋا، مۇنۇ قىزنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى، نېمە ئىش بۇ، ئابدۇقادىرنىڭ رەسمىيلا خوتۇنىغا ئايلىنىپتىغۇ، دەپ ئۇنىڭ كىرگەن كوچىسى، باسقان قەدىمىگە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھەيران بولۇپ تەگسىز خىيالغا چۆكۈپ قالدى.

ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ پىيالىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، خىيالدا قالغان ھەسەنجانغا قاراپ ئابدۇقادىر مۇنداق دېدى:

— قارا، ئاداش، مانا كۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ماھىنۇرنى ئەپقېچىپ كەلدىم. ئۆزىمۇ گېپىمگە كىرىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئۈچۈپ كەلدى. ئەمدى چەت ئەلگە بىللە چىقىپ كەتمەكچىمىز. «كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر» دېگەنلەر بىكار ئېيتمىغاندۇ، ياشلىقنى مەنىلىك ئۆت-

كۆزۈش دېگەن شۇ ، ئاداش .
— پىلانىڭلار چوڭ ئىكەنغۇ ؟
— تۆت تامنىڭ ئىچىدە قاچانغىچە سولىنىپ ياتىمىز ، خۇدا بىزگىمۇ ئەقىل بەرگەن ، بىزمۇ دۇنيانى چۆشىنىپ باقايلى ، بىلىپ باقايلى . دۇنيا كېزىپ ، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ ماھىنۇرنى ھەيران قالدۇراي دەۋاتىمەن .
ماھىنۇر ئابدۇقادىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى . ئۇ مۇنداق گەپلەرنى بەلكىم جىق ئاڭلىغاندۇ ، لېكىن ھازىر ئاڭلاۋاتقاندەك چىرايىدىن رازىمەنلىك ، تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ چاقناپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتىدىن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئېرىشەلەيدىغان يېپيېڭى ، ئاجايىپ بەختىيار ، تەڭداشسىز گۈزەل ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش ، ئۈمىد ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۈمىد ـ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزى يەتكەن كىشىدىلا مۇشۇنداق روھىي ھالەت قوزغىلىدۇ ، ئەلۋەتتە . ماھىنۇرنىڭ گۆدەك قەلبىگە خۇشاللىقنى سىغدۇرالمايۋاتقانلىقنى سەزگەن ھەسەنجان خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالغا كېلىپ قالدى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا ئېچىنىپ قارىدى . « بۇ مەن بىلىدىغان ئابدۇقادىرغۇ ، ئۇ بىر بىكار تەلەت ، دەپ خىيالغا كەتتى ئۇ . مەمەدان ، گەپدانلىقىدىن باشقا قايسى ئەقىل ـ پاراسىتى ، روناق تاپقان قايسى پۇلى بىلەن شۇنچىلىك كارامەتلەرنى كۆرسىتەلەيدىغاندۇ ، مۇنۇ قىزنىڭ قۇرۇق گەپكە ئىشىنىۋاتقىنىغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى ؟ ... »
— ياخشى ... ياخشى ئىشقا قەدەم قويۇپسىلەر ، — دېدى ھەسەنجان بېشىنى لىڭشىتىپ .
— ماھىنۇرنى شۇنداق خۇش قىلىۋېتەيكى ، ئاداش ، — دېدى ئابدۇقادىر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ ، — دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭ مەرتە رازى بولۇپ كەتسۇن ! ھە ، ماھىنۇر ، تازا خۇشال بولۇۋاتقانسىز ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇقادىر ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان چېيىنى بىراقلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .
— خۇشال بولماي ... بەختىنى تاپقان كىشى ئەلۋەتتە خۇشال بو-

لىدۇ - دە.

— توغرا، خۇشال بولۇش كېرەك.

ھەسەنجان ئابدۇقادىر بىلەن ماھىنۇرغا سەپسېلىپ قارىدى. ماھىنۇر — ئاق يۈزى، بويۇنلىرى شۇنچىلىك سىپتا، بىرەر تال مەڭدىنمۇ خالىي، دۈگىلەك كۆزلىرىمۇ، قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىمۇ، قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرىمۇ قاپقارا، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرى نېپىز، زىلۋا بويلۇق قىز ئىدى. ئۈچىسىدىكى يېڭى قىسقا، شاپتۇل چېچەكلىك گۈللۈك كۆينىكى ئۆزىگە قالتىس ياراشقان بولۇپ، كۆكسى ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققانىدى. چىراي - تۇر-قىدىن گۈزەللىك، نەپىسلىك، كۆزلىرىدىن جىلۋىدار نۇر يېغىپ، ئىككى ئۆرۈلگەن قاپقارا چېچى پارقىراپ تۇراتتى. پۈتۈن تۇرقى-دىن تېخى بالىلىق - گۆدەكلىكنىڭ كەتمىگەنلىكى بىرلا كۆرگەن كىشىگىمۇ سېزىلەتتى. ئابدۇقادىر — ئوتتۇرا بويلۇق، چىرايى قارىراق؛ يۈزى ياپىلاق، بىر نەچچە تال سىزىق چۈشكەن پېشانىسى كەڭ، چېقىر كۆزلۈك، كالپۇكلىرى قېلىن، قويۇق چېچى تەبىئىي بۈدۈر بولۇپ، تېگى كۆك، جىگەر رەڭ يوللۇق شەتلەڭگە كۆينىكى چىرايىغا ناھايىتى ماس كېلەتتى، ئۆزى چاققان ئىدى.

— لەگمەن ئېتىۋاتاتتىڭغۇ دېيمەن، ماھىنۇر؟ — دېدى ئابدۇقا-دىر بىردەملىك جىملىقتىن كېيىن.

— ھەئە، ئۆزىڭىز لەگمەن ئەت دېگەنغۇ.

— ھە، لەگمىنىڭنى ئېتىۋەر ئەمىسە، ھەممە نەرسە تولۇقمىكەن؟

— سىركە، لازا يوقكەن.

— مەن ھازىر ئەكىلەي.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چايخانا تۆۋرۈكىگە ئېسىپ قويۇلغان قارا سومكىنى ئالدى - دە، ماھىنۇر ئۇزاتقان بوتۇلكىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ كوچىغا ماڭدى.

— شۇنداق قىلىپ، ماھىنۇرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەنسەن - دە، — دېدى ئۇنىڭ كەينىدىن دەرۋازا ئالدىغىچە بىللە چىققان ھەسەنجان

توختاپ .

ـــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن . بايىقى گېپىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ ، ئەمدى بەختلىك بولدۇم ، دېۋاتىمەنغۇ . كىچىك بولغان بىلەن بەك چىلىق قىز بۇ ، ئىرادىسىگە قايىل قالىسەن .

ـــ يولى كەلمەي ، ئەگەر ئاچىقىپ كېتەلمەي قالساڭچۇ ؟

ـــ بۇزۇۋېتىمەن ، راستىمنى ئېيتسام ، مەيلى قانداق بولمىسۇن ئۇنى بۈگۈن كېچىدىن باشلاپ خوتۇن قىلىمەن .

ـــ شۇنداقمۇ ؟ ... ـــ ھەسەنجاننىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشۈپ ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى .

ـــ شۇنداق بولماي ، ئۆزى كەلگەن بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغان ساراڭ ئەمەس ـ دە مەن . سەن كىرىپ ماھىنۇر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇر ، مەن ھازىرلا كېلىمەن .

ئابدۇقادىر كەتتى . كۆزلىرى ئىمىر ـ چىمىر قىلىپ تۇرۇپلا قالغان ھەسەنجانغا كوچىلار پىرقىراۋاتقاندەك بىلىندى .

## 2

ھەسەنجان ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ، قورۇغا كىردى ـ دە ، چايخانا سۇپىسىدا ئولتۇردى . ماھىنۇر ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆكتات توغراۋاتاتتى . ئۇنىڭ گۈزەللىك ، نەپىسلىك يېغىپ تۇرغان زىلۋا بويىدىن ، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىدىن ، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرىدىن ، قىڭراق تۇتقان ئىنچىكە ، سۈزۈك قوللىرىدىن گۆدەكلىك ـ ساددىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئەمما ، ھەسەنجان ئابدۇقادىرنىڭ ھېلىلا ئېيتقان سۆزلىرىدىن قايغۇرۇپ قالغانىدى . ئۇ ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتقان مۇنۇ قىزنى قانداق قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى قاتتىق ئويلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ قايغۇلۇق كۆزىگە ماھىنۇر خۇددى تورغا چۈشۈپ قالغان بۆدۈنىدەك بىلىنمەكتە ئىدى . ئۇ شۇنداق بىر ئېغىر ئازابتا قىينالماقتا ئىدىكى ، ماھىنۇر ھەرگىز ئۆزىنى تورغا چۈشۈپ قالدىم ، دەپ ھېس قىلغىنى يوق ، بەختىمنى تاپتىم ، دەپ ئويلاۋاتىدۇ . ئۆزىنى بىلمەسلىك ،

ھۆرمەت قىلماسلىقنىڭ بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ، باللارچە قىلغان ئىشتىن ئارتۇقچە رازى بولۇشنىڭ تەنتەكلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن ، ئۇ ئۇنى ئويلاپ يېتىش ئىقتىدارىغا تېخى ئىگە ئەمەس ـ دە . راستىنى ئېيتقاندا ، ھەسەنجاننىڭ بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاداسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭغا ئىچىنىۋاتاتتى . « ماھىنۇرنى مۇشۇ ياسقان قەدىمى ، كىرگەن كوچىسىدىن ياندۇرۇپ چىققىلى بولماسمۇ ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — بەلكىم ياندۇرۇپ چىققىلى بولار ، گەپ قىلاي ، ئىستىقبالىدىن سۆز ئاچاي ، تەسىرلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، سەۋەنلىكلەر بىلمەسلىكتىنمۇ تۇغۇلىدۇ . »

— ماھىنۇر ؟

— ھە .

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟

— يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن ئون بەشكە كىرىمەن .

— نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىسىز ؟

— يەتتىنچى سىنىپتا .

— ئەمدى ئوقۇشنى تاشلىدىڭىزمۇ ؟

— تاشلىدىم .

— ئويلاپ گەپ قىلىۋاتامسىز ؟

— ھەئە ، ئويلاپ .

— دەۋاتقان گېپىڭىزگە قاراڭا ، ئوقۇۋالسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— قىز بالا ئوقۇپ ئەر شىئەلاغا چىقالايتتىمۇ ...

— تولۇق ئوتتۇرىنى ئوقۇمىسىڭىزمۇ ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا بىرەر تېخنىكومغا كىرىۋالسىڭىز ، ئوقۇش دېگەن ھەر قاچان ئەسقاتىدۇ . ئوقۇمىسىز قالسىڭىز ، نادانلىقتا قالىسىز ، نادان ئادەم دەردۇ بالادىن ، ھەر خىل پۈتلىكاشاڭ ، ئازابلاردىن قۇتۇلالمايدۇ ، بولۇپمۇ قىزلار شۇنداق . بىلىملىك ئادەم جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق ئەزاسى ، پۈتۈن ئادەم ، ئاخىرقى ھېسابتا بەختلىك ئادەم بولىدۇ ئەمەسمۇ ، مۇشۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇرراق ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ؟

— ئويلىغان ، قىزلار قاچان پۈتۈن ئادەم بولغان ! ئاخىر ئۆينىڭ ئادىمى بولىدۇ .
— ئابدۇقادىر سىزدىن ئون ياش چوڭ تۇرسا ؟
— مەيلى ئەمەسمۇ ، ئاپامۇ دادامدىن ئون بەش ياش كىچىك تۇ-رۇپ تېگىپتىكەن .
ھەسەنجان ماھىنۇرنىڭ گەپنى ئۇززۇۋېتكەنلىكىدىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنىڭ ، مۇنازىرلىشىشنىڭ ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى چۈشەندۈرۈش-نىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، گەپنى باشقا ياققا بۇراپ مۇنداق دېدى :
— ئابدۇقادىر بىلەن ئەسلى ھەدىڭىز يۈرۈۋاتاتتىغۇ ؟
— ھەدەم بىلەن يالغاندىن ، مەن بىلەن راستتىن يۈرگەن ، بول-مىسا قېچىپ كېلەتتىمۇ .
— مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن - ھە ؟
— بولىدۇ ، مانا بولدىغۇ ...
ئەمدى نېمە دېگۈلۈك ؟ بۇ قىزغا ھەرقانچە چىرايلىق ، تەسىرلىك سۆزلەرمۇ كار قىلمىدىغاندەك ئەمەس . ئەخلاق ، ھايا دېگەننى ئويلاپمۇ قوي-مايۋاتىدۇ ، قاياقتىن گەپ قىلساڭ ، شۇ ياقتىن چىقىپ ئالدىڭغا ئۆتىۋېلىۋاتىدۇ . ئادەم دېگەنمۇ چۈشەنمەك تەس مەخلۇق ئىكەن ؛ بىر قا-رىساڭ ئەقىللىق ، بىر قارىساڭ دۆت بولىدىكەن . ئەقىل ، دىت يېتىشمىگەندە شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ - دە . ئابدۇقادىر بىلەن بىللە مۇشۇ ئۆيدە تۇرسا ئۇنى قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئۇ ھېس قىلالمايۋاتقاندۇ بەلكىم ...
ھەسەنجان ئەمدى جۈرئەت قىلىپ ، شۇ ھەقتە گەپ ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى :
— ئەمدى ئابدۇقادىر بىلەن مۇشۇ يالغۇز ئۆيدە بىللە تۇرىۋېرەمسىز ؟
— بىللە تۇرىمەن ، دەپ كەلدىم . قېچىپ كەلگەن ئادەم بىللە تۇر-ماي ، ئايرىم تۇراتتىمۇ ، — ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىدىن كۆز ئۈزمەي ، بۇياققا

قايرىلىپمۇ قويماي سورالغان سوئاللارغا شۇنداق تېز جاۋاب بېرەتتى .
— ماھىنۇر ، — دېدى ھەسەنجان ئۇنىڭغا ئېچىنىپ قاراپ ، — سىز تېخى كىچىك ، بىر ئىشنى ئويلىدىڭىزمۇ ؟
— نېمە ئىشنى ؟
— ئەگەر ئابدۇقادىر سىزگە چېقىلىپ قويسا قانداق قىلىسىز ؟
— ئۇ بەرىبىر ئۆزۈم خالىغان ئادەم .
— چەت ئەلگە سىزنى ئاچقىپ كېتەلمەي قالسىچۇ ؟
— ئاچقىپ كەتكۈچە ساقلايمەن .
قىزنىڭ تەمتىرىمەي تېز - تېز بېرىۋاتقان جاۋابلىرى ھەسەنجاننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ كىچىككىنە قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتىدىن يانمىدى . لېكىن ، قىلغان گەپلىرى تەسىر قىلمىدى . ئۇنداق بولسا ئۇنى قايسى يول بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قال- غىلى بولار ؟ ھەسەنجان باشقىچە بىرەر چارە - ئۇسۇل تېپىش ئۈچۈن يەنە چوڭقۇر ئويغا چۆكتى .
ماھىنۇر گۆش - كۆكتاتلارنى توغراپ بولۇپ ، لەگمەننىڭ سېيىنى قورۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . ئۇ تونۇرنىڭ يېنىدىكى كەسلەپ قويغان ئوتۇنلاردىن بىرنى قۇچاق ئېلىپ ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا قويدى . ئۇ ئۆيگە كىرەتتى ، ئوچاق بېشىغا كېلەتتى ، ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى ، خۇددى مۇشۇ قورۇدا چوڭ بولغان ئادەمدەك شۇنداق ئەركىن ، بىمالال ھەرىكەت قىلاتتى ۋە شۇ ھەرىكەت - قىلىقلىرى بىلەن ھەسەنجاندا غەلىتە تۇيغۇلارنى قوزغاپ قويۇۋاتاتتى .
كۈن قاتتىق قىزىپ كەتكەنىدى . تەبىئەتنى مۇگدەك باستىمۇ ، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى . ھويلىلار ، كوچىلارمۇ جىمجىت ئىدى . ماھىنۇر ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ ، قازانغا ماي قۇيۇۋاتقاندا ، ئابدۇقادىر كى- رىپ كەلدى . ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ . يۈزلىرىدىن ، بۇرۇن ئۇچلىرى ، قۇلاق چۆرىلىرىدىن تەر تامچىلىرى چېپىلداپ قۇيۇلۇپ تۇ- رۇپتۇ . ئۇ قولىدىكى ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ماھىنۇرغا بېرىپ ، قازان بېشىدىن چايخانا تۈۋرۈكىگىچە تارتىلغان سىمغا ئارتىپ قويۇلغان لۆڭ-

گىنى ئالدى ـ دە، يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئىسسىقتىن زارلاپ، ھەسەنجاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. يېنىدىن گۈل چېكىلگەن موخۇركا خالتىسىنى چىقىرىپ تاماكا يۆگەشكە باشلىدى.

— زېرىكتىڭمۇ، ئاداش، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ.

— ياق، ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، ماھىنۇر قالتىس ئىرادىلىك قىز ئىكەن جۇمۇ.

— بايا كېلىۋېتىپ ساڭا ئېيتتىمغۇ، ناھايىتى ئىرادىلىك قىز، قايىل قالىسەن دەپ، بوش ئادەمنى تاللىمايمىز بىز.

— كىچىك بولسىمۇ راست شۇنداق ئىكەن.

— كىچىكلىكى كىچىك، ئۆزۈم چوڭ قىلىۋالىمەن دېگىنە. قالتىس ئايال بولىدۇ بۇ، شۇنداقمۇ ماھىنۇر؟

كەينىنى بۇياققا قىلىپ، سەي قورۇۋاتقان ماھىنۇر قايرىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ھەسەنجان خىيالغا كەتكەندى: بۇ قىز نېمىگە ئىنتىلىدىغاندۇ، نېمىگە قىزىقىدىغاندۇ، نېمىگە ئەسىر بولۇپ قالغاندۇ؟ قۇلىقىدىن دىلىغا چۈشۈۋاتقان سۆزلەرنىڭ قايسى يولغا باشلايدىغانلىقىنى نېمىشقا پەرق ئېتەلمەيدىغاندۇ؟ ... ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئادەمنى بەختىيار ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغانمۇ، يىرگىنىشلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغانمۇ ئۆزى ئەمەسمۇ! مەن ئۆتۈلگەن دەرسلىك، ئوقۇغان كىتابلىرىمدا ئېيتىلغان نەزەرىيىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. قىز باللارنىڭ ئون تۆت، ئون بەش ياش ۋاقتى تازا تەنتەك، ھېسسىياتىنى باسالمايدىغان، ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان مەزگىلى. بۇ مەزگىلدىكى قىزلاردا ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئىقتىدارى بولمىسا ئۇلار ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە قالىدۇ. ئەمما، شۇنداق ئاقىۋەتلەرگە قالىدىغانلىقىنى شۇ مەزگىلدە ئۆزىمۇ سەزمەي قالىدۇ. سەن شۇنى چۈشەنگەن ئىكەنسەن، قاراپ تۇرامسەن، قېنى سەندىكى ئىنسانىي بۇرچ؟ ئىنسان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كۆرەش

قىلغۇچى ۋە ئاشۇ كۈرەشتىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپقۇچى دېگەنلىك ئە-
مەسمۇ!

ماھىنۇر ناھايىتى چاققان، چەبدەس ئىكەن. ئەتكەن لەگمىنى بىر دەمدىلا تەييار بولدى. ئىككىسىگە ئىككى تەخسە لەگمەن سېلىپ بې-
رىپ، قورۇنۇپمۇ قويماي، ئۆزىمۇ جوزىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن غىزالىنىشقا ئولتۇردى.

— سەن چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولغانمۇ؟ — دېدى ھەسەنجان ئابدۇقادىرغا قاراپ.

— ئۆتەپ بولغان.

— ماھىنۇرنى قانداق ئاچىقىپ كەتمەكچىسەن؟

— تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى دەپ.

— ئۇنداق دەپ ئاچىقىپ كېتىش تەس.

— سىڭلىمچە نىمە دېسەم ئاسانراق بولار.

— ئايالىم دېسەڭ ئاسانراق بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن توي خېتى بولۇش كېرەك.

— دېگىنىڭ توغرا، — دېدى ئابدۇقادىر، — ئۇنداقتا ئاسان بولاتتى، بىراق توي خېتىنى قانداق ئالىمىز؟

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ھەسەنجان ئابدۇقادىرنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى تىنىپ، — بىز ھازىرلا سوتقا بارايلى، سەن سوتچىغا: بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، ئىككىمىز توي قىلىشماقچى بولغانىدۇق، لېكىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قوشۇلمايۋاتىدۇ، ئىككىمىز قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولغان، بىراق قېچىشتىن بۇرۇن ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بارايلى، ئەينى ئەھۋالنى دەيلى، ھۆكۈمەت بىزگە ياردەم قىلىدۇ، قوللايدۇ، دەپ بۇ يەرگە كەلدۇق، دەيسەن. ماھىنۇر: ئەگەر ئاتا - ئانام بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلمىسا، ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىۋالىمەن، دېسۇن. ئۇلار ھەرگىز ئاتا - ئانىنىڭ رايىغا باقمايدۇ، ئىختىيار قىلغان، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن ياشلارنى قوللايدۇ. توي خېتىنى ئېلىۋالساڭلار، رەسمىيەت ئۆتەشمۇ ئاسان بولىدۇ ھەم تېزرەك

چىقىپ كېتەلەيسىلەر ئەمەسمۇ ؟ شۇڭا ھازىرلا سوتقا بېرىڭلار ، مەنمۇ باراي ، سىلەرنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇيۇڭلارنى مەنمۇ ئېيتىپ ياردەم قىلاي .

ــ توي قىلىدىغانلار رايونغا بارىدۇ دەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ ؟ ــ دېدى ماھنۇر ئەندىشە ئارىلاش ھەسەنجانغا قاراپ .

ــ سوت دېگەن دەۋا قىلغانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ھوقۇقلۇق ئورۇن ، ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز گېپى قانۇن دەگە ، ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ ، ــ دېدى ھەسەنجان قەتئىيلىك بىلەن .

ئابدۇقادىر خۇشال بولۇپ ، ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركىدى :

ــ قالتىس توغرا گەپ قىلدىڭ ، يارايسەن ئاداش ، يارايسەن ، بىزگە ئاسان يول تېپىپ بەردىڭ ، ئوقۇغان ئادەم باشقا ـ دە .

ــ توي قىلىشقا ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمىغانلاردىن نەچچىسىنىڭ مۇشۇنداق يول بىلەن توي قىلغانلىقىنى كۆردۇققۇ ، ھۆكۈمەت ئۆزى ئىختىيار قىلغانلار تەرەپتە تۇرىدىكەن ، ــ دېدى ھەسەنجان ئۇلارنى تېخىمۇ چىڭىتىپ .

مەسلىھەت شۇ بولدى . ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ماھنۇر قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇشقا تۇتۇش قىلىۋىدى ، ئابدۇقادىر ئۇنى تېزرەك مېڭىشقا ئالدىراتتى :

ــ بولدى قىل ، قاچىلىرىڭنى كەچتە يۇيۇۋالارسەن ، سائەت ئۈچ بولۇپ قالدى ، چاپسانراق ماڭايلى .

ئۇلار قورۇدىن چىقىشتى ، ئابدۇقادىر دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى . ماھنۇر كوچىغا چىقىپ ، يەتتە ـ سەككىز قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى . ئۇ بۇ قورۇغا قېچىپ كەلگەندىن بېرى خۇددى ئۆز ئۆيى ، ئۆز قورۇسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ناھايىتى ئەركىن ، ئەندىشىسىز تۇرۇۋاتاتتى ۋە مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن ئادەمدەك ، ئابدۇقادىر بىلەن خاتىرجەم ئۆي تۇتۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى . كوچىغا چىقىپلا ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ، قايناق ھېسسىياتلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى ـ دە ، پۈتۈن بەدەنلىرىدىن ۋەھىمىلىك ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغىلىشقا باشلىدى . يۈرىكى تۇيۇقسىزلا قاتتىق ئۇرۇپ ، ئۆزىنى بارغان-

سېرى قورقۇنچ باسقىلى تۇردى. دادىسى بىر ئايدىن بېرى ئاغرىق بولۇپ، تالا ـ تۈزگە چىقالمايتتى. ئەمما ئاپىسى، ھەدىسى ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن بولۇشى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇچراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئۇچراپ قالسا، نېمە ئىش يۈز بېرەر؟ قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟ بۇ قورقۇنچلۇق سوئال ئىدى. تېخى سوتتىكىلەرچۇ، گېپىنى ئاڭلاپ، تەلەپلىرىگە قوشۇلسىغۇ ياخشى، قوشۇلماي قالسىچۇ؟ ...

ماھىنۇرنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ۋەھىمىلىك ئۇچقۇنلار ئۇچ- قۇنداشقا باشلىدى.

## 3

ئۇلار شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى ئالدىغا كەلدى. ئابدۇقادىر شۇ چاغدىلا ئۆزىنى سۈر باسقانلىقىنى ھېس قىلدى. ماھىنۇر تىترەشكە باش- لىدى. ھەسەنجاندا ئەمدى ماھىنۇرنى ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ، دېگەن ئىشەنچ تۇغۇلدى.

ئۇلار سوت مەھكىمىسى قورۇسىغا كىرىپ، قايسى بۆلۈمگە كى- رىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، چەتتىكى بۆلۈمدىن سوت خىزمەتچىسى بولۇشى كېرەك، بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ھەسەنجان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە مەقسەتتە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتۇيدى، ئۇ ئۇلارنى باشلاپ كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىگە ئەكىرىپ قويدى. كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىدە ئوتتۇز سەككىز ـ قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. ئابدۇقادىر ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى ۋە بايا ھەسەنجان قورۇدا ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر دەپ چىقتى. كەينىدىن ماھىنۇرمۇ ھەسەنجان ئۆگەتكەن سۆزلەرنى تىت- رەپ تۇرۇپ بايان قىلدى. ئىككىسى ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا ھەسەنجاننى گۇۋاھلىققا تارتتى. ھەسەنجان بىر نېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا، سوت خادىمى ئۇنى سۆزلەشتىن توختىتىپ، ھەر بىرسى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەشمەكچى بولۇپ، ئابدۇقادىرنى ئېلىپ قالدى ـ دە، ماھىنۇر بىلەن ھەسەنجاننى سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئىككىسى سىرتقا

چىقىپ، كۆتۈۋېلىش بۆلۈمىنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى. ھەسەنجان ئۆزىنى چاقىرغان چاغدا دېيىدىغان سۆزلىرىنى ئويلىماقتا ئىدى. ماھىنۇر بوشىشىپ كەتتى. نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى ۋە ھەسەنجانغا قانداق قىلىمىز دېگەندەك مۆلدۈرلەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بايىقى چاڭىلداق ئاۋازىدىن، تېتىك ـ چەبدەسلىكىدىن، غەمسىز، خاتىرجەملىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىردەمدىن كېيىن ئابدۇقادىر چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدا يەنىلا خۇشخۇيلۇق، ئىشەنچ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ماھىنۇر خېلىلا جانلىنىپ قالدى ـ دە، بۆلۈمگە ئاستا كىرىپ كەتتى.

ئاخىرىدا ھەسەنجان چاقىرتىلدى. ھەسەنجان تېخى سوئال سورالماي تۇرۇپلا گەپنى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئونىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىدىن باشلاپ، ئابدۇقادىر بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەسلىدە ماھىنۇرنىڭ ھەدىسى شەمشىنۇر بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى، شۇ جەرياندا ماھىنۇرنى ئالداپ قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولغانلىقىنى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ ئون بەش ياشقا تولمىغان قىزنى چەت ئەلگە ئاچىقىپ كېتىمەن، دۇنيانى ئايلاندۇرۇپ ئوينىتىمەن، دەپ تېخى بۈگۈن ئەتىگەنلا ئالداپ ئۆيىدىن ئەپقېچىپ كەلگەنلىكىنى، قىزنى ئەپقېچىپ كەلگەن ئۆيگە ماختىنىپ ئۆزىنى باشلاپ ئاپارغانلىقىنى تولۇق سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇردى.

ــ بۇ يەرگە ئەكېلىش كىمنىڭ ئەقلى؟

ــ مېنىڭ.

ــ شۇنداقمۇ؟

ــ بۈگۈنلا كەلمىسەك بولمايتتى.

ــ نېمىشقا؟

ــ ماھىنۇرنى ئەپقېچىپ كەلگەن ئۆينىڭ ئىگىلىرى يايلاۋغا چىقىپ كېتىپتۇ، قورۇ ئىككىسىگە ئوڭچە قاپتۇ. ئابدۇقادىر قىزنى مەيلى چەت ئەلگە ئاچىقىپ كېتەلمىسۇن، مەيلى كېتەلمىسۇن، ئۇنى بۈگۈن

كېچىدىن باشلاپ خوتۇن قىلىمەن، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم، ئاخىر قاتتىق ئويلىنىپ، قىزنى قۇتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئالداپ مەشەگە ئېلىپ كەلدىم.

سوت خادىمى ھەسەنجاننىڭ بېشىدىن تا ئايىغىغىچە سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق يۈزىدىن، قارىغا مايىل كۆزلىرىدىن ئىرادە، ئىشەنچ ۋە سەممىيلىكنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇشىنى تاشلاپ قويۇپ، گويا بىر كۆچەتنى قىڭغىيىپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان باغۋەندەك ئەقىل ئىشلىتىپ، ئىككىسىنى مەشەگە باشلاپ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـــ ياشا ئىنىم، ياشا، ـــ دېدى ئۇ ھەسەنجاننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، ـــ ھەقىقىي ئادەم، ئالداش ـ ئالدىنىشقا غەزەپلىنىپ، ئىچ ئاغرىتىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ، ئۇنى توسۇش، چەكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ، ـــ ئۇ ھاياجانلىنىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، ـــ سەن كىتابلارنى جىق ئوقۇيدىغان ئوخشىمامسەن؟

ـــ رومانلارنى كۆپ ئوقۇيمەن.

ـــ مەنمۇ كۆپ ئوقۇيمەن، رومانلاردىكى قەھرىمانلارغا بەك ئوخشايدىكەنسەن، لېكىن ئۇنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلارمۇ بار.

ھەسەنجانمۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئاستا شىۋىرلاپ مۇنداق دېدى:

ـــ بۇگۈن ئىككىسىنى ئايرىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

ـــ ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، ھازىرلا ئامالىنى قىلىمىز.

سوت خادىمى شۇنداق دېدى ـ دە، ئابدۇقادىر بىلەن ماھىنۇرنى چاقىرىپ كىردى.

ماھىنۇرنىڭ چىرايىدا تېخىچە ئەندىشە، ئابدۇقادىرنىڭكىدە خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. سوت خادىمى ئۇنىڭغا توي خېتى بېرىۋېتىدىغاندەك، قىزنى قوشۇپ قويىدىغاندەك تۈيۈلۈپ كەتتى. چۈن‑

كى ، ئۇ شۇنداق تەمكىن ، خۇشخۇي ئىدى . ھەسەنجانمۇ ئىككىسىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى . بۇ روھىي ھالەتلەر ياخشىلىقتىن بېشارەت ـ دە .

سوت خادىمى ئۇلارغا بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى . ھەسەنجان ئابدۇقادىرنىڭ : ئۇ نېمە دېدى ، ئەمدى قانداق قىلىمىز دەۋاتىدۇ ؟ دېگەن سوئاللىرىغا : ئۇ ياخشى ئادەم ئىكەن ، ھەل قىلىپ بېرىمىز ، دەۋاتىدۇ ، دەپ جاۋاب بەردى . زارىقىپ كۈتۈش ئۇزارماقتا ، ماھىنۇر دەممۇ دەم ئىشىككە قاراپ ، ئۇنىڭ پاتراق كىرىشىنى كۈتمەكتە . ئابدۇقادىر تاقەتسىزلىنىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭماقتا ، ئۇستەل سائىتىنىڭ تىنىمسىز چىكىلدىشى جانغا تەگمەكتە ئىدى .

ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سوت خادىمى ئوتتۇرا ياشلىق ، ئېگىز بويلۇق ، مۇلايىم بىر ئايالنى باشلاپ كىردى . ماھىنۇر ئۇنىڭغا ئاستا ، ئەمما تەئەججۇپلىنىپ قارىدى .

ـــ تونۇشۇپ قويۇڭلار ، بۇ ئايال ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇلى مىيرۋانەم بولىدۇ ، ـــ دېدى سوت خادىمى كۈلۈمسىرەپ ، ـــ بىز مۇنداق ئويلاشتۇق : سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئەتە ھەل قىلىمىز . بۇ قىزچاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ ، تويۇڭلارغا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلايمىز .

ـــ دادام ئاغرىق ، بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ ، ـــ دېدى يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن ماھىنۇر تىترەپ .

ـــ ئۇنداق بولسا ئاپىڭىزنى ئەكىلىمىز . سوت بىر ـ بىرىگە ئىختىيار قىلغان ياشلار تەرەپتە تۇرىدۇ . سىلەرنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىڭلار ئۆز قولۇڭلاردا ، سىلەرنى قوللايمىز .

ـــ ماھىنۇرنىڭ ئاپىسىنى ھازىرلا ئەكىلىپ سۆزلەشسەڭلار بولىدىغۇ ؟ ـــ دېدى ئابدۇقادىر تاقەتسىزلىنىپ .

ـــ ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، ئۈلگۈرەلمەيمىز ، سىزمۇ ئالدىراۋاتقانسىز ، قىزچاق ؟

ـــ ئەتىلا ھەل بولۇپ كەتسە مەيلى .

ـــ ھەل بولىدۇ ، ھەممىڭلار ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلىڭلار ، ئەمما سىز ، ـــ دېدى سوت خادىمى ماھىنۇرغا قاراپ ، بۈگۈن بىر كۈن مۇنۇ مۇدىر ئايالنىڭ ئۆيىدە قونىسىز .

ـــ نېمىشقا ؟ ـــ ئابدۇقادىرنىڭ كەڭ پېشانىسى تۈرۈلۈپ ، چېقىر كۆزلىرى بىردىنلا ياندى .

ـــ ئىكاھلانماي تۇرۇپ ، ئىككىڭلارنىڭ بىر ئۆيدە تۇرۇشىغا قانۇن يول قويمايدۇ . قېنى مېرۋانەم ، ماھىنۇرنى ئۆيىڭىزگە باشلاڭ ، بىزنىڭ يەنە ئازراق ئىشىمىز بار .

مېرۋانەم كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى . ماھىنۇر بىر نەچچە سېكۇنت نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى ـ دە ، بوشاشقان گەۋدىسىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى ۋە ئابدۇقادىرغا قاراپ قويۇپ ، ئېغىر چامداپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى . بۆلۈم ئىچى بىردىنلا ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكتى . ئىش ياخشى باشلانغانىدى ، لېكىن تۇيۇقسىزلا ئويلاپمۇ باقمىغان ، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن ئابدۇقادىرنىڭ بېشى ساڭگىلاپ ، چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى ، ياپىلاق يۈزىدە تەر تەمچىلىرى پەيدا بولدى .

سوت خادىمى ئۇنى روھىي ھالىتىنىڭ ئوساللاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ مۇنداق دېدى :

ـــ ئەتە كەلگەندە ماھىنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ ئالدىدا مۇلايىم بولۇڭ ، قوپاللىق قىلماڭ ، ھەر قانچە تىللاپ كەتسىمۇ ، سىلىق گەپ قىلىڭ ياكى گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋېلىڭ ، ئاچچىق ھەسرىتىدە ھەر نېمە دەيدۇ ، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ ؟

ـــ چۈشەندىم .

ھەسەنجان ئىچىدە ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن رازى بولدى . ئۇ ئابدۇقادىر بىلەن ھەسەنجاننىڭ قاچاندىن بېرى تونۇشۇپ قالغانلىقى ، دوستلۇقىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سوراپ ، ئۇلارنى يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش مىنۇتتەك سۆزگە تۇتۇپ ، ئاندىن قويۇۋەتتى .

ئۇلار سوت مەھكىمىسىدىن چىققاندا، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن يانىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئىغىر تەشۋىشتە قالغان ئابدۇقادىر ئۆزىنىڭ قاتتىق ھارغانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئەتە چۈشتىن كېيىن»، بۇ نىيمىدىگەن ئۇزۇن ۋاقىت ـ ھە، ماھىنۇر يات بىر ئۆيدە شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتنى قانچىلىك ئازابتا ئۆتكۈزەر، ئۆزىچۇ؟ ... ئۇ بۇگۈندىن باشلاپ ماھىنۇر بىلەن بىر ئۆيدە خۇددى ئەر ـ خوتۇندەك تۇرماقچى ئەمەسمىدى، سا چۈجىنى ئاسانلا ئىلىپ كەتكەندەك، ئۇنىمۇ ئاسانلا ئىلىپ كەتتىغۇ... قاچانمۇ ئەتە بولار؟ ئادەمنىڭ ئارمىنىغا يەتمىكى ئاسان ئەمەس ئىكەن ـ دە.

ئابدۇقادىر شۇ جىلىلىقتا ھەسەنجاننى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىردى ـ دە، ئىككى تەخسە لەگمەن بىلەن بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدى. ھەسەنجان ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇمۇ ئىچمىدى. ئەمما، ئابدۇقادىر ئىچىۋىرىپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى تۈگىتىۋەتتى، ھەسەنجاننىڭ زورلىشى بىلەن تامىقىنىڭ يېرىمىنى ئارانلا يېدى. ئۇ مەست بولۇپ قىلىپ، قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىدى. كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ كىشلەرگە ئالايدى، شۆلگەيلىرىنى ئىقىتىپ مەيدىسىگە مۆشتىلىدى. ھەسەنجان ئۇنى ئاشپۇزۇلدىن ئىلىپ چىقىپ، يېتىلەپ، يۆلەپ يۈرۈپ تەسلىكتە ھېلىقى ئادەمسىز قورۇغا ئەكىلىپ قويدى ۋە ئەتە سوت ئالدىدا ئۇچراشماقچى بولۇپ ئۆيىگە ياندى.

※ ※ ※

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئىككىسى سوت ئالدىدا ئۇچراشتى. ئۇلارغا ماھىنۇرنىڭ ئەدىلىكى، ھازىرغىچە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى بەلگىسىز ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن ماھىنۇرنىڭ ئاپىسىنى چاقىرتىپ كەلدىمۇ ـ يوق، چاقىرتىپ كەلگەن بولسا، سوتچى ئۇنىڭغا نىمە دېدى، ئاپىسى بۇ ئىشقا قوشۇلدىمۇ، قوشۇلمىدىمۇ، بۇ تەرىپىمۇ ئۇلارغا قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا، ئابدۇقادىرنىڭ قارامتۇل يۈزىدىن، چىقىر كۆزىدىن تەشۋىش، ۋەھىمە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ماھىنۇرنىڭ يولىغا

بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە ، ئۇ كەلمىگەندىن كېيىن ، بەلكى بۇ چاغقىچە كېلىپمۇ بولغاندۇ ، دەپ ئويلاپ ، تۈنۈگۈنكى بۆلۈمگە ئەيمىنىپراق كىرىپ كەلدى ، ئەمما بۆلۈمدە ماھىنۇرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى .

— ئېلىپ قاچقان قىزنىڭزنى ئاپىسى ئېلىپ كېتىپتۇ ، — دېدى سوت خادىمى ئېرەنسىزلىك بىلەن .

— نېمە ! ... — ئابدۇقادىرنىڭ يۈرىكى « قارت » قىلىپ قالدى ۋە كۆزلىرى ياندى .

— تۈنۈگۈن ئايالار مۇدىرى ماھىنۇرنى ئۆيىگە ئەكېتىۋاتقاندا ، يولدا قىزنىڭ ئاپىسى ئۇچراپ قاپتۇ ، ئىزدەپ يۈرۈپتىكەن ، قىزىمنى خۇدايىم قايتىدىن بەردى ، دەپتۇ ـ دە ، ئېلىپ كېتىپتۇ . ئايالار مۇدىرى ئامالسىز قاپتۇ .

ھەسەنجان سوت خادىمىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى . ئابدۇقادىر بوششىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— تۈنۈگۈن سىز : بىز بىر ـ بىرىنى ئىختىيار قىلغان ياشلار تەرەپتە تۇرىمىز ، ئاتا ـ ئانىسى رازى بولمىسا مەجبۇرلايمىز ، دېۋىدىڭىز-غۇ ، قېنى مەجبۇرلىغىنىڭىز ؟ — دېدى .

— سىز يېشىغا تولمىغان قىزنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ قاچتىڭىز ؟ — سوتچىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى ، — ماھىنۇر تېخى ئون بەشكىمۇ تولمىغانىكەنغۇ ، قىز ئىختىيار قىلىپ سىز بىلەن قاچقان بولسىمۇ ، ئون سەككىزگە تولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئالدانغان بولىدۇ ، سىز ئالدىغان بولىسىز ، نىكاھ قانۇنىنى بىلمەمسىز ـ ھە ؟!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— مەن سىزگە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي ، ئەمدى ئىككىنچىلەپ ئۇ مەھەللىگە ئاياغ باسقۇچى بولماڭ !

ئابدۇقادىر لاسىدا بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى ، كۆزلىرى ئىمىر ـ چىمىر قىلىپ ، سوت خادىمى ئىككى ـ ئۈچ بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى . تۈنۈگۈنكى شېرىن خىياللىرىنىڭ بۇگۈنلا بەربات بولغانلىقى ئۇنى خۇددى بوۋايلاردەك مۈكچەيتىپ قويدى . شۇ ئولتۇرغانچە ئۇ خېلىغىچە

ئولتۇرۇپ قالدى . ھەسەنجان ئۇنىڭغا ئەمدى كېتەيلى دېمەكچى بولۇپ لاپ ـ لاپ قىلىپ قارايتتى . لېكىن ئۇ يەردىن بېشىنى ئالمايتتى . سوت خادىمى ئەمدى ئىشىكلار تۇگىدى ، دېگەندەك قىلىپ :

— خوش ، سىز نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز ؟ — دېدى نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان كىشىگە بۇرۇلۇپ .

ئابدۇقادىر شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئوشۇقچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سەزدى ئەتىمالىم ، ھەسەنجاننى ئەگەشتۈرۈپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى . لېكىن كوچىغا چىقىپلا شېرىن خىياللىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى . ماھىنۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغاندەك ، يەنە ئۇنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك ھېس ـ تۇيغۇلاردا يېنىشقا باشلىدى . كۆڭلى « ئاياغ باسقۇچى بولما » دېگەن مەھەللىنى تارتىپ تۇراتتى . ھەسەنجاننىڭ ئەمدى بولدى قىلايلى ، دېگىنىگە ئۇنىماي ، ئاخىر ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ شەرق مەھەللىگە قاراپ ماڭدى . يىراق ، ئۇلارنىڭ كوچىسىغا كىرىش ئېغىزىغا كەلگەندە ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ كوچىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالدى . ئەمدى ئۇ ماھىنۇرلارنىڭ قورۇسىغا ئاۋۋالقىدەك بەخۇدۇك كىرەلمەيتتى . ھەتتا ئۇلارنىڭ كوچىسىغا كىرىشتىنمۇ ئەيمىنىپ قالغانىدى . ئىككىسى كوچا ئېغىزىدا ئۇزاق تۇرۇشتى . ماھىنۇر تۇرماق ، ئۇنىڭ ھەدىسى شەمشىنۇرمۇ كۆرۈنمىدى . ئۇ شەمشىنۇرغا كۆرۈنۈپ قالسا ، ئۆزىنىڭ تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ، شەرمەندە ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى . ھەسەنجاننى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بېقىشقا بىر نەچچە قېتىم ئۈندىدى ، ئۇ ئۇنىمىدى . شۇنداق قىلىپ ئىككىسى ئىككى سائەت كۈتۈپ ، ماھىنۇردىن ھېچبىر تىنىش ئالالماي ، كېتىپ قالدى . ئەمما بويىنى باغلانغاندەك كېتىپ بارغان ئابدۇقادىرنىڭ بىر كۆزى كەينىدە قالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇقادىر شەرق مەھەللىگە ھەر كۈنى ئۆزى يالغۇز كېلىدىغان بولدى . بەزى كۈنلىرى چۈشتىن ئاۋۋال ، بەزى كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ۋە بەزى كۈنلىرى كەچتە كەلدى . ئۇنىڭ ئال-

دىغا چىقىپ قىلىشىنى ، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتتى . لېكىن ، كۈتكەن ئادىمىنى كۆرەلمىدى . ھەسرەتلىنىپ قايغۇرۇش ، تولغىنىپ تىپچەكلەش ، كۆزىگە ياش ئېلىپ خۇداغا نالە قىلىش ئۆز ئىچىدىلا قالدى . ماھىنۇرنى كۈتۈش ، كۆرۈش تەقەززالىقى ئۇنى ئون كۈنگىچە توختاتماي مۇشۇ مەھەللىگە ئاياغ باستۇردى . ئەمما ، ماھىنۇرنىڭ نېمە بولغانلىقى ، نېمىشقا يوقاپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قانداق كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىدىن بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولالمىدى . بۇ جەرياندا ئۇ بىر قېتىم ماھىنۇرنىڭ ئاپىسىنى ، يەنە بىر قېتىم شەمشىنۇرنى كۆردى ، يىراقتىن كۆردىيۇ ، بەدەنلىرى تىترەپ ، يۈزلىرى تاتىرىپ بەدەر قاچتى . ئۇ ئون بىرىنچى كۈنى شېرىن خىياللىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى ئەلەم ۋە خورسىنىش ئىچىدە تەن ئالدى : « بىچارىنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ، ئۆيىگە سولاپ قويۇپتۇ - دە ، ئىسىت ، ئىسىت ... ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن » .

تەقدىر رەھىمسىز ، ئابدۇقادىر ماھىنۇرنى قانداق ئاسان قولغا كەلتۈرگەن بولسا ، شۇنداق ئاسان قولدىن چىقىرىپ قويدى .

ئابدۇقادىرنىڭ ماھىنۇرنى كۆرەلمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقى توغرۇلۇق بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولالماسلىقىنىڭ سەۋەبى بار ، ئېھتىمال بۇنى كىتابخانلارمۇ ئويلاۋاتقاندۇ ، ئىش مۇنداق بولغان : ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ، دەپ تونۇشتۇرۇلغان ئايال ئەسلى سوتنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى . ئۇ ماھىنۇرنى ئۆيۈمگە ئاپىرىمەن ، دەپ كوچىغا ئېلىپ چىقىپ ، ئۆيىگە ئەمەس ، شەرق مەھەللە تەرەپكە ماڭغان . ماھىنۇر بارغانسېرى ئۆز ئۆيىگە يېقىنلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، ماڭماي ، تىرەجەپ تۇرۇۋالغان . لېكىن ، ئۇ ئايال ماھىنۇرنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتقىنىچە بەزىدە ئالداپ ، بەزىدە قورقۇتۇپ يۈرۈپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ، ماھىنۇرنىڭ ئاپىسىغا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن . ئۇلار قىزىنىڭ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ، يېقىن ئەتراپلارنى ئىزدەپ تاپالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى بىرەر يىگىت بىلەن قاچتى ، دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ يىگىتى

بىلەن قاچقانلىقنى بىلگەندە، ھەممىسىنىڭ بىردىنلا قەھرى ـ غەزىپى ئۆرلىدى. ئاپىسى: ۋاي، شەرمەندىچىلىك! بىشىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەرمىز ...، دەپ ئۇنىڭ كاچاتلىرىغا نەچچىنى سالدى. شەمشىنۇر: ھۇي قارا يۈز، رەسۋا ... دەپ ياقىسىغا ئېسىلدى، چاچلىرىنى يۇلدى، ئاغرىق ياتقان دادىسى دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئۇنىڭغا شۇنداق بىر مۇشت ئاتتىكى، ئۇ ئۇياقتا ـ بۇ بۇياقتا يىقىلدى. ئۆي ئىچىنى ھاياسىزلىق، شەرمەندىلىك ۋەھىمىسى قاپلىدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كېچە مەسلىھەتلىشىپ بۇ شەرمەندىچىلىكنىڭ يەنە يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ماھىنۇرنى شەھەردىن يىراق بىر يەرگە ئاچىقىۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئاپىسى ئۇنى ئەتىسى سەھەرلىكى خادىك ھارۋىغا سېلىپ بۇ يەردىن سەكسەن چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېزىغا ـ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىپ قويىدى ھەم ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى، ھەر بىر قەدىمىگە دىققەت قىلىشنى تاپىلاپ يېنىپ كىردى. ئابدۇقادىر ئۇنى ئىزدەپ، سەكپارە بولۇپ يۈرگەندە، ئۇ ئاللىقاچان يېزىغا چىقىرىلىپ بولغانىدى.

ماھىنۇر بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە يىگىرمىنچى كۈنگە قەدەم قويغاندا، دادىسىنىڭ ئاغرىقىنىڭ ئېغىرلاپ قالغانلىق خەۋىرى يېزىغا يېتىپ چىقتى. ماھىنۇر تۇغقىنىنىڭ ئۆزى دېمەتلىك ئوغلى بىلەن شەھەرگە ماڭدى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كىرىپ خەنزۇ بازىرىغا كەلگەندە، ماھىنۇر دادامغا بىر نەرسە ئېلىۋالاي، دەپ ماشىنىدىن چۈشۈپ، تۇغقىنىنىڭ ئوغلىنى شۇ يەردە ساقلىتىپ قويۇپ، ئابدۇقادىرنىڭ ئۆزىنى ئەپقېچىپ كەلگەن ھېلىقى تۈپىلىق كوچىدىكى قورۇغا كەلدى. ئۇ يەر خەنزۇ بازىرىغا يېقىنلا ئىدى. ئۇ ھېچقانداق ئەيمەنمەي قورۇغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئابدۇقادىرنى سورىدى. قورۇنىڭ ئىگىسى ئابدۇقادىرنىڭ بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ماھىنۇر بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ يېنىپ چىقتى ـ دە، ئۆز ئۆيىگە سالپىيىپ ماڭدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئىنجىقلاپ ياتقان دادىسى ئايالىغا مۇنداق

دېدى :

— ماھىنۇر ھېلىتىنلا قۇتراپتۇ ، قىز بالا قۇترىسا ، ئاتا ـ ئانىنى يەرگە قاراتماي قالمايدۇ ، ھېلىمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن ، ئۇنى ۋاقتىدا ئە-كېلىۋېلىپ ، رەسۋاچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدۇق . كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا بۇ شەرمەندىنى ياتلىق قىلىۋېتەيلى .

— كىمگە ؟

— ئاكامنىڭ ئوغلىغا .

— ھەدىسى تۇرسا ؟

— ئۇ ھەدەم تۇرسا دېدىمۇ ؟ ...

— ئۇغۇ شۇنداق قىلدى .

— مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلسا ، ساڭا بوي بەرمەيدۇ ، ھەسرەت ـ ئازابتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايسەن .

— ئۇنارمىكىنتاڭ ، ئۇ ماھىنۇردىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ ئە-مەسمۇ ؟

— ئۇنىماي ھەددى ئەمەس ، تېخى بىر ئەر بىلەن قاچقان نىمە تۇرسا ئۇ !

شۇنداق بولدى ، ماھىنۇر كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە ئوتتۇز سەككىز ياشلىق بىر نەۋرە ئاكىسى مەخمۇتقا ياتلىق قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېزىلىق بولۇپ قالدى .

## 4

**ئون بەش ياشقا ئەمدىلا كىرگەن ماھىنۇر قىزلىق مەزگىلىنى** ئۆزىتىپ ، ئاياللار دۇنياسىغا كىردى . كىرگەندىمۇ ، ئۆز ئىختىيارى ، ئار-زۇسى بىلەن ئەمەس ، غولىدىن ئىتتىرىلىپ مەجبۇرىي كىردى . شۇنىڭ بىلەن ئېرى مەخمۇتنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىدىن قالغان بىرى ئون بىر ياشلىق ، يەنە بىرى سەككىز ياشلىق ئىككى بالىسىغا ئانا بولدى . دەسلەپتە ئۇ بۇ يېڭى دۇنيا ـ يېڭى تۇرمۇشقا ھاڭۋېقىپ قالدى . تېخى ئىككى ـ ئۈچ ئاي بۇرۇنلا بويىنى قىزىل گالستۇكلۇق ، مۇرىسىگە جىلتا ئاسقان ،

تـۇرمـۇشتىن خەۋىرىمۇ يوق قىز ئەمەسمىدى ، قېنى ئۇ چاغلار ، قېنى چۇ-
گـۇلـدىـشـىـپ يـۈرگـەن دوسـتـلـىـرى ؟ ... ئۇ كۇنلەرنىڭ قەدرى ئەمدى
بـىـلـىـنـىۋاتىدۇ . ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ چېيىنى ئالمان ـ تالمان ئىچىپلا مەك-
تەپكـە ماڭاتتى ، يول بويى ئۇ قورۇ ـ بۇ قورۇدىن چىققان ساۋاقداشلىرى
بىلەن كۆپىيىشىپ ، قىزىق گەپلەرنى تالىشىپ قىلىپ ، مەكتەپ قورۇسىغا
بىر توپ بولۇپ كىرىپ باراتتى . پەننىي بېكىتلقلاردىن ھوزۇرلىنىپ ، گويا
قانـات چىقىرىپ ئۇچقاندەك بولۇپ دەرس سائەتلىرىنىڭ توشۇپ كەتكەن-
لـىكىنى تۇيماي قالاتتى . ئۆيگە كەلسە ، تامىقى تەييار ئىدى . مەيلى كەچ ،
مـەيـلـى كۇندۇز ئالغان بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەشكە ھېچكىم دەخلى قىلا-
مـايـتتى ، كىيىم ـ كېچەكتىن ، ياخشىراق ئوزۇقلىنىشتىن غەم قىلمايتتى .
قـورۇسـىـنىڭ كەگرى بېغىغا كىرسە ، گويا كېپىنەكتەك گۇلدىن ـ گۇلگە
قـونـاتتى ، ئوينايتتى ، يايرايتتى ... قېنى ئۇ چاغلار ؟ قاچان ئابدۇقادىرنىڭ
كۆزى چۈشتى ، شۇنىڭ بىلەن تىنچلىقى بۇزۇلدى ، قىڭغىر كوچىلارغا ئا-
يـاغ بـاسـتى . مانا ھازىر ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمەي تۇرۇپلا مىڭلىغان ـ
مـىـلـيونلىغان دېھقانلارنىڭ تارتىۋاتقان ئېغىر چىلىقلىرىغا چۆكۈپ قالدى .
تـۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى ، تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىگە دۇچ كەلدى . ھازىر
ئۇ ئۆزىـدىـن يـىـگـىرمە ئۇچ ياش چوڭ ئادەمنىڭ خوتۇنى . ئۇ تۇر دېسە
تۇرىدۇ ، ئولتۇر دېسە ئولتۇرىدۇ . ئۆز ئۆيىدىكى تۇرمۇش مەئىشتى نەدە ،
بـۇ نـامـرات دېـھقاننىڭ ئۆيىدە ئاچ ـ توق قالىدۇ ، ئېرىنىڭ ئىككى ئۆگەي
بـالىسىنىڭ كىيىملىرىنى يامايدۇ ، چېيىنى ئېتىدۇ ، كىرىنى يۇيىدۇ ، يوغان
تـونـۇرغـا بـاش تـىـقـىـپ نـان ياقىدۇ ، سىيىرغا ھەلەپ ئېتىدۇ ، ساغىدۇ ،
ئايـىغىنى تازىلايدۇ ... توخۇ چىللىغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەل ياتقۇچە
تـىـنـىـمـسىز ھەرىكەت قىلىدۇ ، بەزىدە ھالىدىن كېتىدۇ . بەزى كېچىلىرى
بـاش توخۇ قىچقارغۇچە ئوخلىيالماي ، ئازاب ، ئۆكۈنۈش ئويلىرىدا كۆيۈپ
تـولـغـىـنـىـدۇ ، يـاش تـۆكـىـدۇ ، ھەسـرەتلىنىپ پىچىرلايدۇ : « ئىسىت ،
ئىـسـىـت ... ئالـدىـراڭـغۇلۇقۇم ، گۆدەكلىكىم ، تەنتەكلىكىم ... ئۆزۈمدىن
ئۆتـكـەن ، چارىسىزمەن ... » ئادەملەر ھەر قاچان ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن
كـېـيـىـن ، پۇشايماندا قالىدۇ ، پۇشايماندا قېلىش ، ئۆكۈنۈش ماھىيەتتە تۇر-

ماق ، خېلى ـ خېلى ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەملەردىمۇ كۆرۈلىدۇ . نېمە ئامال ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى يوقىتىۋەتكىلى ، ئىزىنى ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ ـ دە . ئادەمنىڭ شەرم ـ هايا ، نومۇسىغا تەئەللۇق ئىشلار تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ .

تۇرمۇش قىسمەتلىرىگە يوشۇرۇنغان تاسادىپىيلىق ، غەلىتە ئىشلار تارىخى ئۇزۇن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ هەر قېتىم ئاشكارىلانغاندا ، كىشلەرگە يېڭىدىن ـ يېڭى ، بۇرۇن كۆرۈلمىگەندەك تۇيۇلىدۇ . هېچكىم مۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ، ئادەتتىكى ئىشقۇ دەپ قارىمايدۇ ، گويا بۇرۇن بولمىغاندەك هەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتىدۇ . يىزىدىكىلەر دۈپ-دۈگىلەك كۆزلىرىنىمۇ ، قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىنىمۇ ، قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرىنىمۇ قاپقارا ، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق ، پۈتۈن تۇرقىدىن گۈزەللىك يېغىپ تۇرغان بۇ قىزغا مەخمۇتنىڭ ئېرىشىپ قالالىغانلىقىدىن هەر خىل ئوي ـ خىياللاردا بولۇشتى . بىرلىرى تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىدىن هەيران قالسا ، بىرلىرى ئەجەبلەندى ؛ يەنە بىرلىرى قىزغا ئىچ ئاغرىتسا ، يەنە بىرلىرىنىڭ ئىچى ئاداشتى . هەممىسىنىڭ دېگۈدەك ماهىنۇر-نىڭ بۇ ئائىلىگە قانداق سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ قالغانلىقىنى ۋە هازىر قانداق هېس ـ تۇيغۇلاردا يېنىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى ، سۈرۈشتۈرگۈسى ، ئۇقۇپ باققۇسى كېلەتتى ۋە مەخمۇتنىڭ-كەلگەن ئامىتى ، بەختى توغرىسىدا ئېغىزلىرىنى تەمشىپ سۆزلىشەتتى .

ماهىنۇر يېزىغا ياتلىق قىلىنىپ ، كۆڭۈلسىز تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا بىر يىل بولغاندا ، بىر يىلدىن ئوشۇقراق ياتاقتا بولۇپ قالغان دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى . خەۋەر يېزىغا سەهەرلىكى يېتىپ چىقتى .ئۇلار دەرهال جابدۇندى ـ دە ، شەهەرگە چۈشكىچە يېتىپ كىرىشتى . دادىسى يىغلا ـ قاقشا بىلەن يەرلىكىگە قويۇلدى . ئەگەر ماهىنۇر دادىسىنىڭ يۈ-زىنى كۆرۈۋالمىغان بولسا ، قاتتىق ئەلەمدە قالغان بولاتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇ دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىگىچە تۇرۇپ قالدى . مۇشۇ جەرياندا چوڭ بولغان قورۇ ـ ئۆيلەردە يۈرۈپ خۇددى قىز چېغى ، قىيىغىتىپ ئۆسكەن دەۋرى ئەسلىگە كېلىپ قالغاندەك هېس ـ تۇيغۇلاردا ياندى ، دەردى

قـوزغـالـدى . يـېزىدىكى ئۆيىدىن بىزار بولۇپ ، قورۇدىن ئايرىلغۇسى كەلـ
مـەيلا قالدى . يېزىدىن بىراقلا يېنىپ كىرىش خىيالى ئۇنىڭدا بۇرۇن ياكى
تۇنۇگۇنلا ئەمەس ، خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان . ھەر قېتىم ئاتا ـ ئانىسىنى
يـوقلاپ كىرگەندە ، ئاشۇ ئويىنى ئاپىسىغا ئېيتماقچىمۇ بولغان ، لېكىن ئېيـ
تـىشـقـا جۈرئەت قىلالـمىغان . ئەمدى ئېيتىش قارارىغا كەلدى . نەزىرنى
تۇگىتىپ ، قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئاخىر ئاپىسىغا :
ــ مـاڭـا قـارا ، ــ دېـدى ئۇ ئاپـىسـىـنـى خالىي ئۆيگە باشلاپ
كـىرىپ ، ــ مېنى مەخمۇتتىن ئاجرىتىۋالساڭ ، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ،
جېنىم ئاپا ...
ــ بـۇ نـېـمـە دېـگىنىڭ ، داداڭنىڭ تېخى كىرپىكىگە توپا قونماي
تۇرۇپ .
ــ سـىـلـەرگـە ھېـچـنېمە ئەمەس ، ماڭا تەس بولۇۋاتىدۇ ئاپا ، ــ
كـۆكـۆل خـالـىمىغان تۇرمۇشتا دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىمەن ، ئىت ـ
ئېـشـەكـنـىـڭ ئورنىدا ئىشلەۋاتىمەن ، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ . تاڭلار
قـانـداق ئېـتىپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن ، ــ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، چىرايـ
لىق كۆزلىرىگە ياش ئالدى .
ــ ئۇنـداق دېمە ، داداڭنىڭ روھىنى قورۇندۇرما ، بۇ داداڭ قىلغان
ئىش .
ــ كۆڭلۈم چۈشمىسە قانداق قىلىمەن ؟
ــ بۇرۇن دېسەڭ بولمامدۇ ؟
ــ ھېلىقى ئىش بىلەن دادامدىن قورقۇپلا ماقۇل دېگەن .
ــ بـولار ئـىش بولدى بىلام ، ئاستا ـ ئاستا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالـ
دۇ . مـېـنـىـڭـمـۇ داداڭـغا بەش يىلغىچە كۆڭلۈم چۈشمەي ، شەمشىنۇرنى
تـۇغـقـانـدىن كېيىن مېھرىم چۈشۈپ قالغان ، خۇدايىم ئىسسىقلىقنى بەزىدە
بۇرۇن ، بەزىدە كېيىن بېرىدىكەن .
ئۇ ئاپـىسـىـغـا يـالـۋۇرۇپمۇ ، يىغلاپمۇ گېپىنى يېگۈزەلمىدى ـ دە ،
ئاخىر يېزىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .
مـاھىـنـۇر كـۆكـۆل چۈشمىگەن تۇرمۇش ئازابىنى قاچانغىچە تارتـ

دۇ ؟ ئۇ بۇنى بىلمەيتتى .

※ ※ ※

ئادەم دېگەنمۇ قىزىقلا بولىدۇ ، كۆڭلى چۈشمىگەن تۇمۇشنىمۇ ئۆتكۈزىۋېرىدۇ ، خالىمىغان ئادەم بىلەنمۇ بىر ياستۇققا باش قويىۋېرىدۇ . ماھىنۇرنىڭ شەھەردە تۇرۇپ قالغان ئون كۈندىن كېيىنكى كۆڭۈلسىز تۇرمۇشى يەنە باشلىنىپ ، بۇرۇنقى ئىشلار قولىغا ئۆتتى . ئۆز ھويلىسى ، قېرىنداشلىرى ئىچىدە ، ئاپىسىنىڭ ئالدىدا مېھماندەك ئۆتكەن ئەمەسمىدى ، ھازىر ئۇنىڭ بىر ئۆيىنىڭ ، ئەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ، ياماق ياmaيدىغان ، سېيىر ساغىدىغان ، تونۇرغا باش تىقىدىغان مەزگىلىمۇ ؟ ... تۇرمۇش كۆڭۈللۈك بولسا ، ھەر قانچە ئېغىر ئىشمۇ بىلىنمەيدۇ ، ھامان ئۆزۈڭدە يېنىكلىك ھېس قىلىسەن ؛ تۇرمۇش كۆڭۈلسىز بولسا ، ھەرقانچە يېنىك ئىشمۇ بىلىنىپ كېتىدۇ ، ھامان ئۆزۈڭدە ئېغىرلىق ھېس قىلىسەن . بىر ئىش ئىككى بولۇپ كۆرۈنىدۇ ، بىر قاداق ئېغىرلىق ئىككى قاداق تۇيۇلىدۇ . ئەگەر ماھىنۇرنىڭ ئېرى مەخمۇت ئۆزى دېمەتلىك ، خالىغان ئادىمى بولغان بولسا ، ھەر قانچە قىيىنچىلىق ، يوقسىزلىق تارتسىمۇ ، ئېتىزلاردا بىللە ئىشلەپ ئۆتكەن كۈنلەر بىلىنمەس ئىدى . ئادەم دۇنياغا كەلگەنىكەن ، ئۇ خۇشال ياشىشى ، قىسقىغىنا ئۆمرىنى رازى قىلىپ ئۆتۈشى كېرەك ئەمەسمۇ ، خۇشاللىقىڭ بولمىسا ، ئالدىمدا خۇشال بولىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ ، دېگەن ئىشەنچىمۇ بولالمىساڭ ، مۇنداق تۇرمۇشنىڭ ، كۆز ياش تۆكۈپ ، دەرد ـ ئەلەم ، ئازاب تارتىپ ياشاشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟!

« بىر سەۋەنلىك بىلەن مۇشۇنداق كۈنلەرگە قالسام ، ماڭا ئۇۋال ئەمەسمۇ ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەم بارمۇ ؟ — دەپ ئويلاتتى ماھىنۇر ئاچچىق ھەسرەتتە تولغىنىپ ، — كۆڭۈل ياپرىغۇدەك نېمە بار ؟ ھېچنېمە . خۇشاللىق كۆرمىسەم ، ئۇنى ئىزدەپمۇ تاپالمىسام ، ئۆمرۈمنى رازى قىلالمىسام ، دۇنياغا تۆرەلگەندىن تۆرەلمىسەممۇ بوپتىكەن ... ياشلىقىم

باشلانماي تۇرۇپلا ، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدۇم . ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ، ئۇنىڭ قەدرىنى قىلىش ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن . »

ماھىنۇر ھەر بىر كۈن ، ھەر بىر ئاينى ھەسرەت ، ئازاب بىلەن ئۆزىتىپ ، ئون يەتتىگە كىرگەندە بويىدا قالغانلىقىنى سېزىپ چۆچۈپ كەتتى ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى ۋە كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى : « بالىلىق بولۇپ ، كۈلدە كۆمەچ بولۇپ مۇشۇ كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقا ئۆمرۈمنى سېلىپ بېرەيمۇ ياكى ئۇنى چۇشۇرۇۋېتىپ ، بۇ كۆڭۈلسىز تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشەيمۇ ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — كۆپىنى كۆرگەن كىشىلەر بالا دېگەن ئەر - ئايالنى باغلاپ تۇرىدىغان زەنجىر ، دېيىشىدىكەن . ھازىر بۇ زەنجىر توقۇلۇۋاتىدۇ ، كۈندىن - كۈنگە يوغىناۋاتىدۇ . ئۇ پۈتسە ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ باغلىنىپ ، ئۆمۈر بويى بوشىنالماي ئۆتىمەن ، ئۇنىڭدىن كۆرە ، ھازىرلا ئۇنى ئۈزىۋېتەي ، پارە - پارە قىلىۋېتەي ، بۇنىڭدىن كېيىن بالا قالماسلىققا تىرىشاي ، خالىمىغان تۇرمۇشقا ئۆزۈمنى تېخىمۇ چىڭ باغلاپ بېرەمتىم ؟ »

ماھىنۇر قورساقتىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ئاسانراق يولىنى ئىزدەپ ئىككى - ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى . قورسىقى مىدىرلىغانسېرى ئەندىشىسى ئېشىپ ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىنى قورقۇنچلۇق ھېس - تۇيغۇلار قاپلاپ كېتەتتى . گەپتىن گەپ چىقىپ ئاياللاردىن ئاڭلىغان بالا چۈشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قىلىپ باقتى : ئۆيدە بىر نەچچە قېتىم سۇپىدىن سەكرىدى ، تونۇرغىمۇ چىقىپ سەكرىدى ، ئەپكەش بىلەن يوغان ئىككى چېلەك سۇ كۆتۈردى ، ئۆزلۈكىدىن يىقىلىپمۇ باقتى ، ئۆي ئىچىدە يۇمۇلىدى ، قوپال ، قاتتىق - يىرىك ھەرىكەتلەرنى قىلدى ، لېكىن بالا چۈشمىدى . بالىسىنى چۈشۈرەلمەي تىت - تىت بولغان ماھىنۇر ئاخىر ئۆگزىگە چىقتى . توخۇلىرى ئۆگزىدىكى مەڭگەنىنىڭ ئارىسىغا تۇغاتتى . تۆت تۇخۇمنى ئالدى - دە ، تامنىڭ ئۈستىدىن كۆزىنى يۇمۇپ يەرگە بىراقلا سەكرىدى ، ئۇ شۇنداق قاتتىق چۈشتىكى ، بېشى پىرقىراپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، يەر ئاسمانغا چىقىۋاتقاندەك ، ئاسمان يەرگە

چۈشۈۋاتقاندەك بولدى، ئىچى چىدىغۇسىز دەرىجىدە تولغاپ ئاغرىدى، ئەمما ئىنىق ھالدا قەيەرلىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىچىنىشلىق تۈردە بىر چىرقىرىدى ــ دە، ھوشىدىن كەتتى.

ئىتتىزدىن يانغان مەخمۇت ماھىنۇرنىڭ تام تۈۋىدە ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. كۆزلىرى ياندى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چېقىلغان تۇخۇملار تۇراتتى. چىرايىدا قان قالمىغان مەخمۇت قانغا چىلىشىپ ھوشسىز ياتقان ماھىنۇرنى يۆلەپ بېشىنى بىلىكىگە ئالدى.

ــ ماھىن! ... ھوي ماھىن! نېمە بولدۇڭ؟ كۆزۈڭنى ئاچ ...

ماھىنۇردا ئۈن يوق ئىدى.

ــ بىچارە، ئۆگزىگە تۇخۇم ئالغىلى چىقىپتىكەن ــ دە.

ماھىنۇر ئۈن چىقىش بۇياقتا تۇرسۇن، مىدىرلاپمۇ قويمايتتى. چىرايى تاتىرىپ خۇددى ئۆلگەن ئادەمدەك ياتاتتى. مەخمۇت ئالاقزادە بولۇپ، كوچىغا يۈگۈردى ــ دە، قوشنىلارنىڭ ئىشەك ھارۋىسىنى ئاچىقىپ، قوشنا ئاياللارنىڭ ياردىمىدە ئۇنى ھارۋىغا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ تېزلىكتە يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. يېزا دوختۇرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئۇ يەردىن ناھىيە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ ناھىيە دوختۇرخانىسىدا يىگىرمە نەچچە كۈن يېتىپ ياخشىلىنىپ يېنىپ چىقتى. بالىسى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

## 5

ماھىنۇر كۈنلىرىنى شەھەرگە كىرسە ئىچىلىپ، يېزىغا چىقسا تۇتۇلۇپ ئۆتكۈزىۋەردى. شەھەرگە بىر كىرسە ھەپتىلەپ تۇرۇپ قالاتتى، يېزىغا چىقىپ كەتكۈسى كەلمەيتتى. ئاپىسىنىڭ نەسىھەتى، زورلىشى بىلەن ئاران چىقاتتى. كۈنلەر، ئايلار، يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئۇنى يىگىرمە ياشقا قەدەم باستۇرغاندا،

ئائىلىدىكى، ئىتتىز - ئىرىقتىكى تۈگىمەس ئىشلار ۋە ياشاش ئۈ- مىدى غەم - قايغۇ، دەرد - ئەلەملىرىنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلدۇرۇشقا باشلاپ، ئۇنى جىلۋىدار چوكانغا ئايلاندۇردى. ۋايىگە يېتىپ پىشقان ئال- مىدەك سۈزۈلۈپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

ئىنسان تەبىئىتى شۇنداق بولىدۇ: بىرەر قىز ياكى ئايالنىڭ چىرايلىقلىقى كىشىلەر ئىچىدە نۇرغۇن گەپ - سۆزلەرنىڭ چىقىشىغا، ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ماھىنۇرنىڭ چىرايلىقلىقى يېزا يىگىتلىرىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىشتىياقىنى قوزغاشقا باشلىدى. بەزىلەر تەقدىر - قىسمەتنى كۆزى قارىغۇ بولىدۇ، دەپ ئەيىبلەپ، مەخمۇتنىڭ بەختىگە تارلىق قىلاتتى؛ بەزىلەر ئۆزىنىڭ تېخى يىگىتلىكىگە قارىماي، ئۇ ئېرىدىن چىقىپ كەتسە، ئىككىلەنمەي ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى؛ يەنە بەزىلەر «چىقىپ كەتسە» گە قاراپ تۇرماي، ئۇنى ئېرىدىن چىقىرىش، مەيلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقچى بولۇشاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنى كوچىلاردا كۆ- رۈپ قالسا، كۆزىدىن يىتكۈچە تەلمۈرۈپ قارايتتى ياكى كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭاتتى. بازار كۈنلىرى ئۇ دۇكان - يايمىچىلارنىڭ ئالدىدا سودا قىلىۋاتقان بولسا، بىر نېمىلەرنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا شىپقاپ باراتتى ۋە كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ياپتا - ئەگىتمە گەپلەرنى قىلاتتى، كېچىلىرى ئىشىكى ئالدىدىن مەنىلىك ناخشىلارنى ئېيتىپ ئۆتەتتى، پەيت تاپسىلا بەختىنى سىناپ باقماقچى بولاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۆزىنى بىلەلمەي يۈرگەنلەرمۇ خېلىلا بار ئىدى. ئەمما ماھىنۇر شۇ ھەرىكەت - قىلىقلارنى سېزىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلاردا ئۈمىد پەيدا بولغۇدەك بىرەر ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. ھېچقانداق ئىشنى كۆر- مىگەندەك، سەزمىگەندەك ئۆتۈپ كېتەتتى.

قوشنا يېزىدا ھەر پەيشەنبە كۈنى بازار بولاتتى. بازار يېزا - يېزىلاردىن، كەنت - مەھەللىلەردىن كەلگەن هارۋىلىق، ئاتلىق، پىيادە كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار، باللار بىلەن تولۇپ، قايناپ كېتەتتى. بازاردا ھەممە نەرسە، دېھقانلار تىلى بىلەن ئېيتقاندا توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە

نەرسە تېپىلاتتى . بىر پەيشەنبە بازار كۈنى ماھىنۇر بازاردىن كۆكتات ئې-لىپ ئۆيىگە يانغاندى ، ئېرىق ياقىسىدا سايىدەپ ئولتۇرغان يىگىتلەر ئۇنىڭغا سۆز تاشلىدى :

— خۇدايىم نېمىشقا بىزگە مۇشۇنداق نازىنىنلاردىن بىرەرسىنى بېرىۋەتمەيدىغاندۇ ؟

— خۇدايىمنىڭ بەرگۈسى كەلسە ، ئاغىنىلەر ، يېشىغا قارىمايلا بېرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ .

— يىگىتنىڭ قەدرىنى جۇۋان بىلمەي ، قىز نە بىلسۇن ، دەۋاتاتتى ، ھېچبىر بىلگۈسى كەلمەيدىغۇ ؟

— كۆڭلى دەريا بويىلىرىنى تارتمامدىغاندۇ ؟ ...

— ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەمدىغاندۇ ؟ ...

— ياشلىقنى خارلاۋاتىدۇ دېگىنە ...

ماھىنۇر ئۇن - تىن چىقارماي ، يەردىن بېشىنى ئالماي ئۆتۈپ كەتتى . ئەمما كۆڭلىدە خاپا بولدى : بىكار تەلەتلەرنىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشىدۇ ، ئۇ گەپلىرىگە مەن ئېرىپ قالىدىغاندەك ...

كۈن قىزىق بولۇپ ئوتتەك كۆيدۈرەتتى . ئۇ ھاۋانىڭ قىزىق تەپ-تىدىنمۇ ياكى ئۆزىگە تاشلانغان بايىقى گەپ - سۆزلەرنىڭ سالمىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر تەرلەپ كەتتى ، كۆكتات سېلىنغان سومكىسىنى قويۇپ ، غول ئېرىقنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ، يۈز - كۆزلىرىنى ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ يۇدى ۋە سالقىندا راھەتلەندى . بىراق ، ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بايىقى يىگىت-لەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى يادىغا ئېلىپ خىيالغا چۆكۈپ قالدى . ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى : راستقۇ ، ئاشۇلارنىڭ دېگىنى يالغان ئەمەسقۇ ، ياشلى-قىمنى راستتىنلا خارلاۋاتىمەنغۇ ... ئۆزى دېمەتلىك ئادەم بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى كىم بىلمەيدۇ ! ... لېكىن نېمە ئامال ، بولارىم بولدى ، تەقدىرنىڭ ماڭا يازغىنى شۇئىكەن ... بولدىلا ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلىمايمەن دېۋىدىمغۇ .

ئۇ ئازاب قوزغايدىغان خىياللىرىنى ئېرىق بويىدا قالدۇرۇپ ، ئور-نىدىن ئىتتىك تۇردى - دە ، ماڭدى . بىراق ، مەھەللىدىن ئۆزۈلۈپ چىقىپلا

ئالدىدا هادى ئاتلىق يىگىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە قانات سۆرەپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭ بىرسى ئىدى، بىر نەچچە قېتىم خالىي جايدا سۆز تاشلىغان ۋە كەينىگە كىرىۋالغان. ئۇ باشقىلاردەك ئۇچراپ قالسا گەپ قىلىدىغان يىگىتلەردىن بولماي، ئاتايىن ئۇچرىتىپ گەپ قىلىدىغان يىگىت بولۇپ، قاياققا ماڭسا، شۇ ياقتىن ئالدىغا چىقىپ قالاتتى ۋە بىر نىمە دېيىشكە تەمشىلىپلا تۇراتتى.

يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتكەن ماھىنۇر ئالدىغا كەلگەن هادىغا قارىماي ئۆتۈپ كەتتى. سۆز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئېغىزىنى گەپكە ئۆمەللىگىنىچە تۇرۇپ قالغان هادى بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى.

— نېمانداق سايەمدەك ئەگىشىۋالىسىز؟ — دېدى ماھىنۇر كەينىگە قايرىلىپ ئاچچىقى بىلەن.

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن؟ بىلمەي كەينىمگە كىرىۋالدىڭىزما؟ بىلمەي ئالدىمنى توسىدىڭىزما؟ بىلمەي نەگە بارسام، شۇ يەردە ئۇنەمسىز؟

— مەن سىزگە ... ئاشىق.

— قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ ...

— راست گەپنى قىلىۋاتىمەن.

— مېنىڭ ئېرىم تۇرسا؟

— راستىمنى ئېيتاي، دەسلەپتە تۇرمۇشىڭىزغا، ئاشۇ چوڭ ئادەم بىلەن ئۆتۈۋاتقىنىڭىزغا ئىچ ئاغرىتىپ يۈردۈم، — دېدى ئۇ ياندىشىپ مېڭىپ، — ئىچ ئاغرىتىشتىن بارا - بارا مۇھەببەت پەيدا بولدى.

— ماڭا ئىچ ئاغرىتقۇچە ئۆزىڭىزگە ئاغرىتىپ، چاپسانراق ئۆيلىنىۋېلىڭ!

— ئاشۇ ئېرىڭىز بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇپ كېتەلەمسىز، ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟

ماھىنۇر گەپ قىلمىدى. بىراق، بۇ ئىككى مەھەللە ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن كىچىلىكتە يىراقتىن بىر نەچچە ئادەمنىڭ بۇياققا كېلىۋاتقانلىقىنى قارا -

كۈرەك كۆرۈپ قالدى ـ دە ، ئالاقزادە بولۇپ ھادىغا يالۋۇرغاندەك دېدى :
ـ كىتىك ، چاپسانراق كىتىك ، كۆردىڭىزمۇ ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ ، ئۇنداق قىلماڭ ، كىتىك ، بولۇڭ ...

ئۇ ئۆيىگە ھادى بىلەن يانداشپ ماڭغانلىقىنى بىرسى ئىنىق كۆرۈپ قالغاندەك ، خۇددى ئۇياتلىق بىر ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە ، يۈزىنى دەسسىگەندەك مېڭىپ كەلدى ۋە بازاردىن ئەكەلگەن كۆكتاتلىرىنى ئوچاق بېشىغا قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئۇنى تۇتقىنىچە چايخانا سۇپىسىدا سالپىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ئۆيدە ئېرى يوق ئىدى . ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە ، ھېلى ئۆزى بىزار بولغان ، خالىمىغان نەرسىلەرنى خالاپ قالىدۇ ، ئۆزىدە ۋەھىمە قوزغىسىمۇ ئاشۇنداق ئوي ـ خىياللارنى سۈرگۈسى كېلىدۇ . ماھىنۇر ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ بازارغا بارغۇسى كېلىپلا تۇرىدىغان ، قاچانمۇ پەيشەنبە بازار بولار ، دەپ ئالدىرايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ بازارغا قىزىقىپ قالغانلىقىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مۇنداق بىر سەۋەبىمۇ بار ئىدى :

ـــ خىيالىمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ ، ئاڭلاپ باقامسىز ؟ ـــ دېدى ماھىنۇر بىر كۈنى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ مەخمۇتقا .

ـــ ھە ، نېمە ئىش ؟

ـــ ماڭا ئەللىك ـ ئاتمىش سوم تېپىپ بەرسىڭىز ، بازارغا كىرىپ باقسام دەيمەن .

ـــ قايسى بازارغا ؟

ـــ پەيشەنبە بازىرىغىچۇ .

ـــ نېمە قىلىسەن ؟

ـــ ئوقەت قىلسام ...

ـــ نېمە دېدىڭ ! ... ئوقەت قىلسام ؟ ـــ ماھىنۇرنىڭ ئىپتىماقچى بولغان سۆزلىرى قوپال ، قاتتىق ئىپتىلغان بىر سوئال بىلەنلا ئۈزۈلۈپ قالدى .

ـــ نۇرغۇن ئاياللار قىلىۋاتىدىغۇ ، زورىخىندەم بىلەن سۆزلەشتىم ،

ئۇ ئايـال ئەلـلىك سوم بىلەن تىجارەت باشلاپتىكەن ، بەش ئاي بوپتۇ ، ھا-
زىـر دەسمىسى تۆت مىڭ سومغا يېتىپتۇ . شەھەرگە چۇشۇپ ماللارنى توپ
ئالـىـدىكەن ، بۇ يەرگە ئاچىقىپ ، باھا قوشۇپ پارچە ساتىدىكەن ، قاراڭ ،
بـىر نەچچە ئايدىلا شۇنچىلىك بېيىپ كېتىپتۇ ، بىز دېھقانچىلىق قىلىپ بىر
يىلدىمۇ ئۇنىڭ يېرىمىنى تاپالمايمىز .
— سېنى پۇل تاپ ، دەپ بازارغا سېلىپ قويىدىكەنمەن ـ دە ، خى-
يالىڭغا ياخشى ئىش كەپتۇ .
— ھالال ئىشنىڭ نېمىسى يامان ؟
— خەقلەرنى ئايالى ئاساندىراق ئالدىيالامدىكەن ! — مەخمۇت
قـولـىدىكى ئاپـقۇرنـى جوزىغا « داق » قىلىپ قويدى . چىنىدىكى چاي
داۋالغۇپ كەتتى ، — پۇل تېپىپ مېنى سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايدىغان
قىلىۋالماقچى بولۇۋېتىپسەن ـ دە .
— خەقلەر ماڭغان يولدا مېڭىپ باقايلى ، بىزمۇ نامراتلىقتىن
قۇتۇلايلى ، دەۋاتىمەن .
مەخمۇتنىڭ بىردىنلا قەھرى قوزغىلىپ تەرى تۇرۇلدى ، يېنىپ
كەتكەن كۆزلىرى ماھنۇرغا تىكىلدى :
— بـىلـىـپ قـوي ، سېـنـىڭ تـاپـقان پۇلۇڭ بىلەن نامراتلىقتىن
قـۇتۇلۇش ماڭا ئۆلۈم ! ياخشىلىقچە ئېيتىپ قوياي ، بۇ گەپنى ئەمدى ئېغى-
زىڭغا ئالغۇچى بولما !
مـاھـنـۇرنـىـڭ ئاغـزى تىۇۋاقلانـدى . مۇشۇ ھالـدا ئۇ نـېـمـىـمۇ
دېيەلىسۇن ، ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرماي گەپنى ئۈزۈۋەتكەن تۇرسا ،
ئۇنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا ، ماھنۇر يەنە ئېغىز ئاچسا ئۆزىنىڭ تاياق يەيدى-
غانلىقىنى ھېس قىلىپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى . مەخمۇت يالاڭ چاپىنىنى
مۈرىسىگە تاشلاپ ، قاپىقىنى تۈرگىنىچە قورۇدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ
كەينىدىن ئىككى بالىسىمۇ ماڭدى . قورۇ ئىچى ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكۈپ
قالدى .

مـاھـنـۇر قـاچـا ـ قـۇچـىـلـىـرىنىمۇ يىغىشتۇرماي شۇ ھالدا ئۇزاق
ئولـتـۇرغـانـدىن كېيىن ، بېشىنى ئاستا كۆتۈردى : « نېمانچىلا قورقۇنچاق

بولۇپ كەتكەندىمەن، دائىم ۋەھىمىدىمەن، تىترەپ تۇرىمەن، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — بۇ مېنىڭ ئادەملىكىم، ئەركىنلىكىمنى ئۆزۈم ئاياغ ئاستى قىلغىنىم ئەمەسمۇ... ئۇ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان قايسىبىر ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك گۇركىرەيدۇ، ھەدېسىلا دىۋەيلەپ تۇرغان. شۇنچىلىك دەرد - ئەلەم، خورلۇقلارنى تارتىپ كېلىشىم، قورقۇنچاقلىقىم، يۈرەك ئالدى بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئەمەسمۇ. مۇشۇ ئاجىز تۇيغۇ بەدەن - بەدەنلىرىمگە سىڭىپ كېتىپتىكەن - دە، شۇڭا قۇلدەك ياشاپتىمەن. توۋا، مۇنۇ ئاجىزلىقىمنى... چىشىنىڭ ئېقىغا قاراپ ياشايدىغان مەن، ئۇنىڭ قۇلىمىدىم، مەنمۇ ئادەمغۇ. ئەتراپىمغا قاراي، ئىرادىلىك بولاي، غەمگە پېتىپ يۈرگۈچە، ئۆزۈمگە خۇشاللىق تاپاي.»

كۆڭۈلسىز كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يېزىغا خۇددى تېنەگەندەك چىقىپ قېلىپ، ئۆزىدىن يىگىرمە ئۈچ ياش چوڭ ئادەم بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقىنىغا بەش يىلدىن ئاشتى. بەش يىل ئاز ۋاقىتمۇ، مۇشۇ جەرياندا ئۇ نېمە خۇشاللىق، قانداق راھەت كۆردى؟ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقى نېمىدىن رازى بولدى؟ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ يېزىدىن يېڭى دوستلارنى تاپقان، بۇ دوستلىرىنىڭ ئەرلىرى ئۆزلىرى دېمەتلىك، ئۇلار ئۆزئارا كىرىش - چىقىش قىلىدۇ، سورۇنلارنى تۈزىدۇ. ماھىنۇر ئېرى بىلەن شۇنداق سورۇنلارغا كىرەلمەدۇ، ئېرى ئۇلار بىلەن ئورتاق تىل، ئورتاق ھېسسىياتتا بولالامدۇ؟ ھەممىسىنىڭ دادىسىدەك تۇرسا! كۆڭۈل خۇش بولغۇدەك ئىش نەدە؟... شۇڭا ئۇ ئۆيىدىمۇ، دوستلىرى ئارىسىدىمۇ خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيتتى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، نامراتلىقنى يېڭىپ، تۈزۈكرەك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىپ باقاي، دېگەن پىكىرلىرىنىڭ ئېرى تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم قىلىپ قايغۇلىرىنى كۆپەيتىۋەتتى. رەھمەتلىك ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە بەخت تىلىگىنىگە، ئالدىرىما، كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئېرىشىسەن، دېگىنىگە خېلى يىللار بولدى، قېنى ئېرىشكىنى؟... تېخى ياخشى نىيەت، جۈرئەتلىرى قارىلىنىلىۋاتىدىغۇ.

ماھىنۇر ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ، سىيىرنىڭ ئايىغىنى تازىلاپ ، تامغا تېزەك يېقىۋاتاتتى . ھويلىغا تۇيۇقسىزلا كەينى ـ كەينىدىن ئىككى چالما چۈشتى . ئۇ بۇ چالمىلارنىڭ قاياقتىن چۈشكەنلىكىنى بىلەلـ مەي ، بىرسى ئاتايىن ئاتتىمۇ ياكى ئۇششاق بالىلارنىڭ كوچىدىن ئويناپ ئاتقان چالمىسىمۇ ، دەپ تېڭىرقاپ تۇرغاندا ، يەنە بىر چالما چۈشتى . چالما باغ تەرەپتىن چۈشكەنىدى . ماھىنۇر ئالاقزادە بولۇپ ۋارقىرىۋېتىشكە ئاز قالدى . تۆت ئەتراپقا سەپسېلىپ ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلاندى : ھادى بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرگىنىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈۋىدىم .

ئۇ ۋەھىمىلىك خىياللار بىلەن بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ باغقا كىردى ـ دە ، چۆچۈپ كەتتى . راستىنلا چالما ئاتقان ھادى ئىكەن ، ئۇ قارىياغاچ تۈۋىدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .

— نېمىشقا چالما ئاتىسىز ؟

— سىزنى چاقىرىپ ...

— مەخمۇت بولۇپ قالسا ، قانداق قىلاتتىڭىز ؟

— يوقلۇقىنى بىلىپ ئاتتىم .

قورقۇش ، ئالاقزادىلىك ماھىنۇرنىڭ سىپتا يۈزىنى تاتارتىپ ، مەڭزىدىكى قىزىللىقنى ئېلىپ كەتكەنىدى ، كىرپىكلىرىنى پىلدىرلىتىپ ، نېپىز لەۋلىرىنىمۇ تىترىتىۋەتكەنىدى . ئۇ ئېرىنىڭ ئېتىزدىن چۈشتىن بۇرۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، ھېلىلا كېلىپ قالىدىغاندەك ياكى بىـ رەرسى تامدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراۋاتقاندەك ئەتراپىغا قورقۇمسىراپ قارىدى . ھادى نېمە قىلارىنى بىلمەي تىترەپ تۇرغان ماھىنۇرغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى . لېكىن ئۇ : مېنى سۆرۈپ چىقىرارمۇ ، قارشى ئالارمۇ ، دېگەن ئىككىلىنىشتە باغقا تەسلىكتە چۈشـ كەن ، مۇنۇ تۇرقىغا قارىغاندا قوغلايدىغاندەك ئەمەس ، بولمىسا ئۆزىنى كۆرگەندىلا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەتكەن بولار ئىدى ، مەيلى قوزغىلىۋالـ تامدىكىن ... ئەمما قورقۇۋاتقاندەكمۇ قىلىدۇ .

بىردەملىك جىملىقتىن كېيىن ، ماھىنۇر ئېغىز ئاچتى .

— بىر تال قورقمايدىكەنسىز .
— مۇھەببەت ئادەمنى قورقۇمسىز قىلىۋېتىدىكەن .
ماھىنۇر ئۈنچىقمىدى . ھادىنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىش تەقەززالىقى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى . ئۇ قارىياغاچنىڭ تۈۋىدىن ماھىنۇرغا قاراپ ئاستا سىلجىشقا باشلىدى .
ماھىنۇر كەينىگە داجىدى :
— كەلمەڭ ، چىقىپ كېتىڭ .
— ئۇنداق قىلماڭ ...
— گېپىمنى ئاڭلاڭ دەيمەن .
— ئويلاپ بېقىڭ ، ياشلىقىڭىزنى ئۇنداق خارلىماڭ .
— ياشلىقىم خارلىنىپ بولغان .
— ياق ، ئەمدى قەدىرلىنىدۇ .
— قەدىرلىنىشكە موھتاج ئەمەسمەن . چىقىپ كېتىڭ دەۋاتىمەن ، نېمانداق بىزەڭلىك قىلىسىز ، — ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، قولىنى جونۇپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان ماھىنۇرنىڭ غەزەپتىنمۇ ياكى قورقۇشتىنمۇ چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى ئوت ئېلىپ كەتكەنىدى ، — چىقىپ كېتىڭ ، ھېلى بىكار ۋارقىرىۋېتىمەن !
ھادى ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ تۇراتتى ، ئۇ ماھىنۇرنى مۇنداق دەپ كېتەر ، دەپ ئويلىمىغان .
— چىقمامسىز ؟ ... ئەمىسە مەشەدىن قوزغالماي تۇرۇڭ ، ھازىر خوتۇنلارنى باشلاپ كىرىمەن .
ماھىنۇر يۈرۈلۈپ ماڭدى .
— توختاڭ ، — ھادىنىڭ يۈرىكىنى ياندۇرۇۋاتقان ئۈمىدلىرى خۇددى تۇزغاقتەك توزۇپ كەتتى - دە ، كەينىگە ئاستا يۈرۈلدى . ئۇنىڭ بىردىنلا ھالسىزلانغان ئاياغلىرى ئېغىر يۆتكەلمەكتە ئىدى . كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمايمۇ قالغانىدى .
ئۇ كەينىگە بىر قارىدى - دە ، شوردىن ئارتىلىپ ئۇياققا چۈشۈپ كەتتى .

ماھىنۇر باغ ئىشىكىگە يۆلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى، روھىي ھالىتىدىن قورقۇپ كەتتىمۇ، ئۆكۈنۈشتە قالدىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ قېتىپ قالغاندەك خېلى تۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ئەمدى ئالدىدا ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان قاملاشقان يىگىت ھادى يوق ئىدى. ماھىنۇرنىڭ كۆڭلى تۇمانلىشىپ بىر قىسما بولۇپ قالدى ۋە ئۇ دەرەخنىڭ كەينى، چۆپلەر ئارىسىدىن چىقىپ قالىدىغاندەك تۆت ئەتراپىغا غەمكىن كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قارىدى. ھېلى قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: « نېمىشقا قوغلىدىم، نېمانچە قوپاللىق قىلىپ كەتتىم، بىچارە ھادى قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ... ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ قايسى يالغان، ياشلىقىمنى خارلىغىنىم، ئۇنىڭ قەدىرگە يەتمىگىنىم راست ئەمەسمۇ ... ئۆزۈمنى، ياشلىقىمنى، تېپىچەكلەپ تۇرغان تەلەپ - ئارزۇلىرىمنى يايرىتىپ رازى قىلىشنى نېمىشقا ئۆزۈم بىلمەيمەن؟ ... ماڭا شۇنچە تەلمۈرگەن، مەيلىمنى قوزغىتىۋاتقان ئادەمدىن نېمىشقا يۈزۈمنى ئۆرۈيمەن؟ بۇنىڭدىن بۆلەك كۆڭلۈم خۇش بولغۇدەك نېمە بار ئىدى؟ ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، ئەجەب قىپتىمەن ... »

لېكىن ئەتىسىلا يولدا ھادى ئۇچراپ قېلىۋىدى، ماھىنۇر يەنە قارىماي ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق ئۇچراپ قېلىش، قارىماي ئۆتۈپ كېتىش، كەينىدىنلا پۇشايمان قىلىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورقۇش، ئەندىشىلىرىنى ئاخىر خېلىدىن بېرى قوزغىلىپ قالغان ئىشق - ھېسلىرى يېڭىپ كەتتى. بىر كۈنى ھادى ئۇچراپ قېلىپ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ:

— بوپتۇ، بۈگۈن يېرىم كېچىدە باغقا كېلىڭ، — دەپلا ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئىككىسى باغدا ئۇچراشتى. ھادى ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— ئۆيدە ئېرىڭىز يوقما!

— بار بولسا چىقالايتتىممۇ.

— ئەمسە نەدە ؟

— خامانىدا ، بۇغدايىنى چەشلەپ قويغان ، مشكاپ ئەكېلەلمەي ، كۆزەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئىككىسى پەيت تاپسىلا ئۇچرىشىپ تۇردى ، مەخمۇتنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقىتلىرىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمىدى . ماھىنۇر ئۇنى بارا ـ بارا باغدىلا ئەمەس ، ئۆيىدىمۇ كۈتۈۋالىدىغان ھەتتا قوندۇرىدىغان بولدى . ماھىنۇرنىڭ غەمكىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ، ئۆزىدىن رازى بولۇشى ھادى بىلەن باغدا ئۇچراشقان ئاشۇ كۈندىن باشلاندى . بۇ ھال ماھىنۇرنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋەتتىكى ، كۆڭلىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ، ئۆز ياشلىقىدىن رازى بولۇشى ئېرىگىمۇ كۆلۈپ قارايدىغان ، ئېغىر ئىشلارنىمۇ ، ئائىلىدىكى يوقسۇزلۇقلارنىمۇ بىلىندۈرمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى .

كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاماللىق ، ئاچچىق سوغۇقلۇق بىر كېچىسى ، مەھەللە ئۇيقۇغا كەتكەندە ، ھادى ئۇلارنىڭ قورۇسىغا غورۇدىن ئارتىلىپ ئاستا كىردى ـ دە ، شەپىسىز مېڭىپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى . مانا ئالدىدا دېرىزە تۇرۇپتۇ ، ئۇ چېكىلىسىلا ئېچىلىدۇ . ھادى ماھىنۇر ياتقان ئۆيگە مۇشۇ دېرىزىدىن تالاي قېتىم چۈشكەن . ماھىنۇر بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ، ھادىنى تەسلىكتە ئۇچرىتىپ ، مەخمۇتنىڭ بۈگۈن كەچتە خاڭغا ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغان . بىراق دېرىزە ئېچىلماي ، ھېچ ئويلىمىغان ھالدا ئۆي ئىچىدىن ئەر كىشىنىڭ « كىم ! » دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ھادى كۈتمىگەن ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ ، ئالاقزادە بولۇپ بەدەر قاچتى . مەخمۇتنىڭ كەچتە ئېشەك ھارۋىدا كۆمۈرگە ماڭغانلىقى راست ئىدى . بىراق ، يولدا چاق ئېتىلىپ كېتىپ يېنىپ كەلگەن .

مەخمۇت بىرسىنىڭ دۈكۈرلەپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ، يالاڭ كىيىملىرى بىلەنلا تېزلىكتە ھويلىغا ، ھويلىدىن كوچىغا چىقتى ـ دە ، كوچىنىڭ بېشىدا بىرسىنىڭ ھەدەپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . لېكىن كىملىكىنى قىياس قىلالمىدى . ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، قوغلاشتىن يالتىيىپ كەينىگە ياندى . ئىككى بالىسى ئۇخلاۋاتقان

دالان ئۆيدىن قىڭراقنى ئېلىپ سارايغا كىردى ۋە لامپىنى ياقتى. ئۇ سوغۇقتىن ئەمەس، غەزەپ ـ نەپرەتتىن تىترەپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدىن گويا ئوت چاچرايتتى. ئۇ شۇ غەزىپى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالاقزادە بولۇپ ئولتۇرغان ماھىنۇرنىڭ چېچىدىن يۆگەپ تۇتۇپ، قىڭراقنى بوغۇزىغا تەڭلىدى:

ـــ ئېيتە قانجۇق، ئۆلەي دەمسەن، يا تىرىك قالاي دەمسەن! ئۇ كىم؟ ... راست گەپنى قىلمىساڭ، ھازىرلا بوغۇزلىۋېتىمەن!

پىچاقنىڭ بىسى ئۇنىڭ بوغۇزىغا تىرىلىپ تۇراتتى.

كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ماھىنۇر دەھشەتلىك بىر سوئال بىلەنلا ئۇنىڭ ئىسمىنى دەۋەتتى:

ـــ ھادى.

ـ قايسى ھادى؟

ـــ بارى مەزىننىڭ ئوغلى.

مەخمۇت قىڭراقنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئالدىراپ كىيدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە بارى مەزىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھادىنى سورىدى. بارى مەزىن ئوغلىنىڭ چۈشتىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ھازىرغىچە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ كېچىدە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. مەخمۇت ھادىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. ئېتىزلارغا، يېزىنىڭ كەڭرى ئورمانلىقىغا، كۆتەمە ئېرىق ياقىلىرى، دەريا بويلىرىغا باردى. لېكىن، ھېچنەدىن تاپالمىدى، ئاخىر ئۇنى تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، ئۆز ھويلىسىدىن ـــ تامغا يۆلەپ قويۇلغان قوناق شېخى ئارىسىدىن تاپتى. تاپتى ـ دە، خۇددى قوزىنى تۇتۇۋالغاندەك سۆرەپ ئاچىقىپ غەزەپلىك يوغان مۇشتلىرى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردى. ھادى شۇنچە تاياق يېسىمۇ ئۈن چىقارمىدى. ئۇ بارى مەزىننىڭ ئارىلاشقىنىغا پەرۋامۇ قىلماي، تاكى ئۇنىڭ ئوك قولى سۇنغىچە ئۇرۇپ تەپتى. ھادى ئاخىر ۋاي ـ ۋايلاپ يېتىپ قالغاندا، ئۇ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

ماھىنۇر ئۆيدە يا قېچىشنى ، يا مۆكۈشنى بىلەلمەي ، ئىچ كىيىمى بىلەنلا خۇددى ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەمدەك ئىككى پۈكلىنىپ ، ياشلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇراتتى ، ئۆز قولى بىلەن چاچلىرى يۇلۇنۇپ ، يۈزلىرى تاتىلانغانىدى . ئېرى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ، ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن ئۇنى جونۇپ تۇرۇپ ، ئۇزۇلۈك - ئۇزۇلۈك ئاۋازدا شۇنداق دېدى :

— ئۆينى بۇلغاپ بوپسەن ... ئادەم دېگەن ئازىدۇ ... بوپتۇ ، ئۇزماي سېنى ... سەن بۇ ئۆيگە ... كىچىككىنە ۋاقتىڭدا كېلىشىدىڭ ... سەل ئىچىم ئاغرىپ قالدى ... ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ ئۆيدىن يوقال ، بۇزۇق !

ماھىنۇر شەھەرگە — ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كىردى . ئۇ كىرىۋېتىپ يولدا مۇنۇلارنى ئويلىغانىدى : يامان ئىش ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلدى ، مەيلىم يوق تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇم . بىراق ... بىراق پېشانەمگە يەنە بىر ئەسكى ئىش يېزىلدى ، ئاۋۋالقىدىنمۇ ئېغىرراق ئەسكى ئىش يېزىلدى .

## 6

ماھىنۇرنىڭ ئېرىدىن ئاجراپ ، ئۆز قورۇسى — ئۆيىگە يېنىپ كىرگەن ۋاقتى ئاپىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان ، بۇ يوغان باغلىق قورۇدا ھەدىسى شەمشىنۇر بىلەن ئۇن ئىككى ياشلىق ئىنىسى ئەكبەرجاننىڭ يالغۇز قالغان مەزگىلى ئىدى . ماھىنۇرنىڭ يېنىپ كىرىشى بىلەن ئۈچ بىر تۇغقان جەم بولدى . شەمشىنۇر سىڭلىسىنىڭ ئۆتكۈزگەن ئىشىنى يۈزىگە سالمىدى ، تاپا - تەنىمۇ قىلمىدى ، خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك چىرايلىق قارشى ئېلىپ بىللە ئۆتۈشكە باشلىدى . بىراق ، ماھىنۇر خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۆتكۈزۈپ قويغان ئىشنى ئويلاپ مەيۈسلۈككە چۆكۈپ يۈردى . ئۆزى دېمەتلىك قىز - ئوغۇللار ئىچىدە ، ئاتا - ئانىسىنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى ، يىراق - يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا ، مەھەللىدىكى ھەربىر ئۆيلەردە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئۇياتلىق ئىشى توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر بولۇۋاتقاندەك ئوي خىياللاردا

بولۇپ نومۇس ئوتىدا كۆيۈپ يۈردى. تالا - تۈزگە ئىشەنچلىك چىقالمىدى. ئۇ ھادى توغرىسىدا ئويلاندىمۇ - يوق؟ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدىمۇ - يوق؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۆمرىنى ئەمدىلەتىن خوش قىلىشقا باشلىغان ھېسسىياتى بىلەن شەرم - ھايا، ئىزا - نومۇس ئۇنى شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ۋاقىت شۇنداق خىسلەتلىك نەرسىكى، ئۆتۈپ كەتكەن ئۇياتلىق ئىشلارنىمۇ ئادەمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان ھېلىقى ئىشلىرى ئۇنتۇلۇپ، يۈرىكىگە چۈشكەن يارىلار ئاستا - ئاستا ساقىيىشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئىشەنچلىك ئەزاسى دەپ ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كوچا - كويغا كەمدىن - كەم چىقىپ يۈردى. ھەممە ۋاقتىنى ئۆي ئىشى — چاي قاينىتىش، تاماق ئېتىشتىن تارتىپ، نان يېقىش، كىر يۇيۇش، ھويلا - ئارامنى تازىلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئەگىر - توقايلىقلار، بىلمەك تەس بولغان سىرلار بولىدۇ. بۇنى نۇرغۇن ئادەم ئويلىمايدۇ. بەش يىللىق كۆڭۈلسىزلىك، ئازابلىق تۇرمۇش ماھىنۇرغا خېلى نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇردى. ئۇ كېچىلىرى چوڭقۇر خىياللارغا بېرىلىپ، ئۇلارنى بىر چېتىدىن بىلىشكە، چۈشىنىشكە باشلىدى: «ئادەملەرنىڭ يامان كۈنلەرگە قېلىشىنىڭ، ياخشى كۈنلەرنى كۆرۈشىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالىدىكەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — سەھرادا ئۆتكەن بىر نەچچە يىللىق تۇرمۇشۇمدا ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردۈم. بەزىلەر بەختلىك، خاتىرجەم بولىمەن، دەپ شۇنچە تىرىشىپمۇ بولالمىدى؛ بەزىلەر خىيالىغا كىرمىگەن ھالدا ھېچقانداق ھەرىكەتمۇ قىلماي بەختلىك بولۇپ قالدى. يەنە نۇرغۇن ئىشلار قىلماسلىقتىن — بۇرۇندىن كېلىۋاتقان، قانۇنلىشىپ قالغان ئادەتلەرنىڭ كۈچ كۆرسىتىشىدىن قالىدىكەن. بەزىلەر جۈرئەت قىلىپ ئۇنى بۇزۇۋىدى، خېلىلا ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتى. شۇلار قىلغان ئىشلارنى بىز قىلالماسمىزمۇ، قاچانغىچە < تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر > دەپ يۈرىمىز؟!»

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قالغاندىن كېيىن ، بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئوساللاپ قالغانىدى . ئاشقا تاپسا ، نانغا يوق ، نانغا تاپسا ، ئاشقا يوق ، دېگەندەك كۈنلەر كۆرۈلگىلى تۇردى . كىيىم ـ كېچەكنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئۆتكۈزمەكمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن ، « ماي ئالغان كوزىنىڭ يۇقى قالىدۇ » دېگەن گەپ بار ، ئاتا ـ ئانا ئۆلگەندىن كېيىن ، مايىنىڭ يۇقىمۇ تۈگىگەنىدى . پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئىشى ، كۈندىلىك تۇرمۇش ، موردىن تۈتۈن چىقىرىش ئىككى ئىشسىز قىزنىڭ بېشىغا قالدى ، ئوغۇل تېخى كىچىك . ئۆينى ئىسسىتىپ ئولتۇرۇش قىشنىڭ ئوشۇقچە چىقىمى . ئۇلار مۇشۇ قەھرىتان سوغۇق كۈنلەر كېچە كۆمۈر چۇشۇرەلمىگەن . ھېلىمۇ ياخشى ئاپىسى رەھمەتلىك باغدىكى ئالمىلارنىڭ قۇرۇغان شاخلىرىنى كەسلەپ ، قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆ- گىلەپ قويغانىكەن . قىشنىڭ سوغۇقلىرىنى شۇنىڭ بىلەن يېقىپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ، بولمىسا قانداق قىلاتتىكىن .

— ھەدە ، — دېدى ماھىنۇر مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇرغان شەمشىنۇرغا بىر كۈنى ، — ساڭا بىر مەسلىھىتىم بار .

— نېمە مەسلىھەت ؟

— ئەتىمىز قانداق ئۆتەر ، ئۆگۈنىمىز قانداق بولار ، دەپ غەمگە پېتىپ يۈرۈۋەرمەيلى .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— بىزمۇ باشقىلار ماڭغان يولدا ماڭايلى .

— قايسى يول ئۇ ؟

— دۇكان ئاچايلى .

— نەدىن ئاچىمىز ؟

— مۇشۇ ھويلىمىزدىن .

— نېمە بىلەن ئاچىمىز ، قورساققا نان تاپالماي قېلىۋاتساق ؟

— گېپىمنى ئاڭلاپ تۇر ، ئويلىغانلىرىمنى ئېيتاي : ئەتىياز كەلسىلا باغنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن بىر پارچە يەرنى ساتايلى ، ئاشۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى تامنى بۇزۇپ دۇكان سالدۇرايلى ، قالغان

پۇلغا كۆندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەر خىل نەرسىلەرنى ئېلىپ، دۇ-كاننى ئاچايلى، تىجارەت قىلايلى. شۇنىڭ پايدىسى بىلەن تۇرمۇشىمىز قامدىلىپ ئۆتمەمدۇ، ھېلىغۇ پۇلىمىز يوق، بولغان تەقدىردىمۇ، يېتىپ يېگەنگە نېمە توشايدۇ؟

شەمشىنۇر ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىش بىر قارىسا بولىدىغاندەك، بىر قارىسا بولمايدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ماھىنۇر ھە-دىسىنىڭ ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ئەتىمالىم:

— ئوبدانراق ئويلىنىپ باق، — دېدى، — كۈنىمىزنى كۆن ئېتىدىغان بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

— قاملاشتۇرالارمىزمۇ؟

— نېمىشقا قاملاشتۇرالمايمىز، بازاردا دۇكان ئېچىپ ئولتۇرغان ئا-ياللار، قىزلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇلار قىلغاننى نېمىشقا بىز قىلالمايمىز، ئۇلار ماڭغان يولدا نېمىشقا بىز ماڭالمايمىز؟

— بۇ گېپىڭمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداق قىلساق قىلايلى، يا قايىنامدىن، يا سايرامدىن چىقارمىز.

— ئەندىشە قىلما، ھەدە، موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇپ ياخشىلىنىپ كې-تىمىز، — دېدى ماھىنۇر خۇشال بولۇپ، يېنىك تىنىپ.

※ ※ ※

ئەل ئايىغى بېسىلغان، ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان، باشقىلار ئۇيقۇغا كېتىپ، مەھەللە ئىچى ئېغىر جىملىققا چۆككەن چاغ. لېكىن، ھەدە - سىڭىل ئىككىسىدە ئۇيقۇ يوق. ئىككىسىنىڭ بىرى تىرىك-چىلىك يولىدا ساماندەك سارغىيىشتىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىز قانداق بولار، دېگەن ئەندىشىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق، دېگەن ئوي بى-لەن؛ يەنە بىرى شۇنداق قىلساق، ئاتا - ئانىمىزدىن قالغان قورۇنىڭ ھېلىتىنلا بىر پارچىسىدىن ئايرىلىپ قالساق، غەلىتە ئىشقا، ئاقىۋىتىگە ھېچكىم كېپىللىك قىلالمايدىغان يولغا قەدەم باسساق قانداق بولار، دېگەن

خىيال بىلەن ئويغاق . ئەمما تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بىرىگە ئىشەنچلىك ، بىرىگە ئىشەنچسىز بولغان يېڭى بىر يولغا قەدەم تاشلاشنى دالالەت قىلىۋاتىدۇ . گەپ جۇرئەت قىلىشتا قالدى . شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى ، جۇرئەت قىلىش ھوقۇقى ئىككى قىزنىڭ ھۆددىسىدە ئىدى . ماھنۇر ئەتىياز يېتىپ كەلگۈچە ھەدىسى بىلەن بۇ خۇسۇستا بىر نەچچە قېتىم سۆزلەشتى . قايىل قىلىش ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى .

خەيرىيەت ، ئەتىياز كېلىش بىلەن ئۇلار مەسلىھەتلىرى بويىچە ، نۇرغۇن خېرىدارلارنىڭ بىرىگە باغنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن بىر پارچە يېرىنى ساتتى . دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئىككى تامنى ئۆرۈپ دۇكان سالدۇردى ، جاۋەن ، پۇكەي ياساتتى . دۇكاننىڭ قوش ئىشىكى بىرىنچى قېتىم شىمشىكا ــ پۇرچاق ، ھاراق ــ تاماكا ، چاي ــ تۇز ، سىركە ــ لازا ، قەنت ــ گېزەكلەر بىلەن ئېچىلدى . دەسلەپكى كۈنلەردە ئوتتۇز سومدىن ئەللىك سومغىچە سودا بولدى . شۇنىڭ بىلەن كۈنىدە تاماق ئېتەلمەيدىغان ئائىلە كۈندە تاماق ئېتەلەيدىغان ھالغا كەلدى . كىشىلەر تەلىپى ، كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجى دۇكانغا يەنە نېمىلەرنىڭ سېلىنىشىنى كۆرسەتتى . دۇكانغا كەينى ــ كەينىدىن پاراشۇك ، ئەتىر سوپۇنلار ، ھەر خىل قۇتىلىق ئەتىرلەر ، كەمپىت ــ پېچىنە ، قىزلارنىڭ گىرىم بۇيۇملىرى ، دەپتەر ــ قېرىنداش ، خاجۇ ــ قارىمۇش ، كۆكتات ، تۇگمىدىن تارتىپ ، يىپ ــ يىڭنە قاتارلىق ماللار سېلىندى . كېيىنرەك ئاددىي تەييار كىيىملەرمۇ سېلىندى . ماھنۇرنىڭ پىكرى ، ئەقىل كۆرسىتىشى بويىچە ئۇلار ئەكەلگەن ماللىرىنى توپ باھادا ئېلىپ ، بەلگىلەنگەن پارچە باھادا ساتتى . شۇڭا ، سودىسى ئېقىپ ، خېرىدارلىرى كۆپەيدى . يىگىرمە ــ ئوتتۇز تىيىن ئەرزان ئالىمىز ، دەپ يىراقتا بارىدىغانلارمۇ بارمايدىغان بولدى . مال ئالمىشىش تېزلەشتى . بازاردىن ماللارنى كۆپرەك ماھنۇر ئەكىلەتتى . شەمشىنۇر دۇكاندا ئولتۇراتتى .

دۇكان ئالدىدا شۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلدى : دۇكان ئىگىسى ياشانغان ئادەم بولسا ياشانغانلار ، ياش بولسا ياشلار يىغىلىۋېلىپ پاراڭغا

چۇشىدۇ. بۇلارنىڭ دۇكىنى ئالدىغۇ مەھەللىنىڭ بىكارچى قىز - ئوغۇللىرى توپلىشۋېلىپ، تاكى دۇكان تاقالغۇچە تۈگىمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى، چاقچاقلىشاتتى، كۈلۈشەتتى. بۇ مال ئالمايدىغان خېرىدارلارنىڭ كۆپچىلىكى قولى ئىشقا بارمايدىغان، تېپىلغان ئىشنى ياراتمايدىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ قالغان، بىر تەڭگىگە زار بولسىمۇ، كەچكىچە تام يۆلەپ ئولتۇرۇشتىن زېرىكمەيدىغان ئوغۇللار بولاتتى. ھەدە - سىڭىل ئىككىسى بۇ ئاۋاتلىقنى، بۇ خېرىدارلارنى ياخشى كۆرەتتى، دۇكان ئالدىدىن مۇنداق قىزىقچى - پاراڭچىلارنىڭ ئۈزۈلمەسلىكىنى خالايتتى. ئۇلار ھەتتا سودىلىرىمىزنى بۇنچىلىك قىزىپ كېتىشۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بەلكى دۇكان ئالدىنى ئاۋات قىلىشىپ تۇرغان مۇشۇلارنىڭ بولغانلىقىدىندۇ، دەپ قارايتتى.

دۇكان باھاردا ئېچىلغان، يازنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ ئەتراپتىكى دۇكانلار ئىچىدە ماللىرى كۆندىن - كۆنگە كۆپىيىۋاتقان، باھالىق ماللار قويۇۋېلىشىۋاتقان، سودىسى قىزىپ ئېقىۋاتقان، ھەممىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بىردىنبىر دۇكانغا ئايلاندى. ئۇلارنى كىشىلەر: ئاتا - ئانىسى بار چاغدىكىدىنمۇ ھال - ئوقتى ياخشىلىنىپ، تۇرمۇشى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، بەزى ئوغۇللار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئەقلى بار قىزلار ئىكەن، دەپ تەرىپلىشىدىغان بولدى.

— ئامىتى بار قىزلار ئىكەن، بىر نەچچە ئايدىلا باي بولۇپ كەتتى، — دېدى بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى دۇكانىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئۈزۈنچاق بەندىگىدە ئولتۇرۇشقان يىگىتلەردىن بىرى.

— ئامىتى بار دېگۈچە، ئەقلى بار، دېگىنە، — دېدى يارى ئىسمىلىك يەنە بىرسى، — قارا، دۇكىنىدا تۇرۇپ قالىدىغان مال يوق، مۇنداق ئوقەتنى ئەقلى بار قىزلارلا قىلالايدۇ.

— ئوقەتكە ماھىنۇر ئۇستىدەك قىلىدۇ.

— ياق، بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىكەن.

ھەدە - سىڭىل ئىككىسى ئۆز شەنىگە ئېيتىلىۋاتقان گەپلەرگە زوقلىنىپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئوغۇللارغا ئامراق. قىزىق -

قىزىق گەپلىرىدىن، چاقچاق ـ كۈلكىلىرىدىن، ئەرلەرگە خاس تىنىق ئاۋازلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. قىزلارنىڭ ئۇششاق سۆزلۈكى، ھەسەت ـ غەيۋەتلىرىدىن بىزار. دۇكان ئەتىگەنلىكى ۋاقچە ئېچىلىسمۇ، كەچقۇرۇنلۇقى ئەل ئايىغى بېسىلمىغۇچە تاقالمايدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە، بولۇپمۇ كېچىسى دۇكان تاقالغۇچە، دۇكان ئالدى ياش يىگىتلەردىن ئۆكسىمەيدۇ. قىزىق گەپلىرى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ يەردە ھەر كىمنىڭ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكۈسى كېلىدۇ.

— ھازىر تىجارەت ـ سودىدا قىزلار، ئاياللارمۇ بازارغا يۈزلىنىپتۇ، ئەرلەردىن قېلىشمايدىكەن، — دېدى يارى ئىسمىلىك يىگىت بايىقى سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يېقىندا ئىلاخۇن باققالنىڭ ئالمىسىنى سېتىشىپ بەرگىلى ئۈرۈمچىگە بېرىۋىدىم، ئۇ ۋاقتتىكى ئاياللارنىڭ كۆپلۈكىگە ھەيران قالدىم. ئاشپۇزۇل ئاچقانلارنىڭ، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، سۈت ـ قېتىق سودىسى قىلىۋاتقانلارنىڭ، پۇللۇق ماللىرى بار دۇكاندارلارنىڭ، ئۇششاق ئېلىپساتارلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىكەن.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىلىك ئاياللارمىكەن، — دېدى ماھىنۇر سۆز قىستۇرۇپ.

— نەدىكىنى، — دېدى ئۇ، — مەن دەسلەپتە ئۈرۈمچىلىك ئاياللارنىڭ ھەممىسى سودىگەر بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن. ئۇقسام ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى باشقا يەرلەردىن كېلىپ ئوقەت قىلىۋاتقان ئاياللارئىكەن، ئۈرۈمچىگە ئەڭ يىراق بولغان قەشقەر، خوتەنلەردىن كەلگەنلەر تېخىمۇ كۆپ ئىكەن.

— ئاياللارنىڭ سودىسى ئىتتىك بولىدۇ ـ دە.

— چىرايلىق بولسا تېخىمۇ ئىتتىك بولىدۇ.

— مال ئالمايدىغانلارنىڭمۇ ئالغۇسى كېلىدۇ...

ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

مۇشۇنداق يېڭى ئۇچۇرلار، قىزىق ـ قىزىق پاراڭلار، سەممى چاقچاق ـ كۈلكىلەر ئەۋج ئالغان كۈنلىرى بۇ دۇكان باشقا دۇكانلاردىن كەچ تاقىلاتتى.

# 7

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. شەمشنۇر بىلەن ماھنۇرنىڭ تىجارىتى ئىلگىرى بېسىپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ قالدى، ئىككىسى خېلىلا باياشات تۇرمۇشنىڭ ئىگىلىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن نامرات تۇرمۇشتا ئانچە قوزغىلىپ كەتمىگەن ئىشقىي ھېس ـ تۇيغۇلار ئەمدى قوزغىلىشقا باشلىدى. ھەر ئىككىسى تۇرمۇشىدا بىر نېمىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىماقتا ئىدى. ئوغۇللار يېنىغا كەلسە، بەدەنلەر بىر ـ بىرىگە تېگىپ كەتسە، بىردىنلا بوشىشىپ سىمابتەك تىترەپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدە لاغايلاپ يۈرىدىغان، دۇكان ئېچىلىسىلا ئالدىدىن كەتمەيدىغان بىكار تەلەت باللارمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. سۆيگۈ، باشقىلاردىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىش ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ، ھەتتا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئەقىللىق ئادەمنى ئەقىلسىز قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

مانا، قاتار يېتىشقان ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسى ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ تېخىچە ئۇخلىغىنى يوق، ئازابلىق بىر سەۋدادا ـــ مۇھەببەت سەھراسىنىڭ ئۇچى كۆرۈنمەس ئۇزۇن يولىدا نىشانسىز مېڭىش بىلەن ئاۋارە. بەزىدە ئۈمىدلىك. بەزىدە ئۈمىدسىز خىياللار بىلەن ئويغاق. ئۇلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ يالقۇنى، ئۆزلىرىگە جورا تېپىش ئىستىكى يانغان. ئۇلار ئۈمىدلىك، خىياللارغا چۆشكەندە بەخت ئىشىكى ئېچىلىۋاتقاندەك، ئۈمىدسىز خىياللارغا بېرىلگەندە بەخت ئىشىكى تاقىلىۋاتقاندەك سېزىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇنى ئويلاپمۇ قويغىنى يوق، ھەر ئىككىسى ئۆز غېمى، ئۆز دەردىدە. بىراق، ھەدىسىنىڭ باش ـ ئۇچىغا چىقالمايۋاتقان چىگىش خىياللىرىنىڭ ئىچىگە ھەسەت، غەزەپمۇ ئارىلاشقان، شۇڭا ئۇنىڭ دەردىنى بىر ئەمەس، ئىككى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆلۈكتەك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، بىرىنچى بولۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ـ دە، تولغىنىپ ئۇياققا ئۆرۈلدى.

شەمشىنۇر دۇكان ئالدىغا يىغىلىۋېلىپ، دۇكان تاقالغۇچە ئولتۇرىدىغان بالىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللىماقتا ئىدى. قايسىسى مۇۋاپىق، ئەمەتمۇ، سەمەتمۇ؟ قارىماققا ئۇلار ئۆزلىرىنى شەمشىنۇرغا خۇددى پەرۋانە بولۇپ ئورۇۋاتقاندەك، ئۇنى ئەگىشىپ دۇكان ئالدىدىن كېتەلمەيۋاتقاندەك، يەنە بىر قارىساڭ، بۇ ئادەتتىكى نورمال ئىشتەك، باشقا يوشۇرۇن مەنىسى يوقتەك قىلىدۇ. «مەن بۇ قورۇنىڭ، دۇكاننىڭ ئاساسلىق ئىگىسى، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — بۇ يەردىن باشقا يەرگە كېتەلمەيمەن، ماڭا جورا بولىدىغان كىشى مۇشۇ قورۇغا كىرىشى، ماڭىمۇ، قورۇغىمۇ، دۇكانغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ يېتىم بالا بولۇشى كېرەك. ماھىنۇرنى ياتلىق قىلىپ چىقىرىۋەتسەم، ھەممىگە ئىگە بولۇپ ئۆزۈم قالىمەن. ئىنىم ئەكبەرجان تېخى كىچىك، ئۇ چوڭ بولغاندا بىر گەپ بولار، — ئۇ ئۆز خىياللىرىدىن بارغانسېرى ئۇمىدلەنمەكتە ئىدى، — ماڭا ئەر بولىدىغان يىگىت تەلەيلىك يىگىت، تۆت ئېغىزلىق ئۆي، چوڭ بېغى بار قورۇغا، ھەممە نېمىسى تەل ئۆيگە كىرىدۇ، تىجارىتى خېلى ئوبدان ئېقىۋاتقان دۇكانغا ئىگە بولىدۇ. مۇنداق تەييار بايلىققا، باياشات تۇرمۇشقا كىم قىزىقمايدىكەن!... مېنى ئەگىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە قايسىسى ماڭا مۇۋاپىق؟ — شەمشىنۇر دۇكان ئالدىغا كېلىدىغان بالىلارنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنى، ئاتا-ئانىسى ھەمراھمۇ ياكى يېتىم بالىمۇ، دېگەن تەرەپلىرىنىلا ئويلىدى. چۈنكى ئۇنىڭچە، ئۆزىگە لايىق كەلگەن يىگىتنىڭ ئىش ئورنى، پۇلى بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، — تويىنىڭ ھەممە چىقىملىرىنى ئۆزۈم قىلىمەن، قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى، تويۇمنى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك تەنتەنىلىك، باياشات ئۆتكۈزىمەن. پەقەت يېتىم بالا بولسىلا بولدى. شۇنداق ئىكەن، كىم بار، ماڭا زادى كىم مۇۋاپىق؟ يارى مۇۋاپىق. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق، چىراي-شەكلىمۇ يامان ئەمەس، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاكىسىمۇ بىر نامرات، خۇمداندا ئىشلەپ كۈندىلىكنى ئاران تېپىپ يەيدۇ. يارى

بىلەن يېشىمىزمۇ تەڭ ، يىگىرمە بەشكە كىردۇق . ئۇنىڭ چوقۇم ماڭا مەيلى بار ، مەيلى بولمىسا نېمشقا ماڭا مەنىلىك ، تېگى بار گەپلەرنى قىلىدۇ ؟ ... بىچارىنىڭ ئىش ئورنى ، پۇلى بولمىغاچقا ماڭا گەپ قىلالماي يۈرىدۇ . مېنىڭ نىيەتلىرىمنى ئۇقسا ، ئۆزىنى ئاتىدۇ . بىر ـ ئىككى ئاي قاراپ باقىمەن ، يەنە ئېغىز ئاچمىسا ، ئۆزۈم ئاچىمەن .

راست ، يارى ئىسمىلىك بالا ـــ يېتىم بالا ، ئانچە ـ مۇنچە كۆڭۈللۈك ئىشلەپ قويىدىغان ، كۆپ ۋاقتىنى لاغايلاپ بىكار ئۆتكۈزۈپ يۈرىدىغان هورۇن بالا . شەمشىنۇرنىڭ ئۇنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ ، ئۈمىدلىنىپ قېلىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار : بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن دۇكاننىڭ ئالدىدا باشقا هېچ كىشى يوق چاغدا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ ئۆتكەن :

ـــ شەمشىنۇر ، تويىڭىزنى قاچان ئوينايمىز ؟

ـــ ئاۋۋال سىزنىڭكىنى ئوينارمىز ؟

ـــ بىزگە تېخى خېلى بار ، ئاۋۋال پۇل تاپقانلاردىن كېلەر ؟

ـــ شۇنداق نىيىتىڭىز بولسا ، پۇلنىڭ كارى چاغلىق .

ـــ ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ .

يەنە بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغان : يارى بىلەن شەمشىنۇر دۇكان ئالدىدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقان . شۇ ئۇزاق جەرياندا ئۇ بىر قېتىممۇ تاماكا چەكمىگەن . شەمشىنۇر ئۇنىڭ يېنىدا پۇلى يوقلۇقىنى سېزىپ ، « ئاسمان كۆلى » ماركىلىق تاماكىدىن بىر قاپنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان .

ـــ ئوغۇل بالا تاماكا چەكمەي ئولتۇرسا ، بىر قىسما تۇرىدىكەن ، چېكىپ ئولتۇرۇڭا .

ـــ ئەجەب ياخشى قىلدىڭىزا ، خۇمارىم تۇتۇپ ئۆلەيلا دېۋىدىم ، پۇلىنى ئەتە ـ ئۆگۈن بېرىۋېتەرمەن .

ـــ بولدى ، بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

ـــ بولمىسا ئۆزۈمنى بېرىۋېتەرمەن .

شۇ سۆز بىلەن ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشكەن .

ھەدىسىنىڭ يېنىدا ياتقان ماھنۇرمۇ بىر يوشۇرۇن دەردتە تولغاماقتا ئىدى : « بىر ئەرگە تەگدىم ، تەگكەندىمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ زورى ، مەجبۇرلىشى بىلەن تەگدىم ، ـــ دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ ، ـــ تەگمىسەم بولمايتتى ، ئۇلارنىڭ دۇمباسىدىن ، تىل ـ ئاھانىتىدىن قۇتۇلالمايتتىم . لېكىن كۆڭۈل چۈشمىگەن تۇرمۇش ئادەمنى ھەر خىل يوللارغا باشلايدىكەن . ياخشىسى ، ئەسكى نامىم قالسىمۇ ، كۆڭۈلسىز تۇرمۇشتىن بىراقلا قۇتۇلدۇم . < ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن > دېگەنلەر بىكار ئېيتماپتىكەن . ئادەمگە مۇۋاپىق ، كۆڭۈلنى ئالالىغۇدەك جورا بولمىسا ، بولمايدىكەن . كۆنلەرنى ئۆزۈمگە جورا بولىدىغان ئادەمنى غايىبانە سېغىنىپ ئۆتكۈزۈۋاتىمەن ، ئۇنىڭسىز ياشىماق تەس ئىكەن . چوڭلارنىڭ : خۇدا ئادەملەرنى تۇرماق ، ئۇچار قۇشلارنىمۇ ، ھايۋانلار ، جان ـ جانىۋارلارنىمۇ جۈپ ـ جۈپى بىلەن ياراتقان ، دېگىنى يالغۇز ياشىيالمايسەن ، دېگىنى ئىكەن . ئەمما ، ئۆزۈمگە جورا بولغۇچى قانداقتۇر بىر كىشىنى سېغىنىپ يۈرسەممۇ ، ھازىرغىچە ئېنىق ھالدا بىرەرسىگە كۆزۈم چۈشكەنلىكىنى سەزمىدىم ياكى باشقا بىرسىنىڭمۇ ماڭا راستىنلا كۆزى چۈشكەنلىكىنى بايقىمىدىم . بازارغا مال ئالغىلى كىرگەندە ، كەينىمگە چۈشۈۋالغانلارنى كۆرسىمەن . ھەر خىل ئىشق ـ مۇھەببەتلىك گەپلەرنى قىلىدۇ ، باغلارغا ، كىنو ـ تىياتىرلارغا تەكلىپ قىلىدۇ . بەلكى مېنىڭ قىز ئەمەسلىكىمنى بىلمەيدىغاندۇر ، نىيىتى ياخشىدۇر ، ياماندۇر ، مەيلى قانداق بولسۇن ، ئەمدى دىققەت قىلىدىغان ، سەگەك بولىدىغان مەزگىلىم كەلدى . راستىنى ئېيتقاندا قورقىمەن ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاز ئازاب چەكتىممۇ ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمىگەن ( يۈرىكىمگە داغ چۈشۈرمىگەن ) بولسام ، ئاتا ـ ئاناممۇ مېنى ئۆزۈمدىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ ، دادامدەك ئادەمگە تۇتۇپ بەرمىگەن بولارئىدى . ھازىرغىچە ئىش ئورنى بار بىرەرسىنىڭ ماڭا كۆزى چۈشمىدى . مەھەللىمىزدە بالىلارمۇ ئاز ئەمەس ، بەزىلىرىنىڭ مېنى ئەگىپ ، ياپتا گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن . مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆيۈمچان ، ۋاپادارلىقىغا كۆزۈم يەتكەن بىرەرسىنى تاللىسام نېمىشقا بولمايدىكەن ؟! ھەر قانچە دېگەنبىلەن

ئاتـا كۆرگەن ، ئانا كۆرگەن ، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ئەمەسمۇ . ئىش ئورنى بار خىزمەتچىلەرنى قاچانغىچە ساقلايمەن ؟ ... بولدى ، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاپ تېگەي ، مېنى يۈزى ئوچۇق دېمىسىلا بولدى ، بىـ كارچى بولسا نېمە بوپتۇ ، قورۇنى ئىككىگە بۆلسەك ، ئۇ چەتكە دۇكاندىن بىرنى سالساق ، مەن دۇكاندا ئولتۇرۇپ سودامنى قىلسام ، ئۇ مال يەتكۈـ زۈپ بەرسە بولمىدىمۇ ... »

ئۆز تۇرمۇشىنى ، كەلگۈسى ھاياتىنى ، ئۆزىگە جورا بولىدىغان ئادەمنى ئويلىمايدىغان كىم بار ؟ قاتارلىشىپ ياتقان ، بىر ـ بىرىنى ئوخلاپ قالدى ، دەپ ئويلاشقان ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشقا تەشنا بولۇپ ، بۇ ھەقتىكى تەقدىر ـ قىسمىتى ئۈستىدە ئەنە شۇنداق ئوي ـ خىياللاردا بولماقتا ئىدى ۋە خىياللىرى ئۆزىنىڭ لەززىتى ، يېقىملىقلىقى بىلەن ئىككى بەدەننى ياندۇرماقتا ئىدى . توخۇ ئىككى قېتىم قىچقارغاندىمۇ ئۇلار ئويغاق ئىدى . بىراق ، ئىككىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا تولغىنىپ ئاھ ئۇرغاندا ، بىر ـ بىرىنىڭ تېخى ئويغاق ئىكەنلىكلىرىنى بىلدى ـ دە ، مۇمكىن قەدەر خىيال قىلماسـ لىققا ، ئۇخلاپ قىلىشقا تىرىشىپ جىمىپ قېلىشتى .

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ، ھەر ئىككىسى شېرىن خىياللار ئوتىدا يېنىپ ئۆتمەكتە ئىدى . شېرىن خىيال نېمىلەرنى قىلدۇرمايدۇ دەيسىز ، ئۇلار ئۆز خىياللىرىنى گەپ ـ سۆز ، ھەرىكەتلىرىدە دۇكان ئالدىغا كېلىدىغان يىـ گىتلەرنىڭ بەزىلىرىگە ئاستىرتىن بىلدۈرۈپمۇ قويۇۋاتاتتى . بۇنى سەزگەن يىگىتلەر ئۇلارغا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىدىغان ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى چاقچاققا يۆگەپ دەيدىغان بولدى . بىراق ، ئاۋۋال شەمشىنۇرغا يېقىنچىلىق قىلىدىغانلار ئەمدى ماھىنۇرغا يېقىنچىلىق قىلىپ ، قىلىق ـ ھەرىكەت ، گەپ ـ سۆزلىرىدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىشقا ئۆتكەنىدى . ماھىنۇرمۇ ئۇنداقلارغا ئېتىبار بىلەن قاراپ ، كۈلۈپ جىلۋە قىلىپ ئالاھىدە مۇئامىلە قىلاتتى . شۇنچە يىگىتلەر ئىچىدە ئۇ بولۇپمۇ ھەدىسى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن يارى ئىسمىلىك يىگىتكە شۇنداق قىلىشقا ئۆتكەـ نىدى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ روھىي ھالەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ،

روشەنلىشىشى شەمشىنۇرنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ، سەۋر ـ تاقىتىنى چېكىگە يەتكۈزدى: «نېمانداق قىلىدۇ مۇنۇ رەسۋا، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ھەدىسى غەزەپلىنىپ، — كىم ماڭا يېقىنلاشسا، شۇنىڭغا خۇلق چىقىرىپ، نايناقلاپ، قىلمىغان قىلىقلارنى قىلىدۇ. ئالدىمنى توسۇپ، ئىزا تارتماي ئۆزىگە قارىتىۋېلىۋاتىدۇ. يارى بۇرۇن ماڭا تېگى بار گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ يۈرەتتى، ھازىر ئۆزىگە قارايدىغان قىلىۋالدى. مەن ھەدىسى تۇرسام نېمىشقا مېنى ئويلىمايدۇ؟ سەھرادىن بىچارە بولۇپ كىرگەندە، قوينۇمغا ئالدىمغۇ، يوقال شەرمەندە، دەپ قوغلىۋەتسەم نېمە قىلالايتتى. ئىنساپ دېگەن نەگە كەتتى ـ ھە... ئۇ بىر قېتىم ئەرگە تەگدى، تۇرمۇشنى كۆردى، ئەمدى ماڭا يول قويۇش كېرەك ئەمەسمىدى، كۆڭلىنىڭ قارىلىقىنى قارا بۇنىڭ... قېنى، سەل ئەـ دىسۇنچۇ، رەسۋاسىنى چىقارمايدىغان بولسام!...»

شەمشىنۇر بىلەن ماھىنۇر دۇكاندا سودا قىلىپ ئولتۇراتتى. كەچكە يېقىن يارى كەلدى.

— ئاپئاق قىزلار، سىلەرگە بىر پەلەت ئەكەلدىم، قايسىڭلار بارسىلەر؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— نېمە بىلەت؟

— ئويۇننىڭ.

— قەيەرنىڭ؟

— قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ.

— بارايلى، — دېدى شەمشىنۇر كۈلۈمسىرەپ، — ئۇزۇن بولدى كونسېرتلارغا بارمىغىلى.

— سىز بارامسىزيا، ماھىنۇر؟

— مەيلى، ئاپارسىڭىز باراي.

— ئەمىسە يۈرۈڭ، كەچ قالمايلى.

— سەل ساقلاڭ.

ماھىنۇر دۇكاندىن ئالدىراپ چىقىپ، قورۇغا كىرىپ كەتتى ـ دە، ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ياسىنىپ ـ تارىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن

ياري ئىككىسى كونسېرت كۆرگىلى خۇددى ئەر ـ خوتۇنلاردەك قاتارلىشىپ ماڭدى. شەمشىنۇرنىڭ سىڭلىسى بىلەن يارىنىڭ كۈلۈشۈپ قاتارلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىغا قاراپ، بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ، ئۆزى تۈيمىغان هالدا بەدەنلىرى سىلكىندى، كۆزلىرى ياندى، ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى: « قاراڭلار ئاۋۇ ئۇياتسىزنىڭ كېتىپ بارغىنىنى، ــ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، ــ سىزىپ يۈرەتتىم، ئوغۇللارنى كۆرسە ئايناقلاپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قېلىۋىدى، ئارانلا تۇرۇپتىكەن ـ دە... قاچانلا بولسا، مېنىڭ بەختىمگە توپا چاچىدۇ... ئەقلى بولسا هەدەم بارسۇن دېمەمدۇ ـ هە... ۋۇي ئىزا ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان جۇۋاينىمەك كەتكۈر!... مېنى بوش چاغلىما، ساڭا تېتىشنى بىلىمەن، هەر قانچە ئېغىرلىق، سەۋر ـ تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، مېنى هېچنېمىنى سەزمەيدىغان دۆت كۆرۈۋاتامسەن؟... ئەمدى بىلدىم، ئۆزىگە كەلگەندە قېرىنداشلىقمۇ قايرىسپ قويۇلىدىكەن... سېنى مۇشۇ هويلىدىن، مۇشۇ دۇكاندىن يوقاتمىغۇچە ماڭا ياخشىلىق يوق ئىكەن، ساڭا باغرىمنى ئېچىپ، مېهرىمنى ياققان مەنمۇ ئەخمەق. »

قەهرى يانغان شەمشىنۇر پۇكەيدىن ئاتىلىپ بۇياققا چۈشتى ـ دە، هويلىسغا كىرىپ كەتتى. لېكىن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى، قانداق ئوتلاردا يېنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ماهىنۇر كونسېرتتىن ئەل ئۇيقۇغا كېتىپ، مەهەللە ئىچى جىمىپ كەتكەندە قايتىپ كەلدى. ئۇ كەيپى چاغ، روهلۇق ئىدى. چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم چاقناپ تۇراتتى. هەدىسىنىڭ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

ــ قارا هەدە، ئاجايىپ ياخشى ئىكەن، كونسېرت دېگەن شۇنداق بولسا، نومۇرلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېڭى، ناخشىلىرىنى خەق قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ، ئالقىشلاپ كۈلۈپ دېگىنىڭنى كۆتۈرۈۋەتتى.

شەمشىنۇر ئۈنچىقمىدى.

ئۇ هەدىسىنىڭ قانداق ئوتلاردا يېنىپ كۆيۈۋاتقىنىنى، قانداق

كويلارغا چۈشكىننى بىلمەيتتى.

— بىر كۆلدۈرگۈسى بار ئىكەن، تولا كۈلۈپ ئۈچىيىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن، يارى ئىككىمىز كۈلۈپ ئۆلەيلا دېدۇق.

ھاياجانلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان گەپ - سۆزلەر چىرايلىرى تاتىرىپ ياتقان شەمشىنۇرنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانماقتا ئىدى.

ماھىنۇر ياتماقچى بولۇپ يېشىندى. ئۇنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرى، گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشۇپ تۇرغان كۆتۈرەڭگۈ كۆكسى، چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان خۇشاللىق شەمشىنۇرنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. ئۇنىڭ كونسېرتتىن ئالغان تەسراتى، خۇشاللىقى تېخى بېسىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەدىسىنىڭ جىمىپ يېتىشى ئۇنى سۆزلەشتىن توختىتىپ قويدى. چۈنكى، شەمشىنۇر دەھشەتلىك خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى: «نېمە قىلاي، ھازىرلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كاچاتلىرىغا سالايمۇ، بىقىنلىرىغا تېپەيمۇ؟... ياق، ئۇنداق قىلسام، قىلغانلىرىم ئۆي ئىچىدىلا قالىدۇ، ياخشىسى، ھازىر چىداي، ئاۋۋال تاڭ ئاتسۇن، پۈتۈن قولۇم - قوشنىلار ئالدىدا دەردلىرىمنى تۆكۈپ، رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتەي، مەھەللىدە يۈرگۈسىز قىلىۋېتەي، قېنى شۇ چاغدا پۇت دەسسەپ، باش كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرەي، بۇ ئەسكىگە شۇ لايىق.»

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ماھىنۇر دۇكاننى ئېچىشقا ماڭغانىدى، دەرۋازىغا يېقىنلىغاندا، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان شەمشىنۇر سىڭلىسىغا يېتىشىپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ چېچىدىن يۆگەپ تۇتۇپ كاچاتلىرىغا سالغىلى تۇردى. ماھىنۇر ھەدىسىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى ۋە ئۆزىنى قوغداشمۇ ئېسىگە كەلمىدى.

— ئېيتە قانجۇق! يارى ئىككىڭ نېمە ئىش قىلىشتىڭ؟ — شەمشىنۇر ئۇنىسىنى قويۇپ بېرىپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى، — كىمنىڭ ماڭا كۆزى چۈشسە، شۇنى ئېلىپ قاچامسەن - ھە!...

— جېنىم ھەدە، ئۇيۇنغا باردۇق، ھېچ ئىش قىلمىدۇق...

— قاچانلا بولسا مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇرۇۋاتىسەنا، رەسۋا، يۈز

بارمۇ سەندە ؟
ماھىنۇر تاياقنى چىدىماي ، ئۇنىڭ قولىدىن يۇلغۇنۇپ ، بوشىنىشقا ئۇرۇناتتى ، لېكىن قانچە تىپىرلىغان بىلەنمۇ بوشىنىپ چىقىپ كېتەلـ مەيتتى . پاكىنىەك ، دىقماق شەمشىنۇر ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قاماللاپ تۇتقىنىچە ھەدەپ ئۇرماقتا ، قورۇنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ تىللىماقتا ئىدى . قورۇدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋاڭ ـ چۇڭنى ئاڭلاپ ، قولۇم ـ قوشنىلار بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كىرىشكە باشلىدى . ئۇلارنى كۆرۈپ شەمـ شىنۇرنىڭ تىل ـ ئاھانىتى تېخىمۇ ئۆرلىدى :
ــ دۇنيادا مۇنداقمۇ رەسۋايى بۇزۇقنى كۆرگەنمىدىڭلار ؟ سىلەرمۇ بىلىسىلەرغۇ ، بىرىنچى قېتىم مېنىڭ لايىقىم بىلەن قاچقانلىقى يالغانمۇ ؟ ئاپام بىلەن دادام بۇ شەرمەندىدىن قۇتۇلايلى ، دەپ ئەرگە بېرىۋەتسە ، ئېرىگە خىيانەت قىلىپ ، تۇتۇلۇپ قېلىپ قوغلىنىپ كىرگىنى يالغانمۇ ؟ ھازىر قانداق قىلىۋاتىدۇ ، بىلەمسىلەر ؟ بۇ نەپسى تويماس كىم مېنى ئالىمەن دېسە ، شۇنىڭغا خۇلق چىقىرىپ ناپاقلاپ ، ئۇنىڭ بېشىنى ئايلانـ دۇرۇپ بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتىدۇ ، ئېيتىڭلار ، سىڭلىسىنىڭ ھەدىسىگە خىيانەت قىلغىنىنى كىم كۆرگەن ؟ ھەر قانداق ئەرنى كۆرسە ، كۆرـ سۇككە كىرگەن ئىتتەك كەينىگە كىرىۋالسا ، بۇنىڭدا ئىزا ـ نومۇس دېگەن بارمۇ زادى ! ...
شۇنداقمۇ كىشىلەر بولىدۇكى ، ئىزا ـ نومۇسنى دەپ قاتتىق غەـ زەپلىنىدۇ ، ۋەھالەنكى ئۆزىگە كەلگەندە ئىزا ـ نومۇسنى بىر چەتكەن قايرىپ قويىدۇ ـ دە ، نومۇسسىزلىق ، رەھىمسىزلىك ، ياۋۇزلۇق ئوتلىرىدا يانىدۇ ۋە بىردەمدىلا شەپقەتسىز ئادەمگە ئايلىنىدۇ . شەمشىنۇرنىڭ كۆزىگە چوڭ ياشلىق ئادەملەرمۇ ، ئاق چاچلىق مومايلارمۇ كۆرۈنمەي قالغانىدى ، ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ كۆك ئىت چىقاتتى .
ــ بولدى قىزىم ، قويۇۋېتىڭ ، سىلەر دېگەن قېرىنداش ، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ، ئۆيدە بولغىنى ياخشى ، ئۆزۈڭلارنى بېسىپ ، چىرايلىق سۆزلىشىڭلار ، قول سۇنسا ، يەڭ ئىچىدە ئەمەسمۇ ، ــ دېدى قوشنا ئايال ئۇنى ئاجرىتىپ . لېكىن ، شەمشىنۇر سىڭلىسىنى قويۇپ بېرەر

ئەمەس ئىدى. ئېغىزى تىل - ئاھانەتتىن، قولى ئۇرۇشتىن توختىمايتتى. ماھىنۇر يېرىم بىھوشلانغان ئادەمدەك قاياققا تارتسا، شۇ ياققا پۇلاڭلايتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ قورۇغا كىرىۋاتقانلارمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى.

— بۇ شەرمەندىگە تېخى ئىچىڭلار ئاغرىۋاتامدۇ، ئىچىڭلار ئاغرىغان بولسا، ئۆيۈڭلارغا ئاپىرىپ، ئوغلۇڭلارغا كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىڭلار، بۇ قۇتلۇق ئۆيدە تۇرغۇزمايمەن بۇنى، قېرىنداش ئىمىش، رەسۋا، بۇزۇققا مەن قېرىنداشما؟... يوقال شەرمەندە! — ئۇ ئاران پۇت دەسسەپ تۇرغان ماھىنۇرنى بىر ئىتتىرگەنىدى، ماھىنۇر ئوگدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئاياللار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى ۋە شەمشىنۇرنىڭ تېخى ئېغىزى بېسىلماستىنلا تارقىلىپ كېتىشتى.

ئاچچىق - ھەسرەتتە ئۆزىگە كېلەلمەي، پېشايۋاندا بىر سائەتتەك ئولتۇرغان شەمشىنۇرنىڭ غەزىپى ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قالدى. ئەمما غەزەپ، جالاقلاپ تىترەش بېسىلىپ قالغىنى بىلەن ئۆچلۈكى بېسىلمىدى. ئۇ قورۇدىن ئېغىر چامداپ چىقىپ، دۇكىنىنى ئاچتى. چۈشتە ئۆيگە كىرىپ چاي قايناتتى. مەكتەپتىن يانغان ئەكبەرجان ھەدىسىنىڭ دۇم يېتىپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. سورىغان سوئاللىرى جاۋابسىز قالدى. ئۇ چايغىمۇ تۇرمىدى. ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ شۇ ياتقانچە كەچقۇرۇنلۇقى تاماققىمۇ تۇرمىدى. ھەدىسىنىڭ شۇ ھالىتىگە چىدىمىغان ۋە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمىگەن ئەكبەرجان ماھىنۇرنىڭ بېشىغا كەلدى:

— تۇرە ھەدە، نېمە بولدى ساڭا، تاماق يە، كەچكىچە ھېچنېمە يېمىدىڭغۇ؟

— ئۆت بۇياققا، تامىقىڭنى يېيىشنى بىل، ئاخشام يارى قورسىقىنى خېلى ئوبدانلا تويغۇزۇپ قويۇپتۇ ئۇنىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى چوڭ ھەدىسى شەمشىنۇر كۆزلىرىنى ئالايتىپ. ئەكبەرجان بىر ماھىنۇرغا، بىر شەمشىنۇرغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ چوڭ ھەدىسىنىڭ كىچىك ھەدىسىنى تىللاپ ـ ئۇرۇپ مەھەللە ئىچىدە، يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتكىنىنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى.

تۇن قاراڭغۇلۇقى يېپىلغاندا ماھنۇرغا ھەممە نەرسە ـــ ئىللىق مەھەللىسى، چوڭ بولغان قورۇسى، ئۆيلىرى، ئالمىلىق بېغى، مىڭ جاپادا ئاچقان دۇكىنى، مۇز چىراي ھەدىسى، ھەتتا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ تۇرغان ئىنىسى ـــ يات كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەممىدىن كۆڭلى قالدى، سۇۋۇدى ... شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ تۈن بويى ئۇخلىماي، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنىنى ـ تەقدىر ـ قىسمىتىنى بەلگىلەپ چىقتى: « ئەمدى كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن، بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن ؟ ... بولدى، كېتىمەن، بۇ يەرنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن. ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ، دېگەن گەپ بار، مەن دۇنياغا بېشىمغا كەلگەن قىسمەتكە تىز پۈكۈپ ياشاش ئۈچۈن كەلمىگەن، كېتىمەن، ئۈرۈمچىگە كېتىمەن، ئۇنىڭدىن يىراقراق يەرگە كەتسەم تېخى ياخشى. شۇ يەرلەرگە كېتىپ، جېنىمنى جان ئېتەرمەن، سودىگەرچىلىك قىلىمەن. ئۈرۈمچىگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان ئاياللار ئازمۇ، شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا شۇ يەردە تۇغقىنى، يۆلەنچۈكى، تونۇش ـ بىلىشلىرى يوقتۇر، شۇلار قىلىۋاتقان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن ؟ ئەلۋەتتە قىلالايمەن، ـــ ئۇنىڭ بەدەنلىرى قىزىپ يېنىپ كەتتى، يوتقاننى ئېچىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، ـــ كىشىلەر غەيرەتلىك، تىرىشچان ئادەم ئۆزىگە يول تاپالايدۇ، دېيىشىدۇ. مەندە غەيرەت، شىجائەت، جۈرئەت يوقمۇ ؟ بار. ئۆزۈمگە يول تاپالامدىم ؟ تاپىمەن. مۇشۇ خورلۇق، تىل ـ ئاھانەتلەر ماڭا يېڭى يول كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۈرۈمچىگە كېتىش » دەپ ئويلاپ چىقتى ئۇ ئۆزىگە يېڭى يول تاپقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ.

ئۇ ئەتىسى ھەدىسىدىن ھېچقانداق پۇل ـ ھەق تەلەپ قىلمايلا بىر جۈپ ئۈزۈكى، ئالتۇن ھالقىسىنى ساتتى ـ دە، ئۆگۈنى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ، ئۈرۈمچىگە ماڭدى.

# 8

ماھىنۇر ئۆزىنىڭ جۈرئەت قىلىپ يولغا چىققانلىقىنى قەلبىگە سىغدۇرالمايتتى . ئاپتوبۇس قوزغىلىپ تونۇش يەرلەر بىردەمدىلا تۈگىدى . مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىگە كۆرمىگەن يەرلەر كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا ، ئۇنى قورقۇش ، ئەندىشە باسقىلى تۇردى . ئۇ ئۆزىنى يېنىپ چىققىلى بولمايدىغان چۆل - باياۋانغا كىرىپ كېتىپ بارغاندەك سەزمەكتە ئىدى . ئادەمدە قوزغالغان ھېس - تۇيغۇلار ھەم يۈكسەك ، ھەم غەلىتە ، ھەم ئىشەنچلىك ، ھەم ئىشەنچسىز بولىدىكەن . ھېلى سەن ئارزۇلىغان ئىشلار بىردەمدىلا قورقۇنچلۇق ، ئەندىشىلىك نەرسىگە ئايلىنىدىكەن ، ھېلى ساڭا پارلاق كۆرۈنگەن يول بىردەمدىلا تۇمانلىق ، قاراڭغۇ بىلىنىدىكەن ... شۇنداق ، بۇ ئىنسان تەبىئىتى . ئىنسان بۇنىڭدىن سىرت ياشىيالمايدۇ ، ئۇ مۇشۇ تەبىئىتى بىلەن قىزىق . ئەگەر ئادەملەر شۇنداق تۇيغۇلاردىن مەھرۇم بولۇپ يارالغان بولسا ، بەلكى ياشاشنىڭمۇ ئەھمىيىتى ، مەنىسى ، مەززىسى بولماس ئىدى . ماھىنۇر ئۆزىنىڭ كۆز كۆرمىگەن ، تونۇشسىز شەھەرگە قاراپ سەپەرگە چىققانلىقىدىن ئۆكۈنۈشتە قالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما تەشۋىشتە قالغانىدى . « تەقدىرنىڭ ماڭا ئەمدى ئاتا قىلغىنى نېمىدۇ ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ گاڭگىراپ ، — شۇ يېشىمغىچە تەقدىرنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرىنى كۆردۈم . ھەممىسى كۆڭۈلسىز تۇرمۇش ، ئازاب ، خورلۇق بولدى . مانا ھازىر خۇددى كەچ كۈز شامىلىدا بەرگىدىن ئاجراپ چۈشكەن سېرىق يوپۇرماقتەك ئۇچۇپ يۈرىمەن . بۇ شامال مېنى قايسى بۇلۇڭلارغا ئاپىرىپ تاشلايدىكىن ، قاياقلارغا ئەكىتىدىكىن ، بىلمەيمەن . كۈلۈپ ياشامدىم ، يىغلاپمۇ ؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن . مۇبادا كىشىلەر مېنىڭ مەيۈسلىنىپ ، يىغلامسىراپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ : سەن باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىچارىمۇ ؟ دەپ سورىسا ، ‹ ھەئە › دەپ جاۋاب بېرەمدىم ، ‹ ياق › دەمدىم ؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن ... مەخمۇت مېنى تاشلىۋەتتى ، ئۆيدىن قوغلىۋەتتى . بىراق ئۇ ھەقلىق ئىدى ، شۇنداق قىل-

غىنى توغرا بولدى ، مەن كەچۈرگىلى بولمايدىغان سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن . ھەدەممۇ مېنى تاشلىۋەتتى ، ئۆيدىن قوغلىۋەتتى ، بىراق ئۇ ناھەقلىق قىلدى ، توغرا قىلمىدى ، مەن ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن . ئادەملەر قىلمىشىغا لايىق جازاغا تارتىلىشى كېرەك ، بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ ، بىراق مەن بىرەر قىلمىش سادىر قىلمىسام ، ھەدەمنىڭ نېمە قىلغىنى ؟ مەن جازالىنىۋاتىمەنغۇ ، پېشانەمگە مۇشۇنداق قىسمەتنىڭ يېزىلغىنى ئادىللىقمۇ ؟ مەن يىگىرمە ئىككى ياشتىن ئەمدىلا ئاشتىم ، ئاجىز بەندىمەن . خۇدا ئاجىز بەندىسىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان مۇشۇ قىسمەتلەرنى كۆرۈۋاتامدىكىن ، بىلىۋاتامدىكىن ؟ ئەگەر كۆرگەن ، بىلگەن بولسا ، ماڭا ئىچى ئاغرىۋاتامدىغاندۇ ، ئەمدى ماڭا نىجاتلىق ئاتا قىلارمۇ ؟ ... مەن سومكامنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىققاندا : ئەمدى مېنىڭ ئىزىمنى قۇمدىنمۇ تاپالمايسىلەر ، دېگەنىدىم ، ھەدەم گەپمۇ قىلماي ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى ( بەلكى خۇشال بولۇپ كەتكەندۇ ) . بىراق ئىنىم ئەكبەرجان مۆلدۈرلەپ قارا كۆزىگە ياش ئالدى ، قال دېگىنىمگە ئۇنىماي قاتناش بېكىتىگىچە مېنى ئەگىشىپ كەلدى ۋە خۇددى باشپاناھسىز قالغان ئادەمدەك يىغلاپ ، بوينىمنى قىسىپ قالدى . مانا ئاپتوبۇسنىڭ غۇيۇلداپ چىپىۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئاشتى . مۇشۇ جەرياندا ئىنىمنىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق ، بىچارە قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى . ئىنىمنىڭ شۇ ھالىتى مېنىڭ كەلگۈسى كۈنلىرىمدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ . يات شەھەردە مەنمۇ ئاشۇ ئىنىمدەك بىچارىلەرچە ، بوينىمنى قىسىپ ئۆتەرمەنمۇ ؟ ... ئۇغۇ ھەر ھالدا ئۆز ھەدىسىنىڭ ئالدىدا قالدى . مەن كىمنىڭ ئالدىدا قالىمەن ؟ مېنى يەنە نېمىلەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ ، قانداق تەقدىرگە گىرىپتار بولارمەن ؟ ... ئادەمنىڭ قانداق كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىدىن خۇدايىم نېمىشقا ئالدىن بېشارەت بەرمەيدىغاندۇ ؟ ... »

ماھىنۇر غەزەپ ، مەيۇسلىنىش ، ئەندىشە ئارىلاشقان تۇيغۇلاردا يېنىپ ، كۆزىنى نەلەرگىدۇر تىكىپ ئولتۇرىدۇ . ئاپتوبۇس يولنىڭ تەكشىسىزلىكىگە پىسەنتمۇ قىلماي ، غۇيۇلداپ چاپماقتا ، شاماللار ئوچۇق

دېرىزىدىن پىرقىرا ئۇچۇپ كىرمەكتە. ئۇنىڭ ئاق - سېپتا يۈزىدە، چىرايلىق كۆزلىرىدە كۆپرەك ئەكس ئېتىپ تۇرغىنى مەيۈسلۈك - غەمكىنلىك. ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرى ئېتىزلىق ئارىسىدىكى ئېرىق قىرىدا يېقىن ئولتۇرۇشقان قىز - يىگىتكە چۈشۈپ قالدى: ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ، گەپلىرى سەممىيمىدۇ، ياكى بىر - بىرىنى ئالداۋاتامدى-غاندۇ؟ ...

ئاپتوبۇس چاپماقتا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلار، ئۆز ئارا تونۇشۇش - سۆزلىشىشلەر، دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشلار بېسى-قىپ، كىشىلەر ئۈگدەشكە باشلىدى. لېكىن، ماھىنۇر بىلەن بىر قاتاردا، نېرىقى ئورۇندا ئولتۇرغان ئىككى كىشى بوش ئاۋازدا شىۋىرلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار يېرىم - يارتا قۇلاققا كىرگەن سۆزلىرىگە قارىغاندا، سودىگەرلەردەك قىلىدۇ. ماھىنۇر ئۇلارنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى، پات - پاتلا تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىگە ياپتا، ئەگىتمە سۆزلەرنى تاشلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئولتۇرىدۇ. «ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولامدىغاندۇ، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — بازارغا مال ئالغىلى كىرگەن چاغلىرىمدىمۇ ياش يىگىتلەر، ئېخى چوڭ بولغىنىنى تۈيمىغان دادامدەك ئادەملەرمۇ كەينىمگە كىرىۋالىدىغان، مۇنۇ ئىككىسىمۇ ئەگىتمە گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى، مېنى ئىندەككە كەلتۈرىمىز، دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك، نۇرغۇن ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ دەندەپ قالغاندۇ، شۇنىڭ مەستلىكى تۇتۇۋاتقاندۇر بەلكىم. بۇلاردا نېمە گۇناھ، ھەممە گۇناھ بۇلارنى دەندىتىپ - ئۆگىتىپ قويغان ئاياللاردا، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ ... ئادەملەر ھاياتىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى باشقىلاردىن ھۇزۇر تەلەپ قىلىش، لەززەتلىنىش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش. بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتى بولسا كېرەك. مېنىڭدىمۇ مۇشۇنداق ئىنتىلىش ھەتتا ئىپپەت - نومۇسۇمنى تۆكۈش بولغانىغۇ ... ئۇنىڭ ئاچچىق ساۋىقى يادىمدا. ھەممە گەپ ئۆزۈڭدە ئىكەن. ئۇ كوچىغا بىر كىردىم، ئەمدى كىرمەيمەن. مۇنۇ ئىككىسى ماڭا گەپ قىلمىسا بولاتتىغۇ، ھەي، گەپ قىلىدۇ تايىنلىق.

— ئالما يەڭە!

ئۆز خىيالىغا بېرىلىپ كەتكەن ماھىنۇر چۆچۈپ كەتتى ـ دە ، ئۇ-ياقىقا بۇرۇلۇپ قارىدى . ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا چىققانىدى . ئۇلارنىڭ بىرى ئىككى تال ئالمىنى تەڭلەپ تۇراتتى .

ـــ رەھمەت .

ـــ رەھمىتىڭىز نېمىسى ؟

ـــ ئالما يېمەيمەن .

ـــ ئىللىقلار ئالما ئارىسىدا چوڭ بولىدۇ ، ئالما يېمەيدىغان ئىللىق بارمۇ ؟ زىيان قىلمايدۇ .

ـــ ئالما ئىللىقلار تۇرماق ، باشقا يەرلىكلەرگىمۇ زىيان قىلماس .

ـــ ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئالمايسىز ؟

ـــ يېگۈم يوق .

ـــ ناھايىتى غەمكىن ئولتۇرىسىز ، سىزگە قاراپ ئىچىمىز پۇشۇپ كەتتى ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى .

ـــ خاپا بولماڭ ، تاۋىم يوق .

ـــ ئۇنىڭ دورىسى بار .

ـــ نېمە ؟

ـــ پاراڭ ، چاقچاق ، كۈلكە .

ماھىنۇر بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى . بىراق تەڭلەنگەن ئالمىنى ئالمىدى .

ـــ جاھىل قىز ئىكەنسىزا ، ئۆرۈمچىگە تۇغقان يوقلاپ ماڭدىڭىزمۇ ياكى كۆرۈپ ، ئوقۇپ كېلەي دەپمۇ ؟

« مانا بۇ ئىچكىرىلەپ بېرىلىۋاتقان سوئاللار مېنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ باشلىنىشى » دەپ ئويلىدى ئۇ .

ـــ ئوقۇپ كېلىدىغانغا كىمنىڭ چولىسى ، ھەدەمنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا كېتىپ بارىمەن .

ـــ ھەدىڭىز نەدە تۇرىدۇ ؟

ـــ شىنجاڭ داشۆدە .

ـــ ھە ، مۇنداق دەڭ ، ئوقۇتقۇچى ئىكەن ـ دە ، ئەمما چىرايىڭىز-

دىن خۇشاللىق ئىشقا ماڭغاندەك قىلمايسىز ؟
ـــ ئېيتتىمغۇ ، تاۋىم يوق دەپ !
ماھىنۇرنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئېيتقان ئاخىرقى جاۋابى ئىككىسىنى ئەزۋەلەپ سوئال سوراشتىن توختىتىپ قويدى . ئەگەر ئۇلار سوئاللىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ھەدىگىزنىڭ ئىسمى نېمە ، دەپ سورىغان بولسا ، ئۇ ئۆز مەھەللىسىدىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقان سائادەت دېگەن قىزنىڭ نامىنى ئېيتماقچى ئىدى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ سوئاللىرى ئۇ يەرلەرگىچە يېتىپ كەلمىدى . ماھىنۇرمۇ بېشىنى بۇياققا بۇراپ ئوچۇق دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇۋالدى . بىر تۇرۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلدى : « نېمانچىلا قوپاللىق قىلىپ كەتتىم ؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ مەن ئويلىغاندەك ئەسكى نىيەتلىرىمۇ يوقتۇر ، بۇ بىللە يولغا چىققان سەپەرداشلاردا بولىدىغان نورمال ئىشتۇر . 〈 سانىماي سەككىز دەپتۇ 〉 دېگەندەك ئىش قىلىپ كەتتىممۇ نېمە ؟ ... ئۇنچىلىك قوپاللىق قىلىپ كەتمەي ، بۇگۇن بىر كۈن سىناپ باقاي ، گەپ ـ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلاي ، مەن ئويلىغاندەك ئەسكى ئادەملەر بولسا ، مۇشۇ جەرياندا بىلىنىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ . راستىنلا تۈزۈك ئادەملەر بولسا ، تونۇشۇپ قالغىنىم ياخشى ئەمەسمۇ . ئۆزلىرىمۇ سودىگەرلەردەك قىلىدۇ . ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالىنى ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئالدىن بىلىۋالسام تەمتىرەپ قالمايمەن ـ دە . بەلكىم مېنىڭ ئورۇنلىشىشىمغا ياردىمىمۇ تېگىپ قالار . »
ئاپتوبۇس بىرلا ئاشخانىسى بار ، ئاشخانىنىڭ ئالدى ، ئىككى يېنى قويۇق سۆگەتلەر بىلەن ئورالغان خىلۋەت بىر يەرگە كېلىپ توختىدى . شوپۇر : تېزرەك تاماق يەڭلار ، يېرىم سائەتتىن كېيىن ماڭىمىز ، دەپ ئاشخانىنىڭ ئايرىم ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . كىشىلەر شوپۇرنىڭ ماشىنىنى مەشەدە تاماقلىنىشقا توختاتقانلىقىغا نارازى بولۇشتى . بىرلىرى : بۇ يەرنىڭ تامىقى ناچار ، بىراق يېمەي ئامال يوق ، دېسە ، بىرلىرى : بۇ يەرنىڭ تامىقى بىزگە قىممەت ، شوپۇرغا پۇلسىز ، دېيىشتى . يەنە بىرلىرى : پۇلسىز تاماق بېرىشنىڭ سىرتىدا شۇنچە ئادەمنى مۇشۇ يالغۇز ئاشخانىغا ئېلىپ

كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاشخانا خوجايىنى شوپۇرغا ئىسىل تاماكا، هاراقلارنى بېرىدۇ، شۇڭا مەشەگە كېلىپ توختايدۇ، دېيىشەتتى. نارازى بولۇشسىمۇ، زارلانسىمۇ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئادەملەرگە ھەم ناچار، ھەم قىممەت تاماقنى يېمەي ئامال يوق ئىدى.

ماھىنۇر بىر تەخسە لەڭمەن بۇيرۇتۇپ، ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەللەرنىڭ بىرىدە ئولتۇردى. ھېلىقى ئىككىسىمۇ كۈلۈشۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇشتى ۋە ئۇيدانىراق تونۇشۇپ قويايلى، دەپ يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى. سوئاللار ماھىنۇرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكى، ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكى، ئۈرۈمچىگە بۇرۇن بارغان - بارمىغانلىقى ھەققىدە سورالماقتا ئىدى. بۇ ئىككىسىمۇ ئانچە چوڭ ئادەملەر بولماي، ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىرى ئات يۈزلۈك، ئېگىز بويلۇق، چېقىر كۆزلۈك، يەنە بىرى ئوتتۇرا بويلۇق، قاش - كىرپىكىنىڭ ئانچە تايىنى بولمىسىمۇ، ئىللىق چىراي كىشى ئىدى. ئات يۈزلۈكى تاماقنى يەپ بولۇپلا پۇل تۆلەشكە ماڭغانىدى، ماھىنۇرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بىراق، ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى. ماھىنۇر نارازى بولدى:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟

— سىز قىزبۇلا قىز ئىكەنسىزغۇ، سەپەر ئۈستىدە مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئۆزۈمنىڭكىنى ئۆزۈم تۆلىمەمدىم؟

— مۇنداق دەڭە، مەن تېخى ئۈچىمىزنىڭكىنى تۆلىۋېتەمەي دەۋاتامدىكىن، دەپتىمەن، ئادەمگەرچىلىكىڭىز قالتىس ئىكەن جۇمۇڭ.

ماھىنۇر ئۇنچىقمىدى، بىراق قىزىرىپ كەتتى.

شوپۇرنىڭ ئاشخانىدىن چىقىشى بىلەن كىشىلەر ئاپتوبۇسقا يۈگۈرۈشتى. ئاپتوبۇس ئوت ئېلىپ قوزغالدى ۋە ئىغاڭلاپ چوڭ يولغا چىقتى - دە، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ماھىنۇر ئاۋۋالقىدەك قورۇنۇپ كەتمەي، ئەندىشىمۇ بولماي، ئىككىسى بىلەن ئوچۇق - يورۇق ھالدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئەمما سىر بەرمىدى. باشقىلارنىڭ گېپىگە

ئەمەس ، ئەمەلىيەتتە ئىشنىش كېرەك . سەپەر ئۈستىدە تونۇشۇپ قالغان بۇ ئادەملەرنىڭ قانداق ئادەملىكى ، كۆڭلىدە نېمە ئويلارنىڭ بارلىقى ماھىنۇرغا تېخى ئايان بولغىنى يوق . ئادەم ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى ، قوغ-دىشى ئۈچۈن تەمكىن بولۇشى ، ئويلاپ ئىش قىلىشى كېرەك ـ دە . يېنىكلىك قىلىش ، ئويلىماي ئىش كۆرۈشنىڭ قانداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆز يۇرتى ، ئۆز مەھەللىسىدە ئەمەس ، سەپەردە . تېخى ھېچكىمنى تونۇ-مايدىغان ياقا يۇرتقا كېتىپ بارىدۇ .

ئۇلار كۆز باغلىناي دېگەن چاغدا ، قونالغۇ جاي ـــ شىخوغا يېتىپ كەلدى . كىشىلەر ياتاق بېلىتىنى بۇرۇنراق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئاپ-تۇبۇستىن ئالدىرىشىپ چۈشۈشكە باشلىدى . ماھىنۇرمۇ چۈشكەنلەر بىلەن بىلەت ئېلىشقا ماڭغاندى ، ھېلىقى ئىككىسى ئۇنى چاقىرىۋالدى .

ـــ ماھىنۇر ، نەگە ئالدىرايسىز ؟

ـــ ياتاق بېلىتى ئېلىۋالاي .

ـــ يۇرۇڭ ، ـــ دېدى ئېگىز بويلۇقى ، ـــ بۇ يەردە شەخسلەرنىڭ ياتاقلىرى كۆپ ، شۇلارنىڭكىدە ياتىمىز .

ـــ شۇلارنىڭكىدە ياتىمىز ؟

ـــ ھەئە .

ـــ نېمىشقا ؟

ـــ ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىلىرى پۇل ئېلىشنىلا بىلىدۇ ، يولۇچىلار بىلەن كارى بولمايدۇ .

ـــ مەيلى ئەمەسمۇ ، بىر كۈنگە نېمە بولاتتى ، كۆپچىلىك بىلەن بىرگە بولغىنىمىز ياخشى .

ـــ بۇ يولدا بىز كۆپ ماڭغان ، سىز بىلمەيسىز ، ـــ دېدى ماھىنۇر-نىڭ ئىككى يېنىدىكى ئىككىسى تۇتۇپ ، ـــ شەخسلەرنىڭ ياتاقلىرىدا ئاچچىق دەملەنگەن چاي ، پۇت ـ قولىڭىزنى يۇيىدىغان ئىسسىق سۇ تەي-يار ، نېمە دېسىڭىز ، شۇنى دەرھاللا تەييار قىلىدۇ ، ياخشى تاماق يەپ ، ئازادە دەم ئالىمىز ، سەھەردە ئۆزلىرى ئويغىتىپ قويىدۇ ، ـــ ئۇلار بىرىنىڭ

سۆزى تۈگىمەيلا ، ئىككىنچىسى سۆز باشلاپ ، ماھىنۇرنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى . ماھىنۇرنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ ، قولىنى سىلكىپ بوشىتىۋالدى .

— مەن ئالىمىمۇ ، ئىككىڭلار بۆلۈپ يەيدىغان ! ئېيتىڭلار ، قايسىڭلار بىلەن ماڭاي ؟

— بىز سىزنى ياخشىراق دەم ئالدۇرايلى ، دەۋاتىمىز ، يولدا چايقىلىپ ، چارچىدىڭىز ...

ماھىنۇر نېمانداق قىلىدۇ مۇنۇ نېمىلەر ئادەمنى ئالداپ ، دەپ ئويلىدى ـ دە ، كۆز ئالدىغا نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان ، باشلىغان شەخسىي ياتاقلارغا ماڭىدىغان ئاياللار كېلىپ ، ئۆزىنى قورقۇنچ باستى ۋە بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى .

— ئۆزۈڭلار ياخشىراق دەم ئېلىۋېلىڭلار !

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، كەينىگە ئىتتىك بۇرۇلدى ۋە بايا ئادەملەر ياتاق بېلەتى ئېلىشقا ئالدىرىشىپ ماڭغان تەرەپكە يۈگۈردى . « ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ـ ھە ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — بىر ئادەمنىڭ مەيلى بارمۇ ، يوقمۇ دېمەي ، قانداق ئايال بولسىلا بىز قاياققا باشلىساق ، شۇ ياققا ماڭىدۇ ، دەپ ئويلايدىكەن ـ دە . مېنىڭ باشتا ئويلىغىنىم توغرا ئىكەن ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملىكى ، قانداق نىيەت بىلەن ماڭا ئالما تەڭلىگەنلىكى ، تاماق پۇلىنى ئالدىراپ تۆلىۋەتكەنلىكى ئاشكارا بولدى . ماڭا تېخى ئىش بار ئىكەن ـ دە ، ئۈرۈمچىدە مۇنداق كۆڭلى قارا بىزەڭلەر تېخىمۇ كۆپتۇر ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىنمۇ مۇنداق ئىشلار كۆپرەك يولۇقۇشى مۇمكىن . ئۈرۈمچىگە بارغىنىم بۇرنۇمدىن بۇلاق بولامدۇ نېمە ... ئىرادىلىك بولمىسام قەتئىي بولمىغۇدەك ... ئاھ خۇدا ، مېنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ ؟ »

## 9

ئۈرۈمچى ناھايىتى ئاۋات ، ھەيران قالغۇدەك ئادىمى كۆپ شەھەر

ئىكەن، ماھىنۇر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كوچىغا چىقىپلا شۇنى ھېس قىلدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان تەييار تاماقلارنىڭ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خىلمۇخىللىقى، يايمىلارنىڭ نۇرغۇنلۇقىدىن ئۇ داڭقىتىپ قالدى. ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراشلىرى، قارا ماشىنىلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق سىگناللىرى قۇلاقنى ياراتتى. بىر - بىرىنى بېسىشىپ، قوغلىشىپ يۈرگەن، يىرتىق، مەينەت كىيىملىك، يۈزلىرى شالتاق ئۇششاق بالىلار كىشىلەرنىڭ ئارىلىرىدا غۇيۇلدا يۈرەتتى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يول تېپىپ ماڭماقمۇ قىيىن ئىدى. ماھىنۇر كىمدۇر بىرسىدىن گۇاڭجۇدا ئادەملەر شۇنچىلىك كۆپكى، ئەگەر ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تۈكۈرۈۋەتسە، بىزنىڭ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ تۈكۈرۈكىنىڭ ئاستىدا قالىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدى. «ياق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — گۇاڭجۇا تۇرماق، مۇنۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئادەملىرى تۈكۈرۈۋەتسىمۇ، بىزنىڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ تۈكۈرۈكىنىڭ ئاستىدا قالغۇدەك.»

ماھىنۇر بىتون ياتقۇزۇلغان ئېرىقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ: قاياققا ماڭسام بولار، شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقان سائادەتنى تاپالايمىكىن ياكى ئاۋۋال ئەرزانراق ياتاق تېپىۋالايمىكىن ... تووا، بوراندا دومىلاپ يۈرگەن قامغاقتەك ھالغا قالدىما ... دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئۆزىنى بارا - بارا يىغا تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ماڭدى. ھېچقانچە ماڭمايلا تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ، ئەمدى قايسى كوچىغا كىرسەم بولار، دەپ يەنە تۇرۇپ قالدى. ئوڭ تەرەپتىكى كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئىككى قەدەم مېڭىپ توختىدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ، كەلگەن كوچىسىغا قايرىلدى، لېكىن ماڭمىدى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي كىرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتكەن، ئالدى پېشىنىڭ يېرىمى يوق پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈزلىرى پاسكىنا، پاكارراق، ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا ماھىنۇرنىڭ ئەتراپقا ئەنسىز بېقىپ، قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي، تەمتىرەپ قالغانلىقىغا كۆز تىكىپ تۇراتتى. ماھىنۇر بالىنىڭ ئۆزىگە زەن سېلىپ تۇرغانلىقىغا دىققەتمۇ

قىلمايتتى. ئاڭغىچە يوغان، ئېغىر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھېلىقى ئىككى سەپەردىشى يېتىپ كەلدى. ئۇلار قىزىرىپ تەرلەپ كەتكەن، يۈزلىرىدىن تەر تامچىلىرى چىپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. ماھىنۇر ئۇلارغا شىخودىن ـ ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە گەپمۇ قىلمىغان، قاراپمۇ قويمىغانىدى.
ــ بۇ يەرگە كېلىشىپسىزغۇ، ــ دېدى ئوتتۇرا بويلۇقى، ــ چۈش بولۇپ قالدى، ئاۋۋال تاماق يەۋالايلى، يۇرۇڭ؟
ــ رەھمەت، تاماقنى ھەدەمنىڭكىدىن يەرمەن، ــ ماھىنۇر سوغۇققىنا جاۋاب بەردى.
ــ ئۈرۈمچىگە بۇرۇن كەلمىگەن تۇرسىڭىز، شىنجاڭ داشۆنى، ھەدىڭىزنى قانداق تاپىسىز؟
ــ خەقلەردىن سورىمامدىم.
ــ ئەمىسە ئاۋۋال سىزنى ھەدىڭىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى، ــ ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قولى بىلەن كۆرسەتتى، ــ شىنجاڭ داشۆ دېگەن ئەنە ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىدە، ئۇ يەرمۇ كاتتا شەھەر، كىرا ماشىنىسىدا ھازىرلا بارىمىز، يۇرۇڭ.
ماھىنۇر: بوپتۇ، ئاۋۋال شىنجاڭ داشۆنى بولسىمۇ تېپىۋالاي، دەپ ئويلاپ، يېنىدىكى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىككى ماڭدام ماڭغانىدى، ھېلىقى بالا ئۇنى توختىتىۋالدى:
ــ ئۇياقتا ئەمەس، ئاچا، مىياقتا. شىنجاڭ داشۆنى بىلىمەن، يۇرۇڭ، مەن ئاپىرىپ قوياي.
ئېگىز بويلۇقى بالىغا ۋارقىرىدى:
ــ يوقال ھارىمى!
ــ يالغان ئېيتىۋاتىسەنغۇ، شىنجاڭ داشۆ دېگەن مىياقتا تۇرسا، بىلمەيدىغاندەك ئالداۋاتقىنىنى ...
ماھىنۇرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، كۆزلىرى ياندى، كىرپىكلىرى تىكلەشتى، غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى:
ــ مەن سىلەرنى بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، ماڭا ياردەم قىلار، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، تونۇگۇندىن بېرى نېمە قىلىۋاتىسىلەر ـ ھە! مېنى ئا-

دەمگەرچىلىكىگىز قالتىس ئىكەن دەۋاتاتتىڭلار ، سىلەرنىڭ قانداق ئىكەن ؟ ... ئۆرۈمچىگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن بىر ئاجىزنى ئالداشقا ، قىلـ تاقتا چۇشۇرۇشكە يۈزۈڭلار قانداق چىدىدى ؟ قېنى سىلەردىكى ئادەمگەرچىلىك ، ئىنساب !

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، قاپقارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى . ھېلىقى ئىككىسى لاسسىدا بوشاپ : نەدىن پەيدا بولدى مۇنۇ شۇم ، دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە قالدى .

ــ ئاچا ، ئۇلار كىم ؟

ــ كەينىمگە كىرىۋالغان نەرسىلەر .

ــ قاراڭ ، سىزنى ئالداۋاتقىنىنى .

ماھىنۇر بۇ ياقا يۇرتتا ئەمدى ئىنتايىن سەگەك بولۇشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىپ خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى : مەن نېمە كويدا ، ئۇلار نېمە كويدا ، توۋا ، ئادەملەرنى چۇشەنمەك ئەجەبمۇ قىيىن ئىكەنا ، ئەمدى ئالدانمايمەن دەپ تۇرۇپ ئالدىنىپ قالىدىكەن كىشى . ئاشكارا تۇرـ ماق ، يوشۇرۇن ھالدىكى مۇتتەھەملىك ، شەپقەتسىزلىك ھەتتا خۇشامەتچىلىكنى سېزىۋالغىلى بولىدىكەن ، ئەمما ئالدامچىلىقنى سېزىۋالـ ماق ئاسان ئەمەس ئىكەن . ھېلىمۇ ياخشى مۇنۇ زېرەك بالا ئۇچراپ قاپتۇ . بولمىسا ئۇلار مېنى قاياقلارغا ئەكېتەتتىكىن ، قانداق ئاقىۋەتلەرگە قالاتتىمكىن ؟ شۈكۈر خۇدايىم ، شۈكۈر ، بەختىم بار ئىكەن .

ــ ئاچا ، ئاپتوبۇسقا چۇشسەڭ بىر ئالمىشىپلا شىنجاڭ داشۆگە بىردەمدىلا بارىمىز ، ــ دېدى بالا .

ــ ياق ، ئۇكام ، مەن ئالدىرىمايمەن ، بازارلارنى كۆرۈپ ماڭايلى ، ئىسمىڭ نېمە سېنىڭ ؟

ــ سادىق .

ــ ئىسمىڭمۇ چىرايلىق ئىكەن .

ــ ئاچا ، سىز ئۆرۈمچىنى كۆرمىگەنما ؟

ــ كۆرمىگەن ، بىرىنچى قېتىم كېلىشىم ، شۇڭا بازارلارنى كۆرۈپ

ماگايلى دەۋاتىمەن .

— ئۇنداق بولسا سىزگە بازارلارنى كۆرسىتىپ ماگاي ، — سادىق ماھىنۇرنى ئەگەشتۈرۈپ ، ھەشەمەتلىك چوڭ ماگىزىنلارنى ، ماگىزىنلار ئالدىدىكى ، كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ يايمىلىرىنى ئا-رىلىتىپ ماگدى . ماھىنۇرمۇ پەيتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلارنىڭ ، شەخسىي ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ يايمە-لىرىدىكى ھەر خىل ماللارنىڭ باھالىرىنى سوراپ ماگدى . شۇ جەرياندا بىرىنچى قېتىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلارنىڭ ماللىرىغا قارىغاندا ، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ قوللىرىدىكى ماللارنىڭ ئەرزانلىقىنى ھېس قىلدى . كوچىلاردا ئادەم تۇگۈل ، كىچىك ماشىنىلار ھەددى - ھېسابسىز نۇرغۇن ئىدى . چىرىغى بار دوقمۇشلاردا قىزىل چىراغ يانسا ، گويا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە نەچچە ئونلىغان ماشىنىلار قاتارلىشىپ تۇرۇپ كېتەتتى . كوچىنىڭ بۇ يېقىدىن ئۇ يېقىغا ئۆتۈش ئۈچۈن خېلى ۋاقىت ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . ماھىنۇرنىڭ ئىككىنچى ھېس قىلغان نەرسىسى ئۆز شەھىرىدىكى ئادەملەردەك بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرگەن بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ھەممىلا ئادەمنىڭ قەدەملىرى ئىتتىك ، ئالدىراش ئىدى . ئۆز مەھەللىسىدىكىدەك تام يۆلەپ ، قورۇق پاراڭ بىلەن ئولتۇرىدىغان ياشلارنى ئۇچراتمىدى .

— بۇ يەرمۇ چوڭ بازار بولىدىغان يەر ، — دېدى سادىق مېڭىشتىن توختاپ ، — ئارىلامسىز ؟

— بۇ يەرنى نېمە دەيدۇ ؟

— دۆگكۆۋرۈك .

— بۇ يەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان .

— بۇ يەردە توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ ، كونا - يېڭى كىيىم - كېچەك ، يەل - يېمىش ، مەنپەزە - ناۋات ، سەي - كۆكتات ، قوغۇن - تاۋۇز ، سېرىق ئاش - لەگمەنلەر ، گۆش - ماي ، سا-تىراش - ئاشخانا ، موزدۇزخانا ، ماشىنچىخانا ، شەخسلەرنىڭ ئەرزان باھالىق ياتاقلىرى ھەممىسى بار . يېرىم كېچىگىچە تاقالمايدىغان ماگىزىن ،

ئاشخانىلارمۇ بار . قىرلار بۇ يەرنى ئەۋلىيالارنىڭ قەدىمى تەگكەن يەر دەيدۇ . پەخەس بولمىسىڭىز بۇ يەردە ئەسكى ئادەملەرمۇ كۆپ .

ماھىنۇر كىچىككىنە بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرگە، بىلىدىغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە، گەپلىرىنىڭ راۋان، ئىدىتلىقىغا ھەيران قالدى ۋە ئۆزىنى تەقدىرنىڭ بۇ بالىغا ئۇچرىتىپ قويغانلىقىغا ئىنتايىن خۇشال بولدى . ئىككىسى بازارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بۇياقتىن — ئۇياققىچە ئارىلاپ چىقتى . ئۇ سادىقنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كۆرگەن نەرسىلىرىنىڭ باھاسىنى زېرىكمەي سورىدى . ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ تۆرلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا توختىدى .

— ئۇكام، — دېدى ماھىنۇر سادىققا قايرىلىپ، — ماڭا مەشەدىن ئەرزانراق بىر ياتاق تېپىپ بەرسەڭ ؟

— نېمە، سىز شىنجاڭ داشۆگە چىقمەن دېگەنغۇ ؟

— كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدىڭ، ساڭا راستىمنى ئېيتاي، مەن ئۈرۈمچىگە ھەدەمنى كۆرگىلى كەلمىگەن، ئوقەت قىلغىلى كەلگەن، ئاۋۋال ياتاق تېپىۋالاي، ھەدەمنى كېيىنرەك ئىزدەپ تېپىۋالسامۇ بولىدۇ .

— مۇنداق دەڭە، بۇ يەردە پۇلنى ئاز ئالىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ، تۇڭگانلارنىڭ شەخسىي ياتاقلىرى بار، ياراتسىڭىزلا . يۇرۇڭ ئەمسە، مۇشۇ چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تار كوچىلاردا ياتاقتىن تولا نېمە يوق .

سادىق ماھىنۇرنى بىر تار كوچىغا باشلاپ كىردى . كوچىدىن بەتبۇي پۇراق گۈپپۈلدەپ تۇراتتى . بۇنىڭدىن ھەر بىر ئائىلىنىڭ يۇندا — چاقامىنى كوچىغا ئاچىقىپ تۆكىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ماھىنۇر سەسكىنىپ كەتتى — دە، ئۆز يۇرتىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىپ تۇرىلىدىغان، قىسما — قىسما گۈللەرنىڭ ئىللىق پۇراقلىرى تارقالغان، قويۇق دەرەخلىك پاكىز كوچىلىرىنى ئەسلەپ چوڭقۇر تىندى .

ئۇلار جىگەررەڭ سىرلانغان، ئەمما ھازىر سىرلىرى كۆچكەن تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا كەلدى — دە، ھويلىغا ئاستا كىردى . ئۇدۇلدىكى

ئۆيدىن بەستىلىك ، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان بىر ئايال چىقتى . ياتاقخانا خوجايىنى شۇ بولۇشى كېرەك ، ماھىنۇر ئۇنىڭغا قاراپ سەل ئەيمىنىپ قالدى . ئۇ بۇغداي ئۆڭ يۈزى گۆشلۈك ، قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوناقچىلىق قارامتۇل قاپارتقۇسى بار ، ئۈزايىدىن قوپاللىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ، ئۇچىسىدىكى كۆك كۆينەكنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان قارا جىلتكىسى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن ، قىرىق ، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى ئايال ئىدى .

— خوش ، سىلەرگە ياتاق لازىمما ؟

— ھە ، ھەئە ... ماڭا ... لازىم ، — ماھىنۇر دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرىۋىدى ، خوجايىن ئايال :

— قورقما ، ھۆكۈمەت تىزىمغا ئالغان ، باج تۆلەۋاتقان ياتاقلار بۇ ، يا مەندىن قورقۇۋاتامسەن ؟ — دېدى .

— ياق ، ياق ، — ئۇنىڭ بىر كۆرگەن ئادەمنى « سەنلەپ » كېتىشى ماھىنۇرغا بىر قىسما تۇيۇلدى .

— بۇ ناچار ياتاق ، ئەمما باھاسى ئەرزان ، چىرايىڭغا تۇشلۇق ئېسىلراق ياتاقتا ياتاتتىڭمۇ يا ؟

— مەن ياتاق تاللىمايمەن .

— ئەمىسە ، ماۋۇ چەتتىكىسىدە يات ، ئايالالار ياتىقى ئاشۇ . ماۋۇ بالا نېمەڭ بولىدۇ ؟

— ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ، كوچىغا چىقىپلا تونۇشۇپ قالدىم ، مېنى مەشەگە ئەكېلىپ قويىدى ، ئاق كۆڭۈل بالا ئىكەن .

— بۇنداق شۇملارنىڭ ياخشىسىمۇ بارمىكەن ؟

ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىگە ئېرەنمۇ قىلماي بالىغا بۇرۇلدى :

— رەھمەت ساڭا سادىق ، — دېدى ئۇ سادىقنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ ، — شۇنداق دېدىل ، زېرەك بالا ئىكەنسەن ، مە ئۇكام ، ماۋۇ ئىككى سومنى خەشلە .

— رەھمەت ، ئاچا ، پۇلۇم بار مېنىڭ .

— ھازىرغىچە ماڭا سېنىڭدەك ياردەم قىلغان ئادەم يوق ، مېنى

ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ كۆپ جاپا چەكتىڭ ، ــ ماھىنۇرنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، كۆزلىرىنى ياش ئەگىدى ، ــ مە ، ئاز كۆرمەي ئال ئاپئاق ئۇ-كام .

ــ ياق ، ياق ، ئالمايمەن ، رەھمەت ، ــ سادىق يانچۇقىغا زورلاپ سېلىنغان پۇلنى ئالدى ـ دە ، ماھىنۇرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ ، يۇ-گۈرگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى . ماھىنۇر ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ قالدى :

ــ پات ـ پات كېلىپ تۇر ، ئۇكام !

ماھىنۇر ئۆزى تۇيمىغان ھالدا تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان خوجايىن ئايال كەينىگە ئاستا بۇرۇلدى ـ دە ، ئۆ-يىگە كىرىپ كەتتى . ماھىنۇر يېنىك سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇ كۆرسىتىپ قويغان ياتاققا كىردى . ياتاقتا ئۈچ ياغاچ كارىۋات بولۇپ ، كىرلىشىپ كەتكەن نېپىز يوتقان ـ كۆرپە قالايمىقان قاتلاپ قويۇلغانىدى . ياتاقتىن زەي ھەم كىر پۇرىقى كېلەتتى ، ئىسلىشىپ كەتكەن تام ـ تورۇسلاردا ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇ سومكىسىنى توپا بېسىپ كەتكەن دېرىزىگە قويۇپ ئولتۇرۇۋىدى ، كارىۋات غىچىرلاپ كەتتى . ئۇنىڭ غەمكىن ئۇچقۇنلار پىلدىرلىغان كۆزلىرى دېرىزىگە ۋە سۇنۇق كۆزنەك ئارقىلىق ھېلى ئۆزى بېسىپ كىرگەن كۆرۈمسىز ، كىچىك كىنە قورۇغا تىكىلدى . ئارىدىن بەلكى ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ئۆت-كەندۇ ، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا غېرىبلىق باسقىلى تۇردى ۋە قايرىلىپ تۇرىدىغان ، تېخى قورۇمىغان كىرپىكلىرىگە يەنە ياش تامچىلىرى ئى-لىندى . ئۇ ئۆزىنىڭ قاڭقىپ ، تەمتىرەپ يۈرگەن قىسمىتىدىن بىر تۇرۇپ ھەيران بولسا ، بىر تۇرۇپ قايغۇرماقتا ئىدى . ئادەمنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان كۈن يوق ، ئۇنىڭ بۇ كۆز كۆرمىگەن ، تونۇشسىز شەھەرگە كېلىپ ، يېرگىنىشلىك ياتاقلاردا ئاجىز بەندىلىك سۆيىتى بىلەن مۈگىلىنىپ ، تېگىرقاپ ئولتۇرۇپ قېلىشلىرىنى كىم ئويلىغان ؟ ... ئۆمۈر يولى بىر ئويلىساڭ ناھايىتى يوروق ، پارلاق ، ئىشەنچلىك ، بىر ئويلىساڭ ئەندىشىلىك ، ئۇچى كۆرۈنمەس قاراڭغۇ ئىكەن . بۇ يولدا مەيلى ئۆرە ،

مەيلى ئۆمىلەپ يۈرگۈچىلەرنىڭ قانچىسى ئۆزىدىن رازى بولغاندۇ ؟ ئادەملەر غەم ـ قايغۇ ، ئەندىشىسىز ، ئازاب چەكمەيدىغان ئۆمۈرگە ، زوق ئەيلىگۈدەك گۈزەل تۇرمۇشقا ، كۆڭۈل ئارامىنى تەمىن ئېتىپ تۇرىدىغان شارائىتقا قاچان ئېرىشىدىغاندۇ ، نېمىشقا خالىغان ئىشنى ئىشەنچلىك قىلالمايدىغاندۇ ؟ ... مۇشۇمۇ ياشاش بولدىمۇ ؟ ...

ماھىنۇر خۇددى بىرسى تىكلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندەك كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەي ، قىمىر قىلماي ، خىيالىي گەۋدىدەك تىۋشىسىز ئولتۇراتتى ، كىرپىكىگە ئىلىنغان ياشلىرى مەڭزىگە تېمىپ چۈشمەكتە ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىق شامالدا پۇلاڭلاپ يۈرگەن رەزگى يوپۇرماقتەك ھالىغا ئېچىنماقتا ئىدى . ھەي تەقدىر ـ ھەي تەقدىر ، ئادەملەرنى نېمانچە بوزەك قىلىدىغانسەن ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىدىغان ، مېھرىبانلىق بىلەن بېشىنى سىلايدىغان بىرەر ئادەم بارمىدۇر ؟

شۇ تۇرقىدا ، ماھىنۇرنىڭ سادىق ئىسىملىك بالىغا دېگەن گېپى-دىن ، ئۇنىسىز يىغىسىدىن ، ئېچىنىشلىق ھالىدىن ھەر قىسما ئويلارغا چۆككەن خوجايىن ئايال تاپىسىدا سالپىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇ بۇرۇنقى قىس-مەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ قىز چېغىدا يولۇققان ئىشلىرىغا مۇنۇ ياش چوكانمۇ يولۇققانمىدۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنمىدۇ ، دېگەن گۇمانلاردا بولۇۋاتاتتى . « پات ـ پات كېلىپ تۇر ئۇكام ، دېگىنىگە قارىغاندا دەپ خىيالغا كەتتى ئۇ ، ـــ ئۇ بۇ ياتاقتا خېلى ئۇزاق تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ . سادىق دېگەن بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ يىغلاپ كەتكىنىگە قارىغاندا ، كۆڭلى يۇمشاق ، كۆكسىدە ئىمانى بار نازۇك چوكاندەك قىلىدۇ . بۇ مايماق دەسسەيدىغان ئەسكى چوكان ئەمەس ، ئەسكى ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئاسانلىقچە ياش چىقمايدۇ . ئۇزايىغا ـ روھىي ھالىتىگە قارىغاندا ناھەقچىلىققا ئۇچرىغاندەك ، دەردى باردەك قىلىدۇ . نەچچە يىگىتنى داغدا قويغۇدەك قاملاشقان ، چىرايى پاكىز ، مۇلايىم ئىكەن ، توۋا خۇدايىم ، خوتۇنلاردىن ئۇزاق يىل بىللە ئۆتتۈۋاتقان ، ئا-رىلاشقانلىرىم بار ، ھېچ يېقىنلىشالمايمەن ، كۆز ئالدىمدا سوغۇق پېتى تۇرىدۇ ، ماۋۇ بىر كۆرگەن چوكانغا تەكتىنى بىلمەي تۇرۇپلا كۆزۈمگە

ئىسسىق كۆرۈنۈپ مېھرىم قوزغىلىپ قېلىۋاتىدا ... »

خوجايىن ئايال ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى . كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ ، كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كېتىشىگە بىر ئارغامچا بويى قالغانىدى . ھويلىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ شاخلىرى ئارىسىدا سانسىزلىغان قۇشقاچلار ئۇنى بېسىلماي ۋىچىرلاشماقتا ئىدى . تۆمۈر دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئەرۋەزدىن سېسىقچىلىق پۇراپ تۇراتتى . ئاشخانىچە ھويلىغا تۆت ئەركىشى ياتاق سوراپ كىردى . خوجايىن ئايال ئۇلارنى بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، پۇلىنى ئېلىپ چىقتى ــ دە ، ماھىنۇر ئولتۇرغان ياتاققا كىرىپ كەلدى . ماھىنۇر ئۈنسىز يىغىدىن توختاپ ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئۆزىنى بىر قۇر ئوڭشاپ ، غىچىرلاپ تۇرىدىغان ياغاچ كارىۋاتتا غىپىرىبىسىنىپ ئولتۇرغانىدى . بۇ ھالنى كۆرۈپ خوجايىن ئايالنىڭ يۈرىكى سىقىلىغانىدەك بولدى ــ دە ، ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىگە باشلاپ چىقتى .

خوجايىن ئايال تۇرىدىغان ئۆي ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ ، دالان ــ ساراي ئىدى . دالان سۇپىلىق ، سۇپا ئۈستىگە لىققىدە قىلىپ كۆچارنىڭ تېكمەت كىگىزلىرى سېلىنغان . تۆردىكى ئۈستەلگە چىنە ــ قاچىلار تىزىپ قويۇلغان ، ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئالدى تۆمۈر بىلەن قاپلىنىپ گۈل چېكىلگەن ساندۇقتا يوتقان كۆرپىلەر تىزىلغان بولۇپ ، ئۈستىنى سېرىق يۇڭ ئەدىيال بىلەن ياپقان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يوپۇرماقلىق قىزىل گۈل كەشتىلەنگەن ياستۇقلار تىكلەپ قويۇلغانىدى . پەستە ــ ئىشكنىڭ ئۇدۇلىدا بىرى يوغان ، بىرى كىچىك ئىككى قازان ئېسىلغان ئوچاق . ئوچاقنىڭ يېنىدا ياسىلىشى قوپال ، كۆك سىرلانغان ئىشكاپ ، ئۇنىڭدا كۈندە ئىشلىنىپ تۇرىدىغان چىنە ــ قاچا ، چۆمۈچلەر تۇرىدۇ . ماھىنۇر ئۆي بىساتلىرىنىڭ كىرلىشىپ ــ قارىداپ قالغانلىقىنى بايقىدى . ئۇ ساراي ئۆيىنى كۆرەلمىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئىشكى يېپىق ئىدى .

ھەر ئىككىسى سۆزسىز ، تېخى گەپ ئېچىلغىنى يوق . خوجايىن ئايال جوزا قويۇپ ، داستىخان سالدى . ئۇ خۇددى ئەتىۋارلىق مېھمان كۈتۈۋاتقاندەك داستىخان ئۈستىنى مېۋە ــ چېۋە ، تاتلىق ــ تۈرۈملار

بىلەن تولدۇرۇۋەتتى ۋە چىنىلەرگە ئاچچىق دەملەنگەن چاي قۇيدى.
— قىنى، جوزىغا كەل، — دېدى خوجايىن ئايال يوغان، گۆش-لۈك قولى بىلەن چاينى سۇنۇپ، — ئەمدى پاراڭلىشىمىز، مۇڭدىشىمىز، خوش، ئۆزۈڭ نەدىن كەلدىڭ؟
— غۇلجىدىن.
— ئىتىڭ نېمە؟
— ماھىنۇر.
— ھە، ماھىنۇر، مېنىڭ ئىتىم بەختىخان، قېنى چاي ئىچ، ئۇس-ساپ كەتكەنسەن، لەۋلىرىڭ قۇرۇپ كېتىپتۇ.
ماھىنۇر يېرىم كۈن بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، راستتىنلا ئۇسساپ لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئىككى - ئۈچ چىنە چاينى قۇ-رۇقلا ئىچىۋەتتى.
بەختىخان چىنىسىگە چاي قۇيۇپ سورىدى:
— بايقىشىمچە چوكاندەك قىلىسەن؟
— ھەئە.
— ئۈرۈمچىگە نېمىگە كەلدىڭ؟
— ئوقەت قىلغىلى.
— ئوقەت قىلغىلى؟
— ئۆز يولۇمنى ئۆزۈم تاپاي دەپ...
— ئېرىڭچۇ؟
— ئېرىم يوق، ئاجرىشىپ كەتكەن.
— تەنھامۇسەن؟
— ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، ھەدەم، ئىنىم ئۈچىمىز قالغان، ھەدەم بىلەن پېتىشالماي، ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئالاي، دەپ كەلدىم، ئەم-دىكى تەقدىر - قىسمىتىم نېمە بولىدۇ بىلمەيمەن، — ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاران تۇرغان ماھىنۇرنى يىغا تۇتتى - دە، يەنە تاراملاپ تۆكۈ-لۈپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ ئاياتىن بىرى بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۈچىنچى قېتىم يىغلىشى ئىدى.

— ئۈرۈمچىدە ئۈرۈق - تۇغقانلىرىڭ بارمۇ ؟
— يوق .
— بىر يەردىن بىر يەرگە بارساڭ ، ئۇ يەردە ساڭا قۇچاق ئاچىدىغان ئۈرۈق - تۇغقىنىڭ ، يېقىنىڭ بولمىسا ، غېرىبسىنىسەن ، غەم باسىدۇ ، — دېدى ئۇ ۋە مەدەت بېرىپ ، — سەن بۇ شەھەرگە غېرىب - مۇساپىر بولغىنىڭ بىلەن مىللەتكە مۇساپىر ئەمەسسەن ، مەشەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قېرىنداشلىڭ ، كۆڭلۈڭنى بۇزما ، ئۈرۈق - تۇغقىنىڭ بولمىسا ، مانا مەن تۇغقان ساڭا ، سېنى ھېچكىم تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ . ساڭا ئوخشاش يىراق يەرلەردىن كېلىپ ئەرزان ياتاقلاردا يېتىپ - قوپۇپ ئوقەت قىلىۋاتقان ئاياللار كۆپ بۇ يەردە ، قىزلارمۇ بار تېخى ، يۈرىكىڭنى توم تۇت ، قورقما ئۇكام .
غېرىبسىنىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرغان ئادەم ئۇچۇن ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ ۋە مەدەت گويا ئاغرىققا بېرىلگەن شىپالىق مەلھەم . تەسەللىگە ئېرىشىشمۇ ئۆرلەپ تۇرغان ھەسرەت - ئەلەمنى باسىدۇ ، كۆڭۈلنى ئاچىدۇ . ماھىنۇر ئۆكسۈپ ، تۇمانلىشىپ تۇرغان كۆڭلىنىڭ ئاستا - يورۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن نىيەتلىرىنى ئېيتىشقا ئاشۇرۇشتا ئۈرۈمچىگە كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا ئويلىمىغان ھالدا كۆيۈمچان بىر مەدەتكارغا ، تېكەندەك يالغۇزلۇقىغا باشپاناھ بولغۇچىغا ئىگە بولماقتا ۋە بۇنىڭدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى . « خۇدايىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىغان ئوخشايدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ھەدەپلا ھېلىقى ئاق كۆڭۈل بالىغا ، مۇنۇ مېھرىبان ئايالغا ئۇچرىدىم ، يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى . » شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ ، سۇندۇرۇلۇپ ئالدىغا قويۇلغان نانغا قول ئۇزاتتى .
— ئوقەت قىلغىلى كەپسەن ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايسەن ، — دېدى خوجايىن ئايال ۋە ئۇنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىپ ، — ساڭا ئايرىم ياتاق بولمىسا بولمايدۇ ، بۇلۇڭدىكى ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ بېرەي ، شۇنىڭدا يات ، قانداق دەيسەن ؟
— شۇنداق قىلسىڭىزغۇ خويما ياخشى بولاتتى ، — ماھىنۇر كۈ-

لۇمسىرىدى.

ئىككىسى چاي ئىچىشىپ، پاراڭ بىلەن خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ماھىنۇر بۇ تەلەتى سۇرۇن، قوپال خوتۇننى ياخشى كۆرۈپ قالدى. بەختىخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇ ئېتىشكە تۇتۇش قىلىۋىدى، ماھىنۇر ئۇنىمىدى. بىر تەرەپتىن پولۇنى كۆڭلى تارتمىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ خىجىلمۇ بولۇۋاتاتتى.

— ئەمىسە ھاردۇق ئېشى ئېتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ ۋە سۈيۈنگەش ئەتمەكچى بولۇپ، ئىشكاپنىڭ ئاستىنقى تاكچىسىدىن قىزىرىپ پىشقان كىچىك تەگنىگە ئۇن ئالدى. شۇ ئارىلىقتا ھويلىغا ياتاق سوراپ بىر نەچچە كىشى كىرىپ كەلدى. بەختىخان ئۇن يۇقى قولىنى قولتۇقىغا تىقىپ ئېرتقىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ماھىنۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى يۇدى - دە، خېمىر يۇغۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ خېمىرنى قاتتىق يۇغۇرۇپ چەيلەۋاتقاندا، بەختىخان كىرىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن خاپا بولدى:

— بىسوراق نېمە ئۇنداق ئىش قىلىسەن؟ سەن دېگەن مېھمان، ئۆت بۇياققا.

— سىز يېتىشەلمەيۋاتىسىز...

— يېتىشمەيدىغان ئىش نەدە، كىشىلەر ياتاق بارمۇ، دەپ كىرىپ تۇرىدۇ، ئۆينىڭ ئىشىمۇ پۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەمما لېكىن بۇ دۇنيانىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ، ئۇنى ھېچكىم تۈگىتەلمىگەن، بىزمۇ تۈگىتەلمەيمىز، ئادەم ئۆلگەندە ئارام ئالىدۇ، بولمىسا تىنچلىق يوق . ھە، راست ھېلىقى بالا كىم بولىدۇ؟

ماھىنۇر غۇلجىدىن كەلگۈچە ئىككى ئەسكىنىڭ پېيىگە چۈشۈۋالغانلىقىنى، شىخوغا كەلگەندە، شەخسلەرنىڭ ياتىقىدا ياتىمىز، دەپ قولىدىن سۆرىگەنلىكىنى، ئۇلاردىن ئاران قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى، ئورۇمچىگە كېلىپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغاندىن شىنجاڭ داشۆدە ھەدەم بار، ئۇنى ئىزدەپ تاپىمەن دېگەندە، بىز ئاپىرىپ قويايلى، سىز تېپەلمەي قالىسىز، دەپ باشقا ياققا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ

ئەگەشكەنلىكىنى، شۇ چاغدا سادىق ئىسىملىك، جۇل-جۇل كىيىملىك ئاشۇ بالىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، شىنجاڭ داشۆ ئۇياقتا ئەمەس، ماياقتا، دەپ ئۆزىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇياققا ماڭغانلىقىنى ۋە ئۆزى ھەقىقىي راست گېپىنى دېگەندە، مەشەگە باشلاپ كىرگەنلىكىنى، كىيىمى پاسكىنا ئەمما دىلى پاكىز ئۇ بالىغا تۈزۈك رەھمەت ئېيتالمىغىنىغا ھازىر ئۆكۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەسكى ئادەم جىق، — دېدى خوجايىن ئايال قىزىغان قازانغا ماي قۇيۇۋېتىپ، — بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاز ئىدى، ھازىر جىقلاپ كەتتى. مەن مۇنداق تۇرغىنىم بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايمەن. زامان تەرەققىي قىلسا بارغۇ، ياخشى ئىشلار، ياخشى نەرسىلەر بىلەن بىللە يامان ئىشلار، يامان نەرسىلەرمۇ تەڭ تەرەققىي قىلىدىكەن. بۇرۇن جاپا تارتىپ كۆتەك ھارۋىدا ئولتۇرغان چاغلاردا مىسالى ئەسكى ئادەم بىر بولغان بولسا، ھازىر ھۇزۇرلىنىپ ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان چېغىمىزدا ئۇ ئون. بۇرۇن بىر توپلىنى بىر-ئىككى يىل كىيەتتۇق، ئەمما ئۇ قوپال، سەت تىكىلەتتى، ھازىر بىر توپلىنى ئاران ئىككى-ئۈچ ئاي كىيىمىز. ئەمما ناھايىتى ئىسكەتلىك، چىرايلىق تىكىلىدۇ. ھەممە نېمە، ئادەملەرمۇ چالىشىپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئۆيگە ئاگىلىنىپ تۇرغان قارىياغاچ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى بېسىقىپ قالدى. كوچىلاردىن كېلىۋاتقان ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازلارمۇ سۇسلاپ كەتتى. مانا شۇ چاغدا سۇيۇقئاش پىشىپ، ئاپقۇرلارغا ئۇسۇلدى. ئۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغلارغا ئۇرۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ماھىنۇر بىرلا ئاپقۇر ئىچتى. شۇنچە زورلاپ كەتسىمۇ، يېرىم چىنە ئىچىشكىمۇ ئۇنىمىدى. ئەمما بەختىخان نان چىلاپ تۇرۇپ ئۈچ ئاپقۇر ئىچىپ توختىدى. ئۇنىڭ پېشانە، بۇرۇن ئۇچلىرىدىن، قۇلاق چۆرىلىرى، ئېڭەكلىرىدىن تەر تامچىلىرى قۇيۇلۇپ كەتتى. ئاشنىڭ چۆپى نەچچە چوڭ چىنە ئىچكۈچە ئېزىلمىدى.

— خېمىرنى قالتىس يۇغۇرۇپسەن جۇمۇ، — دېدى بەختىخان گەپ باشلاپ، — مەنغۇ تاماق تاللىمايمەن، تاماق ئوخشىسا خۇشال

بولۇپ، ئوخشىمىسا خاپا بولىدىغانلاردىن ئەمەس، چۆپى رىزىنكىدەك تارتىشىپ تۇرامدۇ، تۇرۇپ قالغان شاپتۇلدەك ئېزىلىپ كېتەمدۇ، ئىچىۋېرىمەن. قورساقتىن ئۆتكىنى ھېساپ، خالاڭ ـ خۇتۇڭ تاماق يېگەن ئادەم چىلىڭ تۇرىدۇ، بەك تۇرىدۇ. خوش، بۈگۈن مەن بىلەن قونۇپ قال. تېلېۋىزور كۆرىمىز، مۇڭدىشىپ ياتىمىز. ياق، دەمسىنا، سەككىز ياشلىق كەنجەم بار، مومىسىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ توختىمايدۇ ھەم مەكتىپىمۇ ئۇ يەرگە يېقىن. ئېرىم شوپۇر، يولغا چىقىپ كەتسە، بەش ـ ئالتە كۈندە كېلىدۇ، يولغا تېخى تۈنۈگۈن چىقىپ كەتتى. كۆپ چاغلاردا يالغۇز ياتىمەن، جىن ـ پىن دېگەنگە ئىشەنمەيمەن.

چىنە ـ قاچىلار يىغىشتۇرۇلۇپ، يۇيۇلۇپ بولدى. ئاڭغىچە ئۇ ھويلىسىغا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىرىپ چىقتى، ياتاقلىرىمۇ تولۇپ كەتتى. بەختىخان ئېلېكترنى ياندۇرۇپ، ئۇنى ساراي ئۆيىگە باشلىدى. ماھىنۇر ئۆي ئىچىگە سەپسالدى: ئۆيگە لىققىدە تولدۇرۇپ ئىران نۇسخىلىق گىلەم سېلىنغان، تاملارغىمۇ ئانار گۈللۈك گىلەملەر تارتىلغان. ئىشىكنىڭ يېنىغا توڭلاتقۇ، ئوڭ تەرەپتە زامانىۋى ئىشكاپ بولۇپ، توڭلاتقۇنىڭ يېنىدىكى تۆگە ساندۇق ئۈستىگە ئورۇن ـ كۆرپىلەر تىزىلىپ، ئۇ يېشىل يۇڭ ئەدىيال بىلەن ئوراپ قويۇلغان، ئۈستىگە دالان ئۆيدىكىگە ئوخشاش گۈل چېكىلگەن ماھۇق ياستۇقلار تىكلەنگەنىدى. ئىككى دېرىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە ئۈستەلچىگە تېلېۋىزور قويۇلغان. ئەمما شۇنچە ئېسىل نەرسىلەر ئۆيىنى بىر تالمۇ ئاچمىغانىدى. ئۇنىڭ بىر خىل تۇتۇق ھالەتتە مۇگۈيۈپ تۇرۇشى ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىدە غەشلىك پەيدا قىلىپ، دېمى سىقىلىۋاتقاندەك بولدى.

ئۇلار تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ يېتىپ قېلىشتى. مۇڭدىشىپ ياتىمىز، دېگەن خوجايىن ئايال بىر دەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ قاتتىق خورەك تارتتى، لېكىن «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقىسىلا توختاپ، ھايال بولماي، قاتتىق خورەك يەنە باشلىناتتى. ئۆمرىدە خورەك تارتقان ئادەم بىلەن بىرىنچى قېتىم بىللە ياتقان ماھىنۇر زادىلا ئۇخلىيالمىدى. «تووۋا، چۈشىمۇ بۇ، ئوڭۇممۇ، — ئۇيقۇسى قاچقان ماھىنۇر خىيالغا كەتتى،

نەلەرگە كېلىپ قالدىم ، كىملەرنىڭ ئۆيىدە يېتىۋاتىمەن ؟ . . . تېخى ئىككى كۈن بۇرۇنلا خورلانغان ، ھاقارەتلەنگەن بولسامۇ ، ئۆز ئۆيۈمدە ئىدىم ، ھازىر كۈتۈلۈۋاتقان ، مېھمان بولۇۋاتقان بولسامۇ ، يات ئۆيدىمەن ، مۇنداق كۈنگە قېلىشىم نېمىدىن باشلاندى ؟ تەنتەكلىكىم ، ئالدانغانلىقىمدىن ، ئابدۇقادىرغا ئەگەشكەنلىكىمدىن باشلانغان . . . بولدىلا ، يۈرىكىمنى زېدە قىلىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ نېمە قىلىمەن ، ھېلىمۇ مۇشۇ كۈنۈمگە شۈكۈر دەي ، يەنە ئالدىنىپ ھېلىقى ئەسكىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسام قانداق قىلاتتىم ؟ . . . يەنە بەختىم بار ئىكەن ، مۇنۇ خوتۇنغا يولۇقۇپ قاپتىمەن ، تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىگىمۇ رەھمەت ئېيتاي ، تەلەتى سۆرۈن بۇ خوتۇننى كۆرۈپ دەسلەپتە قورقۇپ ، چۆچۈپ كەتكەنىدىم . لېكىن ، مېنىڭ بېشىمنى سىلايدىغاندەك قىلىدۇ . ھېلىتىنلا ياخشىلىق قىلغىلى تۇردى . سانىماي سەككىز دېمەسلىك كېرەك ئىكەن ، چىرايىدىن سۇغۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ، ئادەمدە چۆچۈش قوزغايدىغان كىشىلەردىن ئەيمىنەتتىم ، ياق ، ئۇنداقلاردىن كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلىرى چىقىدىكەن ، 《 يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە 》 دېگەنلەر بىكار ئېيتماپتىكەن . ياتىدىغان يېرىمىغۇ ھەل بولدى ، تىجارەتنى ئەتە يا ئۆگۈن باشلىسام ، نېمىدىن قانداق باشلىسام بولىدىكىن ؟ — ماھىنۇرنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى بالا كەلدى ، — سادىق نەلەردە يۈرىدىكىن ، مەن سودا قىلسام ، ئۇ يېنىمدا تۇرۇپ بەرسىمۇ ماڭا چوڭ مەدەت بولاتتى . كوچىلاردا ئۇچراپ قالسىدى ، ئۆزىمۇ ئىزدەپ كېلىپ قالار بەلكىم . . . »

ئۇ بۇ كۈن ئاز ئۇخلىسىمۇ ، خاتىرجەم ئۇخلىدى .

## 10

ماھىنۇر تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا كۆزىنى ئاچتى ـ دە ، ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى ، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ بىردەم ياتتى . ئەمما ، ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ بەختىخانغا تۇيدۇرماي تالاغا چىقتى . تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەت قارىدىن ـ قارا ھەم

سۇرلۇك ئىدى. نه ـ نەلەردىن ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى، ئايىغى ئاستىدا چاش-قانىنىڭ كىتىرلىغىنى ئاڭلاندى. ئاستا شۇىرلاپ ئۆتۈۋاتقان شامال يىراقلاردىن ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىشىنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ تۈننىڭ ئىنتايىن قارىلىقىدىن ئەيمىنىپ، ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى. خۇددى بىرسى ئۇنى تۇيدۇرماي تۇيۇقسىزلا تۇتۇۋالىدىغاندەك، يوغان قوللار گېلىنى بوغىدىغاندەك پۇتۇن بەدەنلىرىدىن قورقۇنچلۇق ھىس-تۇيغۇلار قوزغالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇندەرىگەندەك سىرتقا چىقىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن بۇ دەھشەتلىك مەزگىلنىڭمۇ چېكى بار ئىكەن، بىر دەمدىن كېيىن زۇلمەت باغرىنى يىرىپ، ئۇپۇققا ئاستا ـ ئاستا ئاقۇچ نۇر يۇگۈردى. ئاشۇ نۇر بىلەن تەڭ بەدەنلىرىدە قوزغالغان ئەندىشىلىك تۇيغۇلارمۇ يىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېلىلا تاڭنىڭ يو-رۇپ كېتىشىنى پەملەپ جانلىنىپ قالدى. بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا ئىكەن: تاڭ ئاتىدۇ، ئادەملەر ئويغىنىدۇ ۋە تۇرمۇش غېمىدا كۈن بويى تىپىرلايدۇ، ھېرىپ ـ چارچىغاندا قاراڭغۇ چۈشىدۇ، يەنە ئۇخلايدۇ، ئەتىسى يېڭىبىنىڭ بولۇپ ئويغىنىدۇ. تاڭنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئېتىپ كېلىشى ــ يورۇقلۇقنىڭ باشلىنىشى، قاراڭغۇلۇقنىڭ بېسىپ كې-لىشى ــ تۈننىڭ باشلىنىشى، ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن تارتىپ مۇشۇ ھالەتنى كۆرۈپ كېلىۋاتىدۇ. دۇنيا بىنا بولغاندىن بېرى مۇشۇ ھالەت تەكرارلىنىۋاتىدىغاندۇ، شۇنداق، تەبىئەتتە باشقىچە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، تاڭ ئاتىدۇ كۈن چىقىدۇ، كەچ كىرىدۇ ئاي چىقىدۇ. ئادەملەرچۇ؟ كۈن، ئاي قېرىمىغىنى بىلەن ئادەملەر پاتلا قېرىپ كېتىدۇ، ئۆزگىرىشمۇ تېز بولىدۇ. تۈنۈگۈنكى بالا بۈگۈن يىگىت، ئەتە بوۋاي بولىدۇ ۋە كۆزدىن يىتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ قەدرىنى قىل-ماي، نېمىنى تالىشىدىغاندۇ، كىمدىن قالمىغان دۇنيا بۇ؟ دۇنياغا پاتماي قالغان پادىشاھلاردىنمۇ، ئۆزىنى بىر سانايدىغان نازىنىنلاردىنمۇ قالغانغۇ. . . نېمىشقا بىراۋنى ئەركىن، ئۆزىنىڭ خالىغىنىدەك ياشاشقا قويمايدۇ، نېمىشقا ئادەمنىڭ ياخشى تىلەك، ئۈمىد، ئارزۇلىرىغا باشقىلار ئارىلىشىۋا-لىدۇ، يول قويمايدۇ؟ كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ياخشىلىقلا قىلسا، يامانلىق

مەۋجۇت بولماس ئىدى. ئۆز قېرىندىشىغا ھەسەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك — چېكىدىن ئاشقان غەلىتىلىك، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىللەت ئەمەسمۇ، شۇمۇ ياشاش بولدىمۇ!

ئۇ كوچىغا چىقىپ، چوڭ كوچىنىڭ سەھەرلىك مەنزىرىسىنى كۆرمەكچى ئىدى، بىراق تۆمۈر دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياتاق ئۆيلەردىن سۇس خورەك، يىنىك پۇشۇلداشلار كىرىشكە باشلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ھېلىلا ئۆتۈپ كەتكەن دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇقتا ھويلىغا چىققانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدى: «شۇ قاراڭغۇلۇقتا مۇنۇ ياتاقلاردىن يامان نىيەتلىك بىرسى چىقىپ، قولۇمدىن تارتىپ ئەكىرىپ كەتسە، قانداق قىلاتتىم، ئەجەب قاراملىق قىپتىمەنا...» دەپ ئويلىدى ئۇ. قارىياغاچ شاخلىرىدا سانسىزلىغان قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىشقا چۈشكەندى. ئۇ قايرىلىپ شاخلارغا قارىدى. بۇلار ئۇۋۇلىرىدا تۈنەمدۇ ياكى شاخلاردىمۇ، بۇ تەرىپى ماھىنۇرغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ قۇشقاچلارغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى ۋە ھاياجانلاندى: بىز تەرەپلەردە تاڭنىڭ ئېتىۋاتقانلىقىدىن توخۇلار قىچقىرىپ دېرەك بېرەتتى، بۇ يەردە قۇشقاچلار بېرىدىكەن — دە.

ماھىنۇرنىڭ كۆز ئالدىغا مەھەللىسى، ھويلىسى، ھەدىسى، ئىنىسى كەلدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ ھويلىنى، كوچىنى سۈپۈرەتتى، سۇ چاچاتتى، دىمىغىغا بىغىدىكى ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ، قىسما ـ قىسما گۈللەرنىڭ پۇراقلىرى ئۇرۇلاتتى. ئۇ چىنىدەك پاكىز ھويلىسى بىلەن مۇنۇ ھويلىنى سېلىشتۇرۇپ قالدى: «مۇشۇلارمۇ ئۆي تۇتۇپ، جاھان تۇتۇپ ئۆتۈۋېتىپتۇ — دە، ھويلا ـ ياتاقلىرىدىكى پاسكىنچىلىقلارغا ئىچى پۇشمامدىغاندۇ، — دەپ خىيالغا كەتكەندى ئۇ، — شەھەردىكى ھويلىمىز تۇرماق، سەھرادىكى موزايلىق سېپىر، توخۇ ـ چۈجىلىرىم بار ھويلامۇ بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە پاكىز ئىدى. بۇ قەپەستەك ھويلىنى قانچىلىك پاكىز تۇتىمەن دېسە، شۇنچىلىك تۇتقىلى بولىدىغۇ، ئادەم دېگەن ئىچىدىن قاينىمىسا بىكار — دە.»

— نېمانداق چۈشىدىن قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك تاڭ ئاتا —

ئاتمايلا هويلىغا چىقىۋالدىڭ ؟
ماھىنۇر چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. بەختىخان يالاڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئۆيدىن چىققانىدى.
— ئۇيقۇم ئېچىلىپ كېتىپ، سىزنى قېنىپ ئۇخلىۋالسۇن، دەپ تۇيدۇرمايلا چىققانىدىم.
— مېنىڭ قېنىپ ئۇخلىغان كۈنۈم يوق، بىرسى يېرىم كېچىدە كەلگەن، بىرسى تاڭ ئاتمايلا ماڭغان، — دېدى بەختىخان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئاخشىمى ياتاقتىكىلەر تەل بولمىغۇچە دەرۋازىنى تاقالمايمەن، تېخى بەزىلەر: تاڭ يورۇماستا ئويغىتىۋەت، دەيدۇ.
— تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى.
— مەيەرگە كەل، — دېدى خوجايىن ئايال ماھىنۇرنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ مېڭىپ ۋە ساراي ئۆينىڭ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان كىچىككىنە ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ، — ساڭا تۇزەشتۇرۇپ بېرىمەن، دېگەن ئۆي مۇشۇ كۆمۈرخانا، كىچىك بولسىمۇ، سەن ئازادە ياتىسەن. ئىچىدىكى كۆمۈرنى ئاۋۇ بۇلۇڭغا يۆتكەپ، قىش چۈشكۈچە باشقا كۆمۈرخانا سېلىۋالىمىز، مانا كۆرۈپ باق، ھاكمۇ بار، بوگۈنلا جۆندەيمىز.
بەختىخان كۆمۈرخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچىدە يېرىم تونىندەك كۆمۈر بار ئىكەن. ئۆي راستىنلا كىچىك بولسىمۇ، كۆمۈرنى چىقىرىۋەتسە، بىر ئەمەس، ئىككى كارىۋات سىغىدىكەن. ماھىنۇر تازا ماگىلا لايىق ئۆي ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئىككىسى ھە - ھۇ دېيىشىپ، كۆمۈرنى يۆتكەشكە كىرىشىپ، چاي قايىنىغۇچە ئۇنى توشۇۋەتتى، ماھىنۇر تام - تورۇسلىرىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ بىر قۇر تازىلاپ قويدى - دە، ئاندىن چايغا ئولتۇردى. چايدىن كېيىن قارىداپ كەتكەن تورۇسلارنى قايتا - قايتىلاپ يۇدى. ئاندىن ھاكنى چىلاپ تاملارنى ئاقارتىشقا كىرىشتى. تاملار ئىككى قېتىم ئاقارتىلغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ خىش ياتقۇزۇلغان ئاستىنى يۇيۇشقا كىرىشتى، ئىككى كۆزنەكلىك پەنجىرىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن ئەينەكنى يۇيۇپ ئېرتتى. ئۇچ - تۆت سائەتلىك ئېغىر ئەمگەك ئۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ ئېغىر بىلىنمىدى، بولمىسا ئۇ

جان كۆيدۈرۈپ، ئۆز ئۆيىگە ئىشلىگەندەك ئىشلىگەنىدى. چىرايىدىن چارچاش ـ ھارغىنلىق سېزىلمەيتتى. ئۇ شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، ھويلىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ سۇ چاچتى، ھاكىنىڭ قالدۇقىنى ئەرۋەز-نىڭ ئېغىزىغا تۆكۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھويلىمۇ ھويلا سىياقىغا كىرىپ، ھاۋاسىمۇ يېڭىلىنىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، بىرمۇ ئادەم قالمىغان ياتاقلارنى ئارىلىدى. ھويلىدا تۆت ئېغىز ياتاق ئۆي بولۇپ، ئۇچى ئەرلەرنىڭ، بىرى ئاياللار-نىڭ ئىكەن، ھەممىسى بولۇپ ئون بەش كارىۋات بار ئىكەن. «بىر كارىۋات ئۈچ سومدىن بولسا، كۈنىگە قىرىق بەش سوم، تۆت سومدىن بولسا ئاتمىش سوم كىرىم بار ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ماھىنۇر ياتاقلاردىن چىققاندىن كېيىن.

ئۇ يېرىم كۈن قاتتىق ئىشلەپ، پاكىز تازىلىنىپ يېڭى تۈسكە كىرگەن ياتاقنىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرغاندا، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن خوجايىن ئايال گۆش، كۆكتات سېلىنغان سومە-كىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە ماھىنۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆي ئىچىگە قارىدى. بۇ تاشلاندۇق كۆمۈرخانىنىڭ ئايىئاق بولۇپ كەتكەنلى-كىدىن باشقا، تورۇستىكى قاپقارا بولۇپ كەتكەن بورا، لىمزا، چەنزىلەرنىڭ ساپسېرىق بولۇپ ئېچىلغانلىقىنى، ئۆي سېلىنغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ سۇ تەگمىگەن خىشلارنىڭ، تۇتۇلۇپ كەتكەن پەنجىرە ئەينەكلىرىنىڭ پارقىراپ ـ ۋالىلداپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدە، گۆشلۈك يۈزىدە تەبەسسۇم ياندى:

— ئەجەب پاكىز بالىكەنسەن، ئەجەب پاكىز بالىكەنسەن، مېنىڭ سارايي ئۆيۈمدىنمۇ پاكىز قىلىۋېتىپسەن، خۇدايىم تىلىگىنىڭنى بېرەر، ئۆزۈڭدەك پاكىز، ئىشچان جورا ئاتا قىلىپ بەختىڭنى بېرەر، — خوجايىن ئايال ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن سۆيۈندى.

ماھىنۇر قىزىرىپ يەرگە قارىدى ـ دە: «ماڭا جورا تىلىگۈچە

ئىشلىرىمغا ئاسانلىق تىلىسىچۇ » دەپ ئويلىدى .

— يۇر ، ئۆيگە كىرەيلى .

ئۆيگە كىرىشتى . بەختىخان قولىدىكى سومكىسىنى ئىشىكنىڭ تۈۋىگە قويۇپ ، ئوچاققا ئوت يېقىۋەتتى . ماھىنۇر تاپىسىدىلا ئولتۇردى . ئۆينىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن — زىلۋا بويىدىن ، دۇپدۇگىلەك ، قاپقارا كۆزىدىن ، يالتىراق كىرپىك - قاشلىرىدىن ، قىپنىق ھال رەڭ لەۋلىرىدىن ۋە ئۇچىسىدىكى ئاددىي كىيىملىرىدىن پاكىزلىق ، ئىللىقلىق ، گۈزەللىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۆينىڭدا تەبىئىي قورۇنۇش ، ئەيمىنىشمۇ بىلىنىپ تۇراتتى . خوجايىن ئايال قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن گۇسۇلدەپ مېڭىپ ، ئۆيگە كىرىش ، تالاغا چىقىش ئارىلىقلىرىدا ، كۆك- تاتلارنى تازىلاش ، يۇيۇش توغراش ۋە قورۇما قورۇش جەريانلىرىدا ، ئۆزى پاسكىنا يۇرسىمۇ ، پاكىز ئاياللارنى ياخشى كۆرۈپ قەدىرلەيدىغانلى- قىنى ، كۆمۈرخانىنىڭ جۆندىلىپ رەسمىي ئۆي سىياقىغا كىرگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى ، ماھىنۇرنىڭ ئەمگىكى ئۈچۈن بىر ھەپتى- گىچە ياتاق ھەققى ئالمايدىغانلىقىنى ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ، پەقەت بىر كارىۋاتنىڭ ھەققىنى — كۈنىگە ئۈچ كويدىن پۇل ئالىدىغانلىقىنى ئېيتماقتا ئىدى . ماھىنۇر ياتاق ھەققى ئۈچۈن ئوگىچە ئۆي بولغانلىقتىن كۈنىگە ئالتە - يەتتە سوم ئالارمىكىن ، دەپ ئويلىغانىدى ، ئۇ ئۆينىز ئولتۇرسىمۇ ، ئىشلىرىنىڭ ھەدەپلا ئوڭغا تارتىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى .

ئۇلار چوڭ بىر تەخسە قورۇمىنى شىرەگە قويۇپ ، ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇردى . بەختىخان مۇنداق دېدى :

— خوش ، ئوقەت قىلغىلى كەلدىم ، دېدىڭ ، قانچىلىك پۇلۇڭ بار ؟

— تۆت يۈز سومدىن ئوشۇقراق .

— بولىدىكەن ، ئەللىك - ئاتمىش كوي بىلەن باشلىغانلارمۇ بار ، قېنى ، ئوقەتنى قانداق باشلاي دەۋاتىسەن ؟

— مەشەدە ئوقەت قىلىۋاتقان خوتۇنلار ، قىزلار جىق ئىكەن ، تۈ- نۈگۈن ھېلىقى بالا بىلەن بازار ئارىلاپمۇ كۆردۈم . شۇلار قانداق باشلىغان

بولسا، مەنمۇ شۇنداق باشلاي، دەپ ئويلاۋاتىمەن.
— ئۇلاردىن سورايدىغانىنى قوي، سېنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويۇشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇرۇن بۇ ئىشنى قىلىپ باققانمىدىڭ؟
— ئازراق قىلغان، هويلىمىزنىڭ بىر چېتىدىن ئۇششاق - چۇششەك ماللارنى ساتىدىغان دۇكان ئاچقان.
— شۇڭا ئوقەت قىلىمەن، دەپ ئۈرۈمچىگە ئىشەنچىلىك كەپتىكەنسەن - دە، بىراق بۇ ئۆز يۇرتۇڭ ئەمەس، تەمتىرەيسەن. مۇنداق قىلىمىز: ماللارنى توپ ساتىدىغان ئورۇنلار بار، ئۇ يەرنى «پىپا» دەيدۇ. شۇ يەردىن مال ئالسەن، قەيەردە ئادەم جىق بولسا، شۇ يەردە بىردىن - ئىككىدىن ۋارقىراپ يۈرۈپ ساتىسەن.
— غۇلجىغا سودىگەرلەر پىپادىن مال ئالدۇق، دەپ ئاپىراتتى، شۇنداق ئورۇنلاردىن ئالاتتىكەن - دە، - دېدى ماهىنۇر.
— ئۇ يەرلەردە يېڭى ماللار بىلەن بىللە دۇكان تېگى بولۇپ قالغان، سېتىلماي ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ماللار كۆپ، هۆكۈمەتنىڭ ماگىزىنلىرىدىكىدىن ئەرزان، توپ ئالساڭ تېخىمۇ ئەرزان، بىر هەپتىدىن كېيىن قانداق مال ئىتتىك، قانداق مال كاسات، بىلىۋالىسەن، بەزىدە زىيانمۇ تارتىپ قالىسەن، شۇنداق قىلىپ ئاستا - ئاستا ئىشنىڭ يولىنى ئېلىپ كېتىسەن. بۈگۈن مەن سېنى ئاپىرىپ بىر كۆرسىتىپ كېلەي، يوغان سومكىدىن بىرنى ئال، ئالدى بىلەن يالغانىنى راست قىلىپ سۆزلەشنى ئۆگەن. قالغان ئىشلارنى ساڭا بازار كۆرسىتىدۇ.
— سودىدا هالال بولسام كۆكلەرمەن، دەپ ئويلايمەن بەختىخان هەدە، — دېدى ماهىنۇر ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ.
— ئەمىسە ئاچ قالىدىكەنسەن... ماۋۇ مال ئالتۇن مېدال ئالغان، ماۋۇ مال بىرىنچى بولغان، دەپ رادىئو - تېلېۋىزورلاردا كانىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىرىسا، راست دەمسەن؟ پۇل بەرسە، ئاغزىنى مايلىسا مېدالىنىمۇ، بىرىنچىلىكنىمۇ بېرىۋېرىدۇ، ما ساددىنىڭ دەپ يۈرگەن گېپىنى.
— سودىدا هالال بولمىسام...

— ئو ... هوَي ، هالال بولمىسام ، دەپ يۈرگىنىنى بۇنىڭ ، — بەختىخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە يوغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى ، — قۇۋ بولمىساڭ ، ئالدامچى بولمىساڭ ھەرگىز روناق تاپالمايسەن ، باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى ، سودا دېگەندە ، ئاتا - ئاناڭنى ئالداشتىنمۇ يانمىساڭ بولىدۇ ، شۇلارنى ئالدىيالىساڭ ، باشقىلارنى ئالدىيالايسەن ، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ، تېخىچە سېنىڭ ھالال - پالال ، دەپ يۈرگىنىڭنى قارىمامدىغان ، كىم ھالال ، سەممي بولسا شۇ زىيان تارتىدۇ ھازىر .

ماھىنۇر شوك بولۇپ قالدى .

چاي ئىچىلىپ بولدى . خوجايىن ئايال ماھىنۇرغا ماللارنى توپ ساتىدىغان بازارلارنى كۆرسىتىپ كېلىش ئۈچۈن ، كوچىغا چىقتى - دە ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ شۇياققا قاراپ ماڭدى .

ئۇلار ئۇستى يېپىلغان ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن كەتكەن دۇكانلار كوچىسىغا كىردى . شۇنىڭ بىلەن ھەرخىل ماللارنى كۆرۈش ، باھاسىنى ئۇقۇشۇش باشلاندى . ماھىنۇر بۇ يەردىكى قىسما - قىسما ماللارنىڭ كۆپلۈكىگە ھەيران ئىدى ، شۇنچە نۇرغۇن ماللار قاچان سېتىلىپ بولار ، دەپ ئويلايتتى . بىر توپ مال سېتىلسا ، جاۋەنگە ياكى پۈكەي ئۈستىگە يەنە بىر توپ مال قويۇلۇپ تۇراتتى . بۇ دۇكانلار خوجايىنلارنىڭ ھەم مال ساتىدىغان دۇكىنى ھەم تۇتۇلغان ئۆيى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى . ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى بىرەر ئىش ئۈچۈن ئايرىم ۋاقىت چىقىرىلمايتتى ، بىر ياقتىن سودىسىنى قىلىۋېرەتتى . بىر ياقتىن تاماق ئېتىۋېرەتتى ، يەۋېرەتتى ۋە بالىلىرىمۇ مۇشۇ دۇكاندا چوڭ بولىۋېرەتتى . كىرىپ - چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەركىنرەك ماڭغىلى بولمايتتى . دۇكانلارنىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك بۇزۇلۇپ كەتكەنكى ، ساقلىقى ئانچە ياخشى بولمىغان ئادەملەرنىڭ بېشى قېيىپ مۇدۇرۇلۇپ كېتەتتى ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى ، بۇ يەردىن چىقىپ كەتكۈچە جېنى ئالدىرايتتى . ئوخشاش ماللارنىڭ باھاسىمۇ بىر — بىرىگە ئوخشىمايتتى . بىر دۇكاندا سەككىز سوم دېگەن شېرىس ياغلىق ، يەنە بىر دۇكاندا توققۇز سوم ياكى

يەتتە سوم دېيىلەتتى. ماھىنۇر بۇ يەردىن مال ئالغاندا ئىنتايىن زېرەك بو-
لۇشىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەنمەكتە ئىدى. بەختىخان ئۇرۇمچىدىكى
ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ، ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەردىكى سودى-
گەرلەرنىڭ مەشەدىن توپ ـ توپ مال ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، مۇشۇ
دۇكاندا ئولتۇرغانلارنىڭ ماللىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك پويىز بىلەن ئۇلار-
نىڭ شېرىكلىرى ئارقىلىق ئىچكىرىدىن كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى
سۆزلىمەكتە ئىدى. ماھىنۇر قىلماقچى بولۇۋاتقان تىجارەتكە يول ئېچى-
لىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى.

ئۇ بەختىخانىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يوغان بىرىزېنت سومكىدىن
بىرنى ئالدى ـ دە، تىجارەتنى رەسمىي باشلىماقچى بولدى. نېمىدىن
باشلاش كېرەك؟ ئىشنىڭ بېشى خەيرلىك بولۇشى، ئۆتىدىغان مالدىن
باشلىنىشى كېرەك، بۇ دەسلەپ ئوقەتكە كىرگەن ئادەمنى ئويلاندۇرىدى-
غان بىرىنچى مۇھىم ئىش. ماھىنۇر تۈنۈگۈن بازار ئارىلاپ ئۇششاق
ئېلىپ ـ ساتالارنىڭ قولىدىن قانداق ماللارنىڭ ئىتتىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى
بىر قۇر كۆرگەن. ئىتتىك ئۆتكەن مالنىڭ پايدىسى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ
ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى تەمىن ئېتىدۇ. مۇنداق روھىي ھالەتنى
ئۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇ بويىچە ئۇ بەختىخانغا توپ باھادا ھەر
دانىسى سەكسەن تىيىندىن سېتىلىۋاتقان لۆڭگىدىن ھازىرچە يۈزنى ئال-
ماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. بەختىخان بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

— بولىدۇ، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ئۇ بىر كوي،
ھۆكۈمەت ماگىزىنلىرىدا ئىككى كوي مۇ سېتىلىۋاتىدۇ، بىلىپ
بويسەن ـ ھە؟ — دېدى ئۇ، — قانداقراق، خېلى ئىتتىك
ئۆتۈۋېتىپتىمۇ؟

— ھەئە، ئىتتىك ئىكەن.

— ئالدىرىما، تالىشىپ يۈرۈپ يەتتە موچەندىنمۇ ئالغىلى بولىدۇ.

راست دېگەندەك ئىككىسى نەچچە دۇكانغا كىرىپ، تالىشىپ يۈ-
رۈپ، يەتمىش تىيىندىن يۈز دانە لۆڭگە ئالدى ـ دە، بازاردىن چىقتى.

ئەمما، ماھىنۇر بازاردىن چىقىشىغىلا ئىككى نەرسىنىڭ كەينىگە

كىرىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ لۆڭگە سېلىنغان سومكىسىنى قولدىن ـ قولغا ئېلىش ئارىلىقلىرىدا ئۇلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارمۇ تاپ بېسىپ بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كېلىۋاتاتتى. بەختىخان ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز هالدا خاتىرجەم كېتىپ بارىدۇ.

ماهىنۇرنى ئەندىشە باسقىلى تۇردى:

— بەختىخان هەدە، كەينىمىزگە ئىككى نەرسە چۈشۈۋالدى، خېلىدىن بېرى ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

— قانداقلارچە كۆردۈڭ، يا دۈمبەڭدە كۆزۈڭ بارمۇ، قېنى؟ — بەختىخان كەينىگە قايرىلىپ، راستتىنلا ئىككى ئادەمنىڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، — كەينىگە چۈشۈۋالسا، جىلۋە قىلىپ ئۆتكىتىپ قويغان ئاياللار بار ـ دە، شۇڭا چۈشۈۋالىدۇ، مەن بار، قورقما، مېنىڭ بىلەن بىللە بولساڭ، هەر قانداق چاغدا ئەندىشە قىلماي مېڭىۋەر، چېقىلسۇنا قېنى، كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بېرىپ قويىمەن.

— جېدەل چىقىپ كېتەرمۇ، دەپ قورقىمەن.

— يالغۇز بولساڭ، ساڭا كېلىپ سۆركەلسە، چىرايلىق گەپ قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بول، ئەركىشى دېگەن ئۆزىنىڭ قىلغىنى هەق بولسۇن، ناهەق بولسۇن قاتتىق گەپتىن ئاچچىقى تۇتىدىغان، سىلىق گەپتىن پىلىكتەك يۇمشاپ پەيلىدىن يانىدىغان خەق. ئەمما سەن مېنى بىلمەيسەن، مەن دېگەن بارغۇ، مەن ـ مەن دېگەن ئەرنى مۇشتلىشىپ يىقىتىۋېتەلەيدىغان خوتۇنمەن، غەم قىلماي مېڭىۋەر دەيمەن.

ئۇنىڭغىچە ئۇلارمۇ يانداپ كېلىشتى، قاتارلىشىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، بىرسى:

— پاراڭلىشىپ ماڭايلى، — دېدى هىجىيىپ.

بەختىخان دەرهال توختىدى:

— هە، ماۋۇنىڭغا كۆزۈڭ چۈشتىما، هېلى جېنىڭنى ئالىدىغان ئىگىسى بار جۇما بۇنىڭ، يولۇڭغا ماڭ.

— كۆڭلىمىز تارتىپ بىللە ماڭغۇمىز كەلدى، تونۇشۇپ قويايلى

دەيمنا خانىم ؟

— قانداق كۆكۆل ئۇ، ئۇچراشقاننى تارتىدىغان ؟

— بۇ . . . ئويناپ تۇرىدىغان . . .

— ئوينـاپ تـۇرىـدىغان ؟ . . . ئۇ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — سـاڭا ياخشىلىقچە ئېيتىپ قوياي ، ئوينىتىدىغانلارنى تاپ ، بىزگە سايىدەك ئەگىشىۋالماي .

— ئەمدى . . . كۆكۆل دىگەن . . .

— نىماداق بىزەڭ نىمسەن ، يا مەن بىلەن مۇشتلاشقۇڭ بارمۇ !

ئىككىسى بەختىخاننىڭ يىنىپ كەتكەن چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىگە ، مـايـلىشىـپ پـارقىـراپ كـەتكەن ، جىددىيلەشكەن گۆشلۈك يۈزىگە ۋە گـەۋدىـلـىـك ، قـوپال بەستىگە بىر قارىدى ـ دە ، ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى . ئەمما ماھىنۇر جىدەل چىقىپ كەتمىگىيدى ، دەپ ئالاقزادە بولدى .

— گـەپ قـىلـە ، ھەزىـلەك ! — بەختىخان مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ، سۈرلۈك تـۇستە ئىككىسىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ بىرىۋىدى ، ئۇلار كەينىگە داجىدى ـ دە ، بۇرۇلۇپلا كىتىپ قالدى .

— بـىـلـىـپ قـويـۇش ، سەنـلـەر تۇرماق ، دىۋىدىنمۇ يانمايدىغان خوتۇنمەن ، — دىدى بەختىخان كەينىدىن ۋارقىراپ .

مـاھىـنـۇرنـىـڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى ۋە ئۇ بۇنىڭدىن كىيىنكى تـىـرىـكچـىـلـىـكـىـدە ئاجايىپ قورقۇمسىز يۈلەنچۈككە ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈندى .

## 11

— توختا ، ئۆيدە ئادراسمان بار ، ئىسرىقداپ قوياي .

يـۈز دانـە لـۆڭـگـە سىلىتتىغان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ماھىـنۇرنـى ھويـلـىـنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، خوجايىن ئايال شۇنداق دەپ تـوخـتـىتىۋالدى . بۇ ماھىنۇرنىڭ ياتىقىدىن « بىسمىللا » دەپ چىقىشى ۋە بـۇ يـات شـەھەردە تىجارىتىنى باشلىماقچى بولۇپ ، بىرىنچى قېتىم بازارغا مـىـڭىشى ئىدى . ئۇ كەينىگە قايرىلىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇ-

رىسىدا تۇرۇپ قالدى. خوجايىن ئايال ئۆيدىن بىر پارچە كۆمۈر چوغى سېلىنغان ئەسكى تۆمۈر قاچىنى ئېلىپ چىقتى ـ دە، چوغنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن ئادراسمانىنى ئۇشتۇپ سالدى. ئۇنىڭدىن ئاقۇچ، بىر خىل دورىدەك پۇرايدىغان ئىس كۆتۈرۈلدى. ئۇ شىپالىق ئىس پۇر- قىراپ چىقىۋاتقان قاچىنى ئىخلاس بىلەن ماھىنۇرنىڭ يوغان سومكىسىدىن، باش ئۈستىدىن بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ بولۇپ:

— مانا ئەمدى ماڭ، ماللىرىڭ تېز ـ تېز ئۆتىدۇ، ئوقتىڭ يۈرۈ- شىدۇ. پۇلۇڭغا بەرىكەت قوشۇلىدۇ، — دېدى.

ماھىنۇر كوچىغا چىقىپلا ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقى ئېنىق بولمىغان تىجارىتىنى مۇنداق تېز باشلاپ كەتكىنىگە ھەيران بول- دى. «بەختىخان ھەدەمگە يولۇقۇپ قالمىغان بولسام، نەلەردە قاڭقىپ يۈرەتتىمكىن، — دەپ ئويلىدى ئۇ قىسمىتىدىن رازى بولۇپ، ئىشلىرى- نىڭ ئوڭغا تارتىشى ئەسلىدە ھېلىقى سادىق ئىسىملىك بالىغا ئۇچراپ قالغانلىقىمدىن باشلانغان. ئۇ مېنى مەشەگە باشلاپ كەلمىگەن بولسا، مې- نىڭدەك بىچارىنىڭ بېشىنى سىلايدىغان مۇنداق كۆيۈمچان، مەردانە خوتۇننى نەدىنمۇ تاپالايتتىم؟... بەختىخان ھەدەم ئەسكى ئادەملەر كۆ- پىيىپ كەتتى، دەيدۇ، لېكىن ياخشى ئادەملەرمۇ كۆپ ئىكەن، ھە دەپلا ئىككىسىگە ئۇچرىدىم.»

ئۇششاق تىجارەتچىلەر، دۇكاندارلار ئادەم كۆپ يەرلەرنى تاللايدۇ، دۇكانلىرىنى مۇشۇنداق يەرلەردىن ئېچىشنى، ئۇششاق تىجارەتچىلەرمۇ مۇشۇنداق يەرلەردە ماللىرىنى يېيىپ قويۇپ تۇرۇشنى ئويلايدۇ. دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىنىڭ ئالدى مۇشۇنداق ئاۋات يەر. بۇ يەردە كونا ـ يېڭى كىيىم ـ كېچەكلەر، باھاسى چۈشۈرۈلگەن ھەرخىل ماللار كۆپ. تۈنۈگۈن بەختىخان بىلەن ماھىنۇر توپ سېتىش بازىرىدىن يېنىپ مەشەگە كەلگەن ۋە ماھىنۇرنىڭ مەشەدە تۇرۇپ ئوقەت قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپ كېتىشكەن. شۇ مەسلىھەت بويىچە ماھىنۇر دۆڭكۆۋرۈك بازىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، باھاسى چۈشۈرۈلگەن لۆڭگە، ھەرخىل پاي- پاقلار، ياغلىقلار، ئەتىر سوپۇن، تاغاقلار، ئۇششاق باللارنىڭ

ئاياغلىرى، ئۆيدە سۆرىۋالىدىغان كەشلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشقان ياش ـ قېرى تىجارەتچىلەرنىڭ قاتارىغا قېتىلدى . ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىر نەچچە تال لۆڭگىنى بىلىكىگە ئارتىپ ، يوغان سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويۇپ ، خېرىدار كۈتۈپ تۇردى . ھەر كۈنى مەشەدە تۇرۇۋاتقان باشقا ئوقەتچىلەر ھازىرغىچە ئۆز سېپى ئىچىدە كۆرۈنمىگەن بۇ ياش چوكاننىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ئىچى تارلىقى تۇتتىمۇ ياكى چىرايىغا ھەسەت قوزغالدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويۇشتى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ھەرخىل گەپلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچىمۇ بولدى . بازاردا ، بولۇپمۇ ئاياللار ئىچىدە ، كۈندىلىكنى كۈندە تېپىپ يەيدىغان مۇشۇنداق ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئارىسىدا سانىماي سەككىز دەيدىغانلار كۆپ بولىدۇ . ئۇلار ئۆز ئارا كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى . بىرلىرى : نەدىن پەيدا بولدى بۇ ، بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كېلىپ ، ئۆندەرگەندەك مەشەگە كېلىپ قالغانمىدۇ ؟ دېسە ، بىرلىرى : چىرايلىقلار ئىچىدە ئەسكىسى كۆپ بولىدىغان . بۇزۇقچىلىق قىلىپ قويۇپ ، ئېرى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان بولسا ، تۇرمۇش غېمى بىلەن مەشەگە كېلىپ قالغان نەرسىدۇر ، دەيتتى . يەنە بىرلىرى : ئۇ ئاشۇ چىرايى بىلەن بەش كۈن لۆڭگە يېيىپ قويۇپ ئولتۇرىدىغان نەرسە ئەمەس . شۇنى باھانە قىلىپ ، ئۆزىگە خېرىدار چاقىرىپ تۇرغان خېنىم بۇ ، قاراڭلار ، ئەرلەرنىڭ ئۇنى بىر تاغار گەپكە سېلىپ ، ئاشۇنىڭلا لۆڭگىسىنى ئېلىۋاتقىنىنى . . . دېيىشمەكتە ئىدى . دەرۋەقە ، بەزىلەر ئېھتىياجى بولمىسىمۇ ، بۇ چىرايلىق چوكانغا گەپ قىلىش ، چېكىپ بېقىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ لۆڭگىسىنى ئېلىۋاتاتتى . ماھىنۇر بۇ ئەھۋاللارنى سەزمەي قالغىنى يوق ، ئۆزى بىلەن قاتارلىشىپ تۇرغان ياش ـ قېرى ئاياللارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى ، قانداق نەزەردە قاراۋاتقىنىنى ، قايسى ئەرلەرنىڭ لۆڭگىسىنى قانداق نىيەت بىلەن ئېلىۋاتقىنىنى بىلىۋاتىدۇ ، چۈشىنىۋاتىدۇ . ئۇ چىرايلىقراق ئاياللارنىڭ ئۈستىدىن تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەندەك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى ۋە مۇنداق ئاياللارغا بەزى ئەرلەرنىڭ بىر سۇركەلگۈسى كېلىدىغانلىقىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، مۇھىمى

ئايالالار ئۆزىگە چىلاڭ بولۇشى، ياغلىما گەپلەرگە، ئەتەي ئىيتىلغان ئۇ-چۇرۇشلارغا، ھېسسىياتلىق سۆزلەرگە بېرىلىپ كەتمەسلىكى، ئىرادىلىك، سەزگۈر بولۇشى كېرەك، بولمىسا زىيىنىنى تولدۇرۇۋالغىلى، ئازابىنى يەڭگىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

بۇ قايناق بازار چۈشكە يېقىن ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. نەچچە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر بۇ يەردىن مال ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۇ-تۇشۇپ تۇرغاچقا، يۈزلىگەن ئوقەتچىلەر تىرىكچىلىكنى تەمىن ئېتەتتى. ئەڭ بولمىغاندا، بىر كۈنلۈك قورسىقىنى قامدىيالايتتى. مەشەدە تۇرغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر خۇددى رىزقى مۇشۇ بازارغا چېچىۋېتىلگەندەك ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئوقىتىگە يارىشا ئاز بولسىمۇ ئۆز رىزقىنى تېرىپ ـ تې-پىپ كېتەلەيدۇ. ئەمما، ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىكى، بىرلىرى كۈنىگە يۈز سوم تېپىپمۇ قانائەت قىلمايدۇ، بىرلىرى كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ سوم تاپقىنىغا شۈكۈر قىلىدۇ؛ بىرسى ئاسانلا تاپىدۇ، يەنە بىرسى تەستە تاپىدۇ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن تاپىدۇ. بىر چاغلاردا قايسىدۇر بىر چەت ئەللىك توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەر قانداق نەرسە تېپىلىدىغان قەشقەرنىڭ قايناق، ئاۋات بازىرىنى كۆرۈپ: بازار ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكى، دەپتىكەن، راست، بۇ يەرگە كىرگەن ئادەم ئۆز نېسىۋىسىنى تاپالايدۇ.

ماھىنۇر چۈشكىچە يىگىرمە نەچچە لۆڭگە ساتتى. يېرىم كۈنلۈك ئوقىتىدىن رازى بولۇپ: «بىر كۈنلۈك غىزالىنىشىم، ياتاق ھەققى تېپىلدى، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ـــ ئەمدىكىسى دەسمايەمگە قوشۇلىدۇ، بۇمۇ بولىدىكەن، ھەر كۈنى يۈزى سېتىلىپ كەتسە، ياتاق ھەققى، تامىقىمدىن باشقا يىگىرمە سوم قالسا بولمىدىمۇ، ئون بەش سومىمۇ قال-سۇن، مەن ئۈچۈن بۇ يۇرۇشكەن تىجارەت بولمامدۇ. ئەتىگەن بەختىخان ھەدەمنىڭ ماللىرىمنى ئىسرىقداپ قويغىنىنىڭ پايدىسى بولدى ئەتىمالىم، يەرىزىمچە باشقىلاردىن كۆپرەك ساتتىم.»

لېكىن، چۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ مىلى ئۆتمەي قالدى. قورسىقىمۇ تازا ئاچتى، نەچچە سائەتلەپ ئۆرە تۇرماق ئاسان ئەمەس ئىكەن. «ھەر كۈنى ئاچىققان مالنىڭ شۇ كۈنى تۈگەپ

كەتكىنى ياخشى، ئېشىپ قالغان مالنى ئەتىسى ساتماقمۇ قىين ھەم كىشىنىڭ كۆڭلى سوۋۇپمۇ قالىدۇ. ياخشىسى، بۈگۈنلا باھاسىنى چۈ-شۈرۈپ سېتىپ، تۈگىتىۋېتەي، ــ دەپ يەنە ئويلىدى ئۇ، ــ ئوتتۇز تىيىن پايدا ئېلىپ كۈنىگە يىگىرمە لۆڭگە ساتقاندىن كۆرە، يىگىرمە تى-يىندىن پايدا ئېلىپ كۈنىگە قىرىق لۆڭگە ساتسام، ئۇنىڭ پايدىسى كۆپرەك بولىدۇ ئەمەسمۇ.»

ئۇ شۇ يەرلىكلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، بىر سومدىن سېتىۋاتقان لۆڭگىنى توقسەن تىيىن، دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ لۆڭگىسى تېز ئۆتۈشكە باشلىدى. ماھىنۇردىن ئىككى ئادەم نېرىدا ئول-تۇرغان، سودىسى تازا بولماي، ئوغىسى قايناپ تۇرغان، قارامتۇل يۈزلىرى قورۇلۇپ كەتكەن، چىقىر كۆزلۈك پاكار موماينىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

ــ نېمانداق بازارنى بۇزىسەن، ــ دېدى ماھىنۇرنى «سەنلەپ»، ــ بىر كويدىن سېتىلىۋاتقان مالنى توققۇز موچەن دەيسىنا؟

ــ چاپسانراق سېتىلىپ كەتسۇن دەۋاتىمەن، چوڭ ئانا، مال دې-گەننىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كەتكىنى ياخشى.

موماينىڭ كۆزلىرى ئالايدى:

ــ تېزرەك ئۆتۈپ كەتسۇن، دەپ ئۇنداق ئەرزان ساتساڭ، قورسىقىڭغا قانداق نان تېپىپ يەيسەن؟

ــ جىقراق سېتىلسا، نانمۇ كۆپرەك كېلىدۇ ئەمەسمۇ.

ــ جىقراق ساتىمەن، دەپ باھانى بۇزساڭ قانداق بولىدۇ، ھەم-مىمىز بىر كويدىن سېتىۋاتساق؟

ــ سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا ئەمەسمۇ، چوڭ ئانا.

ــ بىزنىڭ رىزقىمىزغا توپا چېچىۋاتساڭ.

ــ مەنمۇ ئالغىنىم بويىچە ساتتىم.

ــ سەن قانچىدىن ئالغان؟

ــ ئۆزۈم بىلىمەن.

ــ شۇ، قاش ئېتىپ ئالغان ئوخشايسەن...

بىردىنلا غەزىپى ئۆرلىگەن ماھىنۇر بىر نىمە دېمەكچى بولدى ـ دە ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، ئېغىزىنى گەپكە ئۆمەللىگىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئەمما موماي تېخىمۇ ئەدىدى :

ــ خەقلەر سېنىڭ مېلىڭنى ئەمەس ، قاش ـ كۆزۈڭنى ئېلىۋاتاتتى ، بىكار مېلىڭنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ئاۋارە بولدۇڭ .

« ئۆزىلا سودا قىلىپ ياخشى ئۆتسە ، باشقىلار سودا قىلالماي قېپىلىپ ئۆتسە خۇشال بولىدىغان موماي ئىكەن ـ دە بۇ . » دەپ ئويلىغان ماھىنۇر ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۈنچىقمىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماكا سېتىۋاتقان ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بالا قولىنى جونۇپ تۇرۇپ مومايغا ۋارقىراپ كەتتى :

ــ نېمانداق ئىچىڭ تار خوتۇنسەن ! قانچىدىن ساتسا ئۆزىنىڭ ئىشى ، نېمە كارىڭ ، ھەممىمىز سېنىڭ دېگىنىڭچە ئىش قىلامدۇق !

ــ ئولتۇر ، سويما ، ــ موماي مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قولىنى پۇلاڭلاتتى ، ــ نېمانچە يان بېسىپ كەتتىڭ ئۇنىڭغا ، سېنى ئۇبدان رازى قىلىپ قويغان ئوخشىمامدۇ ئۇ . . .

ــ ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جەددال ! ــ غەزىپى بىردىنلا ئۆرلىگەن بالا مومايىنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى ، ــ كىمنىڭ مېلى كۆپرەك سېتىلسا ئىچىڭ ئاداپ ، يىگىنە يېگەن ئىتتەك تولغىنىپ ئولتۇرالماي قالىسەن ، شۇنچە يېشىڭ بىلەن ئەسكى گەپلەرنى قىلىشتىن ئۇيالمامسەن ؟ . . . ماۋۇ يۈزمۇ ، باشقا نەرسىمۇ .

ماھىنۇر ئىتتىك بېرىپ بالىنىڭ مومايىنىڭ يۈزىنى نوقۇۋاتقان قولىنى تارتتى :

ــ بولدى ، ئۇكام ، ئۇنداق قىلما ، چوڭ ئادەم ئەمەسمۇ .

ــ قارىمامسىز ، گېپىنىڭ ئەسكىلىكىنى ، سىز بىلمەيسىز ، كەچكىچە باشقىلارغا ھەسەت قىلىپ ، كىمنىڭ مېلى سېتىلىپ كەتسە ، شۇنىڭغا چىدىماي ئولتۇرالماي قالىدۇ ، سىزغۇ بۇنىڭغا ئوخشاش لۆڭگە سېتىۋاتىسىزغۇ ، مېنىڭ تاماكام كۆپرەك سېتىلىپ كەتسە ، شۇنىڭغىمۇ

چىدىمايدۇ .

— بوپتۇ ، ئۆزىنىڭ ئىغىزى ، سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ھارىدۇ .

باشقىلار مومايىنى ئەيىبلىدى ، بالىغا تەسەللى بەردى . شۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈلگەن غوۋغا بېسىلىپ قالدى .

ماھىنۇر بالىنى بېسىپ قويغان بىلەن ئەمما ئۆزى ئىچ ـ ئىچىدىن يېنىپ ئازابلىنىۋاتاتتى : « كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ئوقەت قىلماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن ، دەشنام يەپ تۇرىدىغان گەپ ئىكەن ، 〈 يېتىم دۆڭگە چىقسا مۈشت يەر 〉 دېگەنلەر توغرا دەپتىكەن ، — ماھىنۇر ئۆزىنى خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ، — بۈگۈن بازارغا بىرىنچى قېتىم چىقىشىم ، بىرىنچى مۈشت تەگدى . قانداق قىلىمەن ، مەن بۇ يەرگە مۇساپىر ، كىمگە قاش ئېتىپتىمەن ، دەپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلايمۇ ، جېدەل چىقىرايمۇ ؟ ... ياق ، ئۆزۈمنى ئەسكى قىلىۋالىمەن ، 〈 يېڭىكلىك شەيتانلىق ، ئېغىرلىق راخمانلىق 〉 دېگەن گەپ بار ، ئۇنىڭسىزمۇ توغرا سۆزلۈك ، ھەققانىي ئادەملەر چىقىدىكەنغۇ ، مۇنۇ بالىدىن باشقا ، يەنە بىر مۇنچە ئادەملەرمۇ چىقىپ ، ئۇنى ئەيىبلىدىغۇ ، شۇمۇ يېتەرلىك ، مەن مەشەدە مۇشۇلار بىلەن بىللە ئوقەت قىلىدىغان ئادەم ، ئېغىرلىق قىلاي ، ھەسەتخورلۇق ھازىرلا كۆرۈلۈۋاتقان نەرسە ئەمەس ، ئادەملەر ئارىسىدا بار نەرسە . بىر ـ ئىككى ئېغىز ئاچچىق تىل ، ھەتتا قامچا ـ تاياق بىلەنمۇ تۈگەپ كەتمەيدۇ . ئەسكى ئىللەتلىك ئادەم ئۆلسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىللىتى ئۆلمەيدۇ ، شۇ ئىللەتنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى بىر ئادەم پەيدا بولىۋېرىدۇ . ياخشىسى ، ئېغىر بولاي ، ئۇنداقلارغا تېخى قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلاي ، ئەڭ شىپالىق دورا مۇشۇ . توۋا ، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلغۇچە ، كاللىسىنى ھەسەت قىلىشقا ئىشلەتكۈچە ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئىشلەتسە بولمامدىغاندۇ ؟ . . . »

ماھىنۇر چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قالغان لۆڭگىلىرىنى سېتىپ تۈگىتىۋەتتى . مۇشۇ باھادا يەنە قىرىق ـ ئەللىك لۆڭگىسى بولسىمۇ ، سېتىلىپ كېتەر ئىدى . ئۇ بايىقى

كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، سودىغا كىرىشكەن بىرىنچى كۈنىدىن ئىنتا-يىن رازى بولۇپ، شادلىق تۇيغۇلىرىدا يېنىپ، قۇرۇق سومكىسىنى قولتۇقلىغان پېتى بازاردىن يېنىپ چىقتى. ئۇ شۇ چاغدىلا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، سامسىخانىغا كىرىپ بەش دانە سامسا بىلەن بىر چەينەك چاينى ئىچىۋېتىپ، ئەتىلىك مال ئۈچۈن توپ ساتىدى-غان بازارغا ماڭدى ۋە بازارنى ئانچە ئارىلاپ كەتمەيلا، تونۇگۈن لۆڭگە ئالغان خوجايىندىن يەنە يەتمىش تىيىندىن ئىككى يۈز دانە لۆڭگىنى ئې-لىپ، ياتىقىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئېغىر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ هويلىغا كىرىپ كېلىشىگە ئۆيىدىن چىققان بەختىخان:

— ۋاي خۇدايىم، مېلىڭنى ساتالمىغان ئوخشىمامسەن، سومكاڭ پومپىيىپ تۇرىدىغۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنىڭ ئاق ياختىسىنى چىقىرىپ. ماهىنۇر ئۇن چىقارماي، قاپقارا كۆزلىرى بىلەن كۈلۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— نېمە ئالامەت بۇ، كۆزلىرىڭ كۈلۈپ تۇرىدۇ، سومكاڭ بىزىرىپ تۇرىدۇ؟

— ئەنسىرىمەڭ، بەختىخان هەدە، — دېدى ئۇ سومكىسىنى يەرگە قويۇپ، — تۈنۈگۈنكى لۆڭگىلەرنى سېتىپ بولدۇم، نان بەرگەن مالدىن يانماي، دەپ بۈگۈن يەنە شۇ لۆڭگىدىن ئىككى يۈزنى ئالدىم.

— شۈكرى ـ شۈكرى، مۇنداق دېگىنە... ئەجەب تېز سېتىپ بوپسەنا؟

— چۈشكىچە بىر سومدىن ساتتىم، چۈشتىن كېيىن ئۆتمىگىنى تۇرۇۋېدى، بۈگۈندىن ئېشىپ قالمىسۇن، دەپ باشقىلارغا قارىمايلا، توقسەن تىيىندىن سېتىۋېدىم، تالاپلا كەتتى.

— ئوغۇل بالا! ئۆلەي دېگەن مالنى تىرىك مالغا ئايلاندۇ-رۇپسەن، — بەختىخان هاياجانلاندى، غوللۇق بەستى سىلكىندى، — شۇنداق قىلىپ قانچە پايدا ئاپسەن؟

— يىگىرمە تۆت سوم.

— يارايسەن ، پەمىلك بارئىكەن . . . مۇنۇ كۆكتاتچىلارنى قارا ، پەمىدۇرنى كىلوسى تۆت موچەن ، دەپ كەچكىچە ئولتۇرىدۇ ، دەسلەپتە ئۆتمىدۇ ، كېيىن ئۆتمەي قالغاندا ، ئۈچ موچەن ، ئىككى موچەن ، دەپ تۈگىتىۋەتسە بولمامدۇ دەيمەن ، ئۇنداق قىلماي جاھىللىق قىلىدۇ ، ئاخىر نېمە بولىدۇ ؟ پۇلىشىپ ، سېسىيدۇ ، ئاندىن ئايرىپ تاشلايدۇ . جىق پايدا ئالىمەن ، دەپ ئاز پايدىدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ .

— بازار ئەھۋالىنى ئىگىلىمەي تىجارەت قىلساق ، روناق تاپالمايمىز ، بەختىخان ھەدە .

— پەمىلك بار ئىكەن ، ئەقىللىق ئىكەنسەن ، يول تاپمىغان ئادەم پۇل تاپالمايدۇ ، سەن چوقۇم باي بولىسەن .

ماھىنۇر بۈگۈنكى سودىسىدىن خۇشال ئىدى . ئاق ، سىپتا يۈزىدىنمۇ ، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرىدىنمۇ ، قاپقارا كۆزلىرىدىنمۇ ئىللىق تەبەسسۇم چاقناپ تۇراتتى . بىرىنچى قەدەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقانلىقىدىن ، كىچىككىنە كىرپىك قاقماي ئويلىغان ۋەھىمە ـ ئەندىشىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . خوجايىن ئايالنىڭمۇ خۇددى ئۆز مېلىدىن پايدا ئالغاندەك چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى كۈلۈپ ، ماھىنۇرنىڭ بىرىنچى ئامىتىدىن پۈتۈن ئەزايى ـ بەدەنلىرى يايراپ كەتكەنىدى . قارىياغاچ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلار ۋىچىرلىماقتا ، ئولتۇرۇپ كېتىپ بارغان كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىدە نازغىپ ئوينىماقتا ئىدى .

— تېخى لۆڭگىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋاتسام ، يېنىمدىكى بىر موماينىڭ قىلىپ كەتكىنىنى دېمەمسىز ، — دېدى ماھىنۇر .

— ھە ، نېمە دېدى ئۇ ؟

— سەن بازار باھاسىنى بۇزۇپ ، نېمىشقا مېلىڭنى چۈشۈرۈپ ساتىسەن ، قاش ئېتىپ ئالغانمىدىڭ ئۇنى ، دەپ تىللاپ كەتتى .

— ما يولسىزلىقنى ، سەن نېمە دېدىڭ ؟

— ھېچنېمە دېمىدىم .

— نېمىشقا ؟ — بەختىخاننىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتتى .

— لېكىن يېنىمدا تاماكا سېتىپ ئولتۇرغان بالا ، — دېدى ماھىنۇر

ئېغىر ـ بېسقلىق بىلەن ، ـــ كۆرەلمەستىن كۆرەلمەسكە سىلىپ تىللاپ ، ئۇنىڭ تازا ئەدىپىنى بەردى . ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىۋىدى ، ئۇنى يەنە مەن بېسىپ قويدۇم .

ـــ سەن قورقۇنچاق ، ماۋۇ شەھەرگە يېڭىياچىمەن دېدىڭ ـ دە ، مەن بولسام تەستىكىگە سىلىپ ، ماخىرىنى يانجىۋېتەتتىم ، مىجەزىڭدىن قارىغاندا ، سەن ئۇنداق قىلالمايسەن ، بوپتۇ ، ئىچى تار ئادەمنىڭ گېپىنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ ، ئەتە يەنە شۇ يەرگە بارىسەن ئەمەسمۇ ، ـــ دېدى ئۇ .

خوجايىن ئايال ماھىنۇرنى ياتاققا ئەمەس ، ئۆيىگە باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا چۈشتە ئېلىپ قويغان يېرىم تاۋۇزنى تىلىپ بەردى .

## 12

كىشىلەر كۆكۆل ئازادلىقىغا ئېرىشىپ ، رازىمەنلىك تۇيغۇلىرىدا يانغاندا ، ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ ، شادلىققا چۆمۈلگەندە ۋە كۆكۆل ـ كۆكسى كۆتۈرۈلگەندە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسكە ئېلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ يۈرەكتە قېتىپ قالغان يارىلىرى قوزغالسىمۇ ، شۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان ئىشلارنى ئىزھار قىلىشقا ـــ ئىككىنچى بىر ئادەمگە سۆزلەپ بېرىشكە خۇشتار بولىدۇ .

ئەسلىدە ، ئىككىسىنىڭ كۆكۆل يارىلىرىنى ئىزھار قىلماقچى بولـ غانلىقىغا مۇنۇ ئىش سەۋەب بولدى : خوجايىن ئايال كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، ماھىنۇرغا سەنمۇ يېتىم ئىكەنسەن ، مەنمۇ يېتىم ، ئىككىمىز ئاچا ـ سىڭىلدەك ئۆتەيلى . مېنىڭ ياتىقىم سېنىڭ ئۆيۈڭ بولدى . ئەمدى كۈندە بازارغا ماڭىسەن ، مۇشۇ يولغا چۈشتۈڭ ، چۈشتە بىر ۋاقلىق تامىقىڭنى بازاردىن يە ، ئىككى ۋاقلىق تامىقىڭنى تارتىنماي مۇشۇ قورۇنىڭ خوجايىـ نىدەك بىزنىڭ ئۆيدىن يە ، ئېرىم كەڭ ئادەم ، كەلگەندە بىلىپ قالىسەن ، دېگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ماھىنۇر بۈگۈن ماللىرىنى تېزلا تۈگىتىپ بازاردىن خۇشال قايتقاندا ، بەختىخان ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق خۇشال بولۇپ كەتتى . بۇ روھىي ھالەت ۋە ئاشۇ گەپلەر تەسىرىدىن ماھىنۇرنىڭ كۆز

چاناقلىرى ياشقا تولدى. شۇ چاغدا بەختىخان يەنە: خېلى دەردلىك باردەك قىلىدۇ، ھەددەم بىلەن پېتىشالماي كەلدىم، دېدىڭ، تولۇقراق سۆزلىگىنە، پېتىشالمىغانلىقىڭنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇقاي، ئىككىمىزنىڭ دەردى بىر يەردىن چىقىپ قالامدۇ تېخى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماھىنۇر سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە، كۆڭۈل يارىلىرىنى ئىزھار قىلىشقا ئۆتكەندى.

ماھىنۇر، كىتابخانلارغا مەلۇم بولغان ئابدۇقادىر بىلەن قاچقان ئىشلىرىنى، ئۆزىنى ھەسەنجان ئاتلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئابدۇقادىرنىڭ چاڭگىلىدىن ئۇستىلىق بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى، بۇنى كېيىن ھېس قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— مېنى ئاشۇ ھەسەنجان قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. شۇ چاغدا ئۇ ئونىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. بۇنىڭغا ھازىر بەش - ئالتە يىل بولدى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى كۆرمىدىم. ئونىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقىپ كەتتىمۇ ياكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدىمۇ، ئوقۇشنى تۈگىتىپ غۇلجىغا كەتتىمۇ ۋە ياكى مەشەدە خىزمەت قىلىۋاتامدۇ، بۇ تەرەپلىرى ماڭا قاراڭغۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ مەخمۇت ئىسىملىك دېھقانغا ياتلىق بولغانلىقىنى، ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشمەي بەش يىلدىن كېيىن ئاجرىشىپ، ئۆز ئۆيىگە (شەھەرگە) يېنىپ كىرگەنلىكىنى، (يېزىدا قىلىپ قويغان ئەسكى ئىشى ئۈچۈن ئېرىنىڭ قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئېيتمىدى. ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى) بايان قىلىپ، ئاندىن ھەدىسى بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى سۆزلەپ تۈگەتتى - دە، ئاخىرىدا يىغلامسىراپ تۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى:

— يارى ئىسىملىك بالا بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇھەببەت مۇناسىۋىتىمىز بولمىغان، تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئويۇن كۆرۈپ، تۈز يولىمىز بىلەن قايتىپ كەلگەن. ھەدەمنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى بارلىقىنى قىلچىمۇ ئۇقماپتىمەن، بولمىسا ئويۇنغا ئىككىڭلار بېرىڭلار، دېمەمدىم.

لېكىن ، ھەدەم مېنى بۇزۇقتىن ـ بۇزۇقلا ، شەرمەندىدىن ـ شەرمەندىگە سېلىپ تىللاپ ، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋايىمنى چىقىرىۋەتتى . ئاشۇ شەھەردە ، مەھەللىدە ، قولۇم ـ قوشنىلار ئالدىدا باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى . مەن ئەمدى ئۇ يەردە قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن ؟ ! ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ . . . دۇكاننىڭ كىرىمىمۇ ياخشى ئىدى ، ئۇنى ئىككىمىز ئاچقان ، لېكىن ھەدەمدىن ئون تىيىن تەلەپ قىلـ ماي ، ئالتۇن ھالقامنى ، بىر جۈپ ئۈزۈكۈمنى سېتىپ ، تۆت ـ بەش يۈز سوم جايلىدىم ـ دە ، ئۆز كۆڭلۈمنى ئۆزۈم ئالاي ، دەپ بۇ يەرگە كەلدىم . ھېلىمۇ بەختىم بار ئىكەن ، سىزگە ئۇچراپ قالدىم . ھەدەم مېنى غۇلجا تەرەپكە بېرىش ئەمەس ، قاراپ قويغۇسىز قىلىۋەتتى . بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىر ـ قىسمىتىمنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلمەيمەن ، ئەمما ئاتامۇ سىز ، ئانامۇ سىز ، قېرىندىشىممۇ سىز ، جۈرئەت قىلىپ قالغان كۆڭلىرىمنى خاتىرجەم ، ياخشى ئۆتكۈزەي دەپ ئەزىز يۇرتۇمنى تاشلاپ كەلدىم .

ماھىنۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ سۆزدىن توختىدى . ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدە نادامەتلىك ، ئەلەملىك ، ھەسرەتلىك ئۇچقۇنلار پىلـ دىرلايتتى . ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى دەردلىك بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى ، يۈرىكىنى زېدە قىلغان ئازابتىن قۇتۇلغاندەك بولدى . كىشىلەر ھەر قانچە ئازابلىنىپ ، دەرد ـ ئەلەم تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن شۇ ئازاب ، دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇشقا تىرىشقۇچى ، قالغان كۆڭلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئالدىرىغۇچى ۋە بەختىيار ياشاشقا ئىنتىلگۈچىلەردۇر . ماھىنۇرنىڭ سۆزلىرىدە ئەمدىلا باشلىغان تىـ جارىتىگە ئىشەنچ ، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

خوجايىن ئايالنىڭ ماھىنۇرنىڭ ھەدىسى تەرىپىدىن شۇنچە ئېغىر ئاھانەتلەرگە قالغانلىقىغا ئېچىنىش ، ئۆزىنىڭ قىز چېغىدىكى زورلۇققا ئۇچرىغانلىقىغا نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرىتى ئۆرلىمەكتە ئىدى . شۇ ئارىلىقتا گۈدۈگلىشىپ ھويلىغا بىر نەچچە كىشى كىرىپ كەلدى . قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى . خوجايىن ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى ـ دە ،

ھويلىدىكى ئېلېكترنى ياندۇرۇپ، ئۇلارنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ يېنىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ياتاقلاردىكى بوش كارىۋاتلارمۇ تۈگىدى.

— مەنمۇ ساڭا بىشمىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى بەختىخان ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، — مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بۇ شەھەرگە مۇساپىر، پەرقىمىز مەن كونا مۇساپىر، سەن يېڭى. مېنىڭ بۇ يەرگە چىققىنىمغا يىگىرمە ئالتە يىل بولدى. مەن بۇ يەرگە قانداق سەۋەب بىلەن چىقىپ قالدىم؟ كىشىلەرنىڭ ئۇرۇمچىگە چىقىشى، ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ئوقۇشقا چىقىدۇ، بەزىلەر ئىش ئىزدەپ چىقىدۇ، بەزىلەرنى ھۆكۈمەت يۆتكەيدۇ، سەۋەبلىرى تولا. ئەمما مەن قېچىپ چىققان. نېمە سەۋەبتىن قېچىپ چىقتىم؟ تازا زەن قويۇپ ئاڭلا، — بەختىخان ئورنىنى يۆتكەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆزگە كىرىشتى: ئەسلى مەن كۇچالىق. ئىسمىنى بىلىسەم، دادام ئۆلۈپ كېتىپ، ئائىلىدە ئاپام، ئاچام، مەن ئۈچىمىز قالغان ئىكەنمىز. ئاپام يىپ ئېگىرەتتىكەن، بىزنىڭ كۈنىمىز ئاپامنىڭ توختىماي پىرقىرىتىدىغان چاقىغا قاراشلىق ئىكەن. ئاپام ئىشچان، ھارماس خوتۇن ئىدى. ئۇ كۈندۈزىمۇ، قارا چىراغ يورۇقىدىمۇ تىنىماي چاق پىرقىرىتىپ يىپ ئېگىرەتتى. كۈن – ئايلار، يىللار غۇيۇلداپ ئۆتتۈپ، مېنى سەككىز ياشقا تولدۇرغاندا، مەكتەپكە كىردىم. مەكتەپتە ياخشى ئوقۇدۇم. باللار ھېساب ئىشلىسە مەندىن سورايتتى، مۇئەللىممۇ مېنى ماختاپ تۇراتتى. ماختاپ بەرسە، ئوقۇغۇچى دېگەن تېخىمۇ ياخشى ئوقۇيدىكەن. تاۋىم ئۆسۈپ ئوقۇشۇم يىلدىن – يىلغا ئۆرلەپ تۇردى. نامىم سىنىپتىلا ئەمەس، مەكتەپ بويىچىمۇ ئاتىلىدىغان بولدى. ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاچامنى گۇڭشېنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىدىغان ئەمەتجان ئاتلىق ياۋاش بالىغا ياتلىق قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن كۈنىمىز بىر ئاز ياخشىلىنىپ، ھەپتىگە ئىككى – ئۈچ قېتىم تاماق يېيەلەيدىغان ھالغا كەلدۇق. ئاچاممۇ گۇڭشېنىڭ ئىشخانىلىرىنى سۈپۈرۈپ – تازىلايدىغان تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشقا كىردى. بىراق ئاپام چاقنى پىرقىرىتىۋېرىپ، چاك – توزاڭنى

يۇتۇۋەرگەچكىمۇ تولا يۆتىلىدىغان بولۇپ قالدى ۋە يۆتەلسە بارغانسېرى ئەدەپ كۈچەيگىلى تۇردى. لېكىن ئاپام شۇنچە يۆتىلىپ تۇرسىمۇ، يىپ ئېگىرىشنى توختاتمىدى. مېنىڭ ئىچىم ئاغرىپ، پات ـ پات بولدى ئاپا، مۇشۇ ئىشىڭىنى قويغىنا، دەيتتىم، ئاپام گەپ قىلماي، كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، ئەمما بەزىدە ئاچاڭ نېمە دەيدۇ؟ دەپ سورايتتى. بۇ ئىشتا ئاچامنىڭ، ئەمەتجان ئاكامنىڭ دېگىنى ھېساب ئوخشايدۇ. بىراق ئاچامۇ، ئەمەتجان ئاكامۇ ھېچنېمە دېمەيتتى. ئاپام كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللاپ كېتىپ باراتتى...

تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاپام ئۆلۈپ كەتتى. ئاپامنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ قىلچىمۇ ئويلىماپتىكەنمەن، چىدىيالماي قالدىم، داد ـ پەرياد كۆتۈردۈم. ئاچامۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ، يۆتىلىپ يۈرگەندە، يىپ ئېگىرىشنى توختىتىپ، نېمىشقا ئۆيگە ئەكىلىۋالمىغاندىمەن، دەپ پۇشايمان قىلىپ، تېپىرلاپ قاتتىق يىغلىدى.

ئاپامنى يەرلىككە قويۇپ، يەتتە نەزىرىنى بەرگەندىن كېيىن، ئاچام قورۇ ـ جايىمىزنى سېتىپ، مېنى ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى. تىرىكلىك ئەۋزەل، دەپ ھېلىقى پۇشايمانلىرىنىمۇ ئۇنتۇدى، بارا ـ بارا ئاپامنىڭ گېپىنىمۇ قىلمايدىغان بولدى. «زەپمۇ زەپ ئۆلگەنگە زەپ» دېگەنلەر ئەجەبمۇ تېپىپ دەپتىكەن.

مېنى ئۆيىگە ئەكىلىۋېلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئاچامنىڭ كۆزى يورۇدى. ئاچام بىلەن ئەمەتجان ئاكام، خۇدايىم بىرنى ئەكېتىپ، يەنە بىرنى بەردى، دېيىشىپ ئاپامنى پۇتۇنلەي ئېسىدىن چىقاردى. مەن ئاپامنىلا ئويلايتتىم، قايغۇراتتىم، كىشى يوق يەرلەردە قاقشاپ ـ قاقشاپ يىغلايتتىم. ئاپامنىڭ قىياپىتى، چاق پىرقىرىتىپ ئولتۇرغان ھالىتى، مەيدىسىنى تۇتۇپ يۆتىلىپ كېتىشلىرى، باللار بىر نېمىلەرنى يېسە، بوينۇڭ قىسىلىپ قالمىسۇن، دەپ بەش فۇڭچەن ـ بىرمو چەنلەرنى تەڭلەشلىرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى، چۈشۈمدىنمۇ چىقمايتتى.

بەختىخان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزلىيەلمەي قالدى ۋە تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى

سىلكىنمەكتە، كۆز ياشلىرى مەڭزىلىرىنى، ئېڭەكلىرىنى بويلاپ قويۇلـ ماقتا ئىدى. ماھنۇر خوجايىن ئايالغا ھەيران بولۇپ قارىدى، ئۇزايىدىن قوپاللىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، تەلەتى سۆرۈن، كىشلەرگە سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان بۇ ئايالنى مۇنچىلىك باغرى يومشاق، دىلى مۇڭلۇق، دەپ ئويلىمىغانىدى. كىشلەرنىڭ سىرتىغا، قىياپىتىگە، قوپال ھەتتا ئەخلاقـ سىز گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ باھا بەرمەسلىك كېرەك ئىكەن ـ دە، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ نېمىشقا ئۆزىگە ئاتىدار چىلىق قىلىشۋاتقانلىقى، مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا باشقىچە نەزەر بىلەن تىكىلدى ـ دە، ھەمدەرد بولۇپ تەسەللى بەردى:

— قانداق قىلىمىز، بەختىخان ھەدە، بۇ جاھان شۇنداق جاھان ئىكەن، ئاپىڭىزنى ئەسلەپ تۇرسىڭىزلا بولىدىغۇ...

— ئەسلەيمەن، ئەلۋەتتە ئەسلەپ تۇرىمەن، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — سەن بىلمەيسەن، ھەر ھېيت ـ ئايەم كەلسە پوشكال سېلىپ، ئىمام ـ مەزىننى چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتىمەن، ئۇلارنى رازى قىلىمەن، قەبرىستانلىققا چىقىپ، مەيلى كىمـ نىڭ قەبرىسى بولمىسۇن، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈم بىلىدىغان ئۇششاق سۈرىلەرنى ئوقۇيمەن، مەنمۇ، ھالاۋىدىنمۇ ناماز ئوقۇمايمىز، روزا تۇتمايـ مىز، ئەمما لېكىن مويسىپىتلەرنى ئېيتاغا چاقىرىپ تۇرىمىز، چۆگۈن كۆتۈرۈپ يۈرگەن بوۋاي ـ مومايلارنى كۆرسەم سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ھالاۋىدىنىنىڭ ئانىسىنى ھەپتىدە بىر يوقلاپ تۇرىمەن. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئانام ئۈچۈن، ئاشۇلارنى ھۆرمەت قىلىشىم — ئانامنى ھۆرمەت قىلغىنىم، ئەسلەپ تۇرغىنىم. ياغ پۇرىتىپ ئەرۋاھلارنى ئەسلەپ تۇرمىساق قانداق بولىدۇ، ئۇلار تەلمۈرۈپ قالىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمان ئوغلىمەن دېدىڭ، قېنى تائەت ـ ئىبادىتىڭ، دەيدۇ ئەمەسمۇ.

مۇنداق تار كوچىلاردا ئەل ئايىغى بېسىلىپ، كېچە جىمجىتلىقى باشلانغان بولسىمۇ، چوڭ كوچىدىكى ۋاڭ ـ چۇڭ ئاۋازلار، ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خېلى جىملىقتىن كېيىن،

بەختىخان ئۆزۈلۈپ قالغان سەرگۈزەشتىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، ئوقۇشۇمنى توختىتىپ، ئاچامنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بالىسىنى بېقىشقا باشلىدىم. كۈندۈزلۈك ئىشىم بالىغا قاراش، ئۆي تازىلاش، بازاردىن كۆكتات ئەكېلىش بولدى. ئاچام تۇغۇت ۋاقتىنى تولدۇرۇپ، ئىشىغا مېڭىش بىلەن ئانچە ـ مۇنچە تاماقمۇ ئېتىدىغان بولدۇم. ئون ئىككى ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا بالا بېقىشتىن تارتىپ ئۆينى بېسىقتۇرۇش، هويلا ئارامنى سۈپۈرۈش، تاماق ئېتىش، كىر ـ قاتلارنى يۇيۇشقا ئوخشاش ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشىنى مەن قىلىدىغان بولدۇم، تىنىم تاپمايتتىم. يەكشەنبە كۈنلىرى بىرەر كۈن ئارام ئالارمەن دېسەم، ئاچام ئالتە كۈن ئىشلەپ ھېرىپ كەتتىم، دەپ قولىنى سۇغا تىقمايتتى، بىر تال چىنىنى ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكەپمۇ قويمايتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى. بارا ـ بارا ئۆزۈمدە خورلۇق ھېس قىلىشقا ۋە بۇ ئۆينىڭ مالىيىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئاچام بوش ۋاقىتلاردا، ئەتە ـ ئاخشىمى مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا ئانچە ـ مۇنچە قاراشقان، مېنىمۇ ئازراق ئايىغان بولسا، مەن مۇنداق تونۇشلاردا بولماس ئىدىم. بالا يىغلىسا ئۆزى ئالماي، مېنىڭ ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ مېنى ئال، دەيتتى. تاماقنى ۋاقتىدا تەييار قىلالمايسەن، دەپ ۋارقىراپ تىللايتتى، بۆشۈك لاتىلىرىنى رەتلەپ قويماپسەن، دەپ پېشانىلىرىمگە نوقۇيتتى، ھەتتا بەزىدە ئەمەتجان ئاكامنىڭ ئالدىدا ئۇراتتى. دوستلىرىم بىلەنمۇ بىردەم ـ يېرىمدەم ئوينىتقۇزمايتتى، مەن پەقەت ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندىلا ئارام ئالاتتىم. بۇ ئىشلار ماڭا قاتتىق ھار كېلەتتى. مۇنداق خورلۇقلارنى ياتلاردىن كۆرگەن بولسام مۇنچىلىك ئازابلىنىپ كەتمەس ئىدىم، ئاچامدىن — بىر تۇغقان قېرىندىشىمدىن كۆرۈۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا ناھايىتىمۇ ئېغىر كېلىدىغان، ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئۈنسىز يىغا تۇتىدىغان بولدى، قانچىلىك خورلۇق كۆرمەي، ئازابلانماي ئاچامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىم، بولمىسا قەيەردە تۇرالايمەن؟ كىشىلەردىن پالانچى پالانچىغا يېپىسىز باغلىنىپ قاپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايدىغان، يېپىسىز قانداق باغلىنىپ قالىدىغاندۇ، دەپ

ئويلايتتىم، يىپسىز باغلىنىش دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن، ئۆز بېشىمغا كەلگەندە چۈشەندىم. ئوغۇل بالا بولغان بولسام، كىچىك بولسامۇ، پەش قېقىپ چىقىپ كېتەر ئىدىم.

※ ※ ※

كۈنلەر، ئايلار ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى. ئاچامنىڭ بالىسىنى بېقىپ، ئۆيگە قاراپ، قانچە باھار، قانچە قىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭ بالىسى ئىككى بولدى، ئىشلىرىم تېخىمۇ كۆپەيدى. مەنمۇ ئون بەش ياشقا كىرىپ، بوي تارتىپ قالدىم. ئەينەككە قاراپ باقسام، كۆزلىرىمدىن قانداقتۇر بىر يېقىملىق ئۇچقۇنلار چاقناپ، زىناقلىرىم ئويدانلا بىلىنىدىغان، جىلۋىلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇكىلىرىمنى ئوينىتىپ كوچىغا چىققاندا، ئوغۇل باللار بىلەن پاراڭلىشىپ قالسام، ئۇنۇمىنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ چىقىدىغانلىقىنى بايقاپمۇ قالدىم. كوچىغا چىقمىلا كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئاچامنى ئون ئالتە يېشىدا ياتلىق قىلغانغۇ، يەنە بىر يىل چىدىسام، ماگىمۇ بىرەرسى چىقىپ قالار، ئوگچە ئۆي تۇتۇپ، ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم قىلىپ، بۇ دوزاختەك ئۆيدىنمۇ، باشقىلارنىڭ چىرايىغا، چىشىنىڭ ئىقىغا قاراپ ئۆتۈشتىنمۇ قۇتۇلۇپ قالارمەن، دەپ ئويلىدىم.

بىر كۈنى ئۇكىلىرىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆيلەرنى پاكىز تازىلاپ بولۇپ، دىمىغىمدا قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىپ ئولتۇرسام، ئۆيگە ئەمەتجان ئاكام كىردى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ، تەمتىرەپ تۇراتتى، چىرايىمۇ تاتىرىپ كېتىپتۇ. نېمە بولغاندۇ، دەپ تۇرۇشۇمغا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، «چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ» دەپ مەگزىلىرىم، ئېگەكلىرىمنى سىلاپ، بېشىنى ئاستا ئېگىپ، مەگزىمگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. مەن نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، ماڭا ئامراقلىقى كېلىپ قاپتۇ - دە، دەپ ئولتۇرىۋەردىم. ئۇ يەنە سۆيدى ۋە مۈرەمدىن تۇتۇپ قۇچاقلىدى، ئۇ يەر - بۇ يېرىمنى تۇتتى. مەن تۇرۇپ

كەتتىم، بىر ماگدام مېڭىشىمغا قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە تارتىپ قۇچـ
قىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى ۋە چېكىمدا قۇچاقلاپ، مەڭزىلىرىم، لەۋلىرىمگە
سۆيۈپ كەتتى، پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالدىم.
بەدەن - بەدەنلىرىمدىن ئاجايىپ يېقىملىق ھېس - تۇيغۇلار قوزغىلىپ
كەتتى. « مەن نېمە بولۇۋاتىمەن، نېمە قىلىۋاتىمەن، بۇ ئاچامنىڭ ئېرى
ئەمەسمۇ » دېگەن خىيال كاللامغا غىل - پال كېلىشىگىلا، ئۆزۈمگە
كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، سىلكىپ، قۇچىقىدىن بوشاندىم - دە،
هويلىغا چىقىپ كەتتىم. پۈتۈن ئەزايى - بەدەنلىرىم تىترەۋاتاتتى...
هويلىغا چىقىپ دەرەخكە يۆلەنگىنىمچە تۇرۇپ قاپتىمەن، قانچىلىك
تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا قۇلىقىمغا بالىنىڭ ئاۋازى كىردى،
قورقۇمسىراپ ئۆيگە كىرسەم، ئۇ چىقىپ كېتىپتۇ.
شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتىم. ئەتىگەندە بالىغا سۈت
بېرىۋاتسام، ئاچام تۇيۇقسىزلا:
— نېمە بولدۇڭ، كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتىغۇ؟ — دەپ سو-
رىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم، ئاغزىمغا مۇنۇ
سۆز كەلدى:
— ئىچىم پۇشۇپ... ئۇخلىيالماي چىقتىم.
بالىغا سۈتنى بېرىپ بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشىمـ
گە، ئاچامنىڭ ئەمەتجان ئاكامغا مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم:
— جىگدە يۇراپ قالدى بۇ، شۇڭا ئىچى پۇشۇپ، كېچىچە
ئۇخلىيالماي چىقتى - دە، جۇۋاينىمەك!
ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتۈپ ھېلىقىدەك ئىش يەنە يۈز بەردى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئاچام ئۆيدە بولمىسىلا، ئۇ كىرەتتى - دە، قەيەردە
بولسام، شۇ يەردە تۇتۇۋېلىپ، قۇچاقلاپ يۈزۈمنىڭ ھەممە يېرىگە — پې-
شانەمگە، كۆزلىرىمگە، مەڭزىلىرىم - لەۋلىرىمگە ھەتتا بويۇنلىرىمغا
سۆيەتتى، تىپىرلىغىنىمچە قارشىلىق قىلغىنىمغا قويماي، سۆيۈپ - سۆيۈپ
قويۇپ بەرمەي، بەدەنلىرىمنى مىجىقلاپ، ئويناپ چىقىپ كېتەتتى. بۇ
ئىش ماڭا قاتتىق ھار كەلدى، ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازاب ئىچىدە قالدىم،

ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقىنىمغا تولغاندىم ، قاقشىدىم . . . لې-
كىن قانداق قىلىشىمنى بىلمەيتتىم . ئاچامغا نەچچە قېتىم ئېيتماقچى ،
ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىنىڭ بىرىنى قويماي دەۋەتمەكچى بولدۇم ، بىراق ،
ئېھتىيات قىلدىم . ھەممىنى دېسەم ، ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتسە ، ئاچام
ئىككى بالىسى بىلەن قانداق قىلىدۇ ؟ مەن قانداق كۆنلەرگە قالىمەن ؟ . . .
ئېيتماي دېسەم ، ئۇ بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ ، بارا - بارا مەن ۋارقى-
رىمىغۇچە قويۇۋەتمەيدىغان بولدى . ئادەمنىڭ شەھۋانىي نەپسى قوزغالسا ،
ئۇ ۋەھشىي ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدىكەن ، كۆزىگە ھېچنېمە
كۆرۈنمەيدىكەن ، بۇرۇنلاردا مېنى قۇچاقلاپ ، سۆيۈۋاتقان چاغلاردا
ئۇ ئېھتىيات قىلاتتى ، « تىرىق » قىلغان ئاۋاز چىقسىلا مېنى قويۇۋېتەتتى ،
بارا - بارا ئېھتىيات قىلىشلارنى ئۇنتۇپ ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ ، مېنى
ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەيدىغان بولدى . مەن تېڭىرقاش ، گاڭگىراش ۋە
ئازاب ، ۋەھىمە ئىچىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ، بۇ شەرمەندىلىكنى
قانداق بىر ياقلىق قىلىشنى ئۇقالماي ، ناھايىتى ئېغىر كۆنلەردە قالدىم .
شۇنداق چاغلاردا ئاپامنى ئەسلەيتتىم : « ھەي جېنىم ئاپا ، سەن ھايات
بولغان بولساڭ ، ئىككىمىز ئۆز ئۆيىمىزدە تۇرغان بولاتتۇق ، مۇشۇ
رەسۋاچىلىقلارمۇ بولماس ئىدى ، سەن ئۆلۈپ كەتكۈچە ، مەن ئۆلۈپ
كەتسەمچۇ كاشكى ، مۇشۇ ئېغىر كۈنلەرگىمۇ قالماس ئىدىم » دەپ
ئويلايدىغان بولدۇم ۋە جېنىمدىنمۇ تويۇپ قالدىم .

بەختىخان سۆزىدىن چوڭقۇر تىنىپ توختاپ قالدى . ئىككىسى
سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى ، ۋاقىتنىڭ قانچىلىك
ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ - ئۇگدەك
تامامەن قاچقان ، ھەر ئىككى بەدەن ھەسرەت - دەردتىن ، خورلۇق -
ئازابتىن تولغانماقتا ، ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن ، بەختىخاننىڭ
كۆزلىرىدە ئۇچقۇنداۋاتقىنى - بىچارىلىك بىلەن غەزەپ . ئۆي ئىچى ئې-
غىر جىمجىتلىققا چۆككەن . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاقنىڭ يېنىدىكى
ئىشكاپنىڭ يۇقىرىقى تاكچىسىدىن تاماكا خالتىسىنى ئالدى - دە ، تاماكا
يۆگىدى . ماھىنۇر نېمە قىلىدىغاندۇ ، دەپ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ

قالغانـدى . بەختىخان « سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي ، خەقلەردىنغۇ يوشۇرىمەن . هالاۋىدىندىن باشقا باللارمۇ بىلمەيدۇ » دەپ تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى . بۇ ماھىنۇرنىڭ تاماكا چەككەن ئايالنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى .

— بىر كۈنى ، — دېدى بەختىخان ھەم غەزەپ ، ھەم ھەسرەت ئارىلاشقان ئۈن بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئەتىگەنلىك چاينىڭ چىنە - قاچىلىرىنى يۇيۇپ ئولتۇرسام ، ئۇ كىرىپ كەلدى ، شۇ ھامان بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى . ئۇ زادىلا ئۆيگە مۇنداق ئەتىگەن كىرمەيدىغان ، بۇنىمە ئىشتۇر ؟ كىرىپلا قولۇمدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىردى ۋە ھەدىگىنىز ناھىيىگە يىغىنغا كەتتى ، دەپلا مېنى كارىۋاتقا باستى . ئۇنىڭ پەيلى يامان ئىدى ، كۆزلىرى ئويناپ كەتكەن ، بىر قولى قەيەردۇ بىر يەرلىرىمدە يۈرەتتى . مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىپىرلايتتىم ، يۇلغۇناتتىم . . . بولمىدى ، ئاخىر ۋارقىرىدىم ، ئۇ ئالىقىنى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋالدى . شۇ ھامان كاللامغا بىر ئوي كەلدى ، قايسىدۇر بىر بارمىقىنى ئېغىزىمغا ئالدىم - دە ، غەزەپ بىلەن چاينىۋەتتىم . ئۇ « ۋايجان » دەپ كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى ۋە ئۆي ئىچىدە چالا بوغۇزلانغان كالىدەك ھۆركىرەپ تىپىرلاشقا باشلىدى . مەن ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ۋاي خالايىق ، ئەمەتجان ئاكام ماڭا چېقىلدى ، دەپ ۋارقىرىدىم ۋە بار كۈچۈم بىلەن قاچتىم . خۇددى ئۇ كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ، ھېلى تۇتۇۋالىدىغاندەك ، توختىماي جان - جەھلىم بىلەن قاچتىم ، بىر چاغدا ئۆزۈمنى تاش يولدا كۆردۈم ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغانىدى . نەگە بېرىشنى ، قاياققا قېچىشنى بىلمەيتتىم . يىراقتىن بىر قارا ماشىنا كۆرۈندى . ئۇ يېقىنلاپ كېلىشكە قولۇمنى كۆتۈردۈم ، ئۆزۈم ھاسىراپ ئالدى - ئارقامغا قاراپ تۇراتتىم . تەلىيىمگە ماشىنا توختىدى - دە ، شوپۇر كابىنكا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقاردى ، مەندىن گەپ سورىمايلا ئۈستۈمغا قاراپ كەتتى . مەن :

— جېنىم ئاكا ، مېنى ئەكېتىڭ ، ھازىرلا ئەكېتىڭ ، — دېدىم تىپىرلاپ ھەم يالۋۇرۇپ ، ئۇ :

— نەگە ئەكېتمەن ؟ — دېدى .
— نەگە بولسمۇ مەيلى ، مەشەدىن كەتسەملا بولدى .
— ئۈرۈمچىگە ئەكەتسەم مەيلىمۇ ؟
— ئۇنىڭدىن يىراقتا بولسمۇ مەيلى ، چاپسان بولۇڭ ، ئاكا ! ئۇ كابىنكا ئىشىكىنى ئاچتى ، كىرىپ ئولتۇردۇم ، ماشىنا دەرھال قوزغالدى . خۇدايا شۈكۈر ، دېدىم مەن . شوپۇر مېنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىمنى بىلگەندەك ، ھېسسىياتىمنى چۈشەنگەندەك ماشىنىنى ناھايىتى ئىتتىك ھەيدىدى ، ئەمما مەندىن بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىمىدى ، سورىغان بولسا ، ھەممە ئىشنى دەۋەتكەن بولار ئىدىم . ماڭا ئىچ ئاغرىتار ، ياخشىلىق قىلار ، دەپ ئويلايتتىم . توۋا دەيمەن ، قېچىپ چوڭ يولغا چىقىشىمغا مۇنۇ ماشىنىنىڭ ئۇچراپ قالغىنىنى . . . بايىقى ھالىمدا ھېلىغۇ ئادەم ئىكەن ، ئېيىق ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ قاچار ئىدىم .
ماشىنا غۇيۇلداپ چاپماقتا ، ئىككىمىز سۆزسىز ئولتۇرىمىز . پۈتۈن بەدەنلىرىمدىن قوزغىلىپ كەتكەن قورقۇنچ ـ ئەندىشىلىرىم ئاستا ـ ئاستا بېسىلىشقا باشلىدى . شۇ چاغدىلا شوپۇرغا ئاستا سەپسالدىم . ئۇ يۈزى قارامتۇل ، قوشۇماقاش ، لېكىن كۆزلىرى كىچىك ، چېچى چىگىشلىشىپ ، مەينەتلىشىپ كەتكەن ، ئۇچىسىدا تېگى جىگەررەڭ ، كۆك چاقماقلىق كۆينەك ، پەمىچە يېشى ئوتتۇزلاردا باردەك قىلاتتى . ماڭا قايرىلىپمۇ قويماي ، ئالدىدىن كۆز ئۈزمەي ، ماشىنا رولىنى يېنىك پىرقىرىتىپ ئولتۇراتتى .
چۈش بولاي دېدى ، ماشىنا توختىغىنى يوق ، يەنىلا ئۇچقاندەك كېتىپ باردۇ . ئەجەب گەپ قىلمايدىغان ئادەمكىنا ، دەپ ئولتۇراتتىم .
— ناخشا ئېيتىڭا ، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا ماڭا بۇرۇلۇپ .
ماڭا بۇرۇلۇش بىلەن چاچلىرىمنىڭ چۇگۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ بېشىمنى سىلىدىم . تاغىقىم نەگىدۇر چۈشۈپ قاپتۇ .
— مېنىڭ كىملىكىمنى ، قانداق بولۇپ ئالدىڭىزغا چىقىپ قالغانلىقىمنى سورىمايلا ناخشا ئېيت دەيسىزغۇ ، مەنغۇ ناخشا بىلمەيمەن ، بىلسەممۇ مۇشۇ ھالىمدا ناخشا ئېيتالامدىم ؟

— ئەمدى سورىمامدىم، ناھايىتى ئاۋارە كۆرۈنىسىز، قورقۇپ كېتىپسىز، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالسۇن، دېدىم.

مېنىڭ كۈتۈۋاتقىنىم مۇشۇ ئىدى. مەن ياردەمگە، باشپاناھلىققا موھتاج ئىدىم. شۇڭا ئەندىشىنىمۇ، ئىزانىمۇ قايرىپ قويۇپ، بىزنىڭ كىملىكىمىز، ئاپام بىلەن بىللە تۇرغان ۋاقىتلىرىم، ئاپامنىڭ ئۆلۈمى، ئاچامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چېغىم ۋە ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلاردىن تارتىپ ئۆيدىن قېچىپ چىققۇچە بولغان ھەممە ئىشلارنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي سۆزلەپ چىقتىم ۋە سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا يىغلاپ كەتتىم.

— مۇنداق دەڭە، — دېدى ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، — بۇرۇنراق ئۇققان بولسام، ماشىنامنى مۇنچىلىكمۇ تېز ھەيدەپ كەتمەس ئىكەنمەن، خەيرىيەت، ئەنە، بىر بېكەتكە ئاز قالدۇق، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى.

راست دېگەندەك ئالدىمىزدا بىر بېكەت كۆرۈندى، يېتىپ كەلدۇق. شوپۇر ماشىنىسىنى بېكەتنىڭ ئالدىدا توختاتتى. مېنى يەنە ئەندىشە باسقىلى تۇردى. بىرەر تونۇش ئادەم ئۇچراپ قالمىغىيدى، دەپ ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدىم. ماشىنىدىن چۈشكۈم يوق، قورسىقىممۇ ئاچمىغانىدى. شوپۇر «يۈرۈڭ» دەپ قويۇپلا ماشىنىدىن چۈشتى-دە، ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. چۈشمىسەم شوپۇرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالارمۇ، ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتەرمۇ دېگەن ئوي بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىردىم. ئاشخانا ئىچىدە شوپۇردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. ئەمما ئاشخانا ئالدىدا سالقىنداپ ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتىم، مەيلى نېمە بولسىمۇ، ئەمدى مېنى ھېچكىم ئەكېتەلمەيدۇ. ھېلىقى دوزاخ ئۆي يېرىم كۈنلۈك يولنىڭ نېرىسىدا قالدىغۇ، دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى تاپاتتىم. مېنى ناتونۇش بىر شوپۇر ئېلىپ كېتىپ بارسىمۇ، ئەندىشىسىز، خۇشال ئىدىم. بىراق ئالدىمغا كەلگەن بىر تەخسە لەغمەننىڭ يېرىمىنى زورلاپ يۇرۇپ ئاران يېدىم-دە، شوپۇرغا قارىمايلا سىرتقا چىقتىم ۋە كابىنكىغا كىرىپ

ئولتۇرۇۋالدىم. شوپۇرنىڭ ئالدىراش ئىشى بارمۇ ياكى مېنىڭ ئەندىشىلىرىمنى چۈشەندىمۇ، ئۇمۇ تېزلا ماشىنىغا چىقىپ ئوت ئالدۇردى.

بىز يۈرۈپ كەتتۇق. خېلى ماڭدۇق، شوپۇر گەپمۇ قىلمايتتى، لېكىن مەن ئانچە - مۇنچە گەپ قىلىپ ماڭدىم، نېمىلەرنى دېگەنلىكىم ئېسىمدە يوق. قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۇنىڭ دېگىنى بىر ئېغىزلا گەپ بولدى:

— مەن ئۆرۈمچىلىك، ئىسمىم هالاۋىدىن.

— ئەمىسە سىزنى هازىردىن باشلاپ هالاۋىدىن ئاكا، دەيمەن، — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ.

— مەيلى، هازىرچە شۇنداق دەپ تۇرۇڭ.

※ ※ ※

كېيىنچە بىر ۋاقىتلار بولغاندا، قەيەردۇ بىر يەرگە چۈشتۇق. بۇ قانداق يەردۇ؟ نېمىشقا يېرىم كېچە بولغاندا قونماقچى بولۇپ قالغاندۇ؟ هالاۋىدىن ئاكام قانداق ئادەمدۇ؟... خىيالىمغا ھەرخىل سوئاللار كېلىپ، ئەنسىزلىنىشكە باشلىدىم. بىراق، هالاۋىدىن ئاكام مېنى ئاياللار ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىلا خاتىرجەملىنىپ قالدىم. لېكىن، خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. «ئۆرۈمچىگە ئاپىرىدىغانلىقى ئېنىق بولدى، — ۋەھىمىلىك خىياللارغا چۆكۈپ قالغانىدىم، — ئۆرۈمچىگە بارسام نەدە تۇرارمەن، قەيەرلەردە يېتىپ - قوپۇرمەن، هالاۋىدىن ئاكام تۇزۇككىنە گەپمۇ قىلمايدۇ؟... بىرەر يەردىن ماڭا تۇشلۇق ئىش تېپىپ بېرەرمۇ؟ ئانىسى قېرى بولسا، شۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويامدىكىن ياكى بالىسى بولسا شۇنى باققۇزامدىكىن ۋە ياكى بىرەر كادىرنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرامدىكىن؟ ...»

قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەتىسى سەھەردە مېنى ئويغاتقان كىشى هالاۋىدىن ئاكام بولدى. شۇ كۈنى ئىتتىك يۈرۈپ كەچكە يېقىن ئۆرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. ماشىنا بىر قورۇنىڭ ئالدىغا

كېلىپ توختىدى. هالاۋىدىن ئاكام مېنى باشلاپ ماڭدى. يۈرىكىم بىردىنلا دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىر قورۇغا كىرىپلا ۋارقىرىدى:
— ئاپا، ساڭا كېلىن ئەكەلدىم!
— نېمە!...
مەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم، بېشىم پىرقىراپ كەتتى... «هە، ئۇنىڭ مەقسىتى مۇنداق ئىكەن ـ دە، سىزنى ئاكا دەيمەن دېسەم، هازىرچە شۇنداق دەپ تۇرۇڭ، دېگىنىنىڭ مەنىسى مۇشۇ ئىكەن ـ دە... مەن بۇ قورۇغا خۇددى سۆيگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ كەلگەن قىزلاردەك كەپتىمەن ـ دە...» دەپ ئويلىدىم. بىر تەرەپتىن ئاچچىقىم كەلسە، بىر تەرەپتىن نومۇس قىلاتتىم، ئۇنىڭغىچە ئۇدۇلدىكى ئۆيدىن يېشى ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان بىر ئايال پايپاسلاپ چىقىپ كەلدى:
— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسەن، نېمانداق ئاسان، — ئۇ ئايال ئالدىمغا كەلدى ـ دە، باش ـ كۆزۈمنى سىلاپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى.
مەن يەردىن بېشىمنى ئالالماي هەم نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، قىزىرىپ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتىم. بۇ ئىشلار ماڭا خۇددى چۈش-تەك تۇيۇلماقتا ئىدى. هالاۋىدىن ئاكامنىڭ ئانىسى مېنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇ سۆيۈمچان ئېتىۋاتقانىكەن، هەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ سۆيۈق-ئاش ئىچتۇق. مەن ئۆزلۈكۈمدىنلا مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدىم. بىر نېمە دەي دېسەم، نەگە بارىمەن، نەدە تۇرىمەن؟... ئۇ نا-هايىتى چىلىك ئايال ئىكەن، ئۈچ كۈنگىچە مېنى ئوغلى بىلەن ياتقۇزماي، مەن بىلەن ئۆزى بىللە ياتتى. تۆتىنچى كۈنى چاساقاللىق بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىپ ئىككىمىزنى نىكاهلاپ قويدى. «بوپتىلا، مۇشۇ خوتۇنغا كېلىن بولسام بولاي، بولماسلىقتا نېمە ئىلاج، پېشانەمگە يېزىلغىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ» دېدىم ئىچىمدە.
قېيىنانامنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن شۇنى بىلدىمكى، هالاۋىدىن ئاكام بىر ئۆيلەنگەنىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئالغان خوتۇنى شاپاقچى چىقىپ قېلىپ قويىۋۇەتكەنىكەن. بۇ ئايال ئۇرۇمچىدىكى بىر دوختۇرخانىنىڭ تازىلىق ئىشچىلىقىنى قىلىدىكەن. يەنە بىر كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ

شوپۇر ئىكەن، ئائىلىسى بىلەن ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بىر ئايدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ رەسمىي تويى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەنمۇ بۇ ھويلىنىڭ ئىشەنچلىك، ھوقۇقلۇق ئەزاسىغا ئايلاندىم. قېيىنانام ئەتىگەندە ئىشقا كېتىپ، كەچتە كېلىدۇ. ھالاۋىدىن يولغا چىقىپ كەتسە، بەش ـ ئالتە كۈندە كېلىدۇ، كۆپ چاغلاردا قورۇدا يالغۇز قالىمەن. ئۇرۇمچىنىڭ قىزلىرى قىزىقلا بولىدىكەن، مېنىڭدەك قىزلار ئەرگە تەگمەك تۈگۈل، ئوغۇللار بىلەن كوچىلاردا قوغلىشىپ، ئوينىشىپ يۈرىدىكەن. بەزى چاغلاردا ئەرگە تەگكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن ئوينىشىپ كوچىلارغا چىقىپ كېتەتتىم. ئوغۇللار ناھايىتى شوخ، قوپال ئىدى. ئوينىشىش جەريانىدا ئۇلار بىلەن بەزىدە گەپ تەگىشىپ، تىللىشىپ، ھەتتا مۇشتلىشىپمۇ قالاتتىم. ئۆيگە ئاغزى ـ بۇرنۇمنى قان قىلىپ كىرگەن چاغلىرىممۇ بولغان. ھالاۋىدىن قىزىق مىجەزلىك ئادەم ئىدى. مېنى تېخى كىچىك دەپ قويۇپ بېرەتتى، نېمىشقا تاياق يېدىڭ، كىم بىلەن مۇشتلاشتىڭ؟ دەپ سورىمايتتى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەپ بەرسەم، تاياق ھالال تېگىپتۇ، نېمىشقا سەن ئۇلارنى بىرىنچى بولۇپ ھاقارەت قىلدىڭ؟ دەيتتى. ئۇلارنىڭ ماڭا دېگەن ئەسكى گەپلىرىنى دەپ بەرسەم، بوپتۇ، ئۇنداق گەپلەر بولىدۇ، ئۆزۈڭگە چىڭ بولساڭ، ئۇلار سېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، دەيتتى. مېنىڭ مىجەزىممۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. ئېھتىيات قىلىش، ئەندىشە، قورقۇنچ دېگەنلەر خىيا-لىمغا كەلمەيدىغان بولدى. ئۆزۈمدىن چوڭراق باللار مېنى ئويناپ كېلىشكە، كىنولارغا بېرىشقا سايە قىلاتتى، ئۇنداقلارنىڭ غەرزىنى دەرھال بىلىۋالاتتىم ـ دە، تىللايتتىم، تىلىمغا چىدىمىغانلىرى بىلەن مۇشتلىشىپمۇ قالاتتىم، چۈنكى بىرىنچى مۇشتنى مەن ئاتاتتىم. بارا ـ بارا ئۇنداقلار بىلەن مۇشتلاشسام تاياق يېمەيدىغان بولدۇم، بەزىلىرىنى يىقىتىپمۇ قويدۇم.

لەقەم دېگەن ئادەمنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا، رەڭگى ـ روھى، قىياپىتىگە، ياكى بىرەر ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا قويۇلىدىكەن. ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمنى كۆرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ماڭا «بەختىخان ئەركەك ـ زەدەك» دەپ لەقەم قويسا، بەزىلىرى «بەختىخان نوچى» دەپ لەقەم

قويدى . شۇنداق قىلىپ ، ماڭا ئوغۇللىرمۇ تەك كېلەلمەيدىغان ، مەندىن ئەيمىنىدىغان بولدى . ماڭا ئەر ياراشتىمۇ ، يا خۇدايىمنىڭ مېنى باشقىدىن ياراتقۇسى كەلدىمۇ ، ھالاۋىدىنغا تېگىپ ، ئىككى يىل ئىچىدە ئۇستىخانلىرىم يوغىناپ ، بەدىنىمگە ئەت قونۇپ ، يېگەن ـ ئىچكەندەك ، سوقا ـ سەندەلدەك ئايالغا ئايلىنىشقا باشلىدىم ـ دە ، ئاخىر « بەختىخان نوچى » دەپ ئاتىلىپ قالدىم . ھازىرمۇ مېنى بەختىخان نوچى دېسە تونۇمايدىغانلار ئاز . مېنىڭ بىر مىجەزىم بار ، ھالاۋىدىن ئۇنداق قىلما ـ مۇنداق قىلما دەپ يۈرۈپ ، ئۆزىمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ نېمە دېسەڭ ، ناھەقچىلىققا چىدىمايمەن ، بىر ئادەم ناھەقچىلىققا ئۇچرىسا ، ئۇ تونۇمايدىغان ئادەم بولسىمۇ قاراپ تۇرالمايمەن . ئۇنداق جېدەلنى پۇل بېرىپ بولسىمۇ سېتىۋالىمەن . ـ

بىر نەچچە يىل سالتاك يۈرۈپ ، ئون سەككىزگە كىرگەن چېغىمدا بىر ئوغۇل تۇغدۇم . ( ئۇ ھازىر يىگىرمە تۆت ياشقا كىردى ، ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۆيىنى ئايرىپ قويدۇق ) ئاندىن ئون ئالتە يىل ئۆتۈپ ، يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى . ھازىر سەككىز ياشتا ، ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ . تولا چاغلاردا مومىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ . ئاچاڭ بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار قانداق بولدى ؟ دەپ سورىمايسەنغۇ ، ـــ دېدى ئۇ سوئال قويۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى جاۋاب بەردى ، ـــ تۇنجى ئوغلۇم بىر ياشقا كىرگەندە ، ئاچام مېنى ئىزدەپ ـ سوراقلاپ چىقتى ، كۆرۈشتۇق . ئاچام ھېلىقى ئىشلارنى ئۇقۇپتۇ . ئەمەتجان دېگەن قىزىل كۆز شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي ، گۇڭشېنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان چوكان بىلەن ئويناپ ، تۇتۇلۇپ قاپتۇ . ئاچام ئاخىر ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ ـ دە ، گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ خوتۇنى قازا قىپتىكەن ، شۇنىڭغا تېگىۋاپتۇ . بىر ھەپتە تۇردى ، ماڭا قىلغانلىرى يۈرىكىمگە ئورناپ كېتىپتىكەن ، تۆزۈك چىراي ئاچمىدىم . ھازىر خەت يېزىشىپ تۇرىمىز . ئەمما ، ئۇ تۆت پارچە خەت يازغاندا ، مەن ئۆزۈمنى زورلاپ يۈرۈپ بىرەر پارچە يېزىپ قويىمەن .

مۇشۇ قورۇنى ھالاۋىدىن مېنى ئەپقېچىپ كەلمىگەن چاغلاردىلا

ئېلىپ قويۇپتىكەن. كېيىن ئۆي ئايرىپ كۆچۈپ كەلدۇق. مېنىڭ مەسلىھىتىم بويىچە قورۇغا تۆت ئېغىز ئۆي سېلىپ ياتاقخانا ئاچتۇق. شوپۇر دېگەنگە ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرىپ تۇرىدىكەن. ماشىنىنىڭ ئىككى چاقى ھۆكۈمەتكە، ئىككى چاقى ئۆزىگە چۆرگىلەيدىغان گەپ ئىكەن. تۇرمۇشىمىز ياخشى، كۆڭۈلگە ھەممە چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندە، كېمىدە ئوتتۇز كوي كىرىم بولىدۇ. مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار، ئۈرۈمچىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنىڭ جەريانى مۇشۇ. بۇ شەھەرگە مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مۇساپىر، بىراق مۇساپىرلىق تارتمىدىم. سەن ماڭا ئوخشىمايسەن، مەن قېچىپ كېلىپ تەييار ئۆيگە كىردىم، قورسىقىمدىن، كىيىم-كېچەكىمدىن غېمىم بولمىدى. سەن كېلىپ ياتاققا چۈشتۈڭ، غېمىڭ كۆپ، ئوقەت قىلىشىڭ كېرەك. مەن ئوقەت قىلمىسام بولىۋەرگەن، ساڭا بولمايدۇ، ئالدىڭدا خىلمۇ خىل ئىشلار بار. ئەمما، ھېچنېمىدىن غەم قىلما، قورقما، سېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ. ئۆز ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭمۇ ئىگەم بار، دەپ خاتىرجەم بولۇپ، ئوقەتىڭنى قىلىپ يۈرىۋەر.

ئىككىسىنىڭ ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن يولى، ئۆمۈر تارىخى بىر-بىرىگە نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشىنىش، ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، ئىككىسىنى تېخىمۇ يېقىن بىرلەشتۈردى، چۈشىنىشتىن مېھىر، سۆيۈنۈش پەيدا بولدى. ئۇزاق پاراڭلىشىش ئۇلارنى قىلچىمۇ چارچاتمىدى. بىراق، ماھىنۇر ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كۆرگىنى بىلەن مۇنۇ يات ئايالدىن كۆرۈۋاتقىنىنى سېلىشتۇرۇپ مەيۇسلىنىپ قالدى.

ئىككىسى ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يېتىپ قېلىشتى.

## 13

ئوقەتچىلەر خۇدايىم رىزقىمىزنى بازارغا چېچىۋېتىدۇ، ھەممىمىز تېپىپ، تېرىپ يەيمىز، دېيىشىدۇ. راست، بازارغا مىڭ تىجارەتچى كىرسە، ھەممىسى ئۆزىگە تۇشلۇق رىزىق - پايدىغا ئېرىشىپ قايتىدۇ.

ماھىنۇرنىڭ ئۆرۈمچىگە كېلىپ ئوقەت قىلىۋاتقىنىغا مانا بىر ھەپتە بولدى. بۇرۇن ئۇ تىجارەت يولىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قالغاچقا، ئانچە قىينالمىدى. ھازىر ئۇ قايسى مالنىڭ ئىتتىك ئۆتىدىغانلىقى، قانداق ماللارنىڭ بازىرى كاساتلىقىنى بىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئۇششاق تىجارەتچىلەر ماڭغان يولدا ماڭمىدى. ئەتراپىدىكىلەر كۆپرەك پايدا بىلەن ئازراق مال سېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كۆپرەك پايدا بىلەن ئازراق مال ساتقان ياخشىمۇ، ئازراق پايدا بىلەن كۆپرەك مال ساتقان ياخشىمۇ، دېگەننى ئويلاپ، ھېسابلاپ كۆرۈپ، كېيىنكىسىنى ئەۋزەل كۆردى. شۇڭا، ئۇ توپ سېتىش بازىرىدىن كۈنىگە يەتمىش تىيىندىن ئىككى يۈز، ئۈچ يۈز لۆڭگە ئېلىپ كېلەتتى ــ دە، دەسلەپتە ئۇنى بىر سومدىن، سەل ئۆتمەي قالسا، توقسەن تىيىندىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتمەي قالسا، سەكسەن تىيىندىن سېتىپ تۈگىتىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلاردىن جىقراق پايدىغا ئىگە بولۇپ قالاتتى. ھازىرغىچە مېلى ئېشىپ قالمىدى. باشقىلار بولسا بىر سومدىن كەم ساتمايتتى. شۇڭلاشقا، ئادەمگە ئەقلىنى بازار بېرىدىكەن، قايسى يولدا مېڭىشنىمۇ بازار كۆرسىتىپ بېرىدىكەن، دەپ جەزملەشتۈردى ئۇ.

ماھىنۇر لۆڭگە سېتىپ، سەككىزىنچى كۈنگە قەدەم قويغاندا، ھازىرغىچە تاپقان پايدىسىنى ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، بىر يۈز ئەللىك سومدىن ئېشىپتۇ. ئۇ تاپقان پايدىسىغا شۈكۈر ــ قانائەت قىلىپ، خۇشال بولۇپ، بۈگۈن ئېلىپ كەلگەن ئىككى يۈز دانە لۆڭگىسىنى يېيىپ قويۇپ ئولتۇردى. تېخى ئەتىگەن بازاردا ئادەملەر، خېرىدارلار ئاز. ئۇ بىلىدۇ: چۈشتىن باشلاپ ئادەملەر كۆپىيىدۇ، بازار قايناپدۇ. مالنىڭ ئەڭ كۆپ سېتىلىدىغان ۋاقتى مۇشۇ پەيت. شۇنداق بولسىمۇ، ئەتىگەن چىقىپ ئورۇن ئىگىلىمىسە، تۇرىدىغان يەرمۇ قالمايدۇ. ماھىنۇر چۈشكىچە بىردىن ــ ئىككىدىن بولۇپ ئوندەك لۆڭگە ساتتى. چۈش باشلىنىش بىلەن ئادەملەرمۇ، خېرىدارلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

ياپىمچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەردىن بىرسى ماھىنۇرنى كۆردى ــ دە، تۇرۇپلا قالدى: « قىزمىدۇ، جۇۋانمىدۇ، دەپ كۆزلىرى

بىلەن تىكىلىپ قالدى ئۇھەيران بولۇپ ، ــ مۇشۇ چىرايى بىلەن قانداقلارچە بازارغا چىقىپ قالغاندۇ ؟ . . . سودىنى باھانە قىلىپ چىرايىنى بازارغا سېلىپ تۇرغان نەرسىمكىن . . . سىناپ باقاي » ، ماھىنۇر سودىسى بىلەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقىمىدى . ئۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، كۆل رەڭ كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن تاراقلاپ تۇرغان ئون سوملۇق پۇلدىن بىرنى ماھىنۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ لۆڭگىدىن بىرنى ئالدى . ماھىنۇر كىچىك قارا سومكىسىدىن توققۇز سومنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى ـ دە ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ھېلىلا ئون سومنى بەرگەن كىشى ئالدىدا يوق ئىدى . ماھىنۇر ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ كىشلەر ئارىسىدا كېتىپ بارغان كۆل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىلىق كىشىنى ئىلغا قىلدى ، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتىشىپ كەلدى .

ــ ئاشقان پۇلىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز ، مەڭ ، ــ دېدى ئۇ توققۇز سومنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ .

ــ بولدى ، بولدى ، ئالمايمەن .

ــ نېمىشقا ئالمايسىز ، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ پۇلى تۇرسا ، ــ ماھىنۇر بىر سوملۇق سودا قىلىپ ، توققۇز سومنى بېرىۋېتىپ بارغان بۇ غەلىتە ئادەمگە ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى ، ئۇ : يۈزى كىچىك ، قېشى كالتە ئەمما قاپقارا ، كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان ، ئاشۇ يۈز ـ كۆزلىرىدىن ، ھېلى ئېيتقان سۆزلىرىدىن مىجەزلىرىنىڭ چۈسلۇقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلىنىپ تۇرىدىغان يىگىرمە سەككىز ـ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق يىگىت ئىدى . شۇ تۇرقىدا ئۇ گېپىنىڭ ئوشۇقچە دېگەندەك مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى .

ــ ئالمايمەن دېدىمغۇ ، گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدىڭىزما ؟ ئاشقان پارچە پۇلنى ئېلىش ماڭا نومۇس .

ــ خەقنىڭ بىكار پۇلنى ئېلىش ماڭىمۇ نومۇس .

ــ مەن ئىختىيارلىقىم بىلەن قالدۇرۇۋاتىمەن .

ــ ئۇنتۇپ قالماپسىز ـ دە ؟

ــ ئۇنتۇغىنىم يوق .

ــــ ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ئالمايمەن .
ــــ ئەمىسە تاشلىۋېتىڭ .
ــــ مانا تاشلىۋەتتىم .
ماھىنۇر توققۇز سومنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدى ـ دە ، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئويلىدى : بۇ بايۋەچچە مەردلىكى بىلەن قىزىقتۇرۇپ ماڭا قىلتاق قويماقچى ، قىلتاققا دەسسەيدىغان دۆت ماھىنۇر ئاللىقاچان ئۆلگەن .
ماھىنۇر ئۇ كەتكەن تەرەپكە ئاستا قارىدى : « تۇۋا ، ئاجايىپ ئادەمكىنا ، مېنى توققۇز سومغا ئۆزىنى ئاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىمىكىنا ، ــــ دەپ خىيالغا كەتكەندى ئۇ ، ــــ توققۇز سوم تۇرماق ، توققۇز يۈز سوم بولسىمۇ ، قىيا كۆزۈمنى سالماسمەن . مۇنداق ئادەملەر ئۆرۈمچىدە ئەجەب كۆپ ئىكەنا ، ئوقەت قىلىپ يۇرگەنلەردىن نەچچىسى كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى . ھەريەر ـ ھەريەردىن كەلگەن ئادەملەر كۆپ بولغاچقا شۇنداقمىدۇ ـ يا ؟ . . . »
ــــ مېنىڭ ئىسمىم ئىسمائىلجان .
ماھىنۇر چۆچۈپ كەتتى . بايىقى كۆل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىلىق يىگىت خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغانىدى .
ــــ تەرسا قىزدەك قىلىسىز ، تەرسالىقىڭىز بېسىلغاندا كېلىمەن ، ــــ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى .
ماھىنۇر ئۇنچىقمىدى . ئۇ كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي كېتىپ باراتتى . بىراق ، ماھىنۇر ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى ، ئۇ راستىنلا قايتىپ كېلەرمۇ ؟ كىشىنى بىزار قىلىدىغان لاۋزا گەپلەرنى دەپ ئالدىمدا بىزەڭلىك قىلىپ تۇرۇۋالارمۇ ؟ . . .
ئۇنىڭ ئەندىشىسى بارغانسېرى ئېشىپ ، بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى . كۆزلىرى پىلدىرلاپ ، ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر كۆزىگە كۆرۈنمەي قالدى ۋە ئۆز مېڭىغا خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشتىنمۇ قالدى . ئەندىشە بىردىنلا تەشۋىش پەيدا قىلىپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىنچلىق ، خاتىرجەملىكنى ئېلىپ كەتتى . ئاخىر ئۇ ،

خاتىرجەملىكنى ئىزدەپ ، ماللىرىنى يىغىشتۇرۇپ سومكىسىغا سالدى ـ دە ، ياتىقىغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى . بولمىسا ئۇنىڭ لۆڭگىسى باشقا كۆڭلەرگە قارىغاندا بۇگۈن ياخشى ئۆتۈۋاتاتتى .

ۋەھىمە يامان ، ئادەمنى تىنىچ قويمايدۇ ، بىر ئورۇندا تۇرالماس قىلىپ قويىدۇ ، يۈگەرتىۋېتىدۇ ، قورقۇنچلۇق خىياللارغا چۆكتۈرۈۋې-تىدۇ . ئۇ دەممۇ دەم ئارقىسىغا قاراپ ، قانداقتۇر بىر يىرتقۇچ ھايۋاندىن قاچقاندەك پىلدىرلاپ كەلمەكتە ئىدى . بەزىدە ئادەملەرگە سوقۇلۇپ ، مۇ-دۈرۈلۈپ كېتەتتى ، ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ ماڭغاچقا ، سىم تاناپ تۈۋرۈكىگە ئۇرۇلۇپمۇ كەتتى . ئاخىر ياتىقىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم تۇردى . ئۇ ھېلىقى كۆل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىلىقنى ماڭا كۆرۈنمەي ، كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋا-تامدىغاندۇ ، دەپ دەككە ـ دۈككىدە قالغانىدى . خۇدايا شۈكۈر ئۇنداق بولمىدى ، ھازىرغىچە كۆرۈنمىدى . ئەگەر ئەگىشىپ كەلگەن بولسا ، بۇ ئادەمسىز تار كوچىغا كىرگەندە كۆرۈنۈپ قالار ئىدى .

— بالدۇرلا قايتىپسەنغۇ ، خېنىم ؟ — دېدى خوجايىن خوتۇن ئۇ قورۇغا كىرىپ كېلىشىگە .

— بۈگۈن سودىنىڭ تايىنى يوق ، تولا ۋارقىراپ ئاغزىم تالدى ، قايتىپ كەلدىم .

ماھىنۇر يالغان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىپ پەسكە قارىدى . بىراق ماھىنۇرغا سىنچىلاپ سەپسالغان خوجايىن خوتۇن ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدە ، پىلدىرلاپ قالغان كۆزىدە يانغان ۋەھىمە ـ ئەندىشە ئۇچقۇنلىرىنى بايقاپ قالدى ، ئاق پاختىسى چىقىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىدە مەنىلىك كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى ـ دە ، دەرھال كۆڭلىگە كەلگەن گەپنى ئېغىزىدىن چىقاردى :

— مېلىڭنىڭ بازىرى كەلمەي ، ئۆزۈڭنىڭ كېلىپ قالدىمۇ ـ يا ؟

ماھىنۇر تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ سۇس كۈلۈمسىرىدى .

— ئۇنىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ ، سېنى تالىشىپ بىر نەچچە بايۋەچچە مۇشتلىشىپتۇ ـ دە ؟

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز ، بەختىخان ھەدە ، ئۇنداق ئىش ئۆ-
تۈلمىدى ، بىراق غەلىتىلا بىر ئىش يۈز بەردى ، يۈرۈڭ ، ياتاقتا ئولتۇرۇپ
سۆزلەپ بېرەي .

ئىككىسى ماھىنۇرنىڭ ياتىقىغا كىردى . ئۇ سەل ئەسلىگە كېلىپ
قالغاندى ۋە بولغان ۋەقەنى تولۇق سۆزلەپ چىقتى .

— ھازىر شۇنداق قىلىق چىقتى ، — دېدى خوجايىن ئايال قوپال
ئورىغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ ، — بەزىبىر كىرا ماشىنىلىرىغا
چۈشكەنلەر يەتتە ـ سەككىز كويغا كىرا قىلغان بولسا ، ئون كويىنى
بېرىپ ، ئاشقان پۇلنى ياندۇرۇپ بەرسە ، ئالمايلا كەتكۈدەك ، ئاشقان
پۇلنى ئالسا ، چاكىنا ، چۈپرەي ئادەم ھېسابلىنىپ قالغۇدەك . ساڭا
يولۇققىنى ئاشۇنداق مەردلەرنىڭ بىرىدۇر تايىنلىق ، باشقا مەقسىتىمۇ يوق-
تۇر ، قورقۇنچاق ؟

— چەت ئەللەردە شۇنداق قىلىدۇ ، دەپ ئاڭلىۋىدىم .

— ئۇ پۇلى جىق چەت ئەللىكلەرگە بىز قانداق ئوخشايمىز ،
قورساقنى تۇزلۇك باقالمايۋاتقان يەر تۇرسا ، بۇ ئادەم پۇلنى جىق تېپىپ
باي بولغانسېرى بېخىللىشىپ كېتىدىغان ، مەردلىشىپ كېتىدىغانلىرىمۇ
بولامدۇ نېمە ...

— بىر سوملۇق سودا قىلىپ ، ئون سومنى بېرىپ ماڭسا ، ئۇنى
قانداقمۇ باشقىچە مەقسىتى يوق دېگىلى بولسۇن ؟

— شۇنداقمىدۇ ؟

— كاشكى يەتتە ـ سەككىز سوملۇق سودا قىلىپ ، ئون سومنى
بېرىۋېتىپ ماڭغان بولسا ، مەن مۇنچىلىكمۇ ئويلاپ كەتمەس ئىدىم ، —
دېدى ماھىنۇر ئۆز قارىشىدىن يانماي .

— ئىسمىنى نېمە دېدىڭا ؟

— ئىسمائىلجان دەيدۇ ، بېشىغا چاچ قويۇۋاپتۇ ، ئۇچىسىدا كۆل
رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، بويىنىدا گالستۇك ، كىيىم ـ كېچەكلىرى پاكىز ،
مۇنداقلا قارىماققا زىيالىيدەك قىلىدۇ .

— سودىگەردۇ ، زىيالىي قايسى پۇلىغا ئۇنچىلىك مەردلىك قىلىپ

كېتەلەيدۇ، — دېدى خوجايىن ئايال بۇياققا بۇرۇلۇپ، — پاكىز، رەتلىك يۇرگىنى بىلەن ئالغان ئازغىنا مائاشىدا ئوتتۇز كۈننى تۇمشۇق تىرەپ ئاران ئۆتكۈزىدۇ. زىيالىيلارنى ئۇندا ھۆرمەت قىلىمىز، مۇنداق ھۆرمەت قىلىمىز دېگەنلىرى قۇرۇق گەپ ئىكەن، قۇرۇق گەپكە قورساق تويامدۇ! دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق، دېگەن مۇشۇ. بۇرۇن بايلار سۈننەت تويى قىلسا، ئات بەيگىسى قىلاتتى، ئالدىدا كەلگىنىگە تۆگە، ئىككىنچىسىگە ئات، ئۈچىنچىسىگە جۈپ قوي بېرەتتى. ھۆكۈمەت ھازىر چېپىش بايرىمى قىلسا، بىرىنچى كەلگەنلەرگە ئالتۇن مېدال، دەپ ئالتۇن سۈيىگە چىلانغان كىچىككىنە تۆمۈرنى بېرىدىكەن، ئاچقىپ ساتسا ئون كويغا ئالمايدىكەن. ئۇنداق قىلسا قانداق تەرەققىي قىلىدۇ، ھەممە نېمە پۇل بىلەن ئوخشايدۇ ئەمەسمۇ، سودىگەر دېگەننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشمۇ زىيالىيدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى ھازىر. ئۇنىڭ چىرايىڭغا كۆزى چۈشكەن بولسا، بەلكى سىناپ باققاندۇر، پۇلنى ئالسىلا ئۇندەككە كېلىدۇ، دەپ ئويلىغاندۇ، بۇ ئىشقا ئۇنچىلىك قورقۇپ كەتمە، — بەختىخان ئېتىبارسىزلىق نەزىرىدە يوغان قولىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — ئەتە ئورنۇڭنى يۆتكەپ باق، سېنى ئىزدەپ تېپىپ كەلسە، بىزەڭلىك قىلىپ تۇرۇۋالسا كېتىڭ، جېدەل چىقىپ قالمىسۇن، ئېرىم قاسساپ، پەيلى يامان ئادەم، دەپ قوي، بەدەر قاچمىغىننى مەن كۆرەي، — بەختىخان بىردىنلا سۆزىنى ئۆزگەرتىپ قالدى، — بۇدا ئىزدەپ كېلىپ قالسا، تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقامسەن-يا!

— قويۇڭ-قويۇڭ، ئۇنداق گەپنى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ، — ماھىنۇر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملەپ، قولىنى سىلكىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت سۆزسىز ئۆتتى. بازاردىن ئالاقزادە بولۇپ قايتقان ماھىنۇر بەختىخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خېلىلا خاتىرجەملىنىپ قالدى ۋە تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قان يۈگۈردى. شۇ ئارىلىقتا ئىشكى ئوچۇق ياتاققا بەختىخاننىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى قەدىردىن كىرىپ كەلدى. بۇ ماھىنۇرنىڭ بىر ھەپتىدىن بېرى قەدىردىننى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە ئۇ ماھىنۇرغا

تەئەججۈپلىنىپ قارىغان . شۇ چاغدا ئاپىسى : « ئاچاڭغا سالام قىل ، سىڭىلىڭ ئاچاڭ بولىدۇ » دېگەن . لېكىن بالا : « ياتاقتا ياتقىلى كەلگەن قىزدۇ ، يالغان ئېيتما » دېگەندە ئاپىسى ئاپئاق ئاقارتىلغان ، چىنىدەك پاكىز بولۇپ كەتكەن كۆمۈرخانىنى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ، قەدىرىدىن شۇ چاغدىلا ئىشىنىپ : « ئەمدى مېنى موماڭنىڭ ئۆيىگە كەتمە ، داداڭ يولدا ، مەن يالغۇز قورقىمەن ، دېمەيدىكەنسەن ـ دە » دېگەندى .

قەدىرىدىن ياتاقتا كىرىپلا ئاپىسىدىن سورىدى :

— دادام كەلمىدىما ؟

— ياق ، تېخى ...

— نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ ، قانچە كۈن بولدى كەتكىلى ، موماڭ بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىدۇ ؟

— مەنمۇ ئەنسىرەۋاتىمەن بالام ، ئۇن كۈن بولدىمىكىن ، بۈگۈن سەھەر چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، كېلىپ قالارمىكىن .

— چۈشۈڭگە كىرگەن كۈنى كېلىپ قالاتتى ـ ھە ؟

— داداڭنى سېغىنىپسەن ـ ھە ؟

— سېغىندىم ، مومامۇ سېغىنىپتۇ ، سەنمۇ سېغىنغانسەن ؟

— ھەممىمىز سېغىندۇق ، — بەختىخان بىلەن ماھنۇر كۈلۈمسىرىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى ۋە ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ ، پىشانىسىگە سۆيۈپ قويدى .

— بۈگۈن مەن بىلەن ياتارسەن ؟

— ھەئە .

— بۇ ئۆيدە ئاز تۇرىدىكەنسىزغۇ ؟ — سۆز قىستۇردى ماھنۇر ، — مەن كەلگەندىن بېرى ئاران ئىككى كەلدىڭىز ؟

— موماڭ يالغۇز تۇرسا ، ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىمەن ئەمەسمۇ .

بۈگۈن ئۈلار تېلېۋىزور توختىغىچە ئولتۇرۇشتى .

※ ※ ※

ماھىنۇرنىڭ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. دەسلەپ كۆز ئالدىغا مىجەزى چۇس ھېلىقى كۆل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىلىق كېلىۋالدى. «تەرسالىقىڭىز بىسلىغاندا كېلىمەن» دېگىنى نېمىسى؟ — دەپ تەگسىز خىيالغا چۆككەنىدى ئۇ، — نېمشقا كېلىدىغاندۇ؟... كېلىمەن دېگىنى — سىزگە گېپىم بار دېگىنى. مەن ئۇنى تونۇمايمەن، ئۇمۇ مېنى ئەلۋەتتە تونۇمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، نېمە گېپى بولۇشى مۇمكىن؟... ئۇ قانداق ئادەم كىم بىلىدۇ، نىيىتى يامان ئادەم بولسا ھەدەپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ، گېپىنى ئاڭلاپ رەت قىلسام بولىدىغۇ، ئەمما لېكىن ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنمىسىغۇ ياخشى، كەينىمگە كىرىۋالسا، بىزەڭلىك قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئارام بەرمىسە قانداق قىلارمەن... نىيىتى ياخشى ئادەم دېگەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەي، ئۇقماي تۇرۇپ، ماڭا نېمىمۇ دېيىشى مۇمكىن؟ بىر ھەپتىدىن بېرى بىر ئۇبدان تىجارىتىمنى قىلىۋاتقان ئادەم ئىدىم، ئاشقا چىۋىن چۈشكەندەك مۇنۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقىنىنى... ھېلىمۇ ياخشى ھالىمنى ئېيتسام ئاڭلايدىغان، يىغلىسام يۆلەيدىغان بەختىخان ھەدەمنىڭ بولغىنى، بولمىسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟... قېنى، ئەتە - ئۆگۈن كۆرەرمەن.» ماھىنۇر ئۆزىگە دۇچ كەلگەن چىگىش ھەم غەلىتە ئىشنى يېشەلمەي، ئىككىنچى بىر ئىشنى ئويلاپ قالدى: «بەختىخان ھەدەم سەۋەبى ئوخشىمىسىمۇ، ماڭا ئوخشاش ئۆيدىن قېچىپ چىقىپتۇ، مەنمۇ ئۆيدىن قاچقاندەك چىققان. ئەمما گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلىشىمچىمۇ بەختلىك ياشاۋېتىپتۇ. كېلىن بىلەن قېيناننىڭ ئەپ ئۆتمىكى تەس. لېكىن بولار ئىناق ئىكەن. بولمىسا قېينانام ياخشى خوتۇن دەمدۇ، ئالدىدىكى جاپاسى تۈگىگەن ئوغلىنىڭ كۆپىرەك شۇ يەردە تۇرۇشىغا يول قويامدۇ، ئەگەر مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان بولسا، بۇ گېپى ئوچۇق خوتۇن ئۇنى ئالىلقاچان دەۋەتكەن بولار ئىدى. مەن تېخى ياش، ئەلۋەتتە تۇرمۇشلۇق

بولارمەن ، قانداق ئادەمنىڭ قولىغا چۈشىمەن ، قانداق ئانىغا كېلىن بولىمەن ، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ . مۇشۇ يالغۇزلۇقۇم ، ئاجىزلىقىمدا مۇشۇنىڭچىلىك ئۆتەلىسەم ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلار ئىدىم . . . بولىدىلا ، مەن بىر تۇرمۇشلۇق بولغان ، بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلىمەن ، ھازىرچە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ، ئەقلىم ، زېھنىم بىلەن ئوقىتىمنىلا قىلاي . »

ماھىنۇر ھەرخىل ئوي - خىياللار بىلەن قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى . بىراق ، ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ، تۇيۇقسىز تۆمۈر دەرۋازا توختىماي ئۇرۇلۇشقا باشلىدى . ئۇ ئويغىنىپ كەتتى . دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلماقتا ئىدى . بۇ كىمدۇ ؟ بەختىخان ئاسانلا ئويغىنىدىغان ، بۈگۈن نېمە بولغاندۇ ؟ . . .

ماھىنۇر ئەنسىرەپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى ، خوجايىن ئايالنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى - دە ، ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى .

— كىم ؟

— كىم بولاتتى ، مەن .

— ياللا ، نېمانچە يوقاپ كەتتىڭلا ئادەمنى ئەنسىرىتىپ ؟

— سەنمۇ ئەنسىرەمسەن ؟

— ما گەپنى ، ئەنسىرىمەيدىغان ياغاچ ئادەم بولغىيتتىم . . .

ئۇلارنىڭ گەپلىرى كېچە جىمجىتلىقىدا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى . « ئېرى كەپتۇ - دە ، دەپ ئويلىدى ماھىنۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغىنىچە ، — بەختىخان ھەدەم سەھەردە چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن دەۋاتاتتى ، 〈 سەھەردىكى چۈش — ئۇڭۇڭدىكى ئىش 〉 دېگەندەك راستتىنلا كەپتۇ ، قانداق ئادەمدۇ ؟ مەندىن ئون تۆت - ئون بەش ياش چوڭ ، دېگەندەك قىلىشىدى ، ئۆزىگە ئوخشاش بەستلىك ئادەممىكىن ، ماڭا بۇ ئۆينى بەرگىنىگە خاپا بولارمىكىن . . . »

— قەدىرىدىن بەك سېغىنىپ كېتىپتۇ ، قاچان كېلىدۇ ، دەپ تولا سوراپ . . . — دېدى بەختىخان .

— سەنمۇ سېغىنغانسەن ؟

— لاۋزا . . . ئاستا گەپ قىلسىلا ، ماۋۇ ئۆيدە ئادەم بار جۇما .

— كۆمۈرخانىدىمۇ ؟
— ھازىر سارايدەك ئۆي بوپ كەتتى ئۇ .
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ، كىم بار ؟ — ھالاۋىدىن توختىدى . ئۆيگە كىرسىلە ، سۆزلەپ بېرىمەن .
« ئەر - ئايالىلىق كۆڭۈللۈك بولسا ، چىمەنزار گۈللىرىدەك كۈلۈپ تۇرىدىغان تۇرمۇش ، كۆڭۈلسىز بولسا ئوچاقنىڭ كۈلىدەك توزۇپ تۇرىدىغان تۇرمۇش ، — دەپ ئويلىدى ماھنۇر ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، — كىم بەختسىز قېلىشنى ئويلايدۇ ؟ ھەممە ئادەمنىڭ خاتىرجەم ياشىغۇسى ، بەختلىك بولغۇسى كېلىدۇ . لېكىن ، بەخت ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدىكەن . بەختلىك ئائىلىلەرگە مەستلىكىم كېلىدۇ ، كىشىلەر قانداق ئويلايدۇ بىلمەيمەن ، ئەمما مەن خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئائىلىلەرنى كۆرسەم ، يۈرىكىمدىكى يارىلار ساقىيىپ كەتكەندەك بولۇپ قالىمەن . بەختىخان ھەدەم خورلۇقتا ، زورلۇقتا ئۇچراپ كېلىپ تۇرمۇشلۇق بولغان ، شۇ ھالدا ئۇ يەنە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بولسا ، كۆتۈرەلمىگۈدەك ئۇۋالچىلىقتا قالغان بولار ئىدى . لېكىن ئۇ تۇرمۇشىدىن رازى ئىكەن ، بەختىيار ئىكەن . خۇدايىم كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە مىڭنىڭمۇ بەختىنى بېرەر . »
ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدا ھەممىسى جەم بولۇشتى . قەدىرىدىن ئالدىراپ - تېنەپ چېيىنى ئىچتى - دە ، مەكتەپكە ماڭدى . ماھنۇر ھالاۋىدىن شوپۇرغا تۇيدۇرماي سەپسالدى ، ئۇ ئۆزى قىياس قىلغاندەك بەستلىك بولۇپ ، خۇددى خوتۇنىدەك قارامتۇل يۈزى گۆشلۈك ، قوشۇماقاش ، يۈزلىرى مايلىشىپ پارقىراپ تۇرىدىغان ئادەم ئىكەن .
بەختىخان ئېرىگە ماھنۇرنىڭ كىملىكىنى ئاخشام دەپ بولغان بولۇشى كېرەك ، ھازىر قىسقىچىلا مۇنداق دېدى :
— مانا بۇ سىڭلىمىز ماھنۇر ، كېلىپلا ئوقەتكە كىرىشىپ كەتتى . ئوقىتىمۇ يامان ئەمەس .
— سىڭلىمىز دېگۈچە ، قىزىمىز دېسەك بولغۇدەك ، — دېدى ھالاۋىدىن گۆشلۈك يۈزى ، كىچىك كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ .

— ئۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ .

— بىزنىڭ قورۇغا ئورۇنلىشىپ ياخشى قىپسىز ، قىزىم ، بەختى بەزى كۆنلىرى قارا بېسىپ قالىدۇ ، قورقىدىكەنمەن ، دەيتتى ، ھەمراھ تېپىلىپتۇ ، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي دانىمۇ دانە سۆزلەپ ، — سىزگە ئاـ تىدارچىلىق قىلىمىز ، يېقىلىسىڭىز يۆلەيمىز ، روناق تاپسىڭىز چاۋاك چالىمىز .

ياخشى گەپ تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ ، دېگەن گەپ بار ، ھالاۋىدىننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ماھنۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى .

— بەختىخان ھەدەم ماڭا كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلدى ، — دېدى كۆڭلى بۇزۇلغان ماھنۇر غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن ، — مەن ئۇرۇمـ چىگە كېلىپ بېشى تۆرەپ قالغان ئادەمدەك بولۇپ قېلىۋىدىم ، ياردەم قولىنى سۇندى ، بېشىمنى سىلىدى ، يار ـ يۆلەكتە بولۇۋاتىدۇ ، سىزمۇ بىزدەك ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈۋاتىسىز ، ياخشىلىق ھەر قانچە بولسىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس ، بەختىخان ھەدەم دەرھال ھالىمغا يېتىپ ئۆي بەردى ، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتكەن بولـ سا ، بۇ چاغقىچە نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەتتىمكىن . . .

— مەندىن سورىماي ئىش قىلىدۇ بۇ ، سىز بىلمەيسىز ، بۇنى كىشىلەر « بەختىخان نوچى » دەيدۇ ئەمەسمۇ .

ھالاۋىدىننىڭ چاقچىقى ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ، ماھنۇر ، بەختىخاننىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى . ماھنۇرنىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى .

— نوچىلىقمۇ ياخشى خىسلەت ئىكەن ، كىشىلەرگە بوزەك بولمايـ دىكەن ، بوزەك قىلىۋاتقانلارنى كۆرسە ، ئەدىپىنى بېرىپ قويىدىكەن .

ئوچۇق ـ يورۇق ، سەممىي سۆھبەت ماھنۇرنىڭ ئوڭايسىزلىنىش ، قورۇنۇشلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى .

— شۇڭا يالغۇز تاشلاپ قويمەن بۇنى ، ئۆزىمۇ ئادەم تۇرماق ، دىۋىدىنمۇ قورقمايدۇ .

— ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەم شۇنداق بولىدىكەن ، ھالاۋىدىن ئاكا .

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ماھىنۇر تۇنۇگۈندىن قالغان لۆڭگىسىنى چۈشكىچە سېتىۋەتمەكچى، چۈشتىن ئۆتكەندە توپ سېتىش بازىرىدىن يېڭى مال ئەكەلمەكچى بولۇپ قوزغالدى. « يا بىسمىللا، بالا ـ قازادىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، ئىشلىرىمنى ئاسان قىلغايسەن » دېدى ئۇ ھويلىدىن چىقىپ كوچىغا قەدەم تاشلاش بىلەن.

## 14

ئادەمنىڭ خىيالىغا ئەندىشە كىرىۋالسا، ئۇنىڭ يوقالمىقى تەس ئىكەن، بىردە پەسلەپ، بىردە ئۆرلەپ كىشىگە ئارام بەرمەيدىكەن. ماھىنۇر ھېلىقى كۆك رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىلىقنى كېلىپ قالارمۇ، دەپ قورقۇپ، ئارامسىزلىنىپ يۈردى. ئۈچ كۈنگىچە كەلمىگەندىن كېيىنلا ئەندىشىلىرى بىر ئاز بېسىلىپ قالدى. ئەمما، كۆزى كۆك رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىلىق ئادەملەرگە چۈشۈپ قالسىلا يۈرىكى جىغىلدايتتى. « ئادەمگە تىنچ، خاتىرجەم كۈن يوق ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، — بۇ تۇرمۇش ئەندىشە، ئارامسىزلىق، تەشۋىش ئىچىدە ئۆتىدىغان تۇرمۇش ئىكەن، بەختىخان ھەدەم ئېيتقاندەك، قورقماي، ئەندىشىدە بولىۋەرمەي، باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ ياشاش كېرەك ئىكەن، بولمىسا ئادەمنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. »

ماھىنۇر لۆڭگە ئېلىپ، لۆڭگە سېتىشنى توختاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بازىرى بارغانسېرى كاساتلىشىپ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاخىرقى كۈنى ئۇ ئەكەلگەن لۆڭگىلىرىنى ئېزىغا سېتىۋەتتى ـ دە، باشقا مال ئالماقچى بولدى. ئۇنىڭ كۆزى بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن توپ سېتىش بازىرىنىڭ ئالدىدا ئەللىك تىيىندىن پارچە سېتىلىۋاتقان كىچىك دۈگىلەك ئەينەككە چۈشكەنىدى. « نېمانچە ئەرزاندۇ، — دەپ ھەيران بولغانىدى ئۇ، — مۇشۇ پارچە سېتىلىۋاتقانلار توپ باھادا قىرىق تىيىندىن ئالغاندۇ تايىنلىق، بەش ـ ئالتە يۈزنى ئالسا ئۇنىڭدىنمۇ ئەرزان بېرىشى مۇمكىن. » ماھىنۇر ئاشۇ ئەينەكتىن ئالماقچى بولدى، ئاۋۋال بازار ئارىلى-

ماقچى ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلاردا قانچىدىن سېتىلىۋاتقانلىقىنى
ئۇقماقچى بولۇپ ، يوغان سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ماڭدى .
ئىككى - ئۈچ ماگىزىنىغا كىرىپ ، ئۇنىڭ بىر سوم يىگىرمە تىيىندىن
سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ دەرھال توپ سېتىش بازىرىغا كېلىپ ، باھا
تالىشىپ يۈرۈپ بىر دۇكاندىن ئوتتۇز تىيىندىن بەش يۈزنى ئالدى .
بىراق ، ئۇنى كۆتۈرەلمىدى . ئاخىر قول ھارۋىسىغا كىرا قىلىپ كۈن
قايرىلغان چاغدا ھەر كۈنى تۇرىدىغان دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا يېتىپ كەلدى
ۋە سومكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ : ئېلىڭلار ، بىر كويغا ئىككى ، دەپ
ۋارقىراپ سېتىشقا باشلىدى . ئەتراپىدىكى بىر - ئىككى تىجارەتچى ئۇنى
سەكسەن تىيىندىن سېتىۋاتقانىدى . بۇ ئەرزان ئەينەككە كىشىلەر ، بو-
لۇپمۇ قىزلار ، ئاياللار دۈررىدە يېپىلدى . ئۇ كۆپ پايدا ئالمىسىمۇ ، دەپ
مېلىنى ئۇزاق تۇتۇپ تۇرۇشنى خالىمايتتى . يىگىرمە - ئوتتۇرنى ئالغۇ-
چىلارغا ھەتتا قىرىق تىيىندىنمۇ ساتتى . ئالغان مېلى ئۆتۈپ تۇرۇش —
تىجارەتچىلەرنىڭ خۇشاللىقى ، روھى كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى تەمىن ئەتكۈچى
ۋە سودىغا تېخىمۇ قىزغىنلىق ئاتا قىلغۇچى ئامىل . ئەينەكنىڭ تېز
سېتىلىۋاتقانلىقى ماھىنۇرنىڭ تاۋىنى ئۆستۈرۈپ ئەندىشىلىرىنى ئاللىقا-
ياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى .

بىراق كۈنىگە بەش يۈز ئەينەك سېتىش ئاران ئۈچ كۈنلا
داۋاملاشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن توپ سېتىش بازىرىدىن ئەكېلىدىغان ئەي-
نەكلىرى تۆت يۈزگە ، ئۈچ يۈزگە ، ئىككى يۈزگە ۋە ئاخىرىدا يۈزگە
چۈشۈپ قالدى . تىجارەتچى زېرەك بولسا ، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، ئې-
لىپ - ساتىدىغان ماللىرىنى ئېھتىياجلىق ، ئۆتۈپ تۇرىدىغان ماللارغا تېز
ئالماشتۇرالايدۇ ھەم سودىسى ئانچە بولمىسىمۇ ، نەپ ئېلىپ قالغان بىر
خىل مالدا تۇرۇۋېلىشتىن روناق تېپىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلالايدۇ . ئۇ
ئەتراپىدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ يولىدا ماڭمىدى ، مېلى
كاساتلاشقان ھامان ئىككىنچى بىر خىل مالغا ئۆتتى . ئەينەك ئېلىپ سې-
تىشنى سەككىز كۈندىن كېيىن توختاتتى - دە ، ئەرلەرنىڭ يىپەك پايپىقى
سودىسىغا ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇنى بىر مەزگىل ساتقاندىن كېيىن ، سولياۋ

گۈل، قىسقا يەكىلىك ئاق مايكا، ئۆيدە كىيىۋالدىغان كەش قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى.

ماھىنۇرنىڭ دەسمايىسى خېلىلا ئاۋۇپ قالغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە پۇللۇق ماللار سودىسى بىلەن شۇغۇللانماي، ئۇششاق سودا ياخشى سودا، دېگەندەك ساپلا بىر يېرىم سوملۇق، بىر سوملۇق، ئەللىك تىيىنلىق، قىرىق تىيىنلىق، ئوتتۇز تىيىنلىق ماللارنى ئېلىپ ساتتى. پۇللۇق ماللار- دىن زىيان تارتسا، زىيىنىنى ئېغىر بولىدىغانلىقىنى، ئەرزان ماللاردىن زىيان تارتسا زىيىنى يېنىك بولىدىغانلىقىنى ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئويلىغان. «دەسمايەم ئون مىڭ سوم بولغان بولسا، پۇللۇقراق ماللار سودىسى بىلەن شۇغۇللانسام، ئەگەر زىيان تارتىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا قولدا بەش مىڭ سوم قالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سودىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ. ھازىرچە ماڭا پۇللۇق ماللار سودىسىنى قىلىش تېخى ئەتىگەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

قولىدىكى پۇلنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىشى ئۇنى سودا بازىرىغا قاتتىق جەلپ قىلماقتا ئىدى. ئۇ كەم دېگەندە بازاردا ھەر كۈنى ئون سا- ئەت بولاتتى. بۇنىڭ يەتتە ـ سەككىز سائىتى دۆڭكۆۋرۈك ئالدىدا ئۆتسە، ئىككى ـ ئۈچ سائىتى توپ سېتىش بازىرىدا ئۆتەتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىككى بازار ئارىلىقىدا كۆپ قاتنايتتى. بەزى كۈنلىرى تېز- لىك قوغلىشىپ، چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. بەختىخانمۇ ئۇنىڭ سودا قىلىش ئۇسۇللىرىغا قايىل بولۇپ قالغانىدى. «ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالغان مىلىگىنى تۇگىتىپ كېلىسەن، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىكەنسەن، ئىشەنچىم كامىل، چوقۇم باي بولىسەن جۇما سەن» دەپ قوياتتى بەزىدە.

ماھىنۇر توپ سېتىش بازىرىدىن تۆت ئۈچىدا كۆك گۈلى بار، ئاستى سۇس سېرىق ئارا ياغلىقتىن يۈزنى ئېلىپ كوچىغا چىققاندا، قورسىقىنىڭ ئىنتايىن ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھەم ئۆزىنىڭ چۈشتە تاماق يېمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ خالىيراق دەپ، ئاشخانىلارنىڭ ئەڭ چېتىدىكى، ئەتراپىنى بورا بىلەن توسۇغان كىچىك ئاشخانىغا كىرىپ بىر چىنە سۈيۇقئاش ئىچتى ـ دە، يېنىپ چىقىپ، ياتىقىغا ئالدىراپ ماڭدى.

كۆن ئۆلتۈرۈپ كېتىپ باراتتى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاللىقاچان ئىشتىن يېنىپ بولغان ، كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى . غەرب شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى . ئۇ گۇگۇم چۈشكۈچە ياتىقىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن قەدەملىرىنى ئىلداملىتىپ يۈرمەكتە ئىدى .

ئۇنىڭ كەينىگە ئىككى ئادەم چۈشۈۋالدى . ماھىنۇر ئۇنى بايقاپ قالدى ـ دە ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى ۋە قەدەملىرىنى ئىلداملىتىپ ماڭدى . ئۇلارمۇ ئىتتىكلىدى . « مۇنداق كەچ قالماسلىقىم كېرەك ئىدى ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ھاسىراپ ، — بۈگۈن بازار ئارىلاپ قارا باسـقاندەك كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمەنا . . . ئۇلارنىڭ كۆزى ماڭا چۈشكەنمىدۇ ، سومكامغا چۈشكەنمىدۇ ؟ » بايا ماھىنۇر ئاشخانىدا تاـ ماق يەۋاتقاندا ، بۇ ئىككىسى نېرىقى ئۈستەلدە تاماق يېيىشىپ ئولتۇرۇشقان ۋە ماھىنۇرنى كۆزلىرى بىلەن شەرەتلەپ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشقان . ماھىنۇر بۇ ئىشلارنى سەزمىگەن .

ئاخىر ئۇلار يېتىشىپ كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ مېـ ڭىپ گەپ ئاچتى :

— نەگە ماڭدىڭىز ؟

ماھىنۇر قايرىلىپمۇ قويماي جاۋاب بەردى :

— ئۆيگە .

— پاراڭلىشىپ ماڭايلى .

ماھىنۇر ئۈنچىقمىدى .

— ئۆيىڭىزگە قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇپ ماڭدىڭىزمۇ ـ دە ؟

— بەزىدە ئاچ بارىمەن ، بەزىدە توق .

— ئويىنىتىپ كېلەيلى ، يۈرۈڭ ؟

— رەھمەت ، ئىشىم بار .

— ئىش دېگەن تۈگىمەيدۇ ، كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ يۈرگىنىڭىز ياخشى . . .

ئۇ ئىككىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلدى :

— ۋىيەي ، ئاشخانىدا پورتمىلىم قاپتۇ ، — ماھىنۇر شۇنداق دېدى - دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى . لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسى ماھىنۇردىن چاققان كېلىپ ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى .

— پورتمىلىڭىز مەندە ، يۈرۈڭ .

ئىككى ئوتتۇرىدا تارتىشىش باشلاندى . ئۇلار ماھىنۇرغا يېپىشىپ ، ئۇنى ئۆزلىرى دېگەن تەرەپكە ھەدەپ تارتتى ، ماھىنۇر ماڭماي تىرەجەيتتى ۋە يىغلامسىراپ يالۋۇردى . . . ئاربىلاپ بىردىن - ئىككىدىن ئۆتكەن ئادەملەر بۇ ھالەتنى كۆرۈۋاتسىمۇ ، ماھىنۇرنىڭ نالىسىنى ئاڭلاۋاتسىمۇ ، قاراپ قويۇپ كېتىۋاتاتتى . ماھىنۇرنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلمەكتە ئىدى . شۇ ئارىلىقتا نەدىندۇر ، پاكىنەك ، تەمبەل ، بۇرۇتلۇق بىر كىشى كېلىپ قالدى .

— ھەي ، نېمە قىلىشىۋاتىسەن ؟ — دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ، — بۇ قىزنى بوزەك قىلىپ . . .

ماھىنۇر ئۇلارنىڭ ئامبۇردەك چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالغان قولىدىن ئاجراپ كېتىشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى .

— قىز ئەمەس بۇ ، مېنىڭ خوتۇنۇم .

— ياق ، ياق ، مەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس ، ئاكا ، — ۋارقىرايتتى ماھىنۇر تىپىرچەكلەپ .

— ئۇنىڭغىنى باس ! يالغان ئېيتىپ ئۆگىنىپ قالغان ھازازۇل بۇ ، ئۆيدىن قاچتى ، تۇتۇۋالدىم .

— يالغان ، ماڭا ئىككىسى زورلۇق قىلىۋاتىدۇ ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ، جېنىم ئاكا !

— ئىككىڭلار زورلۇق قىلىۋېتىپسەن - دە ، — ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى .

— بۇ مېنىڭ ئىنىم ، — دېدى بىرسى ، — سېنىڭ نېمە كارىڭ شەخسىي ئىشىمىزغا ئارىلىشىپ ، كىيىم - كېچەكمنى ئېلىپ قاچقان تۇرسا .

— يالغان ، ئىشەنمەڭ ، بازاردىن مال ئېلىپ كېلىۋاتسام ، تۇيۇق-

سىزلا تۇتۇۋالدى ، مەن بۇلارنى تونۇمايمەن ، يالغان بولسا سومكامغا قاراپ بېقىڭ ، — ماھىنۇرنىڭ بىلىكى تېخىچە ئۇنىڭ ئامبۇردەك چىڭ قىسقان قولىدا ئىدى . ئۇ يۇلغۇناتتى ، تىپىرلايتتى ، يىغلايتتى ، ناله قىلاتتى . . .

بۇرۇتلۇق كىشى يوغان سومكىنى ئېچىپ ، ئىچىدىن كىيىم - كېچەك ئەمەس ، دەستىلەپ چىگىلگەن يېڭى ياغلىقلارنى كۆردى - دە ، بۇ چىراي- لىق چوكانغا ئۆزىنىڭمۇ كۆزى قىزاردىمۇ ياكى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكۈسى كەلدىمۇ ، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى ۋە قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى :

— قويۇۋەت ، ئالدامچى مۇناپىق !

ئۇ ئۇنىڭ سۆزىنى پىسەنت قىلمىدى :

— يولۇڭغا ماڭغىنا ، ئۆردەك .

— ساڭا نېمە يوق ، — ئىككىنچىسىمۇ ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ كەلدى .

بۇرۇتلۇق ئادەمنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ ، ماھىنۇرنى تۇتۇۋالغىنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ، كارنىيىنى كۇچەپ سىقتى . ئۇمۇ ما- ھىنۇرنى قويۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى . ئىككىنچىسى بۇرۇتلۇق ئادەمنىڭ دۇمبىسىگە بىر مۇشت سالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش - مۇشت- لىشىش باشلىنىپ كەتتى . شۇ ئارىلىقتا بوشاپ قالغان ماھىنۇر سومكىسىغىمۇ قارىماي قاچتى .

— ماڭا قارىما ، ئاۋۇنى قوغلا ! — دەپ ۋارقىرىدى بىرىنچىسى .

يەنە بىرسى ماھىنۇرنى قوغلاپ كەتتى . ئۇ پۈتۈن كۇچى بىلەن قاچماقتا ، قوغلىغۇچىمۇ جان - جەھلى بىلەن قوغلىماقتا . ماھىنۇر ئۆزىنىڭ قاياققا قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . ئادەملەر نۇرغۇن چوڭ كوچا تەرەپكە قاچتىمۇ ياكى تېخىمۇ ئادەمسىز ياققا قېچىۋاتامدۇ بۇنىمۇ بىلمەيتتى . بىرەر پالاكەتتىن ، پېشكەللىكتىن قۇتۇلماقچى بولغان ئادەم پۈتۈن كۈچى ، غەيرىتى بىلەن ، ھېچنېمىگە قارىماي قاچىدۇ - دە . ماھى- نۇر شۇنداق قېچىپ ، ئۇنى ئۆزىگە يېتىشتۇرمەيۋاتاتتى . كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتاتتى .

ئۇ شۇ قاچقانچە ساي كوچىسىغا كىلىپ قالغانلىقىنى بىلدى . كۆز باغلىناي دەپ قالغان مەزگىل ئىدى . بىتون تاختا ئۇستىدە ئولتۇرغان بىر بالا قىچىپ كىلىۋاتقان ماھىنۇرنى تونۇپ قالدى . ئۇنى بىر سىنىڭ قوغلاپ كىلىۋاتقانلىقىنمۇ كۆردى . ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە ، بىتون تاختىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ، بىر نەچچە كۈندىن بىرى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يۈرگەن ئۇزۇن تايىقنى تۇتۇپ مۆكۈپ تۇردى . ئۇ ئالدىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىلىۋاتقان ماھىنۇرنى ئۆتكۈزۈۋىتىپ ، ئالتە - يەتتە قەدەم كەينىدىن كەلگەن ئادەمنىڭ پۇتىغا تايىقنى تۇتتى . ئۇ شۇ ھامان تاياقتا پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى - دە ، « ۋايجان » دىگىنىچە ئورنىدا يىتىپلا قالدى . ماھىنۇر كەينىگە بىر قارىدىيۇ ، يەنە يۈگۈردى .

— قورقماڭ ، ئەمدى ئۇ قوپالمايدۇ ، — ماھىنۇرنىڭ كەينىدىن بىر بالا پىشىلداپ ، يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى .

ماھىنۇر توختىدى ۋە ئالدىغا يىتىپ كەلگەن بالىنى تونۇپ قالدى :

— سادىق ! . . . ۋۈي سادىقمۇ سەن ! . . .

سادىق سۈس كۈلۈمسىرىدى .

— ئۇ ئىپلاسنى يىقىتقان سەن ئىكەنسەن - دە ، — ماھىنۇر قىچىپ كەلگەن تەرەپكە قارىدى ، — قاچايلى ، سادىق ، يەنە بىرسى بار . . .

ئەمدى ئىككىسى بىللە قاچتى . ئۇلار يەنە بىرسى قوغلاپ كىلىۋاتقاندەك ، ھىللا تۇتۇۋالىدىغاندەك ئىتتىكلەپ ، كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ قاچماقتا ئىدى . تار ، ئۇزۇن كوچىدىن چىقىپ ، يەنە بىر كوچىغا قايرىلغاندا توختىدى . ماھىنۇر ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ، قىينىلىپ ھاسىرىماقتا ۋە يەنە بىر ياقتىن سادىققا بولغان ئىشلارنى سۆزلىمەكتە ئىدى .

— يۈرۈڭ ، ماھىنۇر ئاچا ، سومكىنى ئىلىۋالايلى ، — دىدى سادىق قورقۇش - ئەندىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي .

— ھىلىقىلار بولۇپ قالسىچۇ ، سومكا بۇ چاغقىچە بارمۇ ، دىگىنە ... بولدى ، ئۇنىڭدىن كەچتىم ، قۇتۇلغىنىمغا خۇشالمەن .

— ئۇنداق دېمەڭ ، شۇنچە مالنى تاتقۇزۇپ قويامسىز ؟
— ئەمسە قانداق قىلىمەن ؟
— ئۇلار يوق بولسا ، سومكىمۇ يوق بولىدۇ . ھېلىقى دۇم چۈشكىنى تېخىچە ھوشىسىز ياتقاندۇ ، بىر يېرى سۇنغاندۇ ، يەنە بىرسى بولسا ، ئەمدى سىزگە ئېسىلالمايدۇ ، ئېسىلىدىغان بولسا ، تاش بىلەن بېشىنى يانچىۋېتىمەن ، ھېلىقى سىزگە ياردەم قىلغان ئادەممۇ باردۇر تې-خى . كىچىككىنە بالىنىڭ غەيرىتى ، قورقۇمسىزلىقى ماھىنۇرغا مەدەت بولدى - دە ، ئىككىسى شۇ ياققا ئالدىراپ ماڭدى .
بايىقى يەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە ، ماھىنۇر بۇرۇتلۇق ئادەمنىڭ سومكىنى تۇتۇپ ئۆزى يالغۇز ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، جانلىنىپ خۇشال بولۇپ كەتتى .
— ھېلىقى ئىنجىسمۇ يوقىلىپتىغۇ ، — دېدى ماھىنۇر يېتىپ كېلىپ ۋە سومكىنى قولىغا ئالدى .
— قاچتى ئۇ ، تېرە تاراقلىتىدىغان نەرسە ئىكەن ، ئىككى مۇشت يەپلا قاچتى . تۇتالماي قالدىم ، تۇتۇۋالغان بولسام چالا ئۆلۈك قىلىۋېتەتتىم . سىزمۇ تۇتۇق بەرمەيسىز - دە ؟
— مانا مۇشۇ ئۇكام قۇتۇلدۇرۇپ قالدى ، — ماھىنۇرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى . ئالدىدا تۇرغان ئادەمگىمۇ رازىمەنلىك ، تەشەككۈرى كۆپ ئىدى ، — سىز بولمىسىڭىز قانداق ئاقى-ۋەتكە قالاتتىمكىن ، ئويلىسام قورقىمەن . . .
— ئەسكىلەرنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايمەن .
— رەھمەت ، كۆپ رەھمەت سىزگە . مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز ، ئامان بولۇڭ ئاكا ، مەن ماڭاي .
— نەگە ئالدىرايسىز ؟
— كەچ قالدىم .
— سىز ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن جېنىمنى تىكىپ قويۇپ ئېلىشتىم ، مېنى رازى قىلارسىز ؟
ماھىنۇر مېنىڭدىن پۇل تەلەپ قىلىۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ،

يېنىدىن يىگىرمە سوم چىقىرىپ تەڭلىدى :
— مانا ، ئاز بولسىمۇ ئېلىڭ ، ئاكا .
بۇرۇتلۇق كىشى سەل تېرىكتى :
— مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز ؟ . . . يانچۇقۇمدا لىق پۇل ، ئايلاپ ئويناتسامۇ سىزگە يېتىدۇ ، ھەيران قالغۇدەك ئېسىل رېستورانلارغا ئەكىرەلەيمەن ، پۇلنى سىز ئەمەس ، مەن خەجلىشىم كېرەك ، خەجلىمىگەن پۇلنى نېمە قىلىدۇ تېپىپ ، — ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى مىدىرلاپ ، كۆزلىرى ئويناپ كەتكەندى . ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى « جىغ » قىلىپ قالدى — دە ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماسقا ، ئۇقماسقا سالدى .
— دۇنيادا بىزدەك ئاجىزلار ئۈچۈن ياقا يۇرتىدىغان سىزدەك قورقماس ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ بارئىكەن ، سىزگە كۆپتىن — كۆپ رەھمەت ، خەير — خوش ئاكا ، يۈز سادىق كەچ قالدۇق .
ماھىنۇر شۇنداق دېدى — دە ، بۇرۇلۇپلا ماڭدى ، سادىق ئۇنىڭغا ئەگەشتى . بۇرۇتلۇق ئادەم : « توختاڭا » دېدىيۇ ، يەنە نېمە دېيىشنى ، قانداق قىلىشنى بىلمەي ، تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى . « توۋا ، شۇنچە ياخشىلىق ، مەردلىك قىلغان ئادەم ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر ئىنتىنىك قەدەمدە كېتىپ بېرىپ ، — ئەجەب ئۆزىنى ئەسكى قىلىۋالدا ، ‹ ئېشىكى ئۆلسە ، كۆتى غېجەك تارتىپتۇ › دېگەن شۇ — دە . »
ئەمما ، ماھىنۇرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن شاد — خۇراملىق ، ئازادە — ئەركىنلىك ھېس — تۇيغۇلىرى قوزغىلىپ كەتكەندى . ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك يېنىك ، شۇنچىلىك چاققان سەزمەكتە ئىدىكى ، ياتىقىغا ئىككىلا سەكرەپ بارالايدىغاندەك قىلاتتى ۋە ئۆزىدە ئىشەنچ ، ئىرادە ، غەيرەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ، ئاشۇ ئىشەنچ ، ئىرادە ، غەيرەتنىڭ ئۆزىنى بوزەك بولۇشتىن ، بۇلغىنىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى . ئۇ يېنىدا پىلدىرلاپ كېتىپ بارغان بالىدىن يەنە بىر قېتىم خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن سۆيۈنۈش مېھرىدە ياندى . . . ھايات ۋاپاسىزلىق ، ياۋۇزلۇق ، رەھىمسىزلىككىلا ئەمەس ، كۆيۈنۈش ، ھەققانىيلىق ، مەردلىككىمۇ باي ئىكەن . ماھىنۇر قاچانلىكى خېيمخەتەرگە ، ئالدامچىلىق

ھەم زورلۇقتا ئۈچرىغان چاغدا ، سادىق ئاسماندىن چۈشكەندەك ، خۇددى بىر ئادەم ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى ۋە ئۇنى مۇشتەك تۇرۇپ ئاشۇ دەرد ـ بالالاردىن قۇتۇلدۇرۇپ كېتەتتى .

بەدەن ـ بەدەنلىرى شادلىق ، سۆيۈنۈش تۇيغۇلىرىدا يېنىپ كەتكەن ماھىنۇرنىڭ بىر قولى سومكىدا بولسىمۇ ، يەنە بىر قولى سادىقنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىماقتا ئىدى .

※ ※ ※

ماھىنۇر سادىقنىڭ يول باشلىشى بىلەن قاراماي تۈگلىرى دۆۋىلەپ قويۇلغان چوڭ قورۇلار ، تار يوللار بىلەن مېڭىپ ، مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا يېقىنلا جايدىن چىقىپ قالدى . كۆز باغلىنىپ قالغان چاغ ئىدى . قىزغۇچ ئېلېكتر نۇرلىرى يورۇتقان كەڭ كوچىدا كىچىك ماشىنىلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا غۇيۇلدىشىپ ئۆتۈشەتتى . ئالا كۆلەڭگىلەر نازغىنىپ ئوينىغان دەرەخلەر ئاستىلىرىدا قىز ـ يىگىتلەر پىچىرلىشاتتى . بۇ مېھمانخانا ئالدى ، دەرەخلەرنىڭ ئاستى ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشە ـ چۈشمەيلا بىردىن ، ئىككى ـ ئۈچتىن تۇرۇشقان قىزلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى ، ماھىنۇر قىزلارغا سەپسېلىپ يۇرمەكتە ئىدى . ئۇلار بىرلىرىنى ساقلاۋاتقاندەك ياكى بىرلىرىنىڭ كېلىپ گەپ قىلىشىنى كۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ بۇ يەرنى كۈندۈزى بىر كۆرگەن ، بۈگۈن كۆز باغلانغاندا ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشى ،

— بۇ يەردە قىزلار جىق تۇرىدىكەنغۇ ، سادىق ، — دېدى ماھىنۇر قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ، — سەن كۆرگەنمۇ ؟

— كۆرگەن . ئاۋۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ تاۋۇزىنى توشۇپ بېرىپ دۇكىنىدا ياتقاندا جىق كۆرگەن . ياش سودىگەر باللار كېلىپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كىرا ماشىنىلىرىغا سېلىپ ئەكېتىدۇ . بەزىلىرىنى ماۋۇ مېھمانخانىدىكى ياتاقلىرىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە داشۆدە ئوقۇۋاتقان قىزلارمۇ بار ، بىردەم تۇرسىڭىز كۆرىسىز .

— مۇنداق دە ، بولدى كۆرمەي .

ماھىنۇر ئويلىنىپ قالدى : ھەي قىزلار ، ھەي قىزلار ، ئەتىسنى ئويلىمايدىغان قىزلار ، دەرسلەرنى تاشلىتىپ ، سىلەرنى نېمە قىزىقتۇرۇپ مەشەلەرگە ئەكەلگەندۇ ؟ . . . تايىنلىق پۇلدۇر ، ئېسىل كىيىم — كېچەك ، زىبۇ زىننەتلەردۇر ، بۇرنۇڭلارغا تېخى سۇ كىرمىدى — دە ، مۇشۇ يولغا كىرىپ ، قانچە — قانچە پۇل ۋە زىبۇ زىننەت ، ئېسىل كىيىم — كېچەكلەرگە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسەڭلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلاپ باقساڭلارچۇ ؟ . . . ( راست ، بەزىدە ئادەم ئويلىمايدۇ ، بولۇپمۇ مۇنداق چاغدا ئويلىمايدۇ . ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ، ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى كېچىكىپ چۈشىنىدىكەن ) لېكىن ئالدىڭلاردا ئۆتكەن ئىشلارنى ساۋاق قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى ، ئاڭلىغىنىڭلار ، كۆرگىنىڭلار ئاز ئەمەستۇر ، ساۋاق ئالمىساڭلار بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا ، تۈگىمەس دەرد — ئەلەمگە ، ئېغىر ئازابقا قالىسىلەر .

ئۇلار دۆڭكۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى — دە ، سامسىخانىدىن يىگىرمە سامسا ئالدى ۋە ياتاققا بۇرۇلۇپ مېڭىپ ، ئېلېكتر نۇرىدا يورۇغان ھويلىغا كىرىپ كەلدى . بەختىخان كەچ كىرگەنسېرى كوچىغا چىقىپ ، ھويلىغا كىرىپ خاتىرجەم بولالماي ، جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى .

— بېشىڭنىڭ يوغان بولۇپ كەتكىنىنى سېنىڭ ، مۇشۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردۈڭ ؟ — بەختىخان چالۋاقاپ كەتتى .

— بۈگۈن مالنى كەچ بازاردا ئەرزانراق ئالدىم ، كېلىۋېتىپ يىتتۈرۈپ قويغان سادىقنى تېپىۋالدىم ، — ماھىنۇر بەختىخاننىڭ سوئالىغا كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى . لېكىن يولدا يۈز بەرگەن بايىقى قورقۇنچلۇق ۋەقەنى ئېيتمىدى .

— مۇنداقمۇ كېچىدە قالامسەن ، سەن مېنىڭدەك خوتۇن بولساڭغۇ ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتىم ، ئىككىنچى مۇنداق ئىش قىلما . بۇ ھېلىقى پۇل بەرسەڭ ئالماي قاچقان بالىغۇ ، ئاچاڭنى يوقلاپمۇ قويمىدىڭ ، ئەھۋالىڭ قانداقراق ، يىگىت ؟

— ياخشى ، — سادىق يەرگە قارىدى .

ئۇلار ياتاقتا كىرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، بەختىخان بۈگۈن ھالاۋىدىن ئىككىسىنىڭ قېيىنانىسىنى يوقلاپ بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، قېيىنانىسىنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى، كىچىك ئوغلى بىلەن كېلىنى بەش ۋاخ ناماز بولغانلىقى ئۈچۈن قېيىنانىسى بۇلار بىلەن بىللە تۇرماي، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ ئىككى ئوغلى بىلەن ئىككى كېلىنىنى ئوخشاش كۆرىدىغانلىقىنى، قېيىنانىسى يەتمىش بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە تېمەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ خالىغان، كۆڭۈل تارتقان تاماقنى ئېتىپ يەيمەن، كېلىنلەرنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇرمايمەن، دەپ ئۆز تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يەيدىغانلىقىنى، يىراق - يېقىن يەرلەرگىمۇ ئۆزى بېرىپ، ئۆزى كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى ھەپتە - ئون كۈندە يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بىراق، ئۇ ماھىنۇرنىڭ بازاردىن سامسا كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ خاپا بولۇپ كەتتى:

— سىنى تاماقسىز قالمىسۇن، دەپ بۇرۇنراق كېلىپ تاماق ئېتىپ تۇرغان ئەمەسمىدىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— تامىقىڭىزنى ئەتىگەنلىككە ئىسسىتىپ يەرمىز، ھازىر سامسا بىلەن چاي ئىچەيلى، ئەكېلىپ قويۇپتىمەن ئەمدى.

ماھىنۇر چۈشلۈكى بازاردىلا بىر پارچە نان بىلەن چاي ئىچىدۇ، قالغان ئىككى ۋاخ تامىقنى خوجايىن ئايالنىڭ ئۆيىدىن يەيدۇ. ھەر كۈنى كەچلىك تاماقنى ئىككىسى قول - قولچە ئېتىشىدۇ، ئەتىگەندە چاي ئىچىدۇ، ئەتكەن چاينى ماھىنۇر ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن چېيىغا بەختىخان ئۆگىنىپ كەتكەن. بىر كۈن ئىچمىسە خۇمارى تۇتۇپ ئارام بەرمەيدۇ. «بۇ ئىللىقلار نېمانداق ئەتكەن چاي دېيىشىپ، كوكىرىتىپ ئىككى - ئۈچ چىنە ئىچىپ كېتىدىغاندۇ، دېسەم، — دېگەنىدى ئۇ بىر كۈنى، — چاينى ئاچچىق سېلىپ، قايماق بىلەن ئەتسە، بەك مەززىلىك، بەك تەملىك بولىدىكەن ئەمەسمۇ، تېخى بىر تاماقنىڭ قۇۋۋىتىنى بېرىدىكەن. مانا ئەمدى مەنمۇ ئىككى - ئۈچ چوڭ چىنە ئىچمىسەم قانمايدىغان

بولدۇم . »

چايدىن كېيىن ، خوجايىن ئايال ئىككىگلار تۇغقان بولدۇگلار ئەمدى ، قانغۇدەك مۇڭدىشىۋېلىڭلار ، دەپ چىقىپ كەتتى . ماھىنۇرنىڭ سادىقتىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرى بار ئىدى ، ئۇنى كۆپ ئەسلەپ كەلگەن . ھەر ئەسلىگىنىدە ئۇنىڭ كىملىكىنى ، نەلەردە يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇققۇسى ، بېشىنى سىلىغۇسى كېلەتتى . مانا ھازىر ئۇ قورۇنۇپ تارتىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ تۇرقى ، قىياپىتى بۇرۇنقى پېتى — ئۇچىسىدا ئالدى پېشى يوق پاختىلىق چاپان ، بويۇن - يۈزلىرى كىر ، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن .

— سەن ئۆز ئىنىمدەك بولۇپ قالدىڭ ، سېنى ئەسلەپ تۇردۇم ، — دېدى ماھىنۇر مۇڭلۇق ئاۋازدا ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى سېنى ئىككىلا قېتىم ئۇچراتتىم ، ھەر قېتىمدا مېنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇچرايسەن ، ئېيتقىنا ، سەن كىمنىڭ بالىسى ، قەيەرلىكسەن ، نەدە تۇرىسەن ؟

ئارىنى مۇڭلۇق جىمجىتلىق باستى . سادىق كىچىككىنە كۆزلىرىنى پەسكە ئېلىپ خېلى تۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— مەن قەشقەردىن كەلگەن ، ئاتا - ئانام يوق . . . ئاكامنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم . يەڭگەم مېنى دائىم ھارامدىن بولغان شۇم ، دەپ تىللايتتى . . . كېيىن ئاكامۇ بىكار نان يەيدىغان ھارام تاماق ، دەپ تىللايدىغان بولدى ، قورسىقىممۇ تويمايتتى . . . ئىككى بالا بىلەن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلدىم ، ئۇلار مەندىن چوڭراق باللار ئىدى . گۇاڭجۇغا بارىمىز ، دەپ كەتتى . . . مەن يالغۇز قالدىم ، ئاشخانىلارنىڭ ئوچاقلىرىغا ئوت قالاپ ، تاماق يەپ بولغانلارنىڭ چىنە - قاچىلىرىنى يىغىپ بېرىپ ، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ يۈردۇم ... كوچىلاردا ئەسكى باللار كۆپ ئىكەن ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتەي دېسەم ، كىشىلەرنىڭ ئۇۋالىغا قالىمەنمىكىن ، دەپ ئويلىدىم ، تىلەمچىلىك قىلايمىكىن دەپمۇ ئويلىغان ، ئىزا تارتتىم . . . كېيىن ھوشۇرئاخۇن دېگەن ئاشپەزنىڭ دۇكىنىدا يېتىپ - قوپۇپ ، يەنە

شۇنداق ئىشلارنى قىلدىم . . . ھوشۇرئاخۇن ياخشى ئادەم ئىدى ، ماڭا ھەر دۈشەنبە كۈنى ئىككى - ئۈچ كويى بېرەتتى . . . بىر كۈنى ئۇستامنىڭ قوزۇققا ئېسىپ قويغان چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئوغلى پۇل ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇستام ئىككى يۈز كوي يېتىپتۇ ، سەن ئالمىساڭ كىم ئالىدۇ ، دەپ قولىقىمنى سوزۇپ ئۇردى ، تاياققا چىدىماي بالىسى ئالغانلىقىنى ئېيتىپ قويدۇم . . . بالىسى دادىسى يوق چاغدا مېنى ئۇرۇپ تاس - تاماس قالدى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى . . ئىككى كۈن يېتىپ ، سەل ئوڭلانغاندىن كېيىن ، ئۇ دۇكاندىن چىقىپ كەتتىم ، — سادىق ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي يىغلاپ كەتتى . ماھنۇر خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئۆزۈك - ئۆزۈك ئاۋازدا قىلىۋاتقان سۆزىنىڭ تەسىرىدە كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇراتتى . بالا چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ قايغۇلۇق تۇستە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سىزنى قاتناشنىڭ ئالدىدا كۆرگەن ۋاقتىم — مېنىڭ ئاشخانىدىن يېنىپ چىققان ۋاقتىم ئىدى . شۇ چاغدا يېنىمدا ئوتتۇز كويدەك پۇلۇممۇ بار ئىدى . ئەتىسىدىن باشلاپ تاماكىچىلىق قىلدىم ، ئەمما بىكارچى چوڭ باللار تاماكامنى بۇلاپ ، بوينۇمغا ئېسىۋالغان كىچىك تەنزەمنى تېپىپ ئارام بەرمىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن نان ساتتىم . يۈز نان ساتسام ، ئۈچ نان بېرەتتى . يۈز دانە ناننى چۈشكىچە سېتىپ بولاتتىم . ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىكى قادىرئاخۇن دېگەن ئاشپەزنىڭ دۇكىنىدا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلدىم . بىر كۈنى قولۇمدىن بەش تەخسە ، بەش چىنە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ ھەممىسى چېقىلىپ كەتتى . شۇ ئىش بىلەن قادىرئاخۇن مېنى دۇكاندىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى . مانا ھازىر يېنىمدىكى پۇلغا كۈندە ئىككى نان ئېلىپ يەپ ، ھېلىقى سىز كۆرگەن سىمون ① تاختىلارنىڭ ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرىمەن ، ھازىر مېنى بوزەك قىلغانلاردىن قورقمايدىغان بولدۇم . كۈچۈم يەتكەنلىرىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ، يەتمىگەنلىرىنى ئايانماي تاش ، كېسەك ، چالمىلار بىلەن ئۇرىمەن . شۇڭا مېنى ھازىر ھېچكىم بوزەك قىلالمايدىغان بولدى .

---

① سىمون — سېمونت دېمەكچى .

— ۋاي جېنىم ئۇكام، شۇنچە جاپالارنى تارتىپ كېتىپسەن . . .
ماھىنۇر شۇنداق دېدى ـ دە، بىردىنلا جىمىپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە بىردە مەيۈسلۈك، ئېچىنىش، بىردە غەزەپ ـ نەپرەت ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. تۆھمەت، دەرد ـ ئەلەم، خورلۇق تارتقان ئادەملەرنى، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزى قايتا تارتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ. مۇنۇ كىچىككىنە بالىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەر ماھىنۇرنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. « يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە » دېگەن گەپ بىكارغا چىققانمۇ؟ . . . مۇشۇ بالىغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان، بېشىنى سىلايدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە بىردىنلا جانلاندى، — چىقىدۇ، ئەلۋەتتە چىقىدۇ، ماگىمۇ چىقتىغۇ، بۇنىڭغىمۇ چىقىدۇ. مانا مەن بار، ئۇنى قوغدايمەن، ئادەملىكىنى ھىمايە قىلىمەن، ئوقەتكە سالىمەن، ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالالايدىغان ھالغا كەلتۈرىمەن. قىلىپ ـ سوقۇلۇپ خېلى پىشقاندەك قىلىدۇ، تېخى كىچىك بولسىمۇ ۋىجدانلىق ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپتىغۇ . . . بولمىسا مۇشۇنداق بالىلاردىن ئوغرى ـ يانچۇقچى بولۇپ كەتكەنلەر ئازمۇ؟ بۇ بالا چوقۇم ياخشى ئادەم بولىدۇ. مۇشۇ يېشىدا يەم، دىت ئىشلىتىپ، مېنى لۆكچەكلەردىن قۇتۇلدۇرالىغان بالىدىن ئەلۋەتتە ئەقىللىق ئادەم چىقىدۇ. »
— مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭكىدىن خېلىلا ياخشى. شۇنداقتىمۇ ھازىر سېنى يېنىمغا ئالالمايمەن، مېنىڭ تېخى ئۆيۈم ـ ماكانىم يوق، ئەمما ساڭا قارىمايمۇ تۇرالمايمەن، ئەتىدىن باشلاپ مېنىڭ يېنىمدا تىرىكچىلىك قىلىسەن، ساڭا ياتىدىغان ئۆيمۇ تېپىپ بېرىمەن. ئازراق قىيىنچىلىق تارتىپ تۇر ئۇكام، قالغان ئىشلارنى كېيىن كۆرەرمىز، بېشىڭغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەر شۇ پېتى تۇرىۋەرمەيدۇ، جاپا تارتقان ئادەمگە ھالاۋەتمۇ كېلىدۇ. گەپلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم.
ماھىنۇر بەختىخانىنىڭ يېنىغا كىرىپ، كىچىككىنە سادىقنىڭ تار-

تـىـۋاتـقـان ئىغىر كۆنلىرىنى سۆزلەپ بەردى . سادىق شۇ كۈنى خوجايىن ئايـالـىـنىڭ ياتاقلىرىنىڭ بىرىدە يېتىپ قالدى . ماھىنۇر ئۆز ياتىقىغا يېنىپ چىـقـتـى ـ دە ، يـېـشـىـنىپ ياتتى . بىراق ئۇخلىيالمىدى . قورقۇنچلۇق ، تـەشـۋىـشلىك ، ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى . ئۇنى ئوقەتكىغۇ سـېـلـىـپ قـويـار ، يـاتىدىغان يېرىنىچۇ ؟ ئاشۇ بېتون تاختىنىڭ ئۈستىدە يـاتـىـۋەرسـە ، ھازىـرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويماسمۇ ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ ؟ . . . ئەتە ـ ئۆگۈن قارا قىش قاپىقىنى تۈرۈپ يېتىپ كـەلـسـە ، ئۇ قـانـداق قـىـلـىـدۇ ؟ . . . مـاھـىـنـۇرنىڭ ، ساڭا ئۆيمۇ تېپىپ بـېـرىـمـەن ، دېگىنىدە مۇنداق بىر سەۋەب بار ئىدى : ماھىنۇرنىڭ مال سېـ تـىـپ ئولـتـۇرىـدىـغان يـېـرىـدە ئۆزى بـىـلـەن بىر قاتاردا تۇرۇپ ئوقەت قـىلىدىغان بىر بوۋاي بار . موخۇركىچىلىك قىلىدۇ ، ئۇ ھازىرغىچە ماھىنۇر بـىـلـەن ئورۇن تـالاشـمـاي ، ئۆز ئارا مـۇگـدىـشـىـپ ، چىرايلىق ئۆتۈپ كـېلىۋاتىدۇ . بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئۈچ تاشتىكى دۆڭلۈكنىڭ كەينىدە شـىـبـەن تـاش بـىـلـەن قـوپـۇرۇپ ئۆزى يـاسـىـۋالـغـان ئۆيـدە يېتىپ ـ قـوپىدىكەن ، بوۋاينىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمى يوق ئىكەن . سادىق ئاشۇ بـوۋاي بـىـلـەن يېتىپ ـ قوپسا بولىدىغۇ ... بىراق بوۋاي مۇشۇ مەسلىھەتكە كۆنەرمۇ ـ كۆنمەسمۇ ؟

ئـەتـىـسـى ئەتـىـگـەنـدە مـاھـىـنۇر سادىقنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا كـەلـدى ـ دە ، ئۈچ كـىـلـو مـوخـۇركـا ، يـۈز دانـە گـېزىـت ئېلىپ ، ئۇنى بـوۋاينىڭ يېنىغا سودىگەرنىڭ يولى بىر ، رىزقى باشقا ، دەپ ئولتۇرغۇزۇپ قـويدى . بوۋايمۇ قارشىلىق قىلمىدى ، سودىنى بۇزماي ئولتۇر ساڭ ، ئولتۇر بـالام ، دېـدى . شـۇنـىـڭ بـىلەن ماھىنۇر بۈگۈنكى بىرىنچى مۇھىم ئىشنى تـۈگـەتـتـى . ئەمـدى ئـىـكـكـىنچى مۇھىم ھەم تەس ئىش — بوۋاي بىلەن سـۆزلىشىپ سادىقنىڭ ياتىدىغان يېرىنى ھەل قىلىش قالدى . ئەگەر بوۋاي مـاقـۇل كـەلـمـىـسە ، بۇ باشنى قاتۇرىدىغان چوڭ ئىشقا ئايلىناتتى . چۈش بـولغاندا ماھىنۇر بوۋاينى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى ۋە تاماق يېگەچ سادىقـ نـىـڭ ئەھۋالىنى — ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوقلۇقى ، قەشقەردىن قانداق چىقىپ قـالـغـانلىقى ، قايتىپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى ، ئۇرۇمچىدە ھازىر كۆ-

رۇۋاتقان كۈن ـ تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى ئوقەتكە سېلىپ قويغانلىقىنى، ئەمما ياتىدىغان يېرىنىڭ يوقلۇقى، خۇدا يولىدا ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش ھەر بىر مۇسۇلمان بالىسىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ چىقتى. بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇ ياخشى مەسلىھەت ئىكەن، مەنمۇ ھوقۇشتەك يالغۇزدىن ـ يالغۇز دۆڭلۈكنىڭ كامىرىدا تۇرۇۋاتىمەن، ماڭىمۇ بىر ھەمراھ تازا كېرەك، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى دېگەن گەپلەر بار، شۇنداق چاغلاردا بېشىمدا ئولتۇرسىمۇ تاغدەك يۆلەك، بىراق قىزىم، ھازىرقى باللارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدەك باللارنى كۆرۈۋاتىمىز. مۇشتەك تۇرۇپ ئادەمنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالىدۇ، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدۇ...

— سىلىنىڭ ئەندىشىلىرىمۇ توغرا، — دېدى ماھىنۇر بىر ئاز ئۈمىدلىنىپ، — بۇ ھايا ـ نومۇسنى بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق بالا، بولمىسا مەن سىلىگە سايە قىلمىغان بولاتتىم، مەن ئەلۋەتتە سىلىنىمۇ ئويلىدىم.

— سىنالمىغان بالا، — دېدى بوۋاي ئاۋازىنى پەسەيتىپ ۋە ساقىلىنى سىلاپ ئويلانغان ھالدا، — مېنىڭغۇ ئەنسىرىگۈدەك دۇنيايىم يوق، بىراق ئۇششاق ـ چۈششەك بولسىمۇ، تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلىرىم بار، راست گەپنى قىلسام، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئوگدامدا قويارمۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن، قىزىم.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق بالا ئەمەس، ماڭا قىلغانلىرىنى سىلىگە ئېيتىپ بەردىمغۇ، بىلىپ قالىدىلا، ئەتە ـ ئاخشىمى قوللىرىغا قول، پۇتلىرىغا پۇت بولالايدۇ.

— سىز ياخشىلىقىنى كۆردىڭىز، مۇنداق باللار بىر يولى كەلگەندە ياخشىلىق قىلىدۇ، يەنە بىر يولى كەلگەندە ئەسكىلىكمۇ قىلىدۇ.

— سىلى بىلەن ئاتا ـ بالىدەك بولۇپ قالدۇق، ئىشەنمىگەن بولسام سىلىگە ھەرگىز دېمەيتتىم، ھەر قانداق ئىشىغا مانا مەن ئىگە. ئىككىمىز

كۆنده كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەم، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ يۈز ـ ئابرۇيۇمنى ئويلايمەن. شۇنداق قىلايلى، يانلىرىدا ياتسۇن. ئاز كۈندىن كېيىن ئۇ-نىڭغا يوتقان ـ كۆرپە ئېلىپ بېرىمەن.

بوۋاي ئاخىر كۆندى.

بوۋاينىڭ كۆڭگەنلىكىدىن ـــ سادىقنىڭ ياتىدىغان يېرى ھەل بولغانلىقىدىن ماھىنۇر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، خىيالىغا كىرىۋالغان ۋە ئارام بەرمەيۋاتقان تەشۋىش، ئەندىشە، غەملىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە ئاشخانىدىن يېنىكلەپ، ياپراپ چىقتى. يۈز ـ كۆزلىرىدە ھېلىلا ئىپادىلە-نىپ تۇرغان ئەندىشلىرى يېتىپ، ئىشەنچ، ئۈمىد، شادلىق ئۇچقۇنلىرى چىلۋىلەندى.

## 15

كەچ كۈز يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلمەي تۇرۇپلا ئونىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قار ئىككى چۈشكەندى، ھازىر يەنە چۈشتى. ئەتە ـ ئاخشىمى يەرلەر توڭلاپ، كۈندۈزلىرى ئېرىپ تۇراتتى. ئانچە ـ مۇنچە چىرىگەن ۋە ياكى كۆپۈشكەن يوپۇرماقلاردىن سۇس قاڭسىق پۇراقلار دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. ئادەملەر چىرايلىرىدىكى ئىللىقلىقلارمۇ يىتكەندى. ماھىنۇر بىر كۈنى، ئۇرۇمچىدە قىش ئەجەب بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدىكەن-ھە، دېگەندە، بەختىخان: بۇ يىل تېخى ياخشى كەلگىنى، يامان كەل-سە، توققۇزىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئونىنچى ئاينىڭ باشلىرىدىلا ئىزا تارتماي قار ـ شىۋىرغانلىرى باشلىنىدىغان، سوغۇقلىرى ئادەمگە يىڭنە-دەك سانجىلىپ تۇرىدىغان خۇيى ئەسكى ئۇرۇمچى بۇ، دېگەندى.

ئادەم شۇنداق نەرسە، تەبىئەتنىڭ چىرايلىق، ئىللىق كۈنلىرىدە ئۆزىچىلا ئېچىلىپ قالىدۇ، جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق كۈنلىرىدە تۇتۇلۇپ قا-لىدۇ. بىراق ماھىنۇرنىڭ مۇشۇ يېقىمسىز، سەت كۈنلەردە بىر خۇشاللىقى بار، ئۇ بولسىمۇ، سادىقتىن خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ موخۇر كە-چىلىق قىلىپ، كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ سوم پايدا ئېلىپ يىغقان پۇلىغا ئۆزى

ئازراق قوشۇپ، پاختىلىق چاپان ـ ئىشتان، قولاقچا ئېلىپ بەردى، ئۆزىنىڭ كونا چېتىكىنى باشلىتىپ كىيگۈزۈپ قويدى. ھازىر ئۇ ئىسسىق كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىدە موخوركا سېتىپ غەمسىز ئولتۇرىدۇ. بالىدىن بوۋايىمۇ رازى. ئۇ ئۇنىڭ يىراقنى يېقىن، قىيىننى ئاسان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. قايسى كۈنى بوۋاي سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ قېلىۋىدى، سادىق بازارغىمۇ چىقماي، بوۋايغا كۆڭۈل قويۇپ قارىدى. ماھىنۇرنىڭ خۇشاللىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ دەرد ـ ئەلەمدە قالغان ھەم خورلانغان ئادەمنىڭ كۆڭلىرى كىچىككىنە ياخشىلىنىپ قالغاندا، جاپا ـ مۇشەققەتتە قالغان ئادەمگە خەيرىخاھلىق قىلغۇسى، كۆيۈنگۈسى كېلىدۇ ۋە ئۇنى شۇ ھالىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۆزىگە خۇشاللىق تاپىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ماھىنۇر ئۆز يېنىدا سادىقنىڭ ئىسسىق كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىدە غەمسىز ئولتۇرۇشىدىن خۇشاللىققا ئېرىشىپلا قالماي، ئۆزىگە ياخشى ھەمراھ، ھەتتا يۆلەنچۈككە ئىگە بولغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغاندى.

خوجايىن ئايال ماھىنۇرنىڭ يېتىم بالا ئۈچۈن پالاقلاپ، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، تۇرمۇشىنى يولغا سېلىپ قويغانلىقىدىن تەسىرلەندى: «قولى ئازراق پۇل كۆرۈۋىدى، باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلدى، — دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، — مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقلىرىم زايە كەتمەپتۇ. ئۆزىنىلا ئويلىماي، باشقىلارنىمۇ ئويلىغان، ئۇنىڭ غېمىدە بولغان كىشى كۆكلەيدۇ، ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. جىقراق پۇل تاپسا خېلى ـ خېلى ئىشلارنى قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ، خۇدايىم بەختىنى بېرەر...» خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىلغىلى نىكەم، بەختىخان ماھىنۇرنىڭ ياتىقىدا، ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ھالاۋىدىن ئۆيدە چاغلاردا ماھىنۇر ئۇ ئۆيگە ئانچە كىرمەيدۇ، خىجىل بولىدىكەنمەن، دەيدۇ. ھالاۋىدىن ھازىر ئۆيدە، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ. قىش ئايلىرى باشلانمىغان بولسىمۇ، كېچىسى خېلى ئوبدانلا سوغۇق بولىدۇ، ھازىر تالادا قار ئۇچقۇنداۋاتىدۇ، ئاچچىق شامال ئەدەۋاتىدۇ.

ئىككى ئايال بىر يەردە بولسا گېپى تۈگىمەيدۇ، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، ئىككىسىنىڭ گېپى ھېلى تۈگەر ئەمەس، «گەپ

گەپىنىڭ تېگىنى ئاچار » دېگەندەك ئۇلار ئۆزۈلمەس پاراڭدا ئولتۇرغاندا ، دەرۋازا قاتتىق شاراقلىدى . بەختىخان ئېرەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، هويلىغا چىقتى ـ دە ، ئېلېكترنى ياندۇردى ، بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى . هويلىغا ئىككى ئادەم ـــ بىرسى چاچلىرى داردىيىپ تۇرغان ياش يىگىت ، يەنە بىرسى بېشىغا تۆشۈك ـ تۆشۈك ئاق يۇڭ ياغلىق ئارتىۋالغان ، ئۇچىسىغا ئىسكەتلىك تىكىلگەن جىگەررەڭ يالاڭ پەلتو كىيىۋالغان قىز كىرىپ كەلدى . سوغۇق خېلى ئوبدانلا ئۆتكەن بولسا كېرەك ، ئىككىلىسىلا تىترەپ تۇراتتى . قىز يۈزىنى يورۇقتىن قاچۇرۇۋىدى ، كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن خوجايىن ئايال ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە كىرگەنلىكىنى بايقاپ قالدى .

ـــ خوش ؟

ـــ بىزگە ياتاق لازىم ئىدى .

ـــ ماۋۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ، چەتتىكىسى ئاياللارنىڭ .

ـــ بىز بىر ياتاقتا ياتىمىز ؟

ـــ بولمايدۇ .

ـــ نېمىشقا ؟

ـــ ئوغۇل ـ قىزلار بىر ياتاقتا ياتسا بولمايدۇ ، هۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشى بار ، ـــ دېدى خوجايىن ئايال .

ـــ نېمىشقا بولمايدىكەن ، بولىدۇ دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ ، هۆكۈمەت دېگەن قاراپ تۇراتتىمۇ ؟

ـــ مارىلاپ تۇرىدۇ .

هويلىدىكى گۇدۇڭلىغان ئاۋازلار بېسىلمىغاچقا ، ماهىنۇر ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى .

ـــ بىز ئەر ـ ئايال تۇرساق ؟

ـــ ئوخشاش گەپ .

ـــ بۇ قانداق گەپ ؟

ـــ ئانا ـ بالا بولساڭمۇ بولمايدۇ ، دېگەن گەپ .

ياش يىگىت ئويلىنىپ قېلىپ :

— بىر كارىۋات نەچچە پۇل ؟ — دەپ سورىدى .
— تۆت كوي .
— ئەمىسە يىگىرمە كوي بېرەي .
— ئىككى يۈز كوي بەرسەڭمۇ بولمايدۇ ، گەپنىڭ تېگىنى ئۇقمايدىغان ئەجەب دۆت نېمىكەنسەنا !
— نېمانداق سەت گەپ قىلىدۇ ماۋۇ خوتۇن . . .
— قىلىقىڭ سەت تۇرسا ، چىرايلىقمۇ .
— سەنمۇ نېمانچىلا جاھىللىق قىلىسەن ، پۇلنى ئېلىشنى بىلمەمسەن ، بىز بىلەن نېمە كارىڭ ؟
— ئون كوينى ئۇشۇق بەردى ، دەپ ئىككىسىنى سولاپ بېرىدىكەنمەن - دە ، يوقال نىجىسلار ! پۇلۇڭ جىق بولسا ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋۇ ئېگىز مېھمانخانىلىرىدا يېتىش ، قانداق ؟ ھومىيىسەنغۇ ، بېلىڭ چىڭما ؟ مەن بىلەن مۇشتلاشقۇدەك غەيرىتىڭ بارمۇ ؟ — تىترەپ كەتكەن خوجايىن ئايال يوغان قەدەملىرى بىلەن گۈرسۈلدەپ ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىۋىدى ، ئۆيىدىن نېمە ئىش ، دەپ مۇنۇ خوتۇنىنىمۇ گەۋدىلىكرەك ھالاۋىدىن چىقتى . ئۇنى كۆرۈپ ئىككىسى بۇرۇلۇپلا قورۇدىن چىقىپ كەتتى .
— نېمە ئىش بولدى ؟ — دېدى ھالاۋىدىن كېلىپ .
— ئىككىسى بىر ئۆيدە ياتىمىز ، دەپ جېدەل قىلىپ ، ئادەمنى بىر مۇنچە ئاۋارە قىلدى .
— مېنى چاقىرساڭ بولمامدۇ ؟
— سىلىنى چاقىرغۇدەك ئىش يوق ، دەيمەن . تەستىكىگە سالاي دەپتىم ، بىكار چىقتىڭلار ، قېچىپ كەتتى .
ھالاۋىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى ، بەختىخان ماھىنۇرنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ ، بېشىنى تىقىپ :
— كۆردۈڭمۇ ماۋۇ رەسۋالارنى ، مۇنداق ئىشلار باشقا يەردىمۇ باردۇ ، ئەمما ئۈرۈمچىدە جىق ، قارا ، ئون كوي بەرسەك سولامچىلىق قىلىدۇ دەيدۇ ، شۇنىڭغا ماقۇل دەيدىغانلار بار ، ئاشۇنداق قىلىپ پۇل

تاپىدىغان ئۆيلەرمۇ بار. پۇل، ۋاي بۇ پۇل، مۇسۇلمانچىلىقنى، خۇدانى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ئەمەسما... پۇل دېگەن ئادەمنى ياخشىلىققىمۇ باشلايدۇ، يامانلىققىمۇ باشلايدۇ، قايسىسىغا ماڭسەن، گەپ ئۆزۈڭدە، شەيتىنىڭ سېنى ھەر قاچان يامانلىققا دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنى يېڭەلمىسەڭ، تۇگەشكىنىڭ شۇ، قارا يۈز بولىسەن، خوش، ياتايلى ئەمدى، ياخشى چۈش كۆر، — دېدى.

بەختىخان ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ماھنۇر ياتماقچى بولۇپ يېشىنىدى، بىراق ياتمىدى. ھېلى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلاپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. «ھېلىقى قىزنىڭ كىيىم - كېچىكى، تۇرقى - قىياپىتىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ، دەپ ئويلىمايدۇ. بەختىخان ھەدەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ياخشى - يامان ئىشلار بىلەن كارى يوق خۇتۇنغۇ بۇ، دەپ قالىدۇ كىشى. قاراڭلار، ئويلىغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئەسكى ئىشلاردىن يىرگىنىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ھەرگىز ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بەرمەسلىك كېرەك ئىكەن. موخۇركىچى بوۋايمۇ سادىقنىڭ ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، ھازىر ئېغىز - ئېغىزىغا تەگمەي ماختاپ يۈرىدۇ.»

※ ※ ※

ماھنۇر ئۆز سودىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي قىلىپ، قارا قىش قوينىغا كىرىپ كەلدى. يېڭى يىلمۇ كېلەي دەپ قالدى. ھازىرغىچە پاللىدە كۈن ئېچىلغان، سۈزۈك ئاسمان كۆرۈنگەن بىر كۈنىمۇ كۆرمىدى. شەھەر ئۈستى قويۇق ئىس، يۇندارەڭ سەت تۇمان بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا بۇلۇتلاندى دېيىلسە، بۇلۇتلار شامالدىمۇ قوزغالماي ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاق كىيىملەرمۇ، قولاق، بۇرۇن تۆشۈكلىرىمۇ ئىككى كۈندىلا قارىداشقا باشلايتتى. كوچىلاردا كۆزگە كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس ھالدا قاپقارا قۇرۇم ئۇچۇپ يۈرەتتى. «تووۋا، — دەپ ئويلىدى ماھنۇر

ئۈرۈمچىنىڭ قىشىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ، — بۈگۈن ياغقان قار ئەتىسىلا قارىداپ كېتىدىكەن، قىشنىڭمۇ ئۆز خىسلىتى، زىننىتى، گۈزەللىكى بولىدىغان، بۇ يەردە قېنى؟ ئاپئاق قارلار دەل-دەرەخ شاخلىرىغا قونۇشتىن ھاسىل بولغان ئاق چېچەكلەر قېنى؟ بۇ يەردە قىشلاپ قالغان ئۇچار قۇشلارنىڭ جېنىغا ۋاي ئىكەن، قۇشقاچلارغا قاراڭلار، ئۇنىڭ ئۆز رەڭگى، گۈزەللىكى، ئۆزىگە خاس تېتىك-چاققانلىقى قېنى؟ خۇددى قورۇم باغلاپ كەتكەن كانايىنىڭ ئىچىدىن چىققان چۈجىلەردەك قاپقارا بولۇپ كەتكەن، پالاقلاپ ئاران ئۇچىدۇ. شۇنچە چىرايلىق، قىش-ياز ھاۋاسى ساپ شەھەرلەر تۇرسا، قايسى ئەقىلسىز بۇ يەرنى مەركەز قىلىۋىدىكىن؟... مەي باغلاپ پىشقان بىرەر تال مېۋىنى شېخىدىن ئۈزۈپ يېگۈدەك بېغىمۇ يوق بۇ شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كوچىلارغا تىكىپ قويغان قارىغايلارغا قاراڭلار، پۈتۈن تۇرقى بىلەن قارىداپ داردىيىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە تومۇز ئىسسىقىنىمۇ، قەھرىتان سوغۇقىنىمۇ كۆكرىپ تۇرىدىغان مەغرۇر، خىسلەتلىك دەرەخ ئەمەسمىدى... بىراق نېمە ئۈچۈندۇر، ئۈرۈمچىگە ھەممە ئادەم ئامراق ئىكەن، مانا مەنمۇ كەلدىمغۇ.»

ماھىنۇر ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپلا تىجارەتكە كىرىشكەن. يازدىن تارتىپ قىشقىچە بىر كۈنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەي بۇ يولدا توختىماي ھەرىكەت قىلدى، تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھال-ئوقىتىمۇ ياخشىلىنىپ قالدى-دە، بىر ئاز پۇللۇقراق ماللار سودىسىغىمۇ ئۆتتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە تۆت يۈز ئەللىك سوم بىلەن كەلگەن، ھازىر ئۈچ-تۆت مىڭ سومدىن ئوشۇقراق پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. ئەمما ئۇستىۋېشىغا تۈزۈكرەك بىر نېمە ئالمىدى. بېشىدا ئۇ يەر-بۇ يېرى تېشىلگەن كونا پوكۋاي ياغلىق، ئۇچىسىدا ئىككى يىلدىن بېرى كىيىپ يۈرگەن ئەستەرلىك كۆل رەڭ سوكنو چاپان، ئۇنىڭ ئىچىدە پاختىلىق پىنجەك بىلەن بېغىر رەڭ گۈللۈك كۆك پوپايكا، ناھايىتى يېڭى ئالغان نەرسىسى پۇتىدىكى تىكىش تاپمىغان، ئىچى يۇڭ، قوپال بەتىنكە، ئۇنىمۇ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتقان ماگىزىندىن ئالغان، لېكىن شۇنداق كىيىم-كېچەكلەر

ئىچىدە بولسىمۇ، ئەخلەت ئىچىدە ياتقان گۆھەرنى ھەممە ئادەم تونۇغاندەك، ئۇنىڭ سوغۇقتىن قىزارغان مەڭزىگە، قىش كىرگەندىن بېرى تېخىمۇ ئاقىرىپ - سوزۇلۇپ كەتكەن يۈزىگە، قاپقارا كۆز - قاشلىرىغا، قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىگە قارىماي ئۆتىدىغان ئادەم ئاز. بولمىسا ئۇ ھازىرغىچە كۆزىگە سۇرمە، يۈزىگە ئەڭلىك سۈرۈپ باققىنىمۇ يوق. تەبىئىي گۈزەللىك — مەڭگۈلۈك گۈزەللىك، ئەتىسى قۇيسا يوقاپ كېتىدىغان گۈزەللىك ئەمەس. تەبىئىي چىراي — چىن چىراي، بوزۇلۇپ كېتىدىغان چىراي ئەمەس. ئۇ ئۆرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى ئوقەتنى، تۇرمۇشنى ئويلاپ، ئىشقىي ھېسلارغا بېرىلىپ باققىنىمۇ يوق.

ئۇ قىش كىرگەندىن بېرى پەلتوچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ تېخىمۇ ياخشى سودا ئىكەن. كۈنىگە بىر پەلتو سېتىلسا، كەم دېگەندە يىگىرمە بەش - ئوتتۇز سوم قالىدىكەن، ئەلۋەتتە بەزىدە ئىككى - ئۈچ پەلتو سې-تىلىپ قالىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ. ئۇ ئەزەلدىنلا بىر خىل مال سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەس، يۆتكەپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. پەلتو-چىلىقتا ئۆتۈش — بۇمۇ بىر يۆتكىلىش، ياخشى يۆتكىلىش بوپتۇ، پايدىسى كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ قىش كىرگەندىن بۇيان بازاردا تۇرۇش ۋاقتىمۇ قىسقىراپ، جاپاسىمۇ ئازلىدى. بۇرۇن ئۇ ۋاڭ - چۇڭ ئىچىدە كۈنىگە ئون - ئون بىر سائەت تۇراتتى. ھازىر بەش - ئالتە سائەت تۇرىدۇ. ئەتىگەندە سو-غۇق بىر ئاز قايتقاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سوغۇق ئەدىگىچە بولغان ئارىلىق مال ئالغۇچىلارنىڭ بازارغا چىقىدىغان ۋاقتى. ماھىنۇر مۇشۇ پەيتنى ئىگىلەپ، دەل شۇ چاغدا بازاردا پەيدا بولاتتى. قالغان ۋاقىتلىرىدا ياتىقىدا ئولتۇرۇپ، ساتىدىغان پەلتولىرىغا پەرداز بېرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى ياكى ئارام ئالاتتى.

ماھىنۇرنىڭ ھېچنېمىسى — ئاتا - ئانىسى، يا ئېرى، بىرەر با-لىسىمۇ يوق، ئۆرۈمچىدە يەككە - يېگانە. يىراقتا بىر تۇغقان ھەدىسى بولسىمۇ، كىتابخانىلارغا ئايانكى، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالغان، ئۇ ئۆز سىڭ-

لىسىغا ھېچكىم قىلمىغان ئەسكىلىكنى قىلغان. ئىنىسچۇ؟ ئۇ تېخى كىچىك ـ گۆدەك، شەمشىنۇر ئۇنى قانداق تەربىيىلەيدۇ، قانداق روھ، قاراشلارنى سىڭدۈرىدۇ، بۇنى كىم بىلسۇن، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى يەككە ـ يېگانە ھېسابلايدۇ. لېكىن ھېچنېمىسى بولمىسىمۇ، ئۈمىدى بار. ئۇنى ھەدىسى غۇلجىدا تۇرغۇسىز قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ تەۋەككۈل قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭدا پەقەت جېنىنى جان ئېتىشتىنلا ئىبارەت بىر بىچارە ئىستەك بار ئىدى. ئەمما، ئىشلىرى ئوڭدىن كېلىپ، ھازىر تۆت ـ بەش مىڭ سومنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن كۆپرەك پۇل تېپىش، تۇزۇكرەك ياشاش، ئۆزىگە ئوخشاش تېنەپ ـ تەمتىرەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلارغا ياردەم قىلىش ئۈمىدىمۇ تۇغۇلدى. ئۇ بىلىدۇ: ئۆزى بىلەن ئوقەت قىلىپ يۈرگەن ئاياللار ئىچىدە كۈنىگە ئون ـ يىگىرمە سوملۇق مال ئېلىپ (كۆپرەك ئالاي دېسە قۇربى يەتمەي) شۇنى سېتىپ، بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى ئارانلا تويغۇزۇپ كېتىپ بارغان، بەزىدە شۇنىڭغىمۇ يېتەلمەيۋاتقانلار بار. ماھىنۇردا ئۇنداقلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئويىمۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ.

— ماھىنۇر، خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىڭ، پۇللىرىڭ ئاۋۇپ، بايلاردىن بولۇپ قالساڭ قانداق قىلاي دەيسەن؟ — دېدى خوجايىن ئايال بىر كۈنى كەچتە مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ ئارىسىدا.

— ئاۋۋال جىقراق پۇل تاپاي، تېخى تاپالمىدىم، تاپالمامدىم كىم بىلىدۇ، — ئۇ بەختىنىغا مۇلايىم قىياپەتتە قايرىلدى.

— ئولتۇرغۇچە بىر گەپ، ئوقەتكە خېلى پەملىك بار ئىكەن، جىقراق پۇل تېپىۋېلىپ، غۇلجىغا كېتەمسەن، قانداق؟

— غۇلجىغا ئۆلسەممۇ بارمايمەن دەڭە، خۇدا بېرىپ قالسا، قورۇ ـ جاي سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچىلىك بولۇپ كېتەيمىكىن دەيمەن، — ماھىنۇر شۇنداق دېدى ـ دە، چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى. بەختىنىنىڭ يوغان كۆزلىرىگە، گۆشلۈك يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى.

— بۇ گېپىڭ توغرا بولدى، ئۈرۈمچى ساڭا يارىشىۋاتىدۇ، يۈزۈڭ

تېخىمۇ ئاقىرىپ، قاش ـ كىرپىكلىرىك ئاينىپ، كۆزلىرىك خۇمارلاشتى، تۇرمۇشۇڭدىكى كەم نەرسىنى سېغىنغاندەك قىلىسەن، — ئۇ شۇنداق دېگەندە، ئاۋۋال ئۆزى، كەينىدىن ماھىنۇر كۈلۈپ كەتتى.

ماھىنۇر كۈلكىدىن توختاپ، گەپنى يۆتكىدى:

— تىرىشچان، ئۈمىدۋار، ئىرادىلىك ئادەم كۆتكەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، دېيىشىدۇ، تىرىشىپ باقاي، باي بولۇش مەقسىتىمگە يېتەلەيمەنمىكىن؟

# ئىككىنچى قىسىم

## 16

« ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ ، غازنىڭ پېيىدا بول » دېگەندەك ، ماھىنۇر پۇل تېپىشنىڭ باشقىچە ئۇنۇملۇك يوللىرىنىمۇ ئىزدىمەكتە ئىدى . ئادەمگە بىر ئىشتىياق كىرسە ، ئۇنىڭ يولىدا تىپىرلايدۇ ، چاپىدۇ ، جان كۆيدۈرىدۇ . ئۇ يىل ئۆرۈلۈپ ، ياز كىرىش بىلەن ئەرلەردىن كۆرە ، قىز ـ چوكانلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلەرگە سەپسالىدىغان ، بىر خىل يېڭى پاسوندىكى كىيىم بىرەر ئايالنىڭ ئۇچىسىدا پەيدا بولسا ، ئۇ باشقىلاردا قىزىقىش قوزغىيالىدىمۇ ـ يوق ؟ قىز ـ چوكانلار قانداق پاسوندىكى كىيىملەرگە قىزىقىۋاتىدۇ ؟ . . . دېگەندەك سوئاللارغا دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . مانا مۇشۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ، سۈت رەڭ گىرىپتىشىن كوپتا ـ يوپكىنىڭ بىر ـ ئىككى قىزنىڭ ئۇچىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەنلىكىنى بايقاپ قالدى .

بۇ كوپتا ـ يوپكا قەيەردە سېتىلىدىغاندۇ ؟

ماھىنۇر قىلىۋاتقان تىجارىتىنى توختىتىپ ، يېرىم كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنى ئىزدىدى . چوڭ ـ چوڭ ماگىزىنلار ، دۇكانلارنى ئاردىلىدى . ئاخىر يوقىرى سۈپەتلىك مودا كىيىملەر دۇكىنىدا سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . لېكىن قىز ـ چوكانلار كىيىشكە شۇنچە ئىنتىلىۋاتقان بۇ كوپتا ـ يوپكىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا تېز چىقىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئۇقتى ، ئۇنىڭ باھاسى ئىككى يۈز قىرىق سوم ئىكەن .

ماھىنۇر مۇشۇ سودىغا قىزىقىپ قالدى . ئارىدا قوزغالغان ئىككىلىنىشلەرنى يېڭىپ ، ئىككى يۈز قىرىق سومغا ئاشۇ كوپتا ـ يوپكىدىن بىرنى ئالدى ، ئۇ باشقىچە يول تۇتماقچى ، ئۇنى ئېلىپ ـ سېتىش ئەمەس ، ئۆزى تىكتۇرۇپ ساتماقچى بولدى . « سودىدا تەۋەككۈل قىلمايمۇ بولمايدۇ ، تەۋەككۈل قىلىپ باقاي ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — كىشىلەر قىزىقتۇاتقانىكەن ، ئاخىر ئالىدۇ . ئۇنىڭغا چاغلىقلا رەخت كېتىدىكەنغۇ ! » ماھىنۇر كوپتا ـ يوپكىغا كېتىدىغان رەخت ۋە تىكىش ھەققىنى ھېسابلاپ كۆردى ، ئۇزۇنلۇقى قىرىق سانتىمېتىر ، ئويما يەڭلىك كوپتىغا بارى ـ يوقى يېرىم مېتىر چىكەن كېتىدىكەن — ئون ئىككى سوم ؛ يوپكا ئۇزۇنراق تىكىلگەچكە ، بىر يېرىم مېتىر گىرپىتىشىن كېتىدىكەن — ئون سەككىز سوم ؛ ئېتەككە تۇتىدىغان پارقىراق لېنتىدىن ئىككى مېتىر كېتىدىكەن — ئىككى سوم ؛ ئەمدى تىكىش ھەققىچۇ ؟ يىگىرمە سوملار تىكەر ، شۇ چاغدا جەمئىي ئەللىك ئىككى سوم بىلەن پۈتىدىكەن .

ماھىنۇر يېنىك تىندى . تېخى پايدىسى كۆرۈلمىگەن ، شېرىن خىيالدىنلا ئىبارەت ئوقەتتىن خۇددى نۇرغۇن پايدىغا قول يەتكۈزگەن ئادەمدەك بەدەنلىرى قىزىشىپ ئوت ئالدى . پايدىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان سودىدىن ھاياجانلىنىش ئۇنىڭ قەدەملىرىنى تېزلەتتى ، بازار ئارىلاتتى ، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ كېرەكلىك رەختلەرنى ئالدۇردى . ئىككى يۈز قىرىق سومغا ئالغان كوپتا ـ يوپكا بىلەن ئالغان رەختلىرىنى كۆتۈرۈپ شەھەردە داڭقى چىققان ماشىنچىخانىلارنىڭ بىرىگە باردى ـ دە ، ئاشۇنداق كوپتا ـ يوپكىدىن ئون دانىنى بۇيرۇتتى . ئۇچىنچى كۈنى ئۇ يېڭى مېلى بىلەن ھېلىقى يۇقىرى سۈپەتلىك مودا كىيىملەر دۇكىنىدىن ئەللىك ـ ئاتمىش مېتىر نېرىدا — ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئاستىدا پەيدا بولدى . خېرىدارلارمۇ قىزىق بولىدىكەن ، « خېرىدارنىڭ كۆزى كور بولسا ، كاسىپ ئاچ قالىدۇ » دېگەنلەرمۇ تېپىپ دەپتىكەن ، ماھىنۇرنىڭ قولىدىن ئىككى يۈز سومغا ئالمىغان كوپتا ـ يوپكىنى مودا كىيىملەر دۇكىنىدىن ئىككى يۈز قىرىق سومغا ئالماقتا ئىدى . « مەنمۇ ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك ، ۋاللداپ تۇرغان

دۇكانغا سالغان بولسام، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم ئەلەم بىلەن، — ئىككى يۈز سومغا توتقۇزماي ئالار ئىدى. تېخى مېنىڭ تىككىش تاپقان ھەم بازارغا يېڭىلا چىققان. قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى ئالدى، دېگەن شۇ-دە.» كەچكە يېقىن چىرايلىق بىر قىز كەلدى-دە، كوپتا-يوپكىنى ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈپ ئۇزاق كۆردى.

— سىز نېمىشقا ئاۋۇ دۇكاندىكىدىن قىرىق كوي ئەرزان ساتىسىز؟ — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ.

— مېنىڭ ئاسماقتا ئېسىپ ئولتۇرغۇم يوق.

— ھەي، باشقا سەۋەب بارغۇ دەيمەن؟

— نېمە سەۋەب بولىدۇ دەيسىز، تازا سىنچىلاپ قاراپ بېقىڭ، نېمە پەرقى بار ئىكەن.

— مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن.

— ماڭا ئازراق پايدا بولسىلا بولدى، دەسمايەم ئاز، تېز-تېز ئۆتىسىكەن دەيمەن، ساقلاپ تۇرالمايمەن، ئىشەنمەيۋاتقاندەك تۇرىسىز، بىرنى ئەكىرىپ، ئاشۇ دۇكاندىكىسىگە سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ، ئالمىسىڭىز خاپىمۇ بولمايمەن. بازار بۇ، يۈز ئادەم كۆرىدۇ، بىر ئادەم ئالىدۇ.

خېرىدار قىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندى ئەتىمالىم، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشتىنمۇ كېچىپ، ئاخىر ئالدى.

بىرىنچى قېتىم يېڭى مال بىلەن، زور ئۈمىد بىلەن بازارغا چىققان ماھىنۇر بىر كۈن ئۆرە يۈرۈپ كوپتا-يوپكىدىن ئاران بىرنىلا ساتتى-دە، بازاردىن ئۈمىدسىزلىنىپ، سولىشىپ ياندى. كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ھەسرەتلىنىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئەمما، ئىككىنچى كۈنى ئۆز سودىسىغا ئۆزى ئىشەنمەي قالدى. چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا قالغان توققۇزىنى سېتىۋەتتى.

بۇ خىل كوپتا-يوپكىنىڭ ئەمدى تېز ئۆتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ماھىنۇر ھەممە پۇلنى دەسمايە سېلىپ، جۈرئەتلىك بىلەن ماشىنىچىغا بېرىپ ئاشۇ خىل كوپتا-يوپكىدىن يۈزنى بۇيرۇتتى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ماللىرى بازارغا چىقىشقا باشلىدى،

دەسلەپتە بىر قىسمى ( كۆپ قىسمى ) ئىككى يۈز سومدىن سېتىلدى ، سەل تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلغانلارغا بىر يۈز سەكسەن سومدىن ، ئاخىرقى بىر نەچچىنى بىر يۈز يەتمىش سومدىن سېتىپ تۈگىتىۋەتتى .

بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئون ئۈچ مىڭ سومدىن ئوشۇقراق نەق پايدىغا ئېرىشىش ماھىنۇرنىڭ ئاق يۈزى ، دۈپدۈگىلەك قارا كۆزلىرىدە جىلۋىدار تەبەسسۇم ، يېنىك تىترەش ، شادىيانە ھودۇقۇش پەيدا قىلدى . دەسلەپتە ئۇ مۇشۇ سودىنى قىلىشنى ئويلىغان چېغىدا زور پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا گۇمانسىراپ قارىغان . « سودىدا تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك ئىكەن ، — دەپ ئىچ - ئىچىدىن شادلىقى تاشقان ھالدا ئويلىدى ئۇ ، — قانداق قىلسام بولار ، دەپ ئىككىلىنىپ تەمترەپ يۈرگەن بولسام ، تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولسام ، شۇنچە پايدا نەدە ئىدى . . . توۋا ، غۇلجىدىكى دۇكىنىمىزدا بىر يىلدىمۇ تاپالمايدىغان ، ئۇرۇمچىگە كېلىپ بىر نەچچە ئايدىمۇ ئىگە بولالمىغان پايدىغا بىر ھەپتىدىلا ئىگە بولۇپ قالغىنىمنى . . . ئادەم تىرىشچان ، جۈرئەتلىك بولسىلا تېزلا روناق تېپىپ كېتىدىكەن - دە . . . مۇنۇ توققۇز - ئون سوملۇق بۇرۇمىسىمۇ ماڭىدىغان سائەتلەر بەش - ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا بىر يۈز يىگىرمە سوم ئەمەسمىدى . . . ھوشۇر كاسكا دېگەن ئادەم بەش مىڭ سوم بىلەن مۇشۇ سائەت سودىسىنى قىلىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۈزمىڭ سوم پايدا ئاپتۇ ، دېگەندە ، ھېچكىم ئىشەنمىگەن . ئەسلىدە راست ئىكەن - دە ، ئوقەتنىڭ باش - بۇرنى ياخشى ئىكەن ، ئاۋۋالقى مۇشتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك ئىكەن ، ئالدىراش كېرەك ئىكەن . »

ماھىنۇر دەرھاللا ئۇ خىل كوپىتا - يوپكىدىن يەنە يۈزنى بۇيرۇتتى . ئۇنىمۇ ئۆزە باھادا — ئالدىنى ئىككى يۈز ، بىر يۈز سەكسەن سومدىن ، كەينىنى بىر يۈز يەتمىش ، بىر يۈز ئاتمىش سومدىن سېتىپ تۈگەتتى . ئۈچىنچى قېتىمدا بىر يۈز ئەللىك سومدىن ئىتتىك سېتىلىۋاتقاندا ، ماشىنىچى ئۇستام ئۇنىڭغا ، ئەمدى بۇيرۇتمىلىرىڭىزغا چولىمىز تەگمەيدۇ ، دېدى ۋە ئۇ ئۆزى تىكىپ ، ئۆزى بازارغا ئاچىقىپ ساتتى . بىر نەچچە

كۆن ئىچىدىلا ئۇ خىل كوپتا ـ يوپكىنى بازارغا تولدۇرۇۋەتتى. ئوخشىغان تاماقنى راسا بېرىلىپ، تەمشىپ تۇرۇپ يەۋاتقان ئادەمنىڭ چىنىسىگە تۇيۇقسىز چىۋىن چۈشۈپ كېتىپ، كۆڭلى ئەسكى بولغاندەك، ماھىنۇر قىزغىنلىق بىلەن قىلىۋاتقان ئوقەتتىدىن قېلىپ، سالپىيىپلا قالدى.

— ئۇ ماشىنىچى ئۇستام سىزنىڭ ئىلىۋاتقان پايداڭىزنى نەدىن بىلدى ئەمدى؟ — دەپ سورىدى خوجايىن ئايال.

— مەن دېگەن.

— نېمە دېگەن؟

— بۇ كوپتا ـ يوپكىلارنى شۇنچە كۆپ تىكتۇرۇپ نېمە قىلىسىز، يا چەت ئەلگە چىقىرىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىغاندا، ياق، مەشەدە سېتىۋاتىمەن دېگەن.

— خوش؟

— پايدىسى قانداقراق، — دەپ سورىغاندا، تېخى كېمەيتىپ تەگمۇ تەڭ پايدا قىلىۋاتىمىز، دەپ بەرگەنىدىم.

— جىلىڭ ساراڭ ئىكەنسەن، ئۆزى ئاغزىڭغا سېلىپ بەرگەندىكىن، ھەئە، چەت ئەلگە چىقىرىۋاتىمەن، دېسەڭلا پۇتەتتىڭكەنغۇ؟

— ئۇنىچىلىك ئويلاپ كەتمەپتىمەن، تېخى بىلىپ كەتمىگىيدى، دەپ باشقىلاردىن ئەنسىرەپ يۈرۈپتىمەن.

خوجايىن ئايال بەختىخان بىلەن ماھىنۇر كەچتە مۇشۇ پاراڭغا چۈشكەندە، ماھىنۇر ئىشلارنى ـ يېڭى پاسوندىكى كىيىم پەيدا بولغاندا قىز ـ چوكانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىزىققانلىقىنى، لېكىن باھاسىنىڭ ئۆرلىكىدىن ئۇنى ئالالمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنى تىكتۇرۇپ سېتىش ئويىنىڭ ئۆزىدە قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ۋە جۇرئەت قىلىپ بۇ سودىنى باشلىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندى. ئۇلار تاۋۇز يېيىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكەن، سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە خوجايىن ئايال تاۋۇز يېيىشتىن توختاپ قايناپ سۆزلەپ كەتتى.

— بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئىلىنىڭ تارانچىلىرى سودا ـ سېتىقنى بىلمەيدۇ، ساددا ـ تۈز بولىدۇ، راست گەپنى قىلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرۇ-

ىدۇ ، ئوقەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققانلار قىلىدۇ ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان . ساڭا ئوخشاش ساددىلار ھازىرمۇ بار ئىكەنا ، توۋا سەن ئۇ- رۇمچىگە كېلىپ ئوقەتنى باشلايدىغان چاغدا ، قوۋۇ بولمىساڭ ، راست - يالغاننى ئارىلاشتۇرمىساڭ ، ئالداشنى بىلمىسەڭ سودىدا روناق تاپالمايسەن ، دېسەم ، سودىدا ھالال بولمىسام ، راست گەپ قىلمىسام ، قانداق كۆكلىيە- لەيمەن ، دېۋىدىڭ ، قانداق ئىكەن ؟ راست گەپ قىلىپ ئاغزىڭدىكى ناننى تاتقۇزۇپ قويۇپسەن ، ھېلىمۇ ئوتتۇز مىڭ كويدىن كۆپرەك پۇل تېپىپسەن ، ئېغىزىڭنى چىڭ تۇتۇپ ، يەنە بىرەر ئاي قىلىۋالغان بولساڭ ، پۇل دېگەنگە كۆمۈلۈپ قالاتتىڭكەن . . .

— بىر خىل يېڭى مال دەسلەپتە ئىتتىك سېتىلىدىكەن ، — دېدى ماھىنۇر ئاپئاق قول ياغلىقى بىلەن ئېغىز ، قوللىرىنى ئېرتىپ ، — كېيىن سۇسلايدىكەن .

— ئوقەتچى دېگەن قايسى مالنىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا ، شۇنىڭغا يۆگۈرىدۇ ، كۆپەيگەندىن كېيىن سۇسلايدۇ - دە .

— بوپتۇ ، شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر دەي ، ئىچىمغۇ ئېچىشتى ، لېكىن پايدامۇ ئاز بولمىدى ، — دېدى ماھىنۇر .

— شۈكۈر - قانائەتچان خەق بىز دېگىنە ، پايدا ئالساقمۇ ، ياخشىلىقتا يولۇقساقمۇ شۈكۈر دەيمىز ، زىيان تارتساقمۇ ، ناھەقچىلىقتا ئۇچرىساقمۇ شۈكۈر دەيمىز . شۇنچە پايدىغا شۈكۈر قىلغىنىڭغۇ توغرا ، بىراق تەييار پۇلنى كىم نېرى تۇر دەيدىكەن ، ئەمدى بۇ ئىشنى ساۋاق قىلىپ ، تۈز - ساددىلىقنى تاشلا ، ھالال ، راست گەپ دېگەنلەرنى چۆرۈۋەت ، ئۇنىڭغا يېپىشساڭ ئاچ قالىسەن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

ماھىنۇر كۈلدى .

— يۈرە ، قورۇق ياتىقىدا ئولتۇرغۇچە تېلېۋىزور كۆرەيلى ، ھېلى ئەزىمەتخاننى ① باشلايدۇ .

— ئالدىرىماڭا ، تېخى باشلايدىغىنىغا يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋا-

① ئەزىمەتخان — پاكىستان تېلېۋىزىيە تىياتىرى « مىراسخور » دىكى سەلبىي پېرسوناژ .

قىت بار ، ــــ دېدى ماھىنۇر سائىتىگە قاراپ ، ــــ بۇ قېتىم ھالاۋىدىن ئاكام
ئۇن كۈنـدەك تـۇردى ئەتـىمالـىم ، ئىـكـكـىمىز تۈزۈككىنە پاراڭلىشىپ
ئولتۇرالمىدۇق ، ئولتۇرۇڭلا .

ئورنـىـدىن قـوزغالغان بەختىخان ، ماھىنۇرنىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ
يەنە ئولتۇردى . كارىۋات غىچىرلاپ كەتتى .

ــ خېلى پاراڭلاشتۇق ، يەنە نېمە دېيىشەرمىز .

ــ راستىمنى ئېيتسام ، ئاشۇ ئەزىمەتخان دېگەنلەرنى كۆرگۈم يوق .

ــ نېمىشقا ؟

ــ بىـر تـەرەپـتىـن غـەزەپ ، يـەنـە بىر تەرەپتىن ئىچ ئاغرىتىش
ھېسلىرى قوزغىلىدۇ ــ دە ، ھېچ ئارام بەرمەيدۇ . بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە
ئـازابـلـىـنـىـپ نـەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالمىدىم ، ئەزىمەتخان ، ئەنۋەر ،
ياقۇپ ① دېگەنلەرنى چاپىنىۋەتكۈم كەلدى .

ــ ئەزىـمـەتـخان دېگەنغۇ زالىم ئادەم ئىكەن ، ــ دېدى بەختىخان
بۇياققا ئۆرۈلۈپ ، ــ ئەمما ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى تەسىرلىك جۇما ، ئادەمنى
ئويغا سالىدۇ دەيمەن ، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى بارئىكەن .

ــ نېـمـىدېگەن ۋەھشىي ، ياۋۇز ، كۆڭلى قارا ، ھىيلىگەر ئادەملەر
ئۇ ، ــ ماھـىـنـۇرنـىـڭ قايرىلما كىرپىكلىرى ئەلەم بىلەن پىلدىرلاپ ، قارا
كـۆزلـىـرى غەزەپتىن ياندى ، ــ شۇنچە ئەسكىلىكلەرگە چەك قويۇلمىسا ،
كـىـشـىـنى ئۇ يەرلەردە ھۆكۈمەت ، قانۇن يوق ئوخشايدۇ ، دېگەن تۇيغۇغا
كـەلتۈرىدىكەن ، زورلۇقلارنىڭ ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ سورىقى بولمىسا ،
يـامان ئادەملەر قاقاقلاپ كۈلۈۋاتسا ، ياخشى ئادەملەر خارلىنىپ يىغلاۋاتسا ،
قانلىرى ئېقىۋاتسا ... بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك ! پۇلى بارلار شۇنچىمۇ زور
بولامدۇ !

ئـىـكـكـىـسى جىمىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ماھىنۇر كۆرگەن كىنوسىـ
دىـكى ۋەقەلەردىن غەزەپلىنىپ ، شۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما
كـۆز ئالـدىـدا پەيدا بولغان ، بىشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئويلىماقتا ۋە ئۇـ

① ئەزىـمـەتـخان ، ئەنۋەر ، ياقۇپ ــ پاكىستان تېلېۋىزىيە تىياتىرى « مىراسخور »
دىكى سەلبىي پېرسوناژلار .

نىڭدىن ئۆزىدە غەزەپ، ئازاب، ئەلەم ھېس قىلماقتا ئىدى. بەختىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى ئويلاپ، تەگسىز خىياللارغا پاتقانىدى. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن چىرمىلىپ، كىنونىڭ باشلىنىش ۋاقتى ۋە ئۇنى كۆرۈش ئۈمىدىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. لېكىن گېپى ئوچۇق ئايال ئويلىغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتمەيتتى.

— ئاشۇنداق ئىشلارنى بۇ يەردە يوق دەمسەن، — دېدى ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا گەپ باشلاپ، — ھازىر بۇرۇنقىدەك ئەمەس، «نېمىشقا» دەمسەن، قارا سېنى، بېشىڭدىن ھېچ ئىش ئۆتمىگەندەك. ئالدىڭنى توسقان، ساڭا زورلۇق قىلغان ھېلىقى لۈكچەكلەر ئۈستىدىن بىر يەرگە ئەرز قىلىپ بارساڭ، قەيەردە كۆرسىڭىز بىزگە خەۋەر قىلىڭ، تۇيدۇرماي تۇتىمىز، سىز تۇتماڭ، زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىسۇن، دەيدۇ. ھەرگىز ئۆزى ئىزدىمەيدۇ. بۇ ساتقان دورىڭىزغا چاشقان ئۆلمىدىغۇ، دېسە، چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ ئاغزىغا سالسىڭىز ئاندىن ئۆلىدۇ، دېگەندەك گەپ ئەمەسمۇ! تېخى چوڭ ئەنزىلەر كۆپ، ئۇششاق ئەنزىلەرگە چولىمىز تەگمەيدۇ، دەيدۇ. ئاياللارغا زورلۇق قىلىش كىچىك ئەنزىمۇ؟ ... ئادەم ئۇرغان، پىچاق سالغانلارنى جەرىمانە ئېلىپ قويۇپ بېرىدىغان ئىشلار چىقىۋاتىدۇ. بۇ كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلار. ئاڭلىسام توختى پوقاقنىڭ بالىسى بىرەيلەن بىلەن مۇشتلىشىپ قېلىپ، كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن پىچاق سېلىپ ئۇنى تاس قاپتۇ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى، ئۇ ناكار بولۇپ ساقايدى. ئۇچۇ؟ ئۇ تۈرمىدە بىر يىل ياتقاندىن كېيىن، دادىسى باي سودىگەر بولغانلىقى ئۈچۈن قىرىق مىڭ كوي پۇل تۆلەپ، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋاپتۇ، مانا كۆردۈڭمۇ، پۇلنىڭ كۈچىنى ... شۇنداق تۇرسا، پۇلى بارلار ئادەم ئۆلتۈرمەي نېمە قىلىدۇ، ئۆچى بار ئادەملەرنى ئۆلتۈرىۋېرىدۇ ـ دە.

— بۇ دۇنيا ياخشىلىقمۇ، ئەسكىلىكمۇ تولغان دۇنيا ئىكەن، ئادەم دېگەنمۇ ھەم ياخشى، ھەم ئەسكى نەرسە ئىكەن، بىر ئادەم دۇنيادىن ساپ، پاكىز، ھالال ياشاپمۇ، يەنە بىر ئادەم دۇنيادىن قىڭغىر دەسسەپ

هارام ياشاپمۇ ئۆتىدىكەن ، — دېدى ماھنۇر ئويلانغان هالدا ، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەندى ، — لېكىن ، قاراڭا ، قانداق قىسمەتلەردۇ بۇ ، ئادەمگە ئەلەم قىلىدىغىنى هالال ياشىغىنى ئۇنىڭ شاراپىتىنى كۆرمەي ، هارام ياشىغىنى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى تېتىمايمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن .

— هېسىلىگەر ، ئالدامچى ، هارام ئادەملەر پايدا ئېلىپ ، سەمىمىي ، ساپ ، هالال ئادەملەر زىيان تارتىپ ئۆتۈۋاتقىنىچۇ تېخى ... لېكىن هالال ئادەم ئەل ئاغزىدا ماختىلىدۇ ، هارام ئادەم قارغىلىدۇ ، ھەر ئىككىسىگە تې-گىشلىك مۇكاپات دېگەن شۇ .

— سىزنى هالاۋىدىن ئاكام قۇتقۇزۇپ قاپتىكەن ، قانچىلىك ماختالدى ، نېمە ياخشىلىق كۆردى ؟

— ما گەپىنىڭ قىزىقلىقىنى ... مېنى بىكارغىلا ئېلىۋالدىغۇ ، بۇنىڭ-دىن ئارتۇق يەنە قانداق مۇكاپات ئالماقچىدى ؟

شۇ سۆز بىلەن تەڭلا ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى . ماھنۇر كۈلكىدىن توختاپ مۇنداق دېدى :

— قاراڭ ، مېنى كىچىكلىكىمدە ئېزىپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ قالغان ھەسەنجان دېگەن بىر ئوقۇغۇچى بالا بولىدىغان ، ئۇنى مانا قانچە يىللاردىن بېرى كۆرمىدىم ، قولۇمغا ئازراق پۇل چۈشۈۋىدى ، شۇنى كۆرسەم ، بىر ياخشىلىق قىلسام دەيدىغان ئوي تۇغۇلدى .

— بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا ، سەن بىرسىگە ياخشىلىق قىلساڭ ، ساڭا ئۇنىڭدىن ئەمەس ، باشقا بىرسىدىن يانىدۇ ، — دېدى بەختىخان بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئويلانغان هالدا ، — سەنغۇ ئۇنى ئۇنتۇماپسەن ، لېكىن ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلار كۆپ ، ياخشىلىقىنغۇ ياندۇرمىسۇن ، مەيلى ، ئەمما ئۆزى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ ، سەن ئۆتى-دىغان چاغدا ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ئەمەسما ! تېخى نومۇس قىلماي ، ساڭا ئورا كولايدۇ ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئادەملىكىنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىنى جا-هاندا بىر هېسابلاپ ، سېنى ياراتمايدىغان بولۇۋالىدۇ ، ھەتتا ئۇستۇڭدىن گەپ تاپىدۇ ، پىتنە - ئىغۋا توقۇيدۇ . ئۇنداقلارنى خۇدايىمغا قويىمىز ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى جاجىسىنى يەيدۇ ، دەپ كېلىۋاتىمىز ، جاجىسىنى

يىگەنلىرىمۇ بار، يېمەي ئۆتۈپ كەتكەنلىرىمۇ بار. ئەمما، ھەقىقىي ياخشى ئادەملەر باشقىچە بولىدۇ، بىرسىگە قىلغان ياخشىلىقنى پەش قىلمايدۇ، باشقىلارغا ھەتتا تىنمايدۇ، مەن مانى قىلدىم، سەن ئانى قىل دېمەيدۇ. مانا بۇ قالتىس ياخشى ئادەم. بىراق ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ئۇنداق ياخشى ئادەم بولالمايمەن، ماڭا ئەسكىلىك قىلغان ئادەمنىڭ جاجىسىنى بەرمىگۈچە توختىمايمەن.

ئىككىسى گەپ بىلەن بولۇپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىشتى ۋە نېرىقى ئۆيگە چىقىپ تېلېۋىزور كۆرۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. كۆڭۈل - كۆكسىدىكى گەپلەرنى ئېيتىشىش ئۇلارنى ھۇزۇرلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققا سوزۇلغان پاراڭ ئۇسساتقانىدى. ماھنۇر كارىۋىتى ئاستىدىن يەنە بىر تاۋۇز ئالدى - دە، ئۇنى تىلىپ يېيىشتى. ياتاقلاردىكى يولۇچىلارمۇ ئويقۇغا كېتىپ، جىمىپ قېلىشقانىدى. بەختىخان سائىتىگە قاراپ سائەتنىڭ ئون بىردىن ئاشقانلىقىنى بىلدى - دە، ھويلىغا چىقتى. كېچە سالقىن تارتىپ قالغانىدى. ئۇ تۆمۈر دەرۋازىنى ئەتتى - دە، ئۆيگە قايتىپ كىردى.

ھالاۋىدىن يولغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ماھنۇر بۈگۈن ئۇنىڭ يېنىدا — بەختىخاننىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالدى.

ماھنۇر كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىغان بولسىمۇ، تېپتىنچ ياتتى. ئۆزىنى ئابدۇقادىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەسەنجان ئاتلىق ئوقۇغۇچىنىڭ يۇپيۇمىلاق ئاق يۈزى، ئېغىر - بېسىق تەمكىن تۇرقى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. «ھازىر نەلەردە يۈرىدىكىن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ سېغىنىش بىلەن، — ئاشۇ چاغلاردا ئونىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتاتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭغا ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە - يەتتە يىل بولدى. ئەتىمالىم، ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقاندىمۇ ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن غۇلجىدىمىكىن... ئۆرۈمچىدىكى بىرەر ئالىي مەكتەپكە كەلدىمۇ - يا؟... كەلگەن بولسىمۇ بۇ چاغقىچە ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەتكەندۇ ۋە ياكى ئۆرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندۇ... بۇ يەردە بولسا، مانا مەن كەلگىنى بىر يىلدىن ئاشتى،

نىمىشقا ئۈچرىشىپ قالمىغاندىمىز ؟ ... ياخشى ئادەملەر كۆپ ئىكەن ، ئادەملەرگە غەرەزسىز ، خالىس ياردەم قىلغۇچىلارمۇ جىق ئىكەن ، شۇنداقلارنىڭ بىرى ھەسەنجان ئاكام ئەمەسمۇ ، ئۇ مېنىڭ كەلگۈسى ھاياتىم ، ئىستىقبالىمنى ئويلاپ ، مېنى ئابدۇقادىر دېگەن ئالىمچىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان . ئۇنىڭ كەينىگە كىرگەن بولسام ، مېنى خارلاپ ياقا يۇرتلارغا تاشلىۋەتكەن بولار ئىدى . قەيەرلەردە تەمتىرەپ ـ تېنەپ يۈرەتتىمكىن ، تىرىكچىلىك مېنى قانداق يوللارغا باشلايتتىكىن ... ــ ماھىنۇرنى بىردىنلا قورقۇنچ بېسىپ ، بەدىنىلىرى ۋەھىمە ، ئەندىشىلىك ئوتلاردا تولغاندى . خوجايىن ئايال ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەندى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى ، ــ شۈكۈر خۇدايىم ، شۈكۈر ، مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشىپ قالدىم . ھەسەنجان ئاكامنى بىر كۆرسەم ، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىم ، ئېيتىدىغان رەھمەتلىرىم بار ئىدى . بەلكىم ئۇچرىشىپمۇ قالارمەن . »

ماھىنۇر يېشىنىپ ياتتى ، لېكىن ئۆزىنىڭ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى .

## 17

ماھىنۇر تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قالدى ، ئۇنىڭ ئاغرىپ ياتقىنىغا ئون ئىككى كۈنمۇ بولدى . بۈگۈن ئون ئۈچىنچى كۈنى ، ئۇ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى .

كوپتا ـ يوپكا سودىسىدىن كېيىن ئۇ يەنە ئېلېپساتارلىق تىجارىتىگە كۆچكەندى . ھاۋانىڭ راسا قىزىغان بىر كۈنىدە ، چۈش مەزگىلىدە ئۇ توپ سېتىش بازىرىغا باردى . مۇۋاپىق مال ئالالماي ، توپ سېتىش بازارلىرىنى ، ئەتراپتىكى يايمىلارنى ئۇزاق ئارىلىدى . ئاخىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىندىن ئاياللارنىڭ باھاسىنى ئەللىك پىرسەنت چۈشۈرۈپ ساتقان كۆزلۈك ئايىغىدىن ئىككى يۈزنى ئالدى . ئاپتاپتا ئاچ قورساق قاڭقىپ ئۈچ سائەت يۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا ئاپتاپ ئۆتۈپ

كەتكەندى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقى ئىچىپ كەتكەنلىكتىن ئالغان ماللىرىنى قول ھارۋىسىغا كىرا قىلىپ قويۇپ، كوچىنىڭ چېتىدە، ئو- چۇقچىلىقتا سېتىۋاتقان خوشاڭدىن بىر تەخسە يېدى. سەۋەب شۇ بولدى، تاماقتىن كېيىن ماللىرىنى ياتىقىغا ئېلىپ كېلىپ، ئاردىن بەلكى بىر سائەت ئۆتكەندۇ، تۇيۇقسىزلا بىردەم قىزىپ، بىردەم تىترەشكە باشلىدى ۋە تولغىنىپ ياتتى. خوجايىن ئايال بەختىخان قورقۇپ كەتتى ھەم پايىپېتەك بولۇپ، ھېلى ئۇنىڭغا تاۋۇز يېگۈزسە، ھېلى پېشانىسىگە ھۆل لۆڭگە قوياتتى. لېكىن قىزىتمىسى يانماي، بارغانسېرى ئۆرلىدى. ئۇنىڭ پېشانە - يۈزلىرى قولنى كۆيدۈرگۈدەك قىزىپ كەتكەندى. ئاردىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭ شۇ ھالىدىن ئەنسىزلىكتە قالغان بەختىخان ئۇنى يېتىلەپ، يۆلەپ دوختۇرغا ئاپاردى. دوختۇر ئۇنىڭغا بىر ئوكۇل سېلىپ بىر نەچچە خىل دورا بەردى. ئۇ دورىلارنى ئىچىپ ئۈچ كۈنگىچە ياتىقىدا ياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا مۇنداق ئۆزگىرىش كۆرۈلدى: تۇرۇپلا قىزىپ تىترەپ كېتىدۇ. تۇرۇپلا سوغۇق تەر چىقىپ تۈزۈلۈپ قالىدۇ. مۇشۇ ھالەت تەكرارلىنىشقا باشلىدى. بەشىنچى كۈنى ھالاۋىدىن كەلدى - دە، ماھىنۇرنىڭ شۇ ھالىتىنى - چۈدەپ سارغايغان، لەۋلىرىنىڭ گەز باغلىغان ھالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇنى ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىغا سېلىپ، بەختىخانىنىڭ يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇشى بىلەن دوختۇرغا يەنە ئاپاردى. دوختۇر ئۇنى ئۇزاق تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن دورا، يەتتە كۈنلۈك ئوكۇل يېزىپ بەردى. دوخ- تۇرنىڭ دېگىنى بويىچە، كۈندە ئىككى قېتىم ئوكۇل سېلىنىپ، دورىلارمۇ ئۆز قەرەلىدە ئىچىلىپ بولدى. لېكىن ياخشىلىنىش كۆرۈلمىدى. بەختىخانىنىڭ زورى بىلەن تاماققا ئانچە - مۇنچە ئېغىز تېگەتتىيۇ، كۆڭلى ئۇسسۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمىنى تارتمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى ۋە ئۇ كۈندىن - كۈنگە جۈدەپ كېتىۋاتاتتى.

خوجايىن ئايال ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، بېشىدا پەرۋانە بولۇپ ئايلى- نىپ يۈرەتتى. « يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتسە بۇرنى قاناپتۇ » دېگەندەك،

دەپ ئويلايتتى ئۇ، — سودىسى ئېقىپ، روناق تېپىۋاتقاندا، مۇنۇ كېسەلنىڭ يېپىشقىنىنى، بۇنىڭ بۇ يەردە بىزدىن باشقا نېمىسى بار؟... بىر - ئىككى يۇرتلۇقى بولغان بىلەن ئۇلار ئوقۇغۇچى تۇرسا، قولىدىن نېمە كېلىدۇ! بولمىدى، ئوساللاپ كېتىپ بارىدۇ، چوڭراق دوختۇرلارغا كۆرسىتەي.»

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھالاۋىدىنىڭ ئانىسى ئاددىيلا دورا بۇيرۇپ بەردى: بىر باغ ئاشكۆكنى سقىپ چاناپ، سۈيىگە بىر چىنە قېتىقنى قوشۇپ ئىچۈەتسۇن. ماھنۇر ئاغرىپ يېتىپ ئون ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئاشۇ ئاددىي دورىدىن بىر چىنە ئىچۈەتتى - دە، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ يېنىكلەپ، خېلىلا تۇزىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەتىگەندە ئۇ ئاددىي دورىدىن يەنە بىر چىنە ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياخشىلىنىپلا قالدى. ئىھ - ئىھلاش، چىرايىدىكى سولغۇنلۇق، خۇنۇكلۇك يىتتى. بىراق پۇت - قولىدا ماغدۇر يوق ئىدى.

چۈشكە يېقىن سادىق كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ماھنۇر ئاغرىپ قالغاندىن بېرى ئۈچىنچى قېتىم يوقلاپ كېلىشى ئىدى.

— ئاچاڭغا نېمە ئەكەلدىڭ، پوستەك، سومكاڭ خېلى دۆڭ تۇرىدىغۇ؟ — دېدى بەختىخان كۇلۇپ.

سادىق ماھنۇرنىڭ يېنىدا تارتىنىپقىنا ئولتۇردى. ئۇ ھازىر جۇل - جۇل پاختىلىق چاپانلىق، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈزلىرى مەينەت سادىق ئەمەس، ئۈچىسىدا ماھنۇر يىرىم كونا بازار ئارىلاپ ئېلىپ بەرگەن يېڭى قىسقا ئاق كۆينەك، كۆك خادانى بۇرۇلكا، پۇتىدا تۆشۈك - تۆشۈك جىگەررەڭ شىبلىت؛ چاچلىرى ياسىتىلغان، كىيىم - كېچەكلىرىدىنمۇ، قارا قۇمچاق يۈزىدىنمۇ پاكىزلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، دىلى شاد، مەغرۇر، خۇشال يۈرىدۇ.

ماھنۇر ئۇنىڭ باشلىرىنى، يۈزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى. سادىق سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، تارتىنىپ كىرىپ كەلگەندىلا ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، كۆز چاناقلىرىغا كېلىپ قالغان

ياشلىرىنى ئاران يوقاتقانىدى. هازىرمۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن:
— هالاۋىدىن ئاكا، بەختىخان ھەدە، شاپتۇل يەڭلار، سادىق شاپتۇل ئەكەپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.
ياناقتا هالاۋىدىن بىلەن بەختىخان كىرىپ كەلدى.
— پاھ، بۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى قاراڭلار مۇشتەك تۇرۇپ، — دېدى هالاۋىدىن ۋە گۈللۈك تۇمۇر تاۋاقتا تۆكۈلگەن ئەنجۈر شاپتۇلدىن بىرنى ئالدى ـ دە، پوستىنى سويۇپ ئاغزىغا سالدى ۋە تەمشىدى. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ، يۈزلىرىمۇ مايلىشىپ پارقىراپ تۇراتتى.
— ئاچىسىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ بۇ، — دېدى بەختىخان، — ئاله، پوستەك، ئۆزۈڭمۇ يېگەچ ئولتۇر.
هالاۋىدىن ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:
— موخۇركىچىلىق قىلىۋاتامسەن يا باشقا ئوقەتكە كۆچتۈڭمۇ؟
— موخۇركا سېتىۋاتىمەن.
— كۈندە قانچىلىك سودا قىلىسەن؟
— بەزى كۈنلىرى ئون ـ ئون ئىككى كويلۇق، بەزى كۈنلىرى ئالتە ـ يەتتە كويلۇق.
— تاپقان پۇلۇڭ قورسىقىڭغا يېتىدىكەن ـ دە؟
— ئاشىدۇ.
— شۇنداقمۇ، نېسىمۇ ساتامسەن؟
— ناۋاي بالىدىن باشقىسىغا ساتمايمەن.
— يارايسەن، سەن موخۇركا بېرىسەن، ئۇ نان بېرىدۇ، دېگىنە؟
سادىق يەرگە قارىدى.
— ياخشى، ياخشى، ئوقەتچى بولىدىغاندەك قىلىسەن، مەنمۇ سەندەك ۋاقتىمدا يازدا گازىر، قىشتا تاڭگا ساتقان.
ئۇلار شاپتۇل يېيىشىپ بىردەم ئولتۇردى ـ دە، نېرىقى ئۆيگە چىقتى ۋە چايغا ئولتۇرۇشتى. سادىق ئۇلار بىلەن بىر جوزىدا قىزىرىپ، تەرلەپ چاي ئىچتى. چايدىن كېيىن بازارغا — ئۆز سودىسىغا ماڭدى.

ماھىنۇر ياتىقىغا يېنىپ چىقتى.

«كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئويلايدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان كۆيۈمچان، ۋاپادار، خالىس ئادەملەر بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيا قانداق بولۇپ كېتەتتىكىن، — دەپ چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندى ماھىنۇر قوش تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، — بەلكىم ياشاشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولماس ئىدى. باشقىلارنى ئويلىغان ئادەم سۆيۈملۈك ئادەم، ئۆزىنىلا ئويلىغان ئادەم يىرگىنىشلىك ئادەم ئىكەن. ياشاشنىڭ مەنىسى، ئادەملەرگە قانداق قاراشنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى نېمىلەرگە قاراپ بىلىشنى ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتىمەن، — ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا — ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىكىلگەن كۆزى ئالدىغا مەخمۇت، يېزىدىكى ئۆيى، ھويلىسى، قولۇم - قوشنىلىرى، ئوينىشى كەلدى. ئۇ بۇنى ئاغرىپ تۆزۈلەلمەي يۈرگەندە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن. ھازىر يەنە ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدى، — ھېلىقى شەرمەندە ئىش يۈز بەرگەندە، مەخمۇت ئۇنى ئۇرغان، ئۇرغاندىمۇ، قولىنى سۇندۇرغۇچە ئۇرغان. ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ، ئەسلى گۇناھ مېنىڭدە، ئۆزۈمگە ئايان، مەن چىرايلىق ئايال، ھەر كىمنىڭ كۆزى چۈشىدۇ، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئاشىق بولدى، مەن ئەرلىك ئايال تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەلپىنى رەت قىلالمىدىم، ھېسسىياتىمنى باسالماي، ئۇنىڭغا بويسۇندۇم. ئەسلىدە مەخمۇت مېنى ئۇرسا، چەيلىۋەتسە بولاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ بوپتۇ، ئۇرماي سېنى، مېنىڭ قولۇمغا كىچىككىنە ۋاقتىڭدا كېلىۋىدىڭ، دەپ ماڭا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ ئۆكۈزدەك ئىشلەشتىن باشقىنى خالىمايدىغان، ئۆز جۈپتىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىمۇ بىلمەيدىغان قوپال ئەر ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭدا شۇنچىلىك خىسلەت بارئىكەن، ياش پەرقى ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ ئاشۇنداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندۇ بەلكىم. ھەر نەرسە ئۆز خىلى بىلەن دېگەن گەپمۇ توغرا ئىكەن. سادىق كىچىككىنە بالا. ئەمدىلا ئون بىردىن ئاشتى، مېنى ئىككى قېتىم بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، بەزى چوڭ ئادەملەر قىلالمايدىغان ئىشنى قىلدى. كىچىككىنە يۈرىكىدە ئالدامچىلىق، زورلۇقنا

قەھرى ـ غەزەپ ئوتى يانمىسا، شۇنداق ئادىللىق، مەردلىك كۆرسىتەلەيتتىمۇ؟ ... تېخى مېنى ئۇن ئىككى كۈنگىچە بىر نەچچە قېتىم يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالەتلىرىنى كۆرگەن ئادەملەر ئۇنى ئۇنچىلىك مەرد، ئادەمگەرچىلىكى كۈچلۈك، دەپ ئويلىمايدۇ، بەلكىم تۇرقىغا قاراپلا جەللىگۇر ـ يانچۇقچى دەپ قارايدۇ. بەختىخان ھەدەم بىلەن ھالاۋىدىن ئاكامچۇ؟ بۇرۇنقى ياخشىلىقلىرىنى ئويلىماي تۇراي، ئاغرىپ قالغان ۋاقتىمدا مەن ئۈچۈن قايغۇرۇپ قانچىلىك سەكپارە بولۇپ كەتتى ... بېشىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەنلىرىنى، قورسىقىغا تاماق ئىچىشلەرنىمۇ ئۇنتۇپ، يېنىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىگەنلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالايمەن، مەن ئۇلارنىڭ نېمىسى ئىدىم؟ بەختىخان ھەدەم ئۆينىڭ ياتاقلىرىنىڭ ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ، دوختۇرغا نەچچە ئاپاردى. مېنىڭ ئۈچۈنلا سۇيۇق ـ سىپلەك تاماقلارنى ئەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەنلىكىنى نەچچە قېتىم كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۈچۈن قايغۇرۇپ، كۆيۈنۈپ يىغلىغاندۇ؟ ... ھالاۋىدىن ئاكامچۇ؟ مېنى دەپلا ماشىنىسىنى ئىشىك ئالدىغا توختىتىپ قويدى. ھەر قېتىم يولدىن كەلسە، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپلا يولغا چىقىپ كېتىدىغان ئادەم ئاغرىپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، يولغا چىقماي، مانا يەتتە كۈندىن بېرى تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر يالغۇزچى بولغان بولسام، مۇشۇ ئادەملەرنى يېزىپ، دۇنيادا مۇنداقمۇ ۋاپادار، كۆيۈمچان، كىشىلەرگە ياخشىلىقلا قىلىپ يۈرىدىغان ئادەملەر بار، كىشىلەرنى تۇرقىغا، رەڭگىرويىغا قاراپ ياھالىماسلىق كېرەك، دەپ تەنتەنە قىلغان بولارئىدىم. قاراڭلارا، مەن بىر ئاز ياخشى بولۇپ قېلىۋىدىم، ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان تەشۋىش، قايغۇرۇش، ئەندىشە ئالامەتلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خاتىرجەملىك، شادلىق ئىگىلىدى. ياخشى ئادەملەر كىشىگە دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ياشاشنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن ۋە ياخشى ـ يامان ئادەملەرنى ئايرىشتا تۇرقى ـ قىياپىتى، ئېغىزدىكى گەپ ـ سۆزلىرىگە ئەمەس، ئۇنىڭ قىلغىنىغا، ھەرىكەت ـ ئەمەلىيىتىگە قاراشنىڭ لازىملىقىنى ئۆگىتىدىكەن. مەن غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، ھازىرغىچە نۇرغۇن ئادەملەر

بىلەن ئۇچراشتىم ، مەن ئەيمەنگەن ، ئىشەنمىگەن ئادەملەر ياخشى ، ئىشەنگەن ئادەملەر ئەسكى بولۇپ چىقتى . راست ئەمەسمۇ ، بەختىخان ھەدەمنىڭ ، سادىقنىڭ قىياپىتىگە ، تەلەتىگە قاراپ ئەيمەنگەن ، يىرگەنگەن ، غۇلجىدىن بىر ماشىنىدا كەلگەن ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ قىياپەت ، گەپ - سۆزلىرىگە قاراپ ، ئۇلارغا ئىشەنگەن ئىدىمغۇ ، ئاقىۋەت نېمە بولدى ؟ ئۆمۈر كەچۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن كوچىغا كىرگەن ئادەملەر سىرلىق ، مۇرەككەپ بولىدىكەن ، ئۇلارنى بايقاش ، چۈشىنىش ناھايىتىمۇ تەس ئىكەن . »

ماھىنۇر ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ماغدۇرسىزلىقنى دېمىسە ئاغرىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . شۇنچە ئېسىل ئوكۇل - دورىلار پايدا قىلماي ، پەقەت ئىككى چىنە قېتىق پايدا قىلىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ قورساقنىڭ ھېلىدىن - ھېلى ئېچىپ تۇرغانلىقىدىن ئۆزىدە خاتىرجەملىك ، يېنىكلىك ھېس قىلىپ ، بازارغا چىقىپ ئوقىتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلىدى . ئۇنىڭ قولىدا ھازىر ئاياللارنىڭ ئون نەچچە كۈندىن بېرى بازارغا سېلىنماي تۇرۇپ قالغان كۆزلۈك ئايىغىدىن ئىككى يۈزى بار ، ئۇنى مەزگىلىدە سېتىۋېتىش كېرەك ، مەزگىلىدە سېتىۋەتمىسە ، بىرمۇنچە پۇلنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئاخىرىدا زىيىنىغا سېتىشقا توغرا كېلىدۇ . بىراق ئەتە بازارغا چىقىمەن دېسە ، بەختىخان نېمە دەيدىكىن ؟

ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ، قولىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ ياتىقىنى تازىلاشقا كىرىشتى ، تام - تورۇسلارنى سۈپۈردى ، ئاندىن يەرگە يېيىلغان خىشلارنى يۇيۇشقا باشلىغانىدا ، بەختىخان كىرىپ قالدى - دە ، خاپا بولۇپ يوغان كۆزلىرى يېنىپ كەتتى :

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟

— ياسكىنىچىلىقتا چۆكۈپ قاپتىمەن ، بەختىخان ھەدە .

— ئۇزۇلۇپ قالساڭ قانداق قىلىسەن ؟

— ساقىيىپ قالدىمغۇ ، بۇ قانچىلىك ئېغىر ئىش ئىدى ؟

— سەللىمازا ساقايغىنىڭ يوق ، تېخى ماغدۇرۇڭمۇ كەلمىدىڭ ، ئۇزۇلۇپ قېلىش دېگەننى بوش چاغلىما ، خۇددى شوينىنى ئۈزۈۋەتكەندەك

ئىش ئۇ ! پاكىزلىق دېسە جېنىنى بېرىدىغان نېمىكەنسەنا ، ئۆت بۇياقتا ! — بەختىخان ئۇنىڭ قولىدىن خىشلارنى يۇيۇۋاتقان پالازنى تارتىۋالدى .

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇلار خام قىيما قىلىپ ، قېتىق ئىلەشتۈرۈلگەن سۇيۇقئاشنى ئىچىپ ئولتۇرغاندا ، ھالاۋىدىن كىرىپ كەلدى .

— ئىككىڭلارغا بېلەت ئېلىپ كەلدىم ، — دېدى ئۇ تۆش يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ، — خەلق تىياتىرىدا كونسېرت بارئىكەن ، كۆرۈپ كېلىڭلار ، ئۆيگە مەن قاراپ تۇراي .

ماھىنۇر ئىتتىك بەختىخانغا قارىدى .

— بۇنى ئۆزۈڭلۈپ قالمىسۇن ، دەپ ئەنسىرەۋاتسام ، — دېدى بەختىخان كۈلىيىپ ، — ماۋۇ ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ، ئېشىكى ئۆلسە ، كۆتى غېجەك تارتىپتۇ ، دېگەندەك ...

— بولدى ، ساقايدى ئەمدى ، ئاغرىق - ئاغرىق دەۋەرسە ، ساق ئادەممۇ ئاغرىپ قالىدۇ ، قوپۇڭلار ، ئاپتوبۇستا بېرىپ - كېلىسىلەر .

ماھىنۇر ئۇن چىقمىدى ، بەختىخان ئۇنىڭغا قاراپ دەسلەپ كۆ-لەيدى ، كېيىن كۈلۈمسىرىدى .

— بارغۇلۇق كېلىۋاتىدۇ - ھە ؟ بوپتۇ بارايلى ، كۆڭلۈك كۆتۈرۈلۈپ قالسا ، ئۇمۇ بىر داۋا بولۇپ قالار .

ئىككىسى قالغان ئىشنى ئالمان - تالمان ئىچىپلا كونسېرتقا ماڭدى . ھالاۋىدىن ئاش ئىچىپ ئولتۇرۇپ قالدى .

## 18

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى .

ماھىنۇر ئەمدى پۇللۇقماللار سودىسى قىلىشقا ئۆتكەن . ئۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كاتتا ماگىزىننىڭ ئېگىز دېرىزىلىرىنىڭ ئاستىغا سېلىنغان ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر ، كەڭلىكى بىر مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر دۇكانلارنىڭ بىرىنى ئىجارىگە ئالغان . ھازىر شۇ دۇكاندا سودا

قىلىدۇ. دۇكىنىدا بىر خىللا مال — ئەرلەرنىڭ ئىسكەتلىك توقۇلغان يۇڭ پوپايكىسى بار. ئۇنىڭ سودىگەرچىلىكتىكى ئۇسۇلى: ھەر بىر مالدىن ئاز پايدا ئېلىش، كۆپ سېتىش. ئۇ پوپايكىلارنى توپ باھادىن يەنە ئون پىرسەنت چۈشۈرۈپ ئالغان، پوپايكىلىرىغا باھا كارتوچكىسى ئېسىلغان. ئۇنىڭدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلاردا سېتىلىۋاتقان پوپايكىلارغا قارىغاندا باھاسى ئۈچ سوم كەم قىلىپ يېزىلغان، شۇنداقتىمۇ بىر پوپايكا سېتىلسا ئون ئىككى سوم قىرىق تىيىن قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دۇكىنىدا ھازىر باشقا ماللارمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

سادىق موخۇركىچىلىك قىلىشنى توختاتتى. ھازىر ئۇ ماھىنۇرنىڭ يېنىدا خۇددى مۇشۇ دۇكاننىڭ يەنە بىر خوجايىنىدەك ئولتۇرىدۇ. ئۆزىمۇ، ئۇچىسىدىكى كىيىم-كېچەكلىرىمۇ پاكىز ھەم رەتلىك يۈرىدۇ. ماھىنۇر مال ئالغىلى، مال باھالىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۇققىلى كەتسە، دۇكاندا بەخۇدۇك سودا قىلىۋېرىدۇ. ماھىنۇر ئون ئۈچ ياشتىن ئېشىپ قالغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىدىن خۇشال. بىر تەرەپتىن ئىشەنچلىك بىر ياردەمچىگە ئىگە بولدۇم، دەپ ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يولى كەلگەندە ئۆزى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان ھەمراھقا، ئارقا تىرەككە ئىگە بولغانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ، ئۆزىنى خاتىرجەم، ئەركىن ۋە قورقۇمسىز سېزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا بىلەن ئۆتكەن ئۈچ يىللىق جەريان ئۇنى نۇرغۇن سودىگەرلەر بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان، سودىسىنىڭ ئېقىشىغا ھەقىقىي ياردەملىشىدىغانلارمۇ چىقتى. شۇڭا، ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ كونا ئادىمىدەك بەھۇزۇر يۈرىدۇ. سادىق ھازىر ھېلىقى موخۇركىچىلىق قىلىدىغان بوۋاينىڭ ئۈچتاشتىكى تاش بىلەن قوپۇرۇپ ياسىۋالغان ئۆيىدە ئەمەس، مۇشۇ دۇكاندا قاتلىما كارىۋاتتا يېتىپ-قوپىدۇ.

ماھىنۇر ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ ئولتۇردى. سادىق چايخانىغا چاي ئىچكىلى كەتكەنىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتتىمىكىن، بىر دانە پوپايكا سېتىلدى. ئۇنىڭ پۇلىنى ساناپ ئېلىۋاتقاندا، بىرسى دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ماھىنۇرنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ماھىنۇر پۇلنى

ئېلىپ، خېرىدارغا پوپايكىنى سۇنۇپ بېرىپ، بۇياققا قاراپ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى، بايقاپ قېلىشىغا ئۇ يۈرۈپ كەتتى. ماھىنۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىدى. ئۇ قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ ماڭىدىغان، بويى ئېگىزرەك، سېرىققا مايىل كۆينىكىنىڭ يەڭلىرىنى جەينىكىنىڭ يۇقىرىسىغىچە تۈرۈۋالغان ئادەم ئىدى. ماھىنۇر بۇ كىمدۇ، ماڭا ئەجەب قاراپ كەتتا، بىزنىڭ مەھەللىلىك بىرەرسىمىكىن ياكى مەخمۇتنىڭ تونۇشلىرىدىنمىكىن ... دەپ ئويلىنىپ قالدى ۋە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندا، يۈزىگە ياخشىراق سەپسالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ماھىنۇر ئۆزىدە ئەندىشىلىك تۇيغۇلارنىڭ ئاستا - ئاستا قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. يۈرىكىنىڭ ئۇرۇشمۇ ئىتتىكلەپ بارماقتا ئىدى. ئارىدىن بەلكىم بەش مىنۇت ئۆتكەندۇ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئىپادىلەنگەن ۋەھىمىلىك ئۇچقۇنلار يىتىپ، كىم بولسا بولمامدۇ، دەيدىغان پىسەنت قىلماسلىق تۇيغۇسىمۇ ياندى.

سادىق چاي ئىچىپ كېلىپ ماھىنۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشىغا، بايىقى كىشى ئۇياقتىن چىقىپ كەلدى. ماھىنۇر كەينىدىن كۆرۈپ قالغان بويى ئېگىزرەك، سېرىققا مايىل كۆينىكىنىڭ يەڭلىرىنى جەينىكىنىڭ يۇقىرىسىغىچە تۈرۈۋالغان ھېلىقى ئادەمغۇ بۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ قېشىنىڭ تايىنى بولمىسىمۇ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، مۇلايىم قىياپەتلىك، ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەشلەردە بار ئادەم ئىدى. ماھىنۇر ئۇنى بايىقى كىشى دەپ جەزملەشتۈردى. ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتكۈچىلەرنىڭ ئۆزىگە ئالايىتەن قاراپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. ئۇ سەل - پەل ئەيمىنىپراق دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئېسىقلىق تۇرغان پوپايكىلارغا، ئۇنىڭ باھالىرىغا سەپسېلىپ خېلى تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— پوپايكىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ بېرەمسىز؟

— ياق، ئاشۇ يېزىلغىنى بويىچە سېتىلىدۇ.

— جىقراق ئالسامچۇ؟

— جىقراق ؟ ... مەسىلەن قانچىنى ؟
— ئوننى ئالسام .
— ئىككى سومدىن چۈشۈرۈپ بېرەي .
ئۇ كۈلۈپ كەتتى :
— ئارانلىما ؟
— مەنمۇ ئالغىنىمغا قاراپ ساتىمەن - دە ، شۇ چاغدا ماگىزىنلار-نىڭكىدىن بەش سوم ئەرزان ئالغان بولىسىز .
ئۇ ماھىنۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بالىغا قارىدى . « بالىسىمدۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭىلىك چوڭ بالىسى يوقتۇر ، ئۆزى ياشلا تۇرسا ، چىرايىمۇ ئوخشىمايدۇ . قىزىمدۇ - يا ؟ ... كاساپەت كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكەن . نەدىن كېلىپ قالغاندۇ ؟ گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا غۇلجىلىقتەك قىلىدۇ ، ئەجەب كۆرمەپتىمەنا ... » دەپ ئويلىدى ئۇ .
— جىقراق چۈشۈرۈڭ ؟
— هە ، بوپتۇ ، ئۈچ سوم چۈشۈرەي .
— ياق ، بولمىدى .
— ئەمىسە ، ئۆزىڭىز بىلىڭ .
— سىز قانچىدىن ئالغان ؟
— ئۇنىڭ بەرىبىر سىزگە پايدىسى يوق .
— بوپتۇ ، — دېدى ئۇ مەردلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ، — مىنجىپ ئولتۇرماي ئوغۇلبالىچىلىق قىلاي ، بەش سوم چۈشۈڭ ؟
— مەنمۇ ئوغۇلبالىچىلىق قىلاي ، ئېلىڭ .
ئۇ يېنىدىن بىر باغلام پۇلنى چىقىرىپ ، تېگىشلىك پۇلنى ساناپ بەردى . ماھىنۇر ئون دانە پوپايكىنى چىرايلىق قاتلاپ ، بىر تاختا سېرىق قەغەزگە ئوراپ ، سادىق بەرگەن سۇلياۋ يېپتا چىگىپ ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى .
— بۇ ياردەمچىڭىز نېمىڭىز بولىدۇ ؟
— ئىنىم .

ــ سىزگە ئوخشمايدىكەنا ؟

ــ بالىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغانلىرى كۆپ بو-لىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن .

ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى .

ــ مەن يەنە كېلىمەن ، خوش .

ــ كېلىڭ ، ــ دېدى ماھىنۇر ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ، ــ كېلىپ تۇرۇڭ ، قارشى ئالىمىز .

ئۇ پوپايكىلارنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ، ئويلىنىپ ماڭدى ، مۇنداق چىرايلىق بالىنى كۆرمىگەنمىدىم ياكى كۆزۈمگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتامدىغاندۇ ؟ ئۇرۇمچىگە كۆپ كېلىمەن ، مۇشۇ ئەتراپتا كۆپ يۈرىمەن ، بۇرۇن قانداقلارچە كۆرمەي قالدىمكىنا ؟ ... بۇ غۇلجىدىن كېلىپ ئوقەت قىلىۋاتقان بولۇشى كېرەك ، ھازىر ھەر قايسى يەرلەردىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئوقەت قىلىۋاتقانلار نۇرغۇن ، ئۇرۇمچىلىك بولۇپ كەتكەنلەردىن بولسا ياكى ئۆيىدە ئولتۇرغان ئايال بولسا ، ئوقەت قىلىشقا چىققانلاردىنمىدۇ ـ يا ؟ ... ئېرى بارمىكىن ، ئېرى بولسا ، ئۇنى ئېلىۋالغان قانداقراق ئەردۇ ؟ شۇنداق چىرايلىق خوتۇننى كوچىغا چىقارغان قانداق ئەردۇ ئۇ ؟ ۋە ياكى قىزمىدۇ ؟ ... نېمە بولسا بولمامدۇ ، ھەر كەلگىنىمدە كېيىنگە چۈشۈپ باقاي ، ئەتراپتىكىلەردىن سوراپ باقاي ، ئۇندەككە كې-لىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئامىتىم كېلىپ قالسا ، ئوينىشىپ يۈرەرمەن ، ئېرى بولمىسا ئېلىۋالامدىم تېخى ... ھەرىكەت قىلىپ باقاي ، پۇلنىڭ كۈچى كىمنى باش ئەگدۈرمىگەن ؟! بىراق ئۇنىڭ بىلەن سودىلىشىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ ئەيمىنىپ ـ ھودۇقۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم . بۇرۇن خېلى ـ خېلى چوكانلار ، ھەتتا قىزلارنى قولغا كەلتۈرگەن چاغلاردىمۇ مۇنداق ھېسسىياتتا بولمىغانىدىم ، بۇ نېمە كارامەتتۇر ؟ ...

ماھىنۇر كەچقۇرۇنلۇقى ياتىقىغا كېتىپ بېرىپ ، بۈگۈن ئون دانە پوپايكا ئالغان كىشىنى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىنى ئويلاپ قالدى ، ئۇنىڭ يەنە كېلىمەن ، دېگىنى نېمىسى ، يەنە كېلىپ پوپايكا ئالىمەن دېگىنىمۇ ياكى ئۇ باشقىچە مەنىدىكى گەپمۇ ؟ گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىغاندا غۇلجىلىقتەك

قىلىدۇ. سودىگەرمىدۇ؟ سودىگەر بولسا، مالنى توپ سېتىش بازارلىرى، كارخانىلاردىن ئالماي، مېنىڭ كىچىككىنە دۇكىنىمدىن ئالغىنى نېمىسى؟... تېخى سادىقنى بۇ نېمىگىز بولىدۇ، سىزگە ئوخشىمايدىكەن، دەپ سوراپ يۈرىدۇ، بۇ سودا بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق ئىش، بۇنى نېمە مەقسەتتە سوراپ قالدى؟... مېنىڭ كىملىكىمنى، تۇرمۇش ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ بېقىش نىيىتىدە شۇنداق قىلىۋاتامدۇ - يا؟... نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىرسى مەردلىكىنى كۆرسىتىپ، ئاشقان پۇلىنى ئاتايىن ئالماي «مېنىڭ ئېتىم ئىسمائىلجان، تەرسا قىز ئىكەنسىز، تەرسالىقىڭىز بېسىلغاندا كېلىمەن» دېۋىدى، ئىككى يىل بولدى ئەتىمالىم، ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ يوق، بۇمۇ شۇنداق يوقاپ كېتەمدىكىن ياكى ئەتىلا پەيدا بولامدىكىن، تېخى كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ ئاۋارە قىلامدىكىن؟... كۆزۈمگە كىرىۋالغانلار ئاز بولغانمۇ؟...

ئادەمدە پەيدا بولغان ئوي - خىياللار كۆپىنچە ئۆزىگە دۇچ كەلگەن ئىشلارغا قاراپ پەرەزدىن تۇغۇلىدۇ. ماھىنۇرنىڭ كەينىگە بەزى ئادەملەر كىرىۋالمىغان، كۆزىنىڭ ئىچىگە مەنىلىك قارىمىغان بولسا، بەلكىم مۇنداق ئوي - خىياللاردا بولماس ئىدى. ھەر قانداق ئوي - خىيال سەۋەبسىز تۇغۇلمايدۇ - دە. ئۇ مۇشۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن ئەندىشىلىك ھالدا كوچىدىكى ئادەملەرگە سەپسېلىپ كەلمەكتە ئىدى. كۈن ئولتۇرۇپ كېتىشكە ئاز قالغانىدى. كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە قالغاندا، ئۇ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا — بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمىدى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىشكە دىمىغىغا ھاراقنىڭ سەسكىنىشلىك ھىدى كېلىپ تەگدى. خوجايىن ئايال ئۆيىدە نېمىدۇر بىر ئىش قىلىۋاتقانىدى. ماھىنۇر ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ دېدى:

— ھويلىنىڭ ئىچى گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ كېتىپتىغۇ، نەنىڭ ھارىقى بۇ، بەختىخان ھەدە؟

— شۇنداقمۇ، مەن ئۆيدە ھېچنېمىنى سەزمەپتىمەن، ھېلى ياتاقتا تۆت بالا كەلگەن، شۇلار ئىچىۋاتامدۇ - يا، توختىغىنا قاراپ باقاي،

مۇشتىلىشىپ ماڭا ئىش تېپىپ بەرمىسۇن يەنە ، — ئۇ بېشىنى يۇيۇپ ، چېچىنى تاراۋاتاتتى . بېشىغا ئالدىراپ ياغلىق چىگىپ ، ئىككىنچى ياتاققا كىردى . راست دېگەندەك ياش باللار بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى تىكلەپ قويۇپ ئولتۇرۇشقانىكەن ، خوجايىن ئايال ئاۋۋال تۇتۇلۇپ ، كېيىن سەل ئېچىلىپ شۇنداق دېدى :

— باللىرىم ، ئاۋۋال دەپ قويمىغان گۇناھ مەندە ، ئەمدى ئېيتىپ قوياي ، ياتاقتا ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ .

— مۇشۇنى ئىچىۋەتسەك بولدى ، ئىچمەيمىز .

— بىر يۇتۇم ئىچىشكىمۇ بولمايدۇ .

— ئىچىۋېتىپلا چىقىپ كېتىمىز .

— بىراقلا كېتەمسىلەر ؟

— ياتاقنى ئالغان تۇرساق ، قانداق كېتىمىز ، ھازىر سىرتقا چىقىپ كېتىمىز ، كېچىدە كېلىپ ياتىمىز .

— پۇلنى تۆلىدىڭلارمۇ ؟

— ھازىر تۆلەيمىز .

— بولدى ، ياتاقنىمۇ ئالماڭلار ، ھاراق ئىچىشكە بوپتۇ دەيدىغان ياتاقلاردا يېتىڭلار .

— ئاچاۋۇي ، — دېدى ھېلىتىنلا تەگشىلىپ قالغان بىرسى قولىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، — ياتاق دېگەن سامانىدەك ، پۇلى ئەرزان دەپ كەلدۇق بۇ يەرگە .

— كەتسەڭلار مەن خاپا بولمايمەن ، قوپۇڭلار .

— يۇرە ، كەتسەك كەتتۇق ، — دېدى يەنە بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ھەر ئېسىل ياتاقلاردا ئىچەمسەن ، ئوينامسەن ، گەپ قىلمايدۇ ، بۇ قوتا ياتاقنىڭ ئەجەب گېپى جىققىنا ...

— يۈرۈڭلار ، چاپلىشىۋالماي .

— ھاراقنى ئال ساۋۇت .

خوجايىن ئايال باشقا گەپ قىلمىدى ، باللارنىڭ بىزەڭلىك قىلىپ تۇرىۋالمىغىنىغا گەپلىرى قوپال بولسىمۇ ، خۇشال بولۇپ ئۆزىدە يېنىكلىك

ھېس قىلدى، ئۇنىڭ باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىغىنىغا ماھىنۇرمۇ خۇ-
شال بولدى. ئۇلار ھاراق، گېزىت قەغىزىگە ئورالغان خاسىڭلىرىنى
كۆتۈرۈشۈپ، ئالىتاغىل گەپلەرنى قىلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— ياش باللار ئەجەب بۇزۇلۇپ كەتتا، — دېدى ماھىنۇر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يۇقىرىغىمۇ ئۆتمەي تاپىسىدىلا ئولتۇرۇپ.

— ئۇنى بىر دېمە، بۇلار ياۋاشلىرىكەن تېخى، ھاراق ئىچسەك ئۆز پۇلىمىزغا ئىچتۇق، سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ، دەپ جېدەل قىلىدىغانلىرى بار، — بەختىخان چېچىنى قايتا چۈۋۈپ تاراپ بولۇشىغا ياتاق سوراپ بىر نەچچىسى كىرىپ كەلدى. ئۇ چىقىپ كېتىپ، ئۇلارنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كىردى-دە، ماھىنۇر بىلەن قاتارلىشىپ تاپىسدا ئولتۇردى.

— غەمكىنلىشىپ قاپسەنغۇ؟ — سورىدى ئۇ ماھىنۇرنىڭ غەمكىن ئۇچقۇنلار پىلدىرلىغان كۆزىگە قاراپ.

— يىگىرمە مىڭ سوم ئاز پۇلمۇ؟

— ۋاي، تېخىچە يوقما؟

— يوق، ئەسلىدە ئون بەش كۈندە كېلىمىز، دەپ كەتكەن، مانا بۈگۈن يىگىرمە بەش كۈن بولدى.

— خېلى جىق پۇل بىلەن كەتكەنمۇ ئۇلار؟

— مېنىڭ يىگىرمە مىڭ سومۇمدىن باشقا، باشقىلاردىن ئون مىڭ سوم، يىگىرمە مىڭ سوم بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئون مىڭ سوم بىلەن كەتكەن.

ماھىنۇرنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە، يۈزلىرىدىلا ئەمەس، پۈتۈن تۇرقىدىن ئەنسىزلىك، غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئەكېلىپ بېرىمەن دېگىنى خېلى بازارلىق مال چېغى؟

— شۇنداق، ئەرلەرنىڭ يىپەك كۆينىكى ئىدى. گۇاڭجۇدا ئەرزان ئىكەن، يىگىرمە سەككىز سومدىن، ئېلىپ كەتسە، ئوتتۇز سومدىن ئە-كېلىپ بېرىمەن دېگەن. بۇ يەردە ئەللىك سومدىن ئېتىلىك ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ يەردىمۇ كۆپ ئەمەس، بىر نەچچە دۇكانلاردىلا بار. بىز ئۇلارغا كىرا

پۇلىدىن باشقا ھەر ـ بىر كۆينەككە ئىككى سومدىن تاپان ھەققى بەرمەكچى بولۇپ پۈتۈشكەن.

ـــ سەن ئازراق پۇل بەرسەڭمۇ بوپتىكەن؟

ـــ شۇ، ئازراق بەرمىگىنىمگە ئىچىم ئىگىردەك ئېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ھازىر كۆينەكنى ئېلىپ كېلىشكە كۆزۈم يەتمەيلا قالدى. كۆينەكنى ئەكەلمىسىمۇ، پۇلنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ ئالسامىلا بولدى، دېگەن ئويدا يۈرۈۋاتىمەن. تېخى خۇدايىم شۇنىڭغا يەتكۈزسە، دەڭە.

ماھىنۇر ئۈرۈمچىگە تۆت يۈز نەچچە سوم بىلەن كەلگەن، بىر يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىمۇ ھەيران قالغان ھالدا، بولۇپمۇ ھېلىقى تىكتۈرۈپ ساتقان كوپتا ـ يوپكا سودىسى بىلەن پۇلنى ئوتتۇز ئۈچ مىڭ سومغا يەتكۈزگەن. كېيىنكى ئىككى يىلدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئۇنى ئاران قىرىق مىڭ سومغىلا يەتكۈزەلىگەنىدى. مانا شۇ تەسلىكتە تاپقان قىرىق مىڭ سومنىڭ يىگىرمە مىڭ سومىنى شېرىپ، تۇردى ئاتلىق ئىككى كىشى يىپەك كۆينەك ئەكېلىپ بېرىمىز، دەپ ئەكەتكەنچە ھازىرغىچە ئۆزلىرىمۇ، مالمۇ كەلمەيۋاتاتتى.

ـــ سورىساڭ ئېيتى، تۇتساڭ سېپى بار نەرسىلەرمۇ ئۇ يا يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ تايىنى يوق، بىكار تەلەت نەرسىلەرمىدى؟ ـ دېدى بەختىخان.

ـــ بىز بىلەن دۆڭكۆۋرۈكتە يايمىچىلىق قىلاتتى، پۇللۇق مالللارنىمۇ تۇتقان، كېيىنرەك سودىگەرلەرگە مال تېپىپ بېرىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. خېلى يۈز ـ ئابرۇيى بار، ئۇقەتكە ئېپى بار نەرسىلەر ئىدى. بىرسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆيى، خوتۇن ـ باللىرى بار.

ـــ ئەمىسە ئۆيىگە بېرىپ باقساڭلارمۇ بولىدىكەن، بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولۇپ قالار ئىدىڭلار؟

ـــ تۈنۈگۈن ئوتتۇز مىڭ سوم بەرگەن بىرسى بىلەن ئون مىڭ سوم بەرگەن يەنە بىرسى تىڭتىڭلاپ، بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولارمىزمىكىن دەپ ئۆيىگە بېرىپتىكەن، ئايالى ئۆيىگە ئازراق پۇل تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن، ئۇ پۇلىمۇ تۈگىدى، تېخىچە يوق، مەنمۇ ئەنسىرەپ قالدىم،

دەپتۇ . خەقنىڭ ئاغزىدا سوۋىتكە كېتىپتۇ ، تۈركىيىگە كېتىپتۇ ، دېگەن مىش ـ مىش گەپلەرمۇ بار تېخى ...

— ئەمىسە ، پۇلنى بىر يۇمۇلتىۋالاي ، خودايىم بەرگەن تەييار پۇلدا بىر پىتلىنىۋالاي ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ...

— بىزمۇ شۇنداق ئويلاشتۇق ، مەنغۇ ئۆزى قانچىلىك پايدىلانسىمۇ پۇلۇمنى ساق ئېلىۋالسىلا بولدى ، دەپ ئويلاپ يۈرىمەن ، باشقىلار قېنى ئاۋۋال كەلسۇن ، شۇنداق قىلىدىغانلا بولسا ، جاجىسىنى شۇنداق بېرىمىزكى ، ئۆرە يۈرگىنىنى كۆرۈپ باقايلى ، دېيىشىۋاتىدۇ .

— بولدى ئويلاۋەرمە ، — دېدى بەختىخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، — نېمە قورقىسەن ، تۇتسا سېپى بار نەرسىلەرئىكەن ، ئاخىر ئۆيىگىغۇ كېلەر .

— كېلىشىنىغۇ كېلەر ، پۇلنى يوقىتىۋېتىپ كېلەرمىكىن ، دەپ ئەنسىرەيمەن ، مۇنداق ئىشلار ھازىر كۆپ .

— بېشىڭنى قوچۇپ تولىمۇ ئەنسىرەپ كەتمە ، يۈر ، تېلېۋىزور كۆرەيلى .

ئەتىسى ماھنۇر دۇكىنىغا ماڭغاندىن كېيىن ، بەختىخان ئويلىنىپ قالدى : بىچارە بالا ئويلىماي تۇرالامدۇ ، يىگىرمە مىڭ كوي ئاز پۇلمۇ ، ئاز جاپا بىلەن تاپقانمۇ ئۇنى . كەچ يېتىپ ـ سەھەر قوپۇپ ، بازارمۇ بازار قاتراپ ، ئاچ ـ توق قېلىپ ، كۆن بويى تېرەكتەك تىك تۇرۇپ تاپقان ، خۇددى يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك ئېلىپ كەتسە ، ئەلۋەتتە ئەنسىرەيدۇ ، تىپىرلايدۇ ، قاقشايدۇ ... قېنى كەلسۇنچۇ ئۇ ئالدامچىلار ، ھالاۋىدىنىغا ئېيتىمەي ، ئىككىمىز ئارىلىشىمىز ، ئويلىما ، ئەنسىرىمە ، دەپ قويغىنىم بىلەن مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئېچىشىۋاتىدۇ .

ماھىنۇر شېرىن ، تۇردى ئاتلىق ئىككى ئادەمنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى . كۆرۈۋاتقان چۈشلىرىمۇ بەزىدە ئۇنى خۇشال قىلاتتى . ھېلىقى ئىككىسى تاي ـ تاي قىلىپ تېڭىلغان يىپەك كۆينەكلەرنى ئېلىپ كەپتۇدەك . ماھنۇر ، سادىق ئىككىسى قولى ـ قولغا تەگمەي سېتىۋاتقۇدەك ، بەزىدە ئۇنى خاپا قىلاتتى . ھېلىقى ئىككىسى پۇللارنى بۇلاڭچىلار بولاپ كەتتى ، بىزنىمۇ

ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى ، دەپ يىغلىشىپ تۇرغۇدەك ... ماھنۇر ئۇلارنى زارىقىپ كۈتۈپ كەچ كۈزگە كىرىپ كەلدى . سوغۇق چۈشۈۋاتىدۇ . ئۆيىگىمۇ نەچچە باردى ، يوق . مانا قىشمۇ چۈشتى ، ئەمدى ئۆيىنى ، بالىلىرىنى ئويلاپ ، كېلىپمۇ قالغاندۇ ، دەپ ئىزدىدى ، يەنە يوق . يىل ئۆرۈلدى ، ئۇلار يەنىلا يوق .

ئەمما ماھنۇرنىڭ سودىسى يامان ئەمەس بولۇۋاتىدۇ . ئۇ پۇللىرىنى بانكىغا قويىاتتى ، مال ئالسا ئالاتتى . پۇلنى ساقلايدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك يەر بانكا ، دەپ قارايتتى . سادىقمۇ سودا پۇللىرىنى بىلىپ قالدى . ماھنۇر بولمىسىمۇ بەخۇدۇك سودا قىلالايتتى . قانداق ماللار تېز ئۆتىدۇ ، قانداق ماللار تۇرۇپ قالىدۇ ، بۇنى دىتلىيالايدۇ . ئون تۆت ياشلىق سادىق ھازىر ماھنۇرنىڭ ئىشەنچلىك ھەمراھى ، ياردەمچىسى . كۈنلەر ئۆتمەكتە ، ماھنۇر ئاستا ـ ئاستا يىگىرمە مىڭ سومنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان ، ئېسىگىمۇ ئالمايدىغان بولۇپ قالدى . « يىگىرمە مىڭ سوم مېنى بىر ساۋاققا ئىگە قىلدى ، — دەپ ئويلىدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ، — ئادەملەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەسلىك ، مال قولغا تەگمىگۈچە پۇل بەرمەسلىك كېرەك ئىكەن ، ئادەملەرنى تېخىچە چوڭقۇرراق چۈشىنەلمەي يۈرۈپتىمەن ... بوپتۇ ، ‹ ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا ، ئالارسەن بىر كۈنى › دېگەندەك ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئالارمەن ، يا شۇلارغا يىگۈزۈۋېتەرمەن ، ئەمدى ئېسىمدىن چىقىرىۋېتەي . » شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ، غەمسىز يۈرۈشكە ئېرىشىپ قالدى .

بەزىلەر ھېلىقى ئون دانە پوپايكا ئالغان بويى ئېگىز ەك ، مۇلايىم قىياپەتلىك ، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم يوقاپ كەتتىمۇ ؟ ماھنۇر ئۇنىڭ « يەنە كېلىمەن » دېگىنىنى ، سادىقنى كۆرسىتىپ « بۇ نېمىڭىز بولىدۇ » دەپ سورىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى نېمىشقا ئۇقۇپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئويلىغانمۇ ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن . شۇنداق ، ماھنۇرنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا چىقتى . ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ـ تۆت قېتىم كەلدى . ئانچە ـ مۇنچە مال ئالسىمۇ ، لېكىن ماھنۇرغا بەزىدە ئوچۇق ، بەزىدە يايپىنا نۇرغۇن سوئاللارنى قويىدى . سو-

ئاللىرىدا دەسلەپ ئۇنى ئۇندەككە كېلەرمىكىن، دەپ گەپ ئەگىتىپ، چېكىپ باقتى، كېيىنرەك ئۇنىڭ كىملىكىنى، قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى، ئېرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ سوئاللىرىنى كۆپ ھالدا جاۋابسىز قالدۇرۇپ، پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى ياكى گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى ۋە ياكى يالغاندىن ھېلىقى پۇلنى ئەكىلىۋالاي، سەن ئولتۇرۇپ تۇر، دەپ دۇكاندا سادىقنى قالدۇرۇپ، ئۆزى چىقىپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كېتىپ قالدى.

بۈگۈنمۇ دۇكانىنىڭ ئالدىغا كېلىۋالغان ئاشۇ ئادەمدىن قېچىپ سەنشىخاڭزىغا كەلگەندە، گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئەكەتكەن شىرىپ دېگەن كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. ماھىنۇرمۇ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدى.

— بارمۇ سىز شىرىپ ئاكا، — دېدى ماھىنۇر ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — بىزنى تاشلىۋەتسىڭىزمۇ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭىزنى تاشلىۋەتمەك.

— ئۇنداق بولامدىغان ئۇكام، — شىرىپ ئوڭايسىزلىنىپ كۈلدى، — سىلەرمۇ ئۇقۇپ بوپسىلەر، قورسىقىمغا بىر جىن كىرىپ، مۇشۇ پۇلنى بىر يۇمىلىتىۋالاي دەپ مۇنۇ قازاقىستانغا چىقىۋىدۇق، ئەتكەس مالنىمۇ تۇتامدىغان، چېگرىدا مۈڭگۈزلىرىمىزنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئادىداستىنىمۇ ئاپتىكەنمىز، ئۇنى ياخشى پۇل قىلدۇق، بىراق ئاز ئىدى. ئاشۇ پۇللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرىمىز، دەپ جىق ئاۋارە بولدۇق، ئۇ يەرلەر قالايمىقان ئىكەن، ئالغۇدەك مال يوق، ھەتتا كىرىپ تاماق يېگۈدەك ئاشخانىمۇ يوق، مەن يوشۇرۇنچە ئازراق دوللار ئېلىپ ئۆتۈۋىدىم، تۈنۈگۈن ئۇنى ئالماشتۇرۇپ ئەللىك مىڭ كوي پۇل قىلدىم، بۈگۈن مۇشۇ پۇلنى بارىچە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ تۇراي، دەپ سىلەرنى ئىزدەپ چىققان، ئۇچراپ قالدىڭىز ...

— مېنىڭ پۇلۇمنى ساق بېرىۋېتىڭ، شىرىپ ئاكا، مەن ئايال كىشى، كەينىڭىزدە يۈرەلمەيمەن.

— ئۇنداق قىلالمايمەن ئۇكام، قالغانلارغىمۇ ئاز ـ ئازدىن بەرمىسەم

مېنى ئۆرە يۇرگۈزەمدۇ ؟

— ئۇنداق قىلماڭ .

— مەن يەنە مۇشۇ ئۇرۇمچىدە يۇرۇشۇم ، ئوقەت قىلىشىم كېرەك ، مەن ئالدىڭلاردا گۇناھكار ، سىڭلىم .

ئىككى ئوتتۇرىدا خېلى تالاش ـ تارتىش بولدى . شېرىپ بار پۇلنى ئۇلەشتۇرۇپ بەرمەكتىن ئۆزگە ئامال يوق ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى . « پۇل بولمىسا قانداق قىلىمەن ، جېنىمنى ئالامسەن ، بولمىسا دەۋا قىل ، دەپ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك ، دېگەندەك گۇر كىرىسە ، نېمە قىلغۇلۇق ، ـ دەپ ئويلىدى ماھىنۇر ئۇنىڭ شۇ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ، — پۇتكىنىنى ئال ، دېگەن گەپ بار ، بەرگىنىنى ئالاي ، دەۋا قىلىپ سولتىۋەتسەڭ ، بىزگە پۇلنى كىم ياندۇرىدۇ ؟ ... »

لېكىن ئۇ قاپىقىنى تۇرۇپ :

— ھازىر قانچە بېرىسىز ، قالغىنىنى قاچان ئالىمەن ؟ سىزگە ئىشەنگەن مەنمۇ ساراڭ ـ دە ، — دېدى .

— تۇردى ئازراق مال بىلەن قالدى ، قالغىنىنى كەلگەندە بېرىمەن ، سىزگە يەتتە مىڭ كوي بەرمەكچىدىم ، بوپتۇ ، ئون مىڭ كوي بېرەي . ئوتتۇز مىڭ كوي ئالغانلارغىمۇ ئون مىڭ كوي بەرمەكچىمەن ، سىزدەك غەرەز ئۇقىدىغانلارمۇ بار ، ئۇقمايدىغانلارمۇ بار ، تېخى ئۇلار بىلەن نېمە دېيىشەرمىزكىن ... ھەممىسى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەننىڭ كاساپىتى دەڭە ئۇكام .

— شەيتاننىڭ دېگۈچە ، نەپسىنىڭ ، ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ كاساپىتى دەڭە ، ئەكىلىڭ ، ھازىرچە شۇنى ئېلىپ تۇراي .

ماھىنۇر ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا ئون مىڭ سومنى ساناپ ئالدى .

— قالغىنىنى قاچان بېرىسىز ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا بېرىۋېتىمەن .

— قاچان ، ئېنىقىنى دەڭ ، ۋەدە بېرىڭ .

— مېنى قىستاۋەرمەڭ ، سىڭلىم ، مەنمۇ نومۇس قىلىپ ئۆلۈپ

كېتىۋاتىمەن ، ئاۋۋال تۇردى كەلسۇن ، بىز بار ئادەملەرغۇ .

ھەر ئىككىسى ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى . ماھىنۇر ئىچىدە : ھەر ھالدا خېلى نومۇسى بار ئالدامچىكەن بۇ ، دەپ ئويلىدى يۈرىكىنىڭ شادلىقتىن ئويناپ تېپىۋاتقانلىقىنى سېزىپ .

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە ، بەختىخان بىلەن ھالاۋىدىن پاراڭ قىلىشىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى . بەختىخان ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئۇچقۇنداۋاتقانلىقىنى بايقىدى .

— خۇش خەۋەر .

— خوش ؟

— ياق ، يېرىم خۇش خەۋەر .

— چارەك بولسىمۇ ئاڭلايلى ، — دېدى بەختىخانمۇ كۈلۈپ ، — چىرايىڭدىنمۇ بىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ .

— ھېلىقى پۇلىمىزنى ئەكەتكەنلەر كەپتۇ ، پۇلنىڭ يېرىمى پۈتتى . ئون مىڭ سومنى بەردى !

— يېرىمىنى بەرگەنگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتىپسەن ، ھەممىسىنى بەرگەن بولسا ، يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتەتتىكەن — دە .

— قەرز كونىراپ كەتسە ، ئۇنىڭ يېرىمى پۈتسىمۇ رازى بولۇپ قالىدىكەن كىشى ، مۇنداق دېگىنىم ، — دېدى ماھىنۇر قولىدىكى سومكىسىنى يەرگە قويۇپ ، — قەرز كونىراپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۈمىدىڭىز ئۈزۈلۈپ ، ئۇنى ھېسابىڭىزدىن سىرت قالدۇرىدىكەنسىز ، شۇنداق چاغدا مەيلى ئاز بولسۇن ، مەيلى كۆپ بولسۇن ئۇ پۈتسە ، خۇددى بىكارغا كەلگەندەك خۇش بولىدىكەنسىز .

— ئۆزى كەپتىغۇ ، يەنە بەرمەي سۆرىسە ، قالغىنىنى دەۋا قىلىپ ئال .

— دەۋانى ئاقۇزماق تەس ، — دېدى ھالاۋىدىن قولىنى پولاڭلىتىپ ، — ئۇ تېنىۋالمىدىم ، ھازىر پۇلۇم يوق ، چوقۇم بېرىمەن ، دەيدۇ . سوتتىكىلەرمۇ چاپسان بېرىۋەت ، دەيدۇ ، تىل خەتمۇ ئېلىپ بېرىدۇ ، باشقا نېمە قىلغىلى بولىدۇ ؟ سولاپ قويسا ، پۇلۇڭ ئۆلىدۇ . ئۇ-

نىڭدىن ئالداپ ـ سىلاپ ، زېرىكمەي ياخشى گەپ قىلىپ ، ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ ، ئېلىپ پۈتتۈرۈۋالغان ياخشى .
ــ بۈگۈن مۇشۇ خۇشاللىقتا ، ــ دېدى ماھىنۇر چىرايلىق كۆز-لىرى بىلەن كۈلۈپ ، ــ سىلەرگە تونۇر كاۋىپى ئېلىپ كەلدىم .
ــ ئىككى نان تاپساڭ بىرىنى داپ چالدىغان خەق ـ دە سەن ، بوپتۇ ، بۇمۇ كەلگەن يېرى ، ــ دېدى بەختىخانمۇ ، ــ ھالاۋىدىن ئاكاڭ يولدىن قېتىق ئالغاچ كەپتىكەن ، قاملاشتى .
ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى ، بەختىخان شىرەنى قويۇپ ، داستىخان سالدى . ماھىنۇر بېلىق سۈرەتلىك چىنە تاۋاققا تونۇر كاۋىپىنى تۆكتى . كاۋاپ تېخى ئىسسىق ئىدى . ئۇ يەنە ئىسسىق قاتلىما ناندىن تۆتنى ئالغاچ كەلگەنىدى . دورا ـ دەرمەكلىرى سىڭىپ پىشقان كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغلارغا ئۇرۇلۇش بىلەنلا ئېغىزلارغا سېرىق سۇ كەلتۈردى .
تاماققا بىرىنچى بولۇپ « بىسمىللا » دەپ ھالاۋىدىن قول ئۇزاتتى .

## 19

باھار كېلىشى بىلەن ، ئۈرۈمچىنىڭ قاپقى سىلىنغان سەت بۇلۇتلىرى سۈرۈلۈپ ، تەلەتى سۆرۈن مەزگىللىرى ئازلاپ ، زەڭگەر ئاس-مىنى ، چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلىرى كۆرۈنىدىغان تۈنلىرى كۆپەيگىلى تۇردى . كوچىلاردىكى قارىياغاچ ، ئاكاتسىيە ، تېرەك ، قارىغاي شاخلىرىغا قونغان كۆيە ـ قورۇملار بەزىدە قار ئارىلاش ، بەزىدە سىمىلداپ ياغقان يامغۇر سولىرىدا ئادالىنىپ ، ئاشۇ دەل ـ دەرەخلەر كۆكىرىشكە ، ئۇخلاپ ياتقان ئېتىز ـ قىرلار ياشىرىشقا كۆچتى . كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نەغمىچى قۇشلار يېتىپ كېلىپ يېشىللىققا پۈركىنىۋاتقان ئۈرۈمچىنىڭ ئا-دەم شالاڭ جايلىرى ، چەت ياقىلىرىدا نەغمە ـ ناۋا ئۇزۇلمەيدىغان بولدى . ساپ ھاۋالىق كۈنلەر ، ئادەمگە زوق ، ھۇزۇر بېرىدىغان چاغلار راستتىنلا يېتىپ كەلگەنىدى .
ساپ ھاۋا ، گۈل ـ چېچەك ، قۇشلار ناۋاسى كىمنىڭمۇ

ھېسسىياتىنى قوزغىمىسۇن ... ماھىنۇر ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بېرى ، تەبىـ ئەتىنىڭ كىشىدە نازۇك ھېسلارنى قوزغايدىغان مۇشۇنداق مەزگىللىرىدىن بىر نەچچىنى ئۆتكۈزدى . شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئىشقىي ھېسلىرى ئىختىيارسىز قوزغالغان ، لېكىن ئۇ مەن تۇرمۇشنى ، ئەر ـ ئاياللىق ھاياتنى كۆرگەن ، ئۇنىڭ دەردىنى تارتقان ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، يەنە نېمىشقا ئىشقىي ھېسلارغا بېرىلىمەن ، دەپ ئۆزىنى بېسىپ كەلگەن . ئۇ ھەر قاچان ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرۈشكە ، ئىشقىي ھېسلىرىنى چەكلەپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن . بىر قېتىم ئۇ شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك شىپۇن كۆينەك كىيىپ ، چېچىنى ئىككى ئۆرۈپ ، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىپ ياتىقىدىن چىققاندا ، بەختىخان :

— بولدى ، كوچىغا چىقما ، سېنى مۇشۇ ھالىتىڭدە كۆرگەن يىـ گىتلەر جەزمەن ھوشىدىن كېتىدۇ جۇما ، دېگەندە ، ماھىنۇر :

— ھوشىدىن كەتسە ، ئۆزۈم داۋالاپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ قويىمەن ، — دېگەن ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن .

— مۇشۇنداق يۈرسەڭ بولىدۇ ، قېرى خوتۇنلاردەك كىيىنىۋالماي ...

— مۇشۇنداق يۈرگۈم بار ، بىراق ئەيتەككە تولا قارايدىغان بولۇپ قالامدىمكىن ، دەپ قورقىمەن .

— مەن سېنى ئەينەككە قاچان تولا قارايدىغان بولۇپ قالار ، دەپ ئويلاپ يۈرىمەن .

— ياخشى تىلەك تىلىمەپسىز .

— ما گەپنى ، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

— نېمە دېگىنىڭىز دېگىنىنى ... ياشلىقىڭنى جورىسىز ئۆتكۈزۈۋېـ تەمسەن ، ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىمامدا ؟

— ئەرگە تەگكەندە ، ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىغان .

— ئۇ دېگەن ئاتا ـ ئاناڭ زورلاپ بەرگەن ئەر ، كۆڭلۈڭ چۈشمىگەن تۇرمۇش .

— تەنھالىقمۇ ياخشى ئىكەن .

— خۇدايىم بەندىلىرىگە شۇنداق بىر سەۋدا پۈتكەن ، ئەر ئايالنى ، ئايال ئەرنى سېغىنىپ ئۆتىدۇ .

— مەندە ئۇنداق سەۋدا يوق .

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن ، ھازىر شېخىڭنى تۈزەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىڭ ، يۈزۈڭ سۇزۇلدى ، كۆزۈڭ خۇمارلاشتى . بۇ سېغىنىشۋاتقىنىڭ بولماي نېمە ؟! ... مېنى ئالدايمەن ، دەپ ئاۋارە بولما ، ئەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان خوتۇنمەن . بىز يېڭى ئۆي تۇتقاندا ھالاۋىدىن ئاڭاڭ يولدا ئويناپ كەلدىمۇ ، ساق كەلدىمۇ ، شۇنىمۇ بىلىۋالاتتىم ، مېنى بوش چاغلىما .

— راست ، — ماھىنۇر مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ، — سېغىنسام سېغىنغاندىمەن ، بۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئىش ئىكەن ، لېكىن ئەرگە تېگىشنى زادىلا ئويلىمىدىم .

— ما گېپىڭ توغرا بولدى .

— مەن سىزگە ھەرگىز يالغان ئېيتمايمەن ، نېمە ئىش قىلسام ، سىزنىڭ مەسلىھىتىڭىز بىلەن قىلىمەن .

— سوداڭدىن ئەنسىرىمەيسەن ، دۇكاندا سادىق بار ، يۈرە ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى .

ماھىنۇرنىڭ ئەرگە تېگىشنى ئويلىمىغىنى راست ، لېكىن تۇرمۇشى خاتىرجەملىنىپ ، قولىغا تولغۇدەك پۇل كىرگەندىن بېرى ، تۇرمۇشىدا بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىدىغان ، ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلسا بەدەنلىرى سەل ـ پەل بوششىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇ خىل ھېسسىي ئالامەتلەر بۇ يىل باھار كىرگەندىن بېرى ئالايىتەنلا بىلىنىدىغان بولدى . شۇنداق چاغلاردا ئۇيقۇسى قېچىپ يېزىدىكى مەيلىنى ئالغان ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنى شەرمەندىلىككە قويغان ھېلىقى يىگىتنى ، ئۇنىڭ بىلەن باغدىكى ئۇچرىششلار ، ئۆيىگە ئەكىرىپ قوندۇرغان چاغلار كۆز ئالدىدىن « لىپ » قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . نۆۋەتتە كەلگەندە ئادەم ئۆزىنى پۇشايمان ، رەسۋاچىلىققا قويغان ئىشلارنىمۇ ئەسلەپ ـ سېغىنىپ قالىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك شېرىن مىنۇتلىرى يۈرەككە ئور-

ناپ قالغان بولىدۇ . بەختىخان كېيىنكى بىر يىلدىن بېرى ماھىنۇرنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغان . ئاتا ـ ئانىسى يوق ، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان ماھىنۇرنىڭ خۇددى مېھرىبان ئانا ئۆز قىزىنى مۇۋاپىق بىرسىگە ياتلىق قىلىشنى مۇقەددەس بۇرچى ، دەپ بىلگەندەك ـــ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشىنى ، ئۇنى ئۇزىتىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيتتى .

ـــ ماڭا راستىڭنى ئېيتە ، ـــ دېدى بەختىخان ئۆيگە كىرىپ ماھىنۇرنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ـــ بىرەرسىگە كۆزۈڭ چۈشتىمۇ ؟

ـــ ياق .

ـــ راستما ؟

ـــ مەن سىزگە قاچان يالغان ئېيتقان ؟

ـــ بىرسىگە كۆزى چۈشۈپ ياقتۇرۇپ قالغان ئاياللار راست گەپنى دېمەيدۇ ، دەيمىنا .

ـ بۇ ئاياللارنىڭ خۇسۇسىيىتى .

ـــ ئەمىسە ، سېنى ئەگىپ ـ سۆركىلىپ يۈرگەنلەر بارمۇ ؟

ـــ ئۇنداقلارغۇ خېلى بار .

ـــ ئەمىسە ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى شۇنداقلارنىڭ بىرسىگە كۆزۈڭ چۈشۈپ قالىدۇ . مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇنداقلاردىن ئۆزۈڭنى تولا قاچۇرۇپ يۈرمەي ، ئاسماقچىلاپ گەپ ئېلىپ يا باشقىلاردىن سوراپ ، تېگى ـ تەكتىنى ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ باق .

ـــ نېمە دەيدىغانسىز ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ ...

ـــ ئىزا تارتمايدىغان ، چاپسانراق گەپ قىلىسكەن دەيدىغان ۋاقتىڭمۇ كېلىپ قالىدۇ . ئۆزۈڭ تۇيمىغان ھالدا قانداق قىلسام بولار ، دەپ ئالدىمىغمۇ كېلىپ قالسەن تېخى ، كىبىر دېگەنمۇ ئادەمنى يولدىن ئاداشتۇرىدۇ ، بۇنىمۇ ئويلاپ قوي .

ماھىنۇر قايرىلما كىرپىكلىرىنى قاقماي ، قارا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئويلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ يۈزىدەك ئاق ، ئىنچىكە بارماقلىرى

كۆيىنىكىنىڭ ئېتىكىنى ئۆزى تۇيمىغان ھالدا ئوراۋاتاتتى. بەختىخاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ياققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نېمىشقىدۇر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. تۇرمۇشتا ئويلاشقا تېگىشلىك ئىشلار جىق، ئۇنىڭ بەزىلىرىدىن قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولغان بىلەن، بەزىلىرىدىن قۇتۇلۇپ كەتمەك تەس.

بەختىخان ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئالدىن ئېيتىپ قوياي، ھامىنى ياتلىق بولسەن، ئەمما پۇل تاپقان، باي بولغانلارغا يېقىن يولىما، ئۇنداقلارنى كۆرسەڭ قاچ، راست دەيمەن. پۇل يامان، ياخشى ئادەمنىمۇ بۇزۇۋېتىدۇ. ۋىجدان، ۋاپا، ئىنساپ دېگەن ئېسىل پەزىلەتلەرنىمۇ يېگىپ كېتىدۇ. مەن ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي: قېيىنانامنىڭ مەھەللىسىدە ياش ئەر - خوتۇنلار بولىدىغان، ئەرنىڭ ئېتى تۇداخۇن، خوتۇنىنىڭ ئېتى تۇردىگۈل ئىدى. ئۇلار ئىناق ئۆتەتتى، ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلاتتى. بىر كۈنى تۇداخۇن بەش - ئالتە ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئېغىز سىياسىي خاتا گەپ قىلىپ قويۇپتۇ، خاتا بولغاندىمۇ خېلىلا ئېغىر ئىكەن. ئاغىنىلىرىدىن بىرسى تۇداخۇننى چېقىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئۇنى پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا سىياسەت شۇنداق ئىدى. ئۇنى ئون بەش يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىۋەتتى. خەيرىيەت، ئۇ تۈرمىدە ياتتى، ئۆيى، بالىۋاقىسى تۇردىگۈلنىڭ بېشىغا قالدى. تۇردىگۈلنىڭ ئىشلىمىگەن يېرى قالمىدى. كوچا سۈپۈردى، خاباغا چۈشۈپ قۇم تاسقىدى، ئىدارىلەرنىڭ تازىلىق ئىشچىسى بولدى. مىڭبىر جاپالارنى تارتىپ، ئۈچ بالىسىنى، تۇداخۇننىڭ قېرى ئاتا - ئانىسىنى باقتى. بىچارىنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، يۈزلىرىگە قورۇقلار چۈشتى، شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە جاھان ئۆزگىرىپ ئۇ تۈرمىدىن چىقتى. ئۇ ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە كۈنلۈك ئىشلەپ يۈردى. تۇردىگۈل ئۇ تۈرمىدە ۋاقتىدا يېتىشەلمىگەن، تۇرمۇشتا قاتتىق قىسىلغان چاغلاردا ئۆيىدىكى پۇللۇق نەرسىلەرنى، قولىقىدىكى ئالتۇن ھالقىلارنىمۇ سېتىپ، پەقەت بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئېلىپ قالغانىكەن. نېمىشقا

دېسەڭ ، ئۇ ئۈزۈكنى تۇداخۇن تۇردىگۇلنى تېخى ئالمىغان چاغدا ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپتىكەن . شۇڭا تۇردىگۇل ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ ، قىينالغان چاغلاردىمۇ ئۈزۈكنى ساتماي ساقلاپ كەپتىكەن . ئاخىر تۇداخۇن ئاشۇ ئۈزۈكنى سېتىپ ئوقەتكە كىرىشتى . بىر نەچچە يىلدىلا ئامىتى كېلىپ ، پۇللۇق ئادەمگە ئايلاندى . ئۇچىما سارايلارنى سالدى . باي بولۇپ ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتتىمكىن ، ئوچۇق هاۋا بۇزۇلغاندەك ، تۇداخۇن بىردىنلا بۇزۇلدى ، تۇردىگۇلنى قويۇۋېتىمەنگە چۈشتى . يۇرت ـ جامائەت نەسىھەت قىلدى ، ئاتا ـ ئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ : ئۇنداق قىلما بالام ، قارا يۈز بولىسەن ، باللىرىڭ تۇرماق بىزنىمۇ باقتى ، كۈتتى ، هۆرمەت قىلدى . مۇنداق ئىنساپلىق ، كۆيۈمچان ، ئېسىل كېلىننى بىز كۆرمىگەن ، يۇرت ـ جامائەتمۇ كەمدىن ـ كەم كۆرۈپتىكەن ، دەپ يالۋۇردى ، لېكىن ئۇ پەيلىدىن يانمىدى ، تاشنى ئېرىتىۋەتكۈدەك ياخشى ، پايدىلىق نەسىھەتلەر قۇلىقىغا كىرمىدى .

ــ ۋىيەي ... ــ دەۋەتتى ماھىنۇر ھەم ئەندىكىش ، ھەم غەزەپ بىلەن ، ــ نېمە قىلغانىغا قويىدىكەن ؟

ــ مەن تۇرمىدە ۋاقتىدا كىشلەر پالانچى بىلەن كوچىدا كۆرۈپتۇ ، پوستانچى بىلەن كېچىدە كىنوغا كىرىپتۇ ، دېگەندەك باھانىلەرنى تېپىپتۇ . ئەسلىدە تۇردىگۇلنى ئەلە ـ مەھەللە ياخشى بىلىدۇ ، ئون يىلغىچە بىر ئېغىز يامان گېپى چىققان ئەمەس ئىدى . ئاخىر تۇردىگۇلنىڭ زارى ، باللىرىنىڭ يىغىسى ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارغىشىغا قارىماي ، ئۇنى قويۇۋەتتى ـ دە ، ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش كىچىك بىر قىزنى ئالدى .

ــ بۇزۇلۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب مۇشۇئىكەن ـ دە ، ــ دېدى كۆزلىرى پارقىراپ قالغان ماھىنۇر .

ــ ئەسلىدە نىيەت بۇزۇلغان ، پۇل بۇزغان .

ــ ئۇ چىرايلىق ئادەممىدى ؟

ــ قانداق دەيسەن ؟

ــ قارىسا ئايالى موماي بولۇپ قالغان ، چىرايلىق ئادەم بولسا ،

چىرايىمغا تۇشلۇق باشقا بىرسىنى ئالمايمەنمۇ ، دېگەن ئويغا كەلدىمىكىن ، دەيمىنا ؟

— ئۇمۇ بار ، ئەمما ئۇنچىلىك پۇل تېپىپ باي بولمىغان بولسا ، ئەسكىلىكمۇ قىلماس ئىدى ، دەيمەن . چىرايىغا ئىشەنگەن پۇلغا ئىشەنگەن . ئادەم دېگەنچۇ قارا ، ئۆزىگە مەھكەم بولمىسا ، چىرايىمۇ ، پۇلىمۇ ئۆزىنى بۇزۇۋېتىدۇ .

— ئەسلىدە ئۇ ۋىجدانسىز ئادەم ئىكەن ـ دە ، — ماھىنۇرنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە نەپرەتلىك ئۇچقۇنلار ياندى ، بەدەنلىرى تىكەنلەشتى ، — ئادەمدە ئازراق ۋىجدان بولمىسا ، جاپاكەش خوتۇنى ، ئۇششاق باللىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن ، ياخشى ئادەملەرنى ، ھەتتا ئۆز خەلقىنىمۇ سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ .

ئارىنى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى . ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا بىردە غەزەپتىن ، بىردە ئېچىنىشتىن پەيدا بولغان ئۇچقۇنلار يانماقتا ئىدى . خېلىدىن كېيىن ماھىنۇر مۇنداق دېدى :

— ئوقۇۋاتقان چېغىمدا دەرسلىك كىتابىمىزدا مۇنداق بىر ھېكايە بولىدىغان : بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئازراق پۇلغا سېتىلىپ ، ۋىجدانىنى يوقىتىپ ، بىر ئىنقىلابچىنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى دۈشمەنلەرگە ئاشكارىلاپ قويىدۇ . دادىسى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قېلىپ ، ۋىجدانىنى يوقاتقان ئۆز بالىسىنى ئىككىلەنمەي ، ئانىنىڭ زارىغىمۇ قارىماي ئۆز مىلتىقى بىلەن ئېتىۋېتىدۇ .

— خوي قىپتۇ ! — بۇ سۆز بەختىخاننىڭ يۈرىكىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى . ئۇنىڭ غەزەپلىك ئىچكى ھېسسىياتى تېشىغا تېپىپ چىقىپ ، بۇغداي ئۆڭ ، گۆشلۈك يۈزى ، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى يېنىپ ، چىرايى سۈرلۈك تۈس ئالدى .

— شۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ شۇ ھېكايىنى تەھلىل قىلىپ بەرگىنى ھېلىمۇ يادىمدا ، — دېدى ماھىنۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بىر ئادەم ئۆز خەلقىگە ۋاپاسىزلىق ، ۋىجدانسىزلىق قىلغانىكەن ، گەرچە ئۇ ئۇزۇن يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن ئىش بولسىمۇ ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئادەملىرىلا ئەمەس ،

كـېـيـىـنكىلەرمۇ ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ . قارغايدۇ ، ئەيىبلەيدۇ ۋە دۇنياغا شـۇنداق نىجىسنىڭ تۆرىلىپ قالغانلىقىدىن نەپرەتلىنىپ ، ئۇنى ئادەم قاتا-رىـدىـن چـىـقـىـرىـۋېـتىدۇ . دۇنيادا كېرىلىپ ، خەلقنىڭ غېمىنى قىلماي ، ئۆزىـنـىلا ئويلايدىغان ئادەمدىنمۇ ئەسكى ، رەزىل ئادەم بولامدۇ ! كېرىلىپ كـېـرىـلـىـشـىـپ كـەتكەنلەر بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سۇسىز قالغان سويمىدەك قورۇلۇپ قالىدۇ .

— ئادەمـلـەر ئـىـكـكـى ئىشتىن بۇزۇلىدىكەن ، — دېدى بەختىخان ئېـغـىـر جـىـملىقتىن كېيىن ، — بىرى پۇل تېپىشتىن ، يەنە بىرى ئەمەلدار بولۇشتىن ، قانداق دېدىم ؟ ...

ئۇ دېـگـەن گـېـپىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋىدى ، ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى :

— پۇل تاپقانلارنىڭمۇ ، ئەمەلدار بولغانلارنىڭمۇ ھەممىسى بۇزۇلۇپ كەتمىگەندۇ ، بەختىخان ھەدە ؟

— شـۇنـداق ، بـۇزۇلـۇپ كـەتكەنلىرىنى دەۋاتىمەن . ساڭا تېگىپ كەتتىمۇ نېمە ، مۆگگەكلەيسەنغۇ ؟

— تـېـگـىـپ كېتىدىغانغا مەن قانچىلىك پۇل تېپىۋىدىم ، بىر بوران چـىـقـىـسىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئادەممەن ، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇۋالغۇدەك مـادارىـمـمـۇ يـوق ، پـۇل تېپىشتا ئەمدىلەتىن ئايىغى چىقىۋاتقان بوۋاقمەن دەڭە .

— سـېـنـىـڭ گـېـپىڭمۇ توغرا ، — بەختىخان ئۆزى تۇيمىغان ھالدا شـىـپـقـاپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە باشلىدى ، پۇل تېپىپمۇ ، ئەمەلدار بولۇپمۇ بـۇزۇلـمـىـغانلارنى ، بۇزۇلغانلارنىمۇ ئېيتىپ بېرەي : قايسىبىر يىلى بىز باشقا بـىـر مـەھـەلـلـىـدە ئولتۇرغان . ئۇ يەردە ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەيدىغان نۇر مۇھەمـمـەت دېـگـەن بـىـرسـى بـار ئـىـكـەن . بىز بارغان يىلى ئۇ شەھەرلىك ھۆكـۈمـەتـتـە كـادىـر بولدى . ئۇ يەردە ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ، ئىشسىز قالغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقىمۇ ، مـۇئاۋىـنـىـمـۇ ، ئەيـتاۋۇر ئەمەلدار بولدى . ئاربلاپ كىچىك ماشىنىلارغىمۇ چـۈشـىدىغان بولدى . باشلىق بولۇپ نېمە ئىش قىلدى دېمەمسەن ، ئىشسىز

ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى . ئورۇنلاشتۇرغاندىمۇ ، ئاۋۋال قىيىنچىلىقى ئېغىر ، ھېچقانداق كىرىمى يوق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى . تېبخى مەھەللىمۇ مەھەللە كېزىپ يۈرۈپ ، ئۆيلەرگە كىرىپ ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، تۆۋەندىن بارغان دوكلاتلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ ، ئالدى بىلەن ھەقىقەتەن ئېغىر كۈندە قالغانلارغا ئىش بەردى . ئاغزىنى مايلاپ قويسا يان باسىدىغان ، مايلاشقا چامى كەلمىگەنلەرنى قاقشىتىدىغان ئىش قىلمىدى . خەلقنىڭ ھالىغا يەتتى . خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش دېگەن شۇ . ئەمما بىز ئۇنى ئۆستۈرىمىز دەپ ئۇ يەردىن ئېلىۋېلىپ يىقىتىپ قويارمۇ ، دەپ ئەنسىرەپ يۈردۈق . كىچىككىنە ئەمەل تەگسە ، ئاستىغا ماشىنا چۈشسە ، خەلقنىڭ غېمىنى قىلىش ، ھالىغا يېتىش بۇياقتا تۇرسۇن ، ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇماس بولۇۋالىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس . قاچان باشلىق بولدى ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆز غېمىنىلا قىلىدىغان ، ئۆزى مەنپەئەتدار بولسىلا بولدى دەيدىغان ، ھوقۇقىنى كىملەرگە يۈرگۈزۈۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمۇ بولمايدىغان باشلىقلارمۇ بار ئەمەسمۇ . بەزىدە ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەملەرنى ئىشىم بار ، مەجلىسىم بار ، ۋاقتىم يوق ، دەپ چىقىرىۋېتىدۇ ، كۈندۈزى ۋاقتى يوق ئوخشايدۇ ، دەپ كەچتە ئۆيىگە بارسا ، مېنى دەم ئالدۇرغىلى قويمامسەن دەپ قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ ، ئۇنىڭ كۆز يېشىغا ، سولغۇن چىرايىغا قارىسا بولمامدۇ ! ئۇنىڭ ئالدىغا ساماندەك سارغىيىپ بارغان ئادەمنىڭ دەردى بار ئەمەسمۇ ! دەردىنى ئاڭلىسا ، ھالىغا يەتسە ، قولىدىن كەلسە ياخشىلىق قىلسا ، كەلمىسە چىرايلىق گېپىنى قىلسا نېمە بولىدۇ ؟ « بۇغداي نېنىڭ بولمىسا ، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ » دېگەن گەپلەر نەگە كەتتى ؟ ... توۋا دەيمەن ، ئۇنداق ئادەملەر ئابرۇيىنى ئۆستۈرىدىغان ئىشقا ئۆچ ، ئابرۇيىنى تۆكىدىغان ئىشقا ئامراق بولىدىكەن . ئاغزىدىكى خەلقنىڭ ھالىغا يېتىش ، دەرد ـ ئەھۋالىنى ئاڭلاش ، كۆيۈنۈش ، ھازىر ھەل قىلىدىغانلىرىنى ھازىر ھەل قىلىش ، كېيىن ھەل بولىدىغانلىرىنى كېيىن ھەل قىلىش ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ... دېگەن چىرايلىق گەپلەر قېنى ؟ ھەر قانداق ئادەم ئېغىزىدا دېگەن

گەپلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىش كېرەك . شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىناۋىتى بولىدۇ . گېپى بىلەن قىلىقى ئوخشىمىسا ئۇ قانداق ئادەم بولىدۇ ؟! ...

بەختىخان ئادەملەردىكى ياخشى پەزىلەتلەر بىلەن ئەسكى ئىللەتلەر توغرىسىدا شۇنچە راۋان سۆزلەۋاتىسمۇ ، ئۇ ھەقتە ئۆزى روشەن ئۇقۇمغا ئىگە بولسىمۇ ، ئىللەتلەرگە يانغان ئۆچلۈكى تۇپەيلى ، پىكىرلىرى چېچىلىپ كەتتى . سۆزلىمەكچى بولغان نەرسىلىرى قالايمىقانلىشىپ ، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىپ ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ، ۋەقەلەرگە چۆكۈپ قالدى . ماھىنۇرنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ، بىر پىكىرگە كېلەلمەسلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . چۈنكى ، ئۇ بەختىخان سۆزلىگەن ، مىسالغا ئالغان نەرسىلەرنى ئۇ دەرىجىگە يېتىپ كەتمىگەندۇ دېگەن گۇمانسىراشتا بولۇۋاتاتتى . بىراق بەختىخاننىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيمۇ بولمايتتى . ئۇنىڭ دېگەن ئېنىق گەپلىرى تۇرماق ، پەرەزلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسى راست بولۇپ چىقاتتى . ماھىنۇرنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ داۋامىنى ئېسىگە سالدى .

— مەن ياخشى ئادەم پۇل تاپسا ، ئۇنى ياخشى ئىشقا ، ئەسكى ئادەم پۇل تاپسا ، ئۇنى ئەسكى ئىشقا ئىشلىتىدۇ ، دەپ ئويلاۋاتىمەن .

— ياق ، — بەختىخان ئالايتەن قىزىپ گەپكە كىرىشتى ، — ئادەم ئۆزىگە مەھكەم بولمىسا ، پۇل ئۇنى ئاسانلا بۇزۇۋېتىدۇ ، دەۋاتىمەن . ئى خېلىل جىرتاقنى قارا ، سەنمۇ ئۇنى كۆرگەن ، خۇددى بىر پارچە كۆمۈرنىڭ ئۆزى . ئاغزى كالاچتەك ، پاناق بۇرۇن ، تۆۋەندىكى كالپۇكى ئۆرۈلۈپ تۇرىدۇ ، ئوڭ كۆزى جىرتاق . ئادەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا ، قورققۇسى كېلىدۇ . ئەمما ياۋاش ، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ئىدى . قورسىقى تويسىلا شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ ، باشقا نەرسىنىمۇ كۆتمەي ئۆتىدىغان . ھازىرچۇ ؟ پۇللۇق بولۇپ قېلىۋىدى ، خېلى - خېلى ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ، ئەسكى خۇيلۇق ، پەيلى يامان ، جېدەلخور ، باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندى . ئۇنىڭ پۇلى يەرنى دەسسەيمۇ ، دەپ يۈرىدىغان نازۇك ، ھالدار چوكانلارنى ئۇنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭغا تەگكەنلەر ئۆزىگە ئەمەس ، پۇلىغا تەگدى . شۇنداقتىمۇ ،

خېلىل جىرتاقنىڭ پۇلى ئۇلارنىمۇ خورلاپ قويىدى. ھەر قانداق ئەسكى ئادەمنىڭمۇ غۇرۇرى بولىدۇ ئەمەسما. خېنىملار خورلۇققا چىدىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەتتە قېتىم ئۆيلەندى. تېخى قانۇنسىز ئۆيلەنگەنلىرى قۇمدەك. بولمىسا خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇشنى كىم قويۇپتۇ ئۇنىڭغا. بۇرۇنقى ۋاقىتلىرى بولسا، ئايال زاتى ماڭمۇ تېگىدىكەن ـ ھە، دەپ دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتاتتى، ئۆمۈر بويى خوتۇننىڭ قولى بولۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى دېگىنە. ئۇنى ئېشەكتەك ھاڭگىرىتىۋاتقانمۇ، ئۆكۈزدەك ھۆركىرىتىۋاتقانمۇ، خوتۇنپەز قىلىۋەتكەنمۇ پۇل. ئۇ پۇل تاپتى، باي بولدى، تاپقان پۇللىرىنى نەگە ئىشلىتىۋاتىدۇ، نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئەلنىڭ قارغىشىغا قېلىۋاتىدۇ. ئەلنىڭ قارغىشىغا قالغان ئادەم ئاخىر بىر كۈنى قۇرۇيدۇ. مۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەنمەن. ھازىر كىشىلەرگە قەرز بولۇپ، ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭ دوپپىسىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلايمەن. ئەمما، ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئادەم كۆكلەيدۇ. ئەسكى ئادەمدىن پۇل تېپىپ، باي بولۇپ تۈزىلىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. ئەزىزجان بۇرۇن لۈكچەك، ھاراقكەش بالا ئىكەن. ئوقەتكە كىرىشىپ پۇل تېپىپ باي بوپتۇ. ئۇ بايلىقىنى ھازىر نېمىگە ئىشلىتىۋاتىدۇ؟ ئۆزى بەش ۋاخ ناماز، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتتىن قول ئۈزۈپتۇ. قارا، ئۆزى ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپكە سەككىز سىنىپلىق، ئىككى ئىشخانىلىق بىر بىنا سالدۇرۇپ بېرىپتۇ، يىگىرمە مىڭ كوي سەرپ قىلىپ مەھەللىسىدە سېمونت كۆۋرۈك ياسىتىپتۇ، مەسچىت رېمونتىغا ئوتتۇز مىڭ كوي بېرىپتۇ. بۇلتۇر سايبۇلاق يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇربان ھېيتنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن يېزا تەۋەسىدىكى نامرات ئائىلىلەردىن قىرىقنى ئايرىپ چىقىپتۇ. بىراق، بېرىدىغان پۇلى ئاران مىڭ كوي ئىكەن. بۇنى قانداق تەقسىم قىلارمىز، دەپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، بۇنىڭدىن ئەزىزجان خەۋەر تېپىپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئۈچ يۈز كويدىن پۇل تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلىرى كۆپ ئىكەن. شۇڭا ھازىر ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆكلەۋېتىپتۇ. مېنىڭ پەمىمچە مۇنداق بايلار ئاز، پۇل بۇزۇۋەتكەنلىرى كۆپ.

ماھىنۇرغا ئەزىزجان ئاتلىق باي سودىگەرنىڭ ئىشلىرى خېلىلا تەسىر قىلدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ نامرات دېھقان ئائىلىلەرگە يىلدا بىر كېلىدىغان قۇربان ھېيتنى موھتاجلىق زەنجىرىدە بوغۇلماي ، بويىننى قىسماي ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن مەردلىك قىلغانلىقى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى ـ دە ، كۆز ئالدىغا بىر نەچچە يىل ياشىغان يېزىسى ۋە ئۇ يەردىكى ئۆمرى قارا يەرگە تىنماي تەر تۆكۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي ، دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشمەي ئۆتۈۋاتقان دېھقانلار ، بويىغا يېتىپمۇ يالاڭ ئاياغ يۈرگەن قىزلار ، يالىڭاچ يۈرگەن ئۇششاق باللار كەلدى ، ئاپتاپتا كۆيگەن يۈزلەر ، سەممىي چىرايلار ، پۈتۈن تۇرقىدىن غۇربەتچىلىك يېغىپ تۇرغان روھىي ھالەتلەر كەلدى . ھېيتلىق كىيىم ـ كېچەكلەر بۇياقتا تۇرسۇن ، بىر كىلو سۇ مايغا قۇربى يەتمەي ساماندەك سارغايغان ئانىلارچۇ ... ماھىنۇر قايسى بىر ھېيتتا بىر سىگە ئېرىدىن بىسوراق ئىككى بوتۇلكا سۇمايىنى بېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئېرىدىن ئۆلگۈدەك تاياق يېگەن ئەمەسمىدى ...

بەختىخان ماھىنۇرنىڭ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدىمۇ :

ـــ دېمىسىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ ، مايالقا قارا ، سادىق قانداقراق ؟ ـــ دېدى گېپىنى يۆتكەپ .

ـــ ياخشى .

ـــ ياخشىلىقى قانچىلىك ؟

ـــ مەن بولمىسامۇ ئۆزى سودا قىلالايدۇ ، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلەلەيدۇ ، تېخى ئۆزى دېتلاپ مالمۇ ئالالايدۇ . لېكىن مالنى ئۆزۈم ئېلىۋاتىمەن . چۈنكى ئالدىنىپ قالارمىكەن دەپ ئەنسىرەيمەن ، ئۇ ياخشى بالا چىقتى .

ـــ شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا دۇكاننى تاشلاپ بېرىپ ، خاتىرجەم ئولتۇرۇۋاتىمەن ، دېگىنە ، بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ .

ـــ ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىشكە بولىدۇ ، ناھايىتى كۆيۈمچان . چۈشلۈكى لەڭمەن يەيلى دېسەم ، ئىككىمىز ئون دانە سامسا يېسەك تويىمىز ، ئۇنىڭغا ئىككى كوي كېتىدۇ ، لەڭمەن يېسەك بەش كوي كې-

تىدۇ، دەپ تۇرىدۇ تېخى.

— ۋاي قانداق قىلارمەن پوستەكنىڭ ئويلاپ كەتكەن ئويلىرىنى، — دېدى بەختىخان كۈلۈپ.

— دۇكان تارلىق قىلىۋاتىدۇ، چوڭراق دۇكان تاپمىساق بولمىدى، بەختىخان ھەدە.

— پۇلۇڭمۇ چوڭايدى - دە.

— يامان ئەمەس.

— قەيەردىن تاپاي دەۋاتىسەن؟

— بازارنىڭ ئىچىدىن تاپسام دەيمەن. دۇكاننىڭ تارلىقىدىن مالىمۇ كۆپرەك ئەكېلەلمەيمەن، دۇكان كەڭرەك بولسا، خىلمۇ خىل ماللارنى ئەكەلسەم، دۇكاننىڭ بىر تەرىپىدە مەن، بىر تەرىپىدە سادىق ئولتۇرسا، ماللىرىمىز كۆپرەك بولسا، ھەم خىلمۇ خىل بولسا سودىمۇ كۆپرەك بولىدىكەن. سادىقنىڭمۇ ئايلىقىنى كېسىپ قويساق، ئۇ ھازىر رەسمىي بىر ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قورسىقى، كىيىم - كېچەكلى ئۆچۈنلا ئىشلىدى، ئەمدى ئايلىق ئالىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئۆزىمۇ خىيالىدىمۇ يوق يۈرىدۇ.

— يۈرىتىپ باقتىڭمۇ؟

— باقتىم، ساۋۇراخۇن سېنىڭچىلىك بالىغا ئايلىق بېرىدىغان بوپتۇ، دېسەم، تۇيغۇن بالا مەقسىتىمنى دەرھال چۈشىنىپ: ئۇلارغا بىز ئوخشاشمايمىز، سىز دېگەن ئاچام، مەن ئىنىڭىز تۇرسام، دەيدۇ. گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ تاس قالدىم يىغلىۋەتكىلى.

— بۇنى ياخشى ئويلاپسەن، شۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى، ئۆزى ئۇنداق دېگەن بىلەن خەق ئۇنداق دېمەيدۇ، گەپ ئۆزگىرىدۇ، ئايىنىپ ئەكېتىشىمۇ مۇمكىن.

— خەقلەر گەپ ئۆزگەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەققىنى بەرمىسەم بولمايدۇ، ئۇمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئۇن تۆت ياشتىن ئاشتى.

— توغرا دەيسەن، شۇنداق قىل، ھېلىقى سائادەت دېگەن يۇرتلۇقۇڭ كەلمەس بولۇپ قالدىمۇ؟

— قايسى كۇنى داشۆگە ئىزدەپ باردىم.

— ھە، نېمىشقا كەلمەپتۇ.

— دەرسلىرى ئېغىر ئىكەن، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشۈشكە بېرىپ قاپتىمەن، پاھۇي، ئەقلىم ھەيران بولۇپ قالدى، قىزلار نېمىدېگەن ياسىنىدىغان بولۇپ كەتكەن، — ماھىنۇر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بېرىلىپ سۆزلەپ كەتتى، — خۇددى گۈللۈك كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرگەندەك، ھەممىسىلا كۆزۈمگە شۇنچىلىك گۈزەل، بىر پارچىدىن ئوت بولۇپ كۆرۈندى، پاھ، پاھ ...

— ھازىر قىزلارنى ئاۋۇ چىرايلىق ئىكەن، ماۋۇ سەت ئىكەن ياكى بولمىسا، ماۋۇ ئاق ئىكەن، ئاۋۇ قارا ئىكەن، دېگىلى بولمايدىغان بولدى. ھەممىسىنىڭ قېشى قارا، يۈزى ئاق، كىرپىكى ئۇزۇن، لېۋى قىزىل بولۇپ كەتتى. كوچىدا يۈرگەن قىزلارنى قايسى بايلارنىڭ قىزلىرىدۇ، قايسىبىر بەگزادىلەرنىڭ خېنىملىرىدۇ، دەپ قالىمەن. ئەمما، شۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەر يەر - ھەر يەرلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچى قىزلارئىكەن. ماڭا ئۇلار ئوقۇغىلى، بىلىم ئالغىلى ئەمەس، ياسانغىلى، ئوينىغىلى كەلگەندەكلا بىلىنىدۇ، — دېدى بەختىخان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئېچىنىش بىلەن غەزەپ ئارىلاشقان بىر خىل نارازىلىق ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

— ھەممىسىلا ئۇنداق ئەمەستۇ، بەختىخان ھەدە، نى - نى ئېسىل قىزلارمۇ باردۇ. سائادەت ئاددىيلا كىيىنىۋاپتۇ، گىرىممۇ قىلماپتۇ. دەرسلەر ئېغىر، ئوقۇمىساق بولمايدۇ، تەكرار قىلىش، مەشىق قىلىشلارغا ۋاقىت چىقىرالماي كېتىمىز، دەيدۇ.

— شۇنداق، ئالىمنىڭمۇ سىقى، سېسىقى بولىدۇ ئەمەسمۇ، ھازىر سېسىقى چىقلاپ كەتتى دەۋاتقىنىم بۇ، مەن ئۇرۇمچىگە يېڭى كەلگەن چاغلاردا مۇشۇ داشۆنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇن دەيدىكەن. ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ ھەممىسى كۆك چاپان، كۆك يوپكا، ئاق كۆينەك كىيىدىكەن، بىر خىل يۈرىدىكەن. يۈزلىرىنى ئالىبۇلىماچ بوياش نەدە دەيسەن. ھازىرچۇ؟ ھەممىسى كۆزۈمگە ئالۋاستىدەك كۆرۈنىدۇ. نېمىلەرنى كىيە-

شىۋالغان ...

ــ بىز ئوقۇۋاتقان چاغدىمۇ مەكتەپ فورمىسى كىيىسىلەر، دەيتتى، ھەممىمىز ئاددىي رەختتىن ئوخشاش كىيىنىپ يۈرەتتۇق، مەكتەپكە فورمىسىنى كىيمەي كەلسەك، سىنىپقا كىرگۈزمەيتتى، ــ دېدى ماھىنۇر مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ــ كېيىن نېمە بالا بولدى، ئۇ ئىشمۇ قالدى.

ــ راست، شۇنداق چاغلار بولغان. ئوقۇۋاتقان قىزلار بىلەن ئوقۇمىغان قىزلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى ئويلىسام ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنى كىيىمپەرەس، ياسانچۇق بولمىسۇن، ئاددىي ـ ساددا، ئەخلاقلىق بولسۇن دېگىنىكەن ئۇ. قىزلارنىڭ يۈرىكىگە قولۇڭنى سېلىپ تۇرۇپ دەپ باقا، ئاددىي كىيىم كىيسە، ئۆيدە تىنچ ئولتۇرغۇسى، ئېسىل كىيىم كىيسە، تالاغا چىققۇسى كېلىدۇ ئەمەسمۇ، ئېسىل كىيىم كىيگەن ئادەم سايىسىگە قاراپ قالىدۇ، دېيمەن.

بەختىخان شۇ سۆزلەرنى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدە ئىشەنچ، ئۆز سۆزىگە باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھېچقاچان بىرەر سۆزنىمۇ بوش، مۇنداقلا دەپ قويمايتتى، ئۆز سۆزىگە ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى ئېتىبار قىلاتتى، سۆزىدە بولسۇن، ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن ئەستايىدىللىق بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى جەلپكار، قىزىقارلىق ئىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ گەپلىرىنى شۇنچىلىك بېرىلىپ ئاڭلايتتىكى، ھەر قاچان ئۇنىڭدىن يېگىلىق، ئۇمىدۋارلىق ھېس قىلاتتى، غەيرەت ـ شىجائەتنىڭ ئۆرلەپ تۇرغانلىقىنى بايقايتتى. «بەزىلەرنىڭ سىلىق ئەمما ياسالما گەپلىرىدىن، ــ دەپ ئويلايتتى ماھىنۇر سەممىيلىك بىلەن، ــ بەختىخان ھەدەمنىڭ قوپال ئەمما ھەققانىي گەپلىرى مىڭ مەرتە ئەلا ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى دائىم راست چىقىدۇ ... ».

ــ راست دەيسىز، راست شۇنداق.

بەختىخان قايناپ قالدى:

— ياخشى ئىشلار يوقاپ، ئەسكى ئىشلار كۆپەيگىلى تۇردى هازىر، ئۇقۇغۇچى تۇرۇپ ئىسىل كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتكە بېرىلىپ، شۇنچىلىك ياسىنىپ كەتسە، ئويلاپ باقا، بۇ بۇزۇلۇش بولماي نېمە! ئاشۇ كىيىم - كېچەكلەر ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا قانداق يوللار بىلەن چىققاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانىسىنى زار - زار قاقشاتقانلىرىنى، مايماق دەسسەپ يۈرگەنلىرىنى يوق دەمسەن؟ بىر ئوقۇغۇچى پۈتۈن كۈچىنى، زېھنىنى، ئەقلىنى نېمىگە سەرپ قىلىش كېرەك؟

— توۋا دەيمەن، ئەسكىلىككىلەر، ئىللەتلەر ئەجەب ئاسان تارقىلىدىكەن.

— ئەسكى ئىشنىڭ بازىرى بار ئەمەسمۇ.

## 20

قىش چۈشۈش بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشى باشلانغان. ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تۈزەپ يۈرگۈسى كېلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشى ئۇلاردىكى بىر تەبىئىي خۇسۇسىيەت. بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭدا نېمىشقىدۇر ئەمدى ئويغىنىپتۇ. ئەنە، ئۇنىڭ بېشىدا تۆشۈك - تۆشۈك ئاق يۇڭ ياغلىق، ئۇچىسىدا چەتنىڭ ئۆزىمۇ، ياقىسىمۇ كۆل رەڭ يارىشىملىق پەلتوسى، ئىچىدە سىلىق توقۇلغان جىگەررەڭ پۈتۈن يۇڭ كۆينەك، پۇتىدا قونچى توپلىيدىن ئېگىزرەك، بەتىنكىدىن پەسرەك، پاشنىسى ئۈچ سانتىمېتىر كەلگۈدەك ئىسكەتلىك تىكىلگەن بەتىنكە. بۇ قىشلىق كىيىملەر ماھىنۇرنىڭ زىلۋا بويىغا قالتىس ياراشقان بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن. بەختىخاننىڭ ئۇنى سۈرەت - سۈرەت، بازارلاردا ساتىمىز، دەپ ئېسىپ قويغان رەسىملەردىكى قىزلار قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ، دېگىنى راست. ئاق يۈزى، سوغۇقتىن قىزارغان مەڭزلىرى، قىنىق هال رەڭ لەۋلىرى ۋە قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىدىمۇ، قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا قاشلىرىدىمۇ، چىرايلىق كۆزلىرىدىمۇ جىلۋىدار نۇر نازغىپ ئويناپ تۇرىدۇ هەم پۈتۈن تۇرقىدىن گۈزەللىك يېغىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر مۇشۇ چىرايىغا گىرىم قىلىنسا ... ياق ، ياق ، گىرىم قىلىش — ئۆز چىرايىغا قانائەت قىلماسلىق ، سۈنئىي گۈزەللىك يارىتىش دېگەن سۆز . ماھىنۇر قانائەت قىلىدىكەن ، گىرىم قىلماپتۇ .

قىش كىرگەندىن بېرى ھېلىقى ئون دانە پوپايكا ئالغان ئېگىز بويلۇق كىشى ئۆرۈمچىدە پات ـ پات پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى . ھازىر ئۇ ماھىنۇر بىلەن سالاملىشىدۇ ، ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئۇنى ـ بۇنى ، دەپ پاراڭلىشىدۇ . « جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا » دېگەندەك سودا توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشسىمۇ ، ئەمما ئۇ ماھىنۇرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قەستىدە . ئۇ گەپنى ئىنسانلاردىكى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ، سۆيگۈ تۇيغۇلىرى توغرۇ-لۇق تېمىلاردىن باشلىغاندا ، ماھىنۇر گەپنى ئۇستىلىق بىلەن باشقا ياققا بۇرۇۋېتىدۇ ياكى دۇكاندىن بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ . ئۇ ئۇنىڭ نىيىتىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان . لېكىن ، قوپاللىق قىلمايدۇ ، چىشىغا تېگىپ قويماي ، دەپ ئويلايدۇ . كۆپ ھاللاردا سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيدۇ . كۈلۈپ قويىدۇ ياكى يەرگە قارىۋالىدۇ . ئۇ بۈگۈن يەنە پەيدا بولۇپ دۇكاننىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالغانىدى . بىراق مال كۆرگۈچىلەر كۆپەيگەندە : « پۇتلاشماي نېرىراق تۇرۇڭا ، خېرىدارلار مال كۆ-رۈۋاتىدۇ . » دېدى . ئۇنىڭ قوپالراق گېپى مۇشۇ بولدى . « پۇتلاشماي » دېمىسىغۇ ئۇ گەپنى قوپالمۇ دېگىلى بولماس ئىدى . شۇنىڭ بىـ لەن ئۇ كېتىپ قالدى . « خۇدايا شۈكۈر ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر يېنىك تىنىپ ، — ئەجەب كۆزۈمگە كىرىۋالغان ، خويما قۇتۇلدىما ، ئىلاھىم ئەمدى كۆرۈنمەس ، ھېلىمۇ ياخشى بىزەڭلىك قىلىپ تۇرۇۋالمىدى . »

ماھىنۇر كەچقۇرۇنلۇقى ياتىقىغا قايتتى . كۆز باغلىناي ، دەپ قال-غان چاغ بولسىمۇ ، كوچىدا ئادەملەر نۇرغۇن ئىدى . ئۇ بازار ئىچىدىن چىقىپ ، ئىككى ـ ئۈچ يۈز مېتىردەك ماڭغاندۇ ، ئالدىدىن ھېلىقى ئادەم چىقىپ قالدى ۋە كۈلۈمسىرەپ كېلىپ بىللە ماڭدى .

— گەپ ـ سۆزلىرىڭىزگە قارىغاندا ، غۇلجىلىق ئوخشايسىز ، ئەمما سىزنى غۇلجىدا زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن .

— غۇلجىدا سىز كۆرمىگەن ئادەملەر جىقتۇ ، — ماھىنۇر سەل

مەسخىرە ئارىلاش جاۋاب بەردى . لېكىن ، ئۆزىدە نېمىشقىدۇر ئەندىشە پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى .

— جىقلىقىڭىز جىق ، بىز غۇلجىلىق ئىكەنمىز ، ياخشىراق تونۇشۇپ قويايلى دېمەكچىمەن . ئىسمىم ئارۇپجان .

« بۇ ئادەم مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدىغاندۇ ، ئويناپدىغان نەرسە ، سۈركىلىپ يۈرۈپ قولغا كەلتۈرىمەن ، دەپ ئويلاۋاتامدىغاندۇ ؟ تونۇشۇپ ئۆتەيلى ، دەپ ئويلىغان بولسا ، بايىقى گېپىم بىلەن ئەمدى كۆرۈنمىسە بولاتتىغۇ ، يەنە ئالدىمدا پەيدا بولۇۋاتىدۇ ، تەكلىپسىزلا بىللە مېڭىۋاتىدۇ . يامان نىيەتلىك ئادەم بولمىغان تەقدىردە مەن بىلەن تونۇشۇشقا نېمە ئېھتىياجى چۈشكەندۇ ؟ ... ئەلۋەتتە خوتۇن ـ بالىلىرى باردۇ ، ئۆزى نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ، نېمىشقا كەينىمگە كىرىۋالدىغاندۇ ؟ بىرسى ئۆزىنى ئىسمائىلجان دېسە ، بىرسى ئارۇپجان دەيدۇ . ئەجەب تويدۇمغۇ بۇ « جان » لاردىن . ئۇ ئەنە شۇنداق ھەر خىل ئوي ـ خىياللاردا ، ئەندىشە ـ ۋەھىمىدە كېتىپ باراتتى .

— سىزگە ئوخشاش تىجارەتچىمەن ، — دېدى ئارۇپجان بۇرۇلۇپ ماھىنۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ .

— تىجارەتنى نەدە قىلىسىز ؟

— غۇلجىدا ، تاشلەپكىدە دۇكىنىم بار ، دۇكاندا ئىنىم ئولتۇرىدۇ . مەن مال يەتكۈزۈپ بېرىمەن .

— ئۈرۈمچىگە مالغا كېلىدىكەنسىز ـ دە ؟

— شۇنداق ، كۆپ چاغلاردا ماللارنى ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كېتىمەن ، بەزىدە گۇاڭجۇدىن ئالىمەن .

ماھىنۇر ئۇنىڭغا ياتىقىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ، باشقا ياققا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولغان ، بىراق قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قورقتى . چۈنكى ، ئۇ ئۈرۈمچىنى كېلىۋاتاتتى . ئاخىر ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختاپ :

— خوش ، سالامەت بولۇڭ ، — دېدى ـ دە بۇرۇلدى .

— توختاڭ ، ئۈرۈمچىگە كەلگىنىڭىزگە نەچچە يىل بولدى ؟

— تۆت ـ بەش يىل .

— ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئادەم ئادەمگەرچىلىكنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەن ـ دە ، ياتاقتا كىرىلىك دەپمۇ قويمايسىزا ؟

— مېنىڭ بۇ يەردە ئۆيۈم بولمىسا .

— مۇشۇ ياتاق سىزنىڭ ئۆيىڭىز ـ دە .

— ياتاقتا كىرىلىك دېسەم ، ئۆزىڭىزنى سوراپ خوش ، دەپ كېتىپ قالسىڭىزغۇ ياخشى ، بوپتۇ ، دەپ كىرسىڭىز بولمايدۇ ـ دە .

— نېمىشقا ؟

— خوجايىن ئايالىنىڭ ئاچچىقى يامان ، ئەرلەرنى باشلاپ كەلگەن ئاياللارنى ياتاقتىن دەرھال قوغلايدۇ .

— قانداق خوجايىن ئۇ ، خەقلەرنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ؟

— مەن ئۇ ئايالنىڭ ئاشۇ مىجەزىنى ياقتۇرىمەن .

— ياتاق دېگەن ئۈرۈمچىدە ساماندەك ، تېپىلماسنىڭ خورمىسىدەك ئەجەب بۇ ئەسكى ياتاقتا يېپىشىۋاپسىزا ؟

— ياتاقتا ياتقانلار بىلەن كارى بولمايدىغان خوجايىنلارنى مەن ئۆچ كۆرىمەن ، خوش ئەمىسە ، — ماھىنۇر شۇنداق دېدى ـ دە ، يەنە گەپ باشلىنىپ قېلىشتىن قېچىپ ، قورۇغا ئىتتىك كىرىپ كەتتى . ئەمما ، تۆمۈر دەرۋازىنى بوشقىنا يېپىپ قويدى .

ئارۇپجان ماھىنۇرنىڭ خۇددى كۆچكەن يۇلتۇزدەك كۆز ئالدىدىن بىردىنلا يىتكەنلىكىگە كۆڭلى بىر قىسما بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تۆمۈر دەرۋازىنى قاتتىق ياپمىغانلىقىغا خۇش بولۇپ ، كەينىگە ئاستا بۇرۇلۇپ ماڭدى ۋە پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى . « قانداق قىلسام بولار ، گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا ، ھېچ يېقىن كېلەر ئەمەس ، لېكىن مۇئامىلىسى ياخشى ، — ئارۇپجان بېشىنى ساڭگىلىتىپ ، قالايمىقان خىياللارغا پېتىپ كېتىپ باراتتى . ئۇ ھازىر غۇلجىدىمۇ ئۇزاق تۇرالماس بولۇپ قالغانىدى . ھە دېسىلا : « مال ئالىمەن ، پالانچىدا پۇلۇم قالغان ، پوستانچىغا زاكالەت بېرىپ قويغان » دەپ ئۈرۈمچىگە كېلىشكە

ئالدىرايتتى – دە، ئۈرۈمچىدە ھەپتە – ئون كۈندە پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ماھىنۇرنىڭ گۈزەل جامالى، خۇشخۇي مۇئامىلىسى، يېقىملىق تەبەسسۇمى ئۇنى پۈتۈنلەي جەلىپ قىلىۋالغانىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ ئوت – چوغقا شۇنچىلىك چۈشۈپ كەتكىنىنى نەدىنمۇ بىلسۇن، پەقەت ماڭا ئادەتتىكىچە سۆركىلىپ يۈرىدۇ، دەپلا بىلەتتى. شۇ كۈنلەردە ئارۇپجانغا ماھىنۇرنىڭ بىرەر – يېرىم ئېغىز گېپىنى ئاڭلاش، ھۆسنىگە بېقىشمۇ چەكسىز لەززەت، ھۇزۇر بېغىشلايتتى، — بۇ باشقا ئاياللارغا ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن، ھەر قانچە پۇل خەجلەپمۇ ئۇندەككە كەلتۈرگىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. دۇكىنىنى ئالماشتۇرۇپ چوڭ دۇكانغا چىقىپتۇ، دۇكاندىكى ماللىرىغا قا-رىغاندا، مېنىڭ بايلىقىمدىن قېلىشمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنى ئويناش ئۈچۈن ئەمەس، ئېلىش ئۈچۈن قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىم كېرەك. ھېچقانچە پۇلمۇ كەتمەيدۇ، راسخوتىنى ئۆزى قىلالايدۇ، دۇكىنىنى ئېچىپ سودىسىنى قىلىۋېرىدۇ ... بولدىلا، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ نېمە قىلىمەن، ئۇنى ئالساملا، ئېرىشسەملا، ئۇنىڭغا ئەر بولساملا كۆتكىنىمگە يەتكىنىم شۇ ئەمەسمۇ ... ئاشۇ گۈزەلنى قولغا كەلتۈرەلەرمەنمۇ، يائاللا – خۇدايىم تىلەكلىرىمگە يەتكۈزەرسەنمۇ؟ ... — ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئوت ئالدى، كۆزلىرى ياندى ... پۈتۈن ۋۇجۇدى غايىبانە لەززەتتىن ئېرىپ كەتكەندەك بولدى، — گەپىنىڭ قۇدرىتى قالتىس بولىدۇ، تەسىرلىك، قاملاشقان گەپ تاشنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. قېنى، ئەمدى بىر ئۈچرىشايچۇ ... »

※ ※ ※

يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.

ماھىنۇر دۇكاندىن بۇرۇنراق قايتتى. كەچ كىرگەنسېرى سوغۇق ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ياتاققا يېتىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. دۆڭكۆۋرۈك ھەر يەردىن ھەر خىل ئادەملەر توپلىشىۋالىدىغان يەر بولغاچقا، بۇ يەردىن ئۇ ھەر قاچان، بو-لۇپمۇ كەچلىرى ئېھتىيات قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشىدىن

ئەنسىرەيتتى .

— ئەنە ، ئەنە ، كېلىۋاتىدۇ ...

— قارىماي تۇر .

— ئۆزۈڭ قاراۋاتىسەنغۇ ؟

— قارىما دەيمەن ، كوچىغا بۇرۇلسۇن .

كوچىنىڭ بويىدا تۇرغان ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە شۇنداق دېيىشىپ ، ماھىنۇرنىڭ تار كوچىغا — ياتىقىغا بۇرۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ماھىنۇرغا بۇرناكۇن چۈشكەن . « نېمىدېگەن چىرايلىقتۇ ، ئادەم بالىسى مۇنداقمۇ چىرايلىق بولىدىكەن ـ ھە ، ئېرى بارمىدۇ ، ئوينايدىغان نەرسىمىدۇ ... » دېيىشىپ تۇكۇرۇكىنى قۇرۇق يۇتۇپ قېلىشقان . تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ يەنە مەشەدە پەيدا بولغاندا ، ئۇنىڭ كەينىگە خۇپىيانە كىرىپ ، ياتاققا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈشۈپ ، ياتاقتا يېتىۋاتقان نەرسە بولغاندىكىن ، بۇ يەرلىك ئەمەس ، ئۇرۇمچىگە ئوينىغىلى كەلگەن نەرسە ، چوقۇم ئوينايدۇ ، دەپ جەزملەشتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن پەيدا بولۇشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ تۇرغانىدى . شۇنداق چاغدا ماھىنۇر كۆرۈنۈپ قالدى . ئۇلار ماھىنۇر تار كوچىغا بۇرۇلۇشىغىلا كەينىگە چۈشمەكچى ھەم ئۇنى ئويناتقىلى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشتى .

ماھىنۇر ياتىقىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى تىنىپ ، يېنىك قەدەم بىلەن ئۇلار تۇرغان يەرگە كەلدى ـ دە ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى ۋە تار كوچىغا بۇرۇلدى . ئىككىسى ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى . ماھىنۇر كەينىگە بىر قاراپلا ئىككىسىنىڭ كەينىگە چۈشكەنلىكىنى قىياس قىلدى ھەم ئۇلار ھېلىلا يېتىپ كېلىپ ئالدىنى توسىدىغاندەك بىلىندى . چۈنكى ، ئىككىسى قەدەملىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ ، ئىتتىكلەپ كەلمەكتە ئىدى . ماھىنۇرنىڭ بەدەنلىرىدىن قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىلىك ھېسلار قوزغىلىپ ، يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن ئۇرۇپ كەتتى . ئۇ كەينىگە يەنە بىر قايرىلىپ قارىدى ـ دە ، يۈگۈردى . ئۇلارمۇ يۈگۈردى . ماھىنۇرنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ يۈگۈرگىنىچە ياتاق ئالدىغا يېتىپ

كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى تۆمۈر دەرۋازىنىڭ قاناتلىرى ئولۇغ ئوچۇق ئىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى قورۇ ئىچىگە ئاتتى ــ دە: «بەختىخان ھەدە!» دەپ ۋارقىرىدى. بەختىخان ئۆيىدىن ئىتتىك چىقىشىغا، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ماھنۇر ئۆزىنى ياتىقىغا ئالدى. بەختىخان بۇنى بىرسى قوغلىغان ئوخشايدۇ، دەپ تالاغا ماڭدى.

ھېلىقى ئىككىسى قورۇغا بەخۇدۇك كىرىپ كەلدى.

— ھە، سىلەرگە ياتاق لازىمما؟ — دېدى خوجايىن ئايال ئۇلارغا قاپىقىنى تۈرۈپ قاراپ.

— بىزگە قىز لازىم.

— نېمە! — ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى يېنىپ كەتتى، — نېمە دېدىڭ، بۇ يەرنى جالاپخانا دېۋىدىڭما!

— ياق، ھېلى بىر قىز يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋىدى...

— خوش؟

— شۇ قىزنى ئىزدەپ... تونۇشىمىز ئىدى.

— تونۇشۇڭ بولسا، نېمىشقا قاچىدۇ؟

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ـ مەيلى بولسا تۈرۈپ بەرمەي، قاچاتتىما ـ ھە!

— ياق، بىز...

ـ نېمە «بىز»؟ سەنلەر بۇلاڭچىما، قىزلارنى قوغلىغانلارنى ھۆكۈمەت ئىزدەپ يۈرەتتى، سەنلەر ئىكەنسەن ـ دە، — خوجايىن ئايال يوغان قولى بىلەن بىرسىنىڭ مۈرىسىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇۋىدى، ئۇ يۇلغىنىپ ئاجراپ قاچتى. بەختىخان تامغا يۆلەكلىك تۇرغان تېۋىلغا سۈپۈرگىنىڭ سېپىنى ئاتقاندى، قېچىپ كېتىپ بارغان ئىككىنچىسىنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى. خوجايىن ئايال كوچىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— ساقچىلاردىن قېچىپ قۇتۇلالامسەن، ھېلى تاپىدۇ سەنلەرنى!

بەختىخان مىيىقىدا كۈلۈپ قورۇغا يېنىپ كىردى.

— ئۆپكىسى يوق ئاشۇ نېمىلەردىن قورقتۇڭما، بىر پوپوزا قىلىۋە-

دىم ، ئۆلەر ــ تىرىلىشكە قارىماي قاچتى ، بەلكى ئىشتانغىمۇ قويۇۋەتكەندۇ ، ـــ دېدى ئۇ ئۆگسلى ئۆچۈپ ياتىقىدا ئولتۇرۇپ قالغان ماھىنۇرنىڭ يېنىغا كىرىپ . بەختىخانىنىڭ چىرايىدا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ، ھېچنېمە بولمىغاندەك خاتىرجەملىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

ـــ ۋىيەي ، قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز ، سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن ئاجايىپ قورقۇپ كەتتىم مەن ، ئىتتىك ماڭسام ، ئىتتىك ماڭىدۇ ، يۈگۈرسەم يۈگۈرىدۇ ...

ـــ كاچاتقا سالساڭ بولمامدۇ ، قورقۇنچاق ، شۇڭا سېنى قاچانلا بولسا بوزەك قىلىدۇ .

ـــ كاچاتقا سالغۇدەكمەن تېخى ، قورقۇپ ئۆلەي دەۋاتسام ... ـــ ماھىنۇر تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەنىدى .

ـــ توۋا ، ماۋۇنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى ، تېخىچە تىترەۋاتىسەنا ، قوپە ، ئاۋۋال قورسىقىڭنى تويغۇز .

ماھىنۇر بۈگۈن بەختىخانىنىڭ يېنىدا يېتىپ قالدى . ئەمما كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى . ھېلىقى ئىش دەممۇ دەم كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى . « توۋا قىلدىم خۇدايىم ، ـــ دەپ ئويلايتتى ئۇ ئەلەم ، ئۆكۈنۈش ، ئېچىنىش بىلەن ، ـــ ئەرلەر دېگەن گويا قارچىغا ، بىز بۆدۈنە ئىكەنمىز ـ دە ... بىزنى قوغلاپ يۈرگەن ، چاڭگال سېلىۋاتقان ، بىز بولساق قېچىپ ، پالاخلاپ يۈرگەن ... نېمە ئىشلاردۇ بۇ ؟ ... مۇنۇ زاماننىڭ مۇنداق ئىشلار بىلەن كارىمۇ يوق بولۇپ كەتكىنچۇ ... بۇرۇنلاردا قىزلار-نىڭ ئالدىنى توسقان ، قوغلىغان ، ھاقارەت قىلغانلارنى تۇتۇپ سولاپ قوياتتىكەن ، ھازىر قېنى ؟ »

## 21

ئىككىنچى ئاي ئاخىرلىشاي ، دەپ قالغان بولسىمۇ ، سوغۇق بوشىمىدى . كۈندۈزى بىر ئاز بوشايتتىيۇ ، كېچىسى ئەدەپ كېتەتتى .

ماھىنۇر كەچ كىرە ــ كىرمەيلا دۇكىنىدىن چىقىپ ، پەلتوسىنىڭ

ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ نېمىشقىدۇر بوشىشىپ، مەيۈسلىنىپ قالغانىدى، ئۆزىدە نېمىشقا مۇشۇنداق روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ياتاقتا يېتىۋاتقانلىقىغا بەش يىل بولاي دەپ قېلىۋاتىدۇ، يالغۇزلۇق ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتامدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراشلىرى، نىيىتىنى بۇزۇپ كەينىگە چۈشۈۋېلىشلىرى ۋە ئارام بەرمەي ئالدىنى توسۇش - قوغلاشلىرى جېنىغا تېگىۋاتامدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ روھى چۈشۈپ ئۈن - تىنسىز بولۇپ قالغا-نىدى. ياتىقىغا كېلىپ، پەلتوسىنىمۇ يەشمەي، چايداندا سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر چىنە ئىچىپ، تېخىمۇ مەيۈسلۈككە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. يېنى يەر تارتىپلا تۇراتتى. ئاخىر بەختىخاننىڭ تېلېۋىزور كۆرەيلى، دې-گىنىگىمۇ ئۇنىماي، مەشكە كۆمۈرمۇ سالماي، ئەتىگەنلا يېتىپ قالدى. بىراق، ئۇخلىيالمىدى.

بۇ تېخى كىشىلەرنىڭ ياتاق سوراپ كېلىپ تۇرىدىغان مەزگىلى ئىدى. ھويلىدا ئاياغ تىۋىشلىرى، خوجايىن ئايالنىڭ قوپال ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ماھىنۇرغا ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئارىدىن بەلكى ئىككى - ئۈچ سائەت ئۆتكەندۇ، ئۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدى، ئاخىر تىتىلداپ، ئىچى پۇشۇپ، ئوتتەك قىزىپ كەتكەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۆزىگە بەلگىسىز بولغان ھېسسىياتقا چۆكۈپ بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ياتىقىنىڭ سوۋۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، مەشكە كۆمۈر سالدى. ئۇ يېقىندىن بېرى « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنى كۆرىدىغان، ئۇيقۇسى قاچقان چاغلاردا ئۇنى ئوقۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولىغا دېرىزە تاكچىسىدا تۇرغان ژۇرنالنى ئالدى -دە، ئاچقانلا يېرىدىن بىر ھېكايىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. بىراق، ھېكايە ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۇنى يېپىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەيۈس ئۇچقۇنلار يېنىپ تۇراتتى ۋە قەيەردۇ، بىر يەرلىرىدىن ھەسرەت، تەشۋىش ئۆرلەپ چىقماقتا ئىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە ئۆزىنى بىچارە، مىسكىن سېزىپ، كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەن بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنى مۇنداق روھىي ھالەتتە

سەزمىگەنىدى .
تالادا ئۇشقىرتىپ شۇۋرغان چىقماقتا ۋە دېرىزىگە ئۇرۇلماقتا . ما- ھىنۇرنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالدىدا يۇزلىرى تاتىرىپ كەتكەن، تۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلگەن، سوغۇقتىن تىترىشىپ تۇرغان ئون نەچچە ياشلىق باللار كەلدى . ئۇ ئۇلارغا بىر نەچچە قېتىم ئاماق ئېلىپ بەرگەن، ئەمما ئۇلارنى شۇ ھالەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىغان . ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تېخىمۇ ئازابلاندى . « مەن نېمە بولدۇم ؟ نېمشقا ئىچ - ئىچمدىن ھەسرەت، غېرىبلىق ئۆرغۈپ تۇرىدۇ ؟ نېمشقا بۇگۈن مۇڭلىنىپ قالدىم، نېمە سەۋەبتىن ؟ ... » ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمىدى . جاۋاب تاپالمىغانلىقىدىن قىينىلىپ ئازابلاندى . « بىكار قېپتى- مەن، — دەپ يەنە ئويغا چۆكتى ئۇ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، — بەختىخان ھەدەم تېلېۋىزور كۆرەيلى، دەپ شۇنچە زورلاپ كەتسە، ئۇنىماپتىمەن، شۇنداق قىلغان بولسام، بەلكى بۇ ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالغان ھەسرەت، ئازابتىن قۇتۇلۇپ، يەڭگىللەپ قالار ئىدىم . مەن قانداق ئادەم بولۇپ قال- دىم ؟ يا بىرەر ئادەمگە كۆزۈم چۈشمەيدۇ، مەيلىم قوزغالمايدۇ، سەۋەبسىزلا مىسكىنلىشىپ قالىمەن ؟ نېمشقا شۇنداق ھېسلار قوزغى- لىدۇ ؟ ... بىلمەيمەن، ئەزبىرايى خۇدا بىلمەيمەن . سائەت قانچە بولغاندۇ ؟ ۋاقىت خېلى بىر يەرگە باردىغۇ دەيمەن . ھويلىدىكى ئاياغ تىۋىشلىرى، كىشىلەرنىڭ گۇدۇڭلاشلىرى بېسىلىپ قالغىنى نىكەم، بەختىخان ھەدەم ئىشىكنى ئۇرسا، ئېچىپ بەرسەم، پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، ئەجەب ياخشى بولاتتى - دە . تايىنلىق ئۇ بۇ چاغقىچە ئۇخلاپ قېتىپ كەتتى . بىراق، ھويلىدىكى چىراغ يېنىق تۇرىدۇ . ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخ- شايدۇ، چىقىپ ئۆچۈرۈۋېتەيمىكىن . »
شۇ چاغدا بىرسىنىڭ تۇيۇقسىزلا : قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! دېگەن ھەم ئەندىشىلىك، ھەم ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاۋاز ھويلىدىن چىققاندەك قىلدى . ئۇ يىپشىنمەي كۆينەكچان ياتقاندى . ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقتى . دەرۋازىدىن پەلتولۇق بىر قىز ئۇچقاندەك كىرىپ كېلىۋاتاتتى .

— جىننىم ھەدە ! مېنى قوتۇلدۇرۇۋېلىڭ ، كەينىمدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ .

مۇنداق قوغلاشلارغا ئۇچرىغان ماھنۇر ئىشنىڭ تەگتىنى قىياس قىلىپ ، ئىتتىك بېرىپ تۆمۈر دەرۋازىنى ياپتى ـ دە ، قولۇپنى بېسىۋەتتى . قىزنى ياتىقىغا باشلاپ كىردى .

ياتاققا كىرگەن زىلۋا بويلۇق ، چىرايلىق قىز ئىدى . ئۆزى تىترەۋاتىسمۇ ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ ، تەرلەپ كەتكەنىدى .

— ۋاي جىنىم ھەدە ، قۇتۇلۇپ قالدىم ، ھېلىمۇ ياخشى دەرۋازاڭلار ئوچۇق ئىكەن ، بولمىسا قانداق قىلاتتىمكىن ...

— بۇ كېچىدە نەدىن كېلىۋاتاتتىڭىز ؟

— پۇل تاپىدىغان يەردىن .

بۇ نېمە دېگىنىدۇ ؟ ... بۇ جاۋاب ئاچچىق بىلەن ئېيتىلىۋاتامدۇ ياكى بۇ بىرەر زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان قىزمىدۇ ۋە ياكى راستىنلا كېچىدە پۇل تاپىدىغان يەرلەردىن كېلىۋاتامدۇ ، ماھنۇر چۈشىنەلمىدى ۋە قىزغا تەئەججۈپلىنىپ قاراپ سورىدى :

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

— رېستوراندىن كېلىۋاتاتتىم ، بىر ئەسكىگە ئۇچراپ قېلىپ ...

— ئۆزىڭىز يالغۇزلىما ؟

— يالغۇز بولغاچقا ئۇ ئەسكى قوغلاپ كەتتى ـ دە .

— سىز بىر يەردە ئىشلەمسىز ؟

— ياق ، داشۆدە ئوقۇيمەن .

— سىز ئوقۇغۇچىما ؟ ... — ماھنۇرنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى شۇئان ھەيرانلىقتىن ياندى .

— ھەيران قېلىۋاتامسىز ، بەلكىم ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسىزغۇ دەيمەن ، — ئۇ يانچۇقىدىن ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىنى ئېلىپ كۆرسەتتى ، — مانا .

— راست ھەيران قېلىۋاتىمەن ، سىز ئوقۇغۇچى تۇرۇپ كەچلىك رېستورانلارغا قانداقلارچە بېرىپ يۈرىسىز ؟

— ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپىمەن، ئۆيدىن جىق پۇل كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلاردەك ياسىنىپ يۈرىمەن، ياخشى تاماقلارنى يەيمەن. رېستوراندىن ھەر قېتىم تاكسى بىلەن قايتاتتىم، بۈگۈن شۇنچە چىقىپ كەتكەچكىمۇ، بىرمۇ تاكسى يوق، كوچىلار يورۇق بولغاندىكىن، دەپ مېڭىۋەرگەنىدىم، چولاق بىر ئادەم كەينىمگە كىرىۋالدى، قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ بىردەم ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمۇ دېسە، بىردەم يۈرۈڭ، ئېسىل ياتاقلارغا ئاپىراي دەيدۇ. قولۇمنى بىر سىلكىپ چىقىرىۋالدىم — دە، قاچتىم. ئۇ قوغلىدى. كوچىدا بىرمۇ ئادەم يوق، بولسىمۇ كىمنىڭ كارى، ئاخىر بىرەر ھويلىغا كىرىپ كېتەرمەن، دەپ ئويلاپ مۇشۇ تار كوچىغا بۇرۇلۇپ جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم. ئۇ بۇرۇلىدىغان يەرگە كەلگەندە، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ ياكى قاردا تېيىلىپ كەتتىمۇ «گۈپپلا» قىلىپ يىقىلدى. يىقىلمىغان بولسا قانداق قىلاتتىم دەڭە ... ھېلىمۇ ياخشى بەختىم بار ئىكەن، ئۆزۈمنى بۇ قورۇغا ئېتىپ قۇتۇلۇپ قالدىم.

— مەشكە يىقىلراق كېلىڭ، چاپىنىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، مۇزلاپ كېتىپسىز، تىترەۋاتىسىزغۇ ...

— مۇزلىمىدىم، قورقۇپ كەتتىم، بۇ تىترەك شۇنىڭدىن.

كارىۋاتنىڭ لېۋىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان قىز چاقىلداپ سۆزلىگىنى بىلەن ئوق تېگىپ قانسىراۋاتقان، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان بىچارە كېيىككە ئوخشايتتى. ئۇ تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ قېنىق قىزىل قىلىپ بويىۋالغان لېۋىمۇ، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بارماقلىرىمۇ سۈس تىترەۋاتاتتى.

ماھىنۇر قىزغا ھەم ھېسداشلىق قىلىپ، ھەم ھەيران بولۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، مەشكە قايتىدىن كۆمۈر سالدى. تالادا تېخىچە ۋىژىلدىغان شىۋىرغان، سوغۇق ئەدىمەكتە. ئۇ ئالىيومىن كورىغا سۇ قۇيۇپ، مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى — دە، ئۇنىڭدىن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— گۈلپىيە .
— سىز نەلىك ؟
— ئۈچتۇرپانلىق .
— ئاتا ـ ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟
— دېھقان .
— ئۈچتۇرپان دېگەن يەتتە قىزلىرىم چىققان يەرغۇ دەيمەن ؟
— شۇنداق ، بىزنىڭ يۇرتتىن چىققان .
— ئەجەب قەھرىمان قىزلارئىكەن ، هازىر شۇنداق قىزلار چىقامدىكىنتاڭ ... ناخشا ئېيتقانغا قانچىلىك پۇل بېرىدۇ ؟
— رېستوران خوجايىنى ئاۋۋال ئوتتۇز كوي بېرەتتى ، هازىر قىرىق كويدىن بېرىۋاتىدۇ .
— خېلى كۆپ بېرىدىكەن .
— بۇ ئاز پۇل ، — دېدى گۈلپىيە ئەسلىگە كېلىپ كۈلۈمسىرەپ ، — ئۇنىڭدىن كۆپرەك پۇلنى ناخشا تىڭشىغانلاردىن تەسىرلەنگەنلىرى بېرىدۇ .
— ئۇ يەردە سىز يالغۇزلىما !
— ياق ، يەنە بىر ئۇسسۇلچى قىزمۇ بار ، ئۇ ئوقۇغۇچى ئەمەس ، بىز ئۇسسۇل ئوينىغاندا ياكى ناخشا ئېيتقان چاغدا ، هۇزۇرلانغىلى كىرگەنلەردىن بەزىلەر ئوتتۇز كوي ، بەزىلەر ئەللىك كويىنى كونۇپېرتقا سېلىپ سۇنىدۇ . شۇڭلاشقا قايتقان چاغدا ئون كوي ـ ئون بەش كويغا تاكسىغا ئولتۇرۇپ قايتىمىز .
— ئۇ يەرگە كىرىپ ئولتۇرغانلاردىن ، سىلەرنى ئايرىم ئۆيلەرگىمۇ تەكلىپ قىلىدىغانلار بولامدۇ ؟
— بولىدۇ .
— كىرەمسىلەر ؟
ـ ئەلۋەتتە كىرىمىز . ئۇ يەر ـ بۇ يېرىمىزنى تۇتىدۇ ، مىجىقلايدۇ ، ئەركىلىتىدۇ ، قوچاقلايدۇ ، سۆيىدۇ ، قايتقاندا پۇل بېرىدۇ .
— خورلۇق هېس قىلمامسىلەر ؟

— دەسلەپتە ھېس قىلغان، بەدەنلىرىم قورۇنۇپ تىكەنلەشكەن، بارا ـ بارا ئۆگىنىپ قالدىم. قوچاقلاپ سۆيۈشۈرگەندىن كېيىن، ھېسسىياتمۇ قوزغالمايدىغان، تەسىرمۇ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، خۇددى مۇشۇكنىڭ قولىڭىزنى يالاپ قويغاندەك بىلىنمىدىغان بولدى.

ماھىنۇر گۈلپىيە ئاتلىق بۇ قىزنىڭ ھېيىقماي، قورۇنماي، يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرماي دەۋاتقان گەپلىرىگە ھەيران قېلىپ شۈككىدە بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇنداق كەچلىك رېستورانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، ئۇ يەرلەرگە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم قىزلارنىڭ بارىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان، لېكىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغان. مۇنۇ قىزنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ ھەيران قالدى ـ دە، يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. گۈلپىيە خاتىرجەم، مەغرۇر ئولتۇراتتى.

مەش ئۈستىدىكى شىڭىلداپ تۇرغان كورا قايناپ كەتتى. ماھىنۇر چاي دەملىدى، قاتلىما نانلىرىنى كىچىك ئۈستەلگە قويدى.

— قېنىنى ئۇكام، چاي ئىچىڭ، قورسىقىڭىزمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ، — دېدى ماھىنۇر غەلىتە نەزەردە ئۇنىڭغا قاراپ.

— ياق، قورسىقىم توق، ئۇسساپ كەتتىم، قىزىق چاي ئىچەي، — ئۇ ئۈستەلگە يېقىن سۈرۈلۈپ، قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقان چىنىنى قولىغا ئالدى ۋە چايدىن پۇدەپ تۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچ يۇتۇم ئىچتى. ئۇ ماھىنۇرنىڭ ئۆزىگە ئۆچلۈك بىلەن نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان بايقاپ بولدى. بولا ئەمەس، رېستورانغا ھۇزۇرلانغىلى كىرگەنلەردىنمۇ ئۇنىڭغا بۇ يەرگە كەلمىسىڭىز بولمامدۇ، دېگۈچىلەر بولغان.

— سىز مەندىن نەپرەتلىنىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى گۈلپىيە قىزىق چاي قۇيۇلغان چىنىنى قولىغا ئېلىپ ماھىنۇرغا قاراپ. لېكىن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆزى سۆزلەپ كەتتى، — مەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىمدىن ھەرگىز نەپرەتلەنمەيمەن. دەۋرىمىزنىڭ تەرەققىياتى بىزدەك ياشلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلسا، مەن شۇنى قىلدىم. بۇنى ئۇنلىغان ـ يۈزلىگەن قىزلار قىلىۋاتىدۇ. مەكتەپ پۇل تاپىمىز دەپ، مەكتەپنىڭ ئى-

چىنگە، سىرتىغا دۇكانلارنى سېلىپ، ئۇنى ماگىزىنچى، ئاشخانىچى، رېستورانچى خوجايىنلارغا ئىجارىگە بېرىۋاتىدۇ، بۇ يەرلەر ھەركۈنى كېچىنى ناخشا ـ مۇزىكا، تانسا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆزىتىۋاتىدۇ. بۇنى مەكتەپ بىلمەمدۇ؟ ئۇ رېستوران ـ تانسىخانىغا ئوقۇغۇچىلارمۇ، جەمئىيەتتىكى ياشلارمۇ كىرىدۇ. رېستوران ـ تانسىخانىلارغا كىرگەنلەر ئەلۋەتتە ئوينىغىلى، كۆڭۈل ئاچقىلى، ھۇزۇرلانغىلى كىرىدۇ. بەزىلەر لەززەت ئالغىلى، بەزىلەر لەززەت بەرگىلى كىرىدۇ.

— مەكتەپ دېگەن ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش بىلەن بولماي، پۇل تېپىش نېمە قىلىدىغاندۇ؟ — دېدى ماھىنۇر گۈلپىيەنىڭ سۆزلىرىدىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، — توۋا، بىر چاغلاردا مەكتەپ مۇدىرلىرى مەكتەپنىڭ ئالدىدا شىمشىكا ـ پۇرچاق سېتىشقىمۇ يول قويمايدىغان، زامان تەرەققىي قىلسا، مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدىكەن ـ دە ...

— بۇ بىر ئۈرۈمچىدىكىلا ئىش ئەمەس، ھەممە شەھەرلەردە شۇنداق ئىكەن ...

ئىككىسى جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قار ئارىلاش شامال دېرىزىگە ئۇرۇلماقتا، ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋاز يوق. گۈلپىيە ئۆينىڭ ھەممە تەرىپىگە سەپسېلىپ قاراپ سورىدى:

— ئېتىڭىز نېمە، ھەدە؟

— ماھىنۇر.

— مۇنداق قارىسام بۇ ئۆيىڭىز ئەمەستەك، ياتاقتەك قىلىدۇ. سىز باشقا بىر يەردىن كەلگەنغۇ دەيمەن؟

— توغرا ئېيتتىڭىز، غۇلجىدىن كەلگەن، كەلگىنىمگە تۆت ـ بەش يىل بولدى، مەشەدە يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقەت قىلىۋاتىمەن.

— شۇنداقمىكىن، دەپ ئويلىشىدىم، بۇرۇنلاردا ئۇيغۇرلار ئىچىدە سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئاياللار نەدە بولسۇن، ھازىر ئاياللاردىن كاتتا سودىگەرلەر، شىركەت قۇرغانلار، كارخانىچىلار چىقتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ھەتتا چەت ئەللەرگە چىقىپ سودا قىلىۋاتىدۇ. سىز گۇاڭجۇ تەرەپلەرگە باردىڭىزمۇ؟

— ياق ، بارمىدىم .

— بىرىنىڭ ، كۆرۈۈڭ ، چەت ئەللەرگىمۇ چىقىڭ ، كۆزىڭىز ئېچىلىدۇ ، نەزەر دائىرىڭىز كېڭىيىدۇ ، باشقىلارنى كۆرگەندە ئۆزىمىزنى تونۇيدىكەنمىز .

ماھىنۇر بۇ قىزنىڭ دەسلەپكى گەپلىرىنى ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئاڭلاپ ، ياتىقىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغان ، لېكىن ئويلىنىپ ، ئۆزىمۇ بىر نەچچە ئەرنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىش ، ھايۋانلارچە قوغلاشلىرىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالغان . مانا ئەمدى مۇشۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، تەسىرلىنىپ قالدى . چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، ئىككىسى قىستىلىشىپ بىر كارىۋاتتا ياتتى . ياتاق ئىچىنى ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى بىر ئالغانلىقىنى ماھىنۇر ياتقاندىلا بىلدى .

— مېنى تاڭ سەھەردە ئۇيغىتىۋېتىڭ ، ھەدە ، — دېدى گۈلپىيە تام تەرەپكە قاراپ يېتىپ ، — ئەتىگەندە دەرسكە ئۈلگۈرۈپ بېرىشىم كېرەك .

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى . ماھىنۇر خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى .

※ ※ ※

گۈلپىيە سەھەرلىكى چايغىمۇ قارىماي ، مەكتىپىگە كەتتى . ماھىنۇر سۇ قۇيۇلغان ئالىيومىن كورىنى مەش ئۈستىگە قويۇپ ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئوت خۇددى قاتتىق ئوتتۇندەك گۈرۈلدەپ ياناتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دەرسكە ئالدىراپ ھېلى چىقىپ كەتكەن گۈلپىيە ، كوچىلاردا يايما يېيىپ ئۇششاق ئېلىپساتارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاياللار كەلدى . ئۇ ھاياتنىڭ شەپقەتسىز ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ ، ئۆمۈرنىڭ ئۆزى ئىنسانلارغا بېرىلگەن ئازابلىق مۇساپە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى . بۇ مۇساپىگە قەدەم باسقانلارنىڭ قىسمەتلىرى ھەر خىل ئىدى . ئۇ ئۆزىدەك ئوقەت قىلىپ يۈرگەن ئاياللار بىلەن تونۇشقان ،

مۇگىداشقان . شۇلارنىڭ بىرسى ـــ كوچا سۈپۈرۈپ يۈرگەن ياش ئايال . ئۇ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ، جان بېقىش ئۈچۈن ئازغىنا پۇل بىلەن ئۇقەت قىلماقچى بولۇپ ، ماھىنۇرلارنىڭ قاتارىغا كىرگەن . لېكىن دەسمايىسى ئاز بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ ئۈچ بالىسىنىڭ قورسىقىنى باقالماي ، مەھەللە ئاساسىي قاتلام كاتىپىنىڭ ئالدىغا بارغان ۋە ئۆزىنى كوچا سۈپۈرىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتقان . ياشاش ئېمىدېگەن ئېغىر ، ئېمىدېگەن يىرگىنىشلىك ـ ھە ! ئادەم ئۆز مەيلىسىز لەنەتلىك ، رەسۋا ئىشقا قەدەم بېسىشقا مەجبۇرمۇ بولىدۇ . كاتىپ :

ـــ ماقۇل ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي ، مېنىڭ تەلىپىمنى قاندۇرۇڭ ، دېگەن . تىرىكچىلىك سىرتمىقى ئۇنىڭ گېلىنى دەم ئالدۇرماي سىققاچقا ، ياش ئايال ئىلاجسىز ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشقان .

ـــ ماھىنۇر تونۇشقان ئاياللارنىڭ يەنە بىرسى ـــ قەشقەردىن چىققان ، ئىككى بالىسى بار ئايسخان . ئۇ قەشقەردىكى چاغدا ، بىر كۈنى ئېرى :

ـــ مېنىڭ كۆڭلۈم راسلىدىم ، ئۈرۈمچىگە چىقىپ مال ئەكېلەي ، سودىگەرچىلىك قىلىپ باقاي ، كېچىكىپ كەتكەندە ئون بەش كۈندە كېلىمەن دېگەندە ، ئايسخان :

ـــ بوپتۇ ، شۇنداق قىلىڭ ، كۆڭلىمىز ئۆگىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دەپ رازىلىقىنى بىلدۈرگەن .

ـــ ئۇ ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىپ ئون بەش كۈن ئەمەس ، بىر ئايغىچە كەلمىگەن . ئايسخان ئېرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۈچ ئايغىچە كۈتكەن . ئىز ـ دېرىكى بولمىغان ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەنسىرەشكە باشلىغان . شۇ ئەنسىزلىكتە ئاخىر ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئۇنى ئىزدىگەن ، قاڭقىپ يۈرگەن ، يەنىلا تاپالمىغان . ئاخىر سالاپەتلىك بىر ئادەم :

ـــ ئېرىڭىز بىلەن مەن بىللە ئۇقەت قىلغان ، ئۇ گۇاڭجۇغا مال ئەكەلگىنى كەتكەن ، بۇگۈن كېچىلىك ئايروپىلاندا كېلىدۇ . مەن ئۇقماپتىمەن ، سىز بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىپسىز ، ـــ دەپ يېنىدىن بىر تې-

لىبىگرامىمىنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان .

يېرىم كېچە بولغاندا ، ئۆيگە ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس ، بايىقى ئادەمنىڭ ئۆزى كىرگەن ، ئۇنى قاڭغىر ـ قاقشىتىپ ، ياۋۇزلۇق بىلەن ئاياغ ئاستى قىلغان ۋە ئۆزىنى بىر بىلىپ ـ بىر بىلمەي ياتقان ئايسخاننىڭ بېشىغا ئوتتۇز كوينى تاشلاپ قويۇپ يوقاپ كەتكەن . ئەتىسلا ئېرى پەيدا بولۇپ ، ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەن دېگەندەك ، ئايسخاننى ئۇرۇپ ـ تېپىپ ، ھاقارەت قىلغان :

ـــ سەن رەسۋا ، بۇزۇق ، ئۇرۇمچىگە چىقىپ ، ئۆزۈڭنى سېتىپ يۈرۈپسەن ، سېنى قويدۇم ، كۆچۈكلىرىڭنى ئېلىپ يوقال !

ئايسخاننى ئېرى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇ قەشقەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن ، بىلگىنى بىر نېمە دەر ، بىلمىگىنى بىر نېمە دەر ، دەپ ئازغىنا پۇل بىلەن ئۈرۈمچىدە ئوقەت قىلىپ قالغان .

ماھىنۇر تونۇشقان يەنە بىر ئايال ـــ تاجىگۈل . ئۇ ئۈرۈمچىلىك . ئۇنىڭ ئېرى قىزىل كۆز ، تالاغا قارايدىغان ئادەم بولغاچقا ، تاجىگۈل ئۇ-نىڭ بىلەن جاڭجاللىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن . لېكىن ، ئۇ كىرگەن كوچىسىدىن چىقمىغان . ھەر قېتىم ئۇرۇشقاندا ئېرى شۇنداق دېگەن :

ـــ سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىشنى بىلمەيسەن ، سەندىن سوۋۇپ كەتتىم ، بىزەڭلىك قىلماي ئۆيدىن چىق .

ئەمما تاجىگۈل ئۆيدىن ھەر قانچە تىللاپ ، ئۇرۇپ قوغلىسىمۇ چىقمىغان . ئېرىنى ئويناپ ـ ئويناپ زېرىكەر ، ئاخىر بىر كۈنى يولىدىن يانار ، دەپ ئويلىغان . ئۇنىڭ تۈزىلىشىنى ـ ئادەم بولۇشىنى كۈتكەن . لېكىن ئۇ تۈزەلمىگەن ، ھاۋايى ـ ھەۋەس ، كەيپ ـ ساپا كوچىسىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن . بىر كۈنى يېرىم كېچە مەزگىلىدە ئۇ ئاش-نىسىنى ئۆيگە باشلاپ كەلگەن . ئۇمۇ ، ئاشنىسىمۇ ھېچقانداق تەپ تارتماي ، نومۇسمۇ قىلماي ، بىر ئورۇندا بىللە يېتىشقان ...

دۇنيادا مۇنداقمۇ خورلۇق ، شەرمەندىلىك بولامدۇ . خورلۇق تا-جىگۈلنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئۇ ئۆيىنى ئۇلارغا تاشلاپ

بىرىپ، كوچىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بىرىم كېچىدە ئادەمسىز، سۈرلۈك كوچىدا يىغلاپ يۈرۈپ، ئاخىر چىرىغى ئۆچمىگەن بىر ناۋايخانىغا كىرگەن، ناۋاي ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي بولۇپ، تونۇر بېشىدا ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ نامىزىنى تۈگىتىپ:

— قازا قىلغان نامازلىرىمنى ئوقۇۋالدىم. خوش، سىز كىم بولىسىز، كېچىدە بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىغان تاجىگۈلدىن ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن.

تاجىگۈل راست گەپنى ئېيتقان:

— ئېرىم خورلاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، بېشىم تۈرەپ مەشەگە كىرىپ قاپتىمەن، تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپ تۇراي.

— بولىدۇ قىزىم، مەشەدە ئۇخلاڭ، ئېرىڭىز قوغلىغان بىلەن، مەن قوغلىمايمەن، تاڭ ئاتقاندا ئۆزۈم ئويغىتىپ قويىمەن، — دېگەن بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن.

تاجىگۈل ھەسرەت - ئەلەمدە تولغىنىپ، ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان. بوۋاي ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارغان ۋە مەگزىلىرىنى سىلىغان... چېقىلماقچى بولغاندا، تاجىگۈل تۇيۇپ قېلىپ ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتكەن - دە، ئۇنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن:

— ۋۇي نومۇسسىز قېرى! ئىنساپ بارمۇ سەندە، مەن نەۋرەڭدەك تۇرسام، ئوقۇغان نامازلىرىڭ قېنى! — ئۇ شۇنداق دەپلا ناۋايخانىدىن چىقىپ كەتكەن. تېخى تاڭ ئاتمىغانىكەن. ئادەم غەزەپلەنسە قورقۇشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن، كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تاڭنى ئاتقۇزغان. ئۇ شۇ كۈنى ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ، ئېرىدىنمۇ كېچىپ، ئىككىنچىلەپ ئۆيىگە دەسسىمىگەن. شۇنىڭدىن بېرى ئۇمۇ ئوقەت قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتىدۇ.

قايسى كۈنى بۇ ئىككى ئايال ماھنۇرنىڭ ئالدىغا بارغان. ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاز پۇل بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى ئوقەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەر كۈنى تاپقان پايدىسى قورساققا ئارانلا يې-

تـﯘاتقانلىقىنى ، تېخى بەزى كۆنلىرىنى نانغا تاپسا چايغا يوق ، چايغا تاپسا نـانغا يوق دېگەندەك ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ، شۇڭا ئىككى يۈز سومدىن قەرز بېرىپ تۇرسا ، جىقراق مال ئەكەلسە ، سودىسىنى ئاۋۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى بـىلىنىپ تۇرۇپ بىلدۈرۈشكەن . ماھىنۇر ئانچە ئويلىنىپ كەتمەيلا مۇنداق دېگەن :

— مـەنـمۇ تـىجارەتنى تۆت يۈز نەچچە سوم بىلەن باشلىغان ، تە-رىـشـىـپ - تـىـرمـىـشـىـپ يۈرۈپ ھازىر يامان ئەمەس ، ھاللىنىپ قالدىم . بـولىدۇ ، مەن سىلەرگە ئىككى يۈز سومدىن ئەمەس بەش يۈز سومدىن بې-رەي ، تـىـجـارەتـنـى قـايـتـىـدىـن باشلاڭلار ، ئەمما ھەر قانچە پۇل تېپىپ كـەتـسەڭلارمۇ ، ئۇنى قايتۇرمەن ، دېمەڭلار ، مەن يۈرىكىمدىن چىقىرىپ بەردىم ، سىلەرگە ياردىمىم بولۇپ قالسۇن .

مـاھـىـنۇر شۇنداق دەپلا ، يۇكەي ئاستىدىن پۇل ئېلىپ ھەر بىرىگە بـەش يـۈز سـومـدىـن بـەرگەن . ئۇلار كۆز يېشى قىلىشىپ ، يېنىش - يې-نىشلاپ رەھمەت ئېيتىشىپ كېتىشكەنىدى .

مـاھـىنۇر مۇشۇ ئىشلارنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئەسلىدى ، ئەسلەپ بـولـغاندا ، مەش ئۈستىدىكى كورا ئاللىقاچان قايناپ كەتكەنىدى . ئۇ چاي دەمـلـەپ ، خوجايىن ئايالنى چاقىرىپ چىقتى . ئىككىسى ئەنجۈر مۇراببasى بـىـلـەن چاي ئىچىشكە ئولتۇردى ، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، ماھىنۇر ئىككى ئايالنىڭ ئەھۋالىنى ، ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىنى سۆزلەپ بەردى .

— يـارايـسـەن ، بـەلـەن ئـىـش قـىـپسەن ، — بەختىخاننىڭ يۈزىدە شـادلىق ئۇچقۇنلىرى ياندى ، — باي بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ كەمبەغەل ۋا-قىتلىرىنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ . غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلىغان ئادەم جـەزمـەن كـۆكـلـەيـدۇ . سـادىـقـقـا قـاراپ قـويۇۋىدىڭ ، ئالايتەنلا كـۆكـلـىدىڭ ، ئەمدى تېخىمۇ كۆكلەيسەن ... مەن قالتىس ئېسىل ئادەمنى سـىـڭـىـل قـىـپـتـىـمـەن . ئەرلـەرگـە قارىغاندا ئاياللارنىڭ ئالىقىنى تەستە ئېـچـىـلىدۇ . شۈكۈر ، سەن ئۇنداقتىن ئەمەس ئىكەنسەن ، بولىدىكەنسەن جۇما .

بـىراق ، شۇنچە خۇشال بولغان بەختىخان ، گۈلپىيە ئاتلىق ئاخشام

قونۇپ كەتكەن قىزنىڭ ئىشنى ئاڭلاپ، خاپا بولدى:

— نېمىشقا قوندۇرىسەن ئۇنى، ئۇنداق رەسۋالارنى ئۆيگە يولاتمىغۇلۇق، مەن ئۇقماي قاپتىمەن، ئۇقىان بولسام، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتىم.

— ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ئۇنداقلارغا ئىچ ئاغرىتساڭ، زىيان تارتىسەن جۇما.

— بولمىسا بىر ئوبدان چىرايلىق قىز ئىكەن.

— سەت بولسا، ئۇ يولغا كىرمەيتتى.

— ھازىر شارائىتىمۇ يامان.

— ئۆزىدىن باشقا قىزلارمۇ شۇ شارائىتتا ياشاۋاتىدىغۇ، نېمىشقا ئۇ يولغا كىرمىدى؟

— تېخى مەن ئۇ قىزنىڭ بەزىبىر گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ قالدىم.

— ئەخمەق، تەسىرلەندۇرەلمىسە خەقنى قانداق ئالدىيالايدۇ، قىلىق چىقىرىپ پۇل تاپىدىغان گەپ.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماھىنۇر دۇكىنىغا ماڭدى. ئەمما، يول بويى ئاشۇ قىزنىڭ تەقدىرىنى ئويلىدى: قانداق كۈنلەرگە قالار، ئىستىقبالى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ...

## 22

ئىللىق شاماللىق باھار كېلىش بىلەن تەڭ ئارۇپجان ئۆرۈمچىدە يەنە پەيدا بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن دۇكانغا كېلىپ، ماھىنۇرغا ئۆزىنىڭ مال ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇپ كەتتى. بۇ ئۆزىنىڭ ئۆرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ۋە ماھىنۇرنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگىنى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ماھىنۇرغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويماقچى بولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا دۇكانغا ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ مۇنچە كۆپ كېلىۋاتقىنىغا

ماھىنۇرنىڭ قانداق قاراشتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرا-يىغا، روھىي ھالىتى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلدى. ماھىنۇر بۇرۇن قانداق بولسا، ھېلىمۇ شۇنداق: خۇشخۇي، ئوچۇق ـ يورۇق، گەپ ـ سۆزلىرى سىلىق ھەم ھۆرمەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ جەھەتلەردە خاتىرجەم بولدى، لېكىن كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىشقا مۇۋاپىق پەيت تاپالماي قىينالماقتا ئىدى. قېرىشقاندەك دۇكانغا كېلىۋاتقان، ماللارنىڭ باھاسىنى ئۇقۇۋاتقان ۋە مال ئېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. خېرىدارلاردىن خالىيراق بولغان چاغدىمۇ سادىق بار ئىدى. ئۇمۇ سەگەكلىك بىلەن مال سېتىپ ئولتۇراتتى. چوپچوڭلا باللىڭ ئالدىدا مۇھەببەتلىك گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىش، تۇرمۇش قۇرۇش توغرىسىدا سۆز ئېچىش قىيىن ـ دە. ئۇ نەچچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ توغرۇلۇق گەپ ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي كېتىپ قالدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىچۇ؟ ماھىنۇر پەقەت لەگمەن يېگۈسى كەلگەن چاغدىلا دۇكاندىن چىقاتتى، باشقا ۋاقىتلاردا سامسا، مانتا، پەرمۇدە، تونۇر كاۋاپلىرىنى دۇكانغا ئەكەلدۇرۇپ يەيتتى.

سادىق چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولۇپ دۇكانغا كىرىشكە، ماھىنۇر ماگدى. ئۇ بازار ئىچى بىلەن مېڭىپ، چوڭ كوچىغا چىقىشقا ئالدىغا ئا-رۇپجان كەلدى. ئۇ ماھىنۇرنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغاندى. چىرايىدا ئوڭايسىزلىنىش، غەلىتە كۈلۈمسىرەش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ ئۆزىدە بىردىنلا پەيدا بولغان تىترەشلىرىنى بېسىپ، — خالىيراق يەرگە بارساق بولاتتى؟

— مەشەدە دەۋېرىڭ.

— بۇ يەردە ئەپسىز.

— نېمىشقا؟

— ئادەملەر سۈركىلىپ ئۆتۈپ تۇرسا؟ ...

— ئادەملەر ئاڭلىسا بولمايدىغان گەپمىدى؟

— شۇنداق، ياتىقىڭىزغا بارايلى دېسەم، خوجايىن ئايال قوغلاپ

چىقىرىدۇ ، دەيدىكەنسىز ، كوچىدا پاراڭلىشايلى دېسەم يەنە ئۇنىمايدىكەنسىز . مېنىڭ ياتىقىم ئازادىرەك ، شۇ يەرگە بارساق ، گەپلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ باقسىڭىز ؟

ماھىنۇر تۇرۇپ قالدى : دۇكانغىمۇ تولا كېلىپ ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ ، ئاڭلاپ باقسام باقامدىمەن ، دەپ ئويلىدى ئۇ .

— ياتىقىڭىز نەدە ؟

— كادىرلار مېھمانخانىسىدا .

— نەچچىنچى ياتاق ؟

— ئىككىنچى قەۋەت ، يىگىرمە سەككىزىنچى ياتاق .

— ماقۇل ، باراي .

ئارۇپجان يېنىك تىندى ، لېكىن يۈرەكلىرى ئۇرۇپ ، قوللىرى تىترەپ كەتتى .

— ئاشپۇزۇلغا ماڭغاندەك قىلىسىز ، يۈرۈڭ ، ئاۋۋال تاماق يەيلى ، مەنمۇ تېخى يېمىدىم .

— ياق ، ياق ، سىز كېتىۋېرىڭ ، مەن سائەت ئىككىدە بارىمەن . مېنى مېھمانخانا ئالدىدىمۇ ساقلاپ تۇرماڭ .

ئارۇپجان ئۇنى يېنىۋالمىسۇن دېگەندەك ، بۇرۇلۇپلا ئىتتىك ماڭدى . « خۇدايا شۈكۈر ، — ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن شادلىق ، سۆيۈنۈش ھېسلىرى قوزغىلىپ كەتتى ، — بۇ قولغا كەلگەنلىكىنىڭ دەسلەپكى بېشارىتى ، مېنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىمنى بىلمەمدۇ ؟ بىلىدۇ ، قىياس قىلىپ بولدي ، ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىۋاتىدۇ ... مۇشۇ تەڭداشسىز گۈزەل ، نازۇك بەدەن بىلەن بىر يىل بىللە بولسام نېمە ئارمان ؟! ... ئۇستەلنى يېمەك — ئىچمەككە تولدۇرۇۋېتەيمۇ ؟ — ئۇ ئويلىنىپ قالدى . قانداق قىلسا پايدىلىق بولىدۇ ، قانداق قىلسا مەيلى قوزغىلىدۇ ، ئۇ شۇنى ئويلىماقتا ئىدى ، — ياق ، ئۇنداق قىلسام مېنى ئالداۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن يەنە ، ياخشىسى ، ئۇسسۇلۇقلا ئەكىرىپ قوياي . »

ئارۇپجان ھېلى كېلىدۇ ، مانا كېلىدۇ ، دەپ ماھىنۇرنىڭ ئىپتىقىنى بويىچە مېھمانخانا ئالدىغىمۇ چىقماي تاقەتسىزلىنىپ ، بىردە يېقىملىق ،

بىردە يېقىمسىز خىياللارغا پېتىپ، ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە، ماھىنۇر بۇياققا قەدەم بېسىپ كېلىۋاتاتتى. « مېنى ياـ تىقىغا ئاپىرىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلارمۇ، تېخى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئېسىلىپ جېنىمغا تېگەرمۇ ؟ — ئۇنىڭ يۈرىكى بىر ئېغىپ توختاپ قالدى، — ياق، ئۇنداق قىلالماس، مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانـ دەك قىلىدىغۇ... شۇڭلاشقا گەپ قىلغاندا قورۇنۇپ، ئوڭايسىزلىنىپ، تىترەپ كېتىدۇ. نىيىتى يامان، ئەسكى ئادەم بولسا، ئۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەن بولاتتى. قېنى كىملىكىنى، قانداق ئادەملىكىنى كۆرۈپ باقمامدىم. »

ماھىنۇر يىگىرمە سەككىزىنچى ياتاققا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلـ گەندە، ئارۇپجان ئۆزى تۈيمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خۇشاللىقىدىن تاس قالدى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىۋەتكىلى ۋە قولاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى ئۈستەلنىڭ بىر يېقىدا، ماھىنۇر ئۇ يېقىدا بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشتى. بىر ئادەم بولۇپمۇ ئىشقىي ھېسسى ئويغاتقان ئادەم ئىشكتىن كىرىشىگىلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان گەپلەرنى دەپ كېتىش تەس. ھەر ئىككىسى جىمىپ ئولتۇرۇپ قالدى. گەپ باشلىنىشتىن بۇرۇنقى بۇ جىمجىتلىق ھەر ئىككىـ سىدە ئوڭايسىزلىنىش تۇيغۇلىرىنى ياندۇرماقتا ئىدى. ئارىدىكى ئوڭايسىزلىنىش، قورۇنۇشنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، ئارۇپجان جۈرئەت قىلىپ پەسكە قاراپ ئولتۇرغان ماھىنۇرغا قاراپ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— بىز ياش قىز ـ يىگىتلەر ئەمەس، گەپ ئەگىتىپ يۈرمەي، كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئوچۇقلا دەي، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنداقمۇ بولامدۇ، دەپ ئويلىۋىدىم، ئۇ راست گەپ ئىكەن، بېشىمغا كەلدى. مەن سىزنى بۇرۇنقى دۇكىنىڭىز ئىچىدە بىرلا كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالغان. بەلكىم سىز تۇيمىغان بولۇشىڭىز مۇمـ كىن. ئالدىڭىزدىن ئۇياق ـ بۇياققا كۆپ ئۆتتۇم، ماڭا كۆزىڭىز چۈشۈپ قېلىشىنى تىلىدىم، لېكىن كۆزىڭىز چۈشمىدى. ئاخىر ماڭا ئېھتىياجلىق

بولمىغان مىلىگىزنى ئالدىم، چۈنكى سىزنىڭ يېنىگىزغا بېرىشىم، گەپ قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشۇم كېرەك ئىدى.
— مەن شۇ چاغدا سىزگە ھەيران قالغان، — دېدى ماھىنۇر بې-شىنى كۆتۈرۈپ، — شۇ مىلىمدىن ئون دانە ئالغىنىڭىزغا قاراپ، سىزنى ئوقەتچى بولسا كېرەك، نېمىشقا توپ سېتىش بازىرىدىن ئالمايدىغاندۇ، ئايرىپ ساتسا ھېچقانچە پايدا ئالالمايدىغۇ، دەپ ئويلىۋىدىم.
— سىز بىلەن تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈنلا ئالغان.
— ئەمدى بىلدىم.
— ئۇ پوپايكىلىرىڭىزنى ئاچىقىپلا ئون سومدىن زىيىنىغا سېتىۋەتتىم.
— مۇنداق دەڭ.
ئارۇپجان ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا، ماھىنۇرنىڭمۇ گەپكە ئارىلىشىپ كەتكىنىگە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇمىدى كۈچىيىشكە باشلىدى. ما-ھىنۇرمۇ ئۆزى تۇيمىغان ھالدا ئۇنىڭ گېپىگە ئارىلىشىپ سۆزلەپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسىدىكى ئوڭايسىزلىنىش، قورۇ-نۇشلار خېلىلا پەسلەپ قالدى.
— مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرسام دېمەن، — دېدى ئارۇپجان ئۈمىد يانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ.
— تونۇشتۇرۇشنى لازىم تاپسىڭىز مەيلى.
— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى، يەنى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالىڭىزنى بىلىمەن، غۇلجىدىكى ئەھۋالىڭىزنى تولۇق بىلمىگىنىم بىلەن ئۆيدىن نېمىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن...
— مەن بىر ياتلىق بولغان، — دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ۋە ئۆزى ئۇياتلىق ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى.
— بىلىمەن، — دېدى ئارۇپجان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ بولغان، مېنىڭ كۆزۈمگە بىر ياتلىق بولغىنىڭىز كۆرۈنگىنى يوق. غۇلجىغا كەتسەم، ئۈرۈمچىگە كەلگۈم،

سىزنى كۆرگۈم كېلىپ تۇردۇ، ماللىرىم سېتىلا ـ سېتىلمايلا بۇياققا ماڭىمەن. مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق ھېسسىياتتا بولمىغان. بىراق ئاساسىي گەپ سىزدە. ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولۇشىمىز سىز قوشۇلسىڭىز بولىدىغان، سىز قوشۇلمىسىڭىز بولمايدىغان، ئارمانلىرىم ئارمان بولۇپلا قالىدىغان ئىش. مېنى، ھېسسىياتىمنى ـــ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ماھىنۇر چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالدى. ئۇ قانداق قىلىشىنى، ئۇنىڭ ئۈمىدىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى. بىر تۇرۇپ ياتاق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى، يەنە بىر تۇرۇپ ئالدىرىماسلىقنى ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، مۇھىمى ئارۇپجاننىڭ قانداق ئادەملىكىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى.

ـــ مەن سىزنى تولۇق چۈشەنمىسەم... ـــ دېدى ئۇ ئارۇپجاننىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ.

ـــ مەنمۇ بىر ئۆيلەنگەن، ـــ دېدى ئارۇپجان ئالدىن ئويلانغان سۆزلەرنى دەرھال ئېغىزىغا ئېلىپ، ـــ بىز بىر ئائىلە، ئاپام بىلەن ئىنىم بىر ئائىلە بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق. بىر مائاش بىلەن ئىككى ئائىلىنى بېقىشتا بەك قىينالدىم. ئۇنىڭغىچە سودىغا يول ئېچىلىپ كەتتى. ئىدارە بىلەن شتاتىمنى ساقلاپ قالىدىغان، مائاش ئالمايدىغان بولۇپ، توختام تۈزۈپ بوشىنىپ چىقتىم ـ دە، سودىغا كىرىشىپ كەتتىم. ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ، ئامىتىم كېلىپ، قولۇمغا خېلى پۇل چۈشتى. جاپايىمنى كۆپ تارتقان ئايالىم ئەمدى راھەت كۆرىدىغان چاغدا، توغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى. بىر ئوغلۇم بار، بەش ياشقا كىرىپ قالدى. بەش يىلدىن بېرى كۆڭلۈم ھېچكىمگە چۈشمىدى، بولمىسا قىزلارمۇ چىققان. سىزنى كۆرۈپ، راستىمنى ئېيتسام، مەيلىم قوزغىلىپ، تۇرالماي قالدىم، ـــ ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، يۈرىكى سىلىپ، لەۋلىرى قۇرۇپ، گەپلىرى قولاشمايۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى، ـــ قوشۇلسىڭىز توي قىلساق؟

ماھىنۇر ئارۇپجاننىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ياتاققا كېلىشتىن بۇرۇنلا پەملىگەن. لېكىن، بىرىنچى قېتىمدىلا توي قىلىشنىڭ گېپىنى

قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان. ھەدەپلا توي قىلىش توغرىسىدا گەپ ئېچىش ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. « ئۇنىڭ بىز ياش قىز ـ يىگىتلەردىن ئەمەس، گەپنى ئوچۇقلا دەي، دېگىنىمۇ توغرا، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر ئويلىغانسېرى، — بىزنىڭ ھازىر گەپ ئەگىتىپ يۈرىدىغان مەزگىلىمىز ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇرۇمچىلىكمۇ ئەمەس، ئوچۇقلا دەپ جاۋاب ئېلىپ كېتەي، دېگەندۇ. بوپتۇ، ئېغىر ئالماي، ئاخىر دەيدىغان گېپىنى دېدىغۇ ... »

— مەن ئويلىشاي ... — دېدى ماھىنۇر مۇلايىم قىياپەتتە.

ماھىنۇر شۇ قىياپىتىدە ئاروپجاننىڭ كۆزىگە تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ يېقىملىق بولۇپ كۆرۈندى. ئاروپجان ئويلىنىپ قالدى، ئويلىشاي دېگىنى ماقۇل دېگىنى. ھەدەپلا ماقۇل دېمەيدۇ ـ دە. بىرىنچى قېتىمدىلا ماقۇل دېيىشتىن خىجىل بولۇۋاتىدۇ، قۇرغۇي قولۇمغا قوندى، ئەمدى ئۇنىدى، دەپ ھېسابلاۋېرەي. ئۇ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن قوزغىلىپ كەتكەن ئىشقىي ھېسلىرىنى باسالماي، ماھىنۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتى.

— ئويلىشىڭ، بۇ ئويلىشىدىغان ئىش، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ماھىنۇرنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.

— نېمانداق قىلىسىز! — ماھىنۇر ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى ۋە نېرىراق بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بايىقى يېقىملىق، مۇلايىملىق روھىي ھالەتلىرى يوقاپ كەتتى ـ دە، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى.

— سىزگە بولغان ئىنتىلىش، تەلپۈنۈشۈمنى باسالماي، قوپاللىق قىلىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ ... — ئۇ ماھىنۇرنىڭ ھەقىقەتەن خاپا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەندىشىدە قالدى ۋە ئورنىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردى.

— ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ ... — مەقسىتىڭىز مۇشۇمىدى؟ — ئۇمۇ ئورنىغا كېلىپ

ئولتۇردى .

— ئادەمنىڭ ئىشقى ھېسلىرىنى بىسۇالمقى تەس ئىكەن ، مېنى كەچۈرۈڭ ، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ... ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن .

سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ كەچۈرۈم سورىشى ياخشى خىسلەت . ئارۇپىجاننىڭ يېنىش - يېنىشلاپ كەچۈرۈم سورىشى ماھىنۇرنى ئېرىتتى . ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەنلەر ، ئالدىنى توسۇۋالغانلارنىڭ قايسى بىرسى كەچۈرۈم سورىغان ؟! « خېلى ئادىمى ، ئەخلاقلىق نەرسە ئىكەن ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر ، — تىترەۋاتامدۇ ، مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ، بىراق مۇشۇ دېگەن گەپلىرى راستمىدۇ ؟ »

— ئويلىشىمەن دەۋاتىسىز ، بوپتۇ ، ئويلىشىڭ ، ماقۇل دېسىڭىز ئۆيىنى ئۇرۇمچىدە تۇتىمەن دېسىڭىزمۇ مەيلى ، غۇلجىدا تۇتىمەن دېسىڭىزمۇ مەيلى .

— ياق ، ياق ، غۇلجىغا ھەرگىز بارمايمەن ، ئىككىنچى دەسسىمەس بولۇپ كەلگەن ، — دېدى ماھىنۇر بېشىنى سىلكىپ .

— ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ، سىز نېمە دېسىڭىز ، مەن شۇ ، — دېدى ئارۇپىجان ، — ئەمما سىزنىڭ مەسلىھەت سالىدىغان ئاتا - ئانىڭىزمۇ يوق ئىكەن ، ماڭا ئىشەنگەن بولسىڭىز ، ھازىرلا جاۋاب بېرىۋەتسىڭىز ياخشى بولاتتىغۇ ؟

— يوق ئەمەس ، مەسلىھەت سالىدىغان ئادىمىم بار ، — ماھىنۇرنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل قەتئىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بىر قېتىم بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ، شۇڭا ئالدى - ئارقامنى ئويلاپ جاۋاب بەرمىسەم بولمايدۇ .

ماھىنۇر ئورنىدىن تۇردى .

— خوش .

— بىز ئەمدى قاچان ئۇچرىشىمىز ؟

— ئۇنىڭغا ئالدىرىماڭ ، بولدى قوزغالماڭ ، ياتاقتىلا قېلىڭ .

ماھىنۇر چىقىپ كەتتى .

※ ※ ※

ماھىنۇرنىڭ بېشىغا بىر سەۋدا چۈشتى. يەنە كېلىپ دۇكاندا سودا قىلىۋاتقانلىقىدىمۇ، ئۆيدە بەختىخان بىلەن تاماقلىنىۋاتقاندىمۇ، بازارغا ماڭغان ـ قايتقاندىمۇ ھەتتاكى چۈشىدىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىدىغان ئەس ـ يادىنى تەۋرىتىۋەتكەن بىر سەۋدا چۈشتى. ئىنسان ھەر خىل سەۋدالاردا ياشايدۇ. بۇ سەۋدالارنىڭ ئاقىۋىتى بىردە كۆڭۈللۈك، بىردە كۆڭۈلسىز، بىرسى خۇشاللىق، بىرسى ئەلەم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ماھىنۇر كەلگۈسى ھايات ـ ئىستىقبالىغا يېنىكلىك بىلەن قارايدىغانلاردىن ئەمەس، ئەمدى ئۇ يىغلىماي، ئەلەم چەكمەي ياشاشنى ئويلاپ كېلىۋاتىدۇ. باسقان قەدىمىدىن قىڭغىر كەتسە، ھەسرەتكە پېتىپ قالسا، پاناھلىق تىلەپ، تەسەللى ئىزدەپ بارىدىغان ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۆزى بىلەن تەڭ ھەسرەتلىنىدىغان قېرىندىشىمۇ يوق. مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ بىر تەرەپتىن ئۇ تەنھا ياشاشتىن بىزار، يەنە بىر تەرەپتىن بىزارلىقتىن قۇتۇلمەن، دەپ ساق بېشىغا ئاغرىق كىرگۈزۈۋېلىشتىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا ماقۇل دەيمۇ، ياق دەيمۇ، دېگەندىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە قارشى ئوي ـ خىياللار خۇددى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، توغرىلىق بىلەن خاتالىق كۆرەش قىلىۋاتقاندەك كۆرەش قىلماقتا ئىدى. بۇ يا قايىنامدىن، يا سايرامدىن دېيىدىغان ئىش ئەمەس ـ دە.

ئۇ بىر ھەپتىگىچە قايمۇقۇپ، قىينىلىپ، ئىككىلىنىپ يۈرۈپ، بۇ ئىشنى ئاخىر خوجايىن ئايالغا، ئۆزى ئۇچۇن قانات قېقىپ تۇرىدىغان غەمخۇرچىسىغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

ھالاۋىدىنىنىڭ يولدىن كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولغانىدى. ئۇ كەچقۇرۇنلۇقى بەختىخاننى ياتىقىغا چاقىرىپ چىقتى.

ـــ سىزگە بىر مەسلىھىتىم بار، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭ، ـــ دېدى ماھىنۇر سەل ـ پەل قىزارغان يۈزىگە كۆلكە يۈگۈرتۈپ.

ـــ ئۆزۈڭگە ئەر تاپقان ئوخشىمامسەن، مۇشۇ يېقىندىن بېرى خېلى ياسىنىدىغان بولۇپ قېلىۋىدىڭ ھەم خىيالدىمۇ قېلىۋىدىڭ، ـــ

دېدى بەختىخان كۈلۈمسىرەپ.

— ياسانماي يۈرسەم، نېمانداق قېرى خوتۇندەك يۈرسەن، دەيدىكەنسىز، ئۆزۈمنى كىچىككىنە تۇزەپ يۈرسەم...

— بۇ بىردەپ قويغان گەپ، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى بەختىخان، — ياش ئادەم دېگەن ئەلۋەتتە ياسىنىپ يۈرۈشى كېرەك، ياسان دېسە ئاشۇرۇۋەتمە يانا، مۇشۇ يۈرۈشۈڭ بولدى جۇما.

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ - دە، دېگىنىڭىز توغرا، ماڭا بىر ئەر چىقىۋاتىدۇ.

— قانداق، يەرنىڭ ئاستىدا يىلان كۆشىگەننى بىلمەن مەن دېمىگەنىدىم، قېنى سۆزلە.

مۇشۇنداق چاغدا ئاتا - ئانىنىڭ يوقلۇقى بەك بىلىنىپ كېتىدىكەن — ماھىنۇرنىڭ چىرايى بىر ئۇمچىيىپ توختاپ قالدى ۋە ئۇ سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاتاممۇ سىز، ئاناممۇ سىز، سىزنىڭ مەسلىھىتىڭىزسىز ئىش قىلمايمەن، ئۆمۈرلۈك ئىشىمدا تېخىمۇ شۇنداق، — ماھىنۇر گېپىنى شۇنداق باشلاپ، ئۆزىنىڭ كەينىگە خېلىدىن بېرى ئارۇپجان ئاتلىق بىر كىشىنىڭ كىرىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ كىملىكىنى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى، ئۆزىنىڭ بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تولۇق بايان قىلىپ كېلىپ، — ماڭا بىر توغرا مەسلىھەت بېرىڭە، شۇنچە يىل تۇل ئولتۇرۇپتىمەن، قانداق قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، — دەپ چوڭقۇر تىنىپ توگەتتى.

ماھىنۇر توي قىلىش توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتسىمۇ، بەختىخان ئۇنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا ئىنتىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارۇپجاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي، «ئويلىشىپ باقاي» دېيىشى شۇنى دەلىللەپ تۇراتتى. بەختىخاننىڭ ئۆزۈندىن بېرىقى ئارزۇسىمۇ شۇنداق ئىدى، ماھىنۇرنىڭ لايىقىدا بىرەر ئادەم چىقسىلا توي قىلىۋېلىشىنى ئويلاپ كەلگەن. مانا

ئەمدى ئۆزى گەپ ئېچىۋاتىدۇ ، قانداق مەسلىھەت بېرىش كېرەك ؟

ــ ئەرگە تەگكىنىڭ ياخشى ، ياشلىقىڭ كېتىۋاتىدۇ ، راست گەپنى قىلسام ، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ ، ئېيتقىنا ، قاچانغىچە ياتاقتا موك يېتىپ ، موك قوپۇپ يۈرىسەن ؟

ــ بىر تۇرۇپ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتكۈم بار ، بىر تۇرۇپ توي قىلسام ، ماڭا باشپاناھ بولىدىغان ئادەمگە ئېرىشىپ ، ئەسكىلەرنىڭ ئال-دىمىنى توسۇش ، قوغلاشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالارمەنمىكەن ، دەپمۇ ئويلايمەن .

كۆپىنى كۆرگەن خوجايىن ئايال ماھنۇرنىڭ سۆزۈك لەۋلىرىنىڭ قۇرۇپ ، ئىككى مەگزىنىڭ تارتىلىپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ، چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ مۆلدۈرلۈپ قالغانلىقىدىن ، ئۇنىڭ يا تويۇپ ، يا تويماي ئەر سېغىنىپ قالغانلىقىنى بايقىدى ۋە مۇنداق دېدى :

ــ تەنها ياشاشنى قوي ، ئەرسىز ئاياللىنىڭ ھەر قانچە پۇل تېپىپ باي بولسىمۇ كۆڭلى پۈتۈن بولمايدۇ ، ــ ئۇ كۆڭلىگە كەلگەن گەپنى دەگسەپ بېقىپ دەيدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى ، ــ ئۆزۈڭدەك سودىگەرئىكەن ، باشقا ئىش قىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ بەك بەلەن ئىش بولاتتى ...

ــ قانداق دەيسىز ؟

ــ پۇل تېپىپ باي بولغانلاردىن ئەسكىلىرى كۆپ چىققاچقىمۇ مۇشۇ سودىگەر دېگەنلەرگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ جۇما .

ــ ئەرگە تەگسەم ئۆزۈمدەك سودىگەرگە تېگىدىغان ئوخشايمەن ، باشقىلار سودىگەرچىلىك قىلىدىغان خوتۇنلارغا تازا ئىشەنمەيدىغاندەك قىلىدۇ ، سودىگەر ئاياللاردىن ياخشىلىرى چىقمايدىغاندەك .

ــ بۇ گېپىڭمۇ توغرا ، نېمىشقا ئىشەنمەيدۇ ؟ ــ ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى ، بەختىخان ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى ، ــ پۇل تاپقان خوتۇنلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ تۇرىدۇ ، پۇل تىنچ قويمايدۇ ، ئىشقىي ھەۋىسىنى قوزغاپ تۇرىدۇ . ياش بالىلارنى پۇل بىلەن ئۆگىتىۋېلىپ ئوينايدۇ . لېكىن ئەخلاقلىق ، ياخشىلىرىمۇ بار ، سەن ئەجەب

پاكىز ئۆتۈۋاتىسەنغۇ ، ئەتىگەندە كېتىسەن ، كەچتە بۇرۇن قايتىپ كېلىسەن ، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىرەر نوقسانىڭنى سەزمىدىم .

— بۇنى خەقلەرگە چۈشەندۈرمەك تەس ئىكەن .

— ئالتۇن دېگەن هامانەم ئالتۇن ، هاجەتخانىغا تاشلىۋەتسەڭمۇ ، يۇزىگە پاتقاق سۈركىۋەتسەڭمۇ بەربىر ئالتۇن ، چاقناپ - پارقىراپ تۇرىدۇ .

ماھىنۇر بەختىخانىنىڭ ئويىنى چۈشەندى ، ئۇنى خوپ كۆرمەيۋاتىدۇ ، سودىگەرگە ئىشەنمەيۋاتىدۇ .

— ئەمىسە ياق دەيمۇ ؟

— ياق ، ئۇنداق دېمە ، — ئۇ دەرھال جاۋاب بەردى ، — ئۆيىنى خاتىنى بىرىنگىزدە تۇتۇپ بېرىمەن دەۋاتسا .

— مېنىڭمۇ ئىشىنىۋاتقان يېرىم مۇشۇ .

— بولدى ، ماقۇل دە ، تويۇڭنى قىل ، كۆڭلۈم چۈشتى — چۈشمىدى ، دەيدىغان سەن ياش قىز ئەمەس ، پەقەت چۈشمىسە يېنىپ كېلەرسەن .

— ماقۇل دېسەمغۇ تويىنى كۆزگە تارتىپ قىلارمەن ، سىز ھالاۋىدىن ئاكامنىڭ مەسلىھىتىنى ئېلىپ باقسىڭىز ، مەن خىجىل بولىمەن .

— ھازىرلا دەيمەن .

ئەرسىز ياشاشنىڭ ئازابى بار ، ئەمما ئەرگە تېگىپ دەردكە قالسا ، ئۇنىڭ ئازابى ئۇنىڭدىن ئېغىر بولىدۇ . ماھىنۇرنىڭ باشقىلارنىڭ مەسلىھىتىنى ئېلىشىمۇ ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر خىيالدا قېلىشىمۇ ، يەنە بەختسىزلىككە ئۇچراپ قالارمەنمۇ ، يۈرىكىمدە يەنە بىر يارا پەيدا قىلىۋالارمەنمۇ دېگەن ئەندىشىدىن تۇغۇلۇۋاتىدۇ ، راستىنى ئېيتقاندا ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنى كۆڭلى تا تېپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئەندىشە - ۋەھىمىسى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ . شۇنداق پەيتتە ئۆزى ئىشەنگەن ئادەملەرنىڭ مەسلىھىتى بىر قارارغا كېلىشىنى بەلگىلەيدۇ .

بەختىخان ئۆيگە كىرىپلا ماھىنۇردىن ئاڭلىغان گەپلىرىنىڭ ھەم-

مسنى هالاۋىدىنغا ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى سورىدى .

— ياخشى گەپ ئىكەن ، — دېدى هالاۋىدىن ئورنىدىن قوزغىلىپ ، — بىچارە بالا ياش تۇرۇپ تەنها ئۆتۈۋاتىدۇ ، بىراق ...

— نېمە « بىراق » ؟

— ئۆيىنى نەدە تۇتىدىكەن ؟

— مەشەدە .

— قىزىق گەپقۇ ، بۇ قانداق بولغىنى ... ئۇ غۇلجىلىق بولغاندىكىن ، غۇلجىغا ئەكەتمەمدىكەن ؟

— ئۆيىنى غۇلجىدا تۇتايلى ، دەپتىكەن ، ماھىنۇر ئۇنىماپتۇ ، غۇلجىغا ئىككىنچى بارمايمەن ، دەپ يۈرگەن ئەمەسمۇ ئۇ .

— ئىككىسى ئىككى يەردە يۈرسە بولمايدۇ ، ياش نېمىلەر بىر يەردە ئۆتكىنى ياخشى ، بۇنى ئوچۇق ئېيتسا بولىدۇ .

— ئۇ ئىنىسىغا دۇكان ئايرىپ بەرسە شۇنداق قىلار ، ئانىسى بەزىدە غۇلجىدا ، بەزىدە ئۈرۈمچىدە تۇرسا بولىدىغۇ ، — بۇ بەختىخاننىڭ پەرىزى ئىدى .

— ئىلاج بار شۇنداق قىلسا بولىدۇ ، ئىنىسىنى ئايرىۋەتكەندىن كېيىن توي قىلغىنى ياخشىراق ، ئالدىرىماسلىق كېرەك .

ئۈچىنىڭ ئويلىرى ھەر ھالدا بىر يەردىن چىقتى .

## 23

« تويىنىغۇ قىلارمەن ، ھەر ئىككىمىز سودىگەر ، ئىقتىسادىمىزنى قانداق قىلىمىز ، بىرلەشتۈرۈۋېتىمىزمۇ ياكى ئايرىم - ئايرىم بولامدۇ ؟ — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ماھىنۇر يۇكىيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ . ئۇنىڭ پىكىرلىرى چېچىلىپ كەتكەنىدى ، — بەختىخان ھەدەم مېھىر - شەپقەتلىرىگىنى ئېقىتىپ كەتمەي ، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۇنى بەش - ئالتە ئاي سىناپ باق ، ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلسۇن ، دۇكاننى بىللە ئاچامسىلەر ، ئايرىم - ئايرىم ئاچامسىلەر ، شۇ چاغدا ئايرىلىدۇ ، دېگەنىدى .

ئېيتقانلىرى توغرا، ئۆزۈمگە مەھكەم بولاي، ئالدىراڭغۇلۇق ئېغىر پۇشاي-
مان پەيدا قىلىدۇ، پۇشايمان يۈرەكنى زىدە قىلىدۇ ... »
ئۇ قايرىلىپ سادىققا قارىدى. سادىق خەت ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇ
ئەسلىدە ساۋاتسىز بالا ئىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭغا « ئېلىپبە »، دەپتەر – قې-
رىنداش ئېلىپ بەرگەن ۋە ئۆزى كۈنىگە بىر ھەرپ باشلاپ بېرىپ، ئۇنى
يازدۇرۇپ، سودا ئارىلىقلىرىدىكى بىكار ۋاقىتلاردا مەشىق قىلدۇرۇۋاتاتتى،
يەنە بىر ياقتىن ھېسابمۇ ئۆگىتىۋاتاتتى.
— ئەمدى ھەرپلەرنى ئۆگىنىپ بولدۇڭ ...
— ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇشنىمۇ ئۆگىنىپ بولدۇم.
— ھېسابنىچۇ؟
— يۈزگىچە ئوقۇپ، يازالايمەن.
— ياخشى، گېزىت ئوقۇۋاتاتتىڭغۇ؟
— تەمتىلەپ ئوقۇيمەن، بىراق يازماق تەس ئىكەن.
— ھەر كۈنى كەچتە گېزىتتىن كۆچۈرۈپ بىر ۋاراق ياز، يازى-
ۋەرسەڭ ئۇستا بولۇپ كېتىسەن.
— كۈندۈزى ھېساب، كېچىسى خەت ئۆگىنەي دەۋاتىمەن.
— تىرىش، زېرىكمەي ئۆگەن. زېھنىلىك بالىسەن، ئەتە – ئۆگۈن
دۇكان بېشىڭغا قالسا، خەت يازالمىساڭ، ھېساب بىلمىسەڭ بولامدۇ؟
سادىق زېھنىلىك بالا ئىدى، ماھىنۇرنىڭ دېگەن يېرىدىن
چىقاتتى. ھەتتا ئويلىغاندىنمۇ ئوشۇقراق پىكىر قىلاتتى. توپ سېتىش با-
زىرىغا ئۇنى ئاياللارنىڭ يازلىق ئاياغلىرىنىڭ باھاسىنى ئۇقۇپ كەل، دەپ
ئەۋەتسە، ئۇنى ئۇقۇپ كەلگەننىڭ سىرتىدا، كۈزلۈك ئاياغلارنىڭمۇ باھا-
سىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ھازىر ئېلىۋېلىشنى، كۈز كەلگەندە باھاسىنىڭ
ئۆرلەپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئون بەش ياش ئۇنىڭغا خېلى ئېگىز
بوي، ئوبدانلا ئەقىل – پىكىر بەرگەن. ماھىنۇر ئۇنى ھېچكىمگە بوزەك
قىلدۇرمايدۇ ھەم يېنىدا تاغدەك يۆلەنچۈكى تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. ھا-
زىر ئۇ مال ئالغىلى ياكى كۆرگىلى كەلگەنلەردىن ماھىنۇرغا تىكىلىدىغان،
يەۋەتكۈدەك قارايدىغان، ئەگىتمە گەپلەرنى قىلىپ بىزەڭلىشىپ

تۇرۇۋالغانلارنى، دۇكاننىڭ ئالدىنى بىكار قىلىڭلار، خېرىدارلار مال كۆ- رۈۋاتىدۇ، ياكى بولمىسا نېمە ئالىسىز، سىز دېگەن چاپان ئاۋۇ قىرىق بىرىنچى دۇكاندا بار، دەپ كەتكۈزۈۋېتەلەيدۇ. سادىق كوچا كەزمەيدۇ، پۇل چاچمايدۇ. چۈشتە ماھىنۇر بىلەن، ماھىنۇر يېرىم ئاش، ئۆزى پۈتۈن ئاش يەيدۇ. ئەتىگەنلىكى، كەچلىكى قۇرۇق چاي ئىچىدۇ، تۇر- مۇشتا بىرەر نەرسىدىن زارلانمايدۇ. نان ئال، دەپ قىرىق تىيىن بەرسە، يىگىرمە تىيىنلىق نان ئالىدۇ. بەزى كۈنلىرى كەچلىكى ئۈچۈن سۇيۇق- ئاش ئىچ ياكى سامسا يە، دەپ پۇل بەرسە، نان بىلەن چاي ئىچىپ، قالغان پۇلنى يانچۇقىغا سالىدۇ. شۇنداق قىلىپ يىغىلغان پۇللىرى سىقى- مىغا توشقاندا، ماھىنۇرغا بېرىۋېتىدۇ. ھازىر ماھىنۇر ئۇنىڭ ئۈچ ۋاخلىق تامىقىنى بەرگەننىڭ سىرتىدا، ھەر ئايلىقى ئۈچۈن بىر يۈز يىگىرمە سومنى ئۇنىڭ نامىغا يېزىلغان كىنىشكا بىلەن بانكىغا قويىدۇ.

— سادىق.

— ھە؟ — ھەجىلەپ گېزىت ئوقۇۋاتقان سادىق بېشىنى كۆتۈردى.

— ساڭا بىر ئىش بۇيرۇسام...

— بۇيرۇڭ، ئاچا.

— كۆز كىرىپ قالدى، سەن بۇگۈن، ئەتە ئىككى كۈن ماگى- زىنلارنى، كوچىلارنى ئايلىنىپ قىزلار، ئاياللار قانداق كىيىملەرنى كۆپ ئېلىۋاتىدۇ، قانداق كىيىملەرگە ئىنتىلىۋاتىدۇ، كۆرۈپ، گەپ - سۆز- لەرگە دىققەت قىلىپ كەلسەڭ، شۇنىڭغا قاراپ مال ئالساق؟

— ماقۇل، ئاچا، — سادىق ئوقۇۋاتقان گېزىت، قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەييار بولدى.

— ئەمىسە ماڭ، ئۆگىنىشنى كەچتە قىل.

بىر ئىشقا، بىر خىل كەسپكە بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغان ئادەمنىڭ ئوي - خىيالى ھامان شۇنىڭدا بولىدۇ. ماھىنۇر باشقا ئىشلارنى ئانچە ئويلاپ كەتكىنى يوق، ئۇ سودا - تىجارىتىنى، پۇل تېپىشنىڭ يېڭىچە يوللىرىنى ئېچىشنى ئويلايتتى، ئىزدىنەتتى، پىكىر - خىيالى شۇ-

نىڭ بىلەن بەند ئىدى . قايسى كۈنى تىجارەتچى قاسىم روسىيەدىن كەلگەن ئورۇسلاردىن ئىككى يۈز ئەللىك دانە پەلتو ئالغانىدى .
— ماھىنۇر ، — دېدى ئۇ ، — ماۋۇ پەلتولاردىن ئون ـ يىگىرمىنى ئېلىپ دۇكىنىڭىزغا ئېسىپ قويىمامسىز ؟
— ئالاي ، قانچىدىن بېرىسىز ؟
— ئىككى خىل ، باھاسى ئوخشمايدۇ ، بىرى پاختىلىق ، بىرى يالاڭ . ئەمما رەڭگى ئوخشاش .
ئۇ پەلتولارنى كۆرۈپ بولۇپ :
ـ ئون دانىدىن ئالاي ، — دېدى .
— سىز كىيىدىغانىغا ئالمايسىز ، سىزمۇ ساتىدىغانىغا ئالىسىز ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى يۈز ئوتتۇز سومدىن بېرىمەن .
— ھەممىنى ئالسامچۇ ؟
— ھەممىنى ؟
— ھەئە ، ھەممىنى .
— ھەممىنى ئالسىڭىز ، بىرلا سۆز ، پۇلىنى نەقلا بېرىسىز ، ئوشۇق ـ كېمى يوق ، ئىككى يۈز يىگىرمە سومدىن بېرىمەن .
ماھىنۇر « سودىدا تەۋەككۈل قىلماي بولمايدۇ ، مېنىڭ دېگىنىمگە بەرسە ، ھېچ بولمىسا ئىزىغا بولسىمۇ پارچىلاپ سېتىپ دەرھال تۈگىتىۋېتەلەيمەن » دەپ ئويلىدى ـ دە :
— مەنمۇ بىر سۆز قىلاي ، ئىككى يۈز ئون سومدىن بېرىڭ ؟
ـ بولمايدۇ .
— ئەمىسە ، مەيلى .
— پۇلىنى نەقلا بېرىسىز ـ ھە ؟
ماھىنۇر ئىككى يۈز ئەللىك پەلتونىڭ ئەللىك ئىككى مىڭ بەش يۈز سوم بولىدىغانلىقىنى ئىچىدە ھېسابلاپ بىلىپ بولغانىدى . بىراق ھازىر ئۆزىدە ئوتتۇز مىڭ سوم نەق پۇل بارئىدى .
— ھازىر ئوتتۇز مىڭ سومنى نەقلا بېرىمەن ، قالغىنىنى بىر ھەپتىدىن كېيىن بېرىمەن .

ئۇ يۈزىنى ئۆرۈدى :

— ئۇ قانداق نەق بولىدۇ ...

— بىر ھەپتىدىن كېيىن بېرەلمىسەم ، كۆڭگە ئەللىك سومدىن قوشۇپ بېرىمەن ، خەت - توختام قىلىمىز .

— ئېلىڭ !

— ئالدىم .

ماھىنۇر خەت - توختام بىلەن ئىككى يۈز ئەللىك پەلتونى ئالدى - دە ، پەلتولارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ ، شۇ كۈنىلا خىمىيە سانائەت باش زاۋۇتىنىڭ ماگىزىنىغا چىقتى . ئۇلار ئىككى كۈن بۇرۇن پەلتو ئالغىلى كىرىپ ، ماھىنۇرغا يولۇققانىدى . ئۇ ئەۋرىشكىنى كۆرسىتىپ ئۇلار بىلەن سودىلاشتى ۋە پۈتۈشتى ، پاختىلىق پەلتونى ئىككى يۈز يەتمىش بەش سومدىن ، يالاڭ پەلتونى ئىككى يۈز يىگىرمە سومدىن ساتتى . ئەتىسى ئۇلار ماشىنا ئېلىپ كىرىپ ، پەلتولارنى ئاچىقىپ كەتتى .

ئېلىم - بېرىم پۈتكەندىن كېيىن ، ماھىنۇر سادىققا سودىدا ھەم تەۋەككۇل قىلىش ، ھەم ئۇچۇر ئىگىلەش ، زېرەك - چاققان بولۇش ، پەم ئىشلىتىش يوللىرىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دېگەن :

— پەلتولارنى روسىيىلىك ئورۇسلاردىن ئالغان قاسىم ئىككى مىڭ بەش يۈز سوم پايدىسىغا ماڭا ساتقان . مەن ئۇنى ئۇچۇر ئىگىلەش ، تەۋەككۇل قىلىش ، چاققان بولۇشلاردىن پايدىلىنىپ سېتىپ ، توققۇز - ئون مىڭ سوم پايدىغا ئېرىشتىم . بۇنىڭغا ناھايىتى بىر يېرىم كۈنلا ۋاقىت كەتتى .

پۈتۈشكەن مەزگىلدىن بۇرۇن پۇلنى ئالغان قاسىم ھاڭ - تاڭ بولۇپ ماھىنۇردىن سورىغان :

— ئەجەب تېزلا سېتىۋېتىپسىزا ، قانچىدىن ساتتىڭىز ، كىم ئالدى ؟

— سورايدىغانمۇ ، سورىمايدىغانمۇ سوئال بولىدۇ قاسىمكا ، مەن سىزگە بۇنىمۇ دەپ بەرسەم ، ئۆزۈم ئاچ قالامدىم .

سادىق ئىككى كۈنگىچە توختىماي ئايلىنىپ يېڭى ئۇچۇر ئېلىپ

كەلدى :

— قىزلار ، ئاياللار هازىر ئاسما مايكىدەك مۇرىگە ئېسىلىپ تۇرىدىغان ، يوغان يوللۇق چىبەرقۇت كۆينەككە ئىنتىلىۋېتىپتۇ ، ئۇنى كىيىش قىزلارنىڭ ئارزۇسى ئىكەن . كىچىك تۆت كوچىدا بىر دۇكاندا كۆردۇم ، باھاسى ئاتمىش كوي ئىكەن .

— ئۇنى سارايان دەيمىز ، — دېدى ماھىنۇر .

ماھىنۇر دەرھال كىچىك تۆت كوچىدىكى دۇكانغا بېرىپ سارايانني كۆردى . بويى ، ئېنىنى غېرىچلىدى . ئۇ يەردىن چىقىپ ماگىزىنغا باردى . يوغان يوللۇق چىبەرقۇتنىڭ بىر مېترى توققۇز سوم ئىكەن . ئاندىن ماشىنىچىغا بېرىپ ، بىر سارايانني ئون سومدىن تىكىدىغانلىقىنى ئۇقتى ، شۇنىڭ بىلەن ئىچىدە ھېسابلاپ چىقتى ، چوڭ - كىچىك قىلىپ تىكتۈرسەم ، ئوتتۇرا ھېسابتا بىر سارايانغا بىر مېتىر ئاتمىش بەش سانتىمېتىر چىبەرقۇت كېتىدۇ — ئون بەش سوم ؛ كۆپ تىكتۈرگەندىكىن سەككىز سوم ئىش ھەققى ئېلىشى مۇمكىن ، يىگىرمە ئۈچ سوم بىلەن پۈتۈپ چىقتى دېگەن سۆز . ئۇنى ئاتمىش سوم ئەمەس ، قىرىق بەش سومدىن ساتسام ، ناھايىتى ئىتتىك ئۆتىدۇ . شۇ چاغدا ھەر - بىر سارايانىدىن يىگىرمە ئىككى سوم قالىدۇ . بۇنىڭدىن ياخشى سودا بولامدۇ .

ئۇ بىرىنچى قېتىمدىلا ماشىنىچىخانىغا ئىككى يۈز دانە سارايان بۇيرۇتتى . ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدى چىقىشقا باشلىدى . « تېزلا سېتىلىپ كېتىدۇ ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر قەتئىيلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىپ ، — تۆت مىڭ سومدىن ئوشۇقراق پايدا بار . » سارايانلار دۇكانغا ئېسىلدى ، بىر قىسمى سادىقنىڭ قولى بىلەن چوڭ كوچىغا چىقتى . ماھىنۇرنىڭ ھۆكمى توغرا چىقىپ ، ئۇ ئىتتىك ئۆتۈشكە ، سادىقنىڭ قولىدىكىسى تېخمۇ ئىتتىك ئۆتۈشكە باشلىدى . ئەتراپتىكى تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ تېز سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، توپ سېتىش بازارلىرىنى ئارىلاپ ئۇنى تاپالمىدى . ئاخىر ماھىنۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى :

— باھاسىنى چۈشۈرۈپ بېرىڭ ؟

— ئەلدىن - ئەلگە نەپ دېگەن گەپ بار .

— ماقۇل ، قانچىدىن ئالىسىلەر ؟ — دېدى ماھىنۇر پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ، — باھاسىنى چۈشۈرەي .
— ئوتتۇز بەش كويدىن .
— ياق قىرىق سومغا چۈشۈرىمەن .
ئاخىر باھادا كېلىشتى — ئوتتۇز سەككىز سومدىن بولدى .
— ماڭا قىرىقنى .
— ماڭا ئەللىكنى .
— ماڭا ئوتتۇزنى .
. . . . . .

ماھىنۇر بۇ قېتىم ساراپاندىن بەش يۈزنى بۇيرۇتتى . بىراق ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇتۇلغان ئۈچ يۈزى ئاستا سېتىلدى ، باھاسىنى يەنە ئون سوم چۈشۈرگەندىمۇ تەستە سېتىلدى . چۈنكى ئۇ بازارلاردا باشقا سودىگەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق كۆپىيىپ كەتتى .

بەش يىللىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانى ماھىنۇرغا ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىش ، پەيتنى ئىگىلەش ، پەم ئىشلىتىش ۋە زېرەك — چاققان بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگەتتى . « بۇمۇ بىر خىل ماھارەت ئىكەن ، بۇنى بىلمىگەن سودىگەر روناق تاپالمايدىكەن » دەپ ئويلىدى ئۇ .

ماھىنۇرنىڭ رەڭگى — روھىدا قەتئىيلىك ، رازىمەنلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ يېڭى بىر ئەھۋالنى بايقىسا ، يېڭى ئۇچۇرغا ئىگە بولسا ، تەۋەككۈل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلسا جىددىيلىشىپ كېتەتتى — دە ، ھېرىش — چارچاشنىمۇ ئۇنتۇپ ، شۇ يولدا جان كۆيدۈرۈپ چاپاتتى . باشلىغان ئىشىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈۋېتىشكە ئالدىرايتتى . ئەتە قىلارمەن ، چۈشتىن كېيىن پۈتتۈرەرمەن ، دېمەيتتى ، سادىقىمۇ ، ئۆزىگىمۇ بۇيرۇۋېلىرى كۆپىيىپ كېتەتتى . « ئالدىراش كىرەك ، پەيتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك ، ۋاقىت — بايلىق ، ئۇنى چىڭ تۇتۇش كېرەك » دەپ ئويلاتتى . قىلغان ئىشلىرى ، سودىلىرىدىن مەنپەئەت كۆرۈلۈشكە باشلىسا ، ئۇ ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ، ئىككىنچى بىر سودىنى باشلاشنىڭ غېمىنى قىلاتتى . ئۇنىڭ پەيتى كەلگەندە مۇشۇنداق ئالدىراش

بولۇپ كېتىشى، ھەر بىر مىنۇتنىمۇ قەدىرلىشى — ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش، ۋاقىتتىن بايلىق يارىتىش، دېگەن قارىشىدىن تۇغۇلغانىدى. سودىغا بېرىلىش، كىرىشىش قىزغىنلىقى ئۆرلەپ كەتكەن مۇنداق چاغلاردا ئېغىر - بېسىق، ئوچۇق - يورۇق ماھىنۇر جىددىيلەشكەن، چىرايى ئېچىلماس ماھىنۇرغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۆزىدىكى مۇنداق ئۆزگىرىشنى ئۆزى ھېس قىلمايتتى.

ماھىنۇر كەچتە ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش ئىچكۈسى كېلىپ قالدى. ئېتەيمۇ - ئەتمەيمۇ، دەپ بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاخىر ئېتىش قارارىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭغا تۇتۇش قىلدى. شۇ چاغدا بەختىخان كىرىپ كەلدى.

— نېمە قىلىۋاتىدىغانسەن، ئۇن چىقارماي؟

— سۇيۇقئاش ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ.

— قويە سۇيۇق ئېشىڭنى، لەگمەن ئېتەي دەپ راسكالىقنى قىلىپ قويدۇم، قويە، خېمىرنى سەن يۇغۇر، — دېدى بەختىخان ئىشىك تۇۋىدە ئۆرە تۇرۇپلا، — توۋا دەيمەن، سەن ئەتكەن لەگمەندىن باشقىسى يېتىمايدۇ، ھالاۋىدىن ئاكاڭمۇ لەگمەننى ماھىنۇر ئەتسۇن، دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. لەگمىنىڭ ئوبدانلا خۇمار قىلىدۇ. ماڭە، تۇرىسەنغۇ مولۇندەك قاراپ.

بەختىخان ماھىنۇرنى ئۆيىگە باشلاپ چىقتى. ئۇ خېمىر يۇغۇردى. بەختىخان سۇپىدا ئولتۇرۇپ:

— پۇلنى مونەك - مونەك تاپىدىغان بولدۇڭ، يانچۇقۇڭمۇ تومپايدى، چىرايىڭمۇ گۈلدەك ئېچىلدى، ھە، راست ھېلىقى پۇلۇڭ قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ماھىنۇر ھازىرغىچە شېرىپ، تۇردى ئاتلىق ئىككى كىشىدە قالغان ئون مىڭ سوم تۇغرۇلۇق ئېغىز ئاچماي كەلگەن. بەختىخانىڭ بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى. بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمىكىن، دەپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۇلنىڭ ئورنىغا ئۆتمەس مال بەردىمىكىن، دەپمۇ ئويلىغانىدى. بۈگۈن تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ سوراپ

قالدى .

— بەرگىنىنى ئېلىۋاتىمەن ، — دېدى ماھىنۇر خۇشخۇيلۇق بىلەن ، — مىڭ سوممۇ بەردى ، بەش يۈز سوممۇ بەردى ، تېخى ئىككى يۈز سوممۇ بەردى .

— قانچىلىك ئېلىپ بولدۇڭ ؟

— ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز سوم ، — دېدى ماھىنۇر بېشىنى كۆتۈرمەي خېمىرنى چەيلەۋېتىپ ، — ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا ئالارسەن بىر كۈنى ، دەپتىكەن ، ئاز - ئازدىن بولسىمۇ پۈتكىنىگە خۇشالمەن . ئۇنى كۆڭلۈمدىنمۇ چىقىرىۋەتكەن .

ماھىنۇرنىڭ غەممۇ تارتماي دېگەن شۇ گېپى بەختىخاندا بىر ئاز نارازىلىق قوزغىدى :

— باي بولۇپ بەش - ئون مىڭ كوينى ياراتماس بولۇپ قالدىڭ ، ئەرز قىلساڭ بۇ چاغقىچە ئېلىپ بولاتتىڭ ، جاجىسىنى تازا بېرەتتى ئۇنىڭ .

— سوتقا بارغانىڭ پايدىسى يوق ئىكەن ، بەختىخان ھەدە ، — دېدى ماھىنۇر سۈزۈك ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن پىلتە قىلىۋېتىپ ، تېنىۋالمىغاندىكىن ، ھالاۋىدىن ئاكام ئېيتقاندەك ، سوددا زىيان تارتىپ كەتتىم ، چوقۇم بېرىمەن ، دەيدىكەن ، سوتتىكىلەرمۇ تىل خەت ئېلىپ بېرىدىكەن ، بەرىبىر تاپقاندا بېرىدىكەن . جاجىسىنى بېرىمىز ، دەپ ھەممىمىز بىرلىشىپ سولىتىپ قويساق ، پۇلىمىز بىراقلا يوققا چىقىدىكەن . ئۇنىڭدىن كۆرە ، ياخشى گەپ بىلەن ئاز - ئازدىن بولسىمۇ ئېلىپ تۇرغىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— ھە ، راست ، لايىقىڭنى كەلدى دېۋىدىڭ ، توينى قاچانغا پۈتۈشتۈڭلار ؟

— كېلەر ھەپتە قىلايلىمىكىن دېيىشتۇق .

— تەلىيى بار نېمىكەن ئۇ ، ئۆزى پۇللۇق ، پۇل تېپىشقىمۇ ئۇستا ، ئەقىللىق چوكانىنى ئالىدىغان بولدى ، — توينىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ ، بەختىخان بىر قىسما بولۇپ قالدى . گەرچە ئۇ ماھىنۇرنىڭ ياش-

لىقىنى ، ياش ئادەم ئۆز ئۆمرىنى ئەرسىز ئۆتكۈزسە ، ھەر بىر كۈننى لەززەتسىز ، ئازابلىق ئۆتكۈزىدىغانلىقنى تەكىتلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، بىر دىلىكەش ، ئۆز قېرىندىشىدىنمۇ چارە بولۇپ قالغان ئادىمىنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ كېتىشكە كۆزى قىيماي قېلىۋاتاتتى . ئۇ ھازىرغىچە يالغۇزلۇق تارتمىغان . ماھنۇر ئۇنىڭغا شۇنداق ئاق كۆڭۈل سىڭىل ، ئىشەنچلىك دوست بولۇپ قالغاندىكى ، ئۇ كۆڭۈل سۆزلىرى ، نازۇك سىرلىرىنىمۇ ئۇنىڭدىن ئاياپ قالغان ئەمەس . ئۇ توي قىلىپ قورۇدىن چىقىپ كەتسە ، ئۆزى قانداق ھالدا قالار ؟ بۇنى قىياس قىلالمايتتى . ئەگەر مۇنۇ ئۆي يوغانراق ياكى كىچىك بولسىمۇ ئىككى ئېغىز بولغان بولسا ، ئۇنى قورۇسىدىن ھەرگىز چىقارمىغان بولاتتى . ئەمما ئۇنىڭ توي قىلىشىنى تىلەيتتى .

— تويىنى ئۇنىڭ يېنىنى ئاغرىتىپ قىل جۇما ، — بەختىخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە يوغان كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، گۆشلۈك قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى ، — ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق بولۇپ قالمىسۇن يەنە ! بۇ ماقال بىكار ئېيتىلمىغان .

— لايىقىدا بولار ، مەن قىز بولمىسام ...

— مانىڭ گېپىنى ... قايسى قىزدىن كەم سەن ، ئەخمەق ، بىلسەڭ قەدىر - قىممىتىڭنى قىلغىنىڭ ئۇ .

ماھنۇر گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويىدى . لېكىن ، كۈلۈپ قويغان بىلەن چىرايىدىن خېلىدىن بېرى مەيۈسلۈك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . بۇ خىل روھىي ھالەت ئوخشىغان لەگمەننى يەۋاتقان چېغىدىمۇ ، تېلېۋىزور ئېكرانىدىن قىزىقارلىق كىنو كۆرۈۋاتقاندىمۇ ، ئۆز ياتىقىدا ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ۋاقتىدىمۇ چىرايىدىن كەتمىدى . ئۇ توي يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىدە قانداقتۇر بىر غېرىب - مىسكىنلىكنى ھېس قىلىپ ھەدىسىنى ئىنىسىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندى . « توي قىلىش ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش كىشى ھاياتىدىكى چوڭ ئۆزگىرىش ، چوڭ ئىش ، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ ئازابلىنىپ ، — ھەدەم ھەم ئاتا ، ھەم ئانا بولۇپ بېشىمدا تۇرۇپ بېرىشى ، ئىنىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىشى كېرەك

ئىدىغۇ، خۇددى ئىگە ـ چاقىسى يوق ئادەمدەك ئۆز بېشىمغا ئېلىپ تىكەندەك يالغۇزلۇقتا تويۇمنى قىلىمەن ـ هە ... نېمدېگەن ئېغىر ئىش بۇ ... غۇلجىدىن كەلگەن باقىقال باللاردىن ئۇقتۇم، هەدەم ھېلىقى يارمۇھەممەتكە تېگىپتۇ. ئۇ ئائىلىمىزگە بالا قۇل بولۇپ كىرىپ ئۆيىگىمۇ، دۇكانغىمۇ خوجايىن بوپتۇ. ئۇ مال يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، هەدەم دۇكاندا ئولتۇرۇپ سودا قىلىدىكەن. ئىنىم ئونىنچى سىنىپتا ئوقۇۋېتىپتۇ. چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كەتكەندۇ ... ئۇلار دۇكۇرلىشىپ كەلگەن بولسا ياخشى بولماسمىدى. ئۆزۈممۇ مۇنداق مۇساپىرلىق ـ مىسكىنلىك ھېس قىلماس ئىدىم. ھېلىمۇ ياخشى بەختىخان هەدەملەرنىڭ بارلىقى، بولمىسا قانداق قىلاتتىمكىن؟ ... ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئەسكى بولسىمۇ، مۇشۇنداق چاغدا ئېسەر قىلىدىكەن، بىراق نېمە ئامال، خەير، بەختىخان هەدەملەر بارغۇ.»

بەختىخان هويلىغا چىقىپ، ماهىنۇرنىڭ تېخى ياتمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ دېرىزە تۈۋىگە ئاستا كېلىپ ياتاق ئىچىگە قارىدى. ماهىنۇر كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. چىرايى غەمكىن ئىدى: «تويى بولىدىغان ئادەم خۇشال بولىدىغان، بۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ هەر خىل خىياللارغا چۆكتى ئۇ، — ماقۇل دەپ قويۇپ، تازا ئىشەنچ قىلالماي، مانا ئەمدى پۇشايمانغا قېلىۋاتامدۇ ـ يا، ئەسكى بولسىمۇ ھېلىقى ئاچىسىنى، ئىنىسىنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ، ئادەم دېگەن هەر قانچە بولسىمۇ، بىر ئۆلۈمدە، بىر تويدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئويلاپ قالىدىغان؟ ياكى ماڭا ئېيتمىغان بىلەن سودىدا زىيان تارتىپ قالدىمىكىن؟ ... بىراق سودىدا تارتقان زىيانغا ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس، شىرىپ، تۇردى دېگەن ئالدامچىلار ئون مىڭ كوي پۇلىنى بەرمىگەن چاغدىمۇ ئاھ ئۇرۇپ كەتمىگەن؟ ... بولدى، كىرمەي، خىياللىرىنى ئاخىرىغا چىقىرىۋالسۇن. ئارۇپجان دېگىنى قانداق نەرسىكىن، ‹ ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا › دېگەن گەپ بار. ماهىنۇرغا راستتىنلا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك بولىمەن، دەپ بۇ تويىنى قىلـ

ماقچىمۇ ياكى ئۇنىڭ يولىنى كۆزلەپ قىلماقچىمۇ ، ئۇنى كىم بىلىدۇ ... بىچارە بالا يالغۇزلۇقىدا ھەر خىل ئەندىشىلەردە قىلىۋاتقاندۇ ، خۇدايىم بەختىنى بەرسۇن . »

بەختىخان دېرىزە تۈۋىدىنلا كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ماھىنۇرنىڭ قايسى چاغلاردا يېتىپ قالغانلىقىنى بىلمىدى . لېكىن ، ئۆزى ئۆيگە كىرىپلا ياتقان بولسىمۇ ، ماھىنۇرنىڭ خىيال سۈرۈپ غەمكىنلىشىپ قېلىشىنىڭ تەسىرىدە ، ئۇنىڭ بەختىنى ئويلاپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى .

## 24

ھايات ئۆزگىرىشچان ، ئۇنىڭ قۇدرىتى كىشىلەرنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرۈشىمۇ ، ئېغىر قايغۇدا قالدۇرۇشىمۇ مۇمكىن .

ماھىنۇرنىڭ تۇرمۇشىدا ئاخىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى . ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش ئۇنى سايۋاغدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ، مۇلايىم قىياپەتلىك ئارۇپچاننىڭ ئائىلىگە ئايلاندۇردى . تۇرمۇش كۆڭۈللۈك بولسا ، ئۆي گوياكى باغ ، ئىگىلىرى بۇلبۇل ؛ تۇرمۇش كۆڭۈلسىز بولسا ، ئۆي گوياكى دوزاخ ، ئىگىلىرى قاقشاپ كۆيگۈچى . ماھىنۇرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش ئۇنى بىر ئۆيىنىڭ ، بىر ئەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىدىغان جاپاكەش ، مەسئۇلىيەتچان ئادەمگە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كۆڭۈللۈك ، لەززەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولغانلىقىدىن ، تۇرمۇشىدىكى كۆپ يىللىق كەم نەرسىنىڭ تولغانلىقىدىن رازى . شۇڭا ، ئۇ ئۇنىئالغۇدىن بېرىلىۋاتقان ناخشىلارغا شېۋىرلاپ قوشۇلىدۇ ، ئۆزىنى گۈلدىن — گۈلگە قونۇپ يۈرگەن گۈللۈك كېپىنەكتەك سېزىدۇ .

ئەتىگەندە ئارۇپچان ئىككىسى مۇرابا ، غۇلجىنىڭ تەملىك ئالمىسى ، كورلىنىڭ سۇلۇق نەشپۈتى ، تۇرپاننىڭ شېرىن ئۈزۈمى ۋە ئىسسىق نان بىلەن چاي ئىچىدۇ ؛ چۈشلۈكى ماھىنۇرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ، ئوخشىتىپ ئەتكەن لەغمىنى ياكى دورا — دەرمەكلىرى تېتىغان شورپا ۋە ياكى

ساپسېرىق پىشقان گۆش نان بىلەن غىزالىنىدۇ؛ غىزادىن كېيىن تۇگىمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىدۇ، ھاياتىدا يۈز بەرگەن قىزىق ئىشلارنى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلىشىدۇ؛ كەچلىكى سۈيى ئۇزاق قاينىغان سۈيۈق - سەلەڭ تاماقلار بىلەن تاماقلىنىدۇ؛ ئاخشىمى ناۋات سېلىنغان سىنچاينى سۈمۈرۈشۈپ ئولتۇرۇپ، راھەتلىنىپ تېلېۋىزور كۆرۈشىدۇ. تۇرمۇش مۇشۇنداق ئۆتسە، كىشىنىڭ ئۆمرىدىن رازى بول-مايدىغان نېمىسى قالىدۇ، تۇرمۇش بۇنىڭدىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئەر - ئايال بىر - بىرىگە كۆيۈمچان، سەمىمىي - سادىق، ھۆرمەتچان بولسىلا كەم نەرسىلەر تولۇپ كەتمەمدۇ... ماھىنۇر ئىككىلىنىش، ئەندىشىلىرىنى يې-ڭىپ، تۇرمۇشقا چىققانلىقىغا رازى بولۇپ قالغانىدى.

— ئارۇپجان، — دېگەنىدى ماھىنۇر بىر كۈنى قوش ياستۇققا يۆلىنىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرۇپ، — تۇرمۇش قۇرۇش، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش دېگەنمۇ قىزىقلا ئىش ئىكەن، تونۇشمايدىغان ياكى يېقىندىلا تونۇشقان بىر جۈپ ئەر - ئايال توي قىلدۇق، دەپ بىر ئۆيگە كىرىدىكەنمىز، بىرىمىزنى ئېرىم، بىرىمىزنى ئايالىم، دەپ بىر ياستۇققا باش قويىدىكەنمىز، بىر قارىسىڭىز شۇنداق يېقىملىق، بىر قارى-سىڭىز بىر غەلىتىلا ئىشلار ئىكەن بۇ، سىزگىمۇ شۇنداق تۇيۇلامدۇ؟

ئارۇپجان كۈلدى.

— نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق، دېگەن مۇشۇ، ماڭا پەقەت غەلىتە تۇيۇلغىنى يوق، تۇرمۇشۇمغا بىر يېڭىلىق — مەن ئارزۇلىغان، تەشنا بولغان يېڭىلىق قوشۇلغاچقا، ئۆزۈمنى ئاجايىپ بەختىيار سېزىۋاتىمەن، — ئارۇپجان ماھىنۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — كىشى مەقسىتىگە يەتسە، بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ، مەن مۇ-شۇنداق ھېسسىياتتىمەن. سىزگە ئېرىشىش مېنىڭدە شۇنداق ھېسسىيات ئويغاتتى.

— مەن تۇرمۇشقا چىقىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن، ئۇرۇم-چىگە بارسام، كۈنۈمنى - كۈن ئېتىپ كەتسەملا بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم...

— بىراق ئادەمدە بىرەر ئۈمىد ئويغانسا ، ئۇ تىرىشچانلىقنى پەيدا قىلىدۇ .

— راست دېدىڭىز ، مەن تىجارەتنى ئۆزۈكۈم ، ئالتۇن ھالقام بىلەن باشلىغان ، ئازراق روناق تېپىۋىدىم ، كۆپرەك پۇلغا ، ھالىلىقراق تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۈمىدى تۇغۇلدى . بۇ يولدا تىرىشتىم ، تىرماشتىم ، ھەتتا ئوقەتنى دەپ ئۆزۈمنى ، قورسىقىمنى ئۇنتۇپ قالغان چاغلىرىم بولدى . شۇنىڭغا يارىشا تارتقان جاپالىرىمنىڭ ئەجرىنى كۆردۈم ، ئاخىرىدا ئادەم تىرىشسىلا ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان نەرسىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . نۇرغۇن ئىشلار قىلماسلىقتىن قالىدىكەن ، بىز كۆپ ھاللاردا كۆزنىڭ قورقاقلىقىنى ئاساس قىلىۋېلىپ ، قولنىڭ باتۇرلۇقىغا سەل قارايدىكەنمىز .

ئارۇپجان ماھىنۇرنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ، ئۆزىنىڭ سودا يولىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى .

— سىزغۇ سودىنى بىر تال ئۆزۈك ، بىر جۈپ ھالقا بىلەن باشلاپتىكەنسىز ، — دېدى خېلى جىملىقتىن كېيىن ، — مەن قۇرۇق قوللا باشلىغان . كىشىلەرنىڭ مېلىنى سېتىپ بېرىش بىلەن بۇ يولغا كىرگەن . زېرىكمەي ، چىدام بىلەن ئۈچ ئاي تېپىرلىغاندىن كېيىن ، قولۇمغا ئۆزۈم مال ئېلىپ ساتقۇدەك پۇل كىردى . دەسلەپ ماللارنى توپ ئېلىپ ، پارچە سېتىپ يۈردۈم ، كېيىنىرەك ئېلىۋاتقان پايدىنىڭ يېرىمىنى خەقلەر ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، بىر دۇكان تاپتىم - دە ، ئۇنىڭغا ئىنىمنى ئولتۇرغۇزۇپ ، مەنمۇ باشقىلاردەك ئۈرۈمچىدىن ، گۇاڭجۇدىن مال يۆتكىدىم ، پۇلنى پۇل تاپىدۇ ، دېگەن راست ئىكەن ، ئالدىنقى بەش يىلدا ئوتتۇز بەش - قىرىق مىڭ سوم تاپقاندىم ، كېيىنكى ئۈچ يىلدا يۈزمىڭ سومدىن ئوشۇقراق پۇل تېپىپتىمەن . ئارىلىقتا يىگىرمە مىڭ سوم سەرپ قىلىپ بىر جايمۇ سالدىم . بۇ جەرياندا مەن نېمىنى ھېس قىلدىم ؟ شۇنى ھېس قىلدىمكى ، پۇل ئادەمنى ئەقىللىقمۇ قىلىدىكەن .

— شۇنداق ، پۇل ئادەمنى ئەقىللىق قىلىشىمۇ مۇمكىن ، — دېدى ماھىنۇر دەرھاللا ، — ئەمما دىققەت قىلمىسا بۇزۇپمۇ قويىدۇ .

— قانداق دەيسىز ؟

— مەن پۇل تاپقانسېرى دىيانەتلىك ، ساخاۋەتلىك ، پەزىلەتلىك بولىدىغان ئادەملەرنى كۆرگەن ئەمەس ، ئەكسىچە ، پۇلغا ماڭغانلارنىمۇ ، هاۋايى - هەۋەسكە بېرىلىپ قارا كۆڭۈللۈك قىلىپ ، شەرمەندە بولۇپ كەتكەنلەرنىمۇ كۆردۈم . ئادەمنى چۈشەنمەك ناهايىتى تەس ئىكەن ، شۇنداق دەپ تۇرۇپ يەنە ئالدىنىپ قالىدىكەن . هەممە نەرسىدە پۇلنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ، ئادەمنى يولدىن چىقىرىدىكەن .

ئېيتىلغان گەپ - سۆزلەر ، ئاشۇ گەپ - سۆزلەر ئېيتىلىۋاتقان مەيداندا تۇرغان بىر سىگە قارىتىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى ئۆزىگە ئېلىۋالىدىغانلار بولىدۇ . ماهىنۇر ئۆزىنىڭ پۇل توغرىسىدىكى قارىشىنى بىلدۈرۈۋاتقاندا ، ئۇنىڭ سۆزلىرى نېمىشقىدۇر ئاروپىجانغا تېگىپ كەتتى - دە ، چىرايى تاتىرىپ ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇ-رۇپ ، شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى . ئەمما ماهىنۇر ئۇنى سەزمىدى . ئۇ دەلىل - پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ سۆزلىگەنلىرىنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى . شۇڭلاشقا ئۇنىڭ چىرايىدا بىردە يىرگىنىش ئىپادىلەنسە ، بىردە نەپرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئاروپىجان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ، دەلىل - پاكىتلىرىغا قايىل بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن رەڭگىروھىدا ئەكس ئېتىۋاتقىنى ئوڭايسىزلىنىش ئالامىتى ئىدى . كۆزلەر شۇنچە قىزىق كىنو قويۇلۇۋاتقان تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەمەس ، هەر ئىككىسى ئۆز غېمى ، ئۆز تەشۋىشى ، ئۆز ئويىدا .

— پۇل - بايلىققا ئىگە بولۇش — بەختلىك بولغانلىق ئەمەس ئىكەن ، — دېدى ماهىنۇر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — مەن سودىغا كىرىشىپ بىرەر يىلدىن كېيىن ، تۇرمۇشتا قىسىلمايدىغان هالغا كەلدىم ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، هاللىق تۇرمۇشقا يەتتىم . قولۇمنى قاياققا سوزسام شۇ ياققا يېتىدىغان بولدى . لېكىن مەن يەككە - يېگانە ئىدىم ، ياشلىقىم تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەردىن يىراقتا ئىدىم . بەزىدە يالغۇزلۇقۇم جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتەتتى . سىز ، — ماهىنۇر ئاروپىجانغا قايرىلدى ، ئۇ-نىڭ كۆزلىرىدىن جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ، — شۇنچە پۇل تېپىپسىز ، بىر نەچچە يىللىق بويتاقلىق تۇرمۇش جېنىڭىزغا پاتمىدىمۇ ،

ئارامسىزلىق سەزمىدىڭىزمۇ ، شۇ هالدا ئۆزىڭىزنى بەختلىك هېس قىلالىدىڭىزمۇ ؟

— هازىرچۇ ، — ئارۇپجانمۇ ئۇنىڭغا قايرىلدى ۋە ئۇنىڭ سوئالىنى قايرىپ قويۇپ ، ئۆزى سوئال قويدى ، — ئېيتىڭە ، هازىر ئۆزىڭىزنى قانداق سېزىۋاتىسىز ؟

— هازىرغۇ خاتىرجەملىنىپ قالدىم ، بىراق بەختلىك بولدۇممۇ ، بولمىدىممۇ تېخى بىلمەيمەن . تۇرمۇشۇمدىكى بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش — تەقدىر . تەقدىر ماڭا ئاخىرغىچە خاتىرجەملىكنى نېسىپ قىلغان بولسا ، ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى بەختلىك بولدۇم ، دەپ هېسابلايمەن .

— سىز تۇرمۇشقا بەك ئىنچىكىلەپ قاراپ كېتىدىكەنسىز ، كىشلەر تۇرمۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن ئەمەس ، هېچكىم بىلمەيدۇ . كۆپ چاغلاردا تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بەزىلىرى بەختلىك بولىدۇ ، بەزىلىرى بەختسىز بولۇپ قالىدۇ ، — دېدى ئارۇپجانمۇ جىددىي تۇردە .

— تەقدىرنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغانلىرى ئوخشمايدىكەن ، بىرلىرىگە بەخت ، بىرلىرىگە بەختسىزلىك ئىكەن . مېنىڭ بايقىشىم ، هېس قىلىشىمچە كۆپلىرىگە دەرد - ئەلەم ، ئازاب ئاتا قىلىدىكەن . بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يېنىمدا كۆك تاماكا سېتىپ ئولتۇرىدىغان ياش بىر ئايال بولىدىغان ، ئۇ : « سىزنى قەدىرلەيمەن ، ئۆمۈر بويى هۆرمەت قىلىمەن » دېگەن بىر يىگىتكە تېگىپتۇ . بەش يىلغىچە ئەر - ئايال ئىككىسى ئىناق ، ياخشى ئۆتۈپتۇ . بىراق ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېرىنىڭ چىرايلىق بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ ، ئۇ ئايالنى ئىككى بالىسى بىلەن تاشلىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ . مەن مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قالغان ئاياللارنى كۆپ كۆردۈم . بىر قىز ياكى بىر ئايالنىڭ تۇرمۇشقا چىقىشى هەرگىزمۇ تەۋەككۇل قىلىدىغان ، يا قايىنامدىن ، يا سايرامدىن دەيدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن . كىشى ئۆزىگە جورا تاللاشتا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك ، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇرراق ئويلاش كېرەك ئىكەن دېمەكچىمەن .

سۈس يېغىۋاتقان يامغۇر ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، شۇۋىرلاپ يېتىپ كەلگەن شامال دېرىزىگە ئۇرۇلدى. پاكىز، رەتلىك ئۆي بىردىنلا جىمىپ، مۇڭلىنىپ قالدى. ماھىنۇر كۆڭلىنى تۇمان باسقاندەك بولۇپ، ئۆزىنى بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە سەزدى. ئۇ ئارۇپجاننىڭ: «پۇل ئادەمنى ئەقىللىق قىلىدۇ»، «تۇرمۇش قۇرۇشتا تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ»، «سىز تۇرمۇشقا بەكمۇ ئىنچىكىلەپ قاراپ كېتىدىكەنسىز» دېگەن گەپلىرىنى ئويلىماقتا ۋە ئۇنىڭ تېگىگە چۆكمەكتە ئىدى. ئارۇپجانمۇ ماھىنۇرنىڭ: «پۇل ئادەمنى بۇزۇۋېمۇ قويىدۇ»، «پۇل تاپقانسېرى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، شەرمەندە بولۇپ كەتكەنلەرنىمۇ كۆردۈم»، «ئادەمنى چۈشەنمەك ناھايىتى تەس ئىكەن» دېگەن سۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا يادىغا ئېلىپ، ئۆزىدە ئوڭايسىزلىنىش ھەم بىر قىسما ھېسلارنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى ئويلاۋاتاتتى. ئەتىكى كۈننىڭ، كېلەچەكنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلىمايدىغان ئادەم بولامدۇ؟!

— قاراڭ، تېلېۋىزور توختاپ كېتىپتۇ، — دېدى ئارۇپجان خىيالدىن ئۈزۈلۈپ، — تۇرۇڭا، ياتايلى.

ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك يەنە بىر دەم ئولتۇردى ـ دە، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

※ ※ ※

ماھىنۇر توي قىلىپ ـ ئۆي ئوچاقلىق بولۇپ ئارۇپجان بىلەن سەككىز كۈن بىللە تۇردى. توققۇزىنچى كۈنى ئۇ ئىنىمغا مال ئاپىرىپ بېرەي، دەپ توپ سېتىش بازىرىدىن ئىككى تاغار مال ئالدى ـ دە، بەش كۈندە كېلىمەن، دەپ غۇلجىغا كەتتى. مانا ئۇنىڭ كەتكىنىگە ئون بەش كۈن بولدى، ھازىرغىچە يوق. ماھىنۇر ياتاقتىن ئۆيگە كۆچكەن، بىر بېشىنى ئىككى قىلغان بولسىمۇ، يەنە يالغۇز قالدى. لېكىن، ئارۇپجاندىن

ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى . بىرەر مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغاندۇ ، ئۆيلىمە-خان يەردىن تۇيۇقسىزلا ئاپىسى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندۇ ياكى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ ، تىت ـ تىت بولۇپ يۈرۈۋاتقاندۇ ، دەپ ئويلىدى . ئۆزۈندىن بېرى يالغۇزلۇققا ئۆگىنىپ قالغان ماھىنۇرغا بۇ يالغۇزلۇق ئانچە بىلىنمىدى. ئەمما ئارۇپجان بىلەن بىللە تۇرغان سەككىز كۈن جەريانىدا سادىقتىن ، دۇكىنىدىن ئەنسىرىدى : « بىچارە بالا سودىدا خېلى پىشقان بولسىمۇ ، تېخى كىچىك ، ـــ دەپ پات ـ پات ئويلاپ يۈردى ئۇ ، ـــ ئاچ ـ توق قالدىمىكىن ، دۇكان ئېتىلىپ قالمىسۇن ، دەپ چۈشلۈك تاماقلىرىنى يېمەي ئۆتكۈزۈۋېتىمىكىن ، ئەرزانراق تاماق يەيلى دەپ تۇرىدىغان ، ئۈچ ۋاخلىقىنى قۇرۇق نان بىلەن ئۆتكۈزۈپ يۈرەمدىكىن . . . ئەتراپتىكى سودىگەرلەر بوزەك قىلدىمىكىن ، سودىسى قانداق بولۇۋاتىدىكىن ، ھېلىقى ئاق كوپتا بىلەن يازلىق شلەپە تۇگەپ كەتتىمىكىن ، ئۇلارنىڭ بازىرى خېلىلا ئىتتىك ئىدى ، ئەمما ئاياللارنىڭ ئاق ئايىغى تەستە سېتىلىۋاتاتتى ، ھازىرغىچە بېزىرىپ تۇرۇۋاتامدىكىن . . . سودا قىلىش كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى ، ئۆيگە سولىنىپ ، ئېغىز ـ بۇرنىنى ئېتىۋالغان ئادەمدەك بولۇپ قالدىما . . . بوپتۇ ، چىداي ، بىر نەچچە كۈن ھېچ گەپ ئەمەس ، مېنىڭمۇ ئەتىگەندە دۇكانغا مېڭىپ ، كەچتە ئۆيگە يانىدىغان كۈنلىرىم باشلىنىدۇ . »

ئارۇپجان غۇلجىغا ماڭغان كۈنى ماھىنۇر ئۇنى ئۇزىتىۋېتىپلا دۇكىنىغا كەلدى . سادىق بىر ئوبدان سودا قىلىۋېتىپتۇ . ئۇ دۇكاندىكى ماللارغا سەپسالدى . ئۆزى ئويلىغاندەك ئاق كوپتا بىلەن يازلىق شلەپە تۈگەپ كېتىپتۇ . باشقا ماللىرىمۇ ئازلاپ قاپتۇ .

ـــ مەن يوق تازا يالغۇزلۇق تارتقانسەن ، سادىق ؟ ـــ دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ .

ـــ ياق ، تارتمىدىم ، ئاچا ، دۇكاندا نەق پۇل قويماي ، سودىدىن چۈشكەن پۇللارنى ئۇدۇللۇق بانكىغا قويۇپ تۇردۇم ، ـــ دېدى ئۇ .

ماھىنۇر دۇكانغا كېلىپ ، سادىقنى كۆرۈپ ، ئۆزىدە بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئارامسىزلىق قوزغاپ تۇرغان ئەندىشىلەردىن قۇتۇلدى ۋە

كۆڭلىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سودىسى يامان ئەمەس يۈرۈپ تۇرۇپتۇ، سادىقمۇ سودىدا بىرەر قېتىم يېڭىلىپ قالماپتۇ. ئۇ يېڭى تۇتقان ئۆيىگە قارىغاندا، دۇكىنىغا كېلىش بىلەن بەدەن ـ بەدەنلىرىنىڭ يايراپ، ئۆزىدە خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىك تۇيغۇلىرىنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆيىدىن دۇكىنى يېقىملىق بىلىنىپ، چىرايلىق كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

ئۇ دۇكانىنى ئېتىپ، بانكىغا باردى ـ دە، پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئالدى. دۇكانغا مال ئېلىش كېرەك ئىدى، شۇڭا سادىقنى ئەگەشتۈرۈپ توپ سېتىش بازارلىرىنى ئارىلىدى. يېرىم كۈن ئارىلاپ كۆزلۈك كىيىم ـ كېچەكلەردىن بىر ھارۋا ئالدى.

سادىق:

ـــ ئاچا، قىشلىق كىيىملەردىنمۇ ئالمىدۇقمۇ؟ ـــ دېۋىدى، ماھىنۇر:

ـــ ئۇنىڭ ۋاقتى بار، ـــ دېدى.

ـــ ھازىر ئەرزان ئالالىتتۇق ئەمەسمۇ؟

ـــ ئۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، بىراق ھازىر ئالساق، ئۇ نۇرغۇن پۇلنى تۇتۇپ، يېتىپ قالىدۇ، پۇل پۇلنى تاپالماي قالىدۇ. يازدا كۈزلۈكنى، كۈزدە قىشلىقنى ئالساق بولىدۇ.

ئۇلار ئىككىسى بىر ھارۋا مالنى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ، ھەرخىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا قويىدى، ئاستى. شۇنىڭ بىلەن دۇكاننى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا باشقىچىلا تۈس كىر-گۈزدى. ئىككىسى ئولتۇرۇپ، مەسلىھەت قىلىشىپ ھەرخىل مالنىڭ باھاسىغا چاپلىنىدىغان پۇلنى بەلگىلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ماھىنۇر-نىڭ ئەتىگەندە دۇكانغا كېلىپ، كەچتە ئۆيىگە يانىدىغان كۈنلىرى باشلاندى.

بىراق ئارۇپىجاننى كۈتۈۋېرىش ئاخىر ئۇنىڭدا ئەندىشە ـ گۇمان قوزغاپ قويىدى. ئۇ بەش كۈندە كېلىمەن دېگەن ئەمەسمىدى، مانا ھازىر ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى، ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ يوق. ئۆزى كېلەلمەي

قالغاندا، خېتى بولسىمۇ كېلىپ، خاتىرجەم قىلسا بولماسمىدى، نېمە بولغاندۇ؟... ئۇ ئاساسى جەھەتتىن يالغۇزلۇق جېنىغا پېتىپ ياتلىق بولغان، ياتاقتىمىغۇ يالغۇز تۇرۇۋېدى، مانا ئەمدى ياتلىق بولۇپ، ئۆي تۇتۇپمۇ يالغۇز تۇرسا، بەش كۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئون كۈن، يىگىرمە كۈن يەنە يالغۇز قالسا، مۇنداق ياتلىق بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى، ياتاقتىكى يالغۇزلۇقنىڭ ئاخىرلاشقىنى قېنى؟... ئىرىنىڭ بارمۇ دېسە يوقتەك، يوقمۇ دېسە باردەك؟ ئارىدىن ئون كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ياتاق تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىلا يەنە باشلاندىغۇ... ئۇنى ئالداپ ئېلىۋالدىمۇ ـ يا؟ ئۇرۇمچىدە ئۆي تۇتۇپ قويۇش ياكى بىر مەزگىل ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن قىلتاقتا دەسستىپ كەتتىمۇ ـ يا؟... ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، نېمشقا ئۇنىڭغا خالىسىڭىز ئۇرۇمچىدە، خالىسىڭىز غۇلجىدا ئۆي تۇتايلى، دېدىمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئون سەككىز ـ ئون توققۇز كۈندىن بېرى يا ئۆزى، يا سۆزى يوق ـ ھە؟... ئۆتكەندە ئۇ بەختىخانىنىڭ ئۆيىگە بارغان، بەختىخان ئىرىڭ كەلدىمۇ، دېگەندە، تېخى كەلمىدى دېگەن. ھازىر بەختىخانىنىڭ ئۆيىگە شۇنچىلىك بارغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كەلگۈسى بار. بىراق ئۇ يەنە ئېرىڭ كەلدىمۇ، دەپ سورىسا، يەنە كەلمىدى دەپ جاۋاب بەرسە، ئۇ قانداق ئويلاپ قالار؟

ماھىنۇر تىت ـ تىت بولۇشقا، گۇمان ـ ئەندىشە ئىلكىدە تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ تۇرمۇشقا بەختلىك بولىمەن، خاتىرجەم ياشايمەن دەپ چىققان، گۇمان ـ ئەندىشىدە قالغان ئادەم ئۆزىنى قانداقمۇ بەختلىك ھېسابلىيالىسۇن؟! ئۇ يەككە ـ يېگانە ھاياتتىن ئائىلىۋى ھاياتقا كۆچتى، ئەمما ئائىلىۋى ھايات ئۇنىڭغا بەخت ئىشىكىنى ئاچمايۋاتامدۇ ـ قانداق؟

ماھىنۇرنىڭ ئارۇپجاننى تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھالاۋىدىن ئاكا بىلەن بەختىخان ھەدىنى ئۆيىگە چاقىرماقچى، ئۇلارنى ئالاھىدە مېھمان قىلماقچى ئىدى. ئارۇپجانمۇ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ، ياخشى كۈتۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلايلى، دېگەن. بۇ ئىشنىڭ كېچىكىپ كېتىپ بېرىشىدىن ماھىنۇر ئۇلارنىڭ ئالدىدا گويا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك

خىجىلمۇ بولۇۋاتاتتى.

زارىقىپ كۈتۈش تۈگىنىچى ھەپتىگە قەدەم قويغاندا، ئارۇپجان كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ تاماق ئۈستىگە كەلگەنىدى. ماھىنۇر ئارزۇلاپ ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ سۇيۇقئاش ئەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلى تارتماي ئولتۇراتتى. ئۇ ئارۇپجاننى كۆرۈپلا ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە دېگەندەكلا كەپتىمەن، پۇرىقىدىن بىلدىم، تامىقىڭىز ئوخشىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئارۇپجان سۇس كۈلۈمسىرەپ ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتتە.

— سىز مېھمان ئەمەس، مۇشۇ ئۆينىڭ خوجايىنى.

— شۇنداق، شۇنداق.

— قانداق، ھارماي - ئاچماي سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟

— شۈكرى، ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— سىزنى كۈتۈپ، ئايدا - يىلدا بىر كېلىدۇ، دەپ ئولتۇرىدىغان ئوخشايمەن، ياتاق تۇرمۇشىغا يەنە كۆچتۈم، — دېدى ماھىنۇر ۋە ئۇنىڭغا بىر ئاپقۇر ئاش قويدى.

— قارىمامسىز ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى، — دېدى ئارۇپجان قولىنى چايقاپ، شىرەگە يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، — شىخودا قونغان، بىر تاغار مالنى ئوغرى ئېلىپ چەيپىيزىگە ئەكېتىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ يەردە ساقچىنىڭ گۇمان قىلىدىغان ئادەملىرى بار ئىكەن، شۇلارنى چىڭ تۇتۇپ، مېلىمنى بىر ھەپتىدە ئاران تېپىپ بەردى، غۇلجىغا بارسام ئاپام ئاغرىپ يېتىپتۇ، سەككىز - توققۇز كۈن ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتىمەن.

— ھازىر قانداق؟

— ئۆي كارىۋىتى قىلىپ، ئاسما ئوكۇل سېلىپ تۇردى، ياخشىلانغاندىن كېيىن، مەن بۇياققا ماڭدىم.

ئارۇپجاننىڭ تەرلەپ، يۈز - كۆزلىرىدىن، قولاق چۆرىلىرى ۋە ئېڭەكلىرىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭغا لۆڭگە ئەكېلىپ بەردى.

ئارۇپىجاننىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىشى ۋە ئۆزىنىڭ كىچىككىنە كېلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بەرگەن ئىزاھاتى ماھىنۇرنىڭ ئەس - يادىنى چۇلغىۋالغان گۇمان، ئەندىشىلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئادەم شۇنداق نەرسە: بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا، بىر ئىش بىلەن قايغۇغا چۆكۈپ قالىدۇ، يەنە بىر ئىش بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئېچىلىپ كېتىدۇ. ھېلى گۇمان قوزغىغان ئادەم، ھېلى ئىشەنچلىك بولۇپ قالىدۇ. ماھىنۇرنىڭ چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم، شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتكەندى. ئارۇپىجان سۇرۇلۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى - دە، مۇرىسىدىن تۇتتى، ئۇمۇ قايرىلىپ، ئارۇپىجانغا سېغىنىش يانغان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى.

ئۇلارنىڭ تاماق ۋاقتىمۇ، تاماقتىن كېيىنكى پاراڭلىرىمۇ ئوچۇق - يورۇق، كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ياتىدىغان چاغدا ماھىنۇر:

— ھېلىقىلارنى چاقىرىشنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— قايسىلارنى دەيسىز؟

— بەختىنخان ھەدەملەرنىچۇ؟

— چاقىرايلى. مۇنۇ پېشكەللىكلەر بىلەن مەن ۋاقتىدا كېلەلمەي، كېچىكىپمۇ كەتتى، سەت بولدى، ئەتىلا چاقىرىڭ.

— ئەتىگە ئۈلگۈرەلمەيمىز، چاقىرغاندىكىن ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ، ئۆگۈنلۈككە چاقىرايلى.

— مەيلى، سىز دېگەندەك بولسۇن، ئەتە مەن بازاردىن بىر نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرەي.

بىر كۈن ياخشى تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار چاقىرىلدى، ھالاۋىدىن بىلەن بەختىنخان يېڭى ئۆيىنى مۇبارەكلەپ بىر جۈپ يوغان لوڭقا ئېلىپ كەلدى. تويدىن بۇرۇن ماھىنۇر ئارۇپىجانغا: ماڭا ھېچنېمە ئالمىسىڭىزمۇ مەيلى، ھالاۋىدىن ئاكام بىلەن بەختىنخان ھەدەمنى ياخشىراق رازى قىلمىساق بولمايدۇ، ئاتاممۇ شۇ، ئاناممۇ شۇ، دېگەنىدى. ئارۇپىجانمۇ بۇ ئىشقا كەلگەندە مەردلىك قىلدى. چۆرۈلمىلىك ئۇچۇن ھالاۋىدىنغا دراپتىن، بەختىنخانغا سارجىدىن پەلتولۇق ئېلىپ، ئۇلارنىڭ

ھۆرمىتىنى قىلغان. ماھنۇر ئارۇپچاننىڭ بۇ مەردلىكىدىن رازى بولۇپ، ئۆزىگە تويلۇق كىيىملەردىن تۆزۈككىنە نەرسىلەرنى ئالمىغان بولسىمۇ، بوپتۇ، دېگەن. بۇگۈنمۇ ئۇلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بازاردىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەم ئېسىللىقىدىن يەنە بىر قېتىم رازى بولۇپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئىككى كۈن ئىلگىرى چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان گۇمان، ئەندىشە ئۈچقۇنلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئالدى بىلەن مېھمانلارغا شىرەگە تولدۇرۇپ قويۇلغان قاتلىما نان، ناۋات، چەتنىڭ خام قايماق، سېرىق مايلىرى، ئالما، شاپتۇل، ئۈزۈم، نەشپۈت ۋە پەرمۇدە، سامبۇسا، قوزا گۆشى بىلەن چاي تارتىلدى. ئىككى ـ ئۈچ پىيالىدىن چاي ئىچىلگەندىن كېيىن شىرە ئۈستىگە ئۆپكە ـ ھېسىپ، پېتىر مانتا، قورداق قويۇلدى. ماھنۇر چەبدەسلىك بىلەن خىزمەت قىلماقتا ۋە ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنى مېھمان قىلىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى. ئارۇپچانمۇ ئوچۇق ـ يورۇق، سېخىيلىك، خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇلارنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن بېرىلىۋاتقان ئىلى خەلق ناخشىلىرى سۈس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئۆزئارا پاراڭ بىلەن غىزالانماقتا ئىدى.

بۇ بىرىنچى قېتىملىق غىزالىنىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىرە ئۈستى يىغىشتۇرۇلۇپ، يېڭىدىن تونۇر كاۋىپى، توخۇ گۆشى ۋە تەخسە ـ تەخسىلەردە قورۇلغان ھەرخىل قورۇلمىلار كەلتۈرۈلدى ھەم ئېلىۋېتىلگەن مېۋە ـ چېۋىلەر قايتىدىن قويۇلدى. ئارۇپچان ئىلى ئالاھىدە ئاق ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىككى رومكا قۇيدى.

ـــ ھالاۋىدىن ئاكا، بەختىخان ھەدە، تەكلىپىمىزنى يەردە قويماي، يېڭى قۇرۇلغان ئۆيىمىزگە كەلدىڭلار، مانا خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇپتىمىز، ماھنۇر ئىككىمىزنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشىمىزغا كۆپ كۈچ چىقاردىڭلار، بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلدىڭلار، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز، ـــ دېدى ئارۇپچان سەل قورۇنۇپ، ـــ خۇشاللىقىمىزنى تەبرىكلەپ ئازراق ئىچىپ قويايلى، قېنى ھالاۋىدىن ئاكا، ئېلىڭ؟

ـــ بۇ تاشلىۋەتكەن، ئىچمەيدۇ، ـــ دېدى بەختىخان.

— تاشلىۋەتكىنىم راست، — دېدى ھالاۋىدىن ئىككىسىگە كۆ-
لۈمسىرەپ قاراپ، — لېكىن تۇرمۇشۇڭلارنىڭ ئەبەدىي كۆڭۈللۈك،
بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن، بىر-بىرىڭلارغا سەممىي، سادىق بولۇ-
شۇڭلار ئۈچۈن بىر-ئىككى رومكا ئىچىپ قوياي.

ئۇلار پاراڭغا چۈشتى. ئۆيدە شادلىق، كۆڭۈل ئازادىلىك، قىزغىن
كەيپىيات تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. رومكا ئىككى قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن،
ئۈچىنچى رومكىنى قولىغا ئالغان ھالاۋىدىن مۇنداق دېدى:

— ئىككىڭلار تەقدىر نېسىپ بولۇپ، بىر ئۆيدە ئۆتۈۋاتىسىلەر،
بىزمۇ بۇنىڭدىن خۇشال، بىراق ئەر-ئاياللار، بولۇپمۇ ياش ئەر-ئاياللار
تۇرمۇشىنى بىر يەردە، بىللە ئۆتكۈزگىنى ياخشى، شۇنداق بولسا،
ئائىلىنىڭ ئۇلى چىڭىيىدۇ، ئىناقلىق ئاشىدۇ، ئۇنداق بولمىسا «ئەلنىڭ
ئاغزى ئەللىك» دېگەن گەپ بار، ئويلىمىغان يەردىن سۆز-چۆچەك
تېرىلىدۇ، گۇمان تۇغۇلىدۇ، ياش ئەر-ئاياللاردا ئۇنىڭغا ئاسانلا ئىشىنىپ
قېلىش پەيدا بولىدۇ، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىمساق بولمايدۇ، قانداق دېدىم،
ئارۇپجان؟

— توغرا دېدىڭىز، مەنمۇ بۇنى ھېس قىلىمەن، ھالاۋىدىن
ئاكا، — دېدى ئارۇپجانمۇ قولىغا رومكىنى ئېلىپ، — ئەسلىدە مەن ما-
ھىنۇرغا غۇلجىدا ئاپام، ئىنىم بار، توي قىلغاندىن كېيىن ئۆيىنى غۇلجىدا
تۇتايلى، دېگەن. لېكىن ماھىنۇر غۇلجىغا ھەرگىز قەدەم باسمايمەن، دەپ
ئۇنىمىدى. ماھىنۇرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆيىنى مەشەدە تۇتتۇق. مەنمۇ
تىجارىتىمنى مەشەدە قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئەلۋەتتە بىللە تۇرغىنىمىز
ياخشى...

ئارۇپجاننىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بەختىخان ئۇنىڭ
سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— بۇ باش قاتۇرۇپ كېتىدىغان قىيىنمۇ ئىش ئەمەس، ئىنىڭىز
ئوقىتىنى غۇلجىدا قىلسا، سىز ئۈرۈمچىدە قىلسىڭىز، ئاپىڭىز قەيەردە تۇ-
رىمەن دېسە، شۇ يەردە تۇرسا بولىدىغان ئىشقۇ، بۇنى ئىنىككىلار
كېلىشكەنغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، ماھىنۇر؟

— شۇنداق . . . ــ قورۇنۇپ ئولتۇرغان ماھنۇر بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئاستا جاۋاب بەردى .

— مېنىڭمۇ ئويۇم شۇ ، — ئارۇپجاننىڭ قولىدىكى رومكا سۈس تىترەشكە باشلىدى ، — بۇ ئالدىمىزدىكى ھەل قىلىدىغان ئىشىمىز ، يېقىن ئارىدا ئىككى يەردە تۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ .

يېڭى توي قىلغان ياش ئەر - ئاياللار دېيەلمەيدىغان سۆزلەرنى بۈگۈن ھالاۋىدىن بىلەن بەختىخان دېگەنىدى . ئەمما ، بۇ سۆزلەر ماھە-نۇرنىڭ كۆڭلىدە تەكرارلىنىپ تۇرغان سۆزلەر ئىدى . ماھنۇرنىڭ ئارۇپجان بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ، ئەڭ خۇشال بولغان كۈنى بۇ-گۈنكى كۈن بولدى . ئەر - ئاياللىق تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى تۇنجى قېتىم سۈرمىگەن ماھنۇر ئارۇپجاندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلماي ياشاشنى كېچە - كۈندۈز ئويلاپ كەلمەكتە ئىدى .

مېھمانلار ئۇزاپ كېتىپ ، قاچا - قۇچىلار يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئارۇپجان بىلەن ماھنۇر تاكى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمىدى . ئا-رۇپجاننىڭ مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىنكى ماھنۇرنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان شېرىن مۇھەببەتلىك سۆزلىرى ، قىزغىن سۆيۈشلىرى ئۇنى ھو-شىدىن ئايرىلغۇدەك دەرىجىدە مەست قىلىپ قويدى . ئۇ ئەر - ئاياللىق تۇرمۇشنىڭ مۇنداقمۇ قۇدرىتى ، مۇنداقمۇ يېقىملىق مېھرى ، مۇنداقمۇ سېھرىي لەززىتى بولىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى . ئادەمنىڭ كۆڭلى نېمىدىن كۆتۈرۈلسە ، ياپىرىسا ، ئۇ ئۇنىڭ قەدرىنى شۇنچە قىلىدۇ . ماھنۇر بىللە ياشاش ، تۇرمۇشنى ئايرىلماي ئۆتكۈزۈشنىڭ قەدرىگە بۈگۈن بۆ-لەكچىلا يەتتى . بىر دەمدىن كېيىن ، ئۇ مۇشۇ شېرىن مىنۇتلار ئىچە ئۆزىدە مۇنداق ھېسسىياتنىڭ زادىلا قوزغىلىپ باقمىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى .

## 25

ئادەم شۇنداق خۇسۇسىيەتلىك : ھايات پەيزىنى سۈرگەندە ، تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ بەختلىك بولغانلىقىنى ھېس

قىلىدۇ ۋە مەڭگۈ بەختلىك بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. ھەقىقىي ئادەم باشقىلارنىڭمۇ بەختلىك بولۇشىنى، ئۆمرىدىن زارلانماي ئۆتۈشىنى تىلەيدۇ، ھەتتا بۇ يولدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ماھىنۇر بۇرۇنقى كۆڭلىرىنى، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەي، ھاياتقا مۇستەقىل قەدەم باسقان كۆڭۈلىرى بىلەن ھازىرقى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان كۆڭلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بەختلىك كۆڭلىرىم ئەمدىلا باشلاندى، دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سادىق، ھېلىقى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا ساتىدىغان بوۋاي، باللىرىنى بېقىش ئۈستىكىدە تىپىرلاپ ـ قاقشاپ يۈرگەن بىر نەچچە ئاياللار كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ قىسمەتلىرىدىن ئېچىنىپ، ئازابلىنىپ تولغاندى، ياشاش نېمىدېگەن ئېغىر ـ ھە... مەن ئۇلارغا قانچىلىك ياردەم قىلالىدىم؟...

قىلغانلىرىم ئاز، ئۇلارنى ئېسىمدىن چىقارماسلىقىم، ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم كېرەك. شۇ چاغدا ھەقىقىي ئادەم بولالايمەن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ماھىنۇر بۈگۈن بازار ئەھۋالىنى، سودا ـ تىجارەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن توپ سېتىش دۇكانلىرىنى ئارىلاپ ياندى. يولدا كېلىۋېتىپ ئەنە شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلار قاينىمىغا كىرىپ قالدى. شۇڭلاشقا ئالدىغا كەلگەن مۇنۇ قىزنى تاس قالدى تونۇماي قالغىلى.

— ماھىنۇر ھەدە!

ئۇ قىزغا قاراپ كەتتى:

— سىز...

— مەن گۈلپىيە ئەمەسمۇ، تونۇمايۋاتامسىز؟

— ھە، ھە، گۈلپىيە... تونۇۋاتىمەن، — ماھىنۇر ئۇنى تەستىكتە تونۇدى. ئۆزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇۋاتقىنىدا ھېلىقى كېچىسى ياتىقىغا قېچىپ كىرگەن، بىر كېچە قونۇپ چىقىپ كەتكەن، رېستورانلاردا ناخشا ئېيتىمەن، دېگەن قىز شۇ ئەمەسمۇ، بىراق ئۇ چاغدا بۇ قىز شۇنداق ئەركىن، تېتىك، مەگزىلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان قىز

ئىدى . ھازىر تېتىكلىكى يوقالمىغان بىلەن مەڭزىلىرىدىكى قىزىللىق يوقاپ كېتىپتۇ ، يۈزلىرى سېرىقداپ قاپتۇ ، چىرايى پەرىشان كۆرۈنىدۇ ، نېمە بولغاندۇ ؟

— سودىڭىزدىن زىيان تارتىپ قالدىڭىزمۇ نېمە ، — دېدى ئۇ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ ، — شۇنچىلىك خىيالدا قاپسىز . ئالدىڭىزغا كەلگەنلىكىمنى تۇيمىدىڭىز ؟

— سودامغۇ ياخشى ، ئېسىمغا بىر ئىشلار كېلىپ قالدى ، خىيال سۈرۈپ قاپتىمەنغۇ تاڭ . . .

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ، ماھىنۇر ھەدە . مەن سىزنى پات - پات ئەسلەپ قالىمەن .

— ياخشى ئۇكام ، مەنمۇ سىزنى ئەسلەپ تۇردۇم ، يوقاپلا كەتتىڭىز ، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ - يا ؟

— چىرايىمغا قاراپ شۇنداق دەۋاتامسىز - ھە ؟ ئاغرىپقۇ قالمىدىم ، دەرسلەر ئېغىرلىشىپ كەتتى ، يېنىشەلمەيۋاتىمەن .

— ئەمىسە رېستورانلارغا بارمايدىغان بوپسىز - دە ؟

— ياق ، ياق ، قۇشلارمۇ ئۆگەنگەن يېرىدىن كەتمەيدۇ دەڭە .

گۈلپىيە شۇنداق دېدى - دە ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ماھىنۇر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ھەم نەپرەتلىنىش ھەم ئېچىنىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . دەسلەپ ئۇ « دەرسلەر ئېغىرلىشىپ كەتتى » دېگەندە ، ماھىنۇر ئۇنىڭدىن ئۈمىدلەنگەن ، كېيىنكى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كىرگەن كوچىسى ، باسقان ئىزىدىن يانمىغانلىقىنى ھەم يانمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، بىر قىسما بولۇپ قالدى . « بەزىلەر ئىمغۇ نادان ، ئالدىنىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ، دېيلى ، مۇنۇ قىز ئوقۇغان ، ئاق - قارىنى پەرق قىلالايدىغان ، چۈشەنگەن ، ئاڭلىق تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتقان يەردە ، يامان يولغا كىرىپ كېتىش كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە ، ئاڭلىق ئىكەنلىكىگە قارىمايدىكەن - دە ، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ماھىنۇر تىت - تىت بولۇپ ، — بۇ قىزنى قانداق قىلىپ كىرگەن يولىدىن چىقىرىۋالغىلى ، قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولار . . . »

ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىۋاتىدۇ، ئەمما گۈلپىيە شۇنداق مەغرۇر تۇرىدۇ.

— بىزنىڭ ئۆيگە بىرىڭ، ھېلىقى ياتاقتىن كۆچۈپ كەتتىم، — دېدى ماھىنۇر كۈلۈمسىرەپ.

— «بىزنىڭ» دەيسىزغۇ، ئەرگە تەگدىڭىزمۇ نېمە؟

— ھەئە.

— كىمگە؟

— ئۆزۈمدەك سودىگەرگە.

— بولماپتۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇلار ئەسكى، ئالدامچى بولىدۇ.

— ياخشىلىرىمۇ باردۇ؟

— ياخشىلىرى ئاز، ئەسكىلىرى كۆپ، سىز بىلمەيسىز، ماھىنۇر ھەدە، بىز بارىدىغان رېستورانلارغا سودىگەر، ئوغرى - بۇلاڭچىلارمۇ كېلىدۇ. سودىگەرلەر ئادەمنى ئالداپلا تۇرىدۇ، ئۇلاردىن ئوغرى - بۇلاڭچىلار ياخشى، مەرد بولىدۇ، بىلىپ قالسىز، ئۇ سىزگە ئەسقاتمايدۇ.

— ئۇ يەرنىڭ ئەسكىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا بارىدىغانسىز؟...

— مەن ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئالساملا بولدى، قالغان ئىشلىرى بىلەن نېمە چاتىقىم.

گۈلپىيە ھېچقانداق قورۇنماي، قاش - كۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، چاڭىلداپ سۆزلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېغىزى سۆزدە بولسىمۇ، كۆزلىرى ئۇياق - بۇياقتا، كىشىلەرگە يالت - يۇلت قىلىپ قاراشتىن توختىمايتتى. ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە يىرگىنىشتىن كۆرە، مەگزىدىكى قىزىللىقنىڭ يوقاپ، چىرايىنىڭ خۇنۇكلىشىپ قالغانلىقىدىن ئۇنىڭغا ئېچىنىپ قالغانىدى، ھەي بىچارە قىز، شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— دەرسلەر ئېغىرلىشىپ كەتتى دېيىشىدىكىنىز، قانداق

ئۆلگۈرۈۋاتىسىز ؟

— ئۆلگۈرەلمەيمەن، شۇڭا سىنىپتىن چۈشۈپ تۇرىمەن.

— مۇنداق دەڭ.

— ئۆيىڭىزگە بارسام، ماڭا نەسىھەت قىلىسىز تايىنلىق، — دېدى گۈلپىيە سەل جىملىقتىن كېيىن كۈلۈپ.

— ئادەملەر بىر - بىرىگە كۆيۈنمىسە بولامدۇ ؟

— ماڭا كۆيۈنۈشمۇ، نەسىھەتمۇ ھاجەتسىز، سىزنىڭ ئويلىرىڭىز، گەپلىرىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە توغرا، چۈنكى سىز بۇرۇنقى قاراشتا قالغان، ئۆزىڭىزنى رېئاللىقتىن قاچۇرۇپ ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان، بېكىنىۋالغان ئايالسىز. مېنىڭمۇ ماڭغان يولۇم، دەۋاتقان گەپلىرىم توغرا، چۈنكى مېنىڭ ئىدىيەم ئازاد، ئەركىنلىكىمنى چۈشەنگەن، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىمنى نامايان قىلىۋاتقان قىزمەن. بىلىمەن، سۆزلىرىم سىزگە ياقمايدۇ، باشقىلارغىمۇ ياقمايدۇ، ئەمما بىر مەزگىل شۇنداق بولىدۇ. كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، خوش، ماھىنۇر ھەدە، مەن كەتتىم.

گۈلپىيە شۇنداق دېدى - دە، ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىشىنىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشىنىمۇ بىلمەي قالغانىدى. قانداق قىلغۇلۇق، بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلا - قىلمايلا ئاغزىمۇ تۇۋاقلاندى، ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ ئوي - خىيال، قاراشلىرىدىن شۇنچىمۇ يىراقلاپ كەتكەن قىزغا نېمىمۇ دېيىش مۇمكىن !

خاتىرجەمسىزلىككە چۈشكەن ماھىنۇر ئۆيى تەرەپكە ئاستا ماڭدى، ئەتراپىغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى. كوچىدىكى مىغىلدىغان ئادەملەر ئالدىراش ئىدى، كىچىك ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي غۇيۇلدايتتى. ئۇ ئۆزىدە ھارغىنلىق سېزىپ، ھارغىن قەدەملىرى بىلەن ئۆيىگە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، مۇنۇلارنى ئويلىدى: بېقىپ چوڭ قىلغان، ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقان ۋە ئۇيەردىن كاتتا بىلىملىك ئادەم بولۇپ كېلىدۇ، دەپ يولىغا كۆز تىكىپ تۇرغان ئاتا - ئانىسى قىزىنىڭ قورقۇنچلۇق يوللارغا كىرىپ قالغانلىقىنى، يىرگىنىشلىك ئوي - خىياللارغا چىرمىلىپ

كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندۇ تايىنلىق . . . نېمىدېگەن غەلىتە ئىشلار بۇ !
بىچارە ، يۈزلىرى گۆلدەك ئېچىلىپ ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان قىز ئىدى .
ھازىر يۈزلىرى سارغىيىپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ ، بۇرۇنقىدەكلا
چاقنىماپ سۆزلەپ تۇرسىمۇ ، پەرىشان كۆرۈنىدۇ . نېمە بولغاندۇ ؟
رېستورانىدا ئۆزىنى بىر بىلىپ ـ بىر بىلمەي ئۆتكۈزگەن مىنۇتلىرى ، يان-
چۇقىغا تاراقلاپ چۈشۈپ تۇرغان پۇللار ئۇنى ئېغىر ئاياغ قىلىپ
قويغانمىدۇ ؟ . . . يېقىندىن بېرى ھېلىقى ئاق تاماكا دېگەن ئېزىتقۇنى
قىزلاردىنمۇ چېكىپ يۈرگەنلەر بار ئىكەن ، ئۇنى چەككەنلەرنىڭ چىرايى
خۇنۇكلىشىپ كېتىدىكەن ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغىنىم ، شۇنىڭغا ئۆگى-
نىپ قالدىمۇ ـ يا . . . ياڭاللا خۇدايىم ، ئادەملەرنىڭ قىلمىغان يەنە
قانداق ئەسكى ئىشى قالغاندۇ ؟ . . . بۇ قىز بالا ئەمەسمۇ . . . راست ، مەنمۇ
ئەسكى ئىش قىلغان ، ئېرىم تۇرۇپ بىر يىگىت بىلەن كۆڭۈل ئاچقان ،
ئەمما مەن ئەسكى ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېنىق بىلەتتىم ، بۇ قىزچۇ ؟
ئۆزىنىڭ ئەسكى ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ، شەرمەندە يولغا كىرگەنلىكىنى
توغرا ئىش قىلىۋاتىمەن ، دەپ بىلىدىكەن . بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئىش
بولامدۇ ؟ !

※ ※ ※

ماھىنۇر ئىشىكنى ئالدىغا كەلدى ـ دە ، قۇلۇپنى ئېچىپ ئۆيگە
كىردى . چۈش بولاي دەپ قالغانىدى . ئۇ تاپىسىدا سالپىيىپ بىردەم
ئولتۇردى ـ دە ، تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى . لېكىن ئۇنىڭ قوللىرى
كۈندىكىدەك چاققان ئەمەس ئىدى . خىيالى چېچىلىپ كەتكەن ،
مەيۈسلۈككە چۆكۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆز ئىشىنى كۆڭۈل قويۇپ قىلىشى
قىيىن . ئۇ گۇرۇچ يۇيۇۋاتقان چاغدىمۇ ، سەۋزە قەلەم قىلىۋاتقاندىمۇ
گۈلپىيەنىڭ بايىقى سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە غۇڭۇلداپ تۇردى . شۇڭا ئۇ
قازاندىكى ئېزىغان مايغا گۆشنى سالماي تۇرۇپلا سەۋزىنى سېلىۋەتتى ۋە
سەۋزىنى قۇرۇك قورۇمايلا سۇ قۇيۇۋەتتى . بىر ئادەمنىڭ قىڭغىر يولغا
كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى توسۇپ قالالماسلىقتىن تۇغۇلغان

ئازاب ماھىنۇرنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنى خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

خەيرىيەت، ئوخشىسۇن ـ ئوخشىمىسۇن تاماقمۇ تەييار بولدى. ئارۇپىجانمۇ دەل ۋاقتىدا كىرىپ كەلدى. شىرە قويۇلۇپ، داستىخان سېلىندى ـ دە، بىر تاۋاق پولۇ ئارۇپىجانىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ئەمما ماھىنۇر شىرەگە كەلمەي، بىر تەخسە پولۇنى داستىخانغا ئوراپ، دۇكاندا سودا قىلىپ ئولتۇرغان سادىققا ئېلىپ كەتتى. ئۇ تاماقنى سادىققا يېگۈزۈۋېتىپ قايتىپ كېلىپ، ئاندىن تاماققا ئولتۇردى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپ، ساراي ئۆيدە بېشىغا ئىككى ياستۇقنى قويۇپ سوزۇلۇپ ياتقان ئارۇپىجانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلپىيەنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۇنى مەيۈسلۈككە سېلىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئېرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ھېسسىياتلىرى قوزغىلىپ، چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلىپ، ئەمما بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك قولىنى ئاستا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئارۇپىجان ماھىنۇرنىڭ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ياخشى كۆرۈپ، كۆڭلىدىن ـ كۆڭلىگە بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆزىنى ئاستا يۇمدى. ماھىنۇر بىردەملىك ئىككىلىنىشتىن كېيىن، جۈرئەت قىلىپ بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە ئاستا سۆيۈپ قويدى. لېكىن ئارۇپىجان يۇمۇۋالغان كۆزىنى ئاچمىدى. ماھىنۇر ئىككىنچى قېتىم قاتتىقراق سۆيگەندە، ئۇ كۆزىنى ئاچتى.

— ئارۇپىجان، — دېدى ئۇ مۇلايىم قىياپەتتە سەل قورۇنۇپ، — بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرىمىز؟

— قانداق يۈرۈپتىمىز؟

— مەن بۇ يەردە، سىز ئۇ يەردە.

— كېلىپ تۇرۇۋاتىمەنغۇ.

— ئايدا ـ يىلدا بىر كەلسىڭىز ھېسابمۇ؟

— ئاستا ـ ئاستا بۇ يەردە كۆپرەك تۇرىمەن.

— ئەسلىدە، ئىككىمىز ئوقتىمىزنى يا غۇلجىدا، يا ئۈرۈمچىدە

قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، بىراق مەن سىزگە غۇلجىغا بارمايمەن، ئۇرۇمچىدىن قوزغالمايمەن، دەپ ئوچۇق ئېيتقان، سىزمۇ قوشۇلغان، شۇنداقمۇ دەيمەن؟

— شۇنداق بولغان.

— سىز مېنىڭ يولدىشىم، كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتاي، — دېدى ماھىنۇر سەل رەنجىگەن ئاھاڭدا، — مەن ياش، سىزمۇ ياش، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇرۇمچىدە بىر كۈن تۇرسىڭىز، غۇلجىدا بەش كۈن تۇرۇۋاتىسىز، ئېيتىڭا، تۇرمۇش خۇۋلۇقىنى كۆرمەي مۇشۇنداق ئۆتەمدىق، مۇشۇمۇ تۇرمۇش بولدىمۇ؟

— گېپىڭىز توغرا، — ئارۇپجان كۈلدى، — بىراق بىر - بىرىمىزنى سېغىنىشىپ ئۆتسەك، تۇرمۇشىمىز مۇستەھكەم بولامدىكىن دەيمەنا...

— چاقچاق قىلماڭ، راست گەپنى قىلىۋاتىمەن.

ئارۇپجان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىغا سەل - پەل ئەندىشە ئۇچقۇنلىرى يېيىلدى. ئۇ ماھىنۇرنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان خاپىلىق، مەيۇسلۇكنى يوقىتىپ، ئۇنىڭدا ئۈمىد - ئىشەنچ پەيدا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئاپاملار مېنى ئۆيلەيمىز، دەپ ئۇياق - بۇققا قاترىدى، چاپتى، ئۆتكەندە سىزگە ئېيتقىنىمدەك، تاپقان لايىقلىرىغا كۆڭلۈم چۈشمىدى، بىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭمۇ بىرەرسىگە كۆزۈم چۈشمىدى. ئۇرۇمچىگە كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ، سىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن سىزگە ئۆيلەندىم. مېنىڭ ئويۇم مۇنداق: ئاپاملارغا ئاۋۋال ئۆيلەنگەنلىكىمنى ئېيتىمەن، بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن.

— تېخىچە ئېيتمىدىڭىزمۇ، — ماھىنۇر ھەيران قېلىش نەزىرىدە ئارۇپجانغا تىكىلىپ قارىدى.

— ئۇدا بارغاندا ئېيتىمەن.

— سىز ئۇلاردىن يوشۇرۇنچە توي قىپسىز - دە؟

— ئۇلار قارشى چىقمايدۇ ، ئاپام ئۇرۇمچىدىن بولسىمۇ ئۆيلەنسەڭ مەيلى ، بىز يۇرتقا توي چىيى بېرىۋەتسەك بولىۋېرىدۇ ، دېگەن .

— ھەر ھالدا ياخشى قىلماپسىز . . .

— بۇنىڭ ئەنسىرىگۇدەك يېرى يوق .

— ئەگەر ئاپىڭىز ئۇنىماي تۇرۇۋالسىچۇ ؟ — ماھىنۇر سوئال نەزىرىدە ئارۇپىجانغا يەنە تىكىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەقىقەتەنمۇ ئەندىشىلىك گۇمانلار كېزىپ يۈرەتتى . لېكىن ئارۇپىجان دەرھال جاۋاب بەردى :

— ئىنىمنى ئۆيلەپ قويساق ، دۇكان ئايرىپ بەرسەم ، ئاپام خالىسا غۇلجىدا ، خالىسا ئۇرۇمچىدە تۇرسا ، بۇنىڭ نېمىسىگە « ياق » دەيدۇ ؟

ماھىنۇر ئارۇپىجاننىڭ گەپلىرىگە قايىل بولۇپ قالدى :

— بۇ ئۆيىڭىزمۇ بولىدىكەن .

— سىز قانداق قارايسىزكىن ؟

— مەنغۇ ئانىغا زار ، ئاپىڭىز بىز بىلەن بىللە تۇرسا بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن دەڭە .

ئىككىسى بىر - بىرلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن خاتىرجەملىنىپ قالدى . كۆڭۈلگە كەلگەن ئەندىشىلەرمۇ يىتتى .

— ئەمما بۇنىڭغا بىر مەزگىل كېتىدۇ - دە ، — دېدى ئارۇپىجان ياستۇققا قايتا باش قويۇپ .

— بوپتۇ ، كۈتەيلى ، بىر مەزگىل ئۆتسۇن ، — دېدى ئۇمۇ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ .

ماھىنۇرمۇ ياستۇقنىڭ بىر چېتىگە باش قويدى . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ، كۆزلەر ئوچۇق ، ھەر ئىككىسى تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى . ئەلۋەتتە ئىككىسى بىر - بىرلىرىنىڭ نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ . ھازىرچە بىز ماھىنۇرنىڭ خىيالىنى ئايان قىلىپ تۇرايلى :

— ئارۇپىجان ؟

— ھە .

— نېمه ئويلاۋاتىسىز ؟
— سىزچۇ ؟
— مەن مۇنداق قىلساق دەيمەن ، — ماھىنۇر بېشىنى كۆتۈردى ، — ئىككىمىز ھەممە پۇللىرىمىز ، ماللىرىمىزنى قوشۇپ يوغانراق بىر دۇكان ئاچساق ، سىز بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، مال يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز ، سادىق ئىككىمىز دۇكاندا ئولتۇرۇپ سودا قىلساق ، يېتىشمىسەك ئادەم ئالساق ، قانداق دەيسىز ؟
ماھىنۇرنىڭ بۇ ئويى ئارۇپجانغا تازا ياقتى ، ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرگەن بولسىمۇ ، خۇشاللىقىنى بىلىندۈرمىدى .
— بۇ ئويىڭىزغۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ ، بىراق مېنىڭ بىر خىجىلچىلىقىم بار .
— نېمە خىجىلچىلىق ؟
— مېنىڭ سىزچىلىك دەسمايەم يوق ، ئارىلىقتا بىر زىيان تارتىپ كەتتىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنىمگە دۇكان ئايرىپ بەرسەم ، ماڭا ئانچىلىك قالىدۇ ، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىمىسام قانداق بولىدۇ ؟
ماھىنۇر كۈلدى :
— قىزىق ئويلايدىكەنسىز ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمدى « ئاز » ، « كۆپ » دېگەن پەرقلەر مەۋجۇت بولماس ، مەيلى كۆپ بولسۇن ، مەيلى ئاز بولسۇن ، سىزنىڭ مېنىڭ ، مېنىڭ سىزنىڭ ئەمەسمۇ ، قانداقلارچە « ئاز » ، « كۆپ » دېگەنلەرنى ئېغىزىڭىزغا ئېلىپ يۈرىسىز ؟
— يېقىنراق كېلىڭە ، ئاشۇ ئېغىزىڭىزغا . . . — ئارۇپجان ماھىنۇرنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيمەكچى بولۇۋىدى ، ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى :
— قىلىن . . .
كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئارۇپجانغا ماھىنۇر مۇنداق دېدى :
— بۈگۈن خەلق تىياتىرىدا كونسېرت بار ئىكەن ، كۆرۈپ كېلەيلىچۇ ؟

— قەيەرنىڭ ئىكەن ؟
— غۇلجىنىڭ .
— غۇلجىنىڭكىنى مەن كۆپ كۆرگەن .
— مەن كۆرمىگەن .
— يېڭىلىقى يوق ، ساپ كونا نومۇرلار ،
— نېمىلا بولسا مەيلى ، مەن كونسېرت كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى ، يۈرۈڭە ؟

— نېمە بولدىمىكىنتاڭ ، بۈگۈن ھېرىپلا تۇرىمەن ، يېنىم يەر تارتىپ تۇرىدۇ ، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، يېنىچە ياتتى . ماھىنۇرمۇ ئارتۇقچە زورلاپ كەتمەي ، ئۇنىڭ رايىغا باقتى . لېكىن ، كۆڭلىدە بىر ئاز خاپا بولدى ، بۇ ئۇلار توي قىلغاندىن بېرى ماھىنۇرنىڭ ئارۇپجانغا قويغان بىرىنچى قېتىملىق تەلىپى ئىدى . ئۇ رەت قىلىندى . بىراق ماھىنۇر خاپىلىقىنى بىلىندۇرمىدى .

كەچتە ئىككىسى تاتلىق ـ تۇرۇملار بىلەن سىنچاي ئىچىشىپ ، تېلېۋىزوردا بېرىلگەن كونسېرت ـ كۇلدۇرگىلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى . ماھىنۇرنىڭ خاپىلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى .

## 26

ئۇيغۇرلار بازار ئارىلاشقا ئامراق ، ئېھتىياجى بولمىسىمۇ بازار ئارىلاشنى ياخشى كۆرىدۇ .

مانا بۇ تۆت كوچا دوقمۇشىدا ئادەملەر مىغىلدايدۇ . باشقا بازارلارنى ئارىلاپ يۈرگەنلەر ئاخىر مەشەگە كېلىپ توختايدۇ ۋە تۆت ئەتراپىغا كۆز تىكىپ تاماشا قىلىدۇ . ماگىزىنلاردا ، چوڭ ـ چوڭ دۇكانلاردا تېپىلمايدىغان ماللار ، كۇندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەر بۇ يەردە تېپىلىدۇ . ئېزدەپ يۈرگەن ئادەملەرنىمۇ مەشەدە تاپقىلى بولىدۇ . بۇ قايناق بازارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى كۆچلۈك ، ھەرخىل مال ساتىدىغان ئۇقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراشلىرى قۇلاقنى

ياردۇ. كىنوخانىنىڭ ئېلان تاختىلىرىمۇ جەلپكار كۈچكە ئىگە. كۆكسىلىرى، چوڭ يانپاش ـ كاسىلىرى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلگەن چىرايلىق قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى كىنوخانىنىڭ ئېلان تاختىلىرىغا ئېسىلىدۇ. بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ، پىچىرلىشىپ يۈرگەن ئەر ـ ئاياللار، «كۆڭۈل بېرىش» كە، «كۆڭۈل ئېلىش» قا چىقىلانلارمۇ بۇ يەردە تۇرغۇن. توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە تېپىلىدىغان، كېچە ـ كۈندۈز ئۆز ئاۋات ـ قايناقلىقىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بۇ بازارنى كىشىلەر «ئەۋلىيالارنىڭ نەزىرى تەگكەن يەر» دېيىشىدۇ.

ئىككى كۈندىن بېرى، بۇ قايناق بازاردا ئىككى ئايال پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇشۇ بازاردىكى باشقا ئاياللاردەك نان، شىمشىكا ـ پۇرچاق، ئۆپكە ـ ھېسىپ ساتمايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ بىلىكىدە ئوقەتچى ئاياللاردەك كونا ـ يېڭى كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ يوق. ئىككىسى لاغايلاپ يۈرىدۇ. بەزىدە تۆت ئەتراپىغا دىققەت قىلىپ قاراپ ـ قاراپ قويىدۇ. بىر قارىساڭ ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك، ئىشى يوق بىكار ـ تەلەتلەردەك قىلىدۇ، بىر قارىساڭ بىرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك، مۇھىم بىر ئىشى باردەك كۆرۈنىدۇ. ئىككىسى تاماققا ھەرگىز بىللە بارمايدۇ، بىرى كەتسە، بىرى قالىدۇ، كەتكىنى كەلگەندىن كېيىن، قالغىنى بارىدۇ. لېكىن بۇلارغا ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشكىنى يوق، چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ نەزەر ـ كۆزى چۈشكۈدەك ئاياللارمۇ ئەمەس. بىرىنچىسى ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، كۆككۆچ يوغان كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان، قاتاڭغۇر يۈزلىرىنى يول ـ يول قورۇقلار بېسىپ كەتكەن قىرىق بەش ـ ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئايال. شۇنداقلا قاراپ قالغان ئادەمدە قورقۇنچ، ئەندىشە پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىرسى پاكىنەك، توغرىلىق، سېمىزلىكىدىن ئېڭىكىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. چېقىر كۆزلىرى كىچىك بولسىمۇ، يېنىپ تۇرىدۇ. پاناق بۇرنىنىڭ ئۇچى نېمىشقىدۇر كېسىۋېتىلگەن. ئۇمۇ ئېگىزى بىلەن دېمەتلىك. ئۇنىڭغىمۇ قارىغان كىشىنى سۈر باسىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىنمۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىنمۇ مەينەت ـ پاسكىنىچىلىق يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئارىلاپ نېرىراقتا تۇرغان زىلۋا بويلۇق، بۇرۇنلىرى

ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق، پۈتۈن تۇرقىدىن پاكىزلىق بىلىنىپ تۇ-رىدىغان ياش بىر ئايالغا قاراپ - قاراپ قويىدۇ. بۇ ئىككىسى غەمسىز - پەرۋاسىز يۈرگىنى بىلەن زىلۋا بويلۇق ياش ئايالنىڭ چىرايىدىن جىددىي-لىك، تاقەتسىزلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇلاردا مۇشۇ روھىي ھالەت - قىياپەت داۋاملىق ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىككى كۈن مۇنۇ ئىككى ئايالغا ئۇزاق بىلىنمىگىنى بىلەن ياش، چىرايلىق ئايالغا بەكمۇ ئۇزاق بىلىنمەكتە ئىدى. ئىلاجى يوقكى، ئۇلار مەشەدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

مەشەدە، مۇشۇ قايناق بازاردا تۇرۇش مانا ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويىدى. ئۇلار كەتكىنى يوق، كېتىدىغاندەكمۇ ئەمەس. مانا چۈش بولدى، چۈشتىنمۇ ئۆتتى. ياش، زىلۋا بويلۇق ئايالنىڭ تاقەتسىزلىنىشى چېكىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ كۈتكەن مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى. شەرق تەرەپتىكى كوچىدىن چىرايلىق ياسانغان ماھىنۇر كۆرۈندى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ ئاۋات بازارنىڭ ئىچىگە كىردى. نەق شۇ چاغدا ئۆزىگە قارىغان ئىككى ئايالغا ھېلىقى ياش ئايال «ئاشۇ شۇ» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئىككىسى ماھىنۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— توختىسىلا چىرايلىق، ماھىنۇر خانىم سىلى بولامدىلا، — ئېگىزرەكى بىر قىسما قىياپەتتە ھىجايدى.

— ھەئە، مەن ماھىنۇر، — ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇرقى - ئەلپازىدىن قورقۇپ كەينىگە ئاستا داجىدى.

— قاچاي دەمدىلا، قورقىدىغان ئىشتىن قورقماي، ئەجەب بىزدىن قورقىدىكەنلا گۈزەل خانىم...

— مەن سىلەرنى تونۇمىدىم، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — ماھىنۇر ھەم ھەيران قېلىش، ھەم غەزەپ تۇيغۇسىدا ياندى.

— ھېلى تونۇپ قالىدىلا، بىلىپ قويسىلا، بىز بۇزۇقلارنىڭ جىنىنى ئالىدىغان جەبرائىل!

— ئەمىسە بۇزۇقلارنىڭ ئالدىغا بېرىشامسەن!...

— بۇزۇق ئالدىمىزدا تۇرسا، يەنە قايسى بۇزۇقنىڭ ئالدىغا باراتـ

تۇق ـ ھە ؟

ماھىنۇر غەزەپتىن تىترەپ كەتتى ، « بۇزۇق » سۆزىنى ئاڭلاپ نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولدى ، يۈزلىرى چىمىلدىدى .

ـــ كىم بۇزۇق ؟ . . . نېمە دەيدۇ مۇنۇ مەينەتلەر . . . ـــ نومۇسلىنىش تۇيغۇسى ماھىنۇرنى بۇ يەردىن كېتىشكە ئۈندەپ تۇراتتى . ئۇ ئۇلار بىلەن تەگىشىشنى ئارتۇقچە ئىش بىلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى ، پاكار بويلۇقنىڭ دىقماق بارماقلىرى ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى .

ـــ كىم مەينەت ؟ سېنىڭدەك شاپاقچىنى مەينەت دېسە بولىدۇ ، خەقنىڭ ئېرىنى ئازدۇرغاننى شاپاقچى دەيمىز ، ئۇقتۇڭمۇ شاپاقچى !

ـــ مەن كىمنى ئازدۇرۇپتىمەن ، توۋا خۇدايىم ، نېمانداق تۆھمەت قىلىدۇ مۇنۇ ئەسكىلەر .

ـــ ئەسكى ؟ ئەسكى دېگەن سېنىڭدىن ئاشامدۇ ، ئەسكى بولغىنىڭ ئۈچۈن خەقنىڭ ئېرىنى تارتىۋالغانسەن . . .

سېمىز ئايال ماھىنۇرنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى ، ئېگىزى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قولىنى تىقتى . بۇ ۋاڭ ـ چۇڭ بولۇۋاتقان يەرگە كىشىلەر توپلىنىشقا ۋە بۇ تاماشىنى كۆرۈشكە باشلىدى . ئۇنى ئۇرۇش ، نوقۇشلاشتۇرۇش ، سىلكىش ، تىللاشمۇ باشلاندى . ماھىنۇر نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالغاندى . بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق ئالامەتلەرنىڭ سەۋەبىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قېلىۋاتاتتى . ئۇرۇش ، سىلكىش ، نوقۇشلاشتۇرۇش ئارىلىقلىرىدا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن تىل ـ ئاھانەتلەر ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى :

ـــ خەقنىڭ ئېرىنى بۇزۇپ تەگكىنىڭگە تويدۇڭمۇ جالاپ !

ـــ ئۇششاق باللارنى يېتىم قىلغىنىڭغا تويدۇڭمۇ بۇزۇق !

ـــ بىلىپ قوي ، شاپاقچىنىڭ كۈنى مۇشۇنداق بولىدۇ !

ـــ ۋۇي ئەرگە تويمايدىغان قانجۇق .

توپلىشىپ تۇرغان ئەرلەردىن بىر ـ ئىككىسى جېدەلنى باسماقچى بولۇپ ، ئىككى ئايالنى بولدى قىلىشقا ئۈندىدى :

ـــ بولدى قىلىڭلار ئەمدى ، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ، گەپ بىلەن

تۆگەتكىلى بولىدىغۇ . . .

— ئۇرۇۋېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار يەنە . . .

ماھىنۇر يىقىلىپ چۈشكەندى . ئۇنىڭ كاللىسىدا « نومۇس — نومۇس » دېگەن بىرلا سۆز تەكرارلىنىپ تۇراتتى . شۇڭلاشقا ئۇ يۈزىنى ئېتىپ داۋام يېتىۋالدى . لېكىن ، تاياقنىڭ تېگىۋاتقان — تەگمەيۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى . ئۇلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە ئايالنىڭ سۆز-لىرى ئەرلەرنىڭكىدىن باشقىچە بولدى :

— ئۇرۇڭلار ، تازا ئەدىپىنى بېرىڭلار ، ئەرلەرنى بۇزىدىغان مۇنداق رەسۋالارغا بۇ تېخى ئاز .

— مۇنداق شەرمەندىلەرنى ئايىماسلىق كېرەك ، قانچىلىك رەسۋاسى چىقسا شۇنچىلىك ئىبرەت بولىدۇ .

— بۇزۇقلارنى خەلقئالەم تونۇسۇن .

— ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش كېرەك .

بىر — ئىككىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈكۈردى :

— تۈفى بۇزۇق !

— ئۆل قانجۇق !

— ئۆزىچە ئىزا تارتىپ داۋام يېتىۋالغىنىنى بۇنىڭ !

ھېلىقى سېمىز ئايال داۋام ياتقان ماھىنۇرنى چېچىدىن سىقىمداپ تۇتۇپ تارتىپ ئۆرە قىلدى . ئۇنىڭ ئېغىز — بۇرنى قاناپ ، تاتىلانغان يۈزلىرىگە توپا — چاڭ يۇقۇپ ، چاچلىرى يۇلۇنۇپ ، ئېچىنىشلىق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى ، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپمۇ قالدى :

— بىچارە ، ئەجەب قىپتا . . .

— ئازمايدىغان ئادەم يوق .

ئېگىز بويلۇق ئايال ۋارقىرىدى :

— مانا خالايىق ، تونۇۋېلىڭلار ، خەقنىڭ ئېرىنى بۇزۇپ تەگكەن ماھىنۇر رەسۋا مۇشۇ بولىدۇ .

ئۆزىنى بىر بىلىپ ، بىر بىلمەي قالغان ماھىنۇرنىڭ قانسىز لەۋلىرى ئاستا مىدىرلىدى :

ـــ مەن ئارۇپـجانـنى . . . بۇزمىغان . . . ئۆزى ئايالىم يوق . . . بىر تاللا بالام بار . . . دېگەنىدى . . .

ـــ مانـا مـەن ئارۇپـجـانىنىڭ ئايالى ! ـــ توپىنىڭ ئىچىدىن ھېلىقى زىلۋا بويلۇق ئايال ۋارقىرىدى ، ـــ خىيال ئەيلىمە ، ئۇنى ساڭا تارتقۇزۇپ قويمايمەن !

ھېلىقى ئىككى ئايالمۇ ۋارقىرىدى :

ـــ بىزىرىپ تۇرىسەنغۇ ، ئەدىپىڭنى يەپ بولدۇڭ ، يوقال بۇ يەردىن !

مەگدەپ قالغان ماھىنۇر بۇرۇلۇشىغا بىرسى ئىتتەردى ، يەنە بىرسى تەپتى . ماھىنۇر سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ توختاپ قالدى ـ دە ، كەينىگىمۇ قارىماي ، ھالسىز ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكىدى . يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ، كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ ، قالغان يەرلىرىنى ياغلىقىغا ئوراپ ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھالسىراپ كەتكەنلىكىنى ، نەگە ماڭغانلىقىنى بىلمەيتتى ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ئەمما ، بارغانسېرى ئىتتىكلەپ ماڭماقتا ئىدى . بىر چاغدا ئۇ تۆت ئەتراپىغا سەپسېلىپ قاراپ ، ئۆزىنىڭ ئوچتاشقا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى ـ دە ، قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى . يولدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكۈچىلەر كىيىم ـ كېچەكلىرى توپا ـ چاڭ ، يۈزىنى ئېتىۋالغان بۇ ئايالغا غەلىتە نەزەر بىلەن تىكىلىپ قاراپ قويۇشاتتى . لېكىن ، ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بايقىماس ئىدى . كاللىسىغا كىرىۋالغان ھەر خىل ئوي ـ پىكىرلەر بىر ـ بىرى بىلەن جىددىي ئېلىشماقتا ئىدى . ئۇ شۇ ھالدا نېمە قىلىشىنى ، بۈگۈنكى دەھشەتلىك كەلكۈن كەلگەندەك ئېغىر ئىشنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش ، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ھەل قىلالماي ئاخىر كەينىگە بۇرۇلدى .

ئۇ قاياققا ماڭغاندۇ ؟ ئۇنىڭ خىيالىغا خوجايىن ئايال بەختىخان كېلىپ ، شۇ ياققا ماڭغان ئوخشايدۇ . راست ، ئەنە بەختىخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىپ باردۇ . قەدەملىرى ئىتتىك ـ ئىتتىك تاشلانماقتا . ھېلى بولۇپ ئۆتكەن قورقۇنچلۇق ، چۆشتەك ئىشلارنى ئويلىمىغىنى ياخشى ،

ئويلىسىلا ئىسىدىن كېتىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىشلارنى ئويلىماسلىقىقا تىرىشىپ ماڭماقتا. بىراق تۇرۇپ - تۇرۇپ سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ...

ئۇ بەختىخاننىڭ ئۆيىگە يېقىنلىماقتا، يېقىنلاشقانسېرى ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىگە يىغا ياماشقىلى تۇردى. پۇت - قوللىرىدا جان قالمايۋاتىدۇ... «بەختىخان ھەدەم ئۆيدە بولسىلا بولاتتىغۇ، بولمىسا قانداق قىلارمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەنە، كوچىسىغا بۇرۇلدى، تۆمۈر دەرۋازىغا يېقىنلاپ كەلمەكتە. خۇدايا شۈكۈر، دەرۋازا ئوچۇق ئىكەن، ئۇ قورۇغا كىردى، ياغلىقىنى يەشتى، ئۆزىنى چىڭ تۇ-رۇپ تۇتۇۋالمىغان بولسا، ھويلىدىلا «پاڭگىدە» ئېتىلىپ كەتكەن بولار ئىدى.

ئۇ ئىشىكنى ئىتتىك ئاچتى. بەختىخان يالغۇز، تاپىسىدا ئولتۇرۇپ تاۋۇز يەۋاتقانىكەن. ئۇ ماھىنۇرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— بەختىخان ھەدە! — ماھىنۇر بەختىخانغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاشقا باشلىدى. بەختىخان ماھىنۇرنى ئاغزى - بۇرنى قان، كىيىم - كېچەكلىرى توپا - چاڭ ھالدا كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ئالاقزادىلىككە چۈشتى. ئۇ شۇنچە يىل يەككە - يېگانە يۈرۈپ، ئەمدى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ خاتىرجەملىنىپ قالغاندا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولۇپ، خۇشال - خورام يۈرۈۋاتاتتىغۇ... ياكى بىرەر پېشكەللىككە يولۇققانمىدۇ؟... ئۇنىڭ ئويىغا يەتمىگەن ئويلار يەتتى.

— ئېيتىقىنا، نېمە بولدۇڭ، ئۆيۈڭدە جېدەل چىقتىمۇ، ئېرىڭ ئۇردىمۇ - يا؟

ماھىنۇر بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى.

— يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ - يا؟... ياق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — يىقىلىپ چۈشكەن ئادەم مۇنداق ھەسرەتلىنىپ يىغلىمدۇ...

ھەسرەتلىك يىغان ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان ماھىنۇر بېشىنى

كۆتۈرۈپ ئۇلتۇردى. لېكىن يىغىدىن توختىغىنى يوق، يەنىلا ئۆپكىدەپ يىغلىماقتا ئىدى. بەختىخان ئورنىدىن تۇردى - دە، لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ كېلىپ ماھىنۇرنىڭ يۈزىدىكى قان داغلىرىنى، توپا - چاڭلارنى سۈرتتى. ئۇنىڭ كالپۇكىمۇ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

— ئېيتقىنا زادى، نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا مۇنچىلىك بولۇپ كەتتىڭ؟ — بەختىخان تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى.

— ئارۇپجاننىڭ ئۆلجىدا ئايالى بار ئىكەن...

— نېمە!... نېمە دېدىڭ؟ — بەختىخان تۇيۇقسىز ھەرە چېقىۋالغاندەك ۋارقىرىۋەتتى.

— راست شۇنداق ئىكەن، — دېدى ماھىنۇر يىغا ئارىلاش، — ئايالى مەشەگە كەپتۇ، مېنى كوچىدا تۇتۇۋېلىپ ئىككى لۈكچەك ئايالغا ئۇرغۇزدى.

— ماۋۇ ئىشنى... — بەختىخاننىڭ گۆشلۈك يۈزى لىپىلداپ، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتتى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان غەزەپتىن بۇغداي ئۆڭ چىرايى قارىداپ، بارقاملىرى كىرىشتى، — سېنى ئالدىغان ئېرىنى ئۇرغۇزماي، ئەجەب سېنى ئۇرغۇزىدىكەنا! بوزەكنى تاپسام، ئۇنى ئانىي تاپسام بوپتۇ - دە، — بەختىخان يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قېنى ئۇلار، قەيەردە ئۇرغۇزدى؟

— تۆت كوچا دوقمۇشىدا...

— توختاپ تۇر، — دېدى بەختىخان جالاقلاپ تىترەپ ۋە مېڭىشقا تەمشىلىپ، — ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام، مېنىڭ قانداقلىقىمنى سەن بىلىسەنغۇ، كۆرىدۇ...

— ئۇلار ئاللىقاچان كەتكەندۇ، بۇچاغقىچە قاراپ تۇرامدۇ، — دېدى ماھىنۇر كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئۇنىڭ ياشلىرى توختىماي قۇيۇلماقتا ئىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا... شۇ يەردە مېنىڭ بولماي قالغىنىم، ئىسىت - ئىسىت... ھېلىغۇ ئىككى لۈكچەك ئىكەن، بەش بولسىمۇ ئىگەكىم...

— شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا بۇزۇۋەتتىن - بۇزۇقچا سېلىپ تىللاپ

كەتكىنى ، خەقنىڭ ئىرىنى بۇزۇپ تەگكەنمۇ بولدۇم ، دۇنيادىكى ئەڭ رەسۋا ، شەرمەندە ئادەممۇ مەن بولدۇم ، يەر يېرىلمىدى ، مەن كىرمىدىم ، ئۆلمىدىم ، ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم ، — ماھىنۇر يەنە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى ، دەرد ـ ئەلەم ، تۆھمەت ئۇنىڭ ئاھۇ زارىنى ، نالىسىنى ئۆرلەتـ مەكتە ئىدى ، — بۇ بېشىمنى ئەمدى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن ، رەسۋا بولۇپ ئۆرە يۈرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ . . . ئەي خۇدا ، پېـ شانەمگە شۇنچىمۇ خورلۇق ، بوزەك بولۇشلارنى يازغانمىدىڭ ، ھالال ئىشلەپ كېلىۋاتاتتىمغۇ ، قايسى گۇناھلىرىم ئۈچۈن مېنى بۇنچىلىك خورلاۋاتىسەن ؟ . . . ماڭا ياشاشنى راۋا كۆرمەيۋاتامسەن ؟ . . . ماھىنۇر ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىر بىلىپ ، بىر بىلمەيتتى .

— خۇدا ، خۇدا دەيدىكەنسەن ، سېنى بوزەك قىلىپ خورلاۋاتقان خۇدا ئەمەس ، ئادەم !

دەرد ـ ئەلەم ، خورلۇق ئۆزىنى باشقۇرالماي قالغان ، مەيۈسلۈككە چۈشكەن ، يۈرىكىنى زېدە قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ بېشىمى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئادەمگە يولۇقسا تېخىمۇ ئەدەيدۇ ھەم ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ ، ياشاشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ . ماھىنۇرغا مۇنۇ ۋاڭ ـ چۇڭلۇق دۇنيا ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ياشىمۇ ، مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەرمۇ يىرگىنىشلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ ياـ دىنى ئۇنىڭدىن يىراقلا قۇتۇلۇش ئىستىكى ئىگىلىدى . ئاشۇ ئىستەكتە ۋۇجۇدى سىلكىندى ، سىقىلىۋاتقان يۈرىكى قاتتىق ئۇردى ، كۆزلىرى دەھشەتلىك ياندى ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— نېمانداق چۆچۈگەندەك تۇرۇپ كېتىسەن ، نېمە بولۇۋاتىسەن ؟ — بەختىخان ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ، بەختىخانىمۇ ئەندىشە ئورىۋالغانىدى . چۈنكى ، ئۇ ھازىرغىچە ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرىنىڭ مۇنداق دەھشەتلىك يانغانلىقىنى كۆرمىگەن .

ماھىنۇر سوئالغا جاۋاب بەرمەيلا ماڭدى .

— نەگە ماڭدىڭ ؟

ماھىنۇر ھويلىغا چىقىپ بولغانىدى ، بەختىخان كەينىدىن ئىتتىك

چىقىپ قولىنى تۇتۇۋالدى. ماھىنۇر بەختىخانغا زادىلا قارىمايتتى.
— نەگە ماڭدىڭ دەۋاتىمەن؟ نېمانداق بىر قىسما قىلىقلارنى قىلىسەن؟
— ئاشۇيەرگە بارمىسام بولمايدۇ.
— يالغۇز بارامسەن؟ كىچىككىنە تۇرۇپ تۇر، ھالاۋىدىن كەلسۇن، بارساق ئىككىمىز بىللە بارايلى.
— ياق، ئۆزۈم بارىمەن، — ئۇ قولىنى بوشىتىپ، قورۇدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.
— ماۋۇ بالىنىڭ جاھىللىقىنى... — بەختىخان ماھىنۇرنىڭ كەينىدىن كوچىغىچە چىقتى. ئۇ يۇگۇرگەندەك ئىتتىك كېتىپ باراتتى. كەينىگە قايرىلىپمۇ قويمايتتى، — ئۆيىگە بارسا، ئۇ خوتۇن بولۇپ قالسا، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر ئەمدى، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى بەختىخان، — خۇدايا توۋا، مۇنۇ يېتىمنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىنى... ھالاۋىدىنمۇ تېزرەك كەلمىدى - يا... كەينىدىن چاپسامۇ بولاتتى...
بەختىخان بىردەم تۇرۇپ ئۆيگە يېنىپ كىردى، بىراق ئولتۇرالماي قالدى. قورۇغا چىقىپ ئۆيگە كىرىپ، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، ئون - ئون بەش مىنۇتنى ئۆتكۈزگەندە، قورۇغا ياتاق سوراپ بىر نەچچە ئادەم كىردى. بوش كارىۋاتلاردىن بىر قانچىسى بولسىمۇ، بەختىخان ئۇلارنى يوق، دەپ قايتۇرۇۋەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىدىن ئەندىشىلىك، ۋەھىمىلىك ھىس - تۇيغۇلار قوزغىلىپ كەتكەندى. شۇ دەككە - دۈككىدە تۇرغاندا قورۇغا ھالاۋىدىن كىرىپ كەلدى.
— يائاللا، ئەجەبمۇ يوقاپ كەتتىڭلار، تېزرەك كەلسەڭلار بولمامدۇ، — ئۆكسىلى ئۆچكەن بەختىخان ھالاۋىدىننىڭ ئالدىغا ئىتتىك كەلدى.
— نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ ئۆمسەللىغۇ؟
— نېمە بولغىنىمنى ھازىر دەپ بېرىمەن، ئاۋۋال ئۆيگە كىرەيلى.
شۇ سۆز بىلەن ئىككىسى ئالدىرىشىپ ئۆيگە كىرىشتى. ھالاۋىدىن خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراپ تېخى ھېچ گەپنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا ئەندىشىگە

چۈشۈپ قالدى. بەختىخان ماھىنۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەھشەتلىك ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەشكە چۈشتى. ھالاۋىدىن ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلارنى ئاڭلاۋاتاتتى. بەختىخان سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، ھالاۋىدىننىڭ قارامتۇل يۈزى تېخىمۇ قارىداپ، كۆزلىرى يېنىپ، قوشۇما قېشى تىكلىشىپ كەتكەنىدى.

— ماھىنۇرنىڭ ئۆيگە كېتىشى ناتايىن، — دېدى ئۇ ئويلىنىپ ھەم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك سورىدى:

— ئۇ ئاچچىق ھەسرىتىدە نېمىلەرنى دېدى؟ قانداق كويلارغا چۈشۈپ قالغىنىنى سەزمىدىڭمۇ؟

— نېمە دەيتتى، «بۇ بېشىمنى ئەمدى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەمەن»، «رەسۋا، بۇزۇق نامىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە يۈرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ»، «ئەي خۇدا، ماڭا ياشاشنى راۋا كۆرمەيۋاتامسەن ـ يا» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى.

— مېنىڭچە، ماھىنۇر ئۆيىگە بارمايدۇ، تاش ئۆستەڭگە چاپمىغاندۇ؟ بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلسە، ئاشۇ ئۆستەڭگە يۈگۈرەيدىغانلار كۆپ بولىدىغان...

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسىلەر! — بەختىخان چۆچۈپ ھالاۋىدىنغا قارىدى. چىرايىغا شۇئان ئالاقزادىلىك ئۇچچۇپ چىقتى.

— ئۆستەڭ بويىنى بىر ئارىلاپ كەلگىنىڭ ياخشىمىكىن دەيمەنا... ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ ئالاقزادىلىك ئۇچچۇپ چىققانىدى.

— باراي، ئارىلاپ كېلەي، ھازىرلا باراي...

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، بېشىغا ياغلىق ئارتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ھالاۋىدىننىڭ ئەندىشىسى توغرا، ماھىنۇر بەختىخاننىڭ ئۆيىدىن چىققانچە تاش ئۆستەڭگە قاراپ ماڭغانىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ

چىقىۋاتقان ، ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان دەھشەتلىك ئوي ـ خىياللار ئۇنىڭغا
ھېچقانچە ئېغىر بىلىنمىدى . ئۇ ئۆزىنى خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن
يورۇق دۇنياغا چىققاندەك ، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازابتىن قۇتۇلغاندەك
ھېس قىلدى . « مەن دۇنيادا ئەڭ يىرگىنىشلىك ، ئادەملەر سەسكىنىدىغان
ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم ، ـــ دەپ ئويلاپ كېتىپ باراتتى ئۇ
قەدەملىرىنى تېز ـ تېز ئېلىپ ، ـــ ئۆلۈممۇ ياخشى نەرسە ئىكەن ، ئادەمنى
ھەسرەت ، دەرد ـ ئەلەم ، خورلۇق ، ئازابلاردىن بىراقلا قۇتۇلدۇرىدىكەن ،
بۇ دۇنيادىكى ۋاپاسىزلىق ، كۆڭلى قارىلىق ، ئەسكىلىك ، ئالدامچىلىقلارنى
بىراقلا كۆرمەيدىكەن كىشى . . . » ئۇ ئويلىغىنىغا تېزرەك يېتىش ـ ئۆ-
لۈمگە تېزرەك ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، خۇددى بىرسى قوغلاپ
كېلىۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يۈرمەكتە ئىدى ۋە كوچىدىكى تىرىك-
چىلىك يولىدا ئالدىرىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنىمۇ ، بىر ـ بىرى بىلەن
پاراڭلىشىپ ، كۈلۈشۈپ تۇرغان يىگىت ـ قىزلارنىمۇ « ئالدامچىلار » دەپ
تىللىماقتا ئىدى . ئۇ ھاسىراپ تەرلەپ كەتتى . ئەمما ھاسىراۋاتقانلىقىنى ،
يۈز ـ كۆزلىرىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى .
ماھىنۇر ئۆستەڭ بويىغا كەلدى . دولقۇنلىرى بىردە كۆتۈرۈلۈپ ،
بىردە پەسىيىپ ئىتتىك ئېقىۋاتقان سۇ ئۇنى ئۆز قوينىغا چاقىرىۋاتقاندەك ،
قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىۋاتقاندەك بىلىندى . باش ئۇستىدىكى بۇلۇتلارمۇ ،
ئۇچار قۇشلارمۇ سۇغا شۇڭغۇماقتا . . . ئۇنىڭ يېنىپ كەتكەن كۆزلىرى
ئۆستەڭ بويىدا ئۆزىدىن يۈز مېتىردەك نېرىدا ئولتۇرغان قىز ـ يىگىتكە
چۈشۈپ قالدى . ئۇلار يېقىن ئولتۇرۇشۇپتۇ ، بىر ـ بىرىگە قاراپ ،
كۈلۈشۈپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ ، نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدىكىن ؟ «
بىر ـ بىرىنى ئالداۋاتىدۇ ، ـــ دەپ ئويلىدى ماھىنۇر غەلىتە نەزەردە ئۇلارغا
تىكىلىپ ، ـــ تايىنلىق پاخما چاچلىق يىگىت ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان
قىزنى ئالداۋاتىدۇ ، ئەلۋەتتە ئالدايدۇ ، ئالداش ئۈچۈن مەشەگە ئېلىپ
چىققان . . . ۋاي ئىست ، مەنغۇ ئارام ئالىمەن ، بىراق شۇنچە بايلىقىم
كىمگە قالىدۇ ؟ . . . ـــ ئۇبىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تەگسىز خىيالغا
پېتىپ قالدى ۋە ئازابلاندى ، ـــ بايلىقىمنىڭ بىر قىسمىنى سادىققا ، بىر

قىسمىنى بەختىخان ھەدەمگە، يەنە بىر قىسمىنى غۇلجىدىكى ئىنىمغا قالىدۇ، دەپ نېمىشقا خەت يېزىپ قويمىدىم؟... ئەجەب دۆتلۈك قىپتىمەنا، ئارۇپجان مەن ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئېرى، بۇ بايلىقنى مەن ئىگە دېسە، تېخى ئىككىمىزنىڭ دېسە، كىم ئۇنى يالغان دېيەلەيدۇ؟ ئالداپ ئالغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئادەم قىلىپىدىن چىققان ھىيلىگەر تۇلكە يەنە شۇنچە بايلىقىمغا ئىگە بولۇپ كەتمەمدۇ؟...»

ماھىنۇرنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى، كۆزلىرى ياندى. ئۇ چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ دولقۇنلۇق سۇغا تىكىلىپ قالدى.

بەختىخان ماھىنۇرنى يىراقتىنلا تونۇپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. لېكىن، شۇ ئانلا تەشۋىشمۇ پەيدا بولدى. يۈگۈرەي دېسە، ئۇنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، يۈگۈرمەي دېسە، يېتىپ بارغۇچە ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئېتىۋېتەرمۇ، دەپ قورقاتتى: «ئېتىۋەتسە قانداق قىلارمەن، بۇ ئۆستەڭگە ئۆزىنى ئاتقانلاردىن كىم ساق قالغان! — ئۇ ھاسىراپ كەتتى ۋە قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالغان ماھىنۇرغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى تېخى خېلىلا يىراقتا، دەپ ھېس قىلماقتا ئىدى، — ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ بار، ئۇ ئۆزىنى ئېتىۋەتمىسۇن، توسۇپ قال...»

قاتتىق قايغۇرسىمۇ شەپىسىز كەلگەن بەختىخان ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى.

ماھىنۇر چۆچۈپمۇ كەتمەي ۋارقىرىدى:

— مېنى ئىتتىرىۋېتىڭلار!

— نېمىشقا ئىتتىرىۋېتىمەن، جېنىم ئۇكام، ئالتۇن ئۇكام... خۇداغا شۈكۈر، سېنى تېپىۋالدىم...

— قاراڭا، ئىشىمنى تۇگەتمەي كەلگىنىمنى... — ماھىنۇر كەينىگە ئۆرۈلۈپ بەختىخاننى قۇچاقلىۋالدى ۋە تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆستەڭگە تاشلىيالمىغىنىغا ئۆكۈنۈۋاتامدۇ ياكى مۇشۇ يولغا كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

— قايسى ئىشنى بولسىمۇ، تۈگەتمەي كەلگىنىڭ ياخشى بوپتىكەن، بولمىسا سېنى ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىن سۈزۈۋالاتتۇقكەن.

كۈن ئولتۇرۇپ، كۆز باغلىنىپ قالغانىدى. ئەتراپنى نەم ھاۋا قاپلىغان. تۈن پەردىسى يېيىلىپ كەلمەكتە. تاش ئۆستەڭ ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بىر ئادەمنى يۇتۇۋېتەلمىگىنىگە خاپا بولغاندەك داۋالغۇماقتا... ئۆمۈرنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ ئاۋات شەھەردىن كۆتۈرۈلگەن قىزغۇچ شولىلار چاقنىماقتا.

— مۇشۇنداق يولغىمۇ ماڭامسەن، ياش جىنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟ — دېدى بەختىخان ئۇنى ياندىن قۇچاقلاپ مېڭىپ.

— قىزىق ئىكەنسىز، ياشاپ نېمە قىلاي، بۇ دۇنيانىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلسام ئارام ئالامدىم.

— ئۇنداق دېمە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم مەھشەر كۈنى ئورنىدىن قارا يۈز بولۇپ تۇرغۇدەك، خۇدا ئۇنداق ئادەمنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ... بوپتۇ، ئاچاڭنىڭغۇ ئويلىما، بىر تال ئىنىڭنى ئويلىمىدىڭمۇ، مېنى ئويلىمىدىڭمۇ، ساڭا ئەگىشىپ يۈرگەن سادىقنى ئويلىمىدىڭمۇ؟

ماھىنۇر ئېسىنى يوقاتقاندەك ھالەتتىن ئۆزىگە كېلىپ قالدىمۇ، ئۆزىگە ئىچى ئاغرىدىمۇ بىردىنلا تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى ۋە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ بەختىخاننىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇنۇپ، بوشاشقان ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ماڭماقتا ئىدى.

بەختىخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئادەم دېگەن يامانلىق، ئەسكىلىكلەردىن، دەرد ـ ئەلەمدىن خالىي بولالمايدۇ، ئۇ خۇددى سايىمىزدەك ھەمىشە بىزگە ھەمراھ بولۇپ يۈرىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىمۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ئىش بولغان، ئاچامنىڭ ئېرى ماڭا ئەسكىلىك قىلغاندا، ئۆلۈۋېلىش خىيالىمۇ كەلمىگەن. سەن ياش بولساڭمۇ خېلى ئىشلارنى كۆرگەن. شۇنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىدىڭمۇ؟... ئەقىللىق ئىدىڭغۇ؟ ئەقىللىق ئادەم ئۇنداق ئىشلارنى ئىچىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ، ئىچىگە ئېلىپ كەتسە، ئۆزى تۈگىشىدۇ. ئۇنى يىگىتنىڭ دورىسى چىدام، ئۈمىد ئەمەسمۇ... سەندە مۇشۇ ئىككى خىسلەت بار ئىدىغۇ، بېشىڭغا سەن ئويلىمىغان ئىشلار كەلگەندە، ئۇ خىسلەتلىرىڭ نەگە كەتتى؟... ئۇنداق ئىشلارنى بىر

ئەسكى چۈش كۆرۈپتىمەن، دەپ كەينىڭگە چۆرۈۋېتىشىڭ ئورنىغا شۇنچىمۇ دەھشەتلىك، خۇدامۇ، بەندىلەرمۇ راۋا كۆرمەيدىغان يولغا ماڭدىڭمۇ؟

تاقەتسىزلىنىشمۇ ئېغىر ئازاب، تالاغا چىقىپ ـ ئۆيگە كىرىپ، ھەرخىل ئەندىشىلىك ئوي ـ خىياللار بىلەن تاقەتسىزلەنگەن ھالاۋىدىنىڭ ماھىنۇر بىلەن بەختىخاننى كۆرۈپ كۆڭلى تىندى. ماھىنۇر ئىككى پۈك-لىنىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بەختىخان مۇنداق دېدى:

— ياللا، تاس قاپتىمىز بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىلى، ئېيتقانلىرى توغرا ئىكەن، ئۆستەڭ بويىدىن تۇتۇپ كەلدىم بۇنى.

ماھىنۇر يۇقىرىغا ئۆتۈپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

بەختىخان ئاچچىق ـ چۈچۈك قىلىپ سۆيۈقئاش ئەتكەنىدى، ئىككىسىنىڭ قايتا ـ قايتا زورلىشى بىلەن ئۇ بىر ئاپقۇر ئاشنىڭ يېرىمىنى ئاران ئىچتى. ئۇ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئىشىدىن خىجىل بولۇۋاتامدۇ ياكى ھالاۋىدىنىدىن ئىزا تارتىۋاتامدۇ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. چىنە ـ قاچىلار يىغىشتۇرۇلۇپ بولۇشىغا، ھالاۋىدىن:

— ئاچچىق ـ غەزەپ ئەقىلنى كېسىۋېتىدۇ. مەن ھەممە ئىشنى ئاڭلىدىم، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئورنىغا كەلمەيدۇ. سىز گۇناھسىز، پاك، ئەسكىلىكنى قىلسا ئارۇپجان قىلدى. بىر ئەسكى ئۈچۈن جېنىڭىزنى سېلىپ بېرەمسىز؟ جېنىڭىز شۇنچىلىك ئەرزانمۇ؟ — دېدى.

ماھىنۇر ئۈن ـ تىنسىز شۈككىدە ئولتۇراتتى.

— ئارۇپجان دېگەن مۇناپىقنى تاپ، ئاجرىشىپ كەت، — دېدى بەختىخان، — سەن ياتقان ماۋۇ ياتاق ھازىرمۇ بىكار، مال ـ مۈلكۈڭنى ئېلىپ كۆچۈپ كەل.

— ياق، بولدى، ئۇ ئۆيگە بارمايمەن، — ماھىنۇر بېشىنى كۆ-تۈرمەي ئىنتىكلا جاۋاب بەردى.

— شۇنچە نەرسىلىرىڭنى تاشلاپ بېرەمسەن، تاشلاپ بەرسەڭ ئۇلارغا تازا خوش ياقار، ئەخمەقنىڭ گېپىنى...

— ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسىلەر بولسىمۇ ئالمايمەن، ئۇ ئۆيگە ھەرگىز ئاياغ باسمايمەن، يولىمايمەن.
— مانا مەن بارىمەن، — دېدى ھالاۋىدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — تاڭ ئاتسۇن، مەن بارىمەن، ئاروپجان دېگەن ئالدامچىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي!
ماھنۇر بىر نەچچە يىل ياتقان، ھازىر تاشلىنىپ قالغان ياتاق قايتا تۈزەشتۈرۈلۈپ، ئىللىق تۇسكە كىردى. ئۇ بۈگۈن مۇشۇ ياتاقتا — قەدىناس ياتىقىدا قوندى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يەككە - يېگانىلىك تۇرمۇشى يەنە باشلاندى.

## 27

ئېھتىمال، كىتابخانىلاردا ھېلىقى ئاروپجاننىڭ ئايالىمەن، دېگەن زىلۋا بويلۇق جۇۋان ئۈرۈمچىگە قانداقلارچە كېلىپ قالدى؟ ماھنۇرنى كوچىدا تۇتۇۋېلىپ ئۇرغان، تىللاپ ھاقارەت قىلغان ئىككى ئايال كىملەردۇ، دېگەن سوئاللار تۇغۇلغاندۇ، ئەمدى مۇشۇ ئىككى سوئالنى يېشەيلى:
زىلۋا بويلۇق ئايالنىڭ ئىسمى زەينەپ بۇۋى، ئۇنىڭ ئاروپجاننىڭ ئايالى ئىكەنلىكى راست. ئۇلار ئىناق ئۆتۈۋاتقان، بىر نەچچە بالىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، ئاروپجان ئۈرۈمچىگە، گۇاڭجۇغا بېرىپ مال يۆتكەپ سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زەينەپ بۇۋى: «ئاروپجان ئۈرۈمچىدە خوپپىيانە ئۆيلىنىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. لېكىن، زەينەپ بۇۋى يىراق يەرنىڭ گېپى ھەر ياڭزا، دېگەندەك بۇ گەپنىڭ راستىمۇ باردۇر، يالغىنىمۇ باردۇر، دەپ ئانچە ئېرەن قىلمىدى. ئەمما، ئاروپجاننىڭ ئۆيلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. شۇنداقلا بۇ خەۋەرنىڭ بارغانسىرى ئېنىقلىقى ئېشىشقا باشلىدى. «راست ئىكەن، ئۆيلەنگىنى ئۇ-

رۇمچىدە سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ماھىنۇر ئاتلىق غۇلجىلىق قىز ئىكەن » ، « ئۇلار ئۇرۇمچىدە ئوتتۇرا كۆزرۈكتىن ئۆي تۇتۇپتۇ » . بۇ ئارۇپىجاننىڭ گۇاڭجۇدىن مال ئەكېلىمەن ، دەپ كەتكەن ۋاقتى ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ بۇۋۋى ئولتۇرالماي قالدى . ئالدىنقى خەۋەرگە بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي يۈرگەندە ، كېيىنكى خەۋەر يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتۇردى . شۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى قاتتىق ئازابلىنىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى غەزەپلىك تۇيغۇلار ياندۇرۇشقا باشلىدى . « ئۇ مېنىڭدىن سوۋۇپ كەتكەنمىدۇ ياكى ئۇنى ئويناش ، نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئالغانمىدۇ ؟ — ئۇ ھەرخىل ئويلارغا تەخەممۇلەرگە پاتتى ، — كېيىنكى چاغلاردا ماڭا قوپاللىق قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋىدى ، بىر تۇرۇپ ، پۇللۇق بولۇپ سەل ئۆزگىرىپ قالدى ، يەنە بىر تۇرۇپ ،پۇل تاپماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن ، تېرىككەك بولۇپ قالدى ، دەپ ئويلاپتىمەن ، لېكىن پۇل ئۇنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى ئويلىماپتىمەن . »

يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان ، ئازابى كۈچلۈك ئوي ـ خىياللار زەينەپ بۇۋىگە بىر كېچە ئۇيقۇ بەرمىدى . ئەتىسى ئۇ ئاغرىپ قالغان ئادەمدەك چىرايى سارغىيىپ ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ ئورنىدىن تۇردى . « دەرد ـ ئەلەم يامان ، ئادەمنى بىر كۈندىلا قېرىتىۋېتىدۇ ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىۋىدىم ، راست ئىكەن » دەپ ئويلىدى ئۇ ئەينەككە قاراپ سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ ، ئۇ سۈرۈشتۈرۈش كېرەكمۇ ، بىر مەزگىل گەپ قىلماي يۈرۈش كېرەكمۇ ، دېگەنلەرنى كۆپ ئويلىدى . بىراق قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى ، گاڭگىرىدى ، ھەسرەت ـ ئەلەمدە تولغىنىپ ياندى . . . ئۆرتەندى . ئاخىر ﴿ ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا ﴾ دېگەن گەپ بار ، دوستلىرىم ، قولۇم ـ قوشنىلىرىمدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي ، بەلكىم ئۇلارمۇ ئاڭلاپ بولغاندۇ ، ماڭا ئېغىز ئاچماي يۈرگەندۇ . . . » دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئۇلارنى يىغىپ مەسلىھەت سالدى . ئۇلارمۇ ئارۇپىجاننىڭ ئۆيلىنىۋالغانلىقىنى ئاللىقاچان ئاڭلاپ بولغانىكەن .

بۇ ئىشنى قانداق قىلىش ، قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ھەر بىرسى ئۆز قاراشلىرىنى ئېيتىشتى :

— سەۋر قىلىڭ، — دېدى بىرسى، — ئارۇپجان كەلسۇن، ئاۋۋال ئۆزىدىن سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ.

— ئۆزىدىن سۈرۈشتۈرسە، ھەئە، دەمدۇ، — دېدى ئىككىنچىسى، — «كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ، قۇلىقىڭ ئاڭلىغان يالغان» دېگەن گەپ بار، ئۈرۈمچىگە بېرىش كېرەك.

— ئۈرۈمچىگە بارسا، يالغان چىقىپ قالسا، بىكار ئاۋارىچىلىك ھەم سەتچىلىك بولىدۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

— كەلگەن خەۋەردە ئالغان ئادىمىنىڭ كىملىكى، ئۆيىنى قەيەردە تۇتقانلىقى ئېنىق تۇرسا، بارغىنى ياخشى - دە...

— توغرا، ئۈرۈمچىگە بارغىنى ياخشى، ئارۇپجان ياخشى ئادەم ئىدى، ھەممىمىز بىلىمىزغۇ، ئۇنى بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ئاشۇ ماھىنۇر دېگەن بۇزغان، يولدىن چىقارغان.

— ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇ رەسۋانىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك، خەلقى - ئالەم ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك.

ھەركىم ھەر نېمە دېگەن بولسىمۇ، زەينەپ بۇۋىنىڭ يۈرىكى ئاخىرقى پىكىرگە سوقۇپ تۇراتتى:

— مەنمۇ بوش ئادەم ئەمەس، ئۈرۈمچىگە بارغىنىم توغرا ئىكەن، ئۇنداق بۇزۇقلارغا تېتىپ قويمىسام بولمايدۇ!

زەينەپ بۇۋىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان بۇرۇختۇملۇق، تىت - تىت بولۇش، ئارامسىزلىق تۇيغۇلىرى ۋە ئۇنى دەممۇ دەم ياندۇرۇپ تۇرغان قەھرى - غەزەپ ئوتلىرى ئاخىر ئۇنى ئاپتوبۇس بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە چاققانراق يېتىپ بېرىشقا شۇنچىلىك ئالدىرىدىكى، قورسىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئاپتوبۇس سايرام بويىدىن ئۆتۈپ، سائىتىگە ئەللىك - ئاتمىش كىلومېتىرلىق تېزلىك بىلەن يول يۈرۈۋاتسىمۇ، ئۇنىڭغا ئاستا مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «تووۋا، — دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى ئۇ كۆزىنى سىرتتىن ئالماي، — ئارۇپجاندىن مۇنداق ئىش چىقار، دەپ قىلچە ئويلىماپتىكەنمەن، ئۇ بىر كىراكەش نامراتنىڭ بالىسى ئىدى، مەن خىزمەتچى ئىدىم. نەچچە يىل ئىش - ئوقەتنىڭ

تـايـنـى يوق لاغايلاپ يۈردى . كۆڭلۈم چۈشۈپ قىلىپ تىگىپتىكەنمەن ، مـەيـلـىـلا دەپ زارلانــماي بـاقـتــم ، ئۆيـگـە ئۇن تـمـيـن تـپـپ كـىـرەلـمىسمۇ ، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كەلسە مېھمان قىلدىم ، كۈت-تۈم ، يـاقـىـسـنى كىر قىلمىدىم ، ھەتتا پۇلسىز قويمىدىم ، تەلپىي كېلىپ خـىـزمـەتـكىمۇ كىردى . سودىگەرچىلىككە يول ئېچىلىۋىدى ، ئوقەتكە كـىـرىـشـتـى . راسـت ، ئۆزى تىرىشتى ، غەيرەتلىك ـ چىداملىق ئىكەن ، پۇل تـاپتى ، ھاردىم ـ ئاچتىم دېمەي ، پۇل تېپىپ ئوتتۇراھال بايلاردىن بولۇپ قـالدى . پۇل تاپقاندا ، ئاشۇ بۇرۇنقى نامرات كۈنلىرىنى ، مېنى ، باللىرىنى ئۇنـتۇپ قالسا ، بۇ قانداق بولغىنى . . . ماھىنۇر ئاتلىق جادۇگەر نايناقلاپ ، كـەيـنـىـگـە كـىـرىـۋېلـىـپ بـېـشـىـنـى ئايلانـدۇرغـانـدۇ ، ئۇنىڭ يۈزىگە تـۇكـۇرۇۋەتمەي ئالغىنىنى قاراڭلار . . . پۇل بۇزۇپ بوپتىكەن ـ دە ئۇنى . ھەدېـسـىلا ئۈرۈمچـىـگـە بـارىـمەن ، گۇاڭجۇغا بارىمەن ، دەپ تولا قاتراپ كـېتىۋىدى ، سەۋەبى بارئىكەن ، بايا ئاشۇ نايناقنىڭ يېنىغا ئالدىراپتىكەن . تـېـزرەك بـارايـچـۇ ، ھەر ئـىـكـكىسىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام . . . ئەجەب ئاستا ماڭدا مۇنۇ ئاپتوبۇس . »

ئاپـتـوبـۇس غـۇيـۇلداپ چاپماقتا ، كىشلەرنىڭ بەزىلىرى ئۈيقۇدا ، بـەزىـلـىرىـنى ئۇگدەك باسقان . زەينەپ بۇۋىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياشانغان ئايـال ئۇنـىـڭغا لاپ ـ لاپ قىلىپ قارايتتى . زەينەپ بۇۋى ئۆز خىيالى ، ئۆز ھەسرىتى بىلەن بولۇپ ، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى .

ـــ سىز غۇلجىلىقمۇ ئۇكام ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ .

ـــ ھەئە .

ـــ ئۈرۈمچىگە ماڭدىڭىزمۇ ياكى ئۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتەمسىز ؟

ـــ ياق ئۈرۈمچىگە بارىمەن ، سىلىچۇ ؟

ـــ مـەن ئۈرۈمچىلىك ، غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىمنى يوقلاپ بارغان ، قايتىشىم ، ئۈرۈمچىدە تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ ؟

ـــ يوق ، ئىشىم بار .

ـــ بىر كۆڭۈلسىز ئىشنى ئاڭلاپ ماڭغاندەك قىلىسىز ؟

— قانداق دەيدىلا ؟
— ئارىلاپ پىچىرلاپ قويىسىز ، چىرايىڭىز ئۆلمىسەلا ، يەنە بىر تۇ-
رۇپ تاۋى يوقمىكىن ، دوختۇرغا ماڭدىمىكىن ، دەپمۇ ئويلايمەن .
— ياق .
زەينەپ بۈۋى شۇنداق دېسىمۇ ، لېكىن ئويلىنىپ قالدى ،
ئۇرۇمچىلىك ئايال ئىكەن ، ماڭا ياردىمى تېگىپ قالار ، راست گەپنى ئېيت-
تايمىكىن . . .
— كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدىلا ، ئايال ئايالنىڭ قاياشى ،
ئۇرۇمچىگە نېمە ئىش بىلەن كېتىپ بارغانلىقىمنى سىلىگە سۆز-
لەپ بېرەي ، — دېدى ئۇ .
ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، سۆزگە كىرىشتى ۋە يېرىم سائەتتە
ئۇرۇمچىگە نېمە مەقسەتتە ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ تۈگەتتى .
— ياخشى ئىشقا مېڭىپسىز ، ئۇكام ، مۇنداق ئىشقا بوشاڭلىق قىل-
ماي ، تېتىكرەك بولغان ياخشى ، — دېدى ئۇ ئايال زەينەپ بۈۋىنىڭ
بايانلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، — ماھىنۇر دېگەن قىزنى كۆرسە-
ڭىز تونۇمسىز ؟
— نەدىن توناي .
— ئوتتۇرا كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا شەخسلەرنىڭ قورۇ - جايلىرى
بار ، دېگەنلىرىڭىزگە قارىغاندا ، ئۇلار شۇ يەردىن ئۆي تۇتقان ئوخشايدۇ .
مېنىڭچە مۇنداق قىلىڭ ، مەن سىزگە شۇ يەرنى كۆرسىتىپ قوياي ،
يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ بايقاڭ ، ئۇنى تونۇۋېلىڭ ، كوچىغا چىققاندا ، ئادەملەر
قاينىغان يەردە تۇتۇۋېلىپ ، تازا تىللاپ ، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ رەسۋاسىنى
چىقىرىۋېتىڭ ، پەندىيات يېسۇن .
— توغرا دېدىلە ، شۇنداق قىلاي دەۋاتىمەن .
— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىڭ ، ئادەم كۆپ يەردە شۇنداق قىلسىڭىز ،
باشقىلارغا ئىبرەت بولىدۇ .
— بۇ مەسلىھەتلىرىڭىز ياخشى بولدى ، بىراق مېنىڭ ئۇرۇمچىگە
بىرىنچى كېلىشىم ، شۇنداق قىلالارمەنمۇ ؟

— سىز قىلاتتىڭىزمۇ، باشقىلار قىلىدۇ.

— باشقىلار قىلارمۇ؟

— قىلىدۇ، پۇل قىلغۇزىدۇ، دۆڭ كۆۋرۈك، ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدى دېگەن يەرلەرگە بارسىڭىز، پۇل بەرسىڭىز، دېگىنىڭىزدەك قىلىپ بېرىدىغان لۈكچەك ئاياللار تېپىلىدۇ.

— ياخشى دېدىلە، — دېدى زەينەپ بۇۋى ئەندىشىلىرىدىن قۇتۇلۇپ ھەم جانلىنىپ، — قالغان يولنى ئۆزۈم تاپالايمەن.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئايال زەينەپ بۇۋىنگە ئوتتۇرا كۆۋرۈكنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ياتىدىغان ياتاق تېپىپ بېرىپ كېتىپ قالدى. ئەتىسى زەينەپ بۇۋى يۈزىگە تور ياغلىق تارتىپ، ئارۇپجان بەلەن ماھىنۇر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينى سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەپ تاپتى. تار كوچىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاركوچىنىڭ ئېغىزىدا — لەگىپۇڭ ساتىدىغان تەنزىنىڭ يېنىدا پايلاپ تۇردى. چۈشكە يېقىن تورسۇمكىدا كۆكتات، مېۋە - چېۋە كۆتۈرگەن ئارۇپجان بىلەن قاملاشقان بىر ئايال ئۇدۇل كوچىدىن چىقىپ كەلدى. ئايال ئارۇپجانغا قاراپ كۈلۈپ، بىر نېمىلەرنى دەپ كەلمەكتە ئىدى. زەينەپ بۇۋىنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى كۈنچىلىك ھەم غەزەپ ئوتلىرىدا ياندى، ئۆرتەندى ۋە قوللىرى ئىختىيارسىز تىترىدى. ئۇلار تار كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئۇ كۆرۈپ قويغان قورۇغا كىرىپ كەتتى. «ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن - دە، ماھىنۇر دېگەن بۇزۇق ئاشۇ ئىكەن، ئەجەب چىرايلىق نېمىكەنا، — دەپ ئويلىدى زەينەپ بۇۋى لېۋىنى چىشلەپ، — شۇڭا ئارۇپجان ئۇنىڭ قولى بولۇپ كېتىپتۇ - دە... كەينىدىن كىرسەم، ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلسام، ئارۇپجاننىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرسەم... ياق، ئۇلارنىڭ ھەر قانچە رەسۋاسىنى چىقارغىنىم بىلەن تۆت تامنىڭ ئىچىدە قالىدۇ، ھېچكىم كۆرمەيدۇ. قايناق بازاردا، خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئاۋۇ چىرايلىقنىڭ رەسۋاسىنى چىقارغۇزاي، يۈزلىرىنى قىيما - چىيما قىلغۇزۇۋېتەي، ئارۇپجان ماڭا كېرەك، ئۇنىڭغا يەنە يۈز كېرەك، بىر ئەسكى ئىشى ئۈچۈن بەربىر بالىلىرىمنى يېتىم قىلمايمەن - دە.»

ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك ئاخىرلاشتى. ئەمدى قالغان ئىشلىرىنىمۇ مۇشۇنداق غەلبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى.

زەينەپ بۇۋى دۈگىلەكۆرۈكتە، ئىشتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدا ماھىنۇرنى تىللاتقۇزىدىغان، يۈزلىرىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىدىغان ئا-ياللارنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ماھىنۇر كوچا ئاپتوبۇسىدىن چۈشۈپ شۇ يەردىن ئۆتتى. « ھە، ئۇ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بې-رىدىغان جاي مەشە بولىدىكەن » دەپ ئويلىدى زەينەپ بۇۋى. ئۇ شۇ يەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاخىر تەلەتلىرى سۆرۈن، بىرى ئورۇق، بىرى سېمىز ھېلىقى ئىككى لۈكچەك ئايالنى تاپتى. ئۇلار زەينەپ بۇۋى تاپشۇرغان رولنى ياخشى، كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ چىقىدىغان بولسا، ھەر بىرىگە 100 سومدىن ھەق بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئاشۇ تۆت كوچا ئېغىزىدا ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ رولنى قانداق ئالغانلىقى ۋە ئۇلار-نىڭ قولىدا ماھىنۇرنىڭ قانداق ھالغا قالغانلىقى قەدىرلىك كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم. شۇڭلاشقا ئۇ ھەقتە يەنە بايان قىلىشنى ئار-تۇقچە، دەپ ھېسابلايمىز.

زەينەپ بۇۋى ماھىنۇرنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ ئوشۇقراق ئەدىپى بېرىلدى، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئىككى ئايالنىڭ ھەققىنى كېلىشكەن باھا-دىنمۇ يۇقىرىراق بەردى. خۇشاللىقىدا ئۇلارنى ئاشپۇزۇلغا ئەكىرىپ ئىسىل تاماقلار بىلەن مېھمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، يەنە بىر ئادەمنىڭ ـــ ئارۇپجاننىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېڭى-دىن تۇتقان ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. زەينەپ بۇۋىنىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىپ قىلىۋاتقان ئىشلىرى كۆڭلىگە پۈككىنىدەك بولۇۋاتاتتى.

ئارۇپجان يېڭى ئۆيىدە ئىككى ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ، ماھىنۇرنىڭ يولىغا قاراپ شېرىن خىياللار سۈرۈپ ياتاتتى. بىراق ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيىگە ماھىنۇر ئەمەس، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن زەينەپ بۇۋى كىرىپ كەلدى. ئارۇپجان چۆچۈپ كەتتى. چۆچۈگەندىمۇ، بىر يېرىنى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى.

— سەن . . . سەن . . . — ئارۇپىجان ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ، بوينىنى سوزۇپ ، چەكچەيگىنىچە تۇرۇپلا قالغانىدى .
— ھە ، مەن ، — دېدى زەينەپ بۇۋى مەسخىرە قىلغاندەك بۇرنىنىڭ ئۇستىدىن قاراپ ، — كىمنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋېدىڭ ؟ . . . ئەمدى ئۇ نېمەڭ كېلەلمەيدۇ !
— قاچان . . . قانداق قىلىپ . . . قاچان كەلدىڭ ؟ — ئارۇپىجان كېكەچلەپ كەتتى .
— ئويلىمىغان يولغىيدىڭ ، خوتۇن ئالغىنىمنى بىلمەيدۇ دېۋىدىڭغۇ دەيمەن ، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىمەن مەن .
ئارۇپىجاننىڭ يۈزى تاتاردى ، بېشى ساڭگىلىدى . زەينەپ بۇۋى ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى .
— ئۇستۇمگە خوتۇن ئېلىپ خارلاپ ، مېنى شۇنچىلىك بوزەك كۆردۈڭمۇ ؟ — غەزەپمۇ ئادەمنى يىغلىتىدۇ . زەينەپ بۇۋى تاراملاپ تۆكۈلۈپ ، ئۇنىڭ ياقىسىنى بوغاتتى ، سىلكىيتتى ، — كۆرۈپ تۇر ، غۇلجىغا بېرىپ چاۋاڭنى چىتقا يېيىپ ، باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ! . . .
— توختا ، گېپىمنى ئاڭلىغىنا ؟
— ئاڭلىمايمەن ، نېمە گېپىڭ بولماقچىدى ئەسكى !
— مەقسىتىمنى ئۇقۇپ باقمامسەن ؟
زەينەپ بۇۋىنىڭ غەزەپلىك قوللىرى ئۇنىڭ ياقىسىدا كىرىشىپ كەتكەنىدى . ھەربىر سىلكىنىشتە ئۇ خۇددى ئاجىز بالىدەك پۇلاڭلايتتى ، بىردەم قىزىرىپ ، بىر دەم تاتىراتتى . زەينەپ بۇۋى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ، ۋارقىراپ - جارقىرىماقتا ئىدى :
— ئىست ، سېنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقىنىم ! ئىست ، سېنىڭدىن بالا تاپقىنىم ! ئىست ، ساڭا قىلغان ئەقىدەم ! ئېيتقىنا ، مەن ساڭا قانداق چېغىڭدا تەگكەن ؟ ! . . .
— ئاستا ، سەت .
— سەن سەتنى بىلەمسەن ، قارا يۈز !

— كىچىككىنە تەخىر قىلىپ، گېپىمنى ئاڭلاپ باق.
— مېنى بوش قويۇۋېتەمدىكىن دېمە، سوتقا ئاپىرىمەن، ئىككىڭ-نىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىمەن!
ئارۇپىجان ئۇستىدىن سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئادەمنىڭ ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ھېچ ئويلىمىغان يەردىن، شۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپمۇ قالىدۇ. بىر خوتۇننىڭ ئالدىدا ئەتىۋارلىنىپ ھۆرمەتتە يۈرگەن ئارۇپىجان يەنە بىر خوتۇننىڭ ئالدىدا نەپرەتلىنىپ، سۇدىن چىققان مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ قالدى. ئۇ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ خوتۇنغا گەپ يېگۈزەلمەي تىپىرلىماقتا ئىدى. «مەن بۇنى قويۇۋېتىمەن دېمىدىمغۇ ھەم قويۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ، مېنىڭ مەقسەتلىرىمنى چۈشىنىشنى نېمىشقا خالىمايدىغاندۇ...» دەپ ئويلاۋاتاتتى ئارۇپىجان ھەم ئوڭايسىزلىنىپ، ھەم تىت ـ تىت بولۇپ. ئۇ ئۇنىڭ قولىدىن ياقىسىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋېتىپ شۇنداق دېدى:
— بىر ئادەم بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، باشقىلار نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ، دەپ سورايدىغاندۇ، سوراپ باقامسەن؟
— يالغان گەپلىرىڭنى ئاڭلايدىغان قۇلىقىم يوق.
— ئەستاغپۇرۇللا...
زەينەپ بۇۋى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ سۆزلەشكە يول قويمايۋاتسىمۇ، ئارۇپىجان گېپىنى باشلىدى:
— ماڭا قارا، ئۇ خېلى باي خوتۇن ئىكەن، ماڭا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، ئىككىمىز پۇلىمىزنى قوشۇپ، ئوقەتنى بىر قىلايلى، دەپ تۇرۇۋالدى. بايلىقىدىن پايدىلانماقچى بولدۇم. ئۇنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنى ئالمىسام بولمايتتى، شۇڭا ئالدىم. ئەمدى مەلۇم ئىقتىسادنى ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا قوشماقچى ئىدىم. شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سودىنى مەن قىلاي، سىز ئۆيدە ئولتۇرۇڭ، دەپ پۇلنى ئېلىپ گۇاڭجۇغا كەتمەكچى ئىدىم. ئۇ يەردىن ئەتكەس مال ئېلىپ قويۇپ، تۇتۇلۇپ قالدىم، دەپ

كـەلمەكچى ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە پۇلنى غۇلجىغا يۆتكەپ كەتمەكچى بول-
غان .

زەينەپ بۇۋى يۈزىنى ئۆرۈدى .

— يـالـغـان ، چىرايلىق خوتۇنغا كۆزۈڭ چۈشكەن ، ئاستا ـ ئاستا
مىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماقچى . . .

ئارۇپجان ئۇنىڭ سەل بوشىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— نىمىشقا غەرەز ئۇقمايدىغانسەن ، — دېدى ئارۇپجان ، — مىنىڭ
ئۇنى ئېلىشىم بىر ئەسكى خوتۇن بىلەن بىر كېچە ئوينىغاندەك ئىش ،
مەقسىتىم ئۇنىڭ پۇلى . كوچىدا قالغان خوتۇننى دەپ جاپالىرىمنى تاتقان
سېنىڭدىن ، ئوماق باللىرىمدىن كېچەمدىم ؟ . . . خوتۇن كى-
شىنىڭ « چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا » دېگەن گەپ راست ـ دە .

زەينەپ بۇۋىنىڭ قوللىرى بوشاپ ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئاجرالدى ،
غەزەپلىرىمۇ بىر ئاز بېسىلدى .

— بىر نەچچە ئاي چىدىغان بولساڭ ، شۇنداق قىلاتتىم ، — دېدى
ئارۇپجان يېنىك تىنىپ .

— بىر نەچچە ئاي ؟ . . . بىر نەچچە ئاي چىدىغۇدەكمەن
تېخى . . . باشقا خوتۇننىڭ قوينىدا ياتسىڭىز ، — دېدى زەينەپ بۇۋى
بۇرۇنقىدەك « سىز » لەشكە ئۆتۈپ ، — شۇنىڭغا چىدىغىلى بولامدا ؟ . . .
مەن چىدالامدىم ؟ . . . ئېيتىڭا قېنى ، سىزنىڭ ئەمرىڭىزدە تۇرۇپ ، باشقا
بىرسىگە تەگسەم ، سىز چىدالامسىز ؟

ئارۇپجان ئۈنچىقمىدى .

زەينەپ بۇۋى جىگەررەڭ دۇخاۋا قاپلانغان دىۋاندا ئولتۇرۇپ ، ئۆي
ئىچىگە سەپسالدى . بېزەلگەن ئۆيدىكى رەڭلىك تېلېۋىزور ، تامغا
تارتىلغان ۋە يەرگە سېلىنغان گىلەملەر ، چىرايلىق ئەينەك جازا ، ئىشىك
ـ دېرىزىلەردىكى دۇخاۋا پەردىلەر ، بىر يۈرۈش ئىشكاپ ۋە دىۋانلارغا
قاراپ ئۇنىڭ بىر ئاز بېسىلىپ قالغان غەزىپى يەنە قوزغىلىپ ، ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتتى .

— ئۇ بۇزۇقلا شۇنچە ئېسىل جابدۇقلارنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۆيىنى

قىپقىزىل چوغدەك ياساپ بېرىپسەنا تېخى . . . — دېدى ئۇ يەنە « سەن » لەشكە ئۆتۈپ ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ تىترەپ ، — دېگەن گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى يالغان ، ئالدامچى !

— شۇنچە ئېسىل نەرسىلەرنى ئالدىغانغا مەن سارائمىدىم ، ئەجەب بەغەرەزلىك قىلىۋاتىسەنا ، ھەممىسى ئاشۇنىڭ .

— ئۇستەكلەپ تېگىپتۇ ـ دە . . . ئولتۇرىسەنغۇ قانىتى سۇنغان قۇشقاچتەك تىترەپ ، سوتقا بارامسەن يا غۇلجىغا كېتەمسەن ؟

— ئەتىلىككە كېتەيلى .

— ئەتىلىككە ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىمىز ، تويىسۇن ئۇ شەرمەندە ! ئارىپجان يەنە ئۈنچىقمىدى .

ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى ، بۇ مەنزىرىگە قاراڭلار : ئەر ـ ئايالىق تۇرمۇش بىر قارىساڭ جەڭگى ـ جېدەللىك ، بىر قارىساڭ يېقىملىق ـ ئىللىق . ئىللىق ـ يېقىملىق تۇسكە كىرگەندە ، جەڭگى ـ جېدەللىك پەيتلەر ئۇنتۇلىدۇ ، جەڭگى ـ جېدەللىك تۇسىگە كىرگەندە ئىللىق ـ يېقىملىق مەزگىللەر ئۇنتۇلىدۇ . قىزىق يېرى شۇكى ، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان بۇ ئالامەتلەر تۇرمۇش ئىگىلىرىدە ھەيرانلىق ، تەئەججۈپ تۇيغۇلىرىنى قوزغاتمايدۇ . مانا بۇ ئەر ـ ئايال ئىككىسى بۇ ئۆيدە كۈننى كەچ قىلدى . قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئارۇپجان ماھىنۇردىن ئەندىشىمۇ قىلماي ۋە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپمۇ قويماي ، بازارغا چىقىپ تونۇر كاۋىپى ، سامسا ، قاتلىما نان ئېلىپ كىردى . ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ غىزالاندى . ئەل ياتار چاغدا ماھىنۇرنىڭ يوتقان ـ كۆرپە تىكىشكە ئۇستا ئاياللارغا تىكتۈرگەن ئېسىل يوتقان ـ كۆرپىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىللە ياتتى .

## 28

ماھىنۇر كونا ياتىقىدا ئۆيىدىن ئايرىلغان بىرىنچى كېچىنى ئۇخلىماي دېگۈدەك ئۆتكۈزگەندى . بەختىخان كېچىسى ئۇنىڭدىن ئەن-

سىرەپ ھويلىغا ئىككى قېتىم چىققان. ھەرقېتىمدا ياتاقنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بىرىنچى قېتىمدا دېرىزىدىن ئۇنىڭ كارىۋات ئۈستىدە ئېڭىكىنى تىزىغا قويۇپ تەگسىز خىيالغا پاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇخلا ماھىنۇر، سەن مۇشۇنداق ئولتۇرغىلى نىكەم، دەپ كىرىپ كەتكەن. ئىككىنچى قېتىم چىققاندا، ماھىنۇر گەرچە ياتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ يەنە خىيالغا كەتكەنلىكىنى بايقىغان. شۇڭا ئۇ تاڭ ئاتاي دېدى، ماھىنۇر، نېمانداق ئۆزۈڭنى ئايىمايسەن، دېگەن. ئۇ بۇ كېچىدە ئۇخلىمايمۇ قالمىدى. بىراق كۆزى ئىلىنسىلا ھېلىقى دەھشەتلىك مەنزىرە — بەتبەشىرە ئىككى خوتۇننىڭ ياۋۇزلارچە ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇشى، يۈزلىرىنى تاتىلىشى، زەھەرلىك تىل ـ ھاقارەتلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئوڭىدا بولغان ئىش چۈشىدە كۆرۈنسە، ئۇنىڭ دەھشىتى نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدىكەن ـ دە، شۇڭا ئۇ ئۇخلاشتىن قورقۇپمۇ ئۇخلىيالماي چىققان. كۆڭلى پاراكەندە ئادەمنىڭ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىشى مۇمكىنمۇ؟!

خەيرىيەت، تاڭمۇ ئاتتى. ماھىنۇر بىرلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتكەندەك سالپىيىپ ئۆيگە كىردى. ھالاۋىدىنمۇ، بەختىخانمۇ ئۇنىڭغا بىرلا قاراپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىغاندىن باشقا گەپمۇ قىلمىدى. ئۆيدە بىر خىل ئېچىنىشلىق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئەتىگەنلىك چايمۇ جىمجىتلىق ئىچىدە ئىچىلدى. چايدىن كېيىن ھالاۋىدىن ئۇ ئۆيگە ھازىرلا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ماھىنۇر تۈنۈگۈنكىدەكلا ئۇ ئۆيگە بارماسلىقىنى، ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن كەچكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ھالاۋىدىن بىلەن بەختىخان ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ھەرگىز كۆنمىدى.

— بارمىسام بولمايدۇ! — دېدى ھالاۋىدىن قەتئىي ھالدا، — شۇنچە رەسۋالىقلارنىڭ، ئەسكى ئىشلارنىڭ چىقىشىغا كىم سەۋەبچى بولدى؟ ئارۇپجان دېگەن مۇناپىقنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسەم ئارام ئالالمايمەن! بىر گۇناھسىز ئادەمنى ئۇرسا يوللۇق، گۇناھلىق ئادەمنىڭ ئەدىپىنى

بەرسە، يولسىزلىق بولامدىكەن!

ھالاۋىدىننىڭ ھەر بىر سۆزى ئېغىزىدىن جاراڭلاپ چىقماقتا ئىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭغا ئاستا قارىدى. ئۇنىڭ قوشۇما قېشى، گۆشلۈك يۈزى ۋە گەۋدىلىك بەستى سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنىدى. ماھىنۇر ئۇنى باسماقچى بولغان قەدىمىدىن، قەتئىي ئىرادىسىدىن ياندۇرۇۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ھالاۋىدىن گۇرس - گۇرس دەسسەپ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا، ئېرىنىڭ ئىرادىسىدىن سۆيۈنگەن بەختىخان مۇنۇنى قوشۇپ قويدى:

— توڭلاتقۇ، ئانار گۈللۈك كونا گىلەمدىن باشقا جابدۇقلارنىڭ ھەممىسى ماھىنۇرنىڭ.

ھالاۋىدىن ئۆيدىن ئاشۇ قىياپىتى قەتئىيلىكى بىلەن چىقىپ كېتىشىملا ماھىنۇر دەككە - دۈككىگە چۈشتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆيىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمايتتى. ۋە «نومۇس»، «سەت» دېگەنىنىلا ئويلايتتى، بىراق ئارتۇقچە نومۇسلىنىش كىشىنى بوزەك بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئويلىمايتتى.

ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ، ئۆيگە سۈرلۈك تۈستە كىرىپ كەلگەن، مايلاشقان كىيىم - كېچەكلىك، گەۋدىلىك ھالاۋىدىننى كۆرۈپ، ئەتىسگەنلىك چايغا ئولتۇرغان زەينەپ بۇۋىلا ئەمەس، ئۇنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن، ھۆرمىتىنى قىلغان ئارۇپجانمۇ ھەيران قالدى ۋە كۆڭلىگە بىردىنلا ئەندىشە چۈشۈپ ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى. ھالاۋىدىننىڭ يېنىپ كەتكەن كۆزلىرى، تۈگۈلگەن مۇشتلىرىغا قاراپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— كېلىڭ ھالاۋىدىن ئاكا، كېلىڭ...

ھالاۋىدىن ئۇنىڭ تەكەللۇپلىرىنى قايرىپ قويۇپ:

— سەن ئۆزۈڭنى ماھىنۇرغا نېمە دەپ تونۇشتۇرغان؟ ئۇنى نېمە دەپ ئالغان؟ تويدىن كېيىن نېمە قىلماقچى بولغان؟

ئارۇپجاننىڭ بېشى ساڭگىلىدى.

— ئېيتە مۇناپىق!

زەينەپ بوۋى داڭقىتىپ بىر ھالاۋىدىنغا، بىر ئارۇپچانغا قارايتتى.
— مەن . . . مەن . . .
— كىبكەچلەيسەنغۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىرىپ نىمىلەرنى دىگەن ـ ھە! — مۇشتى تۈگۈلگەن ھالاۋىدىن ئالدىغا ئىككى ماڭدام ماڭدى.
ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان خوتۇنى ھەم ھالاۋىدىننىڭ ئالدىدا راست گەپ قىلىشنىمۇ، يالغان گەپ قىلىشنىمۇ بىلەلمەي قالغاندى.
— راست گەپنى قىل، ئالدامچى! تاڭگا چىشلىۋالغاندەك تۇرىسەنغۇ؟ — ھالاۋىدىن غەزەپتە تۈگۈلگەن بازغاندەك ئېغىر مۇشتۇمى بىلەن ئارۇپچاننىڭ ياڭىقىغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئارۇپچان ئىككى پۈكلىنىپ بۇلۇڭغا تىقىلىپ قالدى. ھالاۋىدىن يەنە قەھرى بىلەن بىر نەچچىنى تەپتى. ئېغىر مۇشت، كۈچلۈك تىپىك ئۇنىڭ جان ـ جىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قاقشاپ نالە قىلىپ ئورنىدىن تۇرالماي قالدى.
زەينەپ بوۋى ئېتىلىپ، ئاچچىق غەزىپى بارغانسىرى ئۆرلەۋاتقان ھالاۋىدىننىڭ ئالدىغا باردى:
— ۋاي، تومبالقا، نېمانچە ئۇرسەن؟ بۇ ماڭا كىرەك!
— سەن ئۈچۈن ئۇرۇۋاتىمەن.
— مەن ساڭا ئۇر دىدىممۇ؟
— ئالدامچىغا تاياق دورا.
— كىمنى ئالداپتۇ ئۇ؟
— بىر گۇناھسىزنى ئالدىدى، سىنى ئالدىدى، يا سەن ئۇرۇمچىگە بىرىپ خوتۇن ئال دىگەنمىدىڭ؟
— نېمە دەپ ئالدىدى؟
— ئايالىم بەش يىل بولدى، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن، يالغۇز بالام بار، خالىسىڭىز غۇلجىدا، خالىسىڭىز ئۇرۇمچىدە ئۆي تۇتۇپ بىرەي، دەپ ماھىنۇرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۆيلەنگىنى ئالدامچىلىق بولماي نېمە بولىدۇ، يا سەن تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ . . .
زەينەپ بوۋى نېمە دېيىشىنى بىلمەي، بىر ھالاۋىدىنغا، بىر ئىڭراپ ياتقان ئارۇپچانغا قارىدى.

— گەپ قىل ئالدامچى، — دېدى ھالاۋىدىن ئارۇپجاننى تارتىپ تۇرغۇزۇپ ۋە ئۇنىڭ گەجگىسىنى كۆچلۈك قوللىرى بىلەن ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇپ، — ئېيتە، دېگەن گەپلىرىم توغرىمۇ، يا مەن ساڭا بالا چاپلاۋاتامدىم ـ ھە، زوۋانىڭ تۇتۇلۇپ كەتتىمۇ؟

— راست، راست، — دېدى ئارۇپجان يۆتىلىپ ۋە ھېلى جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قىينىلىپ.

— قايسى گېپىم راست؟

— مەن ماھىنۇرنى ئايالىم تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن، دەپ ئالدىغان.

— يەنچۇ؟

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست، مەن دېگەن.

— سەن، — دېدى ھالاۋىدىن ئۇنى قويۇۋېتىپ، زەينەپ بۇۋىنى بىگىز قولى بىلەن جونۇپ تۇرۇپ قەھرى بىلەن، — بىچارە ئالدانغۇچىنى ئىشىنىڭ تېگىگە يەتمەيلا بىر نەچچە لۆكچەك خوتۇنلارغا ئۇرغۇزىسەنۇ، مۇنۇ ئالدىغان ئېرىڭنى نېمشقا ئۇرغۇزمايسەن؟

زەينەپ بۇۋى ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قارىدى. ئەگەر ئالدىدا كىشىنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك گەپلەرنى قىلىۋاتقان مۇنۇ ئادەم بولمىغان بولسا ئۇ تىترەپ، بىر قىسما قىياپەتتە تۇرغان ئارۇپجاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان، كاچاتلىرىغا سالغان، يۈزلىرىگە تۈكۈرگەن بولار ئىدى. شۇ تۇرقىدا ياخشى بېزەلگەن بۇ ئۆيدە خىلمۇ خىل روھىي ھالەت — بىر بىرسىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت، بىرسىنىڭكىدە ئۆچلۈك ھەم ئوڭايسىزلىنىش، يەنە بىرسىنىڭكىدە ئەندىشە، بىچارىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. لېكىن، ھەممىسىدە بىرخىل تۇيغۇمۇ — تېخى يېقىندىلا ياسالغان بۇ ئۆيگە نىسبەتەن يىرگىنىش تۇيغۇسىمۇ قوزغالماقتا ئىدى.

— ۋرنۇڭدىن تۇر! — دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى ھالاۋىدىن ئارۇپجانغا، — دەرۋازا ئالدىدا ماشىنا بار، ماۋۇ ئۆي جابدۇقلىرىنى ئاچىقىپ باس، بولارمۇ سېنىڭمۇ ـ يا؟ تۇرىسەنغۇ، ئاۋۋال سوتقا بېرىپ

كېلەمدۇق ؟

— ياق ، ياق ، ھەممىسى ماھىنۇرنىڭ ، — ئارۇپجان تەمتىلەپ قالدى . ئۇ ھالاۋىدىنىنىڭ تېزرەك كۆزدىن يىتىشىنى تىلەيتتى . زەينەپ بۇۋى غەزىپىنى بېسىپ ئۆرە تۇراتتى .

ئۆي جابدۇقلىرى ماشىنىغا بېسىلىپ بولدى . ئارۇپجان ئالاقزادە-لىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ كونا گىلەمنىمۇ ماشىنىغا بېسىۋەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن يالىڭاچلانغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە مۇڭلىنىپ يالغۇزلا توڭلاتقۇ قالدى .

ھالاۋىدىن ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ ئارۇپجاننىڭ ئانار گۈللۈك كونا گىلىمىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى :

— ئاله مۇنىۇ ئاداسقاڭنى !

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى .

زەينەپ بۇۋى ئېتىلىپ كېلىپ ، ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالغان ئارۇپجاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى :

— ۋۇي رەسۋا ! ۋۇي كۆڭلى قارا ! ۋۇي ئالدامچى ! تېخى سەن مېنى ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەنمىدىڭ ! . . .

※ ※ ※

ماھىنۇر كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، بەختىخان بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، تۇن ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى تۆت ئەتراپقا تەكشى يېيىپ بولغاندا ، تېلېۋىزور كۆرۈشكىمۇ ئۈنىماي ، ياتىقىغا يېنىپ چىقتى ، بەختىخان ئۇنى يالغۇز قالسا خىيالدىن نېرى بولالمايدۇ ، دەپ ئۈيقۇسى كەلگۈچە تېلېۋىزور كۆرۈشكە ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا دالالەت قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغان ، بىراق ئىلاجى بولمىدى . ئۇ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ ، دې-گەننى باھانە قىلىپ پەقەت ئۇنىمىدى . ئۇ ياتىقىغا چىقىپ يېشىنىشمۇ خۇش ياقماي يوتقان ، كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە تۇگۈلۈپ ياتتى . شۇئان بەختىخان ، ھالاۋىدىندەك يۆلەكچىسى ، كۆيۈمچان ، مېھرىبانلىرى

بولسىمۇ ، دۇنيادا ئۆزىنى يەككە ـ يېگانە ، غېرىب ھېس قىلدى . مىسكىن-لىكنىڭ زەنجىرى گېلىنى بوغۇشقا باشلىدى . ئۇ قىزىپ كەتتى ، نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك قىينىلىپ ، بىردىنلا قاتتىق ھاسىراپ كېتىپ ئوڭدا ياتتى . پېشانىسىدىن پۇژۇلداپ چىققان تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتتى ۋە پىلدىرلىغان كۆزلىرى بىلەن تورۇسقا تىكىلدى . ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن : « يالغۇز ياشىغان ئادەم بەختلىك بولالمايدىكەن ، ئارامسىزلىنىدىكەن ، ئەڭ ئازابلىق تۇرمۇش تەنھا تۇرمۇش ئىكەن ـ دە ، — دەپ پىچىرلىدى ماھىنۇر قانسىز لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ، — شۇنداقمۇ دەۋاتىمەن ، بىراق مەن ئۇزاق مەزگىل يالغۇز ياشاپ ، ئاخىر ئەرگە تەگدىم ، تۇرمۇشۇمدىكى بۇ ئۆزگىرىشمۇ مېنى بەختلىك قىلالمىدىغۇ ؟ ئارام ئالالمىدىمغۇ ؟ . . . زادى قانداق قىلسام بولىدۇ ؟ تەگمىسەم ئۇنىڭ ئازابى ، تەگسەم ئۇنىڭ دەردى . . . مېنىڭ ھاياتىمغا ئازاب ، قايغۇ ، دەرد ـ ئەلەم نېمانچە كۆپ يوشۇرۇنغان بولغىيدى . . . »

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى ، ماھىنۇر بىلمەيتتى . بىر چاغدا كىمدۇر بىرسى كوچىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتتى . ناخشا بۇزۇلۇپ ، بىر مىسرادىن كېيىن ئۇنى يوقاپ كېتىپ ، يەنە باشلىنىپ ئېيتىلىۋاتسىمۇ ، ماھىنۇرغا قاتتىق تەسىر قىلدى :

ئەجەب بولدۇم ، ئەجەب بولدۇم ،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن .
كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي ،
ئازاب چەككەنگە يىغلايمەن .

« ھەي بىچارە ، مېنىڭدەك دەردمەن ئىكەن ـ دە ، — دەپ ئويلىدى ئۆزىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان ماھىنۇر ، — ھەسرىتى ئىچىگە پاتمايۋاتىدۇ ، قىسمىتىدىن قاقشاۋاتىدۇ . . . ناخشىمۇ ياخشى نەرسە ئىكەن ، ئادەملەر ئىچكى ئاھۇ زارىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ ـ ئېيتىپ پۇخادىن چىقىدىكەن ، مەنمۇ ناخشىچى بولغان بولسام ، بېشىمغا كەلگەن ھەسرەت ـ

ئەلـەملىرىمنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ ـ ئېيتىپ ئىچ ـ قارنىمنى بوشىتىۋالاتـ
تـىـمكەن ، شۇ چاغدا يېنىكلەپ قالار ئىدىم . ھەي تەقدىر ـ ھەي تەقدىر ،
ئادەمـلـەرنـى بـوزەك قـىـلىشنى نېمانچە ياخشى كۆرىدىغانسەن ، ئۇنىڭدىن
كـۆرە ئادەمـلـەرنـى بـەخـتـلـىـك قىلىشنى ياخشى كۆرسەڭ بولماسمىدى ،
شـۇنـداق قىلساڭ بايىقىدەك ھەسرەتلىك ناخشىلارمۇ چىقماس ئىدى ، ئەي
خـۇدا ، نـېمـىـشـقـا يـالـغانچى ، كىشىلەرنى ئالدايدىغان رەزىل ئادەملەرنى
يـاراتـقـانسەن ؟ ياراتمىغان بولساڭ ، بۇ دەردلەرمۇ بولماس ئىدى . مەن ئۇ-
نـىـڭـغـا ئـىـشـەنـگـەن ، مېنى بەختلىك قىلىدۇ ، دەپ ئويلىغۇدىمغۇ ، قېنى
بـەخـتلىك قىلغىنى . . . تېخى ئادىمىيلىكتىن چىقىپ ، نومۇسسىزلارچە ئالـ
دىـدىـغـۇ ، بـۇ مـېـنـىـڭ ئايـاغ ئاستـى بولغىنىم بولماي نېمە ! . . . ئەرلەر
نـېمـىـدېـگـەن رەھـىمـسـىز ـ ھە ، ــ ماھىنۇر ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ
زارلانـمـاقـتا ئـىـدى ، ــ ئۇلار خـۇددى ۋەھشـىي بۆرىنىڭ ئۆزى ئىكەن ،
بـىـزنـى نـېـمـە كـۆرىـدىغاندۇ ؟ ئۆزلىرىنىڭ ئىشقىي ھېس ـ تۇيغۇلىرى ،
شـەھۋانـىـي نـەپـسى قوزغىلىپ قالسا ، بىزگە تۈلكىدەك ھىيلە ئىشلىتىپ ،
بـۆرىدەك چاڭگال سالىدىكەن ، ۋە بىزنى خورلايدىكەن . خورلۇق ، بوزەك
بـولـۇش بـۇنـىـڭـدىـن ئارتـۇق بـولامـدۇ ! بـىز نېمىشقا يارالدۇق ؟ دۇنيا ،
كـىشىلىك تۇرمۇش بىز بىلەن ئاۋات ئەمەسمۇ . . . ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش
ئانـىلاردىـن تـۇغـۇلـغـانـغـۇ ، نـېـمـىـشـقـا ئانىسىنى ، ھەدە ـ سىڭىللىرىنى
ئويـلـىـمـايـدىغاندۇ ؟ . . . خۇدا ئادەملەرنى ياراتقاندا ، ئەر ـ ئايال دېمەي ،
ھەمـمـىـسـىـگـە ئـىزا ـ نـومۇس ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، ئادىمىيلىكنى قوشۇپ
بـەرگـەن بولغىيدى ، قېنى ئۇ خىسلەتلەر ، قېنى ، قېنى ؟ . . . ماھىنۇرنىڭ
يـۈز ـ كـۆزلـىـرىـدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان قايغۇلۇق ، ئېچىنىشلىق ، مەيۇس
ئۇچـقـۇنلار يىتىپ ، بىردىنلا نەپرەت ، قەھرى ـ غەزەپ ئالامەتلىرى ياندى
ۋە كـۆزلـىـرى تىكىلىپ تۇرغان نۇقتىغا تېخىمۇ قاتتىق تىكىلدى ، يۈرىكى
قـاتـتـىـق سوقۇشقا باشلىدى ، ــ بىزدە مىڭلىغان ـ مىليونلىغان ئاياللاردا
پـاكـلـىق ، نومۇس ، شەرم ـ ھايا ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، مېھرى ـ مۇھەببەت
ۋە ئانـىـلىق قۇدرەت بار . شۇڭا بىز خالىسا ئوينايدىغان ، خالىمىسا تاشلىۋېـ
تـىـدىـغـان ئويـۇنـچۇق ئەمەس ، بۇنى ئۇلار چۈشىنىشى ، بىلىشى كېرەك .

دۇرۇس، ئىشقىي ھېس ــ تۇيغۇ ناھايىتى قايناق، بەگۋاش، تەلۋە بو-
لىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئەخلاق، نومۇس، ئادىمىيلىك ھۆكۈمران بولمىسا،
ھەرقانداق ئادەم ئادىمىيلىكتىن چىقىپ، ۋەھشىي مەلئۇنغا ئايلىنىدۇ. ئا-
رۇپجان ئادىمىيلىكتىن چىققان شۇنداق ئادەم ئىكەن...»

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، بەختىخان كىرىپ كەلدى. چۆچۈپ
كەتكەن ماھىنۇر ئۇنى كۆرۈپ، چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بې-
شىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى.

ــ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئۇخلايمەن، دېۋىدىڭ، ــ دېدى
بەختىخان ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ــ يەنە خىيالغا پېتىپ
قاپسەنغۇ؟

ــ خىيال قىلمىدىم، ئۇيقۇم كەلمەي...

ــ ئۇيقۇڭنىڭ كەلمىگىنى ــ خىيالىڭنىڭ ئارام بەرمىگىنى،
دېرىزەڭدىن قاراپ تۇرغىنى خېلى بولدى، خۇددى قېتىپ قالغان ئادەم-
دەك تورۇسقا تىكىلىپ يېتىپسەن، تېخى پىچىرلاۋاتىسەن! بۇ خىيالغا
پېتىپ قالغىنىڭ بولماي نېمە؟ دېگەن گېپىنى بۇنىڭ...

ــ دېرىزەمگە پەردە تارتىۋالمىسام بولمىغۇدەك.

ــ شۇنداقمۇ قىل، ئۆزۈڭنى يوشۇرالايسەن، ياتاقلارغا ھەرخىل
ئادەملەر كېلىدۇ، ئاۋارىچىلىككە قالمايسەن.

ــ دېرىزە بۇلۇڭغا قارىغانلىكىن دەپتىمەن.

ماھىنۇر سۇس كۈلۈمسىرىدى. بەختىخان ئۇنىڭ يۈزىگە
يوشۇرۇنچە سەپسالدى. چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، دۈپدۈگىلەك كۆز-
لىرى پىلدىرلاپ، قايرىلما كىرپىكلىرى ھالسىراپ ساڭگىلاپ قاپتۇ.
يۈزىدىكى تاتىلانغان يەرلىرى قېتىشىپ، قېنىق ھال رەڭ نېپىز لەۋلىرى
تاتىرىپ كېتىپتۇ. بەختىخاننىڭ ئىچى سىيرىلىپ، قانداق
چوكان ئىدى بۇ ــ ھە، دەپ ئويلىدى ۋە مۇمكىنقەدەر ئاشۇ كۆڭۈلسىز
ئىشلار توغرىسىدا گەپ ئاچماسلىققا تىرىشتى.

ــ سادىقنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، قازاندا قورۇغاندەك
پىشۇرۇۋاپسەن ئۇنى، ــ دېدى بەختىخان كۈلۈپ، ــ بىرىنچى قېتىم

مۇشۇ قورۇغا كەلگەندە ، قانداق بالا ئىدى ئۇ ، هازىر قانداق بولۇپ كەتتى ، قارا ، سېنىڭسىزمۇ سوداگىنى بەخۇدۇك قىلىۋاتىدۇ ، دۇكىنىڭ بىر كۈنمۇ تاقالمىدى .

— نەچچە كۈن بولدى ئۇنى كۆرمىگىلى ، قانداق بولۇپ قالدىكىن ، سودىسى قانداقراق بولۇۋاتىدىكىن ، — ماهىنۇر چوڭقۇر تىندى .

— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە ، بازارغا بارغان كۈنى كۆردۈم ئۇنى ، چاقماقتەك سۆزلەپ سودا قىلىۋېتىپتۇ .

ئىككىسى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى . بەختىخاننىڭ ئۇزاق ئولتۇرۇپ قېلىشىمۇ ، ئۇنى ئازابلىق خىياللاردىن نېرى قىلىش ئۈچۈن ئىدى .

— مەن چىقاي ماهىنۇر ، ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە باردى ، خوش ، ياخشى چۈش كۆر ، — ئۇ چىقىپ كەتتى .

ماهىنۇر ئورۇن سېلىپ ، يېشىنىپ ياتتى ـ دە ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ كۆزىنى يۇمدى . لېكىن ئۇخلىيالمىدى . ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ باقتى ، بېشىنى يۆركىدى ، ئاچتى ، ئۇيقۇنىڭ ئۇگدىكى باسىدىغاندەك ئەمەس . « هالاۋىدىن ئاكام ئۆيدە بولمىغان بولسا ، بەختىخان ھەدەم بىلەن پاراڭلىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغىنىمنى تۇيماس ئىدىم » دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىر . يۈرەكنى زىيدە قىلغان ئىشلارنى ئويلىماسلىق ، ئۇنتۇپ كېتىش تەس ئىدى . ئۇنتۇپ كېتەي دېگەنسېرى ئېسىگە كېلىۋېلىپ ، كىشىنى ئارام بەرمەي قىيناپ تۇراتتى . « تۇۋا ، ئادەملەرنى چۈشەنمەك نېمانچە تەستۇ ، — دەپ يەنە ئازابلىق خىياللارغا چۆكتى ئۇ ، — كىشىلەرگە ئەجەبمۇ ئاسان ئىشىنىپ قالىمەن ـ ھە . . . كىشىلەرگە ئاسان ئىشىنىپ قېلىشمۇ ئادەمدىكى بىر ئىللەت ئىكەن ، قانداق قىلسام بۇ ئىللەتتىن نېرى بولارمەن ؟ . . . نېمىشقا مەن ئۇنى ياخشىراق سۈرۈشتۈرۈپ ، تېگى ـ تەكتىنى ، هازىرقى ئەھۋالىنى ئېنىقراق ئۇقمىدىم ؟ ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى هاياتىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىغىنىمنى قارىمامدىغان ؟ ئادەم ئۆزۈندا

سىنىلىدۇ ، دېگەن گەپنى — ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزنى — كۆپ ئاڭلى-
غان ، بىراق ئۆز بېشىمغا كەلگەندە ئەمەل قىلالمىدىم ، ئۇنىڭ چىرايلىق
گەپلىرىگە ئالدىنىپ قالدىم . راستىنى ئېيتقاندا ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەت-
تىم ، ئىرادەمنى يوقاتتىم ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىشمۇ بىر ئىللەت
ئىكەن . ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ماڭا ئازاب ، ئۇنتۇلغۇسىز دەرد - ئەلەم ئېلىپ
كەلدى . ئىقرار قىلىشىم كېرەك . مەن چىلىق ئەمەس ئىكەنمەن ، ئىرادەم
ئاجىز ئىكەن ، شۇڭلاشقا بەختسىز بولۇپ قالدىم ، تېخى ئېچىندۇرىدىغىنى
بەتنامغا قالدىم ، بىچارىلەرچە يەرگە ئۇرۇلدۇم . . . ئىرادىسى ئاجىز ئادەم
ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ئۆزى يەرگە ئۇرىدىكەن ، ئېغىر خاتالىقلارغا يول
قويىدىكەن ، مەن خۇددى شاختىكى قىزىرىپ تۇرغان ئالما بوپتىمەن ،
ئۇنى ئۈزگەن ئادەم خالىسا پۇراپ ، خالىسا تاشلاپتۇ . ئادەم ئۆزىگە چىلىق ،
ئىرادىلىك ، زېرەك بولمىسا ھۆرمەتسىز ، ئېتىبارسىز ئادەمگە ئايلىنىپ
قالىدىكەن . بۇنى ئۆز بېشىمغا كەلگەندىلا بىلىۋاتىمەن . »

ماھىنۇر چوڭقۇر تىندى ، شۇ تىنىش بىلەن كۆزلىرىگە مۆلدۈرلەپ
ياش كەلدى . ئادەمنىڭ ھەسرىتى قوزغالسا ، پىغانى ئۆرلىسە ، نەچچە ئويى-
لىغان ئىشلارنى يەنە ئويلىغۇسى كېلىپ تۇرىدۇ . ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن بەزى
ئىشلارنى ، ئارۇپچان ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەرنى يەنە
ئەسلىدى . ئۇ بىر كۈنى ئارۇپچانغا : مەنمۇ ياش ، سىزمۇ ياش ، مۇشۇ
ئەھۋالدا غۇلجىدا بەش كۈن تۇرسىڭىز ، ئۈرۈمچىدە بىر كۈن
تۇرۇۋاتىسىز ، تۇرمۇش خۇۋلۇقنى كۆرمەي ، مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەم-
دۇق ، دېگەندە ئارۇپچان : مەن ئۆيلەنگەنلىكىمنى ئاپاملارغا ئېيتمىغان ،
بىر مەزگىل ئۆتسۇن ، ئاپاملارغا ئېيتىمەن ، ئىنىمغا دۇكان ئايرىپ بېرىپ ،
ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىمەن . ئاپام خالىسا ئۈرۈمچىدە ، خالىسا غۇلجىدا
تۇرار ، دېگەنىدى . ماھىنۇر ئۇنىڭ گەپلىرىگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەن . مانا
ئەمدى ئايان بولدىكى ، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەن . ئارۇپچان
ئالدىغان ، ماھىنۇر ئالدانغان . « توۋا ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر كۆز
ياشلىرىنى ئېرىتىپ ، — ئادەملەر بىر - بىرىگە يالغان ئېيتىش ، ئالداشنى ،
كىشىنىڭ كەلگۈسى ھاياتى - ئىستىقبالى بىلەن ئوينىشىشنى ۋە ئۇنى

خورلاپ دەپسەندە قىلىنىشى راۋا كۆرسە، ئۆزىنىڭ كۆڭلى، ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشسا، ئۇنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن!... ئۇھ، بىۋاپا ئالەم... تۇرمۇش مېنى ئەزدىغۇ، نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك بۇ... — ئۇ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى، — ئەي خۇدا، مۇشۇنداق ئالدامچى، نومۇسسىز ئادەملەرگە نېمىشقا ياشاش ھوقۇقى بېرىدىغانسەن! ئۇلار مېنىڭدەك باشقىلارغا ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىغان ئاق كۆڭۈل قىز ـ چوكانلاردىن يەنە قانچە ـ قانچىنى ئالداپ كېتەر؟... ئەگەر مەن سەت ئايال بولغان بولسام، ماڭا ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمەس ئىدى، خاتىرجەم تىرىكچىلىكىمنى قىلار ئىدىم. توۋا، مۇنۇ تەتۈرلۈكنى قاراڭلار، ئۆزۈمنىڭ چىرايى ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇۋاتقىنىنى... خۇدايىم مېنى نېمىشقا چىرايلىق قىلىپ يارىتىپ قويغاندۇ؟...»

سائەت نەچچە بولغاندۇ؟

ئازابلىق خىياللارغا پېتىپ قالغان ماھىنۇرنىڭ سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقى بىلەن نېمە ئىشى، ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى.

※ ※ ※

ماھىنۇر ئەتىسى ۋاقىت تۇردى. بەختىخانمۇ ئۇنى ئويغىتىۋەتمىدى. ئۇ ئەتىگەنلىك چايغا كىرگەندە، ھالاۋىدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى.

— سىزگە بىر گەپنى ئېيتاي دەۋاتىمەن، بەختىخان ھەدە، — دېدى ماھىنۇر ئالدىغا چاي كېلىش بىلەن.

— ئېيتە، مەندىن نېمىنى يوشۇرغانىدىڭ، — بەختىخان ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بويۇمدا قاپتۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن؟

— راست، ئىككى ئايلىق بوپتۇ.

بۇ بولۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى ھەيران

قالغاندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى .

ــــ قانداق قىلاي دەۋاتىسەن ؟

ــــ ئالدۇرۋېتەيمىكىن ، دەپ ئويلاۋاتىمەن .

ــــ نېمىشقا ؟

ــــ مەنغۇ بالىغا زار ، ــــ دېدى ماھىنۇر ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ، ــــ بالا تۇغۇلسا ھەرخىل گەپلەر چىقار ، بەزىلەر : خوتۇنىدىن تارتىۋالغان ئېرىدىن بولغان بالا ئىكەن دېسە ، ئازابىمغا يەنە بىر ئازاب قوشۇلامدۇ ؟

ــــ ئۇنداق دېيىشىغۇ ياخشى ، تېخى بەزىلەر ھارامدىن بولغان بالا ئىكەن دېيىشتىن يانمايدۇ دېگىنە ، ئۇ بويۇڭدا قالغانلىقىنى بىلەتتىمۇ ؟

ــــ بىلمەيتتى .

ــــ ئەقلىڭ ئىشلەپ ، ھېلىمۇ دېمەپتىكەنسەن .

ــــ شۇڭا ئۇنى تۇغۇپ نېمە قىلاي ، ئالدۇرۇۋېتەي دەۋاتىمەن ، ھېلىقى خوتۇنلار ئۇرغان چاغدا چۈشۈپ كەتسىمۇ بوپتىكەن .

ــــ ھېلىسىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ ، ئاسان ئىشمۇ ئۇ ، بوپتۇ ، ئۇ ئالدامچىدىن نام ـ نىشان قالمىغىنى ياخشى .

ئىككى كۈندىن كېيىن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەن ماھىنۇر ئاخىر يېنىك تىندى .

## 29

سادىق ئويچان بالا بولۇپ ئۆستى ، ئۇ ماھىنۇرنىڭ ئەرگە تەگكەنلىكىنى بىلىدۇ ، بىراق ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىلمەيدۇ . ئارىلىقتا بەختىخاننىڭ ماھىنۇر ئاغرىپ قالدى ، بىزنىڭ ئۆيدە ، دېگىنىنى ئاڭلىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا بىر سوئال تۇغۇلغان ، ئاغرىپ قالغان بولسا ، نېمىشقا ئۆز ئۆيىدە ياتماي ، بەختىخان ئاچامنىڭ ئۆيىدە ياتىدۇ ؟ ئۇ بۇ سوئالنى كۆپ ئويلىدى ، ھەر قانچە كۆپ ئويلىسىمۇ ، ئۆزى ئىشەنگۈدەك جاۋابقا ئىگە بولالمىدى .

ماھىنۇر ئون كۈندىن كېيىن — تونۇگۈن دۇكانغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر ئاز ئولتۇرۇشۇپ، يۈزىدىكى قىزىللىق قېچىپ سارغىيىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سوئاللىرى كۆپەيدى، ئاغرىپ قالغاندا، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بەختىخان ئاچام ئۆيىگە ئەكىلىۋالغانمىدۇ؟ ساقايغاندا يەنە نېمىشقا ئۆيىگە كەتمەي، بەختىخان ئاچامنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىدۇ؟ يالغۇز تۇرۇشتىن قورقىدۇ، دېيىلسە، ئارۇپجان ئاكام غۇلجىدىن كەلمىگەن چاغدىمۇ، ئۆيىدە يالغۇز تۇرغانغۇ؟...

ئون بەش ياشلىق بالا ۋايىگە يەتمىگەن ئەقلى بىلەن سوئاللىرىنىڭ تېگىگە يېتىشكە ئۇرۇنماقتا ۋە ئاشۇ سوئاللاردىن بۇرۇختۇرما بولماقتا ئىدى. ماھىنۇرنىڭ چىرايى، روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىش سادىقتا نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ سەۋەبىنى ماھىنۇر ئۆزىدىن سوراشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى شۇنداق ئوچۇق - يورۇق يۈرىدىغان ماھىنۇر جىمغۇرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قايغۇنى سىڭىپ يۈرەتتى.

سادىقنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىزلا مۇنۇ ئىككى سوئال كېلىپ قالدى: ماھىنۇر ئاچام ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتتىمۇ - يا؟ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بەختىخان ئاچامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەلدىمۇ - يا؟ ئۇ بۇ سوئاللىرىنى بەختىخاندىن سوراپ باقماقچىمۇ بولغان، ئۇنىڭدىن سوراشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن سوئاللار بولسىمۇ، ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، ئۇقمىغاندەك يۈردى. سادىق بۇ ئىشلارنى نېمانچىلا ئويلاپ، باش قاتۇرۇپ كېتىدۇ؟ كىچىككىنە بالىنىڭ كۆڭلىدە ماھىنۇرنىڭ قانداق كۈنلەرگە قالغانلىقىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش، قايغۇرۇش ھېسسىياتى قوزغىلىپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە سادىقتا ماھىنۇرنىڭ ئەرگە تەگمەكچى بولغانلىقىنى ئۇققاندىلا، بىر يۆلەكچىسىدىن، كۆيۈمچان - مېھرىبانىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ھېسسىيات ئويغانغان. شۇڭلاشقا يېتىمسىراپ بىر قىسما بولۇپ قالغان. مانا ئەمدى ئۇنىڭدا قايغۇرۇش، ئېچىنىش تۇيغۇسى قوزغىلىۋاتىدۇ.

ماھىنۇرنىڭ كەچتە دۇكاندىن يېنىپ، ئۆز ئۆيىگە ماڭماي، يەنە بۇرۇنقى يالغۇز تۇرغان ياتىقىغا مېڭىشى، رەڭگىروھىنىڭ ئۆزگىرىپ سارغىيىپ قالغانلىقى، مەيۈسلۈككە چۆشۈپ كەم سۆز بولۇپ قېلىشى سادىق ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى. بۇ سىر ئۇنى ھەرخىل ئوي - خىياللارغا سېلىپ، بىئارام قىلدى، ئازابلىدى. ئاخىر ئۇ بۇ سىرنى ئېچىش ئۈچۈن ماھىنۇرنىڭ ئوتتۇرا كۆۋرۈكتە تۇتقان ئۆيىگە بېرىپ باقماقچى بولدى. سادىق ئۇ ئۆيگە بىر قېتىم بارغانىدى. ئۇ چۈشلۈكى تاماق يېيىش ۋاقتىدا، ماھىنۇر دۇكاندا قالغان چاغدا، ئاشخانىغىمۇ كىرمەي، ئۇدۇل ئوتتۇرا كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى ۋە ئانچە تىنەپ كەتمەي، ئوتتۇرا كۆۋرۈك مەھەللىسىگە بېرىپ، ئۇلار ئۆي تۇتقان قورۇغا كىردى. ئۇ ئۇلار ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە يوغان قارا قۇلۇپ سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كېلىپ دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە قارىدى، ئۆي ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ھەيران قالدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— نېمىگە ماراپ تۇرىسەن ئوغرىدەك؟ — تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن سادىق چۆچۈپ كەينىگە قارىدى.

ياشانغان ئايال ئۇنىڭغا گۇمانسىراش نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى.

— ماھىنۇر ئاچامنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، چوڭ ئانا، — دېدى سادىق، — كۆچۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ؟

— ھە، ماھىنۇر ئاچاڭ كەتتى، ئارۇپجانمۇ غۇلجىغا كەتتى، ئىككىسىنىڭ ئۆيى بۇزۇلدى، ئۇقماي كەپسەن - دە؟

— ئۇقماپتىمەن.

سادىق قورۇدىن يېنىپ چىقتى - دە، ئالدىراپ دۇكانغا ماڭدى. «ئۆيى بۇزۇلدى» دېگەن گەپتىن ئىككىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي چىرايى ئېچىلغان، لەۋلىرىنى تەبەسسۇم ئوراپ ئالغان ھالدا دۇكانغا تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىرىدى. ئۇ ماھىنۇرنىڭ توپى بولىدىغانلىقىنى

ئاڭلاپ ئىچىدە خاپا بولغان، ئۆزىنى مىسكىن سەزگەن، ئەمدى ئىگە ــ چاقىسىز، باشپاناھسىز تىنەپ يۈرىدىغاندەك، تونۇمايدىغان، قاپىقى يامان قانداقتۇر بىر ئادەم ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغاندەك بىلىنگەن. ھازىر ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قايغۇ ــ غەم، ئەندىشىلىرى تارقىلىپ كەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

سادىق چۇشلۇك تامىقىنى يېگەن بولۇپ، دۇكانغا روھلۇق ھالدا كىرىپ كەلدى. ئەمما ماھىنۇر غەمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتىغىچە دىققەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭدا يەنە ئىزا ــ نومۇسلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭمۇ يېـ نىۋاتقانلىقىنى بايقىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئارۇپچان بىلەن چىرايلىقچە، مىجەز ــ خاراكتېرلىرىنىڭ بىر ــ بىرىگە ياقمىغانلىقى تۇپەيـ لىدىن ئاجراشقىنى يوق، ئالداشقا ئۇچراش سەۋەبىدىن، بۇنى ئاز دېگەندەك ناھەقلەرچە خەلقى ــ ئالەم ئالدىدا رەسۋالىنىپ ئايرىلدى. بۇنى كۆپ ئادەم كۆردى. ئەتراپتىكى باشقا دۇكاندارلار يۈزىگە سالمىغان بىلەن بۇنى بىلمەمدۇ، كۆڭۈللىرىدە بۇ ئەسكى خوتۇن ئىكەن، دەپ ئويلىماي قالامدۇ؟... بىر ــ بىرلىرىگە پىچىرلىشىپ دېيىشكەندۇ بەلكىم. ماھىنۇرـ نىڭ غەمكىنلىشىپ، نومۇسلىنىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ. «ھېلىمۇ ياخشى بەختىخان ھەدەملەر بارئىكەن، ياتاقتا بارسام، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، ھەسرەت ــ ئەلەملىرىم بىر ئاز بېسىلىدۇ، ــ دەپ ئويلاپ قالاتتى ئۇ، ــ لېكىن مەن كىشىلەر نەزىرىدە قانداق ئادەم بولۇپ قالدىم؟... بەختىخان ھەدەم غەزەپ، ھەسرەتكە پايلىماي قىلغان ئىش ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، سېنى غەزەپلەندۈرگەن، ئازابقا قويغان ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، دەيدۇ. بەلكى ئاستا ــ ئاستا ئۇنتۇلۇپمۇ كېتەر، لېكىن يۈرەكتە ساقايماس يارىسى قالىدۇ ــ دە. ئۇ مېنى ئالدىدى، مەن ئالداندىم، بىراق ئالدانغانلىقىمنى ھەر بىر ئادەمگە بىرىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىكەن، بۇ بىر ئىلاجى يوق ئىش ئىكەن، ئادەمنى تىرىك ئۆلتۈرىدىغان يېرى مۇشۇ. كۈنلەر ئۆتىدۇ، شۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىنكى، ئويلىمىـ

غان يەردىن بىرسى ئۇنى پېشانەڭگە قويۇپ قالدۇ، نېمە دېگۈلۈك ؟ قوقاستا پۇچۇلانغاندەك تولغىنىپ قالىسەن.»

ماھىنۇر مەيۈسلۈك، نومۇسلىنىش ئىچىدە يەنە بىر ھەپتىنى ئۆزاتتى. دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە دۇكانغا كېلىپلا سادىقتىن سورىدى:

— ھېلقى بوۋاي كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— قايسى بوۋاينى دەيسىز ؟

— سەن بىلەن بىللە مۇخۇركا ساتقان بوۋاينى دەيمەن.

— مەن ئۆيىدە يېتىپ - قوپقان بوۋايما ؟

— ھە، شۇ.

— راست، خېلى بولدى مەنمۇ كۆرمىدىم.

— نېمە بولغاندۇ، سادىق ؟

— باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتتىمۇ - يا ؟

— ھەي، شۇ بوۋاي ئاغرىپ قالدىغۇ دەيمەن، بىرىپ ئولتۇرغانلاردىن سوراپ باقسالڭ بوپتىكەن ؟

— سوراپ باقاي.

— ئەمىسە ھازىرلا بار.

سادىق ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى.

ماھىنۇرنىڭ بوۋاينى سوراقلاپ كېتىشىدە سەۋەب بار ئىدى. ماھىنۇر دۇكانغا بىرىپ - كېلىشتە بوۋاي ئولتۇرۇپ مۇخۇركا ساتىدىغان يەردىن ئۆتەتتى. مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ بوۋاينىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ قالدى. بەلكى باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندۇ ياكى ئاغرىپ قالدىمىكىن، دەپ يۈردى. ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەنمۇ قىلىپ كەتمىگەن. تۈيۇقسىز ئاخشام چۈشىگە كىرىپ قالغاچقا ئەنسىرەپ قالدى. چۈشىدە: ئۇ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيىنىڭ يېنىدا يۈز - كۆزلىرىنى توپا - چاڭ باسقان ھالدا يالاڭغاش ئولتۇرغۇدەك، سادىق بىر تەخسە سامسا ئەكېلىپ مانى يەۋال دېسە، بوۋاي ئۇنى يېگۈدەك چىشىم يوق، مېنى باقمەن دېسەڭ، بىر چىنە قېتىق ئەكېلىپ، يۇمشاق نان چىلاپ بەر، دېگۈدەك...

ماھىنۇر ئۆيغىنىپلا ئەنسىزلىككە چۈشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇ

چۇشنى سەھەرلىكتە كۆرگەندى .

سادىق تېزلا قايتىپ كەلدى .

— يوق ئىكەن ، — دېدى ئۇ ، — باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم ، بوۋاينىڭ كەلمىگىنىگە ئىككى ھەپتىدىن ئېشىپتۇ .

— نېمىشقا كەلمەپتۇ ؟

— ھېچكىم بىلمەيدىكەن .

ماھىنۇر ئويلىنىپ قالدى . ئۇ نەگە كەتكەندۇ ؟ ئۇنىڭ ئويىغا يەتمىگەن ئويلار يەتتى .

تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن . بۇنىڭ ئىچىدە قېرىلىق يەتكەندە ئىگە ـ چاقىسىز قېلىش ئىنتايىن ئېغىر ئىش . شۇنداق ئىكەن ، بوۋاينىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ، قانداق قىسمەتكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ، قىسقىسى ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى كىم سۈرۈشتۈرىدۇ ؟ . . . بىر ئادەم دۇنياغا كېلىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ ، ئەمما ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ، جاپالىق ئۆمۈر مۇساپىسى ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا ، پۇت دەسسەپ تۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغاندا ، ئۇ ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالسا ، قەدىر ـ قىممىتى ، ھۆرمەت ـ ئىززىتى قىلىنمىسا ، ئۇنىڭ قان ـ تەرىدە ، ئەجرىدە ، كۆيۈمچان ـ مېھرىبانلىقىدا چوڭ بولۇۋالغان باللىرى بېشىدا تۇرمىسا ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىش بولامدۇ !

ماھىنۇر شۇلارنى ئويلاپ ئەندىشىدە قالدى .

— ئۇچىتاشقا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باق ، سادىق ، مەن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن ، ئۆيىنى بىلسەڭمۇ ؟

— بىلمەن .

— ياشانغان ئادەم ئاغرىپ قالغان بولسا ، يالغۇزدىن ـ يالغۇز قانداق قىلىۋاتقاندۇ . . .

سادىقمۇ ئەنسىرەپ قالدى . ئۇ بوۋاينىڭ شىبەن تاشلار بىلەن قوپۇرۇپ ياسىۋالغان ئۆيىنى بىلىدۇ ، بىر مەزگىل بىللە تۇرغان ، بوۋاي ئاغرىپ قالغاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن باققان ، راستتىنلا ئاغرىپ قالغان

بولسا ، ئۇنىڭ قارىغۇچىسىنىڭ يوقلۇقىنىمۇ بىلىدۇ .

ـــ مەن بېرىپ كېلەيمىكىن ، ئاچا ؟ ـــ دېدى سادىق ماھىنۇرغا يېلىنغان قىياپەتتە قاراپ .

ـــ بېرىپ كەل ، ئۇ ساڭىمۇ قارىغان ، ئۆيىدە تۇرغۇزغان ، ـــ دېدى ماھىنۇر سادىقنىڭ كۆڭلىنى تۇيغاندەك ، ـــ بىزگە ياخشىلىق قىلغان ، ياخشىلىقىغا ياخشىلىق ياندۇرمىساق بولامدۇ ؟ راستتىنلا ئاغرىپ قالغان بولسا ، بىز ئۇنىڭغا قارايلى ، دوختۇرغا كۆرسىتەيلى .

سادىق ماڭغاندىن كېيىن ، ماھىنۇر پۇكەيگە يۆلىنىپ خىيالغا كەتتى : « ئاغرىپ يېتىپ قالغان بولسىغۇ يەنە ياخشى ، بىز قارايمىز ، ھالىدىن خەۋەر ئالىمىز ، ئەمما ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ ؟ . . . ماھىنۇر ئۆز خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى ، ـــ ياق ، ساقتۇر ، ئۆلۈپ قالغان بولسا ، بۇ چاغقىچە ئۇقار ئىدۇق . بىچارە بوۋايغا نېمە بولغاندۇ ، ئاق كۆڭۈل ، ياۋاش ، ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ، ھالال ئادەم ئىدى . »

ماھىنۇر سودا قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، كۆڭلى بوۋايدا ـــ ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا ئىدى . ماھىنۇر بوۋاي بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ ئۇششاق تىجارەت قىلغان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم مۇڭدىشىپ قالغان . بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە ، ئۆز يۇرتىدا سايىم ئاتلىق ئوغلى ، تاجىگۈل ئاتلىق قىزى بار ئىكەن . بالىلارنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ دەسلەپ قىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈيئوغلى ئەمەلدار بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىزىدا ھال پەيدا بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنى « ھالدار تاجىگۈل » دەيدىغان بوپتۇ ۋە كىيىنرەك ئېرىنىڭ ھوقۇقىغىمۇ قول سوزۇپ ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كادىرلارغا بۇيرۇق بېرىدىغان ھەم ئۇلارنى بەخۇدۇك ئۆز ئىشىغا سالىدىغان بوپتۇ . ئاستا ـ ئاستا دادىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ، ئۇنى قىلسىمۇ خاتا ، بۇنى قىلسىمۇ خاتا ، دەپ سىلكىشلەپ تۇرىدىغان ، ھەتتا دادا دېيىشتىن نومۇس قىلىدىغان ، ئۇرۇمچىدىن ، باشقا ۋىلايەتلەردىن كەلگەن مېھمانلارغا « قورۇ خىزمەتچىمىز » دەپ تونۇشتۇرىدىغان قىلىقلارنى چىقىرىپتۇ . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى ، بۇ ئىشلارنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشى بىلەن دادا ئۆزىدە ئېغىر خورلۇق ھېس

قىلىپ، قىزىنىڭ ئالدىدىن كېتىپتۇ ـ دە، ئوغلىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ كېلىنىنىڭ قولىغا قارىغۇچە قىزىنىڭ قولىغا قاراي، دەپ قىزىنىڭ ئالدىدا تۇرغانىكەن. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆيىدە ئاتا سۆيىتى بىلەن بىر نەچچە كۈنگىچە ياخشى كۈتۈلۈپتۇ. بىراق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا خورلىنىشقا، قىسلىشقا باشلاپتۇ. قىزى ئۇنى شۇنچە خورلاپ ئازابلىسمۇ، ئاش ـ تاماقتىن قىسمىغانىكەن. بۇ ئۆيدە ئۇ ئاش ـ تاماقتىن قىسلىپ، تويۇپ تاماق يېيەلمەيدىغان، ھەتتا ئاچ قالىدىغان ھالغا كەپتۇ. كېلىنى قانچىلىك تاماق بەرسە، شۇنىلا يەيدىكەن. تويمىدىم دېيەلمەيدىكەن، ئەگەر تويمىدىم دېسە، ئوغلى قېرى ئادەم تاماقنى ئاز يېمىسە، سىڭدۈرەلمەيدۇ دادا، سىرتقا تولا چىقىپ، ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالىسەن، قېرىغاندا قورساقنىڭ جېدىلىنى قىلساڭ ئۇيات ئەمەسمۇ، دادا، دەيدىكەن. ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلىش، ئىززەتلەش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش باللارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى، بۇ يۈكسەك تۇيغۇغا ئىگە باللار ئالقىشلىنىدۇ، بۇ يۈكسەك تۇيغۇنى يوقاتقان باللار قارغىلىدۇ. باللار ئاتا ـ ئانىغا بىر ئۆمۈر قەرزداركى، بۇ قەرز تۈگىمەيدۇ. ئەگەر باللار ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكىگە جاراھەت چۈشۈرگەن بولسا، باشقا جاراھەتلەر ساقىيىشى مۇمكىن، بۇ جاراھەت ساقايمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئازابى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. بوۋاي باللارنىڭ ئالدىدا مۇنچىلىك خارلانغۇچە، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىتەي، ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئالاي، ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە شۇ ئاچچىقىدا ئۈرۈمچىگە چىققانىكەن.

سادىق قايتىپ كەلدى.

— قانداق، بوۋاي بارمىكەن؟ — دېدى ماھىنۇر ئۇنى بىرەر يامان خەۋەر يەتكۈزۈپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ.

— بار ئىكەن، ئاغرىپ يېتىپتۇ.

— شۈكۈر، — ماھىنۇر يېنىك تىندى، — ئۆزى قانداقراق، قارىغۇچىسى يوقتۇر تايىنلىق؟

— ئەھۋالى ئوسال ئىكەن، ياتىدۇ، — سادىقنىڭ

چىرايىدىن ئېچىنىش ، مەيۈسلۈك ، يىغلىۋېتىدىغاندەك ئالامەتلەر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ، ـ ئىككى يىپىدا بوۋايدەك تاش قوپۇرۇپ ئۆي ياسىۋالغان بىر نەچچە يېتىمچى بار ئىكەن ، ئۇلار ئانچە ـ مۇنچە قاراپ قويىدىكەن . تاماكا ساتقان پۇللىرىمۇ تۈگەپتۇ . ئۆيىدە قېتىپ كەتكەن بىر يېرىم ناندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن .

— بوۋايغا ئەمدى بىز قارايلى ، — دېدى ماھىنۇر ئويلىنىپ تۇر-مايلا ، — دۇكاننى تاقا ، سادىق .

ئىككىسى ئالدىراپ دۇكاننى ئەتتى ـ دە ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۈچتاشقا چىقتى . سادىق مەشەگە چىققۇچە ماھىنۇر ئاچام ھېچنېمە ئالمىدىغۇ ، قۇرۇق قوللا چىقامدىكىنا ، دەپ ئويلاپ چىقتى . ماھىنۇر ئېھـ ئېھلاپ ياتقان بوۋاينى كۆرۈپ يىغلىۋېتىشكە ئاز قالدى . بوۋاي چەكمەن چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ ئوگدىسىغا سونايلىنىپ ياتقانىكەن . ئۇنىڭ سارغايغان ، ساقال باسقان مەڭزلىرى ئىچىگە تارتىلغان ، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ ، نۇرسىز كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغانىدى . ئۆي ئىچىدىن قانداقتۇر سېسىق پۇراقلار گۇپۇلدەپ تۇراتتى . بوۋاينىڭ بېشىدا يېرىم چىنە سۇ ۋە قاتتىق ـ قۇرۇق نان تۇراتتى .

— ماھىنۇر قىزىم ، — دېدى بوۋاي قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ بوش ئاۋازدا ، — مېنى يوقلاپ كەپسىز . . . رەھمەت . . .

— سىلى ئاتا ، بىز بالا ، سىلىنى ھەم يوقلاپ كەلدىم ، ھەم دوختۇرغا ئاپىراي ، دەپ كەلدىم .

بوۋاينىڭ چوڭقۇر چاناق ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىگە ياش كەلدى . سادىقمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى . . .

— ھەي ماھىنۇر ، ھەي ماھىنۇر . . . سىز بىلىسىزغۇ ، — بوۋاينىڭ ئاۋازى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلانماقتا ئىدى ، — جاپا تارتىپ بالا چوڭ قىلغان ئادەممۇ مۇشۇنداق كۈنگە قالامدۇ ؟ . . . — بوۋاينىڭ كۆز چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى .

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ، مانا بىز بار ، سادىق ئىككىمىز سىلىگە ئىگە بولىمىز .

ماھىنۇر بىلەن سادىق ئىككىسى بوۋاينى ئاۋايلاپ ھارۋىغا سېلىپ، ئاۋايلاپ چۇشۇرۇپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. دوختۇر ئۇنى ئۇزاق تەكشۈرۈپ، ئىچ - باغرىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان ئەسۋابلارغا خەت يېزىپ بەردى. ماھىنۇر بىلەن سادىق بۆلۈممۇ بۆلۈم قاتراپ يۈرۈپ ھالسىز بوۋاينى تەكشۈرتكۈچە، ھېرىپ، تەرلەپ ھالىدىن كېتەي دېدى. بىراق تەكشۈرتۈش بىر كۈندە پۈتمىدى.

ئەتىسى دوختۇر تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئالدىغا يېيىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— ئىچكى ئەزالىرى ساق ئىكەن، قان ئاز، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن، بىر نەچچە كۈن ئاسما ئوكۇل سالسۇن، قۇۋۋەتلەندۇرۇش دورىلىرىدىن يېزىپ بېرەي، ئۇنى ئىچسۇن، بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ياخشى ئوزۇقلىنىپ كۈتۈلسە، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، — دېدى ماھىنۇرغا قاراپ.

— دوختۇر، — دېدى ماھىنۇر ئىلتىماس قىلىپ، — بالنىتسىدا يېتىپ داۋالانسا، قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى.

— بۇنچىلىك غەيرەت قىلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى، بالنىتسىدا ياتسۇن، يېزىپ بېرەي، بىراق ئالدىن ئۈچ مىڭ سوم تاپشۇرۇڭ، دەيدۇ.

— ئۇنىڭدىن جىقراق بولسىمۇ تاپشۇراي.

— سىزنىڭ دادىڭىزمۇ؟

— ياق، تونۇشۇم.

— تونۇشۇم؟

— شۇنداق، تونۇشۇم، بۇ مۇنداق ئىش قاراڭ، بۇ بىر ئىگە - چاقىسىز بوۋاي، ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، قارىغۇچىسىمۇ يوق، داۋالىتىپ قوياي، دەپ ئەكەلدىم.

— سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— سودىگەرچىلىك قىلىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دوختۇر يېزىشنى توختىتىپ ماھىنۇر-نىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە قاراپ كەتتى، — سىلەر قالتىس ئىشلارنى

قىلىۋاتىسىلەر ، ئۇكام ، بىز قىلالمىغان ، ھەتتا خېلى ـ خېلى چوڭ ئو-رۇنلارمۇ قىلالمىغان ئىشلارنى ھازىر سودىگەرلەر قىلىۋاتىدۇ ، — ياشانغان دوختۇر كۆزىدىن كۆز ئەينىكىنى ئېلىپ ، ئۇنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتتى ، — بۇ يىل مەن يۇرتۇمغا بېرىپ ، تونۇش دوختۇردىن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدىم . شەھەرگە يىراق يېزىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئون سەككىز ياشلىق ئوغلىنىڭ مەزى بېزىگە سوغۇق تېگىپ ، سىيەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ . يېزا دوختۇرى ئۇنى داۋالاشقا ئامالسىز قېلىپ ، شەھەرگە ئەكىرىشنى ئېيتىپتۇ . دېھقان ئەللىك سوم جايلاپتۇ ـ دە ، ئوغلىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە دوختۇرغا كۆرسىتىپتۇ . دوختۇر بالىنى بالىنىتسىدا ياتقۇزۇشنىڭ لازىملىقىنى ، ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى ، ئوپېراتسىيە قىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . بىراق داۋالاش ھەققى ئۈچۈن ئالدىن كەم دېگەندە ئۈچ مىڭ سوم تاپشۇرۇش كېرەكلىكىنىمۇ ، ئەگەر ئۈچ مىڭ سوم تاپشۇرمىسا داۋالاشقا قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنىمۇ ئوچۇق دەپتۇ . دېھقاننىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە ، دوختۇرغا يالۋۇرۇپ ، سادىغاڭ كېتەي دوختۇر ، توخۇ ـ تۇخۇملارنى سېتىپ ، ئاران ئەللىك سوم جايلاپ كىردىم . بۇنىڭدىن باشقا پۇلۇم يوق ، ئۇنداق قىل-ماي ، بالامنى ساقايتىپ بەرسىڭىز ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ . دوختۇر ئەللىك سوم بىلەن بالىنى ساقايتقىلى بولمايدۇ ، داۋالاش ـ بالىنىتسىغا قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنىڭ سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىز بىلەن كارى يوق . ئالدىن ئۈچ مىڭ سوم تاپشۇرمىسىڭىز ، ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا ، ئوچۇق ئېيتاي ، ئوغلىڭىز ئۆلۈپ كېتىدۇ . سىزگە مەسلىھەت بېرەي ، خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بې-رىپ ئەھۋالىڭىزنى ئېيتىڭ ، سىزگە ئاشۇ ئىدارە ياردەم قىلىشى مۇمكىن . دېھقان ئۈچ كۈن قاتراپ يۈرۈپ ئۇ يەردىن مىڭ تەسلىكتە مىڭ سوم ھەل قىپتۇ . مىڭ سوم بىلەن ئىشى ھەل بولمايدۇ ـ دە ، ئۇ مىڭ سومنى تۇتۇپ خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي ، بېشى قېتىپ ، مەيۈسلۈككە پېتىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ . بۇ پۇل بىلەن بەربىر بالىنىتسىغا ئال-مايدۇ ، قانداق قىلغۇلۇق ؟ شۇ ئەسنادا بىر سودىگەر كېلىپ قاپتۇ ـ دە ، يىغلامسىراپ ئولتۇرغان دېھقاننىڭ بېشىغا قانداق كۈن چۈشكەنلىكىنى

سوراپتۇ . دېھقان بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى سۆزلەپ يىغلاپ كېتىپتۇ . ياش سودىگەر دوختۇرخانىغا كېلىپ ، ئۈچ مىڭ سوم تاپشۇرۇپ ، بالىنى بالىنىتسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ ۋە ئارىلاپ كېلىپ بالىنى يوقلاپمۇ تۇرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بالا بىر ئايدا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ . بىراق داۋالاش پۇلى تۆت مىڭ يەتتە يۈز سوم بوپتۇ . ياش سودىگەر قالغان پۇلنىمۇ تۆلەپ ، ئۇنى بالىنىتسىدىن ئېلىپ چىقىپ ، ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسىدا ئۇلارنى يېزىسىغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ ۋە يەنە دېھقاننىڭ قولىغا بەش يۈز سوم تۇتقۇزۇپ قايتىپ كەپتۇ . ئەگەر ئاشۇ ياش سودىگەر داۋالاشنى ئۈستىگە ئالمىغان بولسا ، ئۇن سەككىز ياشلىق يىگىت ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى . بۇرۇن پۇل تاپقان ، بايلىق ياراتقانلارنى ھەدېسىلا ھاقارەت قىلدۇق ، دۇمبالىدۇق ، لېكىن ئاز زىيان تارتتۇقمۇ ؟

— بايلىقنىڭ ھوشۇر - زاكىتىنى ئايرىپ تۇرمىساق ، كۆكلىيەلمەيمىز ، دوختۇر ، — دېدى ماھىنۇر كۈلۈمسىرەپ .

— مانا بۇ ئىنسانىي خىسلەت ، پەزىلەت ، ئەخلاق . يازغۇچىلىرىمىز مۇشۇنداق ئىشلارنى يېزىش كېرەك ، يېزىلىۋاتقانلارمۇ بار ، بىراق خەلقنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ . « بۇ مەرىپەتپەرۋەر زات مائارىپقا ئون مىڭ سوم ئىئانە قىلدى » ، « بۇ مەرد سودىگەر ئىككى كەمبەغەلنى قۇتقۇزدى » ، شۇمۇ يېزىقمۇ ؟ يازغانلىرىدىن خەلق تەسىرلىنىپ ھاياجانلانسۇن ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتسۇن ، ھەر قانداق بېخىل سودىگەرلەرنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقنى كولايدىغان قىلسۇن ، — دوختۇر بىردەملىك جىملىقتىن كېيىن ، مۇنۇنى قوشۇپ قويدى ، — رەھبەرلىك بىلەن سۆزلىشىپ ، بۇ ئىگە - چاقىسىز بوۋاينىڭ كېچە - كۈندۈز ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان سېستىرا ئورۇنلاشتۇراي ، ئەتىگەنلىك سۈت - شېكىرىنى مەن يەتكۈزۈپ بېرەي .

— رەھمەت سىزگە ، دوختۇر .

— سىز رەھمەت دېمەڭ ، رەھمەتنى ھۆكۈمەت سىزگە دېسۇن . دوختۇر ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى . ماھىنۇر دوختۇرلار ئىنساپسىز بولۇپ كەتتى ، پارا ئالىدۇ ، دەۋاتاتتى ، مۇنداق پەزىلەتلىكلىرىمۇ بار ئىكەنغۇ ،

دەپ ئويلىدى.
— رەھمەت سىزگە سىڭلىم، پەزىلەتلىك، مېھرىبان تىجارەتچى ئىكەنسىز، تاپقان پۇلنى ئورۇنلۇق يەرگە ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنى ئورۇن-لۇق يەرگە ئىشلەتسە، پۇل دېگەن ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە، ئورۇنسىز يەرگە ئىشلەتسە، ئۇ بىر ئاپەت، ئادەم بۇزىدىغان ئېزىتقۇ، بەزى سودى-گەرلەر تىجارەت قىلىدىم دەپ ياش ئوغۇل - قىزلارنى زەھەرلەۋاتىدۇ، ئېزىقتۇرۇۋاتىدۇ، بۇزۇۋاتىدۇ. لەنەتكە قالغان ئادەمنى خەلق كەچۈر-مەيدۇ، تارىخ كەچۈرمەيدۇ!... بىر ئادەم ياخشى ئىش قىلسا، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزسە ياخشىلىقى قالىدۇ، ئەل ئاغزىدا ماختىلىپ يۈرىدۇ؛ بىر ئادەم يامانلىق قىلسا، خەلققە زىيان يەتكۈزسە يامانلىقى قالىدۇ، ئەل ئاغزىدا قارغىلىپ يۈرىدۇ. نېمىنى تەرسەك، شۇنى ئالىسەن ئەمەسمۇ...

※ ※ ※

ماھىنۇر بوۋايىنى بالنىتسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. دوختۇرمۇ ئۆز گېپى بويىچە دەرھال رەھبەرلىك بىلەن سۆزلىشىپ بوۋايغا مەخسۇس قارايدىغان سېستىرانى ئاجراتتى. ماھىنۇر بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ غەم - ئەندىشىدە قىلىۋىدى، مانا ئەمدى كۆڭلى يورۇپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى.
كەچمۇ كىرىپ قالغانىدى. ماھىنۇر سادىقنى ئەگەشتۇرۇپ ئاشپۇ-زۇلغا كىردى - دە، تاماق يەپ چىقتى.
— سادىق، — دېدى ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، — دوختۇرمۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ خېلى ئېغىر چىلىقىمىزنى كۆتۈردى. بوۋاي چۈش-لۈككە دوختۇرخانىنىڭ تامىقىنى يەيدىغان بولدى. بىز كۈندە كەچتە سۈيۈق - سەلەڭ تاماقلارنى ئاپىرىدىغان بولدۇق.
— ياخشى بوپتۇ ئاچا، تاماقنى ھەر كۈنى مەنلا ئاپىراي، سىز ئاۋارە بولماڭ.
— سەنمۇ ئاپىرىسەن، مەنمۇ ئاپىرىمەن، يوقلاپ تۇرمىساق قانداق

بولىدۇ .
سادىق دۇكانغا ، ماھىنۇر ياتىقىغا ماڭدى ، ئۇ قورۇغا كىرىپ كەلگەندە كۆز باغلىناي ، دەپ قالغانىدى .
— بۇگۈن ئەجەب كېچىكىپ كەلدىڭا ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ ، — دېدى ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان بەختىخان .
— يۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى ، نېمىشقا كېچىكىپ قالغانلىقىمنى سۆز-لەپ بېرىمەن ، سىزمۇ خۇش بولىسىز .
ئىككىسى ئۆيگە كىرىشتى . ئۆيدە ھالاۋىدىن بار ئىكەن . ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ ، ماھىنۇرغا ئېلىپ قويغانىكەن . ماھىنۇر قورسىقىنىڭ توقلۇقىنى ئېيتىۋىدى ، بەختىخان :
— نېمىشقا بازاردىن تاماق يەيسەن ، ئۆيى يوق ئادەمدەك ، — دېدى خاپا بولۇپ .
— شۇنداق قىلماي بولمىدى ، بەختىخان ھەدە ، سادىق ئىككىمىز چۈشلۈكىمىزنىمۇ ، كەچلىكىمىزنىمۇ بىراقلا يېدۇق .
— ئەمىسە ئېيتە ، نېمە ئىش بولدى ؟
ماھىنۇر ئەر - ئايال ئىككىسىگە بۈگۈن قىلغان ئىشلىرىنى — بوۋاينىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ، ياتقاندىمۇ ئېغىر ياتقانلىقىنى ، ئۇ-نىڭ قارىغۇچىسىنىڭ يوقلۇقى ، ئەسلىدە بوۋاينىڭ ئۆز يۇرتىدا ئوغۇل - قىزلىرى بولسىمۇ ، دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغاچقا ، بوۋاينىڭ ئۇلاردىن كۆڭلى قېلىپ ، ئۈرۈمچىگە يېنىپ چىققانلىقىنى ، بۇ يەردە ئۇ ئىگە - چاقىسى يوق ئادەمدەك ئاشۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقىنى ، سادىق ئىككىسى ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئەكەلگەنلىكى ۋە ئالدىن پۇل تۆلەپ بالنىتسىغا ياتقۇزۇپ ، ئەمدى يانغانلىقىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى .
ئۆي ئىچىنى بىردىنلا ئېغىر جىملىق باستى . ھالاۋىدىن بىلەن بەختىخاننىڭ چىرايىدا ئاۋۋال ئېچىنىش ، كېيىندىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياندى .
— قالتىس ئىش قىپسەن ، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپسەن ، خۇدايىم ساڭا بېرىدۇ ، ئەمدى تېخىمۇ كۆكلەيسەن ، — دېدى بەختىخان خۇشال-

لىـقـىـدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، ـــ بالا چوڭ قىلىپ ، ئۇنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىسە ، ئۇنداق بالىلارنى باققۇچە ئىتنى باققان ياخشى ئەمەسمۇ !

ـــ ئۇنـىـڭ بـالـىـلىرى جىنايەتچى ئىكەن ، ـــ دېدى كۆزلىرى يې-نىـپ ، گـۆشـلـۈك يـۈزى تـىـتـرەپ كـەتكەن ھالاۋىدىن ، ـــ قاراڭلار ، نـېـمـىـدېگەن كۆڭلى قارىلىق بۇ ، سېنى تاپقان ، بېقىپ چوڭ قىلغان ئا-تـاڭـغـا نائەھلىلىك قىلساڭ ، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق جىنايەت بولامدۇ !

ـــ ئۇلار بـالـىـلىرىنى ئەتىۋارلاپ بېقىۋاتقاندۇ ، بوۋاينىڭ بالىلىرى بـالـىـلـىرىنى قانچىلىك ئەتىۋارلاپ بېقىۋاتقان بولسا ، ئۇلارنىمۇ ئاتا ـ ئانى-لـىـرى شـۇنـچـىـلـىـك ئەتـىـۋارلاپ بـاقـقانغۇ . . . ـــ بەختىخانىنىڭ چېكە تـومـۇرلـىـرى بـۆرتـۈپ چىقتى ، ـــ قېنى بالىلىق قەرز ؟ . . . ئۇلار تېخى كۆرىدۇ ، باشقىسىدىن ئەمەس ، ئۆزىنىڭ بالىلىرىدىن كۆرىدۇ !

ئۇلار بـۇگـۈن تـېـلـېۋىزور كۆرمىدى . چىرايلىرىدا ئېچىنىش ھەم غـەزەپـلـىـك ئالامـەتلەر ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ تېلېۋىزور كۆ-رۈشى مۇمكىنمۇ ؟

مـاھـىـنـۇر يـاتـىـقـىـغـا يـېـنىـپ چىقىپ ، ھاردۇق يەتكەنلىكى ھەم بوۋايدىن خاتىرجەم بولغانلىقى ئۈچۈن تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى .

## 30

يـىـل ئۆرۈلـۈپ ، گـۈل چېچەكلىك باھار كەلدى . قىز ـ چوكانلار تـوزدەك يـاسـىنىپ يۈرىدىغان چاغ كەلدى . تەبىئەت ياساندى ، ئادەملەرمۇ يـاسـاندى . تەبىئەت نېمىدېگەن ھېكمەتلىك ، ئۇ يېقىندىلا ئېتىز ـ قىرلاردا قـاردىـن بـېـزەك يـاسـىـغـان ، ھازىـر گـۈل ـ چـېـچەكتىن ياساۋاتىدۇ ؛ ئۇ يـېقىندىلا قاش ـ كىرپىكلىرىڭگە قىرو قوندۇرغان ، ھازىر ئويناق نۇرلارنى يـاغدۇرۇۋاتـىدۇ ؛ ئۇ يېقىندىلا سوغۇقى بىلەن مەڭزلەرنى قىزارتقان ، ھازىر ئـىـلـلـىـق ئـىـسـسـىـقـى بىلەن قىزارتىۋاتىدۇ ؛ ئۇ يېقىندىلا ئۇچاڭغا پەلتو ، قـۇلاقـچـا ، پـوكـۇاي يـاغـلـىقلارنى ئارتقۇزغان ، ھازىر نېپىز ، ئىسكەتلىك كـۆينەكلەرنى كـيدۈرۈۋاتـىدۇ . ماھىنۇر دۇكىنىدا توزدەك ياسىنىپ بازارغا

كىرگەن چوكانلارغا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار خۇشخۇي،
چىرايلىرىدىن شادلىق، ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدۇ، بىر - بىرى
بىلەن نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ كۈلۈشىدۇ... «قايسىسى قىز، قايسىسى
چوكان بىلىپ بولمايدۇ، — دەپ خىيالغا كەتتى ماھىنۇر ئۇلاردىن كۆز
ئۈزمەي، — ئاشۇلارنىڭ ھەسرىتى يوقمىدۇ؟ ھەسرىتى بولسا، مۇنداق
كۈلۈپ، خۇشخۇي يۈرمەس ئىدى... خۇدايىم ھەسرەتنى ماڭىلا بېرىپ-
تىكەن - دە. ياش چېغىم، نۆۋەر چېغىم مۇشۇنداق ھەسرەتكە پېتىپ
ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟... بىر ئازابتىن قۇتۇلۇپ، ئۇنى ئەمدىلا ئۇنتۇشقا باش-
لىغاندا، يەنە بىر ئازابقا قالىمەن... نېمە ئىلاج، ئۆزۈمدىن ئۆتكەن،
نادانلىقىم، تەنتەكلىكىم، بەلكىم ئاق كۆڭۈللۈكۈمدۇر... ياخشى ئوقۇۋا-
تاتتىم، ئابدۇقادىر بىلەن قاچمىغان، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمىگەن
بولسام، ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ چاغقىچە دوستلىرىم بىلەن ئالىي
مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئاللىقاچان خىزمەتكە چىققان، بەلكىم ئۆزۈمدەك
ئوقۇغان بىرىگە ياتلىقمۇ بولغان بولار ئىدىم، خاتىرجەم خىزمەت ئىشلەپ،
مائاشىنى ئوتتۇز كۈنگە بۆلۈپ خەجلەپ، بىرخىل، رەتلىك تۇرمۇش
ئۆتكۈزۈپ يۈرەر ئىدىم. ئوقەت قىلىمەن، جېنىمنى جان ئېتىمەن، دەپ
شەھەرمۇ شەھەر تاسقىلىپ يۈرمەس ئىدىم، بۇ دەرد - ئەلەم، ھەسرەت-
لەرگىمۇ قالماس ئىدىم. خۇدايىم ماڭا دۇنيادىن يالغۇز ئۆتۈپ كېتىشنى
بۇيرۇغان ئوخشايدۇ. بەختىخان ھەددىملەرنىڭ ئۆيىگە ئۇۋا سالغان قارلى-
غاچمۇ، ھالاۋىدىن ئاكامنىڭ كەكلىكلىرىمۇ جۈپ - جۈپى بىلەنۇ، مەنلا
يالغۇز. بوپتۇ، بېشىمغا كەلگەن قىسمەتنى تارتماي ئىلاج يوق. بىراق-
ئەمدى ئەرگە تەگمەيمەن، دۇنيادىن يالغۇز ئۆتىمەن دېمەنۇ، بەزىدە
ئەرلىك بولۇشنى، ئۆي تۇتۇشنى، ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى خالاپ قا-
لىمەن. ئۆزۈم تۈيمىغان ھالدا شۇنداق ياشاشنى ئويلاپ قالىمەن.
چۈشۈمگىمۇ كىرىپ قالىدۇ، قاملاشقان بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيدە
ياشاۋېتىپتىمەن، خۇشال يۈرگۈدەكمەن... جۈپ - جۈپى بىلەن
يۈرگەن ئەر - ئاياللارنى كۆرسەم بەزىدە زوقلىنىپ قاراپ كېتىمەن، بە-
زىدە ئىچىم قاراڭغۇلىشىدۇ...»

— ئاۋۇ هال كۆينەكنى ئېلىڭا، كۆرۈپ باقاي.

ماھىنۇر چۆچۈپ كەتتى. ئۇ خىيالغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئالدىغا خېرىدارنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە كۆينەكلەرنىڭ رەڭگىنى تاللاپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى بايقىمىغانىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭغا هال كۆينەكتىن ئېلىپ بېرىپ تۇرۇشىغا، يەنە بىر خېرىدار:

— ئاۋۇ يېشىل كۆينەكنى ئېلىڭا؟

ئۇ ئىككى خېرىدارغا ئۈچ كۆينەك ساتتى. ئۇنىڭ دۇكىنى مۇشۇ ئەتراپتىكى دۇكانلارنىڭ ئالدى. ماللىرىنىڭ باھاسى قىممەت بولغان بىلەن جەلپكار، كىشىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ تۇرىدىغان ماللار. ماللىرىنىڭ كۆپى ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بولۇپ سۈپەتلىك. ئۇ ئاياللارنىڭ قانداق رەڭدىكى، قانداق پاسوندىكى كىيىملەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ هازىر سودىسى ئىتتىك، بىراق دۇكىنى تارلىق قىلىۋاتىدۇ. بولمىسا قىممەت باهالىق ئەن رەختلەرنىمۇ سالماقچى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا يېڭى بىر پىلان تۇغۇلدى، يېقىن ئارىدا يوغانراق، ئازادە دۇكانغا چىقىشنى، يەنە بىر پىرىكازچىك ياللاشنى، دۇكاننىڭ بىر چېتىگە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى سېلىشنىمۇ ئويلىشىۋاتىدۇ. بۇرۇنراق شۇنداق قىلىشنىمۇ ئويلىغان، بىراق دۇكان تېپىلماي تۇرۇپ قالغان. ئەسلىدە ئۇ ئۇرۇمچىگە جېنىمنى جان ئېتىپ كەتسەملا بولدى دەپ كەلگەن، بىبىسىپ ئۆتكەن يولى، تىرىشىپ ياراتقان بايلىقى ئۇنى تېخىمۇ باي بولۇشقا ئۈندەۋاتىدۇ.

ماھىنۇر خېرىدارلاردىن خالىي بولۇپ، دۇكىنىغا يەنە قانداق ماللارنى ئەكېلىشنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا، چۇشلۇك تاماققا كەتكەن سادىق ئېگىز بويلۇق، قەغەز يەشىك كۆتۈرگەن يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنى باشلاپ كەلدى.

— بۇ بالا باياتىن بېرى سىزنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ، غۇلجىدىن كەلدىم، دەيدۇ، — دېدى سادىق.

— غۇلجىدىن كەپسەن - دە، ئۇكام؟ — بىر ئىشنى تۇيغاندەك ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى تېز - تېز ئۇرۇپ كەتتى.

— ئەكبەرجان خەت ئەۋەتكەن ، — دېدى ئېگىز بويلۇق بالا قولىدىكى قەغەز يەشىكنى پوكەي ئۈستىگە قويۇپ .
— سەنمۇ بىزنىڭ مەھەللىلىك ئىكەنسەن ـ دە ؟
— ھەئە . سىزنى كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن ، تونۇيالماپتىمەن ، بولمىسا مەشەدىن نەچچە ئۆتتۈم .
— نېمە ئىش بىلەن كېلىشۈيدىڭ ؟
— مەن باققاللىق قىلىمەن ، ئەكبەرجاننىڭ ئاغىنىسى .
— ئەكبەرجاننىڭ ئەھۋالى قانداق ؟
— ناھايىتى ياخشى ، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىكەن ، شۇڭا تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ .
— مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭ ؟
— ئەكبەرجان دەپ بەردى ، ئۇ سىزنى دۆڭكۆۋرۈك دېگەن يەرنىڭ بازىرىدا دۇكان ئېچىپ ئولتۇرىدۇ ، دەپ ئاڭلاپتىكەن .
ماھىنۇر ئىنىسىنىڭ خېتىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئوقۇدى ـ دە ، شۇ ھامان قوزغالغان شادلىق ، ھاياجان ھېسلىرىنى باسالماي قوللىرى تىترەپ كەتتى ۋە ئۇ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى . ئىنىسى ئەكبەرجان بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغانلىقىنى ، ئوقۇشىنىڭ ياخشىلىقىنى ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ، توققۇزىنچى ئايدا ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ ، باشقا ئىشلار توغرىسىدا ھېچنېمە يازماپتۇ .
— ئېيتىپ قويۇڭ ئۇكام ، — دېدى خۇشاللىقتىن كۆزلىرى يېنىپ ، يۈزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتكەن ماھىنۇر ، — كەلسۇن ، چوقۇم كەلسۇن ، تاماقتىن ، ئوقۇش راسخوتىدىن ، كىيىم ـ كېچەكتىن زادىلا غەم قىلمىسۇن ، ھەممىسىگە ئۆزۈم ئىگە . مۇشۇ گەپلىرىمنى ئۇقتۇرۇپ دەڭ ، سىزدىن پۇل ئەۋەتەي ، تەييارلىقىغا ئىشلەتسۇن .
كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق بالا ماھىنۇرنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا ، مېھمان قىلماقچى بولغانلىقىغا ئۇنىماي ، مېنى باللار ساقلاپ قالدى ، دەپ

كېتىپ قالدى .

ماھىنۇر بۈگۈنكى كۈندىن — ئىنىسىنىڭ ئوقۇشقا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يەتكۈزۈلگەن مىنۇتلاردىن ئىنتايىن سۆيۈندى ، ئۇ خۇشال ئىدى . ئۆزىدە ، پۈتۈن كۆرۈنۈشىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئازابلىق خىياللاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . يۈز ـ كۆزلىرىدە شادلىق نۇرلىرى ئوينايتتى . ئادەمنىڭ ئالدىدا خۇشال بولىدىغان نەرسىسى بولسا ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇر كەلسە ، ئۇ تېخى ئۇنىڭغا ئىرىشمەي تۇرۇپلا ، ھاياجانلىق ھېس ـ تۇيغۇلار دۇنياسىغا كىرىپ كېتىدۇ . ماھىنۇر شۇنداق مەزگىلگە كىردى ، قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى . كەچ كىرىشنى ، دۇكاننى تاقايدىغان مەزگىلنىڭ چاپسانراق يېتىپ كېلىشنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتتى . بۇ ئىنىسىنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى بەختىخانغا يەتكۈزۈشكە ، خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىشقا ئالدىرىماقتا ئىدى . لېكىن ، كەچ كىرگەنسېرى سودىسى قايناپ كېتىپ باراتتى . مال ئالىدىغانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمىگەچكە ، ئۇ بۈگۈن دۇكاننى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىن يېرىم سائەت كېيىن تاقىدى .

سادىق ماھىنۇرنىڭ قاتتىق ھاياجانغا چۆشكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىنىسىنى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى بايقىدى . ئۇ ماھىنۇرنى بۇرۇن بۈگۈنكىدەك روھىي ھالەتتە كۆرمىگەنىدى . « ماڭا شۇنچىلىك ياخشىلىقلارنى ، باشقىلارغىمۇ نۇرغۇن مېھرىبانلىقلارنى قىلغان يەردە ، ئۆز ئىنىسىغا ئەلۋەتتە كۆيۈنۈپ ، تېزرەك كەلسىكەن ، ئوقۇتسام ، ياخشىلىقىمنى كۆرسە دەيدۇ ـ دە ، دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ماھىنۇر ئاچام ئېسىل چوكان ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ، تەمكىن . ئۇ بىر ئازدى ، ئەمدى ئازمايدۇ . مەشەدىكى دۇكاندارلار باشقا ئاياللارغا ئەسكى گەپلەرنى ، لاۋزا چاقچاقلارنى قىلىدۇ ، نېمىشقا ماھىنۇر ئاچامغا قىلالمايدۇ ؟ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ، باشقىلارغا كۆيۈنگەن ، ياردەم قىلغان ئادەمنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتى بولىدىكەن ، ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئەسكى گەپلەرنى قىلىشتىن تەپ تارتىدىكەن ، راست شۇنداق ئىكەن . »

ماھىنۇر ئالدىراپ دۇكاننى تاقىدى ـ دە ، سادىققا قەغەز يەشكىنكى

ئالـمـىدىـن بەش ـ ئون تالنى بېرىپ ، قالغىنىنى يەشىكى بىلەن قولتۇقىغا قىـىستۇرۇپ يـاتىقىغا ماڭدى . ئۇ خىيالىغا كەلگەن يېڭى پىلانى ئۈستىدە ئويـلىنىپ بارماقتا ئىدى . بۇ پىلان ئۇنىڭ ھاياجىنىغا ھاياجان قوشماقتا ۋە ئۆزى تـۇيـمـىغـان ھالـدا قـەدەمـلىرىنى ئىلداملاتماقتا ئىدى . ئۇ يەشىكنى كـۆتـۈرگـىنىچە ئۆز ياتىقىغىمۇ كىرمەي ، ئۇدۇل بەختىخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ باردى .

— نېمەڭ بۇ ؟

— سىزگە ئالما ئەكەلدىم .

— قەيەرنىڭ ئالمىسىكەن ؟

— يـېـگەندە بىلىسىز ، — ماھىنۇر يەشىكنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ، — قېنى ئېلىڭ ، يەپ بېقىڭا ؟

بـەخـتـىـخـان كـۆكـتـات ئاقلاپ ئولـتـۇراتتى . ئۇ قولىنى قولتۇقـىـغـا تىقىپ ئېرتتى ـ دە ، ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ مەيدىسىگە سۈركەپ قويۇپ « ۋارس » سىدە قىلىپ چىشلىدى .

— سۈيى قاچماپتۇ تېخى . . .

— قـاراڭـا ، بـۇ ئالـمىلارنىڭ يىل ئۆرۈلۈپ ، بەشىنچى ئاي چىقىپ كېتەي دېدى ، تېخىچە ھازىر ئۈزۈۋالغاندەك تۇرغىنىنى .

— ماختاپ كەتتىڭ ، غۇلجاڭنىڭ ئوخشىمامدۇ ؟

— ئىنىم ئەۋەتىپتۇ .

— ئىنىم ؟

— ھەئە ، ئەكبەرجان ئەۋەتىپتۇ .

— كىمدىن ؟

— باققال ئاغىنىسىدىن .

— بـۇگـۈن نـېـمـانـچـىلا ئېـچـىلـىـپ ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ كەتكەندۇ بۇنىڭ دېسەم ، مۇنداق دېگىنە . . .

— راسـت ، راسـت ، خۇددى ئاتا ـ ئانام تىرىلگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم .

— سېنى ئەسلەپتۇ .

— تېخى دېمەمسىز ، يەنە بىر خۇش خەۋەر بار .
— ھە ، نېمە خۇش خەۋەر ؟
— بۇ يىل ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارىمەن ، دەپتۇ .
— ھە ... ھە ، خۇشاللىقىڭنىڭ چوڭى ماۋۇ ئىكەن ، تېرەڭگە پاتماي قالغانلىقىڭنىڭ سەۋەبى شۇئىكەن .
— راست خۇشال بولۇپ كەتتىم ، بەختىخان ھەدە ، — ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ، نېپىز لەۋلىرىنى تەبەسسۇم ئوراپ ئالغانىدى ، — شۇنداق كۆرگۈم كەلگەن ، تازا كەلگەن . سىز بىلىسىزغۇ ، غۇلجىغا بارماسلىققا قەسەم قىلىۋەتكەنمەن . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە يا ئۇ كەلمىدى . . .
— ئاچاڭ ئەۋەتمىگەن گەپ ، بولمىسا ئۈرۈمچىگە بېرىپ ، ماھىنۇر ئاچامنى كۆرۈپ كېلەي دېگەن بولغىيدى .
— يا مەن يوقلاپ تۇرالمىدىم ، بىر نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇراي دېسەم ، ھەدەم ئۇنى قانداق چۈشىنىدۇ . . . ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، ئالتە يىل قىسقا ۋاقىتمۇ ، ئۇنى سېغىندىم . . . ماڭا شۇنچە تۆھمەتلەرنى قىلىپ ، پۈتۈن مەھەللە - يۇرتنىڭ ئالدىدا شۇنچە ئۇنتۇلغۇسىز نومۇسقا قويغان بولسىمۇ ، غۇلجىنى دەسسىگۈسىز قىلىۋەتسىمۇ ، بەزىدە ھەدەمنىمۇ كۆرگۈم كېلىپ قالىدۇ . بىراق نومۇسۇم يول قويمايدۇ . غۇلجىنى ئويلىساملا قاتتىق ئازابقا قالىمەن .
— ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇسا ، ئوقۇشنى تۈگەتسە ، مەشەگە ئورنلاشتۇرۇۋالساڭ بىللە تۇرارسىلەر ، — دېدى بەختىخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ .
— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز ، — ماھىنۇرنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى كۈلۈپ ، ئاق يۈزى تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى ، — شۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭ ، بەختىخان ھەدە ، مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن ، بىر يەردىن ئەسكى قورۇ بولسىمۇ ، ئاق يەر بولسىمۇ تېپىپ سېتىۋالسام ، ئۇ يەرگە ئۆي سالسام ، ئەكبەرجان ئىككىمىز بىللە تۇرساق دەيمەن . خۇدا دىلىمغا سالدىمۇ ، بايا يولدا كېلىۋېتىپ مۇشۇ خىيال كاللامغا كېلىپ قالدى .

مۇشۇنداق قىلسام بولىدىغۇ، ئىمىشقا بولمايدىكەن، يا ئۇشۇقچە ئويلاپ كەتتىمۇ، قانداق دەيسىز؟
— مانا ئەمدى جىق ئۈرۈمچىلىك بولاي دەپسەن، يېڭىراق ئۆيى بار قورۇ ئالساڭمۇ بولىدۇ.
— ئۇنداق قىلسامۇ بولىدۇ، بىراق...
— ئۆي سالىمەن، دەپ ئاۋارە بولغۇچە دەيمەنا.
— ئۆيىنى مەن سالاتتىمۇ، بەختىخان ھەدە، پۇل سالىدۇ. يېڭى جاي قىممەت بولىدۇ ھەم ئۇ مېنىڭ ئېھتىياجىمدىن چىقالماسلىقى مۇمكىن. مۇنداق دېگىنىم، كونا قورۇ ئالسام ياكى بىر پارچە ئاق يەر ئالسام، سالىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئاستىنى مال ساقلايدىغان ئامبار قىلغۇزسام دەيمەن.
— پەمىڭ بار جۇما سىنىڭ، — بەختىخان كۆلدى ۋە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.
— بۇ بىر خىيال.
— قالتىس ئېسىل خىيال ئىكەن، بىردەمنىڭ ئىچىدە شۇنچە زور ئىشلارنى ئويلاپ بوپسەن، يارايسەن.
— ئويلىدىم، ئويلىماي بولامدۇ، بازار، تىجارىتىم ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىۋاتىدۇ.
— شۇڭا بىر تال ھالقا، بىر جۈپ ئۈزۈك بىلەن ئوقەتكە كىرىشىپ شۇنچە بايلىقلارغا ئىگە بولغان - دە سەن، — ماھىنۇرنىڭ ئىشلىرىدىن، ئۈمىدۋار خىياللىرىدىن قايىل بولغان بەختىخان ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى، — ياخشى ئويلاپسەن، قورۇ - جاي ئىزدەيلى، تاپايلى، جەزمەن تېپىلىدۇ. ئەقلىڭگە ھەشقاللا، غەيرەت قىل، بىز ھەمدەم بولىمىز.
— ھالاۋىدىن ئاكام كەلگەندە دەيلى، بەختىخان ھەدە، — دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈمىدلىنىپ، — ئەركىشى قەيەردە بىز ئويلىغاندەك قورۇ - جاي، ئاق يەر بار بىلىدۇ، ئاڭلىغانلىرىمۇ باردۇر. قانچە تېز تېپىلسا، شۇنچە ياخشى، ئۇستىلارغا دەرھاللا بولاپ بېرىۋېتىمەن.

— ئىشتىياقلىق قالتىس قوزغىلىپتۇ جۇما سىزنىڭ ؟
— ئىنىم كېلىمەن دەۋاتسا ...
بەختىخان گۆش ، كۆكتاتلىرىنى توغراپ بولۇپ قورۇما قورۇشقا باشلىدى . ماھىنۇر ئۇخشىتىپ ئەتكەن چاي ئەتتى . قورۇما داستىخان ئۈستىگە قويۇلۇپ تۇرۇشىغا ، ھالاۋىدىن كىرىپ كەلدى . بەختىخان غىزا-لىنىش داۋامىدا كېچىكتۈرمەيلا ماھىنۇرنىڭ پىلان - ئويلىرىدىن گەپ باشلىدى . ئۇ ماھىنۇرنىڭ غۇلجىدىكى ئىنىسى ئەكبەرجاننىڭ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ، ئۇنىڭدىن شۇنداق دەپ خەت - خەۋەر كەلگەنلىكىنى ، شۇنىڭ بىلەن ماھىنۇر كونا قورۇ - جاي ياكى بىر پارچە ئاق يەر سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى . ھالاۋىدىن ماھىنۇرنىڭ شۇنچىلىك غەيرەتكە كەلگەنلىكىدىن خوشال بولۇپ ، چىرايى سۇمۇرۇۋەتتى - دە ، مۇنداق دېدى :
— ساتىمىز ، دېگەن قورۇ - جاي بار ، ئاپاملارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىلا ئىككى قورۇ ، تۆۋەندە بىر قورۇ بار . ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن ئوغلى بىلەن قىزىغا مىراس قالغان قورۇ . پەممىچە ، يەتتە - سەككىز فۇڭ كېلەر . ئۆتكەندە ئاكىسى بىلەن سىڭلىسى قورۇنى تالىشىپ خېلى جېدەللەشتى ، سەتلەشتى . سىڭلىسى قورۇنىڭ يېرىمىنى ئالىمەن دەيدۇ ، ئاكىسى يولسىزلىق قىلىپ ، بەرمەيمەن دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئارىغا كىرىپ ، ئاكىسىغا ئولتۇرۇۋاتقان ئىككى ئېغىز ئۆيى بىلەن قورۇنىڭ يېرىمىنى ، سىڭلىسىغا بۇياقتىكى بىر ئېغىز ئۆي بىلەن قورۇنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ جېدەلنى باسقان . سىڭلىسى ھۆكۈمەت بىناسىدا ئولتۇرىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ مىراسىنى ساتىمەن دېسە ، ئاكىسى باشقىلارغا ساتقۇزماي يا ئۆزى سېتىپ ئالالماي تۇرۇۋاتاتتى . مېنىڭچە ، ئاكىسىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغۇدەك ھالى يوق ، مەن ئۇقۇشاي ، ئەتە ئەتىگەندە ياكى ھازىر بېرىپ ئۇقۇشۇپ باقاي .
— مانا ئەمەسمۇ ، تېپىلىدۇ دېمىدىممۇ ، — دېدى بەختىخان ماھىنۇرغا قاراپ ، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق خۇشال بولۇپ ، — مەنمۇ ئۇ قو-

رۇنى بىلىمەن، ساڭا بۇيرۇغان بولسا، سىڭلىسىغا تەگكەن تەرەپتە بىر ئېغىز ئەسكى، ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئۆيى بار، ئۇنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۆي - ئامبارلىرىڭنى سالسەن، بىراق قورۇسى تۈز ئەمەس، سەل يانتۇراق.

— يانتۇراق بولسىمۇ مەيلى، بەختىخان ھەدە، تۈزلىۋالغىلى بولىدۇ. ئويلىغىنىمدەك يەر ئىكەن، ماڭا بۇيرۇپ قالار ئىلاھىم، — دېدى ماھىنۇر ئارزۇلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، — بۇ خۇش خەۋەر بولدى، ھالاۋىدىن ئاكام ئۇقۇشۇپ باقسا، ئىككىمىز بېرىپ كۆرۈپ كەلمەمدۇق.

مەسلىھەت شۇ بولدى. ماھىنۇر ياتىقىغا يېنىپ چىقىپ كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئىنىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى بولغانلىقى، تىجارىتىنىڭ، ئويلىغان ئويلىرىنىڭ ئوڭغا تارتىۋاتقانلىقىدىن قوزغالغان ھاياجان - شادلىق تۇيغۇلىرى ئۇيقۇلىرىنى ئاللىقاياقلارغا قاچۇرۇۋەتكەنىدى. «بىز كۆرۈشمىگىلى بەش - ئالتە يىل بولدى، ھازىر قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ — دەپ ئويلىماقتا ئىدى ئۇ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە ئىنىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — مەن بىر سومكا بىلەنلا تەۋەككۇل قىلىپ ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا، بولدى دېگىنىمگە ئۇنىماي، مېنى قاتناش بېكىتىگىچە ئەگىشىپ كەلگەن، قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ مۆلدۈرلەپ، خۇددى باشپاناھسىز ئادەمدەك بويىنىنى قىسىپ قالغان. ئۇنىڭ شۇ ھالىتى ماڭا كەلگۈسى كۈنلىرىمدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلغان. شۇ چاغدا مەن يات شەھەردە ئاشۇ ئىنىمدەك بىچارىلەرچە بويىنۇمنى قىسىپ ئۆتەرمەنمۇ؟ ئۇغۇ ھەر ھالدا ئۆز ھەدىسىنىڭ ئالدىدا قالىدۇ، مەن كىمنىڭ ئالدىدا تۇرارمەن؟ ... مېنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ؟ قانداق تەقدىرگە گىرىپتار بولارمەن؟ — دەپ ئويلىۋىدىم. بىراق يامان ئەمەس، ئويلىغىنىمدىن نەچچە ھەسسە ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىپ قالدىم. ئالتە يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس، بۇ جەرياندا ئۇ نېمە ئىشلارنى، قانداق كۈنلەرنى كۆردىكىن؟ ھەدەم قىرىچە - يېنىچە تېگىشىپ ئارام بەرمىدىمىكىن ... ھەر ھالدا ئۇ ئوغۇل بالا - دە، ھەدەم ماڭا

قىلغان بىلەن ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلمىغاندۇ بەلكىم ... نېمىلا بولمىسۇن ئەكبەرجان تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇرۇمچىگە كەلسە، ئەمدى ئۇنى كەتكۈزمەيمەن، مەشەدىن خىزمەت تېپىپ بېرىمەن. نىيىتىم ئەمەلگە ئېشىپ جايلىق بولۇپ قالسام، يېنىمدا تۇرىدۇ، مەشەدە ئۆيلەپ ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىمەن. ھالاۋىدىن ئاكام دېگەن جايىنى ساتماقچىلا بولسا، بەش ـ ئون مىڭ سومنىڭ كۆزىگە قارىماي، ئۆرۈرەك بولسىمۇ ئالىمەن. ئۇ بولماي قالسا، باشقا يەردىن بولسىمۇ ئالىمەن. تىجارىتىم كۈندىن ـ كۈنگە راۋاج تېپىۋاتىدۇ، ئۆزۈمنىڭ قورۇ ـ جايى بولمىسا، پۈتۈن ئادەم بولغىلى بولمايدىكەن، 《 جايى يوقنىڭ جېنى يوق 》 دېگەنلەر بىكار ئېيتمىغاندۇ.»

ماھىنۇر سۆزگەن خىياللىرىدىن ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئويلىغانلىرىغا يېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، شۇڭا ئارزۇ-لىرى يۈرەك ـ باغرىنى دولقۇنلاتماقتا ئىدى. كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ھېلىقى چاغدا چۈشكۈنلۈككە بېرىلىپ، ئالدىدا تېخى ياخشى كۈنلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالماي، ئۆزىنى شەرمەندىلەرچە ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنمەكتە ئىدى. « ساراڭدەك ئىشلارنى قىپتىكەنمەن، ــ دەپ خىيالغا كەتتى ئۇ پىچىرلاپ، ــ ھەسرىتىنى يېڭەلمىگەن ئادەم ــ چۈشكۈن ئادەم ــ ئۆلۈمگە ماڭىدۇ؛ يېڭەلىگەن ئادەم ــ باتۇر ئادەم ــ ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ. چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەسلىك، ئۈمىد بىلەن ياشاش ــ ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى. مۇشۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان ئادەم ھايات قەدرىنى بىلىدۇ، كۆڭلىگە پۈككەن نىيىتىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ» ماھىنۇر ئۆزىنى دولقۇنلار ئارىسى-دىن، قاينام ئىچىدىن ئۈزۈپ چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن يېنىپ كەتكىنى ئىشەنچ، ئۈمىد، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش تۇيغۇلىرى ئىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ھالاۋىدىن ماھىنۇرغا كۈتكەندەك خەۋەر يەتكۈزدى:

ــ ھېلىقى قورۇنىڭ يېرىمى سېتىلىدىغان بوپتۇ!

— خۇدايا شۈكۈر، ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئىشىۋاتىدۇ.
— تەلىيىڭ كېلىپ تۇرىدۇ سىنىڭ...

بۇ خەۋەرنى ھالاۋىدىن چۈشتە ئىلىپ كەلدى. چۈشتىن كېيىن، ماھىنۇر بىلەن بەختىخان ئۇ قورۇنى كۆرۈشكە باردى. قورۇنىڭ بۆلۈپ سېتىلىدىغان يېرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئالتە يېرىم مېتىر، كەڭلىكى ئون ئىككى مېتىر كېلىدىكەن. ئۆرۈلۈپ كېتەي، دەپ قالغان بىر ئېغىز ئۆيىنى ئېلىۋەتسە، كۆن چىقىشقا قارىتىپ كىچىكرەك بولسىمۇ، تۆت ئېغىز ئۆي سالغىلى بولىدىكەن. بۇ يەر ماھىنۇرغا ياردى. ياخشى يېرى ئورنى مۇۋا-پىق بولۇپ، چوڭ يولدىن قىرىق - ئەللىك مېتىر يىراقتا ئىكەن.

ماھىنۇر ئۇ يەرنى كىشىلەرنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشى بىلەن ئوتتۇز مىڭ سومغا سېتىۋالدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ تامچى، ياغاچچى ئۇستاملارغا ئاستىنى ئامبار، ئۈستىنى تۆت ئېغىز ئۆي قىلىپ ياساپ بېرى-دىغان ۋە ئۇنى سەكسەن كۈندە پۈتتۈرۈپ بېرىدىغان شەرت بىلەن توختام تۈزۈپ بولاپ بەردى.

## 31

ماھىنۇرنىڭ سالدۇرۇۋاتقان ئۆيلىرى قوپۇرۇلۇپ دەممۇ دەم ئۆر-لەۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ يايراپ كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئەمما تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇنىڭدا بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ قالدى. ئەندى-شىنىڭ پەيدا بولۇشىغا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، قاملاشقان بىر ئادەم سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىل-گىرى بۇ ئادەم ماھىنۇرنىڭ دۇكىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېتەلمەي قالغان، ئۇياققا ئۆتكەن - بۇياققا ئۆتكەن. ھەر ئۆتۈشىدە ماھىنۇرغا تىكى-لىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلى بارلىقىنى ئىپادە قىلىۋاتقاندەك قىلىقلارنى قىلغان. لېكىن، ھەر قانچە قىلىپمۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. شۇ چاغدا ماھىنۇر: «بۇ ئادەم ئايلىنىپ كېتەلمەي قالدىغۇ، مېنى بىرسىگە ئوخشىتىۋاتامدىكىن، سوراشتىن خىجىل بولۇۋاتامدىكىن»

دەپ ئويلىغان، باشقىچە ئوي ـ گۇمانلاردا بولمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يوقاپ كېتىپ، تۈنۈگۈن يەنە پەيدا بولغان. بۇ قېتىم ئۇ ئايلىنىشنى قويۇپلا دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېسىقلىق تۇرغان ھەر خىل ماللارنىڭ باھاسىنى، قەيەردىن چىققانلىقىنى، كەندىرمۇ، پاختىمۇ، قانداق يىپتا توقۇلغانلىقىنى ئەزۋەيلەپ ئۇقۇشقان، ئەمما مال ئالمىغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئۈرۈمچىدىكى بازارلارنىڭ ئەھۋالىنى، بۇ دۇكاننىڭ كۈندىلىك سودىسىنى ۋە دۇكان خوجايىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغان.

ئاياللار كىمنىڭ قانداق نىيەت ـ مەقسەتتە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، گېپىنىڭ تېگىدە قانداق مەنىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىشكە ئەڭ ماھىر بولىدۇ. ماھىنۇر ئۇنىڭ غەيرىي نىيەت بىلەن گەپ سوراۋاتقانلىقىنى ۋە سوئاللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئېرىنگىز بارمۇ ـ يوق، دەپ سورايدىغاندەك قىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، دەرھال قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، سۇرلۇن چىراي، سوغۇق نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئۆتتى ۋە ئاتايىن كۆڭلىگە تېگىش ئۈچۈن، ئاخىرقى سوئالغا سىز سوراقچىمۇ نېمە، دۇكاننىڭ خوجايىنى نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ دەپ قوپاللىق قىلدى ھەم يۈزىنى ئۆرۈپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سالپىيىپ كېتىپ قالغان. بىراق ماھىنۇر ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان. «دۇكاننى، دۇكاندىكى ماللارنى ئەمەس، ئەسلىدە مېنى ئەگىپ يۈرگەن نېمىدە بۇ، — دەپ ئويلىغانىدى ماھىنۇر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغىنىچە، — بۇ كىمدۇ؟ ... ماڭا ئەمدى سايەمدەك ئەگىشىۋالارمۇ، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ ئاۋارە قىلارمۇ؟ ... مېنى بىسكارغا گەپكە تۇتۇپ يۈرگىنى يوق، مەقسىتى بار. يۈزى تۆۋەن نەرسە بولسا، بۇ يەرگە ئىككىنچى ئاياغ باسمايدۇ، قىلىنراق نەرسە بولسا يەنە كېلىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن قېلىن ئادەمنىڭ كۆزۈڭگە كىرىۋېلىشىنى! نېمە ئىلاج، قېلىنلىق قىلىپ تۇرۇۋالسا، كەينىمدىن چىقماي ئەگىشىۋالسا، بولدى، ھالاۋىدىن ئاكامغا كۆرسىتىپ قويىمەن.»

ماھىنۇر ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان، ئالدىنى توسۇپ بىزەڭلىك قىلىپ تۇرۇۋالغان ئەرلەرنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى: «تىوۋا، — دەپ ئويلىدى ئۇ ياقىسىنى تۇتۇپ بىر قىسما

ھېسسىياتتا، — ئەرلەر دېگەن قىزىقلا بولىدىكەن، بىر ئادەم كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قالسا، ئۇنى ئالىنىپ كېتەلمەيدىكەن، كۆزىگە كىرىۋالىدىكەن. ئۇ قانداق ئادەم، ئەسكىمۇ ياخشىمۇ، ئېرى بارمۇ - يوقمۇ، ماڭا مەيلى بارمۇ - يوقمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن. بىز نېمىشقا شۇنداق قىلمايمىز، قىلالمايمىز؟ ... بىزنىڭمۇ كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن، ھەتتا مەيلىمىزنى قوزغاپ قويىدىغان ئەرلەر ئۇچراپ قالىدىغۇ، بۇ ھېچبىر يالغان ئەمەسقۇ، لېكىن ھېسسىياتىمىزنى بېسىپ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالىمىزغۇ ... »

ماھىنۇر ئۆزى بىللە ياشاپ يۈرگەن ئاياللارنىڭ تۇرمۇشلىرىنى، ئۇلارنىڭ قانداق ھالەتتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھايات قىسمەتلىرىگە بەزىدە تەئەججۈپلىنىپ قارايتتى، چۈنكى تىرىكچىلىك مۇساپىسىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئاياللارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلىرى ئوخشىمايتتى. بىرلىرى تەلىيى كەلمەي، تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ، بەختسىزلىك ئازابىنى تارتىپ يۈرىدۇ؛ بىرلىرى تەلىيى كېلىپ تۇرمۇشىدىن خۇش بولۇپ، بەختنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ يۈرىدۇ. ھايات يولى، تۇرمۇش شۇنداق تەڭسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىككە ئىگە ئىكەنكى، جاپا تارتمىغان، ماڭلىيىدىن تەر ئاققۇزمىغان كىشى بەختلىك، جاپا تارتقان، ماڭلىيىدىن تەر ئاققۇزغان كىشى بەختسىز. تېخى كىشىنى ھاڭ - تاڭلىقتا قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، تەلىيى كەلمەي بەختسىزلىك ئازابىنى تارتىۋاتقانلار — تۈپتۈز دەسسەپ يۈرگەنلەر؛ تەلىيى كېلىپ بەخت ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقانلار — قىڭغىر دەسسەپ يۈرگەنلەر. « ھەممىسىلا شۇنداق ئەمەستۇ، — دەپ پىچىرلىدى ماھىنۇر، — لېكىن شۇقداقلار ئاز ئەمەس، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، بۇ نېمە تەقدىر؟ »

ماھىنۇر بۈگۈن دۇكاننى ئېچىپ تۇرۇشىغا، پۇرقىراپ ئىس چىقىۋاتقان ئىسرىقداننى كۆتۈرگەن مۇكچەيگەن بوۋاي خۇدايىم سودىگىرنى مول قىلغاي، دەپ پۇكەي ئۈستىنى، ئېسىقلىق تۇرغان كىيىم - كېچەكلەرنى ئىسرىقدىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭغا ئەللىك تىيىن بەردى. ئەتى-

گەندە سودا ئانچە بولمايتتى ، بازار ئىچى ئادەمسىز دېگۈدەك ئىدى . ماھىنۇرنىڭ ئېسىغا ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى بۇرۇتلۇق كىشى كېلىپ قالدى : « مېنىڭ كۆڭلىگە تەگكۈدەك گەپلەرنى قىلغىنىم ئېسىدە باردۇ . ھەر قانچە قىلىن بولسىمۇ ئەمدى كەلمەس » دەپ ئويلىدى ئۇ . شۇنداق ئويلاپ تۇرۇشىغا دۇكاننىڭ ئالدىغا بىر كىشى كەلدى . بۇ ھېلىقى بۇرۇتلۇق كىشى بولماي ، بۇ يەردىن بەش دۇكان نېرىدىكى تىجارەتچى بەكرى ئاخۇن ئىدى . « بۇ ئادەم نېمىگە كېلىپ قالغاندۇ ؟ — دەپ ئويلاپ قالدى ماھىنۇر ھەيران بولۇپ ، — مەن بىلەن پاراڭلىشىپمۇ كەتمەيدىغان ، بىر گېپى باردەك قىلىدۇ ، تووا خۇدايىم ، يۈرىكىم ئەجەب ئېغىۋاتىدا ... »

ئىككىسى ئۇياقتىن - بۇياقتىن بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن ، بەكرى ئاخۇن مۇنداق دېدى :

— مەن بىر ئىش بىلەن كېلىپ قالدىم ، قىزىم ، ئەسلىدە بۇ قائىدىمىز ، ئەخلاقىمىز بويىچە ئېيتقاندا ، ئۆزىڭىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى ، بىراق سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز ، ئاكا - ئاچىڭىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن سىز بىلەنلا سۆزلىشىشكە توغرا كېلىپ قالدى .

بەكرى ئاخۇن سەل توختىۋالدى . ماھىنۇر : ھە ، بۇ ئادەم ماڭا بىرسىنى تاپقان ئوخشايدۇ - دە ، دەپ ئويلىدى ۋە دۇكاننىڭ بىر چېتىدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان سادىقنى سالغۇزۇۋاتقان ئۆيلىرىنىڭ ئۈستىنى ياپقان - ياپمىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىۋەتتى .

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مۇنداق ئىش ئىدى ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بىزنىڭ قەشقەردە ئابدۇكېرىماخۇن دەيدىغان يېقىن بۇرادىرىمىزنىڭ مۆمىنجان ئاتلىق ئوغلى بولىدىغان ، ئۇ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ ، قەشقەردە دۇكىنى بار . ئۈرۈمچىگە مال ئالغىلى كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ ، سىزنى كۆرۈپ قېلىپ ، راست گەپنى ئېيتاي ، كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ، قىزىم . مەن خالىس ھەم ياشانغان ، دىلىمدا ئىمانىم بار ئادەم ، يالغان گەپ قىلسام گۇناھ بولىدۇ ، قارا يۈز بولىمەن . بۇلتۇر ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ، ئۈچ بالىسى بار . چوڭ قىزىنى ياتلىق قىلىۋەتكەن ، بىر قىز ، بىر ئوغلى ئالدىدا ، ئۇلارمۇ بويىغا يېتىپ قاپتۇ . بىز تەرەپلەردە ئۇ-

رۇمچىدەك ئەمەس، باللارنى كىچىك ئۆيلەپ، كىچىك ياتلىق قىلىۋىتىمىز. مۆمىنجان سىزنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، ھازىر قانداقلىقىڭىزنى، مىجەز ـ خۇلقىڭىزنى بىلىپ بولۇپ، ئۆزى ئەخلاقلىق، ئىغىر ـ بېسىق ئىكەن، ماقۇل دېسە، مۇشۇ چوكانغا ئۆيلەنسەم بولىدىكەن، دېگەن يەرگە كەپتۇ. بۇ مۆمىنجاننىڭ ئويى ـ ئارزۇسى. گەپ سىزدە، ماقۇل دەمسىز، ياق دەمسىز، بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز، مەنمۇ ئالدىڭىزغا ناھايىتى تەسلىكتە كەلدىم.

ماھىنۇر ئويلىنىپ قالدى. ياق دەيمۇ، ماقۇل دەيمۇ دېگەننى ئويلىمىدى، قانداق قىلىپ سىلىقراق جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

— مەن تۇل ئايال، شۇنداق بولغاندىكىن، مېنىڭ ئىشىكىمنى قاقىدىغانلارنىڭ چىقىشى تەبىئىي. بۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان نورمال ئىش. سىلىنى ئاۋارە قىلغۇچە، ئۆزى گەپ قىلسىمۇ بولىۋېرەتتى ئەمەسمۇ؟

— سىز بىلەن سۆزلىشىپتۇ. مەشەگە كېلىپ، گېپىنى ئەمدى باشلاپتىكەن، سىز قېقىۋېتىپسىز.

ماھىنۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۇ ئىشنى ئەسلىدى ـ دە، ھېلىقى بۇرۇتلۇق كىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى:

— راست، شۇنداق بولغان.

— مۆمىنجان ماڭا: ئۇ چوكان مېنى، تېگى ـ تەكتىمنى بىلمىگەندىكىن، بەلكىم مېنى نىيىتى ئەسكى ئادەممىكىن دەپمۇ قالغاندۇ، سىلى مېنى بىلگەندىكىن، دەپ باقسىلا، مەن تىلىم كالۋالىشىپ تۈزۈكرەك گەپ قىلالمىدىم، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ بوپتۇ، ساۋابلىق ئىش بولغاندىكىن، دېسەم دەي، دەپ چوڭ بېشىمنى كىچىك قىلىپ ئالدىڭىزغا كەلدىم، قىزىم، — دېدى بەكرى ئاخۇن.

بەكرى ئاخۇن ئاتمىش بەش ـ يەتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئاپئاق ساقاللىق، مەشەدىكى دۇكاندارلار ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، سالاپەتلىك ئادەم ئىدى.

— سىلى ئاۋارە بولۇپ كەپتىلا بەكرى ئاخۇن ئاكا، — دېدى ماھىنۇر، — خىجىل بولۇپ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي، — مەن

ئەمدى ياتلىق بولمايمەن .

— بىر نا ئەھلى سىزنى ئالداپ كەتكەن ، شۇ ئىش كۆڭلىڭىزگە قاتتىق تەگكەندۇ ، بىزمۇ سىزگە ئىچىندۇق ، لېكىن ھەممە ئادەم ئۇنداق ئەسكى بولمايدۇ . بەلكىم ئارىغا مېنىڭدەك بىر ئاق ساقاللمۇ چۈشمىگەن بولغىيتتى .

— شۇنداق ، ياخشى ئادەملەر نۇرغۇن ، ئەمما ياتلىق بولۇشنى ئويلىماسلىق قارارىغا كەلگەنمەن ، بۇ راست گېپىم .

— مەن ياشانغان ئادەممەن ، — دېدى بەكرى ئاخۇن مۇلايىملىق بىلەن ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن ئاستا تاراپ ، — ئۆزۈم ئىشەنچ قىلالمىغان ئادەمنى سىزگە ھەرگىز سايە قىلمايمەن . مۆمىنجان ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان ، چېكىملىك ، ھاراق - شاراپىمۇ يوق ، ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئادەم . مۆمىنجان يەنە مۇنداق گەپنىمۇ قىلدى : ئالدىمدىكى قىزىمنى تالالىق قىلىپ ، ئوغلۇمنى ئۆيلەپ بولسام ، شۇنىڭدىن كېيىن ئويلىشىپ باقاي دېسە ، شۇنىڭغىچە ساقلاپ تۇراي ، دەيدۇ ؟

— بىلىمەن ، سىلى ماڭا كۆيۈنىدىلا ، بەكرى ئاكا ، — دېدى ماھىنۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت ، مەن دەيدىغىنىمنى دەپ بولدۇم .

— ئۆزىڭىز بىلىڭ ، قىزىم . بۇ ئۆمۈر سودىسى ، زورلايدىغان ئىش ئەمەس ، ئويلاپ باقاي دېسىڭىز يەنە مەيلى .

— تىجارىتىم بىلەن تۇرمۇشۇم خاتىرجەم ، كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ . ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك . مەنمۇ سىلىگە چىن گېپىمنى ئېيتاي : تۇرمۇشلۇق بولدۇم ، دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم ، ئەمدى بۇ كوچىغا ئاياغ باسمايمەن .

— ئۇغۇ شۇنداق بولدى ، ئەمما ئۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ . كۆڭلەرنىڭ بىردە ئويلىشىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن .

— خۇدايىم دىلىمغا ئەمدى ئۇنداق ئوي - خىياللارنى سالماس .

بەكرى ئاخۇن كەتكەندىن كېيىن ، ماھىنۇر قايغۇلۇق ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى : « مېنىڭ ھېچكىمگە كۆزۈم چۈشمىدىغۇ ، نېمىشقا

خەقلەرنىڭ ماڭا چۈشەنغاندۇ، مېنى خاتىرجەم ياشغىلى قويسا بولماس-
دىغاندۇ؟ ... ئادەم نېمىدىن بىزار بولسا، شۇنىڭغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن،
توۋا ... »

سادىق قايتىپ كەلگەندە، ماھنۇر ئىنىسى ئەكبەرجاننى يادىغا
ئالدى. سادىق ئۆيلەرنىڭ ئۈستى يېپىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى،
ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم ياندى: « ئەمدى بىز-
نىڭمۇ قورۇ - جايىمىز بولىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ بەدەنلىرىدىن
قوزغىلىپ كەتكەن شادلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ، ھاياجانلىنىپ، —
ئۆيلەرنىڭ پۈتۈشىگە ئۆلگۈرۈپ ئەكبەرجان كەلسە، شۇنچە يىل ئايرىلىپ
كەتكەن قېرىندىشىم بىلەن بىللە تۇرىمەن. سادىق ئىككىسى بىر ئۆيدە
ياتسا، كۈندۈزى ئوقۇسا، ھېلىقى بوۋاينى ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ تاماكا
سېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قورۇغا كۆزەتچى قىلىۋالسام، دۇكاننى خاتىرجەم
ئاچىۋېرىمەن. بۇنىڭدىن باشقا ماڭا يەنە نېمە كېرەك! »

※ ※ ※

ماھىنۇر سادىقنى ئەگەشتۈرۈپ توپ سېتىش بازىرىغا ماڭدى.
چۈنكى دۇكىنىدىكى ماللىرى سېلىكىپ قالغانىدى. ئۇلار ئىككى ئاپتوبۇس
ئالمىشىپ بازارغا كەلدى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن خاتىر-
جەم، ئازادىرەك ماڭغىلى بولمايتتى. قىستا - قىستاڭچىلىق ئاپتوبۇس
ئىچىدىكى قىستا - قىستاڭچىلىقتىن قېلىشمايتتى. ئىدارە، مېھمانخانا، ياتاق
ئۈچۈن سېلىنغان نەچچە قەۋەتلىك ئىمارەتلەر دۇكاندارلار، سودىگەر-
لەرگە ئىجارىگە بېرىلىپ، بۇ يەر ھازىر توپ سېتىش بازىرىغا ئايلىنىپ
كەتكەن. بازار ئىچىنىڭ ھاۋاسى بەتبۇي پۇراقلار بىلەن بۇلغانغان. بەزى-
لەر ئىغىز - بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىپ، بىكارغا مال بەرسىمۇ كىرمەيدىغان يەر
ئىكەن بۇ، دەپ چىقىپ كېتىپ بارغان؛ بىر - بىرىگە ئۈرۈلۈپ
كەتكەنلەر، بىر - بىرىنىڭ پۇتلىرىنى دەسسىۋالغانلار ۋارقىراپ تىللى-
شىۋاتقان؛ سومكىلىرىنى كەستۈرۈپ پۇلىنى ئالدۇرۇپ قويغان ئاياللار

كىملەرنىڭ قارغاۋاتقان ... بىرلىرى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بولۇۋاتقان ئالامەتلەر بۇ، دېسە؛ بىرلىرى مۇشۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بولمىسا، ماللىرىمىزنى كىمگە ساتاتتۇق، دېيىشىۋاتقان؛ يەنە بىرلىرى ئادەم ئاز ۋاقىتىدا ئاچتىن ئۆلۈشكەنىمىدىڭ، دەپ ھۆرپىيىشىۋاتقان ... قىسقىسى، ئادەملەر كىشىنىڭ كۆزىگە ئادىمىيلىكتىن چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن بۇ توپ سېتىش بازىرى ئادەملەرنى بىر تەرەپتىن يىرگەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

ماھىنۇر بىلەن سادىق دۇكانلارنى قويماي دېگۈدەك ئارىلىدى. كۆڭلىگە يارىغۇدەك، ئۆتىنىك ئۆتىدۇ دېگۈدەك مال تاپالمىدى. بىرىنىڭ پاسونى يارىسا، رەڭگى يارىمىدى؛ يەنە بىرسىنىڭ رەڭگى يارىسا، پاسونى يارىمىدى. ھازىر قانداق مالنىڭ ئۆتىدىغانلىقى ماھىنۇرغا ئايان ئىدى. بەزى ماللارنىڭ پاسونىمۇ، رەڭگىمۇ يارىغان، بىراق باھاسىنى كېلىشەلمىدى. ماھىنۇر سودا قىلىشتا كۆپ ھاللاردا تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن كۆڭلى تارتمىسا ھەرگىز تەۋەككۇل قىلمايتتى.

— ئەركىشى بولغان بولسام، — دېدى ماھىنۇر، — گۇاڭجۇغا بېرىپ شۇنداق ئىپسىل، بازىرى ئىتتىك ماللارنى ئەكەلگەن بولاتتىم، باھاسىمۇ ئەرزان توختايتتى.

— گۇاڭجۇغا سىزمۇ بارسىڭىز بولمامدۇ، گۇاڭجۇغا بېرىپ مال ئەكېلىۋاتقان سىزگە ئوخشاش ئاياللار كۆپىقۇ، — دېدى سادىق ئۇنىڭغا سىڭايان قاراپ.

— ياق، سادىق، مەن بارسام بولمايدۇ، بارماسلىقىم كېرەك، بار-غانلار بارىۋەرسۇن، ئۆز ئىشى ...

— نېمىشقا بولمايدۇ؟

— ئۇ يەرگە بېرىپ مايماق دەسسىگەن ئاياللار كۆپ، سادىق. مايماق دەسسىمىسىمۇ ئۇ يەرگە بارغانلارغا كىشىلەر ياخشى قارى-مايدۇ. « قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى » دېگەن گەپ بار، كەچلىك رېستورانغا مەلۇم سەۋەب بىلەن بىرەر قېتىم كىرىشكە توغرا

كەلسە ، ئەتىسلا : « ماھىنۇر رېستوراندىن چىقمايدۇ » دېگەن گەپ چىد-
قىدۇ . دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ ، ئادەمنىڭ قارىلانمىقى ئاسان ،
ئاقلانمىقى تەس .

سادىق سەل خىجىل بولۇپ :

— مەن بارسامۇ بولاتتى ، — دېدى .

— سېنىڭ بارىدىغىنىڭغا يەنە ئىككى يىل بار ، — دېدى ماھىنۇر كۈلۈمسىرەپ ھەم ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ، — ئۇ ۋاقىتقا يەتكەندە پىشقان تىجارەتچى بولىسەن ، شۇ چاغدا سېنى ئىچكىرىگە بىمالال ئەۋەتەلەيمەن . ئۇيغۇرچە يېزىقنىمۇ ئۆگىنىپ بولدۇڭ . ئەمدى خەنزۇچىنى باشلايسەن ، مېنىڭ خېلى پىلانىم بار ، سادىق .

ماھىنۇرنىڭ سۆزلىرى سادىقنى خۇشال قىلىۋەتتى . ئۇ كۈلگەن كۆزلىرى بىلەن ماھىنۇرغا قاراپ ، قورقۇپ كەتتى :

— ماھىنۇر ئاچا ! ... چىرايىڭىز ... قارىڭ چىرايىڭىز تاتىرىپ ... بىر قىسما بولۇۋاتىسىزغۇ ...

— راست ، سادىق ، قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋال ، ئىچىم ئېلىشىپ ، بېشىم قېيىۋاتىدۇ ... يۈر ، چىقىپ كېتەيلى .

سادىق ماھىنۇرنى يۆلەپ دېگۈدەك بازار ئىچىدىن كوچىغا ئېلىپ چىقتى . ئىككىسى ئېرىق ياقىسىدا — سايىلىك يەردە ئولتۇرۇشتى . سادىق ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەنىدى ، ئۆزىنىڭمۇ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكە-نىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، سوغۇق ئىچىملىك ، تاۋۇز ئەكەلدى . ئالاقزادە بولۇپ ئۇياق - بۇياققا چاپتى ، چىرايىدا قان قالمىدى . ماھىنۇر تاۋۇز يەپ ، ئۇسسۇلۇق ئىچىپ ، دەرەخكە يۆلىنىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ، پېشانىسىدىن پۇرۇلداپ سوغۇق تەر چىقتى - دە ، يېنىكلەپ قالدى . بازار ئىچىدىكى قىستا - قىستاڭچىلىق ، بەتبۇي پۇراقلار ئۇنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرۇپ ، ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكىلى تاس قالغانىدى . ئۇ ساپ ھاۋادا يېرىم سائەت ئولتۇرۇپ ياخشىلىنىپ قالدى ۋە سادىققا قاراپ كۈلدى :

— تازا قورقتۇڭ - ھە ، سادىق ؟

ــ هازىر ياخشى بولۇپ قالدىڭىز .
ــ يۈرىكى ئاجىز ئادەم بۇ يەرگە كىرسە بولمىغۇدەك .
ــ ئۆتكەندە بىر ئادەم ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن .
ــ يۇر ، ئاۋۇ ئادەملەر نېمىگە ئولىشىۋالدىكىن ، قاراپ باقايلى ، ــ ئىككىسى ئورنىدىن قوزغىلىپ شۇ يەرگە كەلدى . ئالتە ــ يەتتە ئادەم تاي ــ تاي قىلىپ باغلىنىپ ، دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئادىداسنى ئوراپ ئالغان بولۇپ ، ئەۋرىشكىسىنى كۆرسىتىپ مال ئىگىسى بىلەن سودىلىشىۋاتقانىكەن ، لېكىن پۈتۈشەلمەيۋېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ تالىشىۋاتقىنى ئۈچ سوم ئىدى . مال ساتقۇچى بىر دانە ئادىداسنى قىرىق ئۈچ سوم دېسە ، ئالغۇچىلار قىرىق سوم دەيتتى . مال ئىگىسى يەنە ھەممىسىنى ئالساڭلار ئوتتۇز سەككىز سومدىن بېرىمەن دەۋاتىدۇ . ئالغۇچىلار ئېھتىياجىمىز بويىچە بەزىلىرىمىز ئوتتۇزنى ، بەزىلىرىمىز قىرىق ــ ئەللىكنى ۋە بەزىلىرىمىز يەتمىش ــ سەكسەننى ئالىمىز ، دەيدۇ . مال ئىگىسىنىڭ گەپ ــ سۆزىدىن ھەممىسىنى بىراقلا سېتىۋېتىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ .
ماھىنۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . كۆڭلىدە بۇ ئادىداسنى ئېلىپ ، بىردەمدىلا سېتىپ بولدى .
ئۇ سادىقنى بىر چەتكە تارتىپ :
ــ ئوتتۇز بەش سومدىن ئالامدۇق ؟ ــ دېدى .
ــ قىرىق سومدىن بەرمەيۋاتسا ؟
ــ ھەممىسىنى بىراقلا ئالساق بېرىدۇ .
ــ ھەممىسىنى ؟ ... قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ ، ھەممىسىنى دۇكاننىڭ نەرىگە قويىمىز ، بۇ ئاز مالمۇ ؟
ــ مەشەدىلا تۈگەيدۇ .
ــ نېمە دەۋاتىدىغانسىز ؟ ــ سادىق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى .
ــ قورقما ، ــ دېدى ماھىنۇر ئىشەنچ بىلەن ، ــ بۇ تەۋەككۇل قىلىدىغان پەيت ، كۆڭلۈم قىزىۋاتىدۇ .
مال ساتقۇچى ئىككى ــ ئۈچ سوم چۈشمەي ، ئالغۇچىلار ئىككى ــ

ئۈچ سوم ئۆرلىمەي، ئاخىر ئۇلار كېتىپ قالدى. بۇ ئىگىلەشكە تېگىشلىك ھالقىلىق پەيت ئىدى.

— ھەممىسى نەچچە دانە؟ — دەپ سورىدى ماھنۇر ئۈنىگدىن.

— ئىككى مىڭ دانە.

— ھەممىسىنى ئالسام نەچچىدىن بېرىسەن؟

— ئوتتۇز سەككىز سومدىن.

— بىرلا سورايمەن، بەرسەڭ ئالىمەن. بەرمىسەڭ كېتىمەن.

— مۇۋاپىق سورىساڭ، بېرىمەن.

— ئوتتۇز بەش سوم! پۇلۇڭنى ھازىرلا بېرىمەن.

— ئاله!

— سادىق، پۇلى قانچە بولدى؟

— يەتمىش مىڭ سوم، ئاچا.

مال ماھىنۇرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئارىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا بايىقى سودىلاشقان ئالتە ـ يەتتە ئادەم ئون نەچچە بولۇپ كەلدى. بايىقى مالنىڭ ئىگىسى ئەمدى باشقا ئادەم ئىدى. ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— بۇ ماللار سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتۈپ بوپتۇ ـ دە، خانىم، — دېدى ئۇلاردىن بىرسى، — قانچىدىن ئالدىڭىز؟

ماھنۇر كۈلدى:

— ئالغىنىمنى سورىماڭ، كېرەك بولسا، ئالىدىغىنىڭىزنى سوراڭ.

سودا ـ سېتىق قىزىقلا ئوقەت، بەزى سودىلارغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدۇ، ئىشەنمەي دېسەڭ راست. ئۇنىڭغا جۈرئەت كېرەك، كۆپ ھاللاردا تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق، تەۋەككۇل قىلغانلار يولى، ئامىتى كېلىپ قالسا، بىر دەمدىلا نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ماھنۇر ئادىداسلارنى قىسقا تارتىشتىن كېيىن، يۈزلەپ، ئەللىك ـ قىرىقلاپ، ئوتتۇز ـ يىگىرمىلەپ قىرىق بىر سومدىن سېتىشقا باشلىدى ۋە ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەممىسى سېتىلىپ بولدى. بۇ ئۈچقۇر سودىغا سادىق تۇرماق، ماھنۇر-

نىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۇلار بىر نەچچە كۈنگىچە دۇكىنىنى ئاچماي، مۇشۇ توپ سېتىش بازىرىغا ئەتىگەندە كېلىپ، كەچتە كېتىپ، ئادىداس سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈردى. بىراق بۇ سودىنى ئاران تۆت كۈنلا قىلالىدى. بەشىنچى كۈنى ئىككىسى مەيدىسىگە سۇس ھال رەڭ گۈل بېسىلغان ئاق كوينەكنى يۈزنى ئېلىپ دۇكىنىغا قايتىپ كېلىشتى.

— سادىق، — دېدى ماھىنۇر دۇكىنىدىكى ماللىرىنى يەيدىن يا- سالغان سۇرتكۈچ بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، توپ سېتىش بازىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىلەن تەڭ سودا قىلىشقان سادىقتىن مەمنۇن بولۇپ، — تۆت كۈندە قانچىلىك ئادىداس ئېلىپ ساتتۇق، قانچە پايدا ئالدۇق، ھېسابلاپ باقتىڭمۇ؟

— ھېسابلاپ بولغان، ئاچا، يەتتە مىڭ ئادىداس ئېلىپ ساتتۇق، تۆت مىڭىنى ئوتتۇز بەش سومدىن ئېلىپ، قىرىق بىر سومدىن، ئۈچ مىڭنى يەنە ئوتتۇز بەش سومدىن ئېلىپ قىرىق سومدىن ساتتۇق، جەم- ئىي ئالغا پايدىمىز ئوتتۇز توققۇز مىڭ سوم بولدى. ئادىداس ئالغۇچىلار ئازلاپ كەتمىگەن بولسا، يەنە بىر نەچچە كۈن شۇ سودىنى قىلاتتۇق.

— بارىكاللا! ھېسابىڭ توغرا، سودىدا خېلىلا پىشىۋاتىسەن، — دېدى ماھىنۇر قايىل بولۇپ ۋە ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ.

ماھىنۇر سادىقنىڭ سودىسىدا ھازىرغىچە بىرەر نۇقسان سەزمىدى، ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

## 32

قۇياش نۇرىدىن ھەممە نەرسە — يوللار، ئادەملەر، گۈل — گى- ياھ، دەل — دەرەخلەر ... ۋالىلداپ — چاقناپ كەتكەندى. يەل — يېمىش، مېۋە — چېۋىلەرنىڭ، گۈل — گىياھلارنىڭ ئېسىل پۇراقلىرى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. كوچىدا قايغۇلۇق بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، يۈز — كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم يېنىپ كەتكەن، ئۇچىسىدىكى كىيىم — كې- چەكلەر ئۆزلىرىگە قالتىس ياراشقان، تەبىئەتمۇ، ئادەملەرمۇ شۇنداق

گـۈزەل، خـۇشـال ۋە مەغرۇر . بۇ كوچىغا چىققان ماھىنۇرنىڭ ھېس قىلـ
غـانـلـىـرى . ئۇ ئالـدىـراپ قـاتـنـاش بـېكـىـتـىـگە كېتىپ باردۇ . ئۇنىڭ
دۇپـدۇگـىلەك كۆزلىرىدىمۇ ، قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىدىمۇ ، نېپىز
لـەۋلـىـرىـدىـمۇ ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ، چوڭقۇر سېغىنىش ھەم تەقەززالىق
ئەكـس ئېـتـىـپ تۇرىدۇ . چۈنكى بۈگۈن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەكبەرجان كەلـ
مەكچى ، تۈنۈگۈن خەۋىرى كەلگەن .

ئۇ ئەتـىـگـەنـدىن بېرى تەييارلىق قىلىپ ، ئۆيلەرنى تازىلىدى ھەم
مېۋە ـ چېۋە ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئەكىرىپ قويدى .
ئانـدىـن ھاردۇق ئېـشى ئەتمەكچى بولۇپ ، خېمىر يۇغۇرۇپ ئۇنى يېيىپ ،
كـېـسـىـپ قـويدى ـ دە ، ئاش سۈيىنى سۇس قاينىتىپ قويۇپ ، ئىنىسىنى
كـۈتـۈۋېـلىش ئۈچۈن قاتناش بېكىتىگە ماڭغانىدى . ئۇ بۈگۈن دۇكانىنىمۇ
ئاچمىدى ، سادىق ئۆيدە قالدى .

« ئەكـبـەرجـان قانداق بولۇپ كەتكەندۇ ؟ ــ دەپ ئويلاپ كېتىپ
بـاراتـتـى ۋە ئـىـنـىـسىنى كۆرۈش تەقەززالىقىدا ، ــ ھەدەم ئىككىمىز بىر ـ
بـىـرىـمىزگە ئوخشايتتۇق . ئۇ ھەدەمگە ئوخشاپ چوڭ بولدىمىكىن ياكى
مـاڭا ئوخشاپ چوڭ بولدىمىكىن ؟ ... مەن بۇ ياقىا ماڭغاندا ، ئۇ بالا ئىدى ،
ھازىـر يـىـگـىـت بـولـدى . كـىشى كەيىندىكىلەرگە قاراپ ، ئۆزىنىڭ چوڭ
بـولـۇپ كـەتـكـەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەن . مېنىڭ كىچىككىنە ئىنىم ئالىي
مـەكـتـەپتە ئوقۇۋاتقۇدەك بوپتۇ ، ياشلىقىمنى ئۆزىتىپ بولغان ئوخشايمەن ...
ئادەمـنـى بـەزىـدە خـۇش قىلىپ ، بەزىدە خاپا قىلىپ شۇنچە يىللار ئۆتۈپ
كـېـتـىـپـتـۇ ، مـەخـمۇتتىن بولغان بالامنى چۈشۈرۈۋەتمىگەن بولسام ، بۇ
چـاغـقـىـچـە تـوقـقـۇز ـ ئون ياشقا كىرىپ قالاتتى ، بەلكىم ئىككىنچى ، ئۈ-
چـىـنچى سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان بالا بولاتتى ... بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ،
ئەكبەرجان بىلەن تەڭلا بولۇپ قالار ئىدى ... »

مـاھـىـنـۇر نـاھايىتى يىراق بىلىنگەن ، ئەمما ئانچىمۇ يىراق ئەمەس
قـاتـنـاش بـېـكـىـتىنىڭ ئالدىغا كەلدى . كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ ، تېخى
غـۇلـجـىـنىڭ ئاپتوبۇسلىرى كەلمىگەنلىكىنى ئۇقتى ـ دە ، ساقلاپ تۇرۇشقا
تـوغـرا كـەلـدى . ئۇنـىـڭ تـەقـەززالىقى بارغانسېرى ئاشماقتا ۋە ئىنىسىنى

كـۆرۈش ئۈمـىدلىرى تېپىچەكلىمەكتە ئىدى . « خۇدايىمنىڭ ماڭا ئىچى ئې-ـاغرىــغـان ئـوخـشـايـدۇ ، يـالـغـۇزلـۇقۇمدا ئىنىمنى ئالدىمغا ئەكېلىپ بېرىۋاتىدۇ ، ــ يۈرىكى بارغانسېرى ئىتتىكلەپ ئۇرۇپ كېتىۋاتقان ماھىنۇر ئۇياق ـ بۇياققا توختىماي مېڭىپ پىچىرلايتتى ، ــ يولمۇ تاپتىم ، كىمنى رازى قـىـلـدىم ؟ ... مەن بېشىنى سىلىغان ئادەملەر ئاز ، بەكمۇ ئاز . بۇ ئۆز ئىـنـىم ، ئۇنى ئوقۇتىمەن ، ئۆيلەيمەن ، مەشەللىك قىلىمەن . تۆت ئېغىز ئۆ-يۈمنىڭ ئىككى ئېغىزى ئەمدى شۇنىڭ بولىدۇ . »

ئەنـە ، ئىككى ئاپتوبۇس كەلدى ـ دە ، ئىغاڭلاپ يۈرۈپ بېكەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

ــ ھەدە .

بـۇ ئاپـتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىغان ئەكبەر-جـان ئـىـدى . مـاھـىـنـۇر بـىـرلا قـاراپ ئـىـنـىـسـىـنـى تونۇپ قالدى ـ دە ، ئاپـتـوبـۇسنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشكەن ئادەملەرگە قوشۇلۇپ ، بېكەتنىڭ ئىـچـىـگـە كـىـردى . ئادەم كـۆپ ئـىدى . بـەزىـلـەر ئاپـتـوبۇس ئىشىكىگە بېرىۋالغان ، بەزىلەر دېرىزىلەردىن بويىنىنى سوزۇپ ئىچىگە قارىشىۋاتقان ، يەنە بەزىلەر دېرىزىلەردىن سۇنۇلغان سومكىلارنى ئېلىشىۋاتقان ...

ئەكـبـەرجـان ئاپـتـوبـۇسـتـىـن چۈشۈپ ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تـۇرغـان ھەدىسىگە ئۆزىنى ئاتتى . ماھىنۇر ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ خېلى ۋاقـىتلارغىچە قويۇپ بەرمىدى ۋە پېشانىسىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى : ئۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇرىقى ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن توپىلىق مەھەللە ـ كـوچـىـلـىـرىـنـىـڭ ھىدى كەلمەكتە ئىدى . ئۇ سۆيۈملۈك مەھەللىسىنى ، سـۇۋادان تېرەكلىك كوچىسىنى ، باھاردىن تارتىپ كۈزگىچە جەننەتتەك بـولـۇپ كـېتىدىغان باغلىق ھويلىسىنى ، پېشانىسى ئىللىق ئۆيلىرىنى ، مە-ھەلـلـىـسـىـدىـكـى ئاتـا كـۆرگەن ، ئانا كۆرگەن بوۋاي ـ مومايلارنى ھەم تـەگـتۇش دوستلىرىنى كۆرگەندەك بولدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا تاراملاپ تـۆكـۈلـۈپ كـەتـتـى . ئادەم شـۇنـداق نـازۇك ھەم ئۆتـكـۈر سېزىمگە ئىگە ئـىـكـەنـكـى ، كـىـنـدىـك قـېـنـى تۆكۈلگەن يەرنىڭ پۇرىقىنى خېلى يىراق جايلاردىنمۇ ئالالايدۇ .

ماھىنۇر ئەكبەرجانغا سەپسالدى: بويىنىڭ ئېگىزلىكى دادىسىغا تارتىپتۇ، قاش ـ كۆزىنىڭ قارىلىقى، كىرپىكلىرىنىڭ قايرىلىپ تۇرۇشى، بۇرنىنىڭ ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىقلىقى ئۆزىگە ئوخشاپتۇ. ماھىنۇرنىڭ ئۇنىڭغا مەستلىكى كەلدى ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ كوچىغا چىقىپ كىرا ماشىنىسىنى باشلاپ كىردى ـ دە، ئەكبەرجاننىڭ چامادان ـ سومكىلىرىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە سېلىپ، ئىنىسىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ماھىنۇر يېنىدا ئولتۇرغان ئىنىسىغا تويىماي قارايتتى، چىرايىدىن خۇشاللىق، ئىپتىخار، مەغرۇرلۇق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ھەم ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلايتتى.

— قايسى مەكتەپكە ئۆتتۇڭ؟

— سىفەن داشۆگە.

— قارا سېنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇدەك بولۇپ كەتكىنىڭنى...

— مېنىڭدىن كىچىك باللارمۇ بار.

— سەن تېخى ئون سەككىزگە تولمىدىڭ، ئاپام سېنى كەچ كۈزدە تۇغۇلغان دەيتتى.

— كەچ كۈزگىمۇ بىر ـ ئىككى ئاي قالدى.

ئەكبەرجان ھەدىسىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتسىمۇ، كۆزىنى سىرتتىن ئالمايتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز ـ ئېگىز بىنالارغا، ياخشى كىيىنگەن ئادەملەرگە ھەم ھەيران قېلىش، ھەم قىزىقىش بىلەن قاراپ كەلمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ بۇ شەھەر ئادەملىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى.

ماشىنا قوش قاناتلىق، يېڭى سىرلانغان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، سومكا ـ چامادانلارنى كۆتۈرۈشۈپ قورۇغا كىردى. ماھىنۇرنىڭ سالدۇرغان ئۆيلىرى پۈتكەن بولۇپ، كۆچۈپ كىرگىنىگە سەككىز كۈن بولغانىدى. ئاستى ئامبار، ئۈستى تۆت ئېغىزلىق، پېشايۋانلىق ئۆي، ھاۋا رەڭدە سىرلانغان ئىشىك ـ دېرىزى-

لىرى ، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى ، گەرنىزلىرى پارقىراپ ـ ۋاللداپ تۇراتتى . دەرۋازىدىن پېشايۋانغا چىقىدىغان پەلەمپەيگىچە كۆك خىش يې- يىتىلغان بولۇپ ، قەپەستەك كىچىك قورۇ ئۆزگىچە خاس ئىللىقلىقى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىپ تۇراتتى . دەرۋازىنىڭ يېنىغا يەككە كىچىك بىر ئې- غىز ئۆي سېلىنغان . ئۇنىڭدا ھېلىقى موخوركا ساتىدىغان بوۋاي تۇرىدۇ . ھازىر ئۇ مۇشۇ قورۇنىڭ كۆزەتچىلىك ـ دەرۋازىۋەنلىك خىزمىتىنى ئادا قىلىدۇ . ماھىنۇر ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرگە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئىنىسىنى تونۇشتۇردى .

— بۇ مېنىڭ ئىنىم ئەكبەرجان بولىدۇ ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ سىن- فەن داشۆگە ئوقۇشقا كەلدى .

— مۇبارەك بولسۇن ، — دېدى بوۋاي خۇشخۇيلۇق بىلەن ، — ئىككى بىر تۇغقان جەم بولدۇڭلار .

— بۇ روزاخۇن بوۋاي ، — دېدى ماھىنۇر ئىنىسىغا ئۇنى تونۇش- تۇرۇپ ، — دادىمىز ئورنىدىكى ئادەم ، ھەم ھويلىغا قارايدىغان ، ھەم بىزنى قوغدايدىغان ئادەم . مانا بۇ يىگىت سادىق ، — دېدى ئۇ ، — بىز- نىڭ ئىنىمىز ، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ، ھازىر دۇكاندا مال ساتىدۇ .

ئۇلار ھەممىسى بەش باسقۇچلۇق پەلەمپەينى بېسىپ ، پېشايۋانغا چىقىپ ئاندىن ئۆيگە كىرىشتى . بۇ تۆت ئېغىزلىق ئۆينىڭ ھەممىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىشىكلىك بولۇپ ، پەقەت مۇشۇ ئۆينىڭلا يەنە بىر ئۆيگە — دالاندىن سارايغا كىرىدىغانمۇ ئىشىكى بار ئېدى . دالان ئۆيگە سۇپا چىقىرىلغان ، ئوچاق ، قازان ـ قومۇچ مۇشۇ ئۆيدە . ساراي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ ، ئەتراپى يۆلەنچۈكلۈك تۆمۈر ئو- رۇندۇقلار بىلەن تولغان . ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە بېغىررەڭ دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان ، يەرگە گىلەم سېلىنغان ، تاملارغىمۇ ئانار گۈللۈك گىلەم تارتىلغانىدى . دالانمۇ ، سارايمۇ سەرەمجان ، رەتلىك بولۇپ ، ھەممىلا ئۆينىڭ ئىللىق كۆرۈنۈشى ئۆي ئىگىسىنىڭ چاققان ، پاكىزلىقى- دىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى . شۇڭلاشقا بۇ ئۆيلەر ئىشتىن ھېرىپ ـ

چارچاپ كەلگەن ئادەمنىڭ روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى تەمىن ئېتەتتى .

— ھەدە ، بۇ قورۇ - جاي كىمنىڭ ؟ — سورىدى ئەكبەرجان ھەممىسى سارايغا كىرىپ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغاندىن كېيىن .

— بىزنىڭ .

— بىزنىڭ ؟

— ھەئە ، بىزنىڭ .

— ماھىنۇر خانىم ، — دېدى روزاخۇن بوۋاي گەپكە ئارىلىشىپ ، — بۇ يەر ئەسلىدە كونا قورۇ - جاينىڭ ئورنى ئىدى ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ، يەرلىرىنى تۈزلەپ ، مۇشۇ ئۆيلەرنى سالدۇردى . ناھايىتى تېزلا پۈتكۈزدى .

— ھە ، مۇنداق ئىكەن - دە .

— قانداق ، ئاچىڭىز قالتىسمىكەن ؟

— مەن تېخى ئىجارىگە ئالغان ئۆيلەرمىكىن ، دەپتىمەن .

— سىبىنىڭ ئورۇمچىگە ئوقۇشقا كېلىدىغان خەۋىرىڭنى ھېلىقى سەن ئەۋەتكەن باققال بالىدىن ئاڭلاپ ، شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىم ، — دېدى ماھىنۇر شۇ چاغدىكىدىنمۇ زورراق خۇشاللىق بىلەن . ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئېپتىخار ، ھاياجانلىنىشتىن پەيدا بولغان خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى ، — شۇ خۇشاللىقىمدا مەشەنى سېتىۋېلىپ مۇشۇ ئۆيلەرنى سالدۇردۇم . بىزنىڭمۇ بۇ يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگىنىمىزگە ئاران سەككىز - توققۇز كۈن بولدى . بۇ قورۇ - جاي ئەمدى ئىككىمىزنىڭ .

ئەكبەرجان ھەدىسىنى ئۈرۈمچىدە دۇكان ئېچىپتۇ ، باي بولۇپ كېتىپتۇ ، دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۈرۈمچىگە مۇنچىلىك ئۆزلىشىپ قورۇ - جايلارنى سېلىپ كەتكۈدەك ، نەچچە ئادەمنى ئىشلەتكۈدەك ھالغا كەلگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن . ناھايىتى غۇلجىدىكى چوڭ ھەدىسى شەمشىنۇرنىڭ ئېچىۋاتقان دۇكىنىدىن سەل ياخشىراق ، ماللىرى كۆپرەك دۇكان ئاچقاندۇ ، دەپ ئويلاپ كەلگەن . ئۇ تېخى ھەدىسىنىڭ دۇكىنىنى كۆرگىنى يوق ، مۇنۇ قورۇ - جاينى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كۈچى

خېلى ـ خېلى نەرسىلەرگە يېتىدىغانلىقىنى، بايلىقنىڭ خېلىلا زورىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. « قىز بېشى بىلەن ئاچچىقىدا كەتكەن، بېشىغا كەلگەن قاتتىق كۈن ئۇنىڭغا ئوبدانلا ئەقىل ـ پاراسەت بېرىپتۇ ـ دە، ـــ دەپ خىيالغا چۆكتى ئەكبەرجان، ـــ جاپا تارتقاندۇ، تىرىشىپ ـ تىرماشقاندۇ ... مانا نەتىجىسىنى كۆرۈۋېتىپتۇ. مۇۋەپپەقىيەتمۇ جاپالىق تىرىشىشتىن تۇغۇلىدۇ، دېگەنلەر راست ئىكەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ماھىنۇر ھەدەم ئون تىيىنلىق مالنى باشقا دۇكاندارلار ئون بەش تىيىندىن ساتىدۇ، بىز ئون ـ ئون ئىككى تىيىندىن ساتايلى، ئاز پايدا چاپلىساق، كۆپ سېتىلىدۇ، ئۇ چاغدا بىز كۆپ پايدىغا ئىگە بولىمىز، دەيتتى. ئۇ سودا ـ سېتىقتا غۇلجىدىكى چاغدىلا يول تېپىپ بولغان. »

ئۇلار ئاۋۋال مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇز يېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ماھىنۇر ئەكىرگەن ھاردۇق ئېشىدىن بىر ئاپقۇردىن ئىچىشتى. ئەكبەرجان بىر تەرلەپ ھاردۇقى چىقتى ـ دە، يول ئازابلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ خۇشال ئىدى، گويا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغانلىقىدىن، بىر نەچچە يىل ئايرىلىپ كەتكەن ھەدىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ يېڭى، ئازادە ئۆيىدە ئولتۇرغانلىقىدىن خۇش ئىدى.

ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى. پېشايۋاننىڭ، ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ياندى. بۈگۈن بۇ قورۇدا ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئەكبەرجاننىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان بەختىخانمۇ يېتىپ كەلگەن. بەختىخان ماھىنۇرنىڭ خۇشاللىقىنى ئاۋۇتۇپ، مۇبارەك بولسۇن، تاغدەك يۆلەنچۈكۈڭ كەپتۇ، يالغۇزلۇقۇڭ ئەمدى ئاخىرلىشىپتۇ، ئۆيلىرىڭمۇ پۈتۈپ، ئاۋات قورۇنىڭ خوجايىنى بولدۇڭ، دېمەكتە؛ سادىقمۇ قىز ـ قىننىغا پاتماي، ماڭا ئەتە ـ ئاخشىمى پاراڭلىشىپ ـ مۇڭدىشىدىغان ئادەم تېپىلدى، يالغۇزسىرىمايدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بولماقتا؛ روزاخۇن بوۋاي بىر ئەر كەلدى، قورۇنى قوغدايدىغان يەنە بىر ئەزىمەت كەلدى، دەپ ئويلىماقتا؛ ماھىنۇر ئوڭۇممۇ ـ چۈشۈممۇ بۇ دەپ، يەنە تاماق ئېتىپ پايپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار تېلېۋىزور كۆرۈشتى، ئۇنىڭغۇ قويۇپ خەلق ناخشا - سازلىرىنى ئاڭلىدى.

— بۈگۈن ئەكبەرجان مەن بىلەن ياتسۇن، — دېدى ماھىنۇر يېتىش ئالدىدا، — ئەتىدىن باشلاپ سادىق ئىككىڭلار بىللە يېتىڭلار.

قېرىنداشلارنىڭ گېپى يېرىم كېچىگىچە توگىمىدى. ماھىنۇرنىڭ ئىنىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. مەھەللىداشلىرى ئۇنى ھەدىسى شەمشىنۇر ھاقارەت قىلغاندەك «رەسۋا»، «بۇزۇق» دەپ چۈشىنەمدۇ ياكى ھەدىسى ئەسكى بولغانلىقى ئۈچۈن سىڭلىسىغا ئورۇنسىز ئازار بەردى، قاراپ تۇرۇپ تۆھمەت قىلدى، دەپ بىلەمدۇ، بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ. شۇنچە يىللاردىن بېرى غۇلجىغا بارماسلىقىنىڭ ۋە بارماسلىققا قەسەم قىلىۋەتكىنىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۆز قېرىندىشىنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچرىغانلىقى ئەمەسمىدى، قېرىنداشلار بىر - بىرىنىڭ جاپاسىنى ئەلۋەتتە تارتىدۇ، ئۇنىڭدىن قاچمايدۇ، لېكىن ھاقارەت، تۆھمەتنى ئۇنتۇمايدۇ.

ماھىنۇر ئەكبەرجاندىن بۇ ئىشلارنى سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— ھەدەمنىڭ تۇرمۇشى ياخشىمۇ؟ — خېلى جىملىقتىن كېيىن سورىدى ماھىنۇر بۇياققا ئۆرۈلۈپ.

— شەمشىنۇر ھەدەم ھازىر مەھەللىگە پاتماي يۈرىدۇ، تۇرمۇشىدىن، يارى ئاكامغا ياتلىق بولغانلىقىدىن بەك رازى.

— يارىنى بىزنىڭ ئۆيگە «بالا قۇل» بولۇپ كىردى، دەپ ئاڭلىۋىدىم، ھەدەمگىمۇ بىزنىڭ ئائىلىگە كىرىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايتتى.

— يارى ئاكام ياخشى ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئادىمىدەكلا بولۇپ كەتتى، بۇرۇنقى بوشاڭ، ھورۇنلۇقلىرىمۇ توگىدى. ئۆزى ئۆگزىلەرگە ئىككى قېتىم لاي سالدى. ھويلىنىڭ تاملىرىنى سۇۋاپ چىقتى، ئامبارنى كېڭەيتىپ ياساپ چىقتى. توپ سېتىش بازارلىرىدىن ماللارنى شۇ ئەكېلىدۇ، ھەدەم دۇكاندا ئولتۇرۇپ ساتىدۇ. ئۇ نەچچە قېتىم ماللارنى ئۆزۈمچىدىن ئەكەلسەك تېخىمۇ ئەرزان توختايتتى، دېسە، ھەدەم ئۇنىمىدى. يارى ئاكام ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى بولدى سەن قىلما، مەن ھەممە ئىشقا ئۈلگۈرىمەن، سەن ياخشى ئوقۇساڭلا

بولدى ، دەپ تۇرىدۇ . تېخى ھەدەمدىن يوشۇرۇپ ماڭا پۇلمۇ بېرىپ تۇ-
رىدۇ .
— يوشۇرۇپ ؟ ... ھەدەم بەرمەيدىكەن ـ دە ؟
— ئۆزىغۇ ھەرگىز بەرمەيدۇ ، يارى ئاكامنىڭ بەرگىنىنى ئۇقۇپ
قالسا ، جېدەل چىقىرىدۇ .
— ساڭىمۇ كۆرسىتىۋېتىپتۇ ـ دە ؟
— خېلى كۆرسەتتى ، سەن كەتكەندىن كېيىن ، ماڭا بەك كۆيۈ-
نىدىغان بولۇپ كەتكەن ، يارى ئاكامغا تېگىپ ، ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن
كېيىن ، ماڭا بىر ئاز ئۆچ بولۇپ قالدى . بوپتۇ دېدىم ، ئۇنى ئانچىمۇ
كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمىدىم . بىر ئوغۇل تۇغدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ
نېمىشقىكىن ئۇقمايمەن ، ماڭا ئۆچلا بولۇپ كەتتى . بىردە مەكتەپتىن كەچ
كېلىسەن ، ئۆينىڭ ئىشلىرىغا قاراشمايسەن ، دەيدۇ ؛ بىردە يېرىم كېچىـ
گىچە كىتاب ئوقۇيسەن ، توك پۇلى ئېغىر چۈشۈپ كەتتى ، دەيدۇ ؛ يەنە
بىردەم ئەسكى باللارغا ئارىلىشىسەن ، دەيدۇ . كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ ھېچ
ھالىمنى قويمىدى . يالغاننى توقۇيدۇ ، بولمىسا مەن ئارىلىشىدىغانلار
ياخشى باللار .
— شۇنداق دېسە گەپ قىلمامسەن ؟
— قىلماي قالىمەنمۇ ، گەپ يېمەيدۇ ، ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ
تۇرىۋالىدۇ ، يارى ئاكام ئارىلاشسا ، قېقىۋېتىدۇ .
— نېمىشقا تەتىللەردە كەلمەيسەن ؟ — دېدى ماھىنۇر ئىنىسىنىڭ
كۆرگەنلىرىدىن ئېچىنىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ .
— ھەدەم ئۇنىمايدۇ ، بۇلتۇر كېلەي دېگەن ، ئۇنىمىدى ، نېمە بار
ئۇنىڭ يېنىدا ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ موللا بولۇپ كېلەي دەمسەن ، دەپ
ئاچچىقلاپ چالۋاقاپ كەتتى . سىنى گەپ ئۆگىتىدۇ ، دەپ ئويلايدىغان
ئوخشايدۇ . ھەدەمنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرسەڭ ، بىردە غەزەپلىنىسەن ، بىردە
كۈلىسەن .
— توۋا ، سىنى مېنىڭدىن كەچتۈرۈۋېتەمدىكىنا ، ئۆزىدەك بولسۇن
دەيدىكەن ـ دە ... — ماھىنۇر چوڭقۇر تىندى .

ـــ ھەدەمگە قېرىنداش كېرەك ئەمەس ، پۇل بولسىلا بولدى . قو-يۇپ بەرسەم مېنى قورۇدىن قوغلىۋەتكۈسى بار .

ـــ شۇنداقمۇ تېخى ؟

ـــ شۇنداق ، توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تاس قالدىم ئوقۇشتىن توختاپ قالغىلى .

ـــ نېمە بولۇپ ؟

ـــ بىكاردىن ـ بىكار ئىش تېرىيدۇ ، بىر كۈنى ماڭا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ : « سېنىڭدەك باللار بىر ئۆينى بەخۇدۇك بېقىۋاتىدۇ ، ئالدى گۇاڭجۇدا ، كەينى ئۈرۈمچىدە ئوقەت قىلىۋاتىدۇ » دەيدۇ . مەن : « ھەي ھەدە ، بىكار يۈرگىنىم يوق ، ئوقۇۋاتسام ، نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ » دېسەم ، « ئىش قىلىشتىن قېچىپ ئوقۇۋاتىسەن ، ئوقۇپ كىم ئەرشئەلاغا چىقىپتۇ ، بىر پارچە ناننى ھالاللاپ يېسەڭ بولمامدۇ ، ئالدىڭغا ئاش ـ تاماق كېلىۋەرمەيدۇ ھۇي ھارام تاماق ! » دەيدۇ . گەپلىرى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى : « زادى مۇشۇ ئۆيدىن يوقالسام خۇش بولامسەن » دېۋىدىم ، نومۇسمۇ قىلماي : « يوقالساڭ يوقالمامسەن ، كىم ساڭا ئېسىلىۋاپتۇ » دېدى . نەدىن ئاچچىقىم كەلدى ، جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم ... « شۇنداقمۇ ، ـــ دېدىم ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپ ، ـــ ماقۇل ، يوقىلاي ، ئەمما مەن ماھىنۇر ھەدەمدەك ھازازۇللۇق قىلساڭ ، تىللاپ ھاقارەتلىسەڭ يىغلاپ تۇرىدىغان ، گەپمۇ قىلماي كۆزۈڭدىن يىتىدىغان ئادەم ئەمەس ! ماۋۇ قورۇ ـ جاينىڭ مەنمۇ ئىگىسى ، مەنمۇ خوجايىنى ، تېگىشلىك مىراسىمنى ئېلىپ يوقىلىمەن . ھازىر سوتقا بارىمەن ، بۇ قورۇ ـ جاي ئۈچ بىر تۇغقاننىڭ جايى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمەن ، پۈتۈن مەھەللىنى گۇۋاھلىققا تارتىمەن ، مېنى بوش چاغلىما ، ساڭا قانداق تېتىيدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قوي ! » دېدىم ـ دە ، سىرتقا ماڭدىم . شۇ ئارىلىقتا ۋاڭ ـ چۇڭنى ئاڭلاپ كىرگەن يارى ئاكام مېنى تۇتۇۋالدى . قىزىق ئىش ، شۇنچە غالۋاراپ كەتكەن ھەدەم لاسسىدە بوشاپ ، ياۋاشلاپ كەتتى .

ـــ يولسىزلىق ، كۆكەرمىلىك قىلسام ، سېنىمۇ مېنىڭدەك كۆزۈمدىن يىتىدۇ ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ، ـــ دېدى ماھىنۇر غەزەپ بىلەن .

— شۇنداق قىلسام بۇمۇ كۆزۈمدىن يىتىدۇ ، دەپ ئويلاپتىكەن ، ئەمما ئەدىپنى يىدى . شۇنىڭدىن كىيىن ماڭا قاتتىق ـ يىرىك گەپلەرنىمۇ قىلمايدىغان ، ۋاي ئۇكام ياخشى ئوقۇ ، ياخشى ئوقۇساڭ ئالىي مەكتەپ-لەرگە بارىسەن ، دەپ تۇرىدىغا بولدى . ياخشى ئوقۇپ ئۇرۇمچىگە ياكى ئىچكىرىلەرگە كەتسە ، بەرىبىر كۆزۈمدىن يىتىدۇ ، دەپ ئويلاۋاتسەنغۇ ، دىدىم ئىچىمدە . لىكىن ، ئۇنىڭ نىمە ئويلىشى بىلەن كارىم بولمىدى ، ياخشى ئوقۇشنىلا ئويلىدىم ، باشقىلاردەك مەنمۇ ئۇرۇمچىگە كىتەرمەنمۇ ، دەپ تىپىپچەكلەپ جىنىم ئىچىمگە پاتماي يۇردۇم ھەم ئەندىشىمۇ قىلدىم ، چۈنكى ياخشى ئوقۇغان باللاردىن نىمىشقىدۇر ئۆتەلمەي قالغانلىرىمۇ ئال-دىنقى يىللاردا كۆرۈلگەن . ئاخىر ئىمتىھانغا قاتناشتىم ، ياخشى ئۆتۈپ كىتىپتىمەن . شۇنداق قىلىپ ، مەن ھەدەمدىن ، ھەدەم مەندىن قۇتۇلغانغا خۇش بولدۇق .

ئىككىسىنىڭ گىپى ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۆي ئىچى جىمىپ كەتتى . ئۇلار ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇپ ، كىچىنىڭ قايسى مەزگىلگە يىتىپ بار-غانلىقىنى بىلمەيتتى . ئەكبەرجان ھاياجانلىق ھىس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغان-لىقىدىن خۇشال ئىدى . سىفەن داشۆنىڭ بىنا ـ سىنىپلىرىنى ، ھويلا مەيدانلىرىنى ناھايىتى گۈزەل ، كۆركەم ، رەتلىك ، ھەشەمەتلىكتۇ ، دەپ ئويلايتتى ، بىزگە بىشىدا چىچى قالمىغان ، كۆز ئەينەك تاقىغان قالتىس بىلىملىك ئادەملەر دەرس بىرىدىغاندۇ ، دەپ قىياس قىلاتتى . ماھنۇر ھەدىسىنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ھاقارەتلەپ خارلاپ كەتكەنلىكلىرىنى ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ كىرىشىپ ئىككىسىنى ئاجراتقانلىقىنى ، لىكىن ھە-دىسىنىڭ بوي بەرمەي ، ئاھانەت قىلىشتىن يانماي ، بارغانسىرى ئەدىگەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ نومۇس قىلىپ مەھەللە ـ يۇرت ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەي قالغانلىقىنى ، مانا ئەمدى ئىنىسىنىمۇ قورۇدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئاتايىن ئىش تىرىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى قورۇ ـ جايغا ئۆزىنىڭلا ئىگىدارچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقلىرىنى ئويلاپ ياتاتتى . « توۋا ، — دەپ ئويلىدى ماھنۇر ،

— ھەدەم نېمانچە كالتە پەم ، كەم ئەقىلدۇر ، ئۇ قورو - جاي بىز ئۈچ بالىغا مىراس قالغان تۇرسا ، ۋارقىراش - جارقىراش ، ئۇششۇقلۇق قىلىش بىلەن ئۇنى قانداقمۇ ئۆزىنىڭلا قىلىۋالالايدۇ ؟ ... بۇ قورۇ - جايدا مەنلا تۇرىمەن ، دەپ ئويلايدىكەن - دە ... »

— بولدى ، ئۇكام ، — دېدى ماھىنۇر خېلى جىمجىتلىقتىن كېيىن ، — ھەدەم ئاشۇ قورۇ - جايىمىزغا ئىگە بولۇپ خاتىرجەم بولىدىغان بولسا بوپتۇ ، ئىگە بولسۇن . مانا مەنمۇ قورۇ - جاي سالدىم ، سەن كەلدىڭ ، ئەمدى ئىككىمىز بىللە تۇرىمىز ، زۆرۈر بولسا ، ساڭىمۇ قورۇ - جاي سېلىپ بېرىمەن ، ھەدەم خۇش بولىدىغان ئىشنى قىلايلى .

ئەكبەرجان ئۇنچىقمىدى ، بىراق ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىش بىلەن ھەدىسىنىڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى .

— ھەدە ، — دېدى ئۇ ، — سادىق دېگەن بالىنى « بىزنىڭ ئىنىمىز ، مەن ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ » دېدىڭ ، ئۇنداقتا ئۇ كىچىككىنە چاغلىرىدىن باشلاپلا دۇكىنىڭدا مال سېتىپ كېلىۋاتامدۇ ، ئۇ كىمنىڭ بالىسى ، قانداقلارچە ساڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ؟

— سۆزلەپ بېرەي : سادىق يېتىم بالا ئىكەن ، ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدا ئوچاقلارغا ئوت قالاپ ، چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ جان بېقىپ يۈرەتتىكەن . بىز تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدۇق . مەن غۇلجىدىن كەلگۈچە ئىككى نەرسە كۆزۈمگە كىرىۋالدى . ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، شىنجاڭ داشۆدە ھەدەم بار ، مەن شۇ يەرگە بارىمەن ، دېدىم . ئۇلار مېنىڭ ئۇرۇمچىگە بۇرۇن كەلمىگەنلىكىمنى بىلىپ ، شىنجاڭ داشۆ مۇنۇ دۆڭنىڭ كەينىدە ، بىز سىزنى ئاپىرىپ قويايلى ، دەپ مېنى باشقا ياققا باشلاپتۇ . دەل شۇ چاغدا مۇشۇ سادىق پەيدا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسا كېرەك ، ئاچا ، شىنجاڭ داشۆ ئۇياقتا ئەمەس ، مايافتا . يۈرۈڭ ، مەن ئاپىرىپ قوياي ، دەپ ئۇ ئەسكىلەردىن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى . يولدا مەن بۇ زېرەك ،

سەمىمىي بالىغا راست گېپىمنى ــ شىنجاڭ داشۆدە ھەدەمنىڭ يوقلۇقىنى ، ئۇلارغا شۇنداق دەپ قويغانلىقىمنى ، ھازىر ماڭا ياتاق لازىملىقىنى ئېيتتىم . ئۇ مېنى بايا كەلگەن بەختىخان دېگەن ئايالنىڭ ياتاقخانىسىغا باشلاپ كەلدى . ( بەختىخانىنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ساڭا ئايرىم سۆزلەپ بېرىمەن ) بەختىخان ھەدەمنىڭ ياردىمىدە تىجارەت قىلىشقا باشلىدىم . بىر كۈنى مۇنداق ئىش بولدى : بازاردىن يېنىپ ئادەمسىز كەينى كوچىدا مېڭىپ قاپتىمەن . يەنە ئىككى لۈكچەككە ئۇچراپ قالدىم . ئۇلار ماڭا زورلۇق قىلماقچى بولغاندا ، قاچتىم . بىرسى مېنى قوغلىدى . توۋا دەيمەن ، خۇدايىم خۇددى ئاسماندىن تاشلاپ بەرگەندەك شۇ يەردە يەنە مۇشۇ سادىق پەيدا بولۇپ ، ئۇ لۈكچەكنىڭ پۇتىغا كالتەك ئېتىپ ، ئۇنى يىقىتىۋېتىپ ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇخوركا سېتىپ جان بېقىپ يۈردى . ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ئۇششاق ئېلىپساتارلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتىم . تىجارىتىم ئېقىپ ، دۇكان ئاچقان چېغىمدا ، ئۇنى دۇكانغا ئەكېلىۋالدىم . ئۇ شۇنداق ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي بالا ، ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق سادىق . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز ئىنىمدەك بولۇپ قالدى ، ماڭا كۆيۈنىدىغان ياردەمچىم ، تاغدەك يۆلەنچىم بولۇپ كەلدى .

ــ ھە ، مۇنداق ـ دە ، ــ دېدى ئەكبەرجان ، ــ يالغۇزلۇقۇڭدا ساڭا قالتىس ئەسقېتىپتۇ ـ دە ، چىرايىدىنمۇ سەمىمىي ، سادىقلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ .

ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان ، پاراڭلىشىش داۋاملىشىۋاتىدۇ ، كۆپ يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىنكى بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى .

ــ ئەمدى مۇنۇ روزاخۇن بوۋايغا كەلسەك ، ــ دېدى ماھىنۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ــ بۇنىمۇ يېتىم بوۋاي دېسەك بولىدۇ ، باللىرى بولسىمۇ قارىمىغان . شۇلارنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ قىلىپ ئۇرۇمچىگە چىققانىكەن . بۇمۇ كىچىك تەنزىدە موخوركا سېتىپ جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى . تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ ، يا قارىغۇچىسى يوق ،

يا پۇلى يوق ئىغىر ئەھۋالدا ياتقاندا، ئىچىم ئاغرىپ دوختۇرغا ئاپىرىپ كۆرسەتتىم، بالىنىتسىدا ياتقۇزۇپ داۋالاتتىم، ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن . قورۇ ـ جاي پۈتكەندە دەرۋازىۋەنلىك قىلسۇن، قورۇغا قارىسۇن، دەپ ئەكېلىۋالدىم . ئەتىگەندە ھەممىمىز كېتىمىز، كەچتە كېلىمىز، قورۇغىمۇ شۇنداق بىر ئادەم كېرەك ئىدى . بوۋاينىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىگە ئۆزۈم ئىگە بولىمەن . ئۇنىڭغا ئۈچ ۋاخلىق تامىقىدىن باشقا ئايلىقىغا ئىككى يۈز سوم بېرىمەن . سادىققا ئىككى يۈز ئەللىك سوم بېرىپ كېلىۋاتىمەن . قانداق، ئۇكام قىلىۋاتقان ئىشلىرىم بوپتىمۇ ؟

— بوپتۇ ھەدە، قالتىس ئىشلارنى قىپسەن، — ئەكبەرجان ئويلىنىپ يەنە شۇنداق دېدى، — بىر قورساقتىن چۈشكەن باللار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىكەن ...

— سادىق سودىدا پىشىپ قالدى، ئۇنى ئىچكىرىگە ماڭغۇزاي دېسەم، تېخى كىچىك، — دېدى ماھىنۇر ئويلاپ كېلىۋاتقانلىرىنى سۆزلەپ، — ئۇ ئۇن ئالتە ياشقا كىردى . مەن بىر ئايال بولغاچقا، ئۆزۈم بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىمەن . ھازىر بىز توپ سېتىش بازىرىدىن توپ مال ئېلىپ، پارچىلاپ سېتىۋاتىمىز، ئەگەر ئىچكىرىدىن ئۆزىمىز مال ئەكېلىپ ساتساق، ئۇنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى . يەنە ئىككى يىل تەخىر قىلسام، بۇ ئىشنى سادىق بەخۇدۇك قىلىپ كېتەلەيدۇ . بىراق ئۇ خەنزۇچە تىلنى بىلمەيدۇ . ئىككى يىلغىچە ئۇنى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كەچ كۇرسلىرىدا ئوقۇتۇشنى ئويلىشىۋاتىمەن .

ئىككىسى يەنە جىمىپ قالدى . ئەكبەرجان ئىككى ھەدىسىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، بىرسىدىن سۆيۈنۈپ، بىرسىدىن نەپرەتلەنمەكتە ئىدى . « ماھىنۇر ھەدەمنىڭ نېمە دېگىنى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بوپتۇ ئۇكام، شەمشىنۇر ھەدەم ئاشۇ قورۇ ـ جايىمىزغا ئۆزىلا ئىگە بولۇپ خاتىرجەم بولىدىغانلا بولسا، ئىگە بولسۇن، دەيدا ... كاشكى ئۇ بىزگە كۆيۈملۈك بولسىچۇ ... » ماھىنۇر بولسا : غۇلجىدىكىلەر ئارۇپجان بىلەن بولغان ئىشلىرىمنى ئۇققانمىدۇ ـ ئۇقمىغاندىمۇ، ئەكبەرجاندىن سوراپ باقايمۇ ـ سورىمايمۇ، دېگەن ئەندىشىلىك خىيالدا ئىدى . « بولدىلا

سورىساي ، بەلكى ئۇققاندۇ ياكى ئۇقمىغاندۇ ، ئۇقمىغان بولسا ، سوراپ ئۇقتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى . »

ئىككىسى ئىككى خىل خىيال بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقلىرىنى بىلمىدى .

※ ※ ※

ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بۇ قورۇدا ئۈچ ئادەم — روزاخۇن بوۋاي ، ماھىنۇر ، سادىق بىللە چاي ئىچىشەتتى . بۇگۈن بىللە چاي ئىچكەنلەر ئەكبەرجان قوشۇلۇپ تۆت بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئەكبەرجاننىڭ ئۇرۇمچىدىكى ھاياتى باشلاندى . ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە كېلىشنى شۇنچىلىك زارىقىپ كۈتكەن ئەمەسمىدى ، شۇنداق بولدى — ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ ، بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇشال بولدى . ماھىنۇرنىڭ خۇشاللىقى ئىنىسىنىڭكىدىنمۇ ئارتۇق ئىدى . ئۇلار دالان ئۆيدە ، سوپىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتاتتى ، جوزىنىڭ بىر چېتىنى تولدۇرۇپ ئولتۇرغان ئىنىسىغا قاراپ ئۇنىڭ چىرايىدىن شادلىق نۇرلىرى ئويناپ چاقناپ تۇراتتى .

— مەكتەپكە قاچان تىزىملىنىسەن ، ئوقۇشۇڭلارنى قاچان باشلايدۇ ؟ — دەپ سورىدى ماھىنۇر ئىنىسىدىن .

— بۇگۈن ، ئەتە ئىككى كۈن تىزىملىتىش كۈنى ئىكەن ، دەرسنى ئۆگۈنلۈككە باشلامدىكىن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەكبەرجان .

— ئەمىسە بۇگۈن تىزىملىتىپ كەل ، ياتاقتا ياتمايمەن ، دېگىن .

— ئۇنارمۇ ؟

— خۇشىياقىدۇ ، سېنى سادىق باشلاپ بارسۇن ، تىزىملىتىپ بولۇپ كوچىلارنى ، بازار - رەستىلەرنى ، ماگزىنلارنى ئايلىنىڭلار ، كۆرۈشنى ئارزۇلىغان ئۇرۇمچىنىڭ قانداق شەھەرلىكىنى كۆرۈپ باق ، — دېدى ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن بېرىپ دۇكاننى ئاچىۋېرەي .

ئىككىسى ئالدى بىلەن ئۇچتاشتىن بىر يۈز بىرىنچى ئاپتوبۇسقا

ئولتۇرۇپ ، سىفەن داشۆگە قاراپ ماڭدى . ئۇن ئالتە بېكەتنى باسقاندىن كېيىن ، سىفەن داشۆگە كەلدى . ئەكبەرجان مۇشۇ بىر يولنى بېسىپلا ئۆرۈمچىنىڭ غۇلجىغا قارىغاندا خېلىلا چوڭلۇقىنى ، يوللىرىنىڭ ، بولۇپمۇ سەككىزىنچى بېكەتتىن كېيىنكى يوللىرىنىڭ كەڭ ھەم رەتلىكلىكىنى ھېس قىلدى . بۇ يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى تىزىملىتىۋاتقان ۋاقتى ئىدى . سادىق مەكتەپنىڭ ئىچىگە كىرىشكە ئۈنىماي ، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى . ئەكبەرجان تىزىملىنىشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلۇپ مەكتەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ـ دە ، تىزىملىتىش رەسمىيەتلىرىنى يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتتۈرۈپ چىقتى . سادىق ئۇنى پىيادە ئېلىپ مېڭىپ تىبىي ئىنستىتۇت ئالدىغا كەلدى. ئەتراپنى ۋە ئۇ يەردىكى باغچىنى كۆرسىتىپ ، ئاندىن دوستلۇق سودا سارىيىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ھەممە قەۋەتلىرىنى ئارىلاتتى . ئۇ ھەممە نەرسىگە قىزىقىپ قارايتتى . چۈنكى ، ئۆمرىدە مۇنداق سودا سارايىنى كۆرمىگەنىدى . سارايىنىڭ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ، كۆركەم ، ئېسىللىقىدىن ، تىزىپ قويۇلغان ماللىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپلۈكىدىن ھەيران قالدى . سادىق ئۇنى باشلاپ پىيادە يۈرۈپ ، قىزىل تاغ ماگىزىنىغا ئېلىپ كىردى . بۇ ماگىزىن ھەشەمەتلىك ، ئېسىللىقتا ھەم چوڭ ـ كىچىكلىكتە دوستلۇق سودا سارىيىغا يەتمىسىمۇ ، ئەكبەرجان بۇنىڭمۇ ھەر خىل ماللىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇنلۇقىنى ھېس قىلدى .

چۈش بولۇپ قالغانىدى . ئىككىسى ئاشخانىغا كىرىپ لەگمەن بىلەن غىزالاندى . بىراق ئەكبەرجاننىڭ ئېغىزىغا لەگمىنى تېتىمىدى . « غۇلجىنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن ، كىشىنىڭ يېگەنسېرى يېگۈسى كەلمەي ، يېگەنسېرى كۆڭلى ئېلىشىدىكەن » دەپ ئويلىدى ئۇ . سادىق ئۇنى ئىككىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، بېيجىڭ يولىنى بويلاپ ئاخىرقى بېكەتكە ئېلىپ چىقتى . بۇ يەردە كۆرىدىغان ئالاھىدە يەر يوق ئىدى . ئېرىق ياقىسىدا ئولتۇرۇپ يېرىم تاۋۇزنى يېيىشىپ ئۇسسۇزلۇقىغا قېنىشتى ـ دە ، يەنە ئىككىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ قايتتى . شۇ ئولتۇرغانچە پويىز ئىستانسىسىغا كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى .

— ئەجەب ئۇزۇن يول ئىكەنا بۇ ، — دېدى ئەكبەرجان .
— شۇنداق ، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ .
— بىزنىڭ غۇلجا شەھەر بىلەن غۇلجا ناھىيىسىچىلىك بارئىكەن . پاھۇي ، نېمىدېگەن نۇرغۇن ئادەم بۇ ؟
— هازىر تېخى ئاز ۋاقتى ، — دېدى سادىق ، — باشقا يەرلەردە كەچ كىرگەنسېرى ئادەم ئازلىسا ، بۇ يەردە قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى كۆپە- يىدۇ .
— بۇ قانداق گەپ ؟
— ئاخشىمى كەلسىڭىز مۇشۇ ئوچۇق مەيداندا يېتىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن دەسسىگۈدەك ئورۇن قالمايدۇ .
— ئۇ نېمە ئادەملەر ؟
— پۇل تاپىمىز دەپ ئىچكىرىدىن چىققانلار ، ئەتىگەندە قارىسىڭىز بىرسى يوق .
ئىككىسى بۇ يەردە ئۇياق - بۇياقنى ئارىلاپ بىر سائەتتەك يۈر- گەندىن كېيىن ، ئۇنىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چۈشتى . بۇ يول ئۇلارنى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . سادىق ئۇنىڭغا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى بازارلارنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ، ئىككىسى ياندى . كەچمۇ كىرىپ قال- غانىدى .
ماھىنۇر دۇكاننى تاقاپ ئۆيگە كەلگەندە ، ئەكبەرجان بىلەن سادىق يېڭىلا كەلگەنىدى .
— ئۆزۈمنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويدۇم ، ئۆگۈنلۈككە دەرس باشلايدىكەن ، — دېدى ئەكبەرجان روھلۇق ھالدا ، — ھەم ياتاقمۇ ئې- لىپ قويدۇم .
— ياتاق ئالما دېۋىدىمغۇ ؟
— ئالمىسام بولمايدىكەن ھەدە ، ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى خېلىلا بار ئىكەن . بەزىدە كەچ قېلىشقا ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ

قىلىشقا توغرا كەلگەندە ، قونۇپ قالمسام بولمايدىكەن .

— ئويلىغىنىڭمۇ توغرا ، راست ، بەزىدە كىرەك بولۇپ قالىدۇ . ھە ، ئۈرۈمچى قانداق ئىكەن ، ئايلاندىڭلارمۇ ؟

— ئايلاندۇق ، نېمىدېگەن ئادەم جىق ، ھەدە ، ئادەمنىڭ ئىچى ئىلەشكۈدەك جىق ئىكەن .

— مەن يېڭى كەلگەن چاغلاردا مۇنچىلىك نۇرغۇن ئەمەس ئىدى ، ھازىر شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتى . بەزى يەرلەردە يول تېپىپ ماڭالمايمۇ قالىسەن .

— سەن بار چاغدىكىگە قارىغاندا ، ھازىر غۇلجىدىمۇ شۇنداق كۆپىيىپ كەتتى ، لېكىن مۇنچىلىك ئەمەس .

— 1949 ـ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ نوپۇسى يۈزمىڭ ئىكەن ، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلغىنى بىر مىليون تۆت يۈز مىڭ ، بەزى ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە يەنە نوپۇسسىز يۈرگەن ئادەممۇ خېلى بار ئىكەن .

— پاھ ، پاھ ، پاھ ... ئۈرۈمچى ئادەم دېڭىزى ئىكەن . مەن مۇنچىلىك دەپ قىياس قىلمىغان .

## 33

كىشىنىڭ خۇشاللىقى ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ تۇرۇشىدىن ، ئارزۇلىرىنىڭ يۈز ئېچىشىدىن تۇغۇلىدۇ . مۇشۇلارنى ئويلاش ، ئارزۇلارنىڭ يۈز ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش كىشىگە چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ . ماھىنۇر مۇشۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلاردا يانماقتا ۋە ئۆزىنى تەلەيلىك ، كۈچلۈك سەزمەكتە . چۈنكى ، ئۇ خۇشاللىقتا ئۆزىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ، تىرىشچانلىقى ۋە ئىشلىرىنىڭ ئوڭدىن كېلىپ تۇرۇشى بىلەن يەتتى . ئۇ ئىنىسى ئەكبەرجاننىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمۈلۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرماقچى ھەتتاكى مەڭگۈلۈككە بىللە ئۆتمەكچى بولۇپ ، ھاياجان ئىچىدە بىر پارچە يەر ئېلىشنى ئارزۇلىدى ـ ئالدى ؛ ئۆي ـ ئامبار سېلىشنى ئويلىدى ـ

سالدى؛ ئىنىسىنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتتى ـ كەلدى؛ بىر قورۇ، بىر ئۆيدە تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ـ هازىر بىللە تۇرۇۋاتىدۇ؛ تېخى روزاخۇن بوۋاينى قورۇغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى، كۆزەتچىلىككە قويۇشنى ئويلىغان، كېلەرمۇ ـ كەلمەسمۇ، دەپمۇ ئىككىلەنگەن، ئۇمۇ كەلدى، كۆزەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ؛ سادىقنى خەنزۇچە ئوقۇتۇشنى ئىچكىرىدىن مال يۆتكەپ كېلىشكە ئەۋەتىشنى پىلانلىغىدى، ئۇمۇ خۇشال-لىق بىلەن ماقۇل كۆردى؛ هازىر ئۇ كەچ كۇرسىدا تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ؛ مانا بۇ ئىشلارغا سۆيۈنمەي، خۇشال بولماي مۇمكىنمۇ!

خۇشاللىقنى يېقىن سىرداشلىرىغا ئېيتمىسا، ئۇنى سىڭدۈرەلمەي-دىغان ئادەملەر بولىدۇ. ماهىنۇر ئېغىرلاشقان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ بەختىخاننىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ روهلۇق، قەدەملىرى ئىتتىك ئىدى. يۈزلىرىدە شادلىق ئوچقۇنلىرى ئوينايتتى.

— نېمىشقا ئەكەلدىڭ بۇلارنى، قۇرۇق كەلسەڭمۇ بېشىم ئاسمانغا يېتىدۇ مېنىڭ.

— ئىككىمىزنىڭ مۇڭدىشىپ چاي ئىچمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بولدى، ئاشۇ چاغلارنى سېغىنىپ قالدىم.

— ئۆزۈڭلا كەلسەڭ، مەن ئەكىرەتتىم ئەمەسمۇ؟

— قايسىمىز ئەكىرسەك ئوخشاشقۇ.

بۇ، ماهىنۇر بىر سومكىغا تولدۇرۇپ تونۇر كاۋىپى، دوخۇپكىدا پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشلىرىنى ئېلىپ كىرىپ جوزا ئۈستىگە قويغاندا بەختىخان ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەر.

— هە، بوپتۇ، — دېدى بەختىخان، — تاماق ئېتىش خۇشياقماي، چاي ئىچەي دەپ ئولتۇراتتىم.

ماهىنۇرنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىدىكى گەپلىرىنى — مەيلى خۇشال-لىقى، مەيلى هەسرىتى بولسۇن — ئېيتىدىغان مۇشۇ بىرلا ئادىمى بار. بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭدىن هېچقانداق سىرىنى يوشۇرغان ئە-مەس. بەزىبىر ئادەملەردىكى ياخشى پەزىلەتلەرنى قوپاللىق، سوغۇق چىراي پەردىلىرى يوشۇرۇۋالغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقى، ۋاپادار —

كۆيۈمچانلىقى پەقەت ئىش ـ ھەرىكىتىدىلا بىلىنىدۇ . ماھىنۇر بىرىنچى قېتىم بەختىخانىنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە ، ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن ھەتتا قورققان . بىر ئادەمنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش ـ قىياپىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى بولمايدىكەن . ئۇ شۇ كۈنىلا بۇ مۇز چىراي ، قوپال خوجايىنىنىڭ كىتابخانىلارغا مەلۇم بولغان ياخشىلىقىنى كۆردى . بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن تېپىلماس يۆلەكچى ، مېھرىبان بېشىنى سىلىغۇچى ، تىرىكچىلىكىگە يول باشلىغۇچى ۋە يالغۇزلۇقىغا ھەمراھ ، كۈچلۈك باشپاناھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ، كۆردى ، بىلدى . شۇنىڭ ئۇچۇن بەختىخان ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆيۈمچان ھەدە ، بەلكى ۋاپادار ئانا . بۇ ھېس ـ تۇيغۇ ئۇنى بەختىخانغا شۇنچىلىك يېقىن قىلىۋەتتىكى ، يىغلىسىمۇ ، كۈلسىمۇ مەشەگە يېتىپ كېلىدۇ . ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى مېھرى ـ شەپقەت ، مېھرىبانلىق ، ئىززگۇ ـ ياخشىلىق ، سەمىمىي سادىقلىق ۋە ۋاپادارلىق شۇنداق ئېسىل تۇيغۇكى ، ئۇ ساڭا ياشاش ۋە ئۆمۈرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ، ياخشىلىقنىڭ ئۆلمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ .

— كۈندە كەچتە كېلىپ قالارمىكەن ، دەپ يولىڭىزغا قارايمەن ، — دېدى ماھىنۇر ئۆزى ئەتكەن قايماقلىق ئەتكەن چاينى كەينى ـ كەينىدىن سۇمۇرۇپ ( بەختىخان ئەتكەن چاينى دائىم ماھىنۇرغا ئەتكۈزەتتى ) ، — تاماق ئەتسەملا سىزگە قىسىنىمەن .

— قايسى كۈنى سادىقتىن ئەۋەتكەن ئۆپكە ـ ھېسىپىڭ قالتىس ئوخشاپتۇ جۇما .

— ئۇستام سىز بولغاندىكىن ، ئوخشىسىمۇ ئوخشىغاندۇ .

— ئۇستاڭدىن ئېشىپ كېتىپسەن ، راست . مەنۇ باراي دەيمەن ، قارا ، بىكار بولالمايمەن . ھالاۋىدىن ئاكاڭ دەم ئېلىشقا چىققان بىلەن ئۆيدە ئولتۇرمايدۇ ، ئوقەت قىلىمەن ، دەپ پالاقلاپ يۈرگىنى يۈرگەن . يا پايدا ئالالمايدۇ ، ئوقەت قىلىشمۇ ھۈنەر ئىكەن جۇما .

ماھىنۇر بىر ئاپقۇر ئەتكەن چاي بىلەن توختىغان ئىدى ، ئەمما بەختىخان ئىككىنچى ئاپقۇرنى ئىچىۋېتىپ ، ئۈچىنچى ئاپقۇرنى قۇيۇپ ،

گۆشلەرنى نان بىلەن قوشۇپ ھەدەپ يېگىلى تۇردى.

— شەھەرمۇ شەھەر مېڭىپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم ئۆيدە زېرىكىپ قالىدۇ - دە، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىپ يۈرگەندۇ.

— ماشىنا سېتىۋالايلى، كىراكەشلىك قىلىلىك دېسەم، ئەمدى رول تۇتمايمەن، دەپ ئۇنىمايدۇ.

— ياش چوڭ بولغاندا، ئۇمۇ ئېغىر كېلىدۇ دەڭە.

— ئىنىڭ قانداقراق، ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىپ قالغاندۇ؟

— ئۆگىنىپ كەتتى، ئۆزىمۇ شۇنداق خۇشال.

— ئارزۇلاپ كەلگەندىكىن خۇشال بولىدۇ، دېگىنە.

— مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشال، خۇدايىم نىيەتلىرىمگە يەتكۈزۈۋاتقىنىغا ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

— ئېيتماق ئاسان، قىلماق تەس بولغان ئىشلارنى قىلدىڭ، ئىنىڭ يېنىڭدا، خاتىرجەممۇ بولدۇڭ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئەكبەرجان ئوقۇۋاتىدۇ، ئەتىگەندە كېتىدۇ، كەچتە كېلىدۇ. سادىقمۇ كەچ كۇرسىدا ئوقۇۋاتىدۇ. دۇكاندىن كېلىمەن - دە تاماق ئېتىمەن. ئاۋۋال ئەكبەرجان، ئۇنىڭدىن كېيىن سادىق كېلىدۇ، روزاخۇن بوۋاي تۆتىمىز قوۋۇلىشىپ تاماق يەيمىز، پاراڭلىشىمىز، بۇنىڭدىن ئارتۇق نېمە كېرەك؟!

ماھىنۇرنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرىدىن، تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان چىرايىدىن مۇرادىغا يەتكەنلىكى، خاتىرجەملىكى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، باشقا غېمى، كۈتۈۋاتقىنى يوقتەك قىلاتتى. بەختىخان ئۇنىڭ ھېسسىياتىغىچە زەن سېلىپمۇ تۇرمۇشىدا بولمىسا بولمايدىغان بىرەر نەرسىنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىدى.

— سەن ئۆزۈڭنى شۇنچە خاتىرجەم، خۇشال سەزگىنىڭ بىلەن، — دېدى بەختىخان مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ، — تۇرمۇشۇڭدا تېخى بىر نەرسە كەم.

ماھىنۇر دەسلەپ ئويلىنىپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سەزدى، بىراق سەزمىگەن بولۇۋالدى.

— ياق ، تۇرمۇشۇمدا كەم نەرسە يوق .
— بىلمەس بولۇۋالغانلىقىڭنى قارا سېنىڭ ، مېنى دېسۇن دەۋاتـ ـسەن ـ هە ، تۇرمۇشۇڭدا ئەر كەم ئەمەسما ؟
— ياق ، ياق ، مەن ئۇنى ئويلىغىنىممۇ يوق ، ئەرگە تېگىپ نېمىلەرنى كۆرمىدىم ، سىز بىلىسىزغۇ ، يەنە شۇنى ئويلامدىم .
— ھەممىسى ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ .
— ئۆزۈم ياشىۋالغۇدەك ئەر بولسىمۇ ئۇنى ئويلىمايمەن ، خۇدايىم ساقلىسۇن . ئىككى قېتىم ئەرگە تېگىپ تارتقان ئازابلىرىم ئازمۇ .
— سەن تېخى ياش ، شۇنداق بىر چاغلار كېلىدۇ ، ئازابلىرىڭ ئۇنتۇلۇپ ، ئەرنىڭ پۇرىقىنى ئالساڭ ، تولغىنىپ ياتالماي قالىسەن ...
— توۋا دەڭە .
بەختىخان ، ماھىنۇرنىڭ مۇۋاپىق بىر ئەرگە تېگىۋالسا ، مەڭگۈلۈك خاتىرجەم ، كۆڭلى توق بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى . ئاشۇ ئېسىل ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئەرسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن ئۆز كۆڭلى بىر قىسما بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى .
— ھەي ئەخمەق ، — دېدى بەختىخان كۈلۈپ ، — سوداڭ يۈرۈشۈپ ئېقىۋاتقان ، ئۆيلىرىڭ بارغانسېرى جۇلالىنىپ چاقناپ كەتكەن ، ئۆزۈڭمۇ ھۆسنۈڭگە تولۇپ تېخىمۇ گۈزەللەشكەن چېغىڭدا بىرەر ئەرنى سېغىنماي ئۆتەلەمسەن ؟ ... راست ، تۇرمۇش قۇرۇپ بەختلىك بولالماي قورقۇپ قالدىڭ ، لېكىن تۇرمۇشۇڭدىكى باياشاتچىلىق ، گۈلدەك ھۆسـ ـنۈڭ ، بايلىقلىرىڭ ئاخىر سېنى شۇ كويغا سالىدۇ . تۇرمۇشۇڭدىكى كەم نەرسە تازا بىلىنىدۇ . ئويلىمايمەن دېسەڭمۇ بەرىبىر ئويلايسەن .
ماھىنۇر ئويلىنىپ قالدى ، بىراق ، خۇدايىم شۇنداق كويغا سالمىـ ـغايسەن ، دېدى ئىچىدە .
— ياش ئاياللار شۇنداق بولىدۇ ، شۇنداق مەزگىلى كېلىدۇ ، ئۆزلىرى بىزار بولغان نەرسىنى ئاسانلا سېغىنىپ قالىدۇ .
— مەن سېغىنمايمەن .
بەختىخان بېشىنى لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلدى .

※ ※ ※

ماھىنۇر بەختىخان بىلەن خوشلىشىپ، قۇرۇق سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. ئونىنچى ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تازا ئەلۋەك ۋاقتى بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تەنزىلەر، قول ھارۋىلىرىدا قوغۇن ـ تاۋۇز، ئالما ـ ئانارلار تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان ئىسسىق پۇراقلىرى ماھىنۇرنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلغاندا، ئۇ ئۆيىدە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى ئەسلىدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا ئالدىدىكى تەنزىلەردىن ئالما، ئانار، نەشپۈت- لەرنى ئېلىپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بەختىخاننىڭ ھېلىلا ئېيتقان سۆزلىرى جاراڭلاپ تۇراتتى. «بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، كۆپ ئىش كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمۇ كۆپ خوتۇنلار بەلكىم بىلىپ دېيىدىغاندۇ، — ئوي ـ خىيالغا پېتىپ قالدى ئۇ، — مېنىڭدە يەنە بەختىخان ھەدەم ئېيتقاندەك ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغىلىپ قالارمۇ؟ ... شۇنداق بولسا، ئادەم قاچقان نەرسىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايدۇ ـ دە. نېمىدې- گەن خاتىرجەم، ئەركىن تۇرمۇشتىمەن، ئۆز خان، ئۆز بەگ، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئەقلىم، خىيالىم بويىچە قىلىمەن. ياﺋاللا، ئەر بار كوچىغا ئىككىنچىلەپ كىرمەسمىنا.»

ئاشۇ ئوي ـ خىياللار بىلەن كېلىۋاتقان ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە چۈشتى ـ دە، ھەيران بولۇپلا قالدى: «ۋىيەي ... شۇمىدۇ، — پىچىرلىدى ئۇ قەدىمى ئاستىلاپ قالغانلىقىنى سەزمەي، — شۇ، شۇ ... چوقۇم شۇ.» ئۆزىگە قاراپ كې- لىۋاتقان ئادەممۇ ماھىنۇردىن كۆز ئۈزمەيتتى، ئۇنىڭمۇ ھەيران قېلىۋاتقانلىقى، كۆزلىرىنىڭ يېنىپ كەتكەنلىكى بىلىنىدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، ئۆتۈپ كېتىشكە بىر مېتىردەك ئارىلىق قال- غاندا، ھەر ئىككىسى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.

— ھەسەنجان ئاكا! ...

— سىز ... سىز ماھىنۇرغۇ دەيمەن ؟

ماھىنۇر خاتا تونۇمىغانىدى . ئۇنىڭ قويۇق ساقىلىنى ئېلىۋېرىشتىن ئېگىلىرىدە پەيدا بولغان كۆك ۋە كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە تال ئۇششاق قورۇقلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئۇ بۇرۇنقى يۇملاق ، ئاق يۈزلۈك ھەسەنجان نەق شۇ ئىدى .

— توغرا تونۇپتىمەن ، سىز ھەسەنجان ئاكام ئەمەسمۇ ، — ماھىنۇرنىڭ يۈز - كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان ھەيرانلىق ئالامەتلىرى يېتىپ ، كۈلۈمسىرەش پاندى .

— توغرا تونۇدىڭىز ، مەنمۇ سىزنى تونۇدۇم . سىز ئۆرۈمچىگە ... — ھەسەنجان نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى . تۇغقان يوقلاپ كەلدىڭىزمۇ ، دېيىشى كېرەكمۇ ياكى كۆچۈپ كەلدىڭىزمۇ دېيىشى كېرەكمۇ ، زادى نېمە دېيىشى كېرەك ؟ ھەسەنجاننىڭ كۆز ئالدىدىن ماھىنۇرنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ ئابدۇقادىر بىلەن قېچىپ ھېيلىقى ئىگىلىرى يوق قورۇغا بارغانلىقى ، ئۆچىنىڭ بىرلىكتە سوتقا بارغانلىقى « لىپ » قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ماھىنۇرنى كۆرمىگەن ، ئۇنى يىراق يېزىدىكى بىر تۇغقىنىغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىۋېتىپتۇ ، دەپ ئاڭلىغان . ئۇنىڭغا ھازىر ئون ئىككى يىلدىن ئاشتى . ھەسەنجان بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيتتى .

— مەن ھازىر ئۆرۈمچىلىك ، — دېدى ماھىنۇر كۈلۈپ .

— شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، ئالتە يىل بولدى .

— ئالتە يىل ؟ ... ئالتە يىلغىچە كۆرۈشۈپ قالمىغىنىمىزنى ...

— سىزچۇ ؟ سىزمۇ ئۆرۈمچىلىك بولۇپ كەتكەن ئوخشايسىزغۇ ؟

— مېنىڭ ئۆرۈمچىگە كەلگىنىمگە ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىم ، خىزمەت قىلىۋاتقىنىم بولۇپ ئون ئىككى يىلدىن ئېشىپ قالدى .

— نەدە ئىشلەۋاتىسىز ، ھەسەنجان ئاكا ؟

— داشۆدە .

— تـوۋا دەيـمـەن ، شـۇنچە يىللاردىن بېرى بىر شەھەردە تۇرۇپ بـىـر قېتىممۇ ئۇچرىشىپ قالمىغىنىمىزنى قاراڭ ، — ماھىنۇر ھەسەنجان بىلـەن ھېـچ ئويلىمىغان ھالدا ئۇچرىشىپ قالغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، ھايـاجـانـلـىنىپ كەتكەنىدى . كۆزلىرىدىن كۆلكە يېغىپ تۇراتتى ، — تىجـارەتـچـى بـولـۇپ كـەتـتـىم ، دۇكـكـۆرۈكـتـە دۇكـىـنىم بار ، ھەيران قېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن ؟

— شـۇنـداق ، ھەيـرانـمۇ قـېـلىۋاتىمەن ، خۇشالمۇ بولۇۋاتىمەن ، ياخشى ، ياخشى ، دەۋرگە ماسلىشىپسىز .

— يۇرۇڭ ئۆيگە بارىمىز ؟

— رەھمەت ، بارارمىز .

— بـارارمـىـز دەيـسـىـزغـۇ ، ھەسـەنجان ئاكا ، سىزنى كۆرۈپچۇ ، شـۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىم ، ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندىشىم بـىـلـەن كـۆرۈشـكـەنـدەك بـولـۇپ قـالـدىـم . مـېـنى كىچىككىنە ۋاقتىمدا كـۆرگـەنـدىـڭىز ، قانچىلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى سىزگە كۆرسەتمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ ، بارمىسىڭىز خاپا بولىمەن .

— ئۆيـىـڭىزنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرىڭ ، ئۆزۈم تېپىپ بارىمەن ، ھازىر بىر ئاز ئىشىم بار .

— يـاق ، بـارىـسـىـز ، بـىـر ئەسكى قورۇنى سېتىۋېلىپ ، ئۆيلەرنى سالدۇردۇم ، قورۇ - جايىمنى كۆرۈپ بېقىڭ .

ھەسـەنـجان ماھىنۇرنىڭ ئۆيىگە بارمىغانمۇ بولاتتى . بىراق ئۇنىڭ « دۇكـىـنـىـمـىـز بـار » دېـمـەي ، « دۇكـىـنىم بار » دېگىنى ، « ئۆيلەرنى سـالدۇردۇق » دېمەي ، « ئۆيلەرنى سالدۇردۇم » دېيىشى ، ئۇنى قورۇنۇشـتـىـن ئازاد قىلىپ ، بېرىشقا يول ئېچىپ قويىدى ھەم ماھىنۇرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭدا نۇرغۇن سوئاللارنىمۇ پەيدا قىلدى ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى .

ھەسەنجان قورۇغا كىرىپلا ھەم قىزىقسىندى ، ھەم ھەيران قالدى : قـەپـەسـتـەك چـىـرايـلـىق ھويلا ، ئاستى كىچىك پەنجىرىلىرى كۆرۈنۈپ تـۇرغـان ئامبار ، ئۇستى پېشايۋانلىق تۆت ئېغىز ئۆي ئۇنىڭدا ئەنە شۇنداق تـۇيـغـۇلارنـى يـانـدۇردى . ئۇ قـورۇغـا بـىـر قـۇر نـەزەر تـاشلاپ ، بـەش

باسقۇچلۇق پەلەمپەينى بېسىپ پېشايۋانغا چىقتى ـ دە ، ماھىنۇرنىڭ تەك‌لىپى بىلەن ئاۋۋال دالان ئۆيگە ، ئاندىن ساراي ئۆيگە كىرىپ كۆن قاپلىق يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . ماھىنۇرنىڭ خۇشاللىقتىن پۇتۇن ئەزايى ـ بەدىنى يايراپ ، پۇت ـ قوللىرى تېتىكلىشىپ كەتكەنىدى . بىردەمدىلا ئۇستەل ئۈستىنى قەنت ـ گېزەك ، تاتلىق ـ تۇرۇملار ، ئالما ، ئانار ، نەشپۈت ، تىلىنغان قوغۇنلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . مېۋە ـ چېۋىلەر بىر ئاز يېيىلگەندىن كېيىن ، ئىككىسى قېنىق دەملەنگەن چايدىن ئىچىشىپ پاراڭغا چۈشتى .

ــ قالتىس ئۆيلەرنى سالدۇرۇپسىز ، ماھىنۇر ، ــ دېدى ھەسەنجان كۈلۈمسىرەپ ، ــ مەن سىزنى ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇ‌غۇللىنىپ يۈرگەندۇ ، دەپ ئويلاپتىمەن . ياق ، سىز بوش ئادەم ئەمەس ئىكەنسىز ... ئۇرۇمچىگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز ، قانداقلارچە بۇ يەرلەردە قورۇ ـ جايلىق بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانسىز ؟

ــ بېشىمدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى ، ھەسەنجان ئاكا ، نۇرغۇن جاپالارنىمۇ تارتتىم ، ئۆزگىرىپمۇ كەتكەندىمەن ؟

ــ ياق ، ھېچقانچە ئۆزگەرمەپسىز ، ناھايىتى سىزدىكى ئۆزگىرىش مەن كۆرگەن چاغدىكى يۈز ـ كۆزلىرىڭىز ، تۇرقىڭىزدىكى بالىلىق ئالامەتلەر ھازىر ۋايىغا يەتكەن ، تولغان قىزلىق ئالامەتلەرگە ئالمىشىپتۇ شۇ . ئاشۇ چاغدا سىزنى ئاتا ـ ئانىسى شەھەردىن قاچۇرۇپ يېزىدىكى بىر تۇغقىنىغا ياتلىق قىلىۋېتىپتۇ ، دەپ ئاڭلىغانچە ، شۇنىڭدىن بېرى كۆرمىدىم ، ھەم سىز توغرۇلۇق بىرەر خەۋەرمۇ ئاڭلىمىدىم .

ــ ئاتا كۆرگەن ، ئانا كۆرگەن ، دېگەن شۇ ئىكەن ، سىزنى كۆرۈپ ، ئاتا ـ ئانامنى كۆرگەندەك بولۇپ قالدىم . سىز بىزنىڭ ئۆيلەرگە نەچچە كەلگەن ئەمەسمۇ ...

ھەسەنجان چاقچاق قىلدى :

ــ بەلكىم ئابدۇقادىرنىمۇ كۆرگەندەك بولغانسىز .

ــ قويۇڭا ، ئۇ چاغدىكى تەنتەكلىكىمنى ... ـ ماھىنۇر قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى ، ــ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۆز يېرىمىز تۇرۇپ

شۇنچىلىك غىرىبسىنىپ كەتكەنىدىم، ئەگەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بولسام، قانچىلىك غىرىبسىنىپ كېتەتتىمكىن، ھازىر ئويلىسام بەدەنلىرىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. مېنى سىز قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. راست گەپنى دەي، دەسلەپ سىزگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم، كېيىن قەدرىڭىزگە شۇنچىلىك يەتتىم، ئېغىر كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىمنى بىلىپتىكەنسىز.

— قىلغان ئىشىنىڭ خاتالىقىنى چۈشەنگەن ئادەم ئۆزىگە تېزلا توغرا يول تېپىپ كېتەلەيدۇ، — دېدى ھەسەنجان.

شۇنىڭدىن كېيىن ماھنۇر يېزىدىكى تۇققىنىغا — ئۆزىنىڭ دادىسىدەك ئادەمگە ياتلىق بولغانلىقىنى، يېزىدا بىر نەچچە يىل كۆڭۈلسىز تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، كۆڭۈل چۈشمىگەن تۇرمۇشنى ئاخىر بۇزۇپ، شەھەرگە يېنىپ كىرگەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، يوقسۇزلۇقتا بوي بەرمەي ھەدىسى ئىككىسىنىڭ دۇكان ئاچقانلىقىنى، ھەدىسىنىڭ ئۇنى قوغلىغانلىقىنى، قوغلاشنىڭ سەۋەب ـ مەقسەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ خورلۇق، تۆھمەتكە چىدىماي ئۈرۈمچىگە تەۋەككۈل قىلىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردە سادىق ئىسىملىك يېتىم بالىغا، بەختىخان ئاتلىق كۆيۈمچان ئايالغا ئۇچراپ قالغانلىقىنى، ئۇ ئايالنىڭ ياردىمىدە ئازغىنا پۇل بىلەن ئوقەتكە كىرىشكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپ ھازىر ئېسىل ماللار بىلەن تولغان دۇكاننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىنى، يەر ئېلىپ مۇشۇ قورۇ ـ جاينى سالغانلىقىنى، ئىنىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ھازىر بۇ ئۆيلەردە ئىنىسى ھەم سادىق، روزاخۇن بوۋاي تۆتىنىڭ بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كۈنلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى تولۇق سۆزلەپ چىقتى. ئادەم شۇنداق نەرسە، نومۇسلىنىدىغان ئىشلاردىن ھامان ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئۇنى ئېغىزغا ئېلىشتىن ئويۇلىدۇ. ئۇ يېزىدىكى تۇرمۇشىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇزۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى، يەنى ئۆزىنىڭ شەرمەندە ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئارۇپجانغا توي قىلغانلىقىنى، بۇ تۇرمۇشنىڭ رەسۋالارچە بۇزۇلغانلىقىنى ئېغىزغا ئالمىدى.

ئارىنى بىر ئاز جىمجىتلىق باسقاندىن كېيىن، ماھىنۇرنىڭ تىجا-
رەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ۋە روناق تېپىپ بۈگۈنكى
ھالغا كەلگەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن ھەسەنجان مۇنداق دېدى:
— غەيرىتىڭىزگە بارىكاللا، ماھىنۇر، كىچىككىنە تەنتەك ماھى-
نۇردىن ئەقىل - پاراسەتلىك، پەملىك، تىرىشچان ماھىنۇر يېتىشىپ
چىقىپتۇ! ئادەم ئۆزىنى خار قىلمايمەن دېسە، باش قاتۇرۇپ ئۆزىگە توغرا
يول تېپىش، تىرىشچان جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك، «ئۆزۈڭنى خار
قىلغۇچە، كۆچۈڭنى خار قىل» دېگەن ماقال بىكار چىقمىغان، مەن
سىزگە قايىل، ئىشلىرىڭىزدىن تەسىرلەندىم.
— ھازىر شۇنداق خاتىرجەم، خۇشالمەن، ھەسەنجان ئاكا، —
دېدى ماھىنۇر شادلىق ئۇچقۇنلىرى يانغان كۆزلىرى بىلەن
ئۇنىڭغا قاراپ، — تىجارىتىم يامان ئەمەس، ئىنىم ئەكبەرجان يېنىمدا...
رەھمەتلىك ئاپام جىلتامنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭسام، ماڭدىڭمۇ بالام،
يولنىڭ چېتىدە ماڭ، دەيتتى؛ مەكتەپتىن كەلسەم، كەلدىڭمۇ بالام، تاماق
پىشقۇچە كىچىككىنە نان يەۋال، دەپ تۇراتتى. ھازىر مەنمۇ ئىنىم مەك-
تەپكە ماڭسا، ماڭدىڭمۇ ئۇكام، يولنىڭ چېتىدە ماڭ، دەيمەن؛ مەكتەپتىن
كەلسە، كەلدىڭمۇ، ئۇكام، تاماق پىشقۇچە كىچىككىنە نان يەۋال، دەپ
تۇرىمەن. ھازىر ئائىلىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدىم. ئانا بولغاندىمۇ غېمى
يوق، بەختىيار ئانىمەن. ماڭا يەنە نېمە كېرەك، مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك
ئەمەسمۇ، راست، مۇشۇنداق كۈنلەرگە ئېرىشكەندە، ئاتا - ئانام
بولسىچۇ، دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ كېتىمەن...
ئۇلار ئىككىسى ئىككى - ئۈچ سائەت پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ما-
ھىنۇر تاماق ئەتمەكچى بولغاندا، ئۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى ۋە ئورنىدىن
تۇردى. لېكىن پات - پات كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى. شۇ ۋەدە بىلەن
ئۇ ئۆيدىن چىقتى.

ماھىنۇر خۇددى يەنە بىر قېرىندىشى كەلگەندەك خۇشال بولۇپ،
ئۇنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن
قاراپ تۇردى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## 34

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.
ئىككى يىل ماھنۇرنىڭ سودىسىغىمۇ ئىلگىرىلەش، بەرىكەت ئې-لىپ كەلدى. ھازىر ئۇ دۇكىنىنى ئالماشتۇرۇپ چوڭ دۇكانغا چىققان. بۇرۇنقى ماللىرى بىلەن يېڭىدىن ئەكەلگەن ماللىرىنى ئاسىدىغان يەرلەرگە ئېسىپ، جاۋەنلىرىگە تىزىۋىدى، چوڭ دۇكانغا لىق كېلىپ ئاشتى. ئاش-قان ماللار پۇكەيىنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇرۇلدى. دۇكانغا چوڭلارنىڭ، باللارنىڭ ھەر خىل كىيىم ــ كېچەكلىرى، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، زىبۇ زىن-نەتلەر بىلەن ئېسىل ئەن رەختلەرمۇ سېلىنغانىدى. بىر ھەپتىلىك سودا قىلىش جەريانىدا مال ساتقۇچىلارنىڭ يەنىلا ئازلىق قىلىۋاتقىنى بىلىندى (دۇكانغا بىر قىز قوبۇل قىلىنىپ، ئۇمۇ مال سېتىۋاتاتتى). ئۇنىڭ ئۇس-تىگە ھازىر سادىق يوق، ئۇ بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئىشەنچلىك سودىگەرلەرگە قوشۇلۇپ، ئىچكىرىگە مال يۆتكەشكە كەتكەن. سادىقنىڭ ئەۋەتكەن بى-رىنچى تۈركۈمدىكى ماللىرى يېتىپ كەلگەن. بۇ ماللار ئىچىدىكى شىپۇن دۇخاۋا، مەخمەل، ئاق يىپ بىلەن ئۆزىدىن گۈل چىقىرىپ ئىشلىگەن ئاق ياغلىقلار ئىتتىك ئۆتۈۋاتىدۇ. بۇ ماللارنى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلاردىن كەلگەنلەر ۋە ئۇ يەرلەرگە بارىدىغانلار كۆپ ئېلىۋاتى-دۇ. ئەقىللىق بالا ماھنۇرنىڭ دېگەن يېرىدىن، كۆڭلىدىن چىقىۋاتىدۇ. بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۇ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ماللار بىلەن قاي-تىپ كەلمەكچى. سادىقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپ ۋاقىتلىرى

ئىچكىرىدە، ئاز ۋاقتى ئۇرۇمچىدە ئۆتىدىغاندەك قىلىدۇ. ماھىنۇر سادىق-نىڭ ئىشلىرىدىن خۇشال، چۈنكى ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ماللىرى بازارلىق ماللار بولۇپ ھەم دەل ۋاقتىدا كېلىۋاتىدۇ.

ماھىنۇرنىڭ خۇشاللىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بار. ئۇنىڭ بەختە-خان ئائىلىسىدىن باشقا تۇزۇكرەك تونۇش - بىلىشى يوق ئىدى. ھازىر ھەسەنجان تېپىلدى، ئۇ كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق ئاز كېلىدۇ. ماھىنۇرنىڭ ئۆيىچە بولغاندا كۆپرەك كېلىپ تۇرسا بولاتتى، ئۇ شۇنى خالايتتى. ئۆزىنىڭمۇ ئىزدەپ تۇرغۇسى بار، لېكىن خىجىل بولىدۇ. ئەلۋەتتە بىر ئايالنىڭ بىر ئەرنى ئىزدەپ - يوقلاپ تۇرۇشى ئەپسىز - دە.

« نېمىشقا كۆپرەك كېلىپ تۇرمايدىغاندۇ ؟ كەلسە خۇشال بولى-مەن، خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشى ئالىمەن، مېھمان قىلىمەن، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى ئايانماي سۆزلەپ بېرىمەن، مەسلىھەت ئالىمەن، چىرايىمنى ئاچمىغان يېرىم يوق، تېخى خۇشال بولۇپ ئېچىلىپ كېتىمەن، — ماھىنۇر ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ، پۇكەيلەرنى دەسماللاۋېتىپ، شۇ ئويدا بولدى، — قورۇنامدىكىن، ئەكبەرجان، سادىقلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولامدىكىن ياكى مېنى باشقىچە ئويلاردا بولىدۇ، دەپ گۇمان قىلامدىكىن ؟ ... ئېھتىمال، مېنىڭ بويتاقلىقىم، ئۆزىنىڭ بويتاقلىقى قەدىمىنى تارتىپ تۇرۇۋاتسا كېرەك، — ماھىنۇر ھەسەنجان توغرىسىدا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئويلاشقا باشلىدى، — نېمىشقا مۇشۇ چاغقىچە ئۆيلەنمەي يۈرۈۋاتىدىكىن ؟ ... مەن ئوتتۇزلارغا بېرىپ قالدىم، ھەسەنجان ئاكام ئوتتۇز بەشلەرگە كىرىپ قالغاندۇ، كەم بولغاندىمۇ ئوتتۇز ئۈچ - ئوتتۇز تۆتلەرگە كىردى. ئاشۇ بىر ئىش كۆڭلىگە شۇنچىلىك قاتتىق تېگىپ كەتكەنمىدۇ ياكى ئىقتىسادىي تەرەپتىن بىرەر قىيىنچىلىقى بارمى-دۇ ؟ ... ھازىر توي قىلماقمۇ قەۋەتلا تەس بولۇپ كەتتى. ئەگەر ئىقتىسادىي تەرەپتىن قىيىنچىلىقى بولسا، مەن ياردەم قىلىپمۇ تۇرار ئىدىم. بىراق، ئۆزى ئېغىز ئاچمىسا، مۇنداق گەپنى دېمەكمۇ تەس ھەم ئەپسىز. بەلكىم باشقا سەۋەبىمۇ باردۇ. ھەيرانمەن، ئۆزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇپ تۇزۇكرەكمۇ ياسىنىپ يۈرمەيدىكەن، بولمىسا باشقا

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قالتىس پۇزۇر يۈرىدىكەن ... »

ماھىنۇر جاۋەنىنىڭ بوش قالغان ئىككى كۆزىگە مال قويۇۋاتقاندا، بىر سىنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى:

— پاھ، باي بولۇپ كېتىپسىزغۇ ...

ماھىنۇر كەينىگە ئاستا بۇرۇلۇپ قارىدى. بىر ئەر كىشى ئۆزىگە مەغرۇر قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى. بۇ كىمدۇ، ئەجەب تونۇش كىشىدەكلا گەپ قىلىدا؟ ئۇ ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدى ـ دە، يۈرىكى بىر-دىنلا « جىغ » قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇنى تونۇپ قالغانىدى.

ئۇ مىيىغىدا كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— ھېلىقى چاغلاردا يەتتە ـ سەككىز تال لۆڭگىنى تۇتۇپ تۇراتتىڭىز ...

— ھەئە، ئەمدى ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ بەزىلەرنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ مۇشۇ دۇكانغا ئىگە بولۇپ قالدىم، — دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا.

— مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟

— تونۇدۇم، سىز ھېلىقى ...

— ھە، بىر سومغا لۆڭگە ئېلىپ، ئون سوم بەرگەن ئادەممەن.

— شۇنداق بولغان، لېكىن مۇنۇ بىرئىشمۇ ئېنىق ئېسىمدە، توققۇز سومىڭىزنى دەرھال ياندۇرۇۋەتكەنمەن.

— گېپىڭىز تازا دەل بولمىدى، مېنىڭ ئېنىق ئېسىمدە، توققۇز سومنى ئالدىمغا تاشلىۋەتكەنىدىڭىز.

— شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى.

— ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، شۇ چاغدا مەن يەنە كېلىمەن دېگەنىدىم، مانا كەلدىم.

— ئۈرۈمچىگە ھەر كۈنى يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ئادەم كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغۇدەك.

ئۇ ماھىنۇرنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە دەرھال يېتىپ، كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— پۇل ئادەمگە ئەقىل ، تەدبىر بىلەن بىللە جۇرئەت ، غەيرەتمۇ بېرىدۇ ـ دە ، — دېدى .

ماھنۇرمۇ مىيىقىدا كۈلدى :

— مەن پۇللۇق ، بىراق ئۆزى دۆت ، گاللۇاڭ ئادەملەرنى كۆرگەن .

— ماڭلىيىدىن تەر ئاققۇزماي پۇل تاپقانلار شۇنداق بولىدۇ .

ماھنۇر گەپنى يۆتكىدى :

— شۇنىڭدىن بېرى سىزنى كۆرمەپتىمەن ، يەتتە ـ سەككىز يىل بولدىغۇ دەيمەن ؟

— شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنىدىم . سودام ئېقىپ قېلىپ ، خېلى تۇرۇپ قالدىم . ئىچكىرىدىن يېنىپمۇ چىققان ، يول چىقىپ قالدى ـ دە ، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتتىم ، بۇ قايتىپ كېلىشىم . غۇلجىدا ھەدەم بار ئىدى ، ئۇ يەرگە چۈشۈشنىمۇ ئويلىماي قازاقىستان ئارقىلىق يېنىپ كەلدىم ، ئۈرۈمچىگە كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى .

— سىز غۇلجىلىقمۇ ؟

— غۇلجىلىق بولمىسام سىزنى ئىزدىمەن بولاتتىم .

ماھنۇر كۈلدى .

— قىزىققۇ سىز ...

— سىزدىن لۆڭگە ئالغان چېغىمدا ، سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن ، ئىسمىم ئىسمائىلجان دېگەنىدىم . ئۈرۈمچىگە كېلىپلا سىزنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇپ مانا كەلدىم . سىز دېگەندەك قىزىق ئادەممەن ، لېكىن قىزىق دېسىڭىز قىزىق ، سوغۇق دېسىڭىز سوغۇق ئادەممەن .

« ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق نېمە ئىش بۇ ، مېنى نېمىشقا سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇقۇپ يۈرىدىغاندۇ ؟ — دەپ ئەندىشىلىك ئوي ـ خىياللارغا چۆكتى ئۇ ، — بۇمۇ پېيىمگە چۈشۈپتۇ ـ دە ، بۇ گەكسىلەر ئارام بەرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ ... ئىسمى ئىسمائىلجان ئىكەن ، خۇدايىم مېنىڭ پېيىمگە چۈشىدىغانلارنى ساپلا « جان » لاردىن ئېيتىپ قويۇپتۇ ـ دە . مېنى بىلمەي ، چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىزدەپ ـ سۈرۈشتۈرگىنى قىزىق ئىش ـ دە ... كەينىمگە چۈشۈۋالسا نېمە ئىلاج . بىراق ئېرى

بار ئاياللارنىڭ كەينىگە چۈشۈۋالىدىغانلار بار، ئۇنداقلارنى ئەيىبلىسە بولىدۇ. مەن تۇل ئايال تۇرسام، قانداقمۇ ئەيىبلىيەلەيمەن، باشقىلارمۇ ئەيىب قويمايدۇ. تولا ئويلاپ كەتمەي، كېيىنى ئوچۇق دېگەن چاغدا، قوپاللىق قىلماي، سىلىقراق جاۋاب بېرىپ قويسام بولىدىغۇ. بەلكى ئۇ شۇقچە ئوي ـ خىياللاردا بولۇۋاتقاندىمەن، سانىماي سەككىز دېسەممۇ بولماس.»

بۇ ئارىلىقتا ئىسمائىلجان ماھىنۇرنىڭ سەككىز يىل ئاۋۋالقى چىرايىنى يوقاتمىغانلىقىنى بايقاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ گەرچە ئوتتۇز ياشقا يېقىنلاپ قالغان، ئىككى قېتىم ئەرگە تەگكەن بولسىمۇ، پەرزەنت بېقىش، ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن ياكى ئەزەلدىن چىن چىرايىمۇ، ھازىرغىچە ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. يۈزلىرىمۇ، بويۇنلىرىمۇ تېگى ـ تېگىدىن ئاق؛ قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىمۇ، قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرىمۇ يەنىلا يالتىراپ تۇرىدۇ؛ نېپىز قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرى ئاۋۋالقىدەك سۇزۇك؛ دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىدىن جىلۋىدار نۇر، پۇتۇن بەستىدىن گۈزەللىك يېغىپ تۇرۇپتۇ. بىراق ئىسمائىلجاننىڭ قىزىقىۋاتقىنى ئۇنىڭ بۇ چىرايىلا ئەمەس، قىزىقىشىنىڭ ئاساسى باشقا. لېكىن ئۇ بىلىدۇ، ياش تۇل ئاياللار ئەلۋەتتە ئەرسىز تۇرمۇشنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ. ئەمما ماھىنۇر بىرەر ئەرگە ئاسانلىقچە بېرىلمەيدۇ، ئۆزىنى تۇتۇشنى، باشقۇرۇشنى بىلىدۇ، تەنھالىقنى ئەۋزەل كۆرىدىغاندەك قىلىدۇ، ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنىڭ ئەيىبىنى سەزگىنى يوق. بۇ ئۇنى بىلىدىغان مۇشۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ قارىشى. ئىسمائىلجاننىڭ قىزىقىۋاتقىنى بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك. ئىسمائىلجانمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، ھازىرغىچە ئويلىغان ئويىغا يەتمەي قالمىغان.

ھەر قانچە مەغرۇر، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۆزىنى كۈچلۈك ھېس قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان ئادەمنىڭمۇ قورۇنىدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان پەيتلىرى بولىدۇ. ئىسمائىلجان دۇكاننىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېرىشتىن ئۆزىدە ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىشقا باشلىدى ھەم ماھىنۇرغا تۇيدۇرماي ئەتراپىغا بىر نەچچە قېتىم ئەندىشىدە قاراپ قويدى. بۇ سودا

قىلىدىغان دۇكان، ئادەملەر ئۈزۈلمەي كىلىپ تۇرىدۇ ـ دە. ئىسمائىلجان شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇدا ئىكەن، ماھىنۇرچۇ؟ ئىسمائىلجاننىڭ ئۇزاق تۇرۇپ كېتىشىدىن ماھىنۇرمۇ ئوڭايسىزلانماقتا ۋە ئىچىدە ئۇنىڭ تېزرەك كېتىشىنى تىلىمەكتە ئىدى. ئىسمائىلجانمۇ ئۇنىڭ چىرايىدا شۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

— بىر ئىش توغرىسىدا سىز بىلەن ئوچۇقراق سۆزلەشمەكچىمەن، — دېدى ئىسمائىلجان، — بۇ يەر ئەپسىز ئىكەن.

ئىسمائىلجاننىڭ دۇكاننىڭ ئالدىدا ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئېچىلىشقا باشلىدى.

ـ دۇكاندىن ئايرىلالمايمەن، — دېدى ماھىنۇر.

— دۇكىنىڭىز تاقىلىپ قالمايدۇ، ئاۋۇ قىز بار ئىكەنغۇ؟

— ئەسلىدە بىز ئۈچ ئادەم مال ساتاتتۇق، كۆرۈۋاتقانسىز ئىككىمىزنىڭ يېتىشەلمەيۋاتقىنىمىزنى.

— مەن سىزنى بىر رېستورانغا تەكلىپ قىلماقچىمەن.

— رېستوران؟

— ئاشخانىغا.

ماھىنۇر مىيىقىدا كۈلۈپ ئاچچىقىنى ئىپادە قىلغان بولسىمۇ، مۇنۇ گەپنى دېمەي تۇرالمىدى:

— سىز مېنى، بىر ئادەم كىلىپ مەن پالانچى بولىمەن، سىزنى رېستورانغا تەكلىپ قىلىمەن دېسە، كېتىۋېرىدىغان ئايال دەپ ئويلايدىكەنسىز ـ دە!

— مەن ئۇنداق ئايالغا ئۆچ.

— قانداق ئايالغا ئامراق؟

— بارمايدىغان ئايالغا.

— ئەمسە، نېمىشقا تەكلىپ قىلىسىز؟

— تەكلىپ قىلماي بولمىدى.

— بارسام سىز ئۆچ كۆرىدىغان ئايالغا، بارمىسام سىز ياخشى كۆرىدىغان ئايالغا ئايلىنىدىكەنمەن، قايسىسىغا تۇرىسىز؟

ئىسمائىلجان ئۆزىنى چۈشەندۈرەلمەي، ئۇنىڭ گېپىگە مۇۋاپىق گەپ تېپىپ بېرەلمەي قېلىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن قىزلارغا، ياش ئاياللارغا، ھەتتا چەت ئەللىك قىزلارغىمۇ گەپ قىلىپ ۋە ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ مۇنداق قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلمىگەنىدى، ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ كەتمىدى، تېخى قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىدىن خۇشاللىقى، ئىشەنچى ئاشتى، نىيەت — مەقسەتلىرى قانات چىقىرىپ ئۇچتى، ئارزۇلىرى تېخىمۇ كۈچلىنىپ، ئۇنى ھاياجانغا سالدى.

— مەن سىزنى بىلمەي، چۈشەنمەي ئالدىڭىزغا كەلگىنىم يوق، — دېدى ئىسمائىلجان سەممىيلىك بىلەن، — سىزنى بىلىپ، چۈشىنىپ ھەم ئىشىنىپ كەلدىم. ياخشىسى، سىز بىر يەرنى دەڭ، شۇ يەردە پاراڭلىشايلى، مەنمۇ دەيدىغىنىمنى دەي، ئاڭلاپ بېقىڭ، كوچا بولامدۇ، ئاشخانا بولامدۇ، مەشەدىن باشقا يەر بولسا بولىۋېرىدۇ.

ماھىنۇر ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ بولدى. «بوپتۇ، گېپىنى ئاڭلاپ باقاي، بولمىسا ئادەمنى بىزار قىلىپ دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىۋېرىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن مېنى قانچىلىك چۈشىنىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقۇپ باقاي، — دەپ ئويلاۋاتقان ماھىنۇرنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەملىك ئىپادىلەندى، — سىزنى بىلىپ، چۈشىنىپ كەلدىم، دېگىنى مۇشۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ماڭا قارىشى، مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمگە بولغان باھاسى. بۇلارسىز مېنى كىمدىن چۈشىنىپ بىلەلەيتتى.»

— بوپتۇ، مەن چۈشتە تاماققا بارىمەن، شۇ چاغدا سۆزلىشەيلى.

ماھىنۇر قايسى ئاشخانىغا بارىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، پۇكەيگە جەينىكىنى تىرەپ تۇرۇپ قالغان ماھىنۇردا بىردىنلا ئەپسۇسلىنىش، ئەندىشە ھېسلىرى قوزغالدى: «تۇۋا، بارساممۇ بولمايدىغان، بارمىساممۇ بولمايدىغان بىر قىسما ھالەتتە قالدىما، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — نېمىشقا بارىمەن دېدىم، بېرىشىم نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ھەممە نومۇسنى ماڭىلا بەرگەندەك نې-

مانچىلا نومۇسلىنىپ كەتتىم ؟ سۆزىڭىزنى مەشەدىلا دەڭ ، دىسەممۇ بولاتتىغۇ ، بۇ يەردە بىر جاۋاب بىلەن كېتىشى مۇمكىن ئىدى ـ دە . ئۇ يەرگە بارغاندا مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ قېيتسا ، كۆزۈمگە كىرىۋالسا ، تېخى ئالدىمنى توسۇۋالسا ، قانداق قىلغۇلۇق ؟ ... ئەمدى بارمىسام بۇ يەرگە يەنە كەلسە ، كۆندە كېلىۋەرسە ، ئارام بەرمىسە ، سەتچىلىكنىڭ چوڭى چىقمامدۇ ؟ ... سەتچىلىك بولمىسۇن ، دەپ سەتچىلىكنى ئۆزۈم پەيدا قىلىمەنكەن ـ دە . ئۆزۈمدىن ئۆتتى ، ئەمدى بارمىسام بولمايدۇ . ماڭا ئارامخۇدالىق ، خاتىرجەملىك يوق ئوخشايدۇ ـ دە ... ئەرگە تەگسەم ئۇنىڭ دەردى ، تەگمىسەم يەنە دەردى ، كۆڭلىرىم دەرد بىلەنلا ئۆتەمدىغاندۇ ... نېمىشقىمۇ ئايال بولۇپ يارىلىپ قالغاندىمەن ؟ »

※ ※ ※

چۈشمۇ بولدى . كەيپى ئۇچقان ماھنۇر ئۆزى دېگەن ئاشخانىغا قورۇنۇپقىنا كىرىپ كەلدى . ئىسمائىلجان ئۇنى كېلەرمۇ ، كەلمەسمۇ ، دەپ ساقلاپ ئولتۇرغاندى . ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ، بىراق ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويمىدى .

— نېمە تاماق يەيسىز ؟ ـ سورىدى ئۇ ماھنۇر ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن .

— سۇيۇقئاش ئىچەي .

— قويۇڭا سۇيۇقئاشنى ...

— كۆڭۈل تارتمىغان تاماق سىڭمەيدۇ .

گەپ ئۈزۈلۈپتىلدى ، زورلاش ھاجەتسىز .

— بوپتۇ ، مەنمۇ سۇيۇقئاش ئىچەي ، بىراق بۇ مېنىڭ ئايالارنىڭ گېپىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىم .

ئىسمائىلجان تاماقنى بۇيرۇتۇپ كېلىپ ، ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۈستەلگە ئىككى چىنە سۇيۇقئاش بىلەن بىر تەخسە پېتىر مانتا ، ئىككى خىل ئىككى تەخسە قورۇما كەلدى . ماھنۇر

ئىسمائىلجانغا قاراپ قويدى .

ــ سىزنىڭ سۆيۈمىئاش ئىچكۈڭىز يوقتىكەن ـ دە ؟

ــ سىزنىڭ دېگىنىڭىزنىمۇ قىلدىم ، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىمنىمۇ قىلدىم . ئايالىنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ ، ئۆزىنىڭكىنى قىلماسلىق بىر ئەر ئۈچۈن ئۆز غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق . ئەڭ بولمىغاندا ئىككى كۆڭۈلنى تەڭ رازى قىلىش كېرەك . بۇ مېنىڭ ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتىدىكى قارىشىم . بىراق مەن ھېلىگەر ـ ئالدامچى ئەمەس .

ئىسمائىلجان ماھىنۇرغا ئۇچرىغان ۋە مەيلىنى بىلدۈرگەن ئەرلەرگە ئوخشىماي قىلىۋاتاتتى . ئۇ ھېلىتىنلا ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقىنى ئىپادە قىلدىغان گەپلەرنى ئايانماي قىلىۋاتىدۇ ، ھازىرغىچە ماھىنۇرغا ئېھتىياجى چۈشكەن ئەرلەر مۇنداق گەپلەرنى قىلغان ئەمەس . ماھىنۇر بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ، قاراشلىرىغا ھەيران قېلىۋاتسا ، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىقىپمۇ قېلىۋاتاتتى . گەپنى ئوچۇق ـ يورۇق قىلغان ياخشى ، بۇ سەممىيلىك . خۇدا ساقلىسۇن تىرنىقىنى تاتىلاپ ياسالما گەپ قىلىدىغانلاردىن ! ئۇنداقلارنىڭ گېپى بىلەن ئەمەلىيىتى ئوخشىمايدۇ ، ماھىنۇر مۇشۇ قاراشتا . نۇرغۇن ئاياللار باركى ، ئەرلىرى ئۆزىنىڭ گېپىدىن چىقماسلىقى ، ئۆزىنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقماي مېڭىشىنى ، ھەر قاچان ، ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . نۆۋەتتىكى كەلگەندە ــ سورۇنلاردا ، كۆپچىلىك بار يەرلەردە ئەرلىرىنىڭ ئابرۇيىغا ۋە ئەرلىك غۇرۇرىغا نۇقسان يېتىدىغان ھەم ئۇنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى ھېيىقماي قىلىۋېرىدۇ . بۇنىڭدىن ئېرىنىڭلا ئەمەس ، ئۆزىنىڭمۇ يۈزى تۆكۈلۈۋاتقانلىقى بىلەن كارىمۇ بولمايدۇ . ماھىنۇر مۇنداق ئاياللارنى كۆپ كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ شۇ خىل قىلىقلىرىدىن يىرگەنگەن . بۇلا ئەمەس ، شۇ خىل كەمسىتىشلەرگە ئىتائەت قىلىپ يۈرگەن ئەرلەردىنمۇ يىرگەنگەن . مۇنۇ ئىسمائىلجان ئۇنداق مۇناسىۋەت ، بويۇنتۇرۇقلارغا بوينىنى تۇتۇپ بېرىدىغان ئەرلەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ . ماھىنۇر ئۆزۈندىن بىرى ئەرنىڭ ئەر بولغىنى ، ئايالنىڭ ئايال بولغىنى ياخشى ، دەپ كەلمەكتە ئىدى .

— مەن ئوتتۇز بەش ياشقا كىردىم، تېخىچە ئۆيلەنمىدىم، — دېدى ئىسمائىلجان تامىقىنى ئىچىپ بولۇپلا سۆز باشلاپ، — ئۆيلىنىشنى ئويلاپمۇ قويماي كېلىۋاتاتتىم. قايسى بىر يىلى سىز لۆڭگە سېتىۋاتقان چاغدا، قانداقتۇر سىزگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ـ دە، شۇ هامان مېنىڭدە باشقىچە تۇيغۇ قوزغالدى. لېكىن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلمەيتتىم، ئادەم ئادەم بىلەن ياشايدۇ، بىر ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئەتراپىدىكى ئادەملەر بىلىدۇ، دەپ ئويلىدىم ـ دە، سۈرۈشتۈردۈم. ئۇلار ئەهۋالىڭىزنى — سىزنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىڭىزنى، بىر ئەردىن چىقىپ تەنها ئۆتۈۋاتقىنىڭىزنى، هاۋايى ـ هەۋەسكە بېرىلمەيدىغانلىقىڭىزنى، ئوقەتتىن باشقا ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىڭىزنى، مىجەزىڭىزنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ قاراش ـ پەرەزلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئۆزۈممۇ سىناپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتايىن بىر سومغا لۆڭگە ئېلىپ، ئۇن سومنى تاشلاپ بېرىپ كەتتىم. لېكىن سىز ئوشۇق پۇلنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بەردىم، دېسەممۇ ئالمىدىڭىز، توغرا قىلدىڭىز، ئەگەر ئالغان بولسىڭىز سىزنى هەرگىز ئىزدىمەس ئىدىم. مېنىڭ زوقۇمنى تارتقىنى چىرايىڭىز بولغان، ئۇنىڭغا ئەخلاقىڭىز قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سىزگە ئۆيلەنسەم بولغۇدەك دېگەن ئويغا كەلدىم.

ماهىنۇر مۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى هەممە ئەرلەر قىلىدۇ، مەن كۆپ ئاڭلىغان. لېكىن مۇنۇ ئىسمائىلجاندا ئەرلەرگە خاس جۈرئەت، كەسكىنلىك، غۇرۇر بار ئىكەن، دەپ ئويلىدى.

— سىز ئۆزىڭىزگە قالتىس ئىشىنىدىكەنسىز ـ دە؟ — دېدى ماهىنۇر ئۇنىڭغا مىيىقىدا كۈلۈپ قاراپ.

— ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، هازىرمۇ شۇ ئىشەنچىدە مەن.

— ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ هەممىسىلا ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

— ياق، يېتەلەيدۇ.

— يېتەلمەيدۇ، سىز نىشانلىغان ئادەمنىڭمۇ ئۆز نىشانى، قارىشى، ئويلىغان ئويى بولىدۇ، ئۇنى هېسابقا ئالمىسا بولماس.

— ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى قىلالىشى كېرەك. قىلالمىسا، ئۆزىنى ئوغۇل بالا ھېسابلىمىسىمۇ بولىدۇ.

— قوپال گەپ بولسىمۇ دەي، ئەرلەر گەپ قىلسىلا ئېرىپ كېتىدىغان، باش ئېگىدىغان ئاياللار بار، ئۇنداقلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بەلكى سىز شۇنداقلاردىن دەندەپ قالغان بولسىڭىز كېرەك.

— مەن پەقەت ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىگىلا قاراپ سۆزلەۋاتقىنىم يوق، مېنىڭ گېپىم ئومۇمىي مەنىگە ئىگە. مەقسەتكە كەلسەك، سىز ئۇنداق ئاياللاردىن پەرقلەنگەچكە ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى ئىسمائىلجان جىددىي تۇردە، — مەن ئۆمرۈمدە بىرەر قىز ياكى ئايالنى ئىزدەپ باققان ئەمەس، ئۇلار مېنى ئىزدەپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ قانداق قىزلار ـ ئاياللار ئىكەنلىكىنى، مېنى نېمىشقا ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلمەن. سۆزۈمنى بۆلمەي تۇرۇڭ، دەيدىغىنىمنى دەۋالاي، — ئىسمائىلجان ئەسلى سۆزىگە قايتتى، — شۇ چاغدا سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن، دەپ قويۇپ كەتكەنىدىم. ئۆزۈممۇ ئىچكىرىگە ماڭماقچى ئىدىم، مېڭىپ كەتتىم. ئۇ يەردىن چەت ئەلگە يول چىقىپ قېلىپ، ئۇياققا كېتىپ قالدىم. چەت ئەلدە سودام ئېقىپ قالدى. ئۇ دۆلەتتىن بۇ دۆلەتكە، بۇ دۆلەتتىن ئۇ دۆلەتكە ئۆتۈپ يۈرۈپ سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھە، راست ئارىلىقتا غۇلجىغا بىر كېلىپ كەتتىم. شۇ يەرلەردىمۇ سىزنى ئەسلەپ، بۇ چاغقىچە ئەرگە تېگىپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۈرۈمچىگە كېلىپلا سىزنى ئىزدەپ بېقىش، تۇرمۇشىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئۇقۇپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. كەلگەن كۈنىلا سىزنى كۆردۈم، بەلكىم سىز مېنى كۆرمىدىڭىز، چىرايىڭىز ئۆزگەرمەپتۇ. باشقىلاردىن ئۇقۇشۇمچە خېلىلا باي بولۇپ قاپسىز، ئەرگىمۇ تېگىپسىز، لېكىن ئالدىنىپ قاپسىز، ئاجرىشىپ كېتىپسىز. كىشىلەر سىزگە ئىچ ئاغرىتىدىكەن، ئىچ ئاغرىتقانلىقىدىن سىزنىڭ ئەخلاقلىق ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى، بۇرۇنقى ئەخلاقىڭىزنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم.

ماھىنۇر كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈشىدە سۇس مەسخىرىلىك

ئالامەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

— سىزنىڭ ئۆيلىنىش قارارىغا كېلىشىڭىز ئۆز قارارىڭىز ، مېنىڭمۇ ئۆز قارارىم بار ، « قىزلىقتىن خەۋەر يوق ، ئوغۇللۇق دۇمباق چاپتۇ » دېگەن ماقالىنى ئاڭلىۋىدىم ، ئەمەلىيەتنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن . قە-زىق ئادەم ئىكەنسىز ، ئىككى كىشى بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئىككى كىشىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قارار قىلىنار ، سىز قارار قىل-سىڭىزلا پۈتۈپ كېتىدىغان ئىش نەدىكەن !

— پۈتىدۇ ، دەپ ئويلايمەن .

— قارارىڭىزنى ئاسانلا ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغاندەك قىلىسىز ، مېنىڭ بۇرنۇمغا سۇ كىرگەن ، سىز كىم ، قانداق ئادەم ؟ ئىس-مىڭىزدىن باشقىنى بىلمەيمەن ( ھەقىقىي ئىسمىڭىزنى دېگەن بولسىڭىز ) ، مۇشۇ ھالدا قارارىڭىزنى قوبۇل قىلسام ، سىزمۇ مېنىڭ ئەخلاقىمدىن گۇمانلىنىپ قالارسىز ؟ كىشلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بۇرنۇمغا يېگەن-مەن .

ئىسمائىلجان تەرلەپ كەتتى ، تېرىكتى ، جىله بولدى ، قىمىرلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى . لېكىن ئۈمىدسىزلەنمىدى . « ئاخىر ماقۇل دەيدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — مېنىڭ كىملىكىمنى ئۇقسا ، ئۇنىماي قالمايدۇ ، ئالدىنىپ قېلىپ قورقۇپ قاپتۇ . »

— شۇنداق ئويلاشقا ھەقلىقسىز ، بۇمۇ سىزنىڭ چىن ئادەملىكى-ڭىز ، مېنىڭ كىملىكىم ھەم قانداق ئادەملىكىمنى غۇلجىدىن ئۇقالايسىز ، ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن .

— بولدى ، ئۇقۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق .

— گەپنى ئۈزۈۋەتمەي ، ئويلىشىپ بېقىڭ .

— ئويلىشىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق ، ئىككىلىنىپ قالغان ئادەم ئويلاشسا بولىدۇ . راست گەپنى قىلاي ، ئەمدى تۇرمۇشقا چىقىشنى ئويلاپمۇ قويغىنىم يوق ، كۆڭلىڭىزگە رەھمەت .

ماھىنۇر شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا چىرايىدا غەزەپ ، خاپا بولغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىللىق تۇستە ،

كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ رەت قىلدى ۋە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، كەينىدىن چىققان ئىسمائىلجان ئۇنى شۇ يەردە توختىتىۋالدى.

— تۇرۇپ تۇرۇڭا ... مېنى چۈشىنىپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن يەنە سىزنى ئىزدەيمەن. مېنى ئەگىشىۋالدى دەپ قالماڭ، تارىخىمدا قىلمىغان ئىشنى قىلىپ باقاي، يېڭىلىپ قالسام خاپا بولمايمەن. يېڭىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقاي، قانداق بولىدىكىن ...

— مېھمان قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، لېكىن مېنى ئىزدەپ يۈرمەڭ، بولۇپمۇ دۇكىنىمنىڭ ئالدىغا كەلمەڭ، خوش، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، يۈرۈلۈپلا ماڭدى.

ئىسمائىلجان تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ هار كەلگەنىدى. ئۇ قاچان مۇنداق هالغا چۈشۈپ قالغان؟ سۆزلىرى ئۆتمەي قالغان؟ ئارزۇ ـ ئارمان، ھەۋەسلىرى رېئاللىققا ئايلانمىغان يېرى بارمۇ؟ ... ياق، يوق. ئۇ ئوتتۇز بەش ياشقا كەلگۈچە ئۆيلىنىشنى ئويلىمىغانمۇ؟ ئۇ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن چېغىدىن باشلاپ ئۆيلىنىشنى ئويلىغان، ۋۇجۇدىدا يانغان تەبىئىي ئىشقىي ھېسسىنىڭ قايىنىمىدا ئۈزۈپ يۈرگەن. ئەمما تىجارەتكە كىرىشىپ، يانچۇقى تولغۇدەك پۇلغا ئىگە بولۇپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن، جۇخەي شەھەرلىرىنى ئارىلاپ سودا قىلىپ يۈرگەندىن باشلاپ، نېمىشقىدۇر، ئۆيلىنىش، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشتىن ۋاز كېچىپ، دۇنيادىن تەنها ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلگەن. سودا بىلەن چەت ئەلگە چىققاندا، بىر قېتىم قارارىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانۇ، ئۇنىڭدىن يەنە يېنىۋالغان. بىراق شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئىشقىي ھېسلىرى قەيەردە قوزغالسا، بەڭۋاش ياشلىقىنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىلىرى قەيەردە تۇتسا، ئۇنى شۇ يەردە رازى قىلىپ يۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيلەنمەي، دۇنيادىن تەنها ياشاپ ئۆتۈپ كېتىش قارارىمۇ مۇشۇ جەرياندا چىڭىپ بارغان. بولمىسا ئۇنىڭغا ئۇچراشقا ھەر خىل مىللەتتىن بولغان ياش ئاياللار، قىزلار ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ ئويناشقىمۇ، ھەتتا بەزىلىرى تېگىشكىمۇ رازى بولغان.

ئىسمائىلجاننىڭ پەرىزىچە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى ناھايىتى ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك، مېھرىبان ئىدى. تېخى ئۇلاردىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلىرىمۇ بار ئىدى. شۇنداق ئىكەن، مۇنۇ ئىككى ئەردىن چىققان ماھىنۇرنىڭ تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ تەلپىنى رەت قىلىشى ئېغىر ئىش ئەمەسمۇ، بۇ ئىش ئىسمائىلجانغا ھار كەلمەي قالامدۇ! ...
« پۈپۈكلىرىنى نازغىتىپ ئوينايدىغان قومۇشمۇ ئاخىر بېرىپ بورا بولىدۇ، دېيىشىۋاتاتتى، راست ئىكەن ــ دە » دەپ ئويلىدى ئۇ ھەم غەزەپلىك، ھەم ھەسرەتلىك تىنىپ.
ئىسمائىلجان مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكىدە قوغدىغۇچىلىرى بار ئېسىل، ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدا يالغۇز ياتاتتى. ياتاق ئىشىكىنى كىمدە كىم چەكمىسۇن، ئۇ زادىلا ئاچمايتتى. ئەگەر كۈتكۈچىلەرنىڭ قايناق سۇ، مېۋە ــ چېۋە ئەكىرىپ قويىدىغان ياكى ياتاقنى تازىلايدىغان ئىشلىرى بولسا، ئۆزلىرى ئاچقۇچ سېلىپ ئېچىپ كىرەتتى. ئىسمائىلجان ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. تۈزۈكرەك قاراپمۇ قويمايتتى. ئەنە ئۇ يۇمشاق كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلاپ تورۇسقا قاراپ ياتىدۇ. شۇ ھالدا ئۇ خېلى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن، قولىغا تومپۇچكا ئۈستىدىكى قېلىن كىتابنى ئالدى ــ دە، ئۇنىڭ ئىككى ــ ئۈچ بېتىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، لېكىن كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى. ئاخىر كىتابنى تومپۇچكا ئۈستىگە « پاققىدە » تاشلاپ قويۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، قويتى، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. يۈرىكى سىقىلغاندەك بولۇپ، ئادىتىنى ئۇنتۇپ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. ئۇ خىياللىرىنى بىر يەرگە جەملىيەلمەي، يالغۇز كىشىلىك دىۋاندا ئولتۇرۇشىغا، ئىشىكتە قاپقارا چاچلىرىنى قويۇۋەتكەن، قاش ــ كۆزلىرىمۇ قاپقارا، كۈلۈمسىرىگەن خەنزۇ قىزى پەيدا بولدى:
ـــ ئەپەندىم، خىزمىتىڭىز بارمۇ؟
ئىسمائىلجان « يوق » دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.
ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتە ــ ئۆتمەيلا بۇدۇر چاچلىق، بايىقىدىنمۇ چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى پەيدا بولدى:

— بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق ...

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ، ئىسمائىلجان « چىقىپ كەت » دېگەن مەنىدە قولىنى قاتتىق سىلكىدى ۋە ئاچچىقىدا بىرىپ ئىشىكنى قاتتىق ياپتى - دە ، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى . « ھەر ھالدا بۇلار بىزنىڭ ئەمەس ئىكەن ، غۇرۇرى بارئىكەن » دەپ ئويلىدى ئۇ .

ئىسمائىلجان ، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېلى كىرگەن قىزلاردىن بۇنچە خاپا بولۇپ كەتكەن بىلەن ، ئۆزى مۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولغان ئەمەس . بىراق ھازىر ئۇنداقلاردىن بىزار . ھازىرلا ئەمەس ، بىردەملىك كۆڭۈل ئېچىشلاردىن قول ئۈزگىلى ، ھەم ئەخلاقلىق ، ھەم چىرايلىق بىرەر قىزغا ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلگىلى تۆت - بەش ئاي بولدى . ئۇنىڭ شەرتىگە مۇنۇ ماھىنۇر توغرا كېلىپ قالدى . شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىككى ئەردىن چىققانلىقىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى . ھازىر ئۇ ماھىنۇرنى ئوبدانلا ياقتۇرۇپ قالدى . شەرتىگىمۇ دەل كەلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ ، ماھىنۇر ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋاتىدۇ . ئادەم دېگەن قىزىق نەرسە ، ئۆزى قىلغان قارارنى يا بالدۇر ، يا كېيىن ئۆزى ئۆزگەرتىدۇ ، سۆزلىگەندە بوشلۇق قالدۇرماي سۆزلەيدۇ ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز قاراشلىرىدىن يېنىپ ، سۆزلىگەنلىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىۋېرىدۇ ، قىزى بىرەر يىگىت بىلەن قېچىپ كەتكەندە : « مېنىڭ ئۇنداق بالام يوق ، ئىككىنچى ئۆيۈمگە دەسسىمىسۇن » دېگەنلەردىن ، بىرىسى ئىككى - ئۈچ ئاي ، نېرىسى ئىككى - ئۈچ يىل بولغاندا ، كېيىن قېچىپ كەتكەن قىزىنىڭ تويىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلەر ؛ بىر قورساقتىن چۈشكەن ئاكا - ئۇكا ، ھەدە - سىڭىللار ئىچىدە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جاڭجاللىشىپ ، ئادا - جۇدا بولۇشۇپ : « مېنىڭ ئۇنداق قېرىندىشىم يوق » دېگەنلەردىن ، قايتا يارىشىپ ، قىلىنمىغاس مېھرىبانلاردىن بولۇپ « ئاشۇ قېرىندىشىمدىن باشقا مېنىڭ نېمەم بار » دەيدىغانلار ؛ قولۇم - قوشنىلاردىمۇ بۈگۈن ئۇرۇشۇپ ئەتىسى ئۆينىڭ ئايدىغان باللار ئارىسىغا كىرىپ ، بىر - بىرىگە تۆھمەتلەرنى قىلىشتىنمۇ يانماي سەتلەشكەنلەردىن ، ئاشۇ رەسۋاچىلىقلارنى ئۇنتۇشۇپ ،

ياخشى ـ خوپ بولۇپ « خۇدا قوشقان قوشنلاربىز » دەپ يۇرگەنلەرمۇ ئۇچراپ تۇربدۇ . ئىسمائىلجان « ئۆيلەنمەي ، دۇنيادىن تەنها ئۆتۈپ كېتىمەن » دېگەن . مانا ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە قارارىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ . « بىر نەچچە ئېغىز سۆزى بىلەنلا مېنى ئەجەب مەڭدىتىپ قويدا ، ــ دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ ھەم قىزىرىپ ، ھەم تاتىرىپ ، ــ مەن قانداق ئىسمائىلجان ئىدىم ؟ ... ھەر قانچە مەغرۇر ، ئىرادىلىك قىزمۇ مېنى مۇنچىلىك ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويمىغان ! ــ ئىسمائىلجان كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى ، ماھىنۇرنىڭ ئىمكانىيەت قالدۇرماي قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلىدى ، ــ پىكرىمنى رەت قىلىشى ــ ئۇنىڭ چىڭلىقى ، ئەخلاقى ، كەلگۈسىنى ئويلىشى ؛ دۇكىنىمنىڭ ئالدىغا كەلمەڭ دېگىنى ــ نۇمۇسچانلىقى ، شەرم ـ ھايالىق ئىكەنلىكى ؛ قوپاللىق قىلمىغانلىقى ــ ئادىمىيلىكى . ئۇ ھەقىقەتەن ئېسىل ئايال ئىكەن . ماڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىم كېرەك ؟ ئۇنى ئالىمەن ، قارار قىلغان ئىكەنمەن ، چوقۇم ئالالايمەن ! »

ماھىنۇر خېلىدىن بېرى بىرەر ئەرنى ، ئەرگە تېگىشنى ئويلاپ باقمىغان . ئىسمائىلجاننىڭ سۆزلىرى بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇ بەرمىدى . « ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگۈچە نېمىشقا ئۆيلەنمىگەندۇ ؟ ــ دەپ ئويلىدى ماھىنۇر غەلىتە ھېسلارغا چۆمۈلۈپ ، ــ چەتئەللەردە ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي ئۆتىدىغان ئەرلەر ، ئەرگە تەگمەي ئۆتىدىغان قىزلار نۇرغۇن بولىدۇ . دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغىنىم ، ئەمدى بىزدىمۇ چىقىشقا باشلىغان ئوخشايدۇ ـ دە . شۇنداق ئىكەن ، ئەمدى نېمىشقا ماڭا ئۆيلىنىدىغان بولۇپ قالغاندۇ ، مېنىڭ نېمەمگە قىزىقىپ قالغاندۇ ؟ ... دېگەن گەپلىرى ھەقىقەتەن راستىمىدۇ ؟ بىراق بايقىشىمچە گەپلىرى سەممىي ، غۇرۇرلۇق يىگىتتەك قىلىدۇ . خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى ھېيىقماي ، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ كېتەر ، دېمەي قىلغىنىغا قارىغاندا ، راست سۆزلۈكتەك تۇرىدۇ . ئارۇپجان بىلەن سۆزلەشكەندە ، ئۇنىڭدا ئوڭايسىزلىنىش ، قورۇنۇش ، ھودۇقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلەتتى ، مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ھېسلاردا

بولىدىغاندۇ، دەپ ئويلايتتىكەنمەن، ئەسلىدە ئالدامچىنىڭ يۈرىكى پوك ــ پوك ئىكەن ئەمەسمۇ. مۇنۇ ئىسمائىلجاندا ئۇنداق ھېسلار سېزىلگىنى يوق. لېكىن مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئىشنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. مەن كىشلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، تېگى ــ تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئۇنىڭ دەرد ــ ئەلىمىنى ئاز تارتمىغان... مەن نېمىشقا مۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ كېتىمەن، بىرەر ئەرگە ئېھتىياجىم چۈشكىنى يوققۇ؟ چۈشكەن تەقدىر- دىمۇ ئۇلاردىن بىزارمەن. قورۇ ــ جايىم بار، ئىنىم يېنىمدا، تىجارىتىم يامان ئەمەس، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمۇ! شۇنداق تۇرۇقلـ- ـۇق خىيالىمغا مۇنۇ ئىسمائىلجاننىڭ كىرىۋالغىنى نېمىسى؟»

## 35

ـــ بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى! ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتتى!... شۇلارمۇ ئادەممۇ ــ ھە!...

بەختىخان ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، ئوچۇق ئىشىكتىن چالۋاقاپ كىرىپ كەلدى. ماھىنۇر تاماق ئېتىۋاتاتتى.

ـــ كېلىنىڭ بەختىخان ھەدە، يۇقىرى ئۆتۈڭ، نېمانچىلا چېچىلىپ كەتتىڭىز؟ ـــ ماھىنۇر ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

ـــ بۇ ياشلار دېگەننىڭ شۇنچىمۇ رەسۋالىشىپ كېتەمدۇ، ئىككى مۇسۇلماندىن تۇغۇلغانغۇ ئۇلار ــ ھە!

ـــ نېمە بولدى سىزگە، چىرايىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىپتىغۇ؟

ـــ مۇنداق بولىۋەرسە جاھانمۇ ئۆزگىرىپ كېتەر...

بەختىخاننىڭ ھەقىقەتەن چىرايى ئۆزگىرىپ، گۆشلۈك يۈزى تا- تىرىپ، يوغان كۆزلىرى يېنىپ كەتكەنىدى. ماھىنۇرغا ئۇنىڭ قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قوناقچىلىق قارامتۇل قاپارتقۇسى يوغىناپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئاشۇ قاپارتقۇسى بىلەن بىللە پۈلتىيىپ چىققان مەڭزىمۇ، قېنى قاچقان قېلىن كالپۇكلىرىمۇ تىترەۋاتاتتى. ئۇزايىدىن تې-

رىكىپ كەتكەنلىكى، غەزىپىنى باسالماي قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— چىرايىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىپتىغۇ دەيسەنا، ئۆزگىرىدۇ، چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئىشلار بولۇۋاتسا، ئۆزگەرمەي قالامدۇ!

— قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلەڭە، زادى نېمە بولدى سىزگە؟

— نېمە بولاتتى، قورۇدىن شۇنداقلا چىقسام، ياشلا بىر بالا بىر قىزنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ تۇرۇپتۇ. ئىمانىم قىرىق گەز ئۇچتى... تازا سالايىمىكىن، دەپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ «ۋۇي رەسۋالار» دەپ ئۆتۈپ كەتتىم. بەش ـ ئالتە قەدەم ماڭغاندا «قارا» دېگەندەك قىلىپ قالدى، كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، قىزنى ھەدەپ سۆيۈۋاتامدۇ، قانداق كىلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، شۇمتەكنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرنى سىلىۋىدىم، ئۇ ئىككى يۇمىلاپ نېرىسىغا چۈشتى. ھېلىمۇ ئۇ ھارمىنىڭ ئەقلى بار ئىكەن، ئورنىدىن ئۆمىلىپ قوپۇپ قىزغىمۇ قارىماي قاچتى.

ماھىنۇر قورقۇپ كەتتى:

— بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

— قانداق قىلاتتىڭىز، دېگىنىنى ماۋۇنىڭ، نېمىشقا ئۇرىسەن، دەپ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلگەن بولسا، بوغۇپلا قوياي دېۋىدىم.

— خۇدايىم ساقلاپتۇ.

— كوچىدا، كوپكۆندۈزدە كۆزىنى يۇمۇپ ئېھ ـ ئېھلاپ تۇرۇپ بەرگەن ھېلىقى قانجۇقنىڭ تەستىكىگە ئىككىنى سالمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن تېخى... بۇ ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ـ ھە! چىلىك تۇتسا، ئەركىنلىكىمىزنى بوغدى دېسە، قويۇپ بەرسە، ھايۋانغا ئايلانسا، نېمە دېگۈلۈك زادى!

بەختىخاننىڭ تېخىچە ـــ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ماھىنۇرنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە ـــ ئاچچىقى بېسىلمىغانىدى. غەزەپتىن يۈزلىرى بىردەم تاتىرىپ، بىر دەم قىزىرىپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ تۇراتتى. ماھىنۇرنىڭ بىر نەچچە قېتىم يۇقىرى ئۆتۈڭ، دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ماھىنۇر كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىپ گۆش توغراپ

ئولتۇراتتى. كۆڭلىگە كېلىپ قالمسۇن، دەپ تاپسىغا كېلىپ يېنىدا ئولتۇردى.

— ھەيرانمەن، — دېدى بەختىخان قايناپ، — ھەر نەرسە ئۆز يولى بىلەن ئەمەسمۇ، ئۆيدە، دالدىلىق - پىنھان يەرلەردە بولىدىغان ئىشلارنى كوچا - كويغا، ئادەملەر ئارىسىغا ئاچىقۇالسا، بۇنىڭ كوچىلاردا قوغلىشىپ يۈرگەن ئىتلاردىن نېمە پەرقى قالىدۇ! ئەخلاق، ھايا، نومۇس دېگەنلەر نەگە كەتتى؟ ... بۇ ئۆتۈپ كەتكەن شەرمەندىلىك ئەمەسمۇ!

— تېخى سىزنىڭ كوچىڭىزغۇ ئادەم ئاز ماڭىدىغان كوچا، — دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى كۈچەيتىپ، — قايسى كۈنى ئاپتوبۇستا ئادەم شۇنداق جىق، قىستاڭچىلىق، شۇ قىستاڭچىلىق ئىچىدە بىر بالا ئاق شىلەپىلىك بىر قىزنى ھەدەپ سۆيۈۋاتىدۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز.

— زامان تەرەققىي قىلسا، نومۇس قىلىدىغان ئىشلار تۈگەپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

ئىككىسى خېلىغىچە جىمىپ تۇرۇپ قالدى. ئادەمنىڭ خىيالىغمۇ كەلمىگەن، نومۇسلىنىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ۋە ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغان غەزەپ - نەپرەت ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ياندۇرۇپ، بەدەنلىرىنى تىترەتمەكتە ئىدى. «تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ خۇشال بولىدىغان نەرسىسى ئاز، قايغۇرىدىغان، غەزەپلىنىدىغان نەرسىسى كۆپ بولىدىكەن - دە، — دەپ ئويلىماقتا ئىدى ماھىنۇر ئالدىغا تارتىۋالغان پەرتۇقىنى بارماقلىرىغا يۆگەپ، — قىزىق يېرى ئۇنداق ئىشلار كۈندىن - كۈنگە ئازلىماي، كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىدىكەن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، تېخى ئەۋج ئالسا، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى قالارمۇ؟ مەن نېمىشقا بىرەر ئەر بىلەن كوچىدا، بازارلاردا ئۇزۇنراق پاراڭ قىلىپ تۇرۇپ قېلىشتىن ئىزا تارتىپ، ئۆزۈمچىلا خۇدۇكسىرەپ كېتىمەن. مۇنۇ ياش قىز - يىگىتلەر بىمالال، شۇنداق ئەركىن تۇرىۋېرىدۇ، ھەتتا ھېلى ئېيتىلغان ئۇياتلىق قىلىقلارنى

قىلىۋېرىدۇ ؟ خۇدايىم كىچە ـ كۈندۈزنى ، كېچىدە بولىدىغان ئىشنى كې‐
چىدە ، كۈندۈزدە بولىدىغان ئىشنى كۈندۈزدە قىلسۇن ، دەپ ياراتقاندۇ ؟!
ياشلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ، بۇنىڭغا چەك قويۇش كېرەك ئى‐
دى ، بەختىخانىمۇ خىيالدا ئىدى . « بۇ ھارامدىن بولغانلار ، ـــ ئۇنىڭ
غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىمەكتە ئىدى ، ـــ بىر بالا تېرىيدىغۇ ، خەلق قوزغىلىپ
ئۇر ـ ئۇر قىلىۋەتسە ، شۇ ۋاقىتتا كۆرەتتى كۆرگۈلۈكىنى ! بىر نەچچە‐
سىنى تۇتۇۋېلىپ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلسا ، خەلقى ئالەم
ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتسە ، ئاندىن تىنچىيدۇ بۇ نومۇسسىز شۇم‐
تەكلەر ! ئاخىر زامان بولغاندا ، باللار ئاتا ـ ئانىغا ، كىچىكلەر چوڭلارغا
باقمايدۇ ، ھايا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ، دەيدىغان . مانا قاراڭلار ، نەق شۇ‐
نىڭ ئۆزى بولۇۋاتىدۇ . بۇرۇنلاردا ئوغۇللار قىزلارنى ئالدايدىغان ، ھازىر
قىزلار ئوغۇللارنى ئالدايدىغان بولدى ، خۇدايا توۋا ، قىزلارمۇ ئەسكىلىك‐
تىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتتى . »
بەختىخانىنىڭ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ، ئەسەبىيلەرچە
سۆزلەپ كىرىشى ، ماھىنۇرنىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قېلىشى ، ئىككى
ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان ۋەھىمە ، جىددىيلىك تۈپەيلىدىن ئۆز ئارا
سالاملىشىش ، ھال ـ ئەھۋال سوراش ئۇنتۇلغانىدى . سەل جىملىقتىن كې‐
يىن ، ئادەتتىكىدەك ئەھۋال سوراش باشلىنىپ ، بەختىخان يۇقىرىغا
ئۆتۈپ ، ئىككى قاتلاپ سېلىنغان يېكەندازنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى . ماھى‐
نۇر ئالدىراپ گۆش توغراشقا كىرىشىپ ، تاماق تەييارلىقىغا چۈشتى .
لېكىن بەختىخان بايىقى سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىچ ـ قارنىنى بوشات‐
ماقتا ئىدى :
ـــ ئادەملەر بارغانسېرى ھاياسىز بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ .
قارا ، بۇرۇن قىزلار خېلىلا نومۇسچان بولىدىغان ، ھازىر قالتىس قېلىنلى‐
شىپ كەتتى ، يۈزى قىزارمايدۇ ... بەدىنىنىڭ كىچىككىنە يەرلىرىنى
يېپىپ ، قالغان يەرلىرىنى ئېچىپ يۈرۈۋېرىدىغان بولدى ، قىزلىق نومۇس
قېنى ؟
ـــ ئۇ مەدەنىيەتلىك بولغىنى .

— نېمە ! — بەختىخانىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — مەدەنىيەتلىك بولغىنىمىش تېخى، بەدەنلىرىنى ئېچىپ يۈرسە مەدەنىيەتلىك بولۇپ، يېپىپ يۈرسە مەدەنىيەتسىزلىك بولامدىكەن؟ ... تــوۋا، پايپاقــقا نــاھال قاقاقاندەك ما گەپنى ... نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئىشلارمۇ يوق ئىدى، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، يەنە بەش - ئون يىلدىن كېيىن، كىشلەر كوچىغا قىپيالىڭاچلا چىقىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ.

ماھىنۇر كۈلدى.

— كۈلىسەنغۇ؟

— ئادەم ئاچچىق - غەزەپتىنمۇ كۈلىدۇ.

كۈندىن - كۈنگە پەيدا بولۇۋاتقان يېڭىلىقلار ئادەملەرنى خۇشال قىلىپ روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى تەمىن ئېتىدۇ. چۈنكى بۇ يېڭىلىقلار بىلەن قىيىن ئىش ئاسانلىشىۋاتىدۇ، جاپا تارتىش ئازلاۋاتىدۇ. قاقاس يەر بوستانلىققا ئايلانسا، ئون سائەتتە پۈتىدىغان ئىش بىر سائەتتە پۈتسە، يوللار ئۆزگىرىپ، كىشلەر پاتقاق كېچىشتىن قۇتۇلۇۋاتسا، بۇنىڭدىن كىممۇ خۇشال بولمىسۇن. بەدىنىنى ئېچىپ يۈرۈش بۇمۇ بىر خىل يېڭىلىق. بىراق بۇ ئادەملەرنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قوزغايدىغان ۋە ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان، چىرىكلەشتۈرىدىغان يېڭىلىق. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغانلار، يىرگىنىدىغانلار كۆپ.

— بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى، بۇ ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتتى، دېگىنىمۇ شۇ، ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان ئىشلار كۆپەيدى. قارا، بايقاۋاتامسەن، ھازىر ئاياللار ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتىدۇ، يالغان ئېيتتىممۇ - يا؟

— نېمىگە قاراپ شۇندا دەۋاتىسىز؟

— نېمىگە قاراپ دېگىنىڭنى، كىتابخانىلاردا، كوچىلاردا سېتىلىۋاتقان رەسىملەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ چىرايلىق قىز - چوكانلارنىڭ چوڭ يانپاشلىرىنى، ساغرىلىرىنى، ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئارانلا ياپقان جايلىرىنى، كۆكسلىرىنى رەسىمگە تارتىپ سېتىۋاتامدۇ، بۇ ئايالارنى ئاياغ ئاستى

قىلىغانلىق ، ئىززەت ـ ھۆرمەتنى يەرگە ئۇرغانلىق ، پۇل تېپىشنىڭ قولى قىلىغانلىق ئەمەسمۇ ؟ مۇشۇنداق قىلسا ، ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق چىڭ ئادەمنىڭمۇ كۆڭلى يۇگۇرمەمدۇ ، ئازمامدۇ ؟ ... كىشلەرنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قوزغاپ پۇل تاپسا مەيلىمۇ ؟ ھۆكۈمەت نېمشقا يول قويىدۇ ؟ تېخى ئەرلەر ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرگىمۇ پۇتلىرىنى كېرىپ ، كۆكسىلىرىنى ئېچىپ تۇرغان ئاياللارنىڭ سۇرەتلىرىنى چۇشۇرۇپ قو-يىدا ...

قورۇما قورۇۋاتقان ماھىنۇر بەختىخاننىڭ دېگەنلىرى ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئىشلار بولسىمۇ ، شۇ تۇرقىدا يېڭى بىر ئىشنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى ـ دە ، ئۆزىدە قانداقتۇر كەمستىلىش ، خورلۇق ھېس قىلدى ۋە يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ ئاغرىدى . كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېلىپ ، قولىدىكى ساپلىق توختاپ قالدى .

— قانداق ، يۈرىكىڭ ئېچىشتىما ؟ — دېدى بەختىخان ئۇنى قانداق ئازابتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، — شۇنداق ئېچىشىدۇ . قانچە ئويلىساڭ ، شۇنچە غەزىپىڭ كېلىدۇ .

— راست ، بۇ ئاياللارنى كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسە ، شۇنىڭغا يارالغان ، دېگەنلىك ئەمەسمۇ ، — دېدى ماھىنۇر كەينىگە قايرىلىپ . ئۇ-نىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىمۇ ، ئاق ، سىپتا يۈزىدىمۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ كەتكەنىدى ، — تېخى بەزى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ خورلىنىۋاتقانلى-قىنى ھېس قىلالماي ، شۇنداق رەسىملەرنى ئۆيلىرىگە چاپلىۋالىدىكەن . قۇرۇپ كەتسۇن مۇنداق مەدەنىيەت ! مۇنداق گۈزەللىك ! ئادەمنىڭ كەي-نىگە كىرىۋالىدىغان ئەرلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىمۇ بىكار ئەمەس .

— جايىدا گەپ قىلدىڭ ، بەزى قىزلارغا ھەيرانمەن ، — بەختىخان ماھىنۇرنىڭ يېنىغا شىپقاپ كېلىپ ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — سەنمۇ كۆرگەنسەن ، يېقىندا تېلېۋىزوردا بىر نەچچە قىزنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىنى كۆرسەتتى . قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي ، ( بەزىلىرىنى كۆرۈپ يۈرگەن قىزلار ئىدى ) ئىككىلىك كۇسار كىيىپ ، كۆكسىنىڭ يېرىمىنى ئاران ياپىدىغان باغىرداق تاقىۋاپتۇ ، قال-

غان يېرى ئوچۇق. تېخى كۆرۈنمىگەن يېرىم قالمسۇن دېگەندەك پۈتنى ھەدەپ ئاسمانغا ئېتىۋاتىدۇ. كۆرۈۋاتقان خەقنىڭ يۈزى قىزىرىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا قىزارمايدىغاندۇ؟ ئادەم شۇنچىمۇ رەسۋالىشىپ كېتەمدۇ ـ ھە! تېلېۋىزورغا چىقىسەن، قىپيالىڭاچ تۇرۇپ بەر دېسە، تۇرۇپ بېرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ تېلېۋىزورغا چىقىش، ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش شۇنچە ئۇلۇغ ئىشمىدۇ!

— ئاشۇنداق نايناقلارنىڭ نومۇسلىنىدىغان ئىشى، كۆرسەتمەيدىغان يېرى قالمىدى دەگە...

— ياشلىرىمىزنى مۇشۇ تېلېۋىزور دېگەن نەرسە بۇزۇۋاتىدۇ، بۇ بىر ياخشى نەرسە ئىكەن، بىراق ئۇنىڭدا ئەسكى نەرسىلەرنى كۆرسەتسە قانداق بولىدۇ؟ «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ» دېگەن راست ئىكەن، — دېدى بەختىخان، — تېلېۋىزوردا نېمىنى كۆرسەك، ھايال بولماي ئۇنى ـ سەھنىمىزدە، كوچىمىزدا، يېنىمىزدا كۆرىسەن. بۈگۈن تېلېۋىزوردا كۆرۈنگەن شەھۋانىيلىق، ئەيش ـ ئىشرەت ئەتىسىلا بىزنىڭ رېستورانلىرىمىزدا كۆرۈلىدۇ. بۈگۈن كۆرگەن بىر خىل قاتىللىقنى ئەتىلا بىزنىڭ كىنوخانىنىڭ ئالدىدا، كوچىدا، ئۆيدە نەق ئۆزىنى كۆرىسەن. نە ۋاقتا بىر چەتئەلنىڭ كىنوسىنى قويدى. ئۇنىڭدا بىر بايىنىڭ ئەتىۋالىق بالىسىنى بۇلاڭچىلار بۇلاپ كېتىپ، تېلېفوندا بايغا: بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرساڭ، بالاڭنى قولۇڭغا ساق ئالالايسەن، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دېدى. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، نەق شۇنداق ئىش بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە يۈز بەردى. بۇرۇن نەدە مۇنداق ئىش بولغان؟ ئوغرى ـ بۇلاڭچىلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن. ئۇھ، سۆزلەپ قالغان ئادەمدەك كاسىلداپلا كەتتىمغۇ... خوش، گېپىمىزگە كېلەيلى، ئوقىشىڭ قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟

— خېلى ياخشى.

— سادىق كەلدىمۇ؟

— ئاخشام كەلدى.

— مال ئەكەپتىما؟

— ئەكەپتۇ ، شۇنداق بازارلىق ، ھازىر تازا ئۆتىدىغانماللارنى ئەكەپتۇ ، تۇتقۇزماي ئېلىۋاتىدۇ .

— شۇنداقمۇ ، ئەقىللىق ئادەم چىققى جۇما ئۇ قاسماقتىن ، خۇدايىم بەختىنى بەرسۇن .

— ئۇنى بىر دېمەڭ ، ئۆتكەندە ئەۋەتكەن ماللىرى تۈگەپ تۇرۇ-شىغا ، بۇ قېتىملىق ماللار بىلەن ئۆزى كەلدى .

— يولۇڭ بار ، ئامىتىڭ بار ، تەلىيىڭ بار ، خۇدايىم ئەمدى ئەردىن بەختىڭنى بېرىۋەتسە ...

— ئو - ھۇش ، قويۇڭا يوق گەپنى قىلماي ، — ماھنۇر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — ھېچقانداق غېمىم يوق ، شۇنداق خاتىرجەممەن ، بەخت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ .

— ھەي ماھنۇر ، ئايال كىشىنىڭ ئەردىن بەختى كەلمىسە ، ئۇ ئازابلىنىدۇ ، ئاغزىڭدا خاتىرجەممەن دېگىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭدە قاقشاي-سەن ، يۈرىكىڭ ئېچىشىدۇ ...

ماھنۇر مەيۈسلىنىپ قالدى .

ئىككىسى لەگمەن سوزۇپ ئولتۇرغاندا ، دۇكاندىن قايتقان سادىق بىلەن ، مەكتەپتىن يانغان ئەكبەرجان ئۆيگە بىللىلا كىرىپ كەلدى ۋە بەختىخانغا سالام قىلدى .

— پاھ ، پاھ ، پاھ ، ئىككىڭلار قالتىس قاملاشقان بىر جۈپ يىگىت بوپسىلەرغۇ ، كۆز تەگمىسۇن ، — دېدى بەختىخان .

خۇشاللىقتىن يۈز - كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم يانغان ماھنۇر ئىككىسىگە زوقلىنىپ قاراپ كەتتى . ماھنۇر بۇياققا ماڭغاندا ، ئەكبەرجان كىچىككىنە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، مۆلدۈرلەپ قاراپ قالغان ، سادىقنى قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالغاندا ، ئۇ جۇل - جۇل كىيىملىك ، مەينەت بالا ئىدى . مانا ئارىدىن قانچە يىللار ئۆتۈپ ، ھەر ئىككىسى باللىق - ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆزىتىپ ، تېتىك ، چەبدەس يىگىتلەردىن بولۇپ يېتىشتى . بىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ ، يەنە بىرى سودا - سېتىقتا پىشىپ شۇنچە يىراق جايلاردىن تەمتىرىمەي مال

ئەكەلگۈدەك بولدى. بۇ ھالەتكە زوقلانماسلىق مۇمكىنمۇ ؟!

— قارا، سىېنىڭ رەڭ تۈزەپ قاملاشقان يىگىت بولۇپ كەتكەنىڭنى، — دېدى بەختىخان سادىققا قاراپ يوغان كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ماھىنۇر ئاچاڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم بىزنىڭ ھويلىغا كىرگەن چېغىڭدا قوقاستا پۇچۇلانغان مەدەكتەك قاپقارا، كىچىككىنە بالا ئەمەسمىدىڭ، مانا ئەمدى ئېچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردىن يارايدىغان ماللارنى ئەكەلگۈدەك بولۇپ كېتىپسەنا ... قارا بۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىتتىكلىكىنى، ئوت ئېلىپ تۇرىدا ...

سادىق يەرگە قارىدى.

— خوش، سادىق، ئۇ يەرلەردە ئالغان ماللىرىڭنىڭ بۇ يەردە پايدا قىلىشنى قانداق مۆلچەرلەيسەن ؟

— ئۇچۇر ئىگىلەيمەن، مالنىڭ سۈپىتىگە قارايمەن، مال ئېلىشتا قاتتىق بولۇش، سېتىشتا بوشراق بولۇش، ئاز پايدا قىلسىمۇ، پۇلنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشىنى ئويلاپ مال ئالىمەن.

— كۆرە بۇنىڭ گېپىنىڭ چىڭلىقىنى، — بەختىخان زوقلاندى، — خۇددى چوڭ سودىگەرلەردەك گەپلەرنى قىلىدا بۇ.

— بۇ مېنىڭ ئەقلىم ئەمەس.

— كىمنىڭ ئەقلى ؟

— ماھىنۇر ئاچامنىڭ.

— ھە، ئەسلىدە ئۇستام چىلڭ دېگىنە ؟

— شۇڭلاشقا مەنمۇ چىلڭ.

ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

— يارايسەن، تازا چىلڭ، پىشقان سودىگەر بوپسەن. سېنىڭ ئوقۇشۇڭ قانداقراق ؟ — دېدى بەختىخان ئەكبەرجانغا قاراپ.

— يامان ئەمەس.

— موللا بولاي دېدىڭمۇ ؟

— بولۇۋاتىمەن.

— سەن كەلگەندىن بېرى ئاچاڭ ئالايىتەن خۇشخۇي، چاققان،

تېتىك بولۇپ كەتتى، سودىسىمۇ قالتىس ئېقىۋاتىدۇ، «ئايىغى ياراشتى» دېگەن مۇشۇ. ئوقۇشۇڭنى تۈگىتىۋالساڭ، كىم بىلىدۇ ئاچاڭدەك سودىگەر بولۇپ كېتەمسەن.

— ياق، ياق، بۇنى ھەرگىز سودىگەر قىلمايمەن.

— داشۆنى تۈگەتكەنلەردىن سودىگەرلەر چىقىۋاتامدۇ ...

— ياق، بۇ سودىگەر بولمايدۇ، — دېدى ماھىنۇر دەرھال، — بۇ يەردىكى ئوقۇشنى تۈگەتسە، چەتئەللەرگە چىقىرىپ ئوقۇتىمەن.

تاماق تەييار بولدى. سادىق چىقىپ روزاخۇن بوۋاينى باشلاپ كىردى – دە، ئەكبەرجان ئۈچى سارايۋ ئۆيدە تاماققا ئولتۇردى. بەختىخان بىلەن ماھىنۇر دالان ئۆيدە ئولتۇرۇشتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى كۆكتاتلارنىڭ تازا ۋايىغا يەتكەن، لەگمەن قورۇمىلىرىنىڭ راسا ئوخشايدىغان مەزگىلى ئىدى. ماھىنۇر ئۈچ خىل قورۇما — بىرى گۆش بىلەن ئىنچىكە قارا چاڭدۇنى، يەنە بىرى چالا قىزارغان كۆك لازا بىلەن گۆشنى، ئۈچىنچىسى ئاچچىق سۇ بىلەن چەيزىنى قورۇغان، لەگمەننىڭ چۆپلىرىمۇ ناھايىتى تىرىك چىقتى. بەختىخان تىرىك چىققان چۆپ بىلەن ئوخشىغان قورۇمىلارنى ئىلەشتۇرۇپ، ئېغىزلىرىنى تەمشىپ تۇرۇپ ئىككى تەخسە يېدى ۋە بىر سىركاي ئاش سۇيىنى ئىچىۋېتىپ، ھوزۇرلىنىپ «ئۇھ» دېدى. ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى.

— ئەجەب ئوخشىتىپسەن، ئەجەب ئوخشىتىپسەن، لەگمەن دېگەننى سىنىڭ قولۇڭدىن يېسە بولىدۇ – دە.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز ...

— ياق، ئاشۇرۇۋەتمىدىم. سەن ئىككى نەرسىگە ئۇستا، بىرى لەگمەن، يەنە بىر ئەتكەن چاي. شۇڭا بىزنىڭ ھويلىدا تۇرغان ھەم بىزنىڭ ئۆيگە بارغان چاغلىرىڭدا ھالاۋىدىن ئاكاڭ لەگمەننى ماھىنۇر ئەتسۇن، دەپ تۇراتتى ئەمەسمۇ.

— قوشناچىمنىڭ سۈيۈنۈشىنى ئوخشاتقان مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئوتىيشى، دېگەن گەپ بار، بەختىخان ھەدە.

— ئۆيلىرىڭنىڭ پاكىزلىقىنى قارا، يالىغاندەك قىلىۋېتىپسەن،

كەچكىچە دۇكاندا ئولتۇرۇپ، يەنە ھەممىسىگە ئۈلگۈرىسەن ... مەن غۇلجىنىڭ خۇتۇنلىرىغا ھەيرانمەن، ياش چېغىم، ئۈرۈمچىگە چىقىپ بىر - ئىككى يىلدىن كېيىنمىكىن، ھالاۋىدىن ئاكاڭ ئويىنىتىپ كېلىمەن دەپ مېنى غۇلجىغا ئاپارغان. ئۆزىدەك بىر شوپۇر ئاغىنىسى بارئىكەن، شۇنىڭ ئۆيىدە ئالتە - يەتتە كۈن تۇردۇق. ئۇ يەر - بۇ يەرگە باردۇق. نېمىدېگەن پاكىز، ئىشچان خوتۇنلار ئۇ، خۇددى تازىلىق قىلىشقىلا يارالغاندەك ئەتىدىن - كەچكىچە قولىدىن سۈپۈرگە بىلەن بىر قاچا ھاك چۈشمەيدىكەن. ئۆينى، ھويلىنى، كوچىنى سۈپۈرۈپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئاقارتىپ، قازان باشلىرىنى سۇۋاپلا يۈرىدىكەن. يەكشەنبە كۈنى تېخى ھويلىنىمۇ قولى بىلەن سۇۋاپ چىقىدىكەن. يائاللا، جان توشامدۇ ئۇنىڭغا، بولمىسا ئۆزلىرىمۇ سادىر سوققان جان بارمۇ، دەيدىكەن، دەپ تۇرۇپ يەنە قىلىدىكەن. شۇڭا ھېلىلىدەك قورۇلۇپ قاپتۇ. بىز چۈشكەن ئۆيدىكى ئايال قارىمۇتۇق، ئورۇق، جەينەكتەك ئايال ئىكەن، شۇنداق تۇرۇپ قولىدىن ھاك قاچىسى چۈشمەيدىكەن. بېگەن - ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك خوتۇنلارنى ناھايىتى ئاز كۆردۈم. ئەمما ئەرلىرى نوچىكەن، ئۆينىڭ قاتتىق - قۇرۇق ئىشلىرىنىمۇ قىلمايدىكەن. ياشلىرى ئويۇنچى، شوخ، چاقچاقچى ئىكەن. ئادەمگە سۆز تاشلاپ كۈلۈپ تۇرىدۇ ...

ماھىنۇر چاقچاق ئارىلاش دېدى:

— سىزنى ئېزىقتۇرۇپ كەتتىمۇ - يا؟

— ئاز قالدى. ھالاۋىدىن ئاكاڭ بولۇپ قالدى، بولمىسا بىر ئويىنىۋالغۇم بار ئىدى.

— ئارماندا قاپسىز - دە؟

— ئۇنى بىر دېمە ...

— تووۋا دەگە؟

— ئادەمنىڭ مەيلىنى قوزغاپ تۇرىدۇ دەيمەن.

ئىككىسى كۈلۈشتى.

ماھىنۇر قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇۋەتتى. كۈن ئولتۇ-

رۇپ كەتكەندى. ئارامبەخش، سالقىن شامال چىقىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەردىن شۇرلاپ كىرىپ كەلدى. بەختىخان كەتمەكچى بولۇپ قوزغالغانىدى، ماھىنۇر ئۇنى: تىلىگىزنى يارغۇدەك تاتلىق قوغۇن بار، يەپ كېتىڭ، دەپ توختىتىۋالدى. لەگمەن ئۇسسىتىدىغان تاماق. ئۇلار شېكەر كۆلنىڭ تېپىشى كۆكۈش قارامتۇل، ئىچى قىزغۇچ، گۆشلۈك قوغۇندىن ئۇسسۇلۇقى قانغۇچە يېيىشتى.

بەختىخان كەتكەندىن كېيىن، روزاخۇن بوۋايمۇ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئۆزىلا پاتقۇدەك ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئەكبەرجان دەرس ئوقۇيمەن، دەپ نېرىقى ياتاق ئۆيگە چىقتى. ماھىنۇر بىلەن سادىق ئىچكىرىنىڭ سودا ـ سېتىق ئەھۋاللىرىدىن پاراڭلاشقاچ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى.

تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ماھىنۇردا خۇددى ئىككى رومكا ئېسىل هاراق ئىچىۋالغان ئادەمدەك خۇش كەيپىلىك، نېمىدىندۇر راھەتلىنىش، زوقلىنىش ھېسى قوزغىلىشقا باشلىدى. چىرايلىق كۆزلىرى خۇمالىشىپ، نېپىز لەۋلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم ياندى. بىر چاغلاردا يىرگىنىشلىك تۇيۇلغان ھايات مانا ئەمدى ئۇنىڭغا بارغانسېرى گۈزەل، يېقىملىق، شېرىن تۇيۇلماقتا ۋە ئۇنىڭ قەلبىدە ئېچىنار ـ پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرىنى ياندۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئۆمرىدىن رازى ئىدى، زارىقىپ كۈتكەن، ئارزۇلىغان نەرسىلىرىنىڭ يۈز ئېچىپ تۇرۇشى شۇ تۇرقىدا گويا ئۇنى بەخت بۆشۈكىگە بۆلەپ سىلىق تەۋرىتىۋاتقاندەك ھۇزۇرلاندۇرماقتا ئىدى. ئادەم ئېسىل تىلەكلەر، گۈزەل ئارزۇلار ئىگىسى. لېكىن بۇ تىلەك، ئارزۇلارغا ئۇنىڭ يولىدا جان كۆيدۈرۈپ ھەرىكەت قىلغان ھەممە ئادەمنىڭ يېتىشى ناتايىن. ماھىنۇر ئويلىغان ئويلىرىغا، يېتىمەن دېگەن نىشانلىرىغا يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. شۈكۈر ـ قانائەتچان ئادەم ئۇچۇن مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ھۇزۇر، زوق ۋە خاتىرجەملىكنى ھېس قىلالايدۇ. دۇرۇس، ماھىنۇر بەزىدە مۆمىنجان ئىسىملىك ئادەمنى، بولۇپمۇ ئىسمائىلجاننى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يۈزمۇ يۈز ئېيتقان ۋە باشقىلار ئارقىلىق دېگۈزگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ

قالاتتى. بىراق، ئۇلارنى يادىغا ئېلىپ ئويلاپ قالسىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىدا زۆرۈر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلمايتتى.

سادىق ماھىنۇرنىڭ تۇرۇپلا پىچىرلىغاندەك قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرىنىڭ مىدىرلاپ كېتىشلىرىگە، قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىدىكى خۇمارلاشقان كۆزلىرىنىڭ يېرىم يۇمۇلۇپ قېلىشلىرىغا ۋە تېگى - تېگىدىن سۈزۈك يۈزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرىنىڭ چاقناپ كېتىشلىرىگە قاراپ - قاراپ قويىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى شۇ روھىي ھالەتلەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇ قويۇلۇۋاتقان كىنو تۈگەپ، ماھىنۇر تېلېۋىزورنى ئۆچۈرگەندە ئۆيىگە يېنىپ چىقتى، ئەكبەرجان ئىككىسى بىر ئۆيدە ياتاتتى. ئەكبەرجان تېخىچە دەرس ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ ئۆيگە ئىككى كارىۋات، ئىككى كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستەل، ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا يۆلۈنچۈكلۈك تۆت يۇمشاق ئورۇندۇق قويۇلغان. يەرگە يوغان بىر پارچە ئىران نۇسقىلىق گىلەم سېلىنغان. ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ تەرەپتە كىتاب جازىسى، سول تەرەپتە كىيىم ئاسقۇچ بولۇپ، تاملارغا چىرايلىق مەنزىرىلەر سىزىلغان رەسىملەر ئېسىلغان. ئىشىك - دېرىزىلەرگە ماھىنۇر ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكىگە ئوخشاش دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغانىدى.

— بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى كۆپ ئىكەن، مەن بۇ قېتىم بېيجىڭدا ئون كۈن تۇرۇپ قالدىم، — دېدى سادىق ئەكبەرجان بىلەن تاماكا چېكىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ. ئىككىسى سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. سادىقنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن ئەكبەرجاننىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆيۈنۈش ھېسسىياتى كۈچلۈك ئىدى، — مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ بىقىنىدىكى تار كوچىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاچقان ئاشخانىلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. تاماقنى دائىم دېگۈدەك شۇ يەردىن يېدىم، تامىقىمۇ ئەرزان ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارمۇ كىرىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ كەتتىم، بەزىلىرى بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالدىم.

— ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى ئەكبەرجان .

— مەن ئىككى ئىشىدىن تەسىرلىنىپ قالدىم : بىرى ، ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار بەك ئاددىي — ساددا يۈرىدىكەن . ئۈرۈمچىدىكىگە قارىغاندا يۈزلىرىنى بوياپ يۈرىدىغان قىزلار ئاز ئىكەن . يەنە بىرى ، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغانلارمۇ ئاز ئىكەن ، خەنزۇچىدىن باشقا ئىنگلىز ، ياپون تىللىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغانلارمۇ جىق ئىكەن .

— ھەر قىسما گەپلەرنى ئاڭلايمىزغۇ ؟

— ھەر قىسما ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ بارئىكەن . ئۇ تەرەپلەرنى ئويلىسا ئىچكىرىدە ئوقۇشقا قىزلارنى ئەۋەتمىسە بولىدىكەن ، دەپ قالىدۇ كىشى . بىر كۈنى كېچىدە مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى تونۇشۇپ قالغان باللارنىڭ ياتىقىدىن قايتتىم . مېنى ھەبىبۇللا دېگەن بالا ئۇزىتىپ چىقىۋاتاتتى . قارىسام گۈللۈكتە بىر قىز ياتىدۇ . « ئاۋۇ نېمە بولغان قىزدۇ ؟ » دېسەم ، ئۇ : « مەست بولۇپ ياتىقىغا چىقالماي يېتىپ قالغان قىز ، سودىگەرلەر ئويناپ — ئويناپ مەشەگە ئەكىلىپ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ » دېدى . مۇنداقمۇ قىزلار بارئىكەن . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، سودىگەرلەرنىڭ ، چەتئەللىكلەرنىڭ پۇلىنى خەجلەپ ، كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرىدىغان قىزلار خېلىلا بار ئىكەن . مەنمۇ چەتئەللىكلەر بىلەن ئاشخانىلاردا بىللە تاماق يەۋاتقان ، كوچىلاردا يۈرگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى كۆردۈم . تېخى بەزى قىزلاردىن : « ئاپام كەپتىكەن » ، « دادام كەپتىكەن » ، « ئاكام كەپتىكەن ، پالانچى مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ » دەپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىپ ، ئاشۇنداق ئوينىتىدىغانلارنىڭ ياتاقلىرىدا قونۇپ كېلىدىغانلارمۇ بار .

ئىككىسى يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى . سادىق تاماكا چېكىشنى تېخى يېڭىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى . شۇڭا قاتتىق شوراۋېتىپ يۆتىلىپ كەتتى . ئەكبەرجان ھەم ئازابلىنىپ ، ھەم غەزەپلىنىپ بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى . ئېغىز — بۇرنىدىن كۆكۈچ ئىس توختىماي چىقماقتا ئىدى .

— ئۈرۈمچىدىمۇ مۇنداق ئىشلار ئېغىر ، — دېدى ئەكبەرجان

بېشىنى كۆتۈرۈپ، ــ مەشەدىكىگە ئاساسەن ئوخشايدىكەن. هازىر ئو- قۇغۇچىلار ئىچىدە ئادەم قورقۇدەك ئىشلار نۇرغۇن.

ــ مەن هەيران، مەكتەپلەر نېمشقا چىلىق تۇتمايدىغاندۇ، چىلىق تۇتىمەن دېسە كۈچى يەتمەي قالامدۇ ؟!

ــ مەنمۇ هەيران، بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مۇنداق ئىشلار يوق ئىكەن، هازىر ئەۋج ئېلىپ كەتتى. يەنە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۇ- چىلەرمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. مەكتەپلەر ئەستايىدىللىق بىلەن چىلىق تۇتمايۋاتامدۇ ياكى چىلىق تۇتسىمۇ، ئاشۇنداق ئوقۇغۇچىلار بوي بەرمەيۋا- تامدۇ، هېچ بىلەلمىدىم. بولمىسا بۇ ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئىلغار، جۇشقۇن، ئىلىم ــ پەنگە بېرىلگەن ئوقۇغۇ- چىلارنىڭ مەكتەپكە، قانۇن ئورۇنلىرىغا سوئالى كۆپ.

ئەكبەرجان بىلەن سادىق كۆرگەن ــ بىلگەنلىرى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئىككىسى بىللە بولسىلا گېپى تۈگىمەيتتى، زېرىكمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قېلىشاتتى.

ــ يەنە ئىچكىرىگە ماڭامسەن ؟

ــ ئىككى ــ ئۈچ كۈندىن كېيىن ماڭىمەن. ماھنۇر ئاچام بالدۇرراق قىشلىق كىيىم ــ كېچەكلەرنى ئېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى، دەۋاتىدۇ.

سىرتتىن ماھنۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ئەكبەرجان، تېخىچە ياتماپسىلەرغۇ، يېتىڭلار ئەمدى، ئەتىگەنلىكتە قوپالماي قالىسىلەر.

شۇ چاغدىلا ئۇلار سائەتنىڭ ئون ئىككىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ــ دە، ئالدىراپ يېشىنىپ، ئېلېكترنى ئۆچۈرۈپ ياتتى. بىراق، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭنى بېسالمىدى.

# 36

گۇاڭجۇنىڭ سەنيۇەنلى كوچىسىغا كېلىپ قالغان ئادەم ئۆزىنى خۇددى ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە قاتار كەتكەن ئۇيغۇر ئاشپۇزۇللىرى، ئاشپۇزۇللاردا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك تېپىلىدۇ. ئاشپۇزۇللاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان: « ياغ يەپ يالىڭاچ يات »، « بەررى كاۋاپ »، « ئەركەك قويىنىڭ شورپىسى ماۋۇ، ئاغزىڭغا تېتىمىسا پۇل بەرمە ئاغىنە باللا » دېگەن ۋارقىراشلار قۇلاقنى يارىدۇ. بۇ يەردە يۈرگەن ئادەملەر ئىچىدە ئاندا ـ ساندا چوڭ ياشلىقلار بولمىسا، قالغانلىرى ياش سودىگەر يىگىتلەر. ئۇلارنىڭ يېتىۋاتقان ياتاقلىرىمۇ مەشەدە. ئارىلاپ ياش ئاياللارمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. ئۇلار سودا ـ سېتىق ئىشى بىلەن كەلگەنمۇ ياكى كۆڭۈل ئۇۋلاپ كەلگەنمۇ، سىرتتىن قارىغان كىشى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

ئاشپۇزۇللارنىڭ بىرىدىن چۈشلۈك تاماقنى يەپ چىققان سادىق يېنىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ـ دە، سىم تاناپ تۈۋرۈكىگە مۈرىسى بىلەن يۆلىنىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تۇردى. ئۇچىسىدا تۆمۈررەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا بولۇپ، بېشى يالاڭۋاش ئىدى. ئۇنىڭ گۇاڭجۇغا كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولغان. بەش كۈن بازار ئارىلاپ ياختىلىق ـــ غاز پېيى چاپاندىن بەش يۈزنى ئالغان. ئۇنى تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە پويىز بىلەن ماڭغۇزۇۋەتكەنىدى. بۈگۈن بېيجىڭدا ئاياللارنىڭ قىشلىق، تىزغا كەلگۈدەك پوپايكىسىنى باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتقۇدەك، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ خەۋەرنىمۇ ئىككى سودىگەرنىڭ ئۆز ئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىدىن ئۇقۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتە بېيجىڭغا ماڭماقچى بولدى. ئەمما بۇ خەۋەرنى ئۇ باشقا ھېچ كىشىگە تىنمىدى. سادىقنىڭ ئورۇنلاشقان مېھمانخانىسى سەنيۇەنلىدە ئەمەس، بىراق ئۇ بىكار بولۇپ قالسىلا مەشەگە كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، مەشەدە تۇرسىلا ئۆزىنى ئۈرۈمچىدە تۇرغاندەك، ئۈرۈمچى ئاشپۇزۇللىرىدىن تاماق يەپ چىققاندەك سېزىدۇ. تۇرۇۋاتقان ياتىقىنىڭ يىراقلىقىمۇ بىلىنمەيدۇ.

ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا ئۆزىدىن ئەللىك ـ ئاتمىش مېتىر نېرىراقتا، پەسكە چۈشۈپ كېتىدىغان تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ياتقان بىرسىگە چۈشۈپ قالدى. كۈپكۈندۈزدە، ئوچۇقچىلىقتا ئۇنىڭ سوزايلىنىپ ياتقىنى نېمىسى، مەستمىدۇ ـ يا؟... ئۆزىدە غەلىتە ھېسلار قوزغالغان سادىق بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى قارا قاشلىق، چىرايلىق بالا بولۇپ، يۈزىنىڭ بەزى يەرلىرى كۆكىرىپ، بەزى يەرلىرى تاتىرىپ، مەڭزىلىرى ئۆرۈپ چاپلىشىۋەتكەندەك ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئېغىزىنىڭ ئەتراپىغا ئەخلەت ـ چاۋالار چاپلىشىپ قاپتۇ. ئارىلاپ مىدىرلاپ قويىدۇ، بوش ئىڭىرايدۇ، لەۋلىرى ئاقىرىپ گەز باغلاپ كەتكەن، «نېمە بولغاندۇ، بولۇشىغا ئىچكەنمىدۇ، نېمانچىلا ئاجىز بالىدۇ... يا بىرەر ئاغرىقى بولۇپ، قاتتىق تۇتۇپ، ھوشىدىن كېتىپ قالغانمىدۇ؟ — سادىق ھەرخىل ئەندىشىلىك ئويلارغا بېرىلدى، — بىرەر تونۇش ـ بىلىش، ئەل ـ ئاغىنىسى يوقمىكىنا، شۇنداقمۇ تاشلىۋەتكەن بارمۇ؟» قىزىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىتىگە بىرەر ئادەمنىڭ دىققىتى بۆلۈنمەيتتى، بىرەر ئادەمنىڭ ئىچىمۇ ئاغرىمايتتى، ھېچكىمنىڭ كارىمۇ بولمايتتى. ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكۈچىلەر بۇ يەردە خۇددى بىر ئېتىبارسىز نەرسە ياتقاندەك قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئىچىدە سۆزلەپ قويغانلارمۇ چىقتى. بىرسى:

— بۇگۈن بېشىنى يەرگە گۈرسۈلدىتىپ ئۇرغۇدەكمۇ ھالى قالماپتۇ ـ دە، — دېسە، يەنە بىرى:

— ئۆزىنى ئۆزى يوقاتقان نەرسە بۇ، — دەيتتى.

ئۈچىنچى بىرى:

— بىر بۇرام چەككۈزۈپ قويسا، ھېلى ھوشىغا كېلىپ قالاتتى، — دېسە، تۆتىنچىسى:

— بەرىبىر ئۆلگەن نەرسە بۇ، — دەيتتى.

«ھە، ئاق تاماكا چېكىپ، مۇشۇ ھالغا كېلىپ قاپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى سادىق ياقىسىنى تۇتۇپ، — كىشىلەرنىڭ ئاق تاماكا

چەكنكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنىنى ئاڭ-
لىۋىدىم، بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئادەم دېگەن بىر قارىساڭ
ناھايىتى ئۇلۇغ نەرسە ئىكەن، بىر قارىساڭ سۈپۈرۈندى ــ ئەخلەت ئى-
كەن. بايىقى ئادەمنىڭ گېپى توغرا، گەرچە ئۇ مىدىرلاپ تۇرسىمۇ،
بەرىبىر ئۆلۈپتۇ.»

سادىق ئۇ يەردىن شۇ ئوي ــ خىيال بىلەن ياتىغان بولسىمۇ، لېكىن
يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

ئۇ كۆڭلىگە ئارام ئىزدەپ ئاشپۇزۇللارنىڭ ئۇدۇلىدىكى باغچىغا
كىردى. ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىنى ئاستا تاشلاپ باغچىنى ئايلاندى. ئون
ئىككى ــ ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرگەن ئىككى
بالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ كىچىك باغچا پۈتۈنلەي ئادەمسىز، جىمجىت
ئىدى. ئۇ كوچا ۋاڭ ــ چۇڭلىرىدىن نېرىراق بولۇش ئۈچۈن، ئالتە قىر-
لىق كۆك خىش يېيىلغان تار يولنى بېسىپ، باغچىنىڭ ئەڭ چېتىگە
باردى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دەل ــ دەرەخلەرنىڭ قويۇقلۇقىدىن بۇ
يەرلەرگە ئالىقانچىلىكمۇ ئاپتاپ چۈشمەيتتى. باغچا سالقىن، ئازادە ئىدى.
سادىقنىڭ ھەيران قالغىنى شۇنداق تىنچ باغچىدا بىرەر قۇشنىڭ ئاۋازىمۇ
ئاڭلانمايتتى.

سادىق بىردىنلا قەدىمىنى توختاتتى. تار يولنىڭ چېتىدىكى ئىككى
كىشىلىك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىر ئايال ياتاتتى. شۇنداق جىمجىت،
ئادەمسىز باغچىدا، باغچىنىڭ كوچىغا يىراق ئەڭ چېتىدە، قويۇق دەل ــ
دەرەخلەر ئاستىدا بىر ئايالنىڭ تۇگۇلۇپ يېتىشى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلۇپ
كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— كەل، ئولتۇر، ئادەم قورققۇدەك مەن بۆجى ئەمەس، — دېدى
تۇگۇلۇپ ياتقان ئايال تۇيۇقسىزلا ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، —
ئەتىگەندىن بۇيان بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمىدى. بىرىنچى بولۇپ كەلگەن
ئادەم سەن، كۆڭلۈڭ تارتىپ قاپتۇ ــ ھە؟

كەينىمگە ياناىمۇ، ماڭىۋېرەيمۇ، دەپ ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇپ
قالغان سادىق ئاخىر ئۇنىڭ يېنىدىكى يالغۇز كىشىلىك ئورۇندۇقتا ئول-

تۇردى . ئۇ چوڭ ئايال ئەمەس ئىكەن ، ناھايىتى يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلاردا باردەك قىلاتتى . بىراق چاچلىرى چىگىشلىنىپ پاخپاق بولۇپ قالغان ، تېگى ـ تېگىدىن سېرىق يۈزى مەينەتلىشىپ ، خۇنۇك كۆزىنىڭ ئەتراپى كۆكىرىپ كەتكەن ، قاش ـ كىرپىكلىرىنىڭ تايىنى يوق ، قېلىن كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ ، قىزغۇچ كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ كېتىپتۇ .

ــــ خەقنىڭ يانچۇقىغا قول سالاي ، دېسە ، تۇتۇۋالىدىكەن ، ــــ ئۇ ئۆزىچىلا سادىققا قاراپمۇ قويماي سۆزلەپ كەتتى ، ــــ يا بىرەر ـ يېرىم ئەر يېقىنلاشمايدۇ ، چىراي مۇھىم ئىكەن ، چىرايىڭ تۈزۈك بولمىسا ئۆلگىنىڭ شۇ ئىكەن ، ھېچكىم قارىمايدىكەن ، ــــ ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، ــــ يۇرتتىن ئۈچەيلەن چىققان ، ئىككى جالاپ چىرايلىق ئىدى ، ئىككى سودىگەر بالا ئويىنىتىپ كېلىمىز ، دەپ ئەكەتكەن ، قەيەرلەردە خوتۇن قىلىپ يۈرىدىكىن ، مانا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى ، تېخىچە يوق . خۇدايىم ،اڭا چىراي بېرىشنى ئاياپ كېتىپتىكەن ، دەردىنى تارتىۋاتىمەن .

سادىق بۇ ئايال ئىلىشىپ قالغانمىدۇ ، ئۆزىنى بىلەمدىغاندۇ ـ بىلەمدىغاندۇ ، نېمانداق ھېيىقماي رەسۋا گەپلەرنى قىلىدىغاندۇ ، ئەرلەرگە دەيدىغان گەپمۇ ئۇ ؟ ــــ دەپ ئويلاپ قالدى .

ــــ يۇرتتىن قاچان چىققان ؟

ــــ بىر ئاي بولاي دېدى .

ــــ ئۈچۈڭلار نېمە ئىش قىلىمىز ، دەپ چىققان ؟

ــــ نېمە ئىش قىلىمىز دەپ چىقاتتۇق ، بىر ياقتىن سودىگەرچىلىك قىلىمىز ، يەنە بىر ياقتىن ئوينايمىز ، دەپ . . .

ــــ سودىگەرچىلىك قىلىمدىڭلارمۇ ، سىلەردەك ئاياللاردىن سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەر كۆپ ئىكەنغۇ ؟

ــــ ما غوجامنىڭ گېپىنى . . . سودىگەرچىلىك دېگەنگە مونەك ـ مونەك پۇل بولمىسا بولمىدىكەن ، كىچىككىنە پۇلىمىز نىكەم تۈگەپ كەتكىلى . ئىككى ھەمراھىم تېخىچە يوق ، بۇ باغنى مۇساپىرلارنىڭ يايلىقى

ئىكەن، دەپ يۇرتتا ئۇچمە سايىسىدە ياتقاندەك ياتتىم. تۇنۇگۇندىن بۇيان ئاغزىمغا بىر چىشلەم نان سالمىدىم.

سادىق ھەم نەپرەتلىنىش، ھەم ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى بىلەن يېنىدىن ئون سومنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— مەڭ، تاماق يەپ كىرىڭ.

ئۇ ئون سومنى ئالدى - دە، يانچۇقىغا سالدى. ئېرىق قىرىدا ئولتۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى. ئاندىن سادىققا بىر قاراپ قويۇپ سىرتقا ئىتتىك ماڭدى.

سادىق تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. باغچىغا بىرەر ئادەم كىرگەندەكمۇ ئەمەس، ئەتراپ جىمجىت، يېنىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ، سەرەڭگە چېقىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. خەيرىيەت، تاماكىمۇ چېكىلىپ بولدى. ئۇ ئەمدى باغچىدىن چىقىپ كېتەي، دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ بايىقى ھالىتىگە قارىغاندا روھلىنىپ قالغاندى. سادىق ئۇنىڭ تېز يېنىپ كىرگىنىگە قاراپ، تاماق يېمەي كىردىمۇ نېمە، دەپ ئويلىۋىدى، ياق، كالپۇكلىرى مايلىشىپ قاپتۇ.

— خوش، مەرد يىگىت، قورساق تويدى، ئەمدى ئوينىمامدۇق؟ — دېدى ئۇ سادىقنىڭ يېنىغا كېلىپ.

سادىق مىيىقىدا كۈلدى:

— نەدە ئوينايمىز؟

— ئېسىل ياتاقتىن بىرنى ئالسەن، شۇ يەردە ئوينىساقمۇ بولىدۇ، مەشەدە ئوينىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ.

— خەق كىرىپ تۇرىدىغان يەر بۇ...

— خەق بىلەن نېمە چاتىقىمىز، ھەممىدىن كۆڭۈل ئەلا، ئېتىزلىقتىكى ئۇچمە سايىسىدە ئوينىغاندەك ئوينايمىز.

سادىقنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى. يېنىدىلا تۇرغان بۇ ئايال ئۆزىگە ئېسىلىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

— قورساقلىرى تويغان بولسا، شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ ئۇچمە

سايىسىدە ياتىۋەرسىلە، — ئۇ شۇنداق دېدى — دە، قەدەملىرىنى تېز — تېز ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئۇنى يېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىمىغان، شۇڭا ئۆز — ئۆزىگە غودۇڭشىپ كەينىدىن قاراپ قالدى:

— بىكارغا پۇل خەجلەيدىغان ئەخمەق نېمە ئىكەنا بۇ...

سادىق باغچىدىن چىقىپ ئۇدۇل بازارغا كەتتى. كىيىم — كېچەك ساتىدىغان دۇكان — ماگىزىنلارنى ئارىلاپ ئۇزاق يول ماڭدى. كۆپرەك شەخسلەرنىڭ توپ سېتىش پونكىتلىرىغا باردى. يازلىق كىيىم — كېچەكلەرنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «پۇل كۆپرەك بولسا، ئېلىپ قويۇش كېرەك ئىدى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

سادىق بىرىنچى قېتىم بۇياققا ماڭىدىغان چاغدا، ماھىنۇر ئۇنىڭغا: «باشقا سودىگەرلەرنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلا، ئەمما ھەممىسىگە ئىشىنىپ كەتمە، ماللارنى ھەرگىز باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ ئالما، ئۆزۈڭ كۆرۈپ، ياخشى تەكشۈرۈپ، ئۆزۈڭ دىتلاپ ئال، يېتىشەلمىسەڭ ئادەم ياللا» دېگەنىدى. ئۇ ھازىرغىچە مۇنداق چوڭ شەھەرلەرگە ئىككى قېتىم كەلدى، ئۈچ قېتىم مال ئەۋەتتى، مۇشۇ جەرياندىكى ئىشلارنى ماھىنۇرنىڭ تاپىلىغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ بېجىردى. ئۆزى كۆرۈپ، ئۆزى دىتلاپ ئېلىپ ئەۋەتكەن ماللار بازارلىقى بار، ئىتتىك ئۆتىدىغان ماللار بولدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن رازى بولۇپ، پەم — پاراستى، دىتىغا ئاپىرىن ئوقۇغان. سادىق ھازىر مال ئېلىشتا ئۇنىڭ ئەرزان — قىممەتلىكىنى ئاساس قىلماي، خېرىدارلارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

سادىق كەچلىك تاماق ئۈچۈن سەنيۈەنلىگە يەنە كەلدى. ئاشپۇزۇللارنىڭ بىرىگە كىرىپ ئوخشىغان لەڭمەندىن بىر تەخسە يەپ چىقىپ، كوچىنىڭ چېتىدە تاماكا چېكىپ تۇردى. سادىقنىڭ كۆڭلى كوچىدا سۇس ئىگراپ يېتىپ قالغان ھېلىقى بالىدا ئىدى. بىراق ئۇ ئورنىدا يوق ئىدى. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟... كىشىلەرنىڭ بايىقى گەپ — سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇنى ئەلۋەتتە ھېچكىم ئويلىمايتتى. ئۇ كىمنىڭدۇر ئەزىز بالىسى

بولغىيدى، مانا ئەمدى ئاق تاماكا ئۇنى شۇنچىلىك ئىچىنىشلىق خار بەنددىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

سەنيۇەنلى كوچىسى كەچقۇرۇنلۇقى بەك قىزىپ كېتەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ياتىدىغان يېرى، يەيدىغان تامىقى مەشەدە بولغاچقا، سودا ـ سېتىق ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا كەتكەنلەر كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ كېلىشەتتى ۋە كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈچ ـ تۆتتىن بولۇشۇپ پاراڭلىشاتتى، چاقچاقلىشاتتى، كۈلۈشەتتى. بۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، پۇلىنى خەجلەپ ئۆگىنىپ كەتكەن قىزلار كەچقۇرۇنلۇقى نەدىندۇر پەيتىپ كېلىشەتتى. سودىگەر باللارنىڭ بۇ گۇاڭجۇلۇق قىزلار بىلەن جەنۇبىي جۇڭگو شېۋىسىدە دودۇقلىماي، راۋان سۆزلىشىپ كېتىشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. قويۇۋەتكەن قاپقارا، پارقىراق چاچلىق، ئاجايىپ ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىك، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، كىيىملىرىدىن خۇش پۇراقلار چېچىلىۋاتقان بۇ چىرايلىق نازىنىن قىزلار ئويناپ گەپ قىلىشلىرى، نازلىق قىلىقلىرى بىلەن شوخ باللارنى ئاخىر ئۇندەككە كەلتۈرۈپ، نەلەرگىدۇر بىردىن ـ ئىككىدىن ئېلىپ كېتەتتى. تۇرغۇنلىغان ياش سودىگەرلەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتالماسلىقىنىڭ بىر سەۋەبى مۇشۇ ئىدى.

سەنيۇەنلىدە بولۇۋاتقان ئالامەتلەرگە قاراپ تۇرغان سادىققا بىر ئىش غەلىتە تۇيۇلدى: بۇ يەردە يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئاندا ـ ساندا ياش ئۇيغۇر ئاياللىرى بولسىمۇ، ئۇلارغا مۇنۇ سودىگەر باللار ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى. بۇ يەردىكى بايىقىدەك قىزلار بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سادىقنىمۇ تىنچ قويغىنى يوق. ھېلى بىر قىز، سىزگە ياتاق كېرەكمۇ؟ دەپ كەلسە، ھېلى بىرى، سىزگە گۈللۈك پوپايكا كېرەكمۇ؟ دەپ كېلەتتى. ئۇ ھەئە، كېرەك، دەپ قويسا ئۆزىنى قەيەرگە باشلاپ بارىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان. سادىق تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاخىر ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىغا قايتتى. ئۇ يول بويى ئۆزى چۈشىنىپ يەتكەن بىر ئىشنى ئويلاپ ماڭدى. ئۇ يەرلەردىن ئۇ دوست تاپمىغان بولسىمۇ، تونۇش تاپقان. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ھەم ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن

قارىغاندا، ئوقەتكە كىرىشكەن ئادەم ئاق تاماكىغا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بې-رىلمىسە روناق تاپىدىغان، بېرىلسە رودۇلشىدىكەن، ھەتتا ئاخىر بېرىپ ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدىكەن. دېمەك ياخشى ئىش سېنى كۆكلىتىدۇ، يامان ئىش قورىتىدۇ.

سادىق مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەتە بېيجىڭغا ماڭىدۇ، بالدۇرراق يېتىپ ئۇخلاش كېرەك. ئۇ بىر ئىستاكان چاي ئىچتى ـ دە، ياتتى. بىراق ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر يىتىم بالا تۇرۇپ، باللىقتىكى بەزى ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يىگىتلىك قۇرامىغا قىقلماي ـ سوقۇلماي يەتكەنلىكتىن ۋە مانا ئەمدى شەھەرمۇ شەھەر كې-زىپ يۈرۈشتىن پەيدا بولغان مەمنۇنلۇق، ئىپتىخار جۇش ئۇرۇپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئادەم ئۆزىنى بىلگەندە، ئۆتكەن كۈنلىرىنى، بۇ-گۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان جەريانلارنى ئويلاپ ئەسكە ئالىدۇ، بۇ جەريان قايغۇلۇق بولسا يىغلايدۇ، كۆڭۈللۈك بولسا كۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتكەن نەرسە مۇشۇ ئىدى. «مەن كىم ئىدىم؟ — دەپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى سادىق باللىق چاغلىرىنى ئەسلەپ، — ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالدىدا ئوچاقلارغا ئوت قالاپ، چىنە ـ قاچىلارنى يىغىپ يۈرگەن، جۇل ـ جۇل كىيىملىك، مەينەتچىلىككە پېتىپ قالغان، كىشىلەر يىرگىنىدىغان، سەۋەبسىزلا سىلكىش، تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچراپ تۇرىدىغان، ساماندەك سارغايغان سەرگەردان بالا ئىدىم. ماھنۇر ئاچامغا ئۇچراپ قالغىنىمدىن باشلاپ، ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىمنى، مېنىڭمۇ قولۇمدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلىشكە باشلىدىم. ئۇ ماڭا ئىشەندى ۋە مېنى تەر-بىيىلىدى، يول كۆرسەتتى، كۆيۈندى، ئادەم قىلدى. قىلىۋاتقان ئىشىمدىن ئوشۇقراق ھەق بېرىپ تۇردى. ماڭا قىلغان مىننەتسىز ئىقتىسا-دىي ياردەملىرى نۇرغۇن. ھازىر ماڭا بەش يۈز سوم مائاش، ئۈچ ۋاخلىق تاماق بېرىدۇ، ئۆيىدە ھەقسىز تورىمەن. دەرۋازىدا كەچكىچە ئۇگدەپ ئولتۇرىدىغان روزاخۇن بوۋايغىمۇ، تامىقىدىن باشقا ئۈچ يۈز سوم بېرىدۇ. ھەرقانچە قولى كەڭ، يېتىملارغا كۆيۈملۈك ئادەم بولسا بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس. تېخى بىرگە ھېيت ـ بايراملاردا ئىپسىل كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ

قويىدۇ. تېخى يەنە: سودا بىلەن يەنە بىر ـ ئىككى يىل شۇغۇللانساڭ چەت ئەللەرگىمۇ چىقىرىمەن، دەۋاتىدۇ. ھېلىقى سەرگەردان بالىدىن ھازىر مەن كۆڭنگە نەچچە مىڭ سوملۇق سودىلارنى بىمالال، ئىشەنچلىك قىلالايدىغان ئادەمگە ئايلاندىم. مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن ماھنۇر ئاچام ئەمەسمۇ!»

سادىق ھاياجانلىنىپ يۈرەكلىرى ئۆرۈپ كەتتى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى ۋە تاماكا تۇتاشتۇردى. تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ ئولتۇرۇپ كاللىسىغا باشقىچە خىيال كېلىپ قالدى: «بېشىمنى ئوڭلايدىغان مەزگىلمۇ كېلىۋاتىدۇ. خۇدايىم پېشانەمگە قانداقراق قىزنى يازغاندۇ؟... ماھنۇر ئاچامدەك ھەم مېھرىبان، ھەم ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىزنى يازغان بولسا مۇرادىم ھاسىل بولغان بولاتتى. بىراق ئۇنى ئالدىن كىم بىلىپتۇ. مېھرىبان ئادەمنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى، ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ مېھرىبان بولۇشى ناتايىن ئىكەن. ئىككىسىنىڭ بىللە كەلمىكى تەس. ئەمما ماھنۇر ئاچام ھەم مېھرىبان، ھەم ئەخلاقلىق. بىلىمەن، ئاشۇنداق پۇل تاپقان ئاياللاردىن پۇلى ـ بايلىقى تىنچ قويمايۋاتقانلار، پۇلى بىلەن بىزدەك ياش باللارنى ئۆگىنتىۋېلىپ ئويناپ يۈرگەنلەر، تېخى ئېرى تۇرۇقلۇق كۆڭۈل ئوۋلاپ مايماق دەسسەپ يۈرگەنلەر بار. ماھنۇر ئاچام ئۇنداق ئىشلاردىن خالىي. دۇكانغا كېلىپ سۆز تاشلاپ سۆركىلىپ يۈرگەنلەرگە، سەيلە ـ ساياھەتكە تەكلىپ قىلغانلارغا، خۇشامەت قىلىپ ئويۇن ـ تانسىلارنىڭ بېلەتلىرىنى ئەكەلگەنلەرگە قىيا كۆزىنى سالمايدۇ، بىرىلمەيدۇ، تەۋرەنمەيدۇ. شۇڭا ئەتراپتىكىلەر: ئاچاڭ قالتىس ئېسىل، چىڭ چوكان جۇمۇ، دېيىشىدۇ. بىچارىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. بۇرۇن بىر ئەردىن چىقىپتىكەن، ئىككىنچى ئېرىدىنمۇ بەختلىك بولالمىدى. خۇدايىم مېنىڭ پېشانەمگە ماھنۇر ئاچامدەك بىرەر قىزنى يازغان بولسا ـ ھە...»

ئۇ كۆكسىنى كۆتۈرۈپ دەم ئالدى ـ دە، كۈلۈمسىرىدى. كۆزلىرى شېرىن خىيال، ئارزۇ ـ ئۈمىدتىن چاقناپ كەتتى.

※ ※ ※

سادىقنىڭ يېپىگىغا كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولدى . ئۇنىڭ گۈاڭ-جۇدا ئاڭلىغان خەۋىرى راست ئىكەن . ئاياللارنىڭ قىشلىق ئۇزۇن پوپايىكىسىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋاتقانىكەن . ئۇ ئۇنىڭدىن ئىك-كىلەنمەي مىڭ دانە ئالدى ـ دە ، تۇنۇگۈن ئۇرۇمچىگە ماڭدۇرۇۋەتتى . ئەمدى ئۆزى يېنىدا قالغان پۇلغا مۇۋاپىق مال ئېلىپ قايتماقچى .

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ۋاڭ فۇجىڭ كوچىسىنى ئايلىنىپ مال كۆردى . لېكىن دىتىغا يارىغۇدەك مال ئۇچرىمىدى . مالغۇ كۆپ ئىكەن ، ئەمما باھاسى ئۆرە ئىكەن ، سوپىستىگە قاراپ ئالغان بىلەن پايدا قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ . شۇڭا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قايتتى . ئۇ چۈشلۈك تامىقىنى گەنجياكۇدىكى ئۇيغۇر ئاشپۇزۇلىدىن يېمەكچى ئىدى . ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ گەنجياكۇ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى . كوچىنىڭ بۇرۇلۇش ئېغىزىغا كەلگەندە ، ئۆتكەنكى قېتىم كەلگىنىدە تونۇشۇپ قالغان قىزغا ئۇچراپ قالدى .

ـــ ھوي ، نۇرگۈل . . .

ـــ سادىق . . .

ھەر ئىككىسى مېڭىشتىن توختاپ قالدى ـ دە ، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنلىق بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىپ كەتتى :

ـــ قانداق ئەھۋالىڭىز ؟

ـــ ئۆزىڭىزنىڭچۇ ؟

ـــ پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن دەۋاتاتتىڭىز . . .

ـــ مەن كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى .

ـــ مېنى نېمىشقا ئىزدىمىدىڭىز ؟

ـــ ئىشلىرىمنى تۈگەتتىم ، ئەمدى ئىزدىمەكچى بولۇپ تۇراتتىم ، ئالدىمغىلا چىقىپ قالدىڭىز .

ـــ بىلگەندەك بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى قاراڭ .

ئوچۇق ـ يورۇق ، سەممىي گەپلەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياتسىراش ـ قورۇنۇشلارنى كۆتۈرۈۋەتتى . ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنى قەدى-

ناس دوستلاردەك سىزنىشتى .
— بۇ كوچىغا مىڭىپسىزغۇ ؟
— مەكتەپنىڭ تامقى تېتىمايدۇ ، — دېدى نۇرگۈل راست گەپنى قىلىپ ، — لەگمەن يەي دەپ ماڭغان . مۇشۇ كوچىغا كىرسەم ئۆزۈمنى قەشقەرنىڭ ئۆستەڭ بويى كوچىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن .
— ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى ئوخشاش ئىكەن ، مەنمۇ لەگمەن يەي دەپ كەلگەن ، يۈرۈڭ بىللە يەيلى .
نۇرگۈل كىم ؟ سادىق ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغان ؟
ئىككىسىنىڭ تونۇشۇپ قېلىشىغا مۇنۇ ئىش سەۋەب بولغان : سادىق بىرىنچى قېتىم بېيجىڭغا كېلىپ ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر ئاشخانىسىدىن تاماق يەپ كېلەي ، دەپ كېتىپ باراتتى . ئالدىدا بىر قىزنىڭ قولىدا چامادان ، يەنە بىر قولىدا يوغان بىر يىزىت سومكا كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئۇ دەممۇ دەم توختايتتى ۋە قولىدىكى چامادان بىلەن سومكىنى ئالماشتۇراتتى . سادىق ئۇنىڭ ھېرىپ قىينىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى . قىز سادىققا بىر قاراپ قويۇپ مېڭىۋەردى .
— ئەكېلىڭ ، چامادانىڭىزنى مەن كۆتۈرۈۋالاي ، ئېغىر ئوخشايدۇ ، — دېدى سادىق قولىنى سۇنۇپ .
— رەھمەت ، ئېغىر ئەمەس .
— تەرلەپ كېتىپسىز . . .
— تەرلىسەممۇ ئۆزۈم كۆتۈرەلەيمەن .
— قورقماڭ ، مەن يامان ئادەم ئەمەس ، قىينىلىپ قاپسىز ، ئاپىرىشىپ بېرەي دەۋاتىمەن ، ئوقۇغۇچى ئوخشايسىز ؟
ئۇ توختاپ قايىقنى تۇرگىنىچە ئۇنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قاراپ كەتتى . بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ قارا قومچاق يۈزىدىن ، ئويناق قارا كۆزىدىن راستچىللىق ، سەممىيلىك ئىپادىلىنىپ ، قۇۋلۇق ـ ھىيلىگەرلىكتىن بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى .

— ھەئە، مەن ئوقۇغۇچى، مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن، — قىزنىڭ چىرايى ئېچىلدى، — تەتىلدىن يېنىشىم.
— مەنمۇ شۇنداقمىكىن، دەپ ئويلىغان.
— سىز كىم بولىسىز؟
— ئېتىم سادىق.
— نېمە ئىش قىلىسىز؟
— سودىگەرچىلىك قىلىمەن.
— مەنمۇ سىزنى كىيىم - كېچەكلىرىڭىزگە قاراپ سودىگەرمىكىن، دەپ ئويلىغان، — سادىق كاستۇم - بۇرۇلكىلىق ئىدى، گالستۇك تاقىمىغان، — مۇشۇ يېيجىڭدا سودىگەرچىلىك قىلامسىز؟
— ياق، ئۈرۈمچىدە، مال ئەكەلگىلى كەلگەن. بۇ مېنىڭ يېيجىڭغا بىرىنچى قېتىم كېلىشىم.
— بوپتۇ ئەمىسە، چامادانىمنى كۆتۈرۈۋېلىڭ.
— سىنىڭىزدىن ئارانلا ئۆتتۇمغۇ دەيمەن، — سادىق كۈلدى، ئۇ قىزمۇ كۈلۈمسىرىدى.
— مەنمۇ سوراپ باقاي، — دېدى سادىق ئىككىسى قاتارلىشىپ كېتىپ بارغاندا، — ئېتىڭىز نېمە؟
— نۇرگۈل.
— ئوقۇشقا قاچان كەلگەن؟
— بۇلتۇر.
— يەنە تۆت يىل ئوقۇيدىكەنسىز - دە؟
— ئوقۇشقا كىرمەكنىڭ تەسلىكىدە يەنە ئون يىل بولسىمۇ ئوقۇيمەن، دەڭە.
ئىككىسى گەپ بىلەن بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. نۇرگۈل رەھمەت ئېيتىپ، سادىقنىڭ قولىدىن چامادانىنى ئېلىشقا تەمشىلىپ قولىنى سۇنۇۋىدى، ئۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى:
— ياتىقىڭىزنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ بېرەي، رەھمىتىڭىزنى پۇ-

تۆنرەك ئالاي.

— سىزگە پۈتۈن رەھمەت، — دېدى نۇرگۈل كۈلۈپ، — تازىمۇ ئاۋارە قىلدىم، كېلىپ تۇرۇڭ، ياتقىمنىمۇ كۆرۈۋالدىڭىزغۇ.

— كېلىمەن.

— قاچان كېلىسىز؟

— مەن پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن. تونۇش بولۇپ قالدۇق، ھەر كەلگەندە ئىزدەيمەن، خوش، — سادىق شۇنداق دېدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا ماڭدى، كەينىگە قاراپمۇ قويمىدى.

نۇرگۈل ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى ۋە ئىچىدە ئەجەب كۆزى چىرايلىق بالا ئىكەنا، دەپ ئويلىدى.

سادىق بىلەن نۇرگۈلنىڭ گەنجياكۇ كوچىسىنىڭ ئېغىزىدا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش ئىدى.

ئىككىسى ئاشپۇزۇلغا ماڭدى. سەنيۇەنلىگە كەلگەن ئادەم ئۆزىنى ئۇيغۇرلار كوچىسىدا ھېس قىلغىنىدەك، گەنجياكۇ كوچىسىغا كىرگەن ئادەممۇ ئۆزىنى ئۇيغۇرلار بازىرىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ كوچىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاچقان ئاشپۇزۇللىرى، گىردە، ئاق نان، قاتلىما نان ياقىدىغان ناۋايخانىلىرى، شىنجاڭنىڭ قۇرۇق يەل ـ يېمىشلىرىنى ساتىدىغان تەنزە ـ دۇكانلار ناھايىتى كۆپ. ئاشپۇزۇل، دۇكان، ناۋايخانىلاردا بادام، چىمەن دوپپىلىق، ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلاردىن تارتىپ، ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلىق باللارغىچە ئىشلەيدۇ. نۇرگۈلنىڭ: «مۇشۇ كوچىغا كىرسەم قەشقەرنىڭ ئۆستەڭ بويى كوچىسىغا كىرگەندەك بولۇپ قالىمەن» دېگىنى توغرا، ئاشپۇزۇللاردىن تولۇق قەشقەر شېۋىسىدە:

پولۇ يەمسەن، لەگمەنمۇ،
قوزا گۆشى شورپىمۇ.
چۆچۈرە، ئۈگرە مانتىمۇ،
يۇتازىمۇ، سامسىمۇ،

نىمە يېسەڭ شۇ تەييار ،
ئۆپكە ـ ھېسىپ ، كاۋاپمۇ .

دېگەن قوشاقلىق سادالار بىلەن « ياغ يەپ يالىڭاچ يات » ، « ياغ چاينىۋال ئوغال باللا » دېگەن ئاۋازلار ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ .
ئىككىسى ئاشپۇزۇللارنىڭ بىرىگە كىرىپ لەگمەن بۇيرۇتۇپ قويۇپ ئولتۇردى . نۇرگۈل ئاق سېرىق يۈزلۈك ، قوي كۆزلۈك ، قويۇق كىرپىك ـ قاشلىرى ساغۇچ ، لەۋلىرى نېپىز ، ئىللىق چىراي ، قاپىقىنى تۈرسىمۇ ، چىرايىنىڭ ئىللىقلىقىدىن ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغان قىز ئىدى . ئۇ سادىق بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالغىنىغا خۇشال ئىدى . بايىقى « مېنى نېمشقا ئىزدىمەيسىز » دېگەن گېپى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ بولماستىن ، نېمىشقىدۇر سادىقنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى راستتىنلا كۈتكەنىدى . سادىقچۇ ؟ بۇ ياقا يۇرتلاردا ئۆز كەسپىدىكىلەردىن ئەمەس ، باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن تونۇش تېپىشقا خۇشتار .
— سىز مالالارنى توپ ئېلىپ ، توپ ساتامسىز ، — دېدى نۇرگۈل ، — ئۇنداقتا نۇرغۇن شېرىكلىرىڭىز باردۇ ؟
— ياق ، ئۈرۈمچىدە دۇكىنىمىز بار ، توپ ئېلىپ پارچە ساتىمىز .
— ئۇ دۇكاندا كىم بار ؟
— ئاچام بار ، يەنە بىر قىز بىلەن ئىككىسى مال ساتىدۇ ، دۇكىنىمىز چوڭ ، تېخى ئۇلارمۇ ئازلىق قىلىۋاتىدۇ .
— كاتتا سودىگەر ئىكەنسىلەر ـ دە ؟
— ئاچام مال ئېلىشتا ، ، يۆتكەشتە كىشىلەر بىلەن شېرىكلەشمە ، دېگەن . شۇڭا ئۆزۈم ئالىمەن ، بىرمۇ شېرىكىم يوق .
— ئاچىڭىز توغرا دەپتۇ ، ئەقىللىق ئىكەن ، — دېدى نۇرگۈل سەمىمىيلىك بىلەن ، — مۇنداق دېگىنىم ئاكاممۇ سودىگەر ، بۇلتۇر شېرىكى بىلەن گۇاڭجۇدىن ئاياللارنىڭ يازلىق ئايىغىدىن ئالماقچى بوپتۇ . مال ئالىدىغان چاغدا ئاكام يوق ئىكەن ، ئۇ مىڭنى ئېلىپ ، مال ساتقۇچى بىلەن كېلىشىۋېلىپ ، ئوتتۇز بەش كويدىن ئالغان ئاياغنى ، ئاكامغا قىرىق

كويدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. قاراڭ، ئىشەنگەن شېرىكنىڭ مەشەدىلا ئىككى يېرىم مىڭ كوينى سوققىنىنى. شېرىك دېگەنگە ئىشەنمەسلىك، ئۇنى يولاتماسلىق كېرەك ئىكەن، ئاچچىز ئەقىللىق ئىكەن دېگىنىم شۇ.

ئىككىسى بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشىغا تاماقمۇ كەلدى. ئۇلار تاماقنى گەپ قىلىشماي، ئاۋازمۇ چىقارماي يېيىشكە تىرىشتى. تاماقتىن كېيىن، ئاشپۇزۇلدىن چىقىشتى - دە، قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ، ئېرىنىپ ماڭدى. ھەر ئىككىسى گەپنى نەدىن، نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي بۇرۇختۇرما بولماقتا ئىدى.

— بۈگۈن شەنبە، — دېدى نۇرگۈل سادىققا بۇرۇلۇپ قاراپ، — مەكتەپتە تانسا بار، كېلەمسىز؟

سادىق كۈلدى:

— مەن تانسا ئويناشنى بىلمىسەم...

— ۋىيەي... دېگەن گېپىنى... مۇشۇ كۈندە تانسا ئويناشنى بىلمەيدىغان ياشلارمۇ بارمۇ؟

— راست، بىلمەيمەن.

— راستتىنلا بىلمىسىڭىز، پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، — نۇرگۈل سادىقنىڭ بىلىكىنى تۇتتى، — ماقۇلمۇ؟

— ياق.

— خىجىل بولۇۋاتامسىز، خىجىل بولماڭ، قىزلارمۇ تونۇش بالىلىرىنى باشلاپ كىرىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ بىر قانچە بالىلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— ياق، ھەرگىز كىرمەيمەن.

— ئەجەب تارتىنچاق ئىكەنسىز... ئەمىسە...، — نۇرگۈل گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي يەرگە قارىدى.

— چۈشتىن كېيىن بىكارمۇ سىز، يا دەرسىڭىز بارمۇ؟

— شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرس بولمايدۇ، قانداق؟

— ئۇنداق بولسا بازارغا بارايلى، مېنىڭ بېيجىڭنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈم، بىر نەچچە چوڭ سودا دۇكانلىرىنىلا بىلىمەن، كۆرمىگەن

يەرلىرىم كۆپ. ماڭا كۆرسىتىڭ، ئاربىلىڭ، كەچتە كىنوغا كىرەيلى، كىنودىن كېيىن ئۆزۈم ئەكېلىپ قويىمەن، قانداق دەيسىز؟
— مەيلى... مەن سىزدەك جاھىل ئەمەس.
ئىككىسى كوچا ئارىلىدى، باغچىلارغا كىردى. كەچ كىرگىچە قەدىمى قانچىلىك يەرگە يەتسە، شۇنچىلىك يەرگە باردى. كەچتە كىنوغا كىردى. كىنونى سادىق ئېلىپ كىرگەن تۇرپاننىڭ كۆك كىشمىشى، قەشقەرنىڭ گۆشلۈك قېقىنى يېيىشىپ ئولتۇرۇپ كۆرۈشتى. كىنودىن چىقىپ، سادىق ئۇنى مەكتىپىنىڭ ئالدىغىچىلىك ئەكېلىپ قويدى. نۇرگۈل خوش، دەپ قولىنى ئۇزىتىۋىدى، سادىق مەگدەپ كەتتى ۋە ئامالسىز قولىنى سۇندى. سادىقنىڭ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم قىزلارنىڭ قولىنى تۇتۇشى ئىدى. تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇپ نۇرگۈل ئۇنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋېلىپ، خېلىغىچە قويۇپ بەرمىدى. لېكىن ئۇ شۇ ھودۇقۇش ئىچىدە بەدەنلىرىدە ئاجايىپ يېقىملىق ھارارەتنىڭ ئاققانلىقىنى سەزدى. نۇرگۈل ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى ـ دە، مەكتىپىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى. سادىق كەينىدىن قاراپلا قالدى.
قىز خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى، ئاران ئىككى قېتىم كۆرگەن سادىققا نىسبەتەن مەيلىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ گەپلىرىدىن كۆڭلىگە بىرەر گۇمان كەلمىدى. دېگەنلىرىگە پۈتۈنلەي ئىشەندى. «ئەجەب تارتىنچاق بالا ئىكەنا، — ئويلىنىپ قالغاندى ئۇ، — مېنىڭدىن چوڭ ئەمەستەك قىلىدۇ، ئەقلى بار ئىكەن، ئەقلى بولمىسا، مەشەلەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلالامدۇ... سودىگەر ئىكەن، سودىگەر بولسا نېمە بوپتۇ، سودىگەرچىلىك ھازىر ئەڭ ياخشى كەسىپ، گەپ ـ سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرىدىن قىلچە قۇۋلۇق ـ ئالدامچىلىق سەزمىدىم، شۇنداق سەمىمىي، كۆزلىرى ئويناپلا تۇرىدىكەن، مېنى كۆرگەندە ئويناپ كېتەمدىغاندۇ ياكى تەبىئىي ئويناقمىدۇ؟... تووۋا، مۇنۇ قارا قۇمچاق بالا ئەجەب خىيالىمغا كىرىۋالدا...»
بۇ كېچە سادىقمۇ خىيالسىز ياتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ نۇر-

گـۈل بىلەن بازار ، كوچا ، باغچىلارنى ئارىلاش ـ كۆرۈش جەريانلىرىنى ، ئاپتـوبۇسلاردا قىستا ـ قىستاڭچىلىق ئىچىدە تۇرۇشقان پەيتلەرنى كۆز ئال- دىـغـا كـەلـتـۈرمـەكتە ئىدى . « ئاپتوبۇسلاردا قىستىلىپ بىر ـ بىرىمىزگە قـاراپ يالاڭ كىيىملەردە چاپلىشىپ تۇردۇق ، — دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ ، — شـۇنـداق چـاغلاردا ئۇ ئۆزىـنـى مەندىن پەقەت قاچۇرمىدى . قاچۇرالمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۆزىدە ئوڭايسىزلىنىش ، قورۇنۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى ، سـەل تـىترەپ كۆلۈمسىرەپ تۇردى . تېخى قولۇمنىڭ ئالقىنىنى ، بېغىشلى- رىنى سىلاپ كەتتى . شۇ قىلىقلارنى ئويلاپ قىلغانمىدۇ ياكى ئۆزى تۇيماي قىلغانمىدۇ ؟ . . . مەكتىپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قولۇمنى چىڭگىدە قىسىپ ، خـېـلـى ۋاقـقـىـچـە قويۇپ بەرمىدى . ئاخىر نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىكىن ، قولۇمنى قويۇۋېتىپ ، يۈگۈرگىنىچە كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي كـــرىـــپ كـەتـتـى ، بـۇ نـېـمـە ئالامەت ؟ . . . ئوشۇقچە ئويلارنى ئويلاپ كەتتىمۇ ـ يـا ؟ . . . بولدىلا ، ئادەتتىكى ھەرىكەتلەردىن مەنىلىك ئىشلارنى ئويلىماي ، ئۇ شۇنداق ساددا ، تۈز قىزدەك قىلىدۇ . »

## 37

ئادەم قـاچـقـان ۋە يىرگەنگەن نەرسىگە يولۇقۇپ تۇرىدىكەن ، خا- تـىـرجـەم يـاشـىـمـاق تـەس ئىكەن . بۇ ماھىنۇرنىڭ ئويى . ئۇ : تۇرمۇشتا خـاتىرجەم بولۇپ قالدىم ، قورۇ ـ جايغا ئىگە بولدۇم ، تاغدەك يۆلەك ئەك- بـەرجـان يـېـنىمدا ، سادىقمۇ ئۆز ئىنىمدەك بولۇپ قالدى ، ئۇ ماڭا سادىق ، ئوقـتـتـم كۆڭـدىن ـ كۆڭگە روناق تېپىۋاتىدۇ . . . دەپ غەمسىز يۈرمەكتە ئىدى . لـېـكـىـن يـېـقـىـنـدىن بېرى ئۇنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا ئىككى ئادەم ئارىـلـىـشـىۋېلىپ ئارامىنى بۇزۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭ بىرى مۆمىنجان ، يەنە بىرى ئـىـسـمـائىلجان . بىراق ئۇلارنى نېمشقا مۇنداق قىلىسەن ، دەپ ئەيىبلىگىلى ھەم ئۇلارغـا گـۇنـاھ ئارتـقىلى بولمايدۇ ، ياش تۇل قالغان ئايالغا تەرەپ ـ تـەرەپـتـىـن لايـىـقلارنـىـڭ چـىـقـىـشـى ، كـۆز تـاشلايـدىغانلار ، مەيلىنى بـىـلـدۈرىدىغانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال ، بەلكىم سەن ئويلىمىغان ،

خالىمىغان نەرسىنى كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن ئويلايدىغان، خالايدىغان بولۇپ قالارسەن، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ «بارمايمەن دېگەن تۆگ- مەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئۇنىمۇ بېشىغا كەلگەنلەر، كۆرگەنلەر ئېيتقان بولغىيدى...

«بوپتۇ، مەن ياش، مۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر جىلە بولۇپ، — ماڭا ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمىسە ياخشى بولاتتى. خەيرىيەت، چۈشۈپتۇ. ئەمما سودى- گەرنىڭلا كۆزى چۈشمەمدۇ، مېنى خۇدايىم سودىگەرلەردىنلا ئېيتىپ قويغانمۇ؟ مۆمىنجان دېگىنىمۇ، ئىسمائىلجان دېگىنىمۇ سودىگەر، ھېلىقى ئارۇپجان دېگەن نىجىسمۇ سودىگەر ئىدى. كاشكى باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشسىچۇ، ئويلىشىپ باقار ئىدىم. بەلكىم... باشقىلار بىزنى نېمە دەپ چۈشىنىدىغاندۇ؟ ئىشەنچ قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ - دە... ئۇنداق قارىسا بىزگە بەك ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. مۇنداق قاراشنىڭمۇ سەۋەبى بار. گۇاڭجۇغا ئوقەت قىلىمىز، دەپ كىرگەن بەزىبىر قىز - چوكانلار سودى- گەر ئاياللارنىڭمۇ يۈزىنى تۆكتى. ئۇلار كۆڭۈل ئۇۋۇلىغىلى، ئوينىغىلى، نومۇسىنى ساتقىلى كىرگەنلەر، لېكىن ھالال ئىشلەپ پۇل تاپقىلى، باي بولغىلى كىرگەنلەرمۇ جىق ئەمەسمۇ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسە بولمايدۇ - دە.»

ماھىنۇرنىڭ نېمىدىن قاچسام، شۇنىڭغا يولۇقۇپ قالىمەن، دېگىنى توغرا. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال مۆمىنجان ئىسىملىك سودىگەر ماھى- نۇرغا كىشى قويغان، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى، كۆڭلىنى بىلدۈرگەن. ماھىنۇر شۇ چاغدا ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋابنى بېرىۋەتكەن - دە، ئۇ ئەمدى مېنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەن. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ يەنە ئىزدەپ كەپتۇ. ئىككى يىلغىچە كۆزتىپ يۈرگەن بولسا كېرەك، شۇنىڭغىچە ياتلىق بولماي يۈرگەنلىكىدىن ئۈمىدلىنىپ قالغاندۇ بەلكىم، قايسى كۈنى كوچىدا ماھىنۇرنىڭ ئالدىدىن تۇيۇقسىزلا چىقىپ ئۇنىڭغا يەنە گەپ ئاچتى:

— مېنى تونۇغانسىز؟

— تونۇغاندەك قىلىمەن .
— مەن مۆمىنجان . . .
— شۇنداق ، سىز مۆمىنجان .
— مەن ئۇرۇمچىگە كەلگىلى ئىككى ھەپتە بولدى ، ئىشلىرىمىز تۈگىگەن ، بىراق كەتكۈم كەلمىدى . ئازادىرەك يەرگە بارساق ، گېپىمنى ئاڭلاپ باققان بولسىڭىز ؟
— مەشەدە دەۋىرىلىك ، قەيەردىلا بولسا ئاڭلىسام ئوخشاشقۇ ، — ماھىنۇر ئۇنىڭ نىمە دەيدىغانلىقىنى بىلىپ بولدى .
ماھىنۇر ئاڭلايدىغان بولغان چاغدا ، مۆمىنجانغا بىردىنلا تىترەك ئولاشتى - دە ، ئوڭايسىزلىنىپ كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئەپقاچتى ۋە تاتىرىپ تۇرۇپ گېپىنى مۇنداق باشلىدى :
— مەن سىزگە كىشى قويۇپ ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى . . . تېخىچە ئۆيلەنمىدىم ، سىزمۇ ياتلىق بولماپسىز . . . مەن ھازىرغىچە سىزنى ئۇقۇشۇپ - سۈرۈشتۈرۈپ يۈردۈم . كۆڭۈل دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن ، بىر ئادەمگە چۈشۈپ قالسا ، يانمىقى تەس ئىكەن . سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يولۇمنى تېپىشىم كېرەك ئىدى . . . بىراق . . . راست گەپنى قىلاي ، چىققان لايىقلارنى — ماڭا باش تاراپ يۈرگەنلەرنى — نىمشقىدۇر كۆڭلۈم تارتمىدى ، رايىم يوق . ئۆزۈمنىڭمۇ بىرەرسىگە كۆزۈم چۈشمىدى . بەلكىم سىز كۆرگەنسىز - كۆرمىگەنسىز ، بايقىغانسىز - بايقىمىغانسىز ، ئىككى ھەپتىدىن بېرى دۇكىنىڭىزنىڭ ئالدىدىن نەچچە ئۆتتۈم ، ئەمما گەپ قىلالمىدىم ، يېنىڭىزغىمۇ كېلەلمىدىم . ياش چوڭىيىپ قالغاندا ئىشق - مۇھەببەتنىڭ گېپىنى ، توي قىلىشنىڭ گېپىنى قىلماقمۇ تەس ئىكەن . . . ياشلىقتىكى جۈرئەت ، غەيرەت ، باتۇرلۇقلار ياشلىق بىلەن بىللىلا قېچىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ . سېزىۋاتقانسىز ، مۇشۇ گەپلەرنى ناھايىتى تەسلىكتە دەۋاتىمەن . . . سىزنى خاپا قىلىپ قويغان بولسام ئەپۇ قىلىڭ .
مۆمىنجان ئۆزۈك - ئۆزۈك گەپلىرىنى چوڭقۇر تىنىپ تۈگەتتى - دە ، تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن تاماكا تۇتاشتۇردى .

— سىزنى ئىچىملىك ـ چېكىملىكتە يوق ، دەۋاتاتتى ، — دېدى ماھىنۇر مۆمىنجاننىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ ، — چېكىدىكەنسىز غۇ ؟

— چەكمەيتتىم ، دەرد يامان ئىكەن ، ئۆگىنىپ قالدىم .

— ئەمىسە ئىچىشنىمۇ ئۆگىنىۋاپسىز ـ دە ؟

— ئۇنىڭغا يولىمىدىم .

— گەپلىرىڭىزگە ھەرگىز خاپا بولمايمەن ، — دېدى ماھىنۇر ئىللىق تۇستە كۈلۈمسىرەپ ، — بىر تۇل ئايالغا كىشلەرنىڭ ئۆيلىنىش تەلەپىنى قويۇشى نورمال ئىش . لېكىن مېنىڭمۇ ئۆز ئويلىغىنىم بار ، سىز ماڭا ئۆيلىنىشنى ئويلاپسىز ، بۇ سىزنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇيىڭىز ، بىراق مەن ياتلىق بولۇشنى ئويلاپمۇ قويغىنىم يوق .

مۆمىنجان سەل ئۈمىدلەندى :

— ئەمدى ئويلانسىڭىزمۇ بولىدىغۇ ، بۇ مۇشۇ يېشىڭىزدا ئۆيلىنىشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەسمۇ ؟

— مەن ئەمدى شەخسىي تۇرمۇشۇمنى ئويلىماسلىق ، ياتلىق بول- ماي ، تەنھا ياشاش قارارىغا كېلىپ بولغان .

گەپ قەتئىي ئېيتىلدى . مۆمىنجاننىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتتى . ئۇ مۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەن ، ماھىنۇرنىڭ مۇشۇ چاغقىچە تۇل ئولتۇرۇشى كۆڭلىگە ياققۇدەك ، مەيلىنى قوزغاتقۇدەك بىرەر ئادەمنىڭ چىقمىغانلىقىدىن ، ئەمدى گەپ قىلسام ئۇناپ قالار ، دېگەن ئۈ- مىدتە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىۋىدى ، رەت قىلىنىۋاتىدۇ . ئەمدى نېمە دېگۈلۈك ؟ ئۇ ھازىرغىچە ئۈمىد باغلاپ كۈتۈپ كەلگەن ئەمەسمىدى ، ئىككى يىل ئاز ۋاقىتمۇ ؟ مۆمىنجاننىڭ ئاجىز ئۇچقۇنلار پىلدىرلىغان كۆزلىرى نەلەرگىدۇ تىكىلىپ قالدى . يارىشىملىق قارا بۇرۇتلىرى دىردى- يىپ كەتتى . « ھە ، تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكى مۇشۇنداق بولىدىكەن ـ دە ، — دەپ ئازابلىق ئويلارغا چۆككەندى ئۇ ، — ياق ، ئۈمىدنى ئۈزۈ- ۋەتمەسلىك كېرەك . »

— تۇرمۇشتا بىر بەختسىز بولغان ئادەم ئاخىرغىچە بەختسىز

بولۇپ قالىمەن ، دەپ ئۆمرىنى تەنھا ئۆتكۈزۈۋېتىشى كېرەك ئىكەن ـ دە ، — ئۇ بۇ سۆزنى ئاران ئاڭلانغۇدەك ، گويا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا ئېيتتى .

ماھنۇر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراپ قويدى .

— تەنھا ياشاشنىڭمۇ ئازابى بولىدۇ ، — دېدى ئۇ يەنە ، — سىز ئۇنى تارتمىغان ئوخشايسىز ، مەن تارتىپ كېلىۋاتىمەن .

— قانداق ئويلىسىڭىز شۇنداق بولىسىز ـ دە .

— بۇ ئويلىمايدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن . . .

— ھەم بۇ تالاش ـ تارتىش قىلىدىغانمۇ ئىش ئەمەس .

— يەنە ئويلىنىپ باقسىڭىز ، دېگەن ئۈمىدتە مەن .

— ئويلىنىدىغان يېرى يوق ، مېنىڭ قارارىمنى ھۆرمەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى ماھنۇر مېڭىشقا تەمشىلىپ ، — خوش .

ماھنۇر ماڭدى . خوش دېيىش مۆمىنجاننىڭ ئېسىگىمۇ كەلمىدى ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى . ئۇ خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك نەگە چۈشۈشىنى ، قاياققا مېڭىشنى بىلمەي قالغانىدى . شۇ ھالدا قېتىپ قالغاندەك بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن ، مەقسەتسىزلا كەينىگە بۇرۇلدى .

ماھىنۇر ئەسلىدە توپ سېتىش بازىرىغا ماڭغان ، بازاردىكى يېڭى يۈزلىنىش ، يېڭى ماللارنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى ، باھاسى قاتارلىقلارنى ئۇقۇپ كەلمەكچى ئىدى . ئۇ توپ سېتىش بازىرى بولسۇن ، پارچە سېتىش بازىرى بولسۇن ، ئۇلارنىڭ تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ئورنى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ . توپ سېتىش بازىرىدىكى باھا ، ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنى ۋاقتىدا ئۆزلىتىپ تۇرۇش ياكى چۈشۈرۈپ تۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ . ئۇنى ئىگىلەپ تۇرمىغاندا ، يا زىيان تارتىش ، يا پۇلنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇشتىن مەھرۇم قېلىش يۈز بېرىدۇ . شۇڭا ماھنۇر توپ سېتىش بازىرىنى پات ـ پات ئايلىنىپ تۇرىدۇ ، ئۇ شۇ نىيەتتە ماڭغانىدى . تۇيۇقسىز مۆمىنجان ئۇچراپ قالدى ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرى خىيالىغا كىرىۋالدى . « بۇ ئادەم تېخىچە ماڭا ئۈمىد باغلاپ

يۇرۇپتۇ ـ دە ، ــ دەپ ئويلاپ كېتىپ باراتتى ، ئۇ ، ــ شۇنچىلىك ساق-لىغانمۇ بارمۇ ، مەن شۇ چاغدا ئېنىق جاۋاب بېرەلەيتتىمۇ ، ئاغرىقنى ئەمدىلا بىلىپ قالدىم . . . بىكار ساقلىغۇچە ئۆيلىنىپ كەتسىچۇ بىچارە . . . ئېغىر كەلدى . . . بىر-سىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام ، ئۇ سىزنى ئالمايمەن دېسە ، ماڭا قانچىلىك ئېغىر توييۇلار ئىدى . . . بىچارىگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى . بىراق نېمە ئامال ، ئىچىم ئاغرىدى ، دەپ كۆڭلۈم تارتمىغان ، مېھرىم چۈشمىگەن بىر ئادەمگە تېگىۋالسام ، ئۇ چاغدا ئۆزۈمگىمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالار . كاشكى مەن دېمەتلىك ، باللىرى يوق ئادەم بولسىمچۇ ، ياتلىق قىلغان قىزى بار ، دەۋاتاتتى ، بەلكى بۇ چاغقىچە تۇغقاندۇ ، ئەگەر ئۇ ئۆيگە كىرىپ قالسام ، چوڭ ـ چوڭ بالىلىرىنىڭ ئانىسى ، نەۋرىلىرىنىڭ مومىسى بولۇپ كىرىمەن . ۋاي خۇدايىم ، دەردىنىڭ چوڭىنى تېخى شۇ چاغدا تارتىمەن ـ دە . . . باللىرى پاتقۇزامدۇ ، ئۇنداق ئۆيلەرگە كىرگەن ئاياللارنىڭ ئازاب-لىرىنى كۆپ ئاڭلىغانمەن . بەلكىم ئەمدى ماڭا بارغانسېرى مۆمىنجاندەك ئەرلەر چىقىشى مۇمكىن . ئۇھ ، خىيالىمدا يوق ئىشلاردىن نېمىلەرنى پەرەز قىلىپ كەتتىم . »

ماھىنۇر توپ سېتىش بازىرىغا كەلدى ـ دە ، دۇكانلارنى ئارىلاپ ئۇزاق يۈردى ، ھەرخىل ماللارنىڭ باھالىرىنى ئۇقۇشتى ، ئۇنىڭ دىققەت قىلغىنى قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەر بولدى . قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ باھالىرىدا ئۆزگىرىش بوپتۇ ، ئۆتكەن ئاينىڭ ئەمدى كىرگىنىگە قارىماي ئۆرلەپ كېتىپتۇ . ماھىنۇر ئۇنىڭدىن جىقراق ئېلىپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى . « ھەي مېنىڭ كەم ئەقىللىقلىقىم ، دۇكانغا پاتمىغانلىرىنى ئامبارغا ئەكىرىپ قويسام بولىۋېرەتتى ئەمەسمۇ ، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ تولغىنىپ ، ــ سادىقنىڭ ئەۋەتكەن ماللىرى يارايدۇ . ئۇنىڭ ئەۋەتكەن قىشلىق كىيىملىرى بۇ يەردىكى توپ سېتىش بازارلىرىدىكى باھاغا قارىغاندا خېلىلا ئەرزان ھەم رەڭگىمۇ ياخشى . ھازىر ياشلار غەلىتە پاسوندىكى ، غەيرىي رەڭلىك كىيىملەرگە ئامراق . ھېلىقى ياختىلىق ـ غاز پېيى چاپاندىن يەنە ئەۋەت ، دەپ تېلېفون ياكى تېلېگراممۇ بەرسەم بولامدىكىن ، بىراق يولغا چىقىپ قالدىمىكىن ، كەتكىلى خېلى بولۇپ

قالدى . ئەقىلىلىق بالا ، ئادەمنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ . ھازىرغىچە ئەۋەتىۋاتقان ماللىرى بازارلىق ماللار ، باھاسىمۇ مۇۋاپىق . مېنىڭ مال ئېلىشتا قاتتىق بول دېگىنىمنى ئۆلچەم قىلىپ مال ئېلىۋاتىدۇ . باشقىلاردىن ئەرزانىراق ساتسامۇ ، پايدىسى چىقىدۇ ، دەپ ئويلايدۇ – دە . »

چۈش بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئۇ نېرىقى دۇكانلارنى ئارىلىماقچى ئىدى ، بىراق كەينىگە ئىككى نەرسىنىڭ كىرىۋالغانلىقىنى بايقاپ قالدى . نەگە بارسا ، شۇ يەرگە باراتتى ، سۈركىلەتتى ، ئەگىتمە ، تېگى بار گەپلەرنى قىلاتتى ، ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى . ئاخىر ئۇ نېرىقى دۇكانلارنى ئارىلاشتىن كېچىپ ، كوچىغا چىقىپ كەتتى . ئۇلارمۇ چىققانىدى . « نېمانداق قىلىدىغاندۇ مۇنۇ رودۇپايلار ، ئادەمنىڭ مەيلى بارمۇ – يوقمۇ ، بايىقىمايلا ئەگىشىۋالىدىكەنا ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر جىلە بولۇپ ، — يا مەن ئۇلارغا مەيلىمنى بىلدۈرۈپ بىرەر شەپە بەرمىسەم ، بۇ نېمە قىلىق . ئازراق نومۇس قىلسا بولمامدىغاندۇ ؟ . . . ئەجەب تويدۇم كەينىمگە چۈشۈۋالىدىغانلاردىن ! » ئۇ قول كۆتۈرۈپ كىرا ماشىنىسىنى توختاتتى – دە ، شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ياندى . ئۇلارنىڭ يەنە ئىزىغا چۈشكەن – چۈشمىگەنلىكىنى بايقىيالمىدى . ئۇ كىرا ماشىنىسىنى ئۆز ئىشىكى ئالدىدا توختىتىشتىن ئەندىشە قىلىپ ، بەختىخاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاتتى ۋە ھېلىقىلارنىڭ ئىزىغا چۈشمىگەنلىكىنى بىلىپ يېنىك تىندى .

ماھىنۇر سالام بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ، ھالاۋىدىن بىلەن بەختىخان لەگمەن يېيىشىپ ئولتۇرغانىدى .

— تاس قاپتۇ ئېتىڭ ھېرىپ قالغىلى ، قېنى يۇقىرى ئۆت ، – بەختىخان ئورنىدىن تۇردى .

— سەل بۇرۇن كەلگەن بولسىڭىز لەگمەننى سىزلا ئېتەتتىڭىز – دە ، – ھالاۋىدىنمۇ ئورنىدىن قوزغالدى .

— بەختىخان ھەدەم لەگمەنگە ئۇستىغۇ ، ئەتكەن لەگمىنى مېنىڭمۇ ئاغزىمدىلا قالىدۇ .

— ئۇستام سەن بولغاندىكىن ، ئاغزىڭدا قالغۇدەك ئېتىۋاتىدىغان-

دىمەن ، ــ دېدى بەختىخان ئېرىگە قاراپ ، ــ مۇشۇنىڭغىلا يارىتالمىدىمغۇ تاڭ . . .

بەختىخان ماھىنۇرغا يېرىم تەخسە لەگمەن سالدى ، قالغىنىمۇ شۇنچىلىك ئىدى .

ــ ماۋۇنى يەپ تۇر ، توگلاتقۇدا ئۆيگە ــ ھېسىپ بار ، ھېلى ئىسسىتىپ بېرىمەن .

ماھىنۇر مۇشۇ ئۆيگە كەلسە ، خۇددى ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندەك ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن ــ ئازادە ھېس قىلاتتى .

ــ ماھىنۇر خانىم ، يوقاپلا كەتتىڭىز ، ــ دېدى ھالاۋىدىن ئاش سۈيىنى سۈمۈرۈۋېتىپ ، ئېغىزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېرتىپ ، ــ پات ــ پات كېلىپ تۇرۇڭ ، ئۆگىنىپ قاپتىكەنمىز ، كۆرگۈمىز كېلىپ قالىدىكەن ، ئۆيىمىزنىڭ بىر ئەزاسى يېتىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدۇق ، بىزنى ئەمدى تاشلىۋېتىدىغان ئوخشىمامسىز ؟

ــ ئۇنداق بولامدىغان ، ھالاۋىدىن ئاكا ، مەنمۇ پات ــ پات كېلىپ تۇرۇشنى ئويلايمەن . مەشەدە تۇرغاندا خويما خاتىرجەم ئىدىم . ھازىر كەچكىچە دۇكاندا ئولتۇرىمەن ، كەچتە ئۆيگە كەلگەن ، ئالدىراپ تاماق ئەتكەن ، كىر ــ قات ، ئۆي تازىلىقى . . . بىر دەممۇ بىكار ۋاقتىم چىقماس بولۇپ كەتتى . تۆگە قانچىلىك بولسا ، يېغىرى شۇنچىلىك بولىدىكەن .

ــ گەپكىمۇ ئۇستا بولۇپ كېتىپسىز . . .

بەختىخان سۆز قىستۇردى :

ــ گەپكە ئۇستا بولمىسا سودىگەر بولالامدۇ .

ــ ئەمدى ئۆيگە ئادەم سېلىڭ ، شۇنچە ئىشلارغا قانداق ئۈلگۈرىسىز بولمىسا . . .

ــ شۇنداق قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ .

ــ ھېلىمۇ قانداق يېتىشۋاتىسەنكىن تاڭ ، ئۆيلىرىڭنى يالغۇزدەك پاكىز قىلىۋېتىدىكەنسەن ، ــ بەختىخان دائىم شۇنداق دەيتتى . ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيلىرىنىڭ پاكىز ــ سەرەمجانلىقىغا زوقلىناتتى . بىر ئادەم ئۆزى زوقلانغان ، تەسىرلەنگەن ئىشنى ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئىپادە قىلىشى

ناتايسن ئىكەن. بەختىخان ئۇنىڭغا زوقلانغىنى بىلەن ئۆز ئۆيىنىڭ تازى-لىقى، ئۇچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاكىز ـ پاسكىنىلىقى بىلەن كاربىمۇ بولمايتتى. ماھىنۇر بۇ قوروغا يېڭى كەلگەن چاغدا، بەختىخاننىڭ ئۇچىسىدا مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن پىنجەك بولىدىغان — بەلكىم ئارىلىقلاردا نەچچە يۇيۇلغاندۇ، بىراق ھازىرمۇ ئۇچىسىدا مايلاشقان، پار-قىراق پېتى تۇرۇپتۇ.

تاماقتىن كېيىن ھالاۋىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. بەختىخان بىلەن ماھىنۇر ئىككىسى ئىسسىتىلغان ئۆپكە ـ ھېسىپ يېيىشىپ ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇردى. ماھىنۇرنىڭ ئەسلى بۇگۈن بۇ يەرگە كېلىش نىيىتى يوق ئىدى. توپ سېتىش بازىرىدا ئىككى ئادەم كەينىگە كىرىۋالغاچقا، ئۇلارغا ئۆز ئۆيى ياكى ئۆز دۇكىنىنى كۆرسىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن. ئۇ ئىشنى ئېيتايمۇ، ئېيتمايمۇ، دەپ بىر دەم ئويلىنىپ ئاخىر ئېيتتى. بەختىخان بۇنى ئاڭلاپ بۇرۇن دەپ كې-لىۋاتقان سۆزلىرىنى يەنە دېدى:

— ئەرگە تېگىۋالمىغۇچە مۇنداق ئىشلاردىن قۇتۇلالمايسەن، دۇنياغا كېلىپ بالا يۈزى كۆرمەي مۇشۇنداق ئۆتۈپ كې-تەمسەن؟... «ئانا» دەپ كەينىگدە ئەگىشىپ يۈرگەن بالاڭ بولمىسا، چىرىغىڭنى يېقىپ بىرەر پۇشتۇڭ قالمىسا، دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭ؟

ماھىنۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى ئۇيقۇسى قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئۇزاق ئولتۇردى. ماھىنۇر كەتمەكچى بولۇپ قوزغالغاندا، بەختىخان: كەچلەپ كەت، دەپ تۇرۇۋالدى. ماھىنۇر ئۇنىمىدى، كەچ كىرمەي دەپ قالدى، ئەكبەرجان كېلىدۇ، سادىق چۈ-شۈمگە كىرىپ قاپتۇ، بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن، تاماق ئېتىپ تۇراي، دەپ ماڭدى ئۇ.

ماھىنۇر ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئارام ئېلىپ تاپىسىدىلا ئولتۇردى ـ دە، خىيالغا كەتتى: كىشىلەر نېمىشقا ماڭا ئارام بەرمەيدىغاندۇ، ھېلى بىرى ئالدىمنى توسۇپ، سىزنى ياخشى كۆرۈپ

قالدىم ، توي قىلايلى ، دېگەن ، ھېلى بىرى كەينىمگە سايەمدەك ئەگىشىۋالغان . . . مېنى تىنچ قويسا بولمامدىغاندۇ ، مېنىڭدەك ياش تۇل قالغان ئاياللار ئازمۇ ، ھەممىسىنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق ئىشلار كېلىۋاتامدىغاندۇ ؟ كاشكى مەندە شۇنداق ئويلار بولسىچۇ . . .

ماھىنۇرنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ، روھىي قىياپىتىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى . چىرايلىق قارا كۆزلىرىدىن مەيۈسلۈك ئۇچقۇندايتتى . قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىمۇ ھالسىراپ كەتكەندەك سۇس پىل-دىرلايتتى ، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ شۇنداق مەيۈسلۈككە پېتىپ ، نېمىشقىدۇر خاپا بولۇپ ئولتۇرغاندا ، ئىنىسى ئەك-بەرجان ئىككى قىزنى باشلاپ ، تۇيۇقسىزلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئۇلارنى خۇشخۇيلۇق بىلەن ساراي ئۆيگە باشلىدى .

بۇلار كىمدۇ ؟

ئەكبەرجان ئۇلارنى ئاددىيلا تونۇشتۇردى :

— بۇلار غۇلجىلىق قىزلار ، ساۋاقداشلىرىم .

ماھىنۇر ئۇلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ئەھۋال سوراپ ، ئۆيگە كەلگەنلىكىگە خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ چىقىپ كەتتى ـ دە ، ئون مىنۇتتىلا يېتەر ـ يەتمەس ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈستەل ئۈستىگە قەنت ـ گېزەك ، تاتلىق ـ تۇرۇم ، مېۋە ـ چېۋىلەرنى قويۇپ چاي ئەكىردى .

ئەكبەرجان ساۋاقداشلىرى بىلەن چاي ئىچىشىپ ، پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇردى . ماھىنۇر چىقىپ چاققانلىق بىلەن لەڭمەن ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى . ئىنىسىنىڭ قىزلارنى باشلاپ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوي ـ خىيال-لىرىغا يەنە بىر خىيال قوشۇلدى : « ئەكبەرجان ھازىرغىچە ئۆيگە قىزلارنى باشلاپ كەلمىگەن ، ئوغۇللارنىلا باشلاپ كېلەتتى ، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ، — بۇلار بىلەن ئادەتتىكى ساۋاقداشمىدۇ ياكى ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەن يۈرۈۋاتامدىغاندۇ ؟ شۇنداق بولسا يۈ-رۈۋاتقىنى قايسىدۇ ؟ ئېگىز بويلۇقى بىلەنمىدۇ ، ئوتتۇرا بويلۇقى بىلەنمىدۇ ؟ . . . ئىككىسىلا چىرايلىق قىزلاركەن . قايسىسى بىلەن يۈ-

رۇۋاتىقىنى بىلمەك ئاسان ، سادىق بىلەن ئەكبەرجان دائىم مۇگدىشىدۇ ، شۇ ئارقىلىق يۈرۈۋاتقىنى قايسى ، يا ئادەتتىكى ساۋاقداشمۇ ، بىلىۋالغىلى بولىدۇ . بوپتۇ ، يۈرسۇن ، يۈرىدىغان ۋاقتى ، ئېنىقلا بولسا ، تېگى ـ تەكتىنى ، ئاتا ـ ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقامدۇق . »

تاماقمۇ تېزلا تەييار بولدى . قىزلار تاماقنى ئالدىراپ يې- يىشتى ـ دە ، مېڭىشقا تەرەددۇتلەندى .

— بىردەم ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى ماھىنۇر كىرىپ ۋە راستىنلا چىڭ تۇتۇپ ، — قايمىقىم بار ، ئەتكەن چاي ئېتىپ بېرىمەن ، ئۆينىڭ ئەتكەن چېيىنى سېغىنغانسىلەر ؟

— سېغىنىشىمىزغۇ سېغىندۇق ، بىراق تاغامنىڭ يېنىغا بارماقچىدۇق ، — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق قىز .

— باشقا كۈنى بارارسىلەر ؟

— سائەت ئالتىدە بارىمىز ، دەپ قويغان ، ساقلاپ قالىدۇ .

— راست ھەدە ، — دېدى ئەكبەرجانمۇ راست گەپنى قىلىپ ، — بۇ يەرگە كېلىشتە شۇنداق ، دەپ كەلگەن .

— ئۈرۈمچىدە تاغىڭىز بار ئىكەن ـ دە ؟

— بار ، سودىگەرچىلىك قىلىدۇ .

— سودىگەرچىلىك ؟ . . . ھە ، مۇنداق دەڭ ، ئېتى نېمە ؟

— ئىسمائىلجان .

ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى « جىغ » قىلىپ قالدى . « بۇ قايسى ئىسمائىلجاندۇ ؟ ئاشۇ ئىسمائىلجانمىدۇ ياكى باشقا ئىسمائىلجانمىدۇ ؟ » دەپ ئويلىدى ئۇ بۇرۇختۇرما بولۇپ .

— سىزمۇ يالغۇزچىلىق تارتمايدىكەنسىز ، تاغىڭىزنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئۈرۈمچىدە ئوخشايدۇ ـ دە ؟

— ياق ، بۇيەردە ئۆيى يوق ، تېخى ئۆيلەنمىگەن ، مېھمانخانىدا يا- تىدۇ . تاغامنىڭ بارمايدىغان ـ كەلمەيدىغان يېرىمۇ يوق . ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە ، يىللاپ ـ يىللاپ كەلمەيدۇ ، بىردەم گۇاڭجۇدا ئىكەن دەپ ئاڭلىساق ، بىر دەم جۇخەيدە ئىكەن دەپ ئاڭلايمىز ، يەنە بىر كۈنى

موسكۋادا دەپ ئاڭلىساق ، يەنە بىر كۈنلىرى ئىستانبۇلدا دەپ ئاڭلايمىز ، بىر يەردە تۇرمايدۇ ، خەتمۇ يازمايدۇ . ئۆيلىمىغان چاغدا تۇيۇقسىزلا ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ ، ھەممىمىز ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالىمىز .

— ئۆيى بولمىغاندىكىن قاڭقىپ يۈرىدۇ ـ دە .

— ئۆيلەپ قويايلى ، دېسە ، ئۇنىمايدۇ ، تاغامنىڭ قىزنىلا مىجەزى بار ، — دېدى قىز كۈلۈپ ، — ئوتتۇز بەش ياشقا كىرىپتۇ ، تېخىچە يالغۇز يۈرۈۋاتىدۇ ، ئاپامغا ئۆيلەنمەيمەن دېگۈدەك .

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى .

قىزلار ئالدىراپ ماڭدى . ماھىنۇر بىلەن ئەكبەرجان ئۇلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

— قورۇنماي ئۆز ئۆيۈڭلارغا كەلگەندەك پات ـ پات كېلىپ تۇرۇڭلار ، — دېدى ماھىنۇر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن .

ئۇلار خوشلىشىپ كەتتى . ماھىنۇر روزاخۇن بوۋاينى باشلاپ كىردى ـ دە ، ئۇنىڭغا ئاش سالدى ، ئەكبەرجانغىمۇ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ، يېرىم تەخسە سېلىپ بەردى .

تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىدۇ . ئەكبەرجاننىڭ ھېچقاچان باشلاپ كەلمىگەن قىز ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق قىزنىڭ تاغىسى ئاشۇ ئىسمائىلجان ئىكەنلىكى ھەم ئىسمائىلجاننىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرى بىر ئادەم ئورۇنلاشتۇرمىغان تاسادىپىيلىق . تاسادىپىيلىق ھەقىقەتنى ، سەممىيلىكنى ئايان قىلىدۇ . « ئىسمائىلجاننىڭ ماڭا ئېيتقانلىرى ، مەن ئالدامچى ئەمەس ، دېگەنلىرى توغرا ئىكەن ، — دەپ ئويلىنىپ قالدى ماھىنۇر بېشىنى لىڭشىتىپ ، — ئارۇپجاندەك نېمە دېسەم ، ماقۇل ، دەپ تۇرمىغاندى ، بايا ئۇنىڭدا ھەقىقىي سەممىيلىك ، راستچىللىق ، ئەرلىك غۇرۇر بار ئىكەن ـ دە ، بايقىغىنىم توغرائىكەن . »

كەچقۇرۇنلۇقى قورۇنى ئېلېكتر نۇرلىرى يوپيورۇق قىلىۋەتكەندە ، قارا سومكىسىنى كۆتۈرگەن سادىق قورۇغا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى . « تۇۋا ، چۈشۈمنىڭ توغرا چىقىپ قالغىنىنى » دەپ ئويلىدى ئۆيدىن

ئىتتىنىڭ چىققان ماھىنۇر ، — بۈگۈن سادىق بىلەن لەگمەن يەپ چۈشەپ قاپتىكەنمەن . »

## 38

ماھىنۇر ھەسەنجاننىڭ پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشىنى شۇنچىلىك زارىقىپ كۈتىدۇكى ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بېرىپ چاقىرىپ كەلگۈسى ياكى ياتىقىغا بېرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كەلگۈسى كېلەتتى . لېكىن ھەسەنجان نېمىشقىدۇر پات ـ پات كېلىپ تۇرمايدۇ . ئەگەر كېلىپ قالىدىغان بولسا ، ماھىنۇر خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدۇ . بولمىسا ماھىنۇر ئۇنىڭغا : يوقاپ كەتمەي ، كېلىپ تۇرۇڭ ، ھەسەنجان ئاكا ، سىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلسىڭىز ھېچ گەپ يوق ، مېنىڭ ياتىقىڭىزغا ئىزدەپ بېرىشىم ئەپسىز ھەم نۇرغۇن سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ ، دېگەن . شۇنداق دېيىلگەن بولسىمۇ ، ئۇ ئۇزاق ـ ئۇزاقتا كېلىدۇ . بۈگۈن كېلىۋىدى ، ماھىنۇر خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ، پايپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەتتى ، ئالما گۈللۈك چەينەككە پەمىلچاي سېلىپ چاي دەملىدى . ئۈستەل ئۈستىنى يېمەك ـ ئىچمەك ـ قاتلىما نان ، دوخۇپكىدا پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى ، تاتلىق ـ تۇرۇم ، مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . مانا ئۇلار چاي ئىچكەچ ئوچۇق ـ يورۇق ھالدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ . ماھىنۇرمۇ ، ھەسەنجانمۇ خۇشال ، بولۇپمۇ ماھىنۇرنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز .

ھەر ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش ھالىتى بىر ـ بىرىگە ئايان . ھەسەنجان ئۆزىنىڭ ئوقۇش ، خىزمەت تارىخىنى ئۆتكەنكى قېتىمقى كەلگەنلىرىدە سۆزلەپ بەرگەن . ئۇ ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقانلىقىنى ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە داشۆگە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ، بەش يىللىق ئوقۇشنى تاماملىغاندا ، مەكتەپ ئۆزىگە ئېلىپ قالغانلىقىنى ، خىزمەت قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ، ئۆزىدەك ئوقۇغان بىر قىزغا ئۆيلەنگەنلىكىنى ، بىراق ئۇ قىزنىڭ ناھايىتى

شوخ ، ئويۇنچى چىقىپ قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ، شۇنىڭدىن بىرى بويتاق يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئايانماي ئېيتىپ بەرگەن . ماھىنۇرمۇ شۇنداق سۆھبەتلەردە ئابدۇقادىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن كېيىن ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ ئادەمگە ياتلىق قىلىنىپ ، پېرىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ شەھەرگە يېنىپ كىرگەنلىكىنى ، ھەدىسى ، ئىنىسى بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىنى ، تىرىكچىلىككى قىيىنلىشىپ ، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ، بىراق تۇرمۇشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقاندا ، ھەدىسىنىڭ تۇھمەت قىلىنغانلىقى ، ئەلە ـ مەھەللە ئالدىدا ئاھانەت قىلىپ باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتكەنلىكىنى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ، ئۆزلۈك ـ ھالقىسىنى سېتىپ تەۋەككۈل قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ، سادىق بەختىخانلارغا ئۇچراپ قېلىش جەريانلىرىنى ۋە تىرىشىپ ئوقەت قىلىپ بۈگۈنكى ھالغا كەلگەنلىكىنى ، ھازىر ئىنىسىنىڭ ئۆز يېنىغا كېلىپ ئوقۇۋاتقانلىقى ۋە سادىق ئۇچىنىڭ بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن . مۇنداق سۆھبەتلەردە ماھىنۇر ئىككى ئىشنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىغان . بىرى يېزىدىن قانداق سەۋەبلەر بىلەن قايتىپ كىرگەنلىكى ، يەنە بىرى ئارۇپىجانغا تەگكەندىن كېيىنكى كۆڭۈلسىز ۋەقە ـ رەسۋاچىلىق . ماھىنۇرنىڭ ئەسلى ئۇنى يوشۇرۇپ قېلىش نىيىتى يوق ئىدى ، ئېيتماقچىمۇ بولغان . لېكىن ئېيتىشقا ئۆزىنى قانچە زورلىسىمۇ ، ئىزا ـ نومۇس يول قويمىغان ، قېرى ئېرىمدىن دىلىم سۇ ئىچمەي ، ياش بالا بىلەن ئويناپ قويۇپ ، ئېرىم قوغلىۋەتتى دېيىشمۇ ، ئالدىنىپ بىر سودىگەرگە تەگكەن ، ئايالى كېلىپ ، ئىككى لۈكچەك ئايالغان ئۇرغۇزۇپ ، مېنى رەسۋا قىلىۋەتتى ، دېمەكمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن . ماھىنۇر مۇشۇ ئىشلاردىن خەۋپسىرەپ ، ھەسەنجاننىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلدى . ئۆزى توغرۇلۇق ئاسماقچىلاپ گەپمۇ ئالدى ، ياق ، ئۇقتاندەك ئەمەس .

ھەسەنجان ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە ماھىنۇر ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر

سوئالنى سوراشقا جۈرئەت قىلغان :
— ھازىر يۇرۇۋاتقان قىزىڭىز بارمۇ ، ھەسەنجان ئاكا ؟
— يوق .
— يوق ؟
— بىر قىز بىلەن يۇرۇۋىدىم ، تاشلىۋەتتى .
— ۋييەي ، نىمىشقا ؟
— ئاڭلىسام ، مىنى ياۋاش كۆرۈپتۇ ، ھازىرقى قىزلار شوخ يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن .
بۇ گەپكە ئىككىسى كۈلۈشكەن .
بۈگۈنمۇ ئۇلار ھازىرقى ياشلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى ، مەدەنىيەت قارىشى ، قوبۇل قىلىۋاتقان يىڭىلىقلىرى ، جەمئىيەتتىكى يىڭى يۈزلىنىشلەر ئۈستىدە گەپكە كىرىشىپ قالدى . گەپ مەدەنىيەت قارىشى تىمىسىغا يۆتكەلگەندە ھەسەنجان بىردىنلا قايناپ قالدى :
— تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىكى ، سەھنىلەردىكى ، كۆز ئالدىمىزدىكى بەزى قىزلارغا قاراڭا ، بەدىنىنىڭ ئوندىن ـ توققۇزىنى ئېچىپ چىقىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، كونىلىقىقا ، خۇراپاتلىققا قارشى چىقىپ ، مەدەنىيەتلىك بولغىنى . بۇمۇ مەدەنىيەتلىك بولغانلىقمۇ ؟ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئادەملەر يالىڭاچ يۈرگەن . شۇ ۋاقىتتىكى ئاڭسىز ، ھايۋاندەك ئادەملەرگە ئاشۇنداق يۈرۈش ئۇياتلىق ، غەلىتە بىلىنمىگەن . لىكىن شۇ چاغدىكى ئادەملەرمۇ ئۇياتنى سەل ـ پەل ھىس قىلىپ بەزى يەرلىرىنى يوپۇرماقلار بىلەن يىپىۋالغان . ھازىر ئادەملەردە ئىزا ـ نومۇس ، شەرم ـ ھايا ھىسلىرى تولۇق ئويغانغان دەۋردە ئەزايى ـ بەدەننى ئېچىپ يۈرگىنى نىمىسى ؟ ... بۇ بىر خىل ياۋايىلىق ، نومۇسنى ئۇنتۇش . نومۇس ـ ھايا ئىنسانىدىكى ، بولۇپمۇ ئاياللاردىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ئېسىل ھىس ـ تۇيغۇ . ئەزايى ـ بەدەننى ئېچىپ يۈرۈش — ئىنسانىدىكى نومۇس ـ ھايا ، ھىس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆلۈشى . ئادەم ئاشۇ ھىس ـ تۇيغۇلاردىن ئايرىلسا ھايۋاندىن نىمە پەرقى قالىدۇ ؟! ئىنسانلار ھايۋاندىن ئەقىل ـ ئىدراك ،

تەسەۋۋۇر ، جۇرئەت ، ئىرادە ، ئىجادكارلىق جەھەتلەردىنلا پەرقلىنىپ قالماي ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، شەرم ـ ھايا ۋە نومۇس جەھەتلەردىنمۇ پەرقلىنىدۇ ئەمەسمۇ ! — ھەسەنجان سۆزلەۋېتىپ قىزنى ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان غەزەپ ـ نەپرەت يۇملاق ، ئاق يۈزىنى تاتارتىۋەتكەنىدى ، قىزغۇچ كۆزلىرىنىمۇ ياندۇرۇۋەتكەنىدى ، يۈزىدەك ئاق قوللىرى سۇس تىترەشكە باشلىدى . بۇ خىلىدىن بىرى يۈرىكىدە قاپلىشىپ تۇرغان پىغان ـ غەزەپلىرىنىڭ يېنىپ ـ ئېتىلىپ چىقىشى ئىدى . ئادەم شۇنداق نەرسە ، ئىچىدە قاپلىشىپ تۇرغان ، ئۆزىگە ئارام بەرمەي داۋالغۇپ ئېتىلىپ تۇرغان گەپلىرىنى دەۋالسا ، ئىچ ـ قارنى بوشاپ ، ئۆزىدە يېنىكلىك ھېس قىلىدۇ . ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ غەزەپلىك ھېس ـ ھاياجانلىرى بېسىلىپ ، يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ ، قوللىرىنىڭ تىترەشلىرىمۇ توختاپ قالدى . ئۇ چوڭقۇر تىنىدى ـ دە ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

ئۇنىڭ سۆزلىرى ماھىنۇرغىمۇ تەسىر قىلدى . ھەسەنجان ئېيتقان ئالامەتلەرگە ئۇنىڭمۇ نەپرىتى قوزغىلىپ يۈرەتتى . لېكىن نەپرەت ، نارازىلىقلىرىنى ھەسەنجاندەك رەتلىك ، تەسىرلىك ئېيتىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى . بەزىدە ئەكبەرجان ، سادىقلار بىلەن بىللە تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ ، ئەر ـ ئايال ، قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى ، پىنھان جايلاردا بولىدىغان قىلىق ـ ھەرىكەتلەرنى ئاپئاشكارا كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن ئۇيىلىپ ، خاپا بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتەتتى ۋە : مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرسىتىۋەرسە ياشلار بۇزۇلماي نېمە بولىدۇ ، ياشلار تۇرماق ئۆزىنى توختىتالمىغان ئادەملەرمۇ بۇزۇلۇپ كېتەر ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق ئىشلار بىلەن ئەجەب كارى بولمايۋاتىدا ، دەيتتى .

— سەھنە ، ئېكرانلاردىكى ئۆزىمىزنىڭ ، چەت ئەلنىڭ بەزى سەنئەت نومۇرلىرى كىشىنى ھەم ھەيران قالدۇرىدۇ ھەم غەزەپلەندۈرىدۇ ، — دېدى ماھىنۇرمۇ ھەسەنجاننىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ ھەم ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ، — چاچلىرىنى ئالۋاستىدەك قويۇۋەتكەن ، يۈزلىرىنى ئادەم

يىر گەنگۈدەك سەتلەشتۈرۈپ بويىۋالغان، سەتتىن ـ سەت، قورقۇنچلۇق ئادەملەر ئالىتاغىل ۋارقىراپ، ئىنتايىن قوپال ۋە ۋەھشىيلەرچە قىلىقلارنى قىلىدۇ. بۇنىڭ نېمىسى سەنئەتتۇر؟ ئادەمنى ئۆزىدىن سەسكەندۈرىدىغان، قورقۇتىدىغان سەنئەتمۇ بولامدۇ؟ ... بۇنى كۆرگەن بەزى ياشلىرىمىز خۇشال بولۇپ، ئالقىشلاپ، چاۋاك چېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بىلەن ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆزلىرى بالا چوڭ قىلغاندا، مۇشۇ قىلغانلىرىغا، ئالقىشلاپ چاۋاك چالغانلىرىغا ئۆكۈنۈپ پۇشايمان قىلماسمۇ؟ سەنئەت تەرەققىي قىلسا، سەۋىيىسى ئاشسا، تېخىمۇ گۈزەللەشمەي، ياۋايىلىشىپ كېتەمدۇ؟

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، — دېدى ھەسەنجان ھاياجانلىنىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ، — سەنئەت دېگەن نېمە؟ ئۇ گۈزەللىك ئۇقۇمى، ئەمگەكنىڭ ئەڭ ئالىي، نەپىس دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشى. ئۇ كىشىلەرگە بەدىئىي زوق، ھوزۇر بېرىشى كېرەك. سىز ئېيتقاندەك ھازىرقى بەزى سەنئەت نومۇرلىرىدا نە گۈزەللىك، نە نەپىسلىك، نە نازۇكلۇق تېپىلمايدۇ. گۈزەللىك ئۇقۇمى بىلەن سەتلىك تەسۋىرى بىر ـ بىرىگە ھەرگىزمۇ يېقىن كەلمەيدۇ. ئۇنداق نومۇرلار كىشىلەردە قانداقمۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى قوزغىيالىسۇن، قانداقمۇ بەدىئىي زوق بېرەلىسۇن ... ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان، نەپرەتلەندۈرىدىغان نەرسىنىڭ سەنئەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! شۇنداقلا ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان نەرسىنىڭمۇ سەنئەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

— ھازىر مەكتەپلەر كوچىغا قارىغان تاملىرىنى، كونا ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، ھەدەپ چوڭ ـ چوڭ دۇكانلارنى سېلىپ ئىجارىگە بېرىۋاتىدۇ، — دېدى ماھىنۇر، — بىراق ... مەكتەپ پۇل تاپىدىغان ئورۇنمۇ، تەلىم ـ تەربىيە ئورنىمۇ؟ مەن شۇنىڭغا ھەيران.

— ھازىرقى ئىشلارنى قويۇڭ، — ھەسەنجان ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغاۋاتقان ئىشلاردىن دەلىل كەلتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى، — يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ مەكتەپلەرگە بېرىدىغان پۇلى يەتمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلار قالغىنىنى ئۆز-

زۇگلار بىر ئامال قىلغىلار دەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەر ھازىرقى ئىقتىۋاتقان ئىشنى قىلىپ، دۇكان سېلىپ ئىجارىگە بېرىۋاتىدۇ. كىم ئىجارە ھەققىنى ئۆرە تۆلىسە، شۇنىڭغا بېرىدۇ. ئۇلار كەچلىك رېستوران، تانسىخانىلارنى ئاچتى. ئىجارىگە ئالغۇچىلار ئەلۋەتتە ئۇنى ھەر كۈنى كەچتە ئاچىدۇ. ئۇ يەرگە كىرسىڭىز ئىچىڭىز ئېلىشىپ قالىدۇ، بىر تەرەپتىن ھەيران بولىسىڭىز، بىر تەرەپتىن غەزەپلىنىسىز... ئۇنىڭغا كەچلىك تەكرارلارغا قاتناشماي بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارمۇ كىرىدۇ، تانسا ئوينايدۇ. ئوينىغاندا قانداق ئوينايدۇ دېمەمسىز، قوللىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا سېلىپ گىرەلەشتۈرۈپ ياكى مەگزىلىرىنى ـ مەگزىلىرىگە يېقىشىپ ئوينايدۇ. شۇ ھالدا ئۇلار ئىلىم ـ پەننى ئىگىلەشنى ئويلامدۇ؟ ... مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللار بۇ.

— ۋىيەي، مەكتەپ گەپ قىلمامدۇ! — ماھىنۇر ھەيران بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى، — مەن مۇنداق ئىشلار سىرتلاردا بار، دەيتتىم، مەكتەپلەردىمۇ بار ئىكەن ـ دە. ھازىرقى مەكتەپلەر بۇرۇنقى مەكتەپلەرگە ئوخشىمايلا قاپتىغۇ، مەكتەپنىڭ كارى بولمايدىكەن ـ دە.

— پۇلىنى ئالغاندىن كېيىن گەپنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ ـ دە. ئارىلىشىۋالسا پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟ ئويلاپ بېقىڭ، ئوقۇغۇچىلار ياخشى ئوقۇماي، ئويۇن ـ تاماشىغا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلسە، پۇل تاپىمىز، دەپ ئاشۇنداق رېستوران، تانسىخانىلارنى ئېچىپ شارائىت يارىتىپ بەرسە، ئۇلار بۇزۇلماي نېمە بولىدۇ! بۇ رەسۋاچىلىقلارنى كىم توسىدۇ، بۇزۇلۇۋاتقان ياشلارنى كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟ «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ» دېگەن گەپ بار، بۇ ئەھۋاللار ئومۇملاشسا بىر ئېغىر مەسىلىگە ئايلانمامدۇ؟ بۇ ياشلارنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئەمەسمۇ؟

ھەسەنجاننىڭ سوئاللىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ، ئۇنىڭغا تىڭشاپ ئولتۇرغان ماھىنۇرنىمۇ چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. سوئال ئادەمدە ئوي ـ خىيال، پىكىر قوزغايدۇ ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئەسكە سالىدۇ. ماھىنۇر گۇلپىيە ئىسىملىك كەچلىك رېستورانلاردا ناخشا ئېيتىمەن، ئۇسسۇل ئوينايمەن، دېگەن قىزنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ قىزمۇ ئالىي مەك-

تەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى . بەلكىم هازىرغىچە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ
كەتكەندۇ ، ئۇنىڭ شۇ يولغا كىرىپ قېلىشىدا مەكتەپلەردە ئەۋج ئالغان
مۇشۇ ئەسكى ئىشلارنىڭ تەسىرى يوقمىدۇ ؟ ... ماھىنۇر مۇشۇ
ئىشلارنى ئويلاۋېتىپ ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنىسى ئەكبەرجاننى
يادىغا ئالدى : « ئەكبەرجانغۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ ، ئەتىگەندە كېتىپ كەچتە
كېلىدۇ . ئەمما بەزى كۈنلىرى ، پائالىيەت بار ، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى
ئۆتكۈزمەكچىمىز ، دەپ مەكتەپتە قونۇپ قالىدۇ ، كىم بىلىدۇ ، ئۇمۇ ئا-
شۇنداق غەلىتە سورۇنلاردا يۈرەمدۇ تېخى ، — ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىگە
بىردىنلا ئەنسىزلىك چۈشتى - دە ، يۈرىكى ئىتتىكلەپ ئۇرۇشقا باش-
لىدى ، — ھېلىقى باشلاپ كەلگەن ئىككى قىز قانداقراق قىزلاردۇ ؟
تۇرقى ، گەپ - سۆزلىرىدىن قارىغاندا ، ياخشى قىزلاردەك قىلىدۇ . ھەر
ھالدا ئەكبەرجاننى چىڭراق تۇتاي ، ئوقۇتقۇچىسى بىلەن كۆرۈشەي ،
سۈرۈشتۈرۈپ تۇراي . »
چاي چايلىقتا قالدى ، چىنىدىكى تۇرماق ، چەينەكتىكىسىمۇ سو-
ۋۇپ كەتتى . ماھىنۇر قايتىدىن چاي دەملەپ كىردى . مېۋىلەرنى ئاقلاپ
يەڭ ، دەپ ھەسەنجانغا كۇچانىڭ چىرايلىق بەكىسىنى سۇندى . ئۇ سۆھ-
بەت ئارىلىقلىرىدا دالان ئۆيگە چىقىپ قول تۇتمايدىغان تاماق — شورپا
سالماقچى بولۇپ ، گۆش پارچىلاپ ، كۆكتاتلارنى ئاقلاپ ، يۇيۇپ قوي-
غان . ھازىر چىقىپ گۆشلەرنى قازانغا سېلىۋېتىپ كىردى . ئۇ بۇ ئىشلارنى
شەپە چىقارماي قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۆي ئىچىنى ئېغىر جىمىلىق
باستى .

ھەسەنجاننىڭ كىشىدە تەسىر قوزغايدىغان سۆزلىرى تېخى ئا-
خىرلاشمىغانىدى . ئۇ ئالما ئاقلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :
— قىزىق ئىشلار ... ئويلىسىڭىز كۈلگۈڭىز كېلىدۇ ، تېخى
ئوقۇتقۇچىلاردىن تاماقخانىلارنى كۆتۈرە ئالغان ، يېڭىدىن ئاچقانلار بار .
شۇنداق ئىكەن ، ئوقۇتقۇچى كاللىسىنى دەرس تەييارلىقىغا ، ئوقۇتۇشقا ،
ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە سەرپ قىلامدۇ ياكى تاماقخانىنى كۆڭۈل-
دىكىدەك باشقۇرۇپ ، كۆپرەك پۇل تېپىشقا سەرپ قىلامدۇ ؟ ... قىزىق

ئىشلار جىق دېگىنىم: يۇقىرى ئورۇنلار بىر تەرەپتىن ئوقۇش - ئوقۇ-
تۇشنى چىڭ تۇتۇڭلار، دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كەم راسخوتۇڭلارنى
ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار، دەيدۇ. مەكتەپ كالاسنى قايسىسىغا ئىشلىتىدۇ،
پۇل تېپىشنىڭ باشقا چارىسى يوقمۇ؟
— تەلىم - تەربىيە ئورۇنلىرىدا شۇنچە ئىشلار بولۇۋاتسا، جەمئى-
يەتتىكى ياشلار نېمە بولۇپ كېتەر، — دېدى ماھنۇر ئۆز - ئۆزىگە
سۆزلىگەندەك بوش ئاۋازدا.
— قانداق بولۇپ كېتەتتى، بۇزۇلىدۇ، بۇزۇلۇۋاتىدىغۇ، — دېدى
ئۇ، — قىزلار كەچلىك رېستورانلارغا بېرىپ، مەيدىسىنى، ساغرىسىنى
ئوينىتىپ، لاۋزا قىلىقلارنى قىلىپ، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش
ھەتتا ئادەملەرنى كۈتۈۋېلىشتىن يانمايدىغان بولدى. بۇنىڭ باشقا تەرەپ-
لىرىنى ئويلىمايلا قىزلار پۇل ئالغانغا، رېستوران خوجايىنى خېرىدارنىڭ
كۆپەيگىنىگە خۇش بولۇۋاتىدۇ. خروئېن چەككۈچىلەر شۇنچىلىك كۆپە-
يىپ كەتتىكى، ھەتتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىگىچە
كېڭەيدى. يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلار، ئازغانلار ھازىر ئازچىلىق
بولسىمۇ، ئۇ كۆپىيىپ كەتسە نېمە بولىدۇ؟ باشقۇرغىلى بولماي قالىدۇ،
ئېغىر يېرى ياشلارنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، بىخۇدلاشتۇرىدۇ،
دۆتلەشتۈرىدۇ، شەھۋانىيلىق پاتقىقىغا پاتتۇرىدۇ، غايىسىز قىلىدۇ.
ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، كەلگۈسىدىن، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىدىن ئۈمىد
كۈتكىلى بولامدۇ؟ چۈشكۈن، بىخۇد، غايىسىز دۆت ئادەم خەلقنىڭ،
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى تەقدىرى، ئىستىقبالىنى ئويلىيالامدۇ، ۋەتەنگە،
خەلققە ئىگە بولالامدۇ! ... شەھۋانىيلىق پاتقىقىغا پاتقان، خروئېن چې-
كىۋاتقان بۈگۈنكى قىز — ئەتىكى ئانا. ئۇلارمۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى
بولىدىغان ئەۋلادلارنىڭ ئانىسى بولىدۇ ئەمەسمۇ! بۇ ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ
شەخسىي ئىشى ئەمەس، ئۆز ئەركىنلىكىگە تەئەللۇق بولغان ئىشلىرىمۇ
ئەمەس. كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش.
خروئېن چەككەن ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغان بالا خروئېننى خۇمار قىلىپ
ئۆسىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق ئىش بولامدۇ؟ —

ھەسەنجان ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان چايدىن ئىككى يۇتۇم ئىچتى ـ دە ، مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى ، ــ كىشىلەردە نەپرەت قوزغىغان نەرسە ئاخىر بىر كۈنى گۇمران بولىدۇ . ياشلارنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇش ، سەسكەندۇرۇش ئۈچۈن ، بىر ئۇزۇن جەريان كېرەك . قايسى بىر مەملىكەتتە قىزلارنىڭ چوڭ ياشپاشلىرىنى ، مەيدىلىرىنى ئېچىپ كوچىلاردا يۈرۈشى مەنئى قىلىنغان ، گەرچە ئۇ ئىسلام دۆلىتى بولمىسىمۇ ، بۇ كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى دەۋردە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكىدەك يۈرۈشكە نەپرەتلەنگەنلىكى .

ماھىنۇرنىڭ تامىقى تەييار بولدى . ئۇ ئۇستەل ئۇستىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئالما گۈللۈك چىنە تاۋاقتا ئۇسۇلغان گۆشنى ھەسەنجاننىڭ ئالدىغا قويدى . كەينىدىن ئىككى ئاپقۇر شورپا ئەكىردى . شورپىدىن كۆتۈرۈلگەن مەززىلىك پۇراق ھەسەنجاننىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈردى . شۇ ئارىلىقتا ماھىنۇر بىر چىنە شورپا بىلەن بىر تەخسە گۆشنى ، يۇمشاق نانني روزاخۇن بوۋايغا ئاچىقىپ بەردى ـ دە ، يېنىپ كىرىپ ، بۇرۇنقى ئورنىغا ــ ھەسەنجاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى ، ئىككىسى غىزالىنىشقا كىرىشتى .

ــ ھازىر زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپلەر ئوقۇشتىن چېكىندۇرۇپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋاتىدۇ . مېنىڭچە ، بۇ ياخشى چارە ئەمەس . ئۇلارنى داۋالاتسا بىر مۇنچىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولاتتى ، ــ ھەسەنجان تاماقلانغاچ يەنە شۇ گەپنى قوزغىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى ، ــ ھۆكۈمەت ، شەخسىي ، ساقچى ئورۇنلىرى بىرلىشىپ ھەم داۋالاش ، ھەم ئەمگەككە سېلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا ، ئۇلارنى ئاشۇ ئاق ئالۋاستىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ، قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە يەتكىلى بولاتتى . داۋالانغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى تاشلىغان بولسىمۇ ، بەزىلىرى تاشلىيالمىغان . داۋالاشنى ئەمگەك بىلەن بىرلەشتۈرسە ، ئەمگەك مەيدانلىرىدا بىر ـ ئىككى يىل ئىشلىسە ، خۇمارىمۇ يوقاپ ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزۈپ چىقاتتى .

— مەكتەپلەر شۇنداقلا قايتۇرۇۋېتىپ ، — دېدى ماھىنۇر ، — بەزىلىرى داۋالىنار ، بەزىلىرى داۋالىنالماي ، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ ؟

— شۇ گەپ ، مانا ھازىر بىزنىڭ مەكتەپتىن ئىككى قىز كولىبىكتىپ چېكىشتۇاتقان ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىۋاتقان يەردىن قولغا چۈشۈپ قاپتۇ . مەكتەپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈپ ، ئائىلىسىگە قايتۇرۇپتۇ . قىزلار كەتمەيمىز ، مەكتەپ بىزگە ئىگە بولسۇن ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى سېتىپ داۋالىنىمىز ، ئۆيىمىزگە قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز ، دەيدىكەن .

— مەكتەپتىن قوغلىغان چاغدا يۈز پەيدا بوپتۇ ـ دە ، — دېدى ماھىنۇر مىيىقىدا كۈلۈپ .

— شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزىدىغاندەك ، داۋالىتىسا تېز ساقىيىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ .

— كىملەر ئىكەن ئۇلار ؟

— بىرسىنىڭ ئېتى گۈلپىيە ئىكەن ...

— ۋىيەي ... — ماھىنۇر چۆچۈپ كەتتى .

— تونۇمسىز نېمە ؟

— مەن گۈلپىيە ئىسىملىك بىرسىنى تونۇيتتىم ، بىراق ئۇ قىز بۇ چاغقىچە ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەتكەندۇ ...

— قەيەرلىك قىز ئىدى ؟

— جەنۇبلۇق . جەنۇبتا بىر يەرنى دېيىدى .

— مەن ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى خېلى ئوقتۇم ، — دېدي ھەسەنجان قولىنى ئىرتىۋېتىپ ، — ئوقۇشقا كەلگىلى سەككىز يىل بوپتۇ . بىر يىلى ئاپىسى پارالىچ بولۇپ يېتىپ قاپتىكەن ، قايتىپ كېتىپ ئاپىسىغا قاراپتۇ ، دەرسلەرگە ئۈلگۈرەلمەي ئىككى قېتىم سىنىپتىن چۈشۈرۈلۈپتۇ . بۇ يىل مەكتەپنى پۈتتۈرەتتىكەن . خېلى بۇرۇنلا ئاخشاملىرى رېستورانلارغا بارىدىغان قىز ئىكەن .

— ئەمىسە ، شۇ ، چوقۇم شۇ قىز ...

— ئۇ قىزنى سىز قانداق تونۇيسىز ؟

ماھىنۇر ئۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىش جەريانلىرىنى ، ئۇنى ياتىقىدا بىر كېچە قوندۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى .

— ئۇنداق بولسا ، سىز تونۇيدىغان گۈلپىيە شۇ ئوخشايدۇ ، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ ئۇقۇقانلىرىم ئوخشاش ئىكەن .

ماھىنۇرنىڭ چىرايى باشقىچە تۈسكە كىردى ، قورقۇنچ ، ئازاب ، ئېچىنىش ھېسلىرى قوزغىلىپ ، بىر قىسما بولۇپ تىترەپ كەتتى . ئاندىن كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى . بۇ ئۇنىڭ بىر قارارغا كەلگەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى :

— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن ، ھەسەنجان ئاكا ، ئۇ قىزنىمۇ ، دوستىنىمۇ قۇتۇلدۇرسام ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلىتىش دوختۇرخانىسىدا ياتقۇزۇپ داۋالاتسام دەيمەن .

— راست شۇنداق قىلامسىز ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن ، ماڭا قاراڭ ، پۇل دېگەن بىر قەغەز ، ئۇنى جايىدا ئىشلەتسەم قىممىتى بار نەرسىگە ئايلىنىدۇ ، جايىدا ئىشلىتەلمىسەم قىممىتىنى يوقىتىدۇ ، ئاشۇ ئازغان قىزلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشلەتسەم ياخشى ئەمەسمۇ ؟

ماھىنۇر بۇ سۆزلەرنى مەردلىك ـ مەردانىلىك بىلەن ئېيتتى ، ئاۋازىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى . چىرايلىق كۆزلىرىدە يانغان تال ـ تال ئۇچقۇنلار ۋاللىداپ ـ چاقناپ كەتكەندى . ھەسەنجاننىڭ كۆزىگە ئۆزى بىلىدىغان بۇ ماھىنۇر باشقىچە بىر ـ ساخاۋەتلىك ، مېھرى ـ شەپقەتلىك ، قەيسەر ماھىنۇر بولۇپ كۆرۈندى .

— غەيرەت ، ئىرادىڭىزگە باركاللا ، ماھىنۇر ! — دېدى ھەسەنجان ئۇنىڭ سۆزىدىنمۇ ، قىياپىتىدىنمۇ تەسىرلىنىپ .

— مېنى ھازىرلا قىزلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭ ، ھەسەنجان ئاكا ، بۇگۈن ئۆلگۈرەلمەي قالساق ، ئەتە ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى .

ئۈستەل ئۈستى شۇ پېتى قالدى . ئىككىسى ئۆيدىن ئالدىراپ

چىقتى ــ دە ، مەكتەپ تەرەپكە ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى .

## 39

مانا بۇمۇ دوختۇرخانا ، ئاجايىپلا دوختۇرخانا ، كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن سىرت دوختۇرخانا ، ياتقان كېسەللىرى باشلىرىنى تامغا ئۇسسىمۇ ، ۋارقىراپ ــ جارقىراپ ناله ــ پەرياد كۆتۈرسىمۇ ، دوختۇر ــ سېسترالىرى پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيدىغان ، ئۇلارنى تەرتىپكىمۇ چاقىرمايدىغان قىزىقلا دوختۇرخانا . بۇنداق دوختۇرخانىنى ئادەملەر بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ، ئادەملەر بەدىنىدە تۇيۇقسىزلا ئۆسمە پەيدا بولغاندەك ، بۇ تېخى يېقىندىلا پەيدا بولغان ، ئەمما ئاشۇ ئۆسمىنى داۋالايدىغان دوختۇرخانا . دوختۇرلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ياتقۇزغان كېسەللىرىنىڭ ئاغرىق ئازابىنى ، ئىڭراشلىرىنى ، ئادەمدە قورقۇنچ ، غەلىتە ھېسلار قوزغايدىغان ئەسەبىيلەرچە قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ، ھەتتا ئۇلارنىڭ يېرىم بېھوش ھالەتتە نومۇسسىزلارچە دەيدىغان سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان . يەنە كېلىپ بۇ دوختۇرخانا كېسەللىرىنىڭ ئىچىدە بىرمۇ كىچىك بالا ، بىرمۇ ياشانغان ئادەم يوق ، ھەممىسى ياش ، چىرايلىق ئوغۇل ــ قىزلار . بۇ ھالەتمۇ كىشىدە غەلىتە ھېس ــ تۇيغۇ قوزغايدۇ .

ــ ئۇنداق بولسا ، بۇ قانداق دوختۇرخانا ؟ بۇ زەھەرلىك چېكىملىك تاشلىتىش دوختۇرخانىسى .

ماھىنۇر مۇشۇ دوختۇرخانىغا كەلدى ، يەنى گۈلپىيە بىلەن ئۇنىڭ دوستى گۈلزارنى تۇنۇگۇن كەچكە يېقىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەتكەن ياتاققا كەلدى . لېكىن ياتاققا كىرىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس ئىكەن . ئايروپىلانغا چىقىدىغان ، تۈرمىگە كىرىدىغان ئادەمنىمۇ بۇنچىلىك تەكشۈرۈش كەتمەس ، ئاغرىق يوقلاپ كەلگەن ئادەمنىڭ يانچۇقلىرى ، كىيىم ــ كېچەكلىرىنىڭ ئارا ــ ئارىلىرى ، ئاياغ كىيىم ــ پايپاقلىرى ، قولتۇقى ، ئاغزى ، چاچلىرىنىڭ ئارىلىرى ، ئەكەلگەن تاماق ، مېۋە ــ چېۋىلىرى ... قىسقىسى تەكشۈرمەيدىغان ھېچنەرى قالمايدىكەن .

ماھىنۇرنى قاتتىق تەكشۇرۇپ كېتىۋىدى :

— ئۇ كـام نېمانچىۋالا قىلىسىز ؟ — دېدى ئۇ ئاق خالاتلىق قىزدىن خاپا بولۇپ گۆلىيىپ قاراپ .

— خاپـا بـولـماڭ ھەدە ، بىزنىڭ بۇنچىلىك ئاۋارە بولۇشىمىز سىز يوقلاپ كەلگەن ئادەمنىڭ چاپسانراق ساقىيىپ كېتىشى ئۇچۇن ، — دېدى ئۇ .

— يـوقلاپ كـەلـگـەن ئادەم ئەلـۋەتتە چاپسانراق ساقىيىپ كەتسە كەن ، دەپ كېلىدۇ ، زەھەر ئەكەلمەيدۇ .

— سىز بىلمەيسىز ھەدە ، زەھەر ئەكىلىدىغانلارمۇ بار .

— نـېمە دەيدىغانسىز ؟ ــ ماھىنۇر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— بـاشـقـىـلـىـرىـنـى قويۇپ تۇرۇپ ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەن بىر مـومايىنىڭ قىلغىنىنى دەپ بېرەي سىزگە ، — دېدى ئاق خالاتلىق قىز ، — بىز ئۇ مومايىنى قاتتىق تەكشۇرۇپ كىرگۈزگەن . قاراڭ ، كىم ئويلايدۇ ، ئۇ ئوغـلـىـنـى كـۆرۈپ ئۆزىـنـى ئاتتى ، ۋاي جېنىم بالام ، ئالتۇن بالام ، دەپ ئۇنـىـڭ مەڭزىگە ، ئېغىزلىرىغا سۆيۈپ كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى بىز دىققەت قـىـلـىـپ قاراپ تۇرۇپتىكەنمىز ، موماي سۆيۈش ئارىلىقلىرىدا بىر نەرسىنى تـىـلـى بىلەن ئىتتىرىپ ، ئوغلىنىڭ ئاغزىغا سېلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالـدۇق . يـۈگـۈرۈپ كېلىپ ، بالىنىڭ ئېغىزىنى مەجبۇرىي ئېچىپ ، سۇلياۋغا ئورالـغـان كـىـچىككىنە بىر نەرسىنى چاققانلىق بىلەن ئېلىۋالدۇق . ئېچىپ قارىساق ، خروئىن ئىكەن .

— بـۇ نـېـمـە قـىـلـغـىـنـىـدۇ ، — ھـەيـران بـولـۇپ تـۇرۇپـلا قـالـدى ماھىنۇر ، — بالىسىنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى ئاز دېگەندەك ...

— مـوماي بالامنى يەنە زەھەرلەي ، دەپ ئەكەلمەيدۇ ، ئەلۋەتتە ، بالىنىڭ زارىغا چىدىماي ئەكەلگىنى ئۇ .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ئۇ كام ...

— سـىز بىلمەيسىز دېگىنىم شۇ ، بەلكىم سۆزۈمگە خاپا بولغانسىز ؟

— راسـت ، سـىـزدىـن ئورۇنـسـىز خاپا بوپتىمەن ، تېخىمۇ قاتتىق تـەكـشـۈرسەڭلار بولغۇدەك . ئۇ ئىككى قىز مېنىڭغۇ ھېچ نەرسەم ئەمەس ،

ئۇكام، ئىچىم ئاغرىپ، ساقىيىپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئون ملىڭ سوم تۆلەپ ياتقۇزۇپ قويدۇم.

— بۇ ئىككىسى ئېغىرلاشقانلىرى، چېكىگە يەتكەنلىرى ئەمەس ئىكەن، يېڭىدىن باشلىغانلىرىمۇ ئەمەس ئىكەن، گەپ ئىرادىسىدە، ئىرادىسى چىڭ بولسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

— مەن بۇ ئىشقا بەل باغلىدىم، ئۇكام، ئۆزۈل - كېسىل ساقايـغۇچە ياتقۇزىمەن، قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى. قاراڭا، داشۆنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىمامدۇ...

— سىز سودىگەرمۇ، ھەدە؟

— شۇنداق، سودىگەرمەن.

— سودىگەرلەر ياتقۇزغانلار جىق بۇ يەردە. سودىگەرلەر بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىن، ھۆكۈمەتمۇ ھازىر سودىگەرلەرنى ماختايدىغان بولدى. بۇرۇن سودىگەر دېسە قۇۋلۇق - ئالدامچىلىقلارلا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئەمما مىللەتنىڭ تەقدىرىنى، كەلگۈسىنى ئويلايدىغان، ئادەملەرگە كۆيۈنىدىغان، ئىنسانىي خىسلەتلىك، پەزىلەتلىكلىرى كۆپ ئىكەن. ھېچكىم قىلالمىغان ئىشلارنى سودىگەرلەر قىلىۋاتىدۇ. ئالدىڭىزدا دېگىنىم ئەمەس، ھەممە ئادەم دەۋاتىدۇ، خەلققە، مىللەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، يېتىملەر مەكتەپلىرىنى ئېچىش، ئوقۇيالمىغان بالىلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش — سودىگەرلەردىن چىقىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى قاراشلىرىمغا ئۆكۈنۈپ قالدىم.

※ ※ ※

ماھىنۇر ياتاققا كىرگەندە، گۈلپىيە بىلەن گۈلزار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئىككىسى ماھىنۇرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كۆلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بىرسى بىلىكىنى، بىرسى مۈرىسىنى تۇتتى. ئۇلار كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەن، چىرايلىرىنىڭ خۇنى يوق، يۈزلىرى جۇدەڭگۈ، سولغۇن ئىدى.

ماھىنۇر بىرىنچى قېتىم كۆرگەن گۈلپىيەنى ھازىرقى ئالدىدا پىلدىرلاپ تۇرغان گۈلپىيە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىككى ھالەتنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— چىرايىڭلار بۇگۈن ئوڭلىنىپلا قاپتىغۇ، — دېدى ماھىنۇر ئىككىسىگە كۈلۈپ قاراپ.

— بۇگۈن خۇشاللىقىمىز بار، تۈنۈگۈن سىز كۆرگەن چاغدا قايغۇلۇقتۇق، قانداق قىلارمىز، ئۆيگە نېمە دەپ بارارمىز، مۇنداق كۈنگە قالغۇچە ئۆلگىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ، دېگەن قورقۇنچلۇق خىيالدا، ئەندىشىدە، ۋەھىمىدە قالغانىدۇق، — دېدى گۈلپىيە.

— بۇگۈن ئۈمىد پەيدا بوپتۇ، كۆزلىرىڭلاردا يېنىپ تۇرۇپتۇ، ئۆزۈڭلارمۇ تېتىكلىشىپ قاپسىلەر.

— تۈنۈگۈن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ ماڭغاندىلا ئۈمىد پەيدا بولغان.

— مەن سىزنى بۇرۇنراق كىرگەن كوچىسىدىن قايتىپ قالارمىكىن دەپ، — دېدى ماھىنۇر گۈلپىيەگە قاراپ، — ھېلىقى كېچىسى ياتىقىمغا كىرگەن چېغىڭىزدا خېلى گەپلەرنى قىلىپ باقتىم، بىراق يېقىن كەلمىدىڭىز، شۇ چاغدىكى مەغرۇرلۇقىڭىز ھەر قانداق تەسىرلىك گەپنىمۇ ئۈستۈن ئىدى.

— راست، ئۇ چاغدا ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى ئويلىماپتىكەنمەن، باشقىلارمۇ ماڭا كۆيۈنۈپ نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلغان، لېكىن قۇلىقىمغا كىرمىگەن، — دېدى گۈلپىيە مۇلايىملىق بىلەن يەرگە قاراپ. ئۇنىڭدا ئۆتكۈزگەن ئىشلىرىغا نىسبەتەن نەپرەت، ئۆكۈنۈش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

گۈلزار ئىسمىلىك قىزمۇ مۇلايىم قىياپەتتە بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ شۈككىدە ئولتۇراتتى. ئارىلاپ باشقا ياتاقلاردىن نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ خىل ئالامەتلەر ياتاقتا سىرلىق مۇڭ بېرىپ، ئولتۇرغانلارنى ھەم ئېچىنىشلىق، ھەم پۇشايمانلىق خىياللار قوينىغا ئاتماقتا ئىدى.

— ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى ئاجايىپ زور ئۈمىدلەر بىلەن ئوقۇتقان بولغىيتتى، ئاڭلىسام ئاپىڭىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ...

ماھىنۇرنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا گۈلپىيە تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

— بولدى، يىغلىماڭ، — ماھىنۇر سۆزىنى توختىتىۋالدى. ئۇ ئۇنى يىغلايدۇ، دەپ پەرەز قىلمىغان، يىغلاپ كېتىشىدىن ئو چوقۇم ئوڭلىنىپ كېتىدىكەن، دەپ ئويلىدى.

— قېنى ماۋۇ ئەكەلگەن نەرسىلىرىمگە ئېغىز تېگىڭلار، — دېدى ئۇ سومكىسىدىكى مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

ياتاقتا تۆت قىز بار ئىدى. گۈلپىيە، گۈلزاردىن باشقا ئۇچىنچى قىز ئۇخلاۋاتاتتى. چىرايى قانسىز، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى كۆكەرگەن، مەڭزلىرى ئۇرۇپ چاپلىشۋەتكەندەك ئىچىگە تارتىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇددى ئۆلگەن ئادەمدەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئوڭدا ياتاتتى. ئۈستىگە يوتقان يېپىلغان، يوتقاننىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا كۆتۈرۈلۈپ ـ چۈشۈپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرمىسا، مۇنداقلا قارىغان كىشى ئۇنى ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ.

— بۇ قىز ئۇخلاۋېتىپتۇ ـ دە، — دېگەنىدى ماھىنۇر ئىشكى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ، گۈلزار ئىسمىلىك قىز:

— بۇ قىز بايا بەك قىينىلىپ كەتكەن، دوختۇر كىرىپ ئوكۇل سېلىپ قويۇۋىدى، ئۇخلاپ كەتتى، — دېدى.

تۆتىنچى قىز تامغا يۆلىنىپ يەردىلا ئولتۇراتتى. كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق، ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ياكى ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، چىرايمۇ ئۇچىنچى قىزنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق ئىدى.

— بۇ قىزنى ئورنىغا ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويساڭلار بوپتىكەن، — دېگەنىدى ماھىنۇر ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ، گۈلپىيە مۇنداق دېدى:

— بۇ قىزنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن، ھوشىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەيدىكەن، ھېلى ياتقۇزۇپ قويسىڭىز، ھېلى تۇتۇپ كېتىدۇ ياكى

تۇرۇپ كېتىدۇ ، بىزمۇ قورقۇپ كېتىمىز .

ئۇلار شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان ، بېشى بىر ياققا قىيسىيىپ قالغان قىز چۆچۈگەندەك ئۆزۈك - ئۆزۈك ئۇن بىلەن سۆزلەپ قالدى :

— توختا ، ئاۋۋال چەكتۈرمەمسەن ... شاۋكەت ، توختا شاۋكەت ... چەكتۈر ، چەكتۈرۈپ بولۇپ سۆي ... سۆيەمسەن ... قۇچاقلامسەن ... مەيلى ... نېمە قىلساڭمۇ مەيلى ... بوپتۇ ، چىشلە ... چىڭ چىشلە ... مەڭزلىرىمنى قانىتىۋەت ... چىشلە ...هە ، هە ، مۇشۇنداق چىشلە ... ئۇھ ...

ياتاقنى بىردىنلا سۈر بېسىپ كەتتى ۋە ياتاق ئىچىدە قورقۇنچ ، ۋەھىمە كېزىپ يۈرگەندەك ، ئۈچىلىسى يەرگە قاراپ نېمىلەرنىدۇ ئويلىماقتا ئىدى . ماھىنۇر بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا نەزەر سالدى . ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن قىز قىزلىق ئىزا - نومۇسىنى ، شەرم - هايا ، ئەخلاق - پەزىلىتىنى ، پۈتۈن ئىنسانىي تۇيغۇسىنى ۋە قىزلارغا خاس نازاكەت - گۈزەللىكلىرىنى خىرۇئىنغا قوشۇپ چېكىپ - چېكىپ تۈگىتىۋەتكەندەك قىلاتتى . چىگىشلىنىپ پاخپاق بولۇپ قالغان قاپقارا چاچلىرىغا ، هالسىراپ ئىسىلىپ قالغاندەك تۇرغان قويۇق كىرپىكلىرىگە ، كىرلىشىپ كەتكەن پېشانە ، قاشلىرىغا ، سۇرۇلۇپ قان قېتىپ قالغان قىڭراقتەك بۇرنى ، بىر يەرلىرى كۆكىرىپ ، بىر يەرلىرى تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە ، نېپىز قانسىز لەۋلىرىگە كۆزى چۈشكەن ماھىنۇرنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى . ئۇ ئاشۇ قىزنىڭ كۆز ئەتراپى ، يۈزلىرىدىكى كۆك-لەرنى ، ساماندەك سېرىقلىقنى ، قىزغۇچ - قارامتۇل داغلارنى ، چىرايىدىكى خۇنۇكلۈكنى ، تاتىراڭغۇلۇق ، سولغۇنلۇقنى چىقىرىۋېتىپ يەنە بىر قارىغاندى ، باشقىچە بىر قىزنى — ئەگمە قاشلىق ، قارا كۆزلۈك ، ئايدەك گۈزەل بىر قىزنى كۆردى - دە ، ئىپتىقۇسىز ئېغىر ئازابقا تولغاندى : « تۇۋا ، بۇ نىجىس چېكىملىككە چىرمىلىپ قالغانلا نې-مانداق ساپلا چىرايلىق قىزلاردۇر - هە ... » دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

ياتاقتا ئېغىر جىمىلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . ئاۋۇ ئۆلۈكتەك ياتقان ، مۇنۇ تامغا يۆلىنىپ سۇس پىچىرلاپ ئولتۇرغان ئىككى قىزنىڭ ھالىتى گۈلپىيە بىلەن گۈلزاردا خىرۇئىنغا نەپرەتلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن يىر-گىنىش تۇيغۇلىرىنى ئويغاتسا ، ماھىنۇردا ئېچىنىش تۇيغۇلىرىنى ياندۇرماقتا ئىدى .

بۇ مۇڭلۇق جىمجىتلىقنى گۈلپىيە بۇزدى :

— ماھىنۇر ھەدە ، ياتاقتا مېنىڭ ئىككى چامادان ، گۈلزارنىڭ بىر چامادان كىيىم - كېچەكلىرىمىز قالغان ، نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ؟

— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭلار ، مەن ئۆيگە ئەكېلىۋالدىم ، قۇلۇپى بار ، ئاچقۇچى يوققۇ ، يېنىڭلاردا باردۇ ؟

— يېنىمىزدىمۇ يوق ، نەدە قالدىكىنتاڭ ، تونۇگۈن ئۆزىمىزنىڭ نەدە قالغانلىقىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق .

ماھىنۇر قىزلارنىڭ بۈگۈنكى روھىي ھالىتىدىن خۇشال ئىدى . ئۇلار تونۇگۈن تۇتقان - ئەتكىنىنى بىلەتتى ، بۈگۈن قىياپەت - ھەرىكەتلىرىدە كىرگەن كوچىسىدىن يىرگىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتاتتى . قايغۇرىدىغان ئىشقا قايغۇرۇش ، خۇشال بولىدىغان ئىشقا خۇشال بولۇش — ئۇلارنىڭ تېبخى نورمال ھالىتىنى يوقاتمىغانلىقىدىن دالالەت بېرەتتى . شۇڭا ماھىنۇردا ئىككىسىنىڭ تېز ئارىدا ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇغۇلدى . قىلىۋاتقان ئەجرىم بىكار كەتمەس ، ئىلاھىم دەپ ئويلىدى ئۇ .

ئۇلار پاراڭ بىلەن بىردەم ئولتۇرۇۋىدى ، گۈلپىيەنىڭ نورمال ھالىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى . ئۇ كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە قېتىم چۈشكۈردى - دە ، پۇت - قوللىرى ئاستا - ئاستا تىترەشكە باشلىدى . ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ بىلەك - بېغىشلىرىنى ئۇۋۇلىدى . چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى .

— ۋۇي ... نېمە بولدى سىزگە ؟ — ماھىنۇر ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ئەستاغپۇرۇللا ... — گۈلپىيە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باش-

لىدى، — خۇمارىم تۇتتۇۋاتىدۇ، ماھىنۇر ھەدە خاپا بولماي، سىز چىقىپ كېتىڭ ...

— نېمىشقا، نېمە بولۇۋاتىسىز ؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي، چىقىپ كېتىڭ، مېنى كۆرمەڭ.

گۈلپىيە قاتتىقراق تىترەشكە باشلىدى، گۈلزارمۇ ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۇۋۇلاشقا كىرىشتى.

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن ماھىنۇر قورقۇپ، قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى، يۈرەك ئۇرۇشى ئىتتىكلەپ ئۆپكە پىرقىراۋاتقاندەك بىلىندى ...

— جېنىم ھەدە، تېز چىقىپ كېتىڭ، مەن ئەمدى ئازابلىنىمەن ... مېنى كۆرمەڭ، بولۇڭ ...

بىر قىسما بولۇپ قالغان ماھىنۇر زالغا چىقىپ تۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن گۈلزار چىقىپ، دوختۇرلار بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى - دە، ھاـ يال بولماي ماھىنۇرنى بايا قاتتىق تەكشۈرۈپ كىرگۈزگەن سېستىرانى باشلاپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا ئوكۇل يىڭنىسى بار ئىدى. ئۇ يېقىن كېـ لىپ ماھىنۇردىن سورىدى:

— قايتماقچىمۇ سىز ؟

— ياق، گۈلپىيە ياتاقتىن چىقىپ كېتىڭ، دەپ زارلاپ تۇرۇۋالدى. مەشەگە چىقىپ تۇردۇم.

— سىزدىن قورۇنۇپتۇ، بۇ ياخشى ئەھۋال، بوپتۇ، ئەمدى كىرـ مەڭ، ئەگەر كەتمىسىڭىز، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى ياتاقتا مۇخبىرلار بار، ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، گۈلپىيەگە ئوكۇل سالماقچى بولۇپ، ياـ تاققا كىرىپ كەتتى. ماھىنۇرمۇ بۇلۇڭدىكى ياتاققا كىردى.

بۇ ياتاقتا راست دېگەندەك ئىككى مۇخبىر — بىرسى ئەر، بىرسى ئايال — داۋالىنىۋاتقانلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن. بۇ ياتاقتىمۇ تۆت كىشى ياتىدىكەن. ئىككىسى ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئىككىسى ئويغاق ئىكەن. بۇلارنىڭمۇ كەيپ قىلىش، خۇمارى تۇتۇش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەستۇ،

لېكىن ھەممىسىنىڭلا چىرايلىرى تاتىراڭغۇ، جۇدەپ قۇرۇغان، كۆزلىرى ئۆلۈك كالىنىڭ كۆزىدەك خۇنۇك.

— خۇمارى تۇتقاندا ئادەم قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەر مۇخبىر ئالدىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، ئۇزۇن - ئۇزۇن بارماقلىرى تارىشىدەك قاتقان، يېشى يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچلەرگە بېرىپ قالغان ياش يىگىتتىن.

— دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ، — دېدى ئۇ پىلىلداپ قالغان كۆزلىرى بىلەن كۈلۈپ، — بۇ يەردە يېرىم كۈن تۇرسىڭىز ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرىسىز. يېنىكرەك زەھەرلەنگەنلىرى بەزگەكتەك تۇتقان ئادەمدەك بىردەم تىترەپ، سوغۇقتا قالغان ئادەمدەك مۇزلاپ، بىردەم قاتتىق تومۇزدا قالغان ئادەمدەك قىزىپ - قىزىرىپ بىئارام بولىدۇ، ئۇياق - بۇياققا ئۆزىنى بىلەلمەي مېڭىپ كېتىدۇ، پۇت - قوللىرىنى ئۆزى ئۇۋۇلاپ ھەم قولىنى بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا ئاتىدۇ. ئېشىقىلىپ، ئۇنداقلار چىداپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئېغىرراقلىرىنىڭ كۈنى تەس، جالاقلاپ تىترەپ، نەپىسى بوغۇلۇپ (خۇددى بىر ئادەم بوغۇۋاتقاندەك) چىڭقىلىپ، ئۆزىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭدا بىر يېرىم يېرىلىپ كېتەر، سۇنۇپ كېتەر، دەيدىغان ئوي - خىيال، ئۇقۇم بولمايدۇ، ھوشىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەيدۇ. چالا بوغۇزلانغان توخۇ قولدىن چىقىپ كېتىپ، قانداق سەكرەپ كەتسە، شۇنداق سەكرەپ كېتىدۇ. ياكى پەيلىرى تارتىشىپ تۈگۈلۈپ يېتىپ قالىدۇ. ئېچىنىشلىق ئىڭرايدۇ، ناله - پەرياد كۆتۈرىدۇ. بىرلىرى چېكىملىكنى ئۆگىتىپ قويغان ئادەملەرنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان ئەسكى تىللار بىلەن قارغايدۇ؛ بىرلىرى زەھەرلىك چېكىملىكنى ياسىغان، ساتقانلارنى نېمشقا ئېتىۋەتمەيسىلەر دەپ ساقچىلارنى تىللاپ كېتىدۇ؛ تېخى بەزىلىرى ھەتتا ئانىسىنى ھەي ئەقىلسىز ئانا! مېنى نېمشقىمۇ تۇغقانسەن، باققانسەن، چوڭ قىلغانسەن، ھېچ بولمىسا كىچىككىمدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بولماسمىدى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. كەيپىنىڭ كۈچىدە ھەر نېمە بولىدۇ، ھايۋاندەكمۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ جېنىدىن ئايرىلغانلارمۇ، خۇمارى تازا تۇتقاندا بېشىنى تاشقا

ئۇرۇۋېلىسپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بار . ئەنە ، ئاۋۇنىڭ شۇنداق قاتتىق تۇ-تىدۇ ، ــ دېدى ئۇ چەتتىكى كارىۋاتتا ئۇخلاپ ياتقان بىرسىنى كۆرسىتىپ .

ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراشتى . ئۇنى ئوكۇل سېلىپ ئۇخلىتىپ قويغان بولۇشى كېرەك ، ئۇ جانسىز گەۋدىدەك تاتىرىپ ياتاتتى . ئەسلىدە ئورا كۆزمۇ ياكى ھازىر شۇ ھالغا كېلىپ قالدىمۇ ، مەڭزلىرى تۇرماق كۆزلىرىمۇ ئىچىگە تارتىلىپ كېتىپتۇ . ئۆلۈك ــ تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى ، يۈرىكى ئاجىز ئا-دەم بولسا ، ھوشىدىن كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى .

شۇ ئارىلىقتا سىرتتىن « گۇپلا » قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ زالغا چىقتى . ياندىكى ياتاقتىن بىرسى ئۆزىنى بىلەلمەي چې-قىپ ، تامغا ئۇرغان چېغى ، يەردە سونايلىنىپ يېتىپتۇ . پېشانىسى خېلىلا سۈرۈلگەن ئوخشايدۇ ، قان سىرغىپ چىقىۋاتىدۇ . باشقىلار ئۇنى كۆتۈ-رۈشۈپ ياتىقىغا ئەكىرىپ كەتتى . كەينىدىن دوختۇرمۇ كىرىپ كەتتى .

ئۇلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ چوڭقۇر ئىچكى ئازاب بىلەن بايىقى ياتاققا قايتىپ كىرىشتى . ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى .

ــ ياتاللا ، ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمىزغۇ ، بۇ خىروئىن دېگەن نېجىس ھەر قانداق كۈچلۈك پالۋان ، قەيسەر ئادەمنىمۇ ئىنسانىي تۈيغۇدىن ، ئاڭ ــ سېزىمدىن ، ئەقىل ــ ئىدراكتىن ، يىگىتلىك غۇرۇرىدىن ئايرىپ ، سۆرەلمە ، لەقۋا ، ئاڭسىز مەخلۇققا ، پۇ دېسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ياچىۋەككە ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەن ــ دە ، ــ دېدى ئەر مۇخ-بىر ياقىسىنى تۇتۇپ شۈرىلاپ بوش ئاۋازدا ، ــ مەن ئۇنى بىلەتتىم ، مەندۇرمەن دەپ ھۆركىرەپ يۈرگەن ، مەغرۇر ، شۇنداق كېلىشكەن يى-گىت ئىدى .

ــ سىزدىن بىر سوئال سوراي : سىز بۇ چېكىملىككە قانداق كىرىشىپ قالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەرسىزمۇ ؟ ــ دېدى ئايال مۇخبىر ھېلىقى كارىۋاتتا ئولتۇرغان يىگىتكە .

ــ مېنىڭ ئۆگىنىپ قېلىشىم قىزىق ، ــ دېدى ئۇ چىرايىنى پۈ-

رۇشتۇرۇپ كۈلۈپ، — مەن مەنمەنلىك، پوچىلىق قىلىپلا ئۆگىنىپ قالغان. ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش، دېگەن مۇشۇ. باشقىلار ۋاي ئۇنداق كەيىپ قىلىدۇ، مۇنداق كەيىپ قىلىدۇ، دېيىشىۋىدى، زادى قانچىلىك كەيىپ قىلار، نېمە قىلالايتتى، بىر چېكىپ باقمامدىم، دەپلا بىر چەكتىم، ھېچگەپ يوق، ئىككى چەكتىم، ھېچگەپ يوق، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم چەكتىم، قانداق بولۇپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئايرىلالماي قالدىم. قاراپ تۇرۇپلا ئادەمنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بۇ بالاخور ئاپەتكە بېرىلىپ كەتتىم. ئادەم خېلى - خېلى ئەسكىلىكلەردىن قول ئۈزەلەيدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن قول ئۈزمەك تەس ئىكەن. چەكتىم - چەكتىم ھەممە بايلىقىمنى چېكىپ، ئىسقا ئايلاندۇرۇپ تۈگىتىۋەتتىم. بولمىسا مەن كىچىكلىكىمگە قارىماي، بەش - ئالتە يۈزمىڭ سومنى پىرقىرىتىپ يۈرگەن ئوغۇل بالا ئىدىم. ھېچنېمەم قالمىدى. ئاخىرىدا شۇنچە پۇلنى پىرقىرىتىپ يۈرگەن ئوغۇل بالا قانداق كۈنگە قالدى، دېمەمسىز، بىر چەكتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كىشىلەرگە يېلىنىدىغان، باش قويىدىغان، ئۆملەپ بېرىپ پۇتلىرىنى سۆيىدىغان ھالغا قالدىم. ئۆيدىمۇ پۇل يوق ئىدى. ئاخىر ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغىش قىلىپ مېنى بۇ يەرگە ياتقۇزۇپ قويدى. چىدىغۇسىز ئازابلارنى يېگىپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدىم.

ئۇ خۇشال ئىدى. ئورۇق يۈزىدە ھەسرەت، ئەلەم، قايغۇرۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

— ساقىيىپ چىقسىڭىز، يەنە چېكىپ قالامسىزكىن، بەزى ساقىيىپ چىققانلار يەنە باشلىۋاپتۇدەك؟

— بۇمۇ ئىرادىگە باغلىق، — دېدى ئۇ جىددىي تۇردە، — ھەر قېتىم خۇمارى تۇتقاندا، مەندە نەپرەت قوزغىلىدۇ، قارشىلىق ئويغىنىدۇ. مانا بۇ ئىرادە، مېنىڭ ئىرادەم. شۇنچە پۇلۇم تۈگىگۈچە چەكتىم، ئەمما ئۆيىنىڭ ھېچ نەرسىسىگە تەگمىدىم. بۇمۇ مېنىڭ ئىرادەم. مەشەدە ياتقان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى بۇ ئىرادەم تېخىمۇ چىڭىدى. ھازىر خېلىلا تۈزۈلۈپ قالدىم. بەدىنىم پاكلىنىۋاتىدۇ. ئىرادەمدىن گۇمان

قىلماڭلار.

ئۇنىڭ گەپلىرى قەتئىي، روھىمۇ تېتىك، ئۆزى ئىشەنچلىك، گۇمان قىلغۇدەك بىرەر ئالامىتىمۇ يوق ئىدى.

— توغرا، ئىرادىسى چىڭ ئادەم ھەر قانداق ئاپەتنى، قان شورىغۇچ زەھەرنىمۇ يېڭەلەيدۇ، — دېدى مۇخبىر.

ئۇلار خوشلىشىپ ماڭماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغىلىۋىدى، ئۇ يىگىت مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— پۇل تاپقاندا باشقىلارنى ئۇنتۇماسلىق، بەكمۇ بېخىل بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك ئىكەن. پۇللۇق چېغىمدا مەھەللە مەسچىت، مەكتەپ رېمونتىغا، كوچىمىزنى ئاسفالتلاشتۇرۇش، كۆۋرۈك ياساشقا جامائەت مېنىڭ ياردەم قىلىشىمنى ئۆتۈنگەن، بەرمىگەنىدىم، خۇدا ماڭا كۆرسەتتىمىكىن دەيمەن.

— بۇ ئويىڭىزمۇ توغرا، — دېدى مۇخبىر چىقىپ كېتىۋېتىپ.

زالغا چىققاندىن كېيىن ئايال مۇخبىر:

— بىرەر قىز بىلەن سۆزلەشسەك ئەجەب ياخشى بولاتتى — دە، — دېدى.

ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىدىن قىزلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە قانداق بېرىلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۇنىمىغانلىقىنى ئۇقۇپ:

— ئۇلار نومۇس قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، بۇدا بىر ئۇرۇنۇپ باقاي.

ئايال مۇخبىر ياتاقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر قىزنى باشلاپ چىقتى. ئەر مۇخبىر سىرتتا قالدى. ئۈچى ئايرىم ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. ماھىنۇر بۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان قىزلارنىڭ ئىچىدە سەتىرەك بىرەر قىزنى ئۇچراتمىغانلىقىغا بارغانسېرى ھەيران بولۇپ: «چىراي ئادەمنى بۇزىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن — دە ...» دەپ ئويلىنىماقتا ئىدى. چىرايى جۇدەڭ، تاتىراڭغۇ، سولغۇن بولسىمۇ، بۇ قىزمۇ چىرايلىق ئىدى.

— ئەمىسە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى قىز، — ۋەدىڭىزدە

تۇرسىڭىز ، ئىسمىمنى يازمايسىز ، مەن ئۇچراشقان باللارنىڭمۇ ئىسمىنى ئېيتمايمەن .

ـــ نومۇس قىلىۋاتىسىز ـ ھە ؟ ـــ دېدى مۇخبىر .

ـــ نومۇس قىلماي ، نومۇسى يوق ئادەم بولامدۇ ، مەن بۇ يەردىن چىقىپ يەنە كىشىلەر بىلەن ياشايمەن ئەمەسمۇ ...

ـــ ياخشى ئۇكام ، ئۈمىدۋار ئىكەنسىز ، ـــ دېدى ماھىنۇر .

ـــ مەشەگە كىرگەندىن كېيىن ، ئۈمىدۋار بولۇپ كەتتىم .

ـــ ماڭا ئىشىنىڭ ، ـــ دېدى مۇخبىر ، ـــ ۋەدىمىز ۋەدە ، بىز ئىسمىڭىزنى قىستۇرۇپ قويمايمىز ، پەقەت قانداق ئۆگىنىپ قالغانلىقىڭىزنى دەپ بەرسىڭىزلا بولىدى .

ـــ دەپ بېرەي : مەن مىلىك سومغا قىزىقىپ ئۆگىنىپ قالغان . يولدىن چىقىشىممۇ شۇنىڭدىن باشلانغان . مەن ئارىلىشىپ يۈرگەن بىر قانچە ئوغۇللار بار ئىدى . ئۇلاردىن بىرسى بىر كۈنى ماڭا : سەن مۇشۇ خروئىننى پالانچى بالىغا ئۈچ ـ تۆت قېتىم چەكتۈرسەڭ ، ساڭا مىلىك سوم بېرىمەن ، دېدى . مەن ئۇ بالىنى خېلى ياخشى بىلەتتىم ، سودىگەرچىلىك قىلىپ نۇرغۇن پۇل تاپقان ، ئابرۇيىمۇ تاپقان بالا ئىدى . مەن ھەيران بولۇپ ، نېمىشقا چەكتۈرىمەن ؟ مېنى بۇ ئىشقا سېلىشىڭنىڭ مەقسىتى نېمە ؟ دەپ سورىدىم . ئۇ : بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، چەكتۈرۈپ قويساڭلا بولىدى ، مىلىك سوم سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتىدۇ ، دېدى . مەن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىماي يۈردۈم . لېكىن مىلىك سوم يامان ئىكەن . مېنى قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى . بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا : ئۆزۈم چەكمىسەم ، قانداق قىلىپ چەكتۈرۈپ قويالايمەن ، دېۋىدىم ، ئۇ : قورقما ، ئۈچ ـ تۆت قېتىم چېكىپ قويغانغا ئۆگىنىپ قالاتتىڭمۇ ، ئەلۋەتتە چېكىشىپ بېرىسەن ـ دە ، دېدى . كېيىنچە رەسلىكىمدىن مىلىك سومنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم ھەم ئۇنىڭغا : كىشىلەر خروئىننىڭ كەيپى بەك ياخشى بولىدۇ ، ئادەمنى ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇرىدۇ ، دەيدۇ ، چېكىپ باقامدۇق ؟ دېدىم . ئۇ ئۇنىمىدى . ئەمما ئۇ قەيەرگە باشلىسا ماڭدىم . كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن نېمە دېسە ، ماقۇل دېدىم . ئارىلىقلاردا چېكىپ باقايلى ، دەپ

چېكىپ بېقىشنى سەمىگە سېلىپ تۇردۇم. ئادەمنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كىرىۋالسا، ھەر قانچە بەدەل كەتسىمۇ، ھامان شۇ ئىشنى ئورۇنداشنىڭ كويىدا بولىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىپسىل مېھمانخانىدا قونۇپ قالدىم. شۇ كېچىسى ئىككىمىز بىرىنچى قېتىم چېكىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن چېكىش باشلاندى. ئۈچ ـ تۆت قېتىم چەككەنگە ئۆگىنىپ قالاتتىكەنمۇ، دېگىنى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق ئىكەن. تۆت ـ بەش قېتىم چەككەندىن كېيىن ئۇمۇ، مەنمۇ ئۆگىنىپ قېلىپ، چەكمىسەك تۇرالمايدىغان ھالدا كەلدۇق. مىلىڭ سومغا ئىپسىل كىيىملەرنى كىيمەكچى ئىدىم، نەدىكىنى، مىڭ سوم بىر ئايلىق چېكىشمىگە يەتمىدى. ئۇمۇ ۋەيران بولۇپ كەتتى. ھازىر مەنمۇ، ئۇمۇ مەشەدە داۋالىنىۋاتىمىز. مانا مېنىڭ ئۆگىنىپ قېلىش جەريانىم.

— شۇ چاغدا سىزگە مىلىڭ سومنى تەگلىگەن بالىنىڭ مەقسىتى ئاشۇ بالىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئىكەن ـ دە؟

— ئۇ سولتەك ھازىرمۇ رودۇلىشىپ يۈرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ بالىنى قەستلىگەن باشقا بىرسى بار. ئۇ بۇنىڭغا سەن چەكتۈرۈپ قوي، دەپ نۇرغۇن پۇل بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزى بۇ ئىشنى ئورۇندىيالماي، مەن ئارقىلىق قىلدۇرغان. بۇ مېنىڭ ئويۇم، چوقۇم شۇنداق.

— خىرويىننىڭ خۇمارى قاتتىق تۇتقان چاغلاردا، يېنىڭىزدا پۇل بولماي قالسا، قانداق قىلىسىز؟

— پۇلى بار باللارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيسىز، دۇنيادىكى پۈتۈن يېلىنىش ـ يالۋۇرۇشقا تەئەللۇق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىزنى بىلمىگەن ھالدا دەپ كېتىسىز...

— ئۇ بەزىبىر بولمىغۇر تەلەپلەرنى قويسىچۇ؟

— تەلەپلەرنى قويۇش دېيىسىزغۇ، سىز ئۆزلۈكىڭىزدىنلا ئۇنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىسىز، ئىپپەت ـ نومۇس دېگەنلەرنى ئويلاش ئىقتىداردىن تامامەن ئايرىلىسىز.

ماھىنۇر غەزەپ نەزىرىدە قىزغا تىكىلىپ: ئىنسانىي غۇرۇرىنى يوقىتىپ، شۇنچە خورلۇق، شۇنچە شەرمەندىلىكلەرنى مىڭ سومغا

ئاپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش ـ ئېچىنىش نەزىرىدە تىكىلدى، ئالدىنىپ قالغان ـ دە، بىچارە... كىچىككىنە تۇزۇلۇپ قالغان چېغىدا ئىزا ـ نومۇسنى ئويلاۋاتىدۇ. ئەسكىلىكتىن قېچىۋاتىدۇ...

ئۇ ئېغىر چامداپ بايىقى ياتاققا كىردى، گۈلپىيە ئۇخلاپ قاپتۇ. گۈلزار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز قانداق ئۆگىنىپ قالغانسىز ئۇكام؟

— مۇشۇ گۈلپىيە بولمامدۇ، — گۈلزار خورسىنىپ جاۋاب بەردى، — «بۇنى چەكمىسەڭ ئوغۇللار ياراتمايدۇ، كەمسىتىدۇ، هازىرقى زاماننىڭ قىزى ئەمەس ئىكەن، دەيدۇ، بۇنى چېكىش يېڭى مودا.» دېسە چېكىپتىمەن، ئاخىر مۇشۇ قىسمەتكە قالدۇق. لېكىن هەممە گۇناھ ئۆزۈمدە. بىر ئادەم پوق يە دېسە، يېيىش كېرەكمۇ؟... گۈلپىيەمۇ مۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىمىزنى بىلمىگەن، ئۆزۈمدىن ئۆتكەن.

— بولدى، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئۇكام، ئەمدى ئىرادەڭلار چىڭ بولسىلا بۇ نېجىستىن قۇتۇلۇپ كېتىسىلەر.

ئېغىر ئازاب، چوڭقۇر قايغۇدا قالغان قىز ماھىنۇرنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلمىدىمۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك شىۋىرلىدى:

— ئەسكى باللار ئالداپ ئۆگىتىدىكەن، ئۆگىتىۋېلىپ، بىزنىمۇ ئۆزىدەك ئەسكى قىلىۋالىدىكەن...

ئۆزىنى چۈشىنىش، ئەسكىلىكنى ئېتىراپ قىلىش — ياخشىلىنىشتىن بېشارەت.

ماھىنۇر ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

## 40

ماھىنۇرنىڭ قايغۇسى كۆپىيىپ كەتتى. تىجارەت ـ سودىسىنىڭ قايغۇسى، داۋالىنىۋاتقان قىزلارنىڭ ۋە ئۇ يەردە ئازابلىنىۋاتقانلارنىڭ قايغۇسى، ئەكبەرجان بىلەن سادىقنىڭ قايغۇسى هەمدە ئۆزىنىڭ قايغۇسى پۈتۈن ئەس ـ يادىنى چىرمىۋالدى. ئۇ ئۆتتۈۋاتقان ماللىرىنىڭ ئورنىنى

تولدۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلاتتى؛ ئۆتمەيۋاتقان ماللىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئويلايتتى؛ قىزلار ساقىيىپ چىقسا، ئاق تاماكا دېگەن نېجىسنى بىر تاشلىغانچە تاشلاپ كېتەرمۇ ياكى قايتىدىن يەنە باشلىۋالارمۇ، دەپ ئەنسىرەشتە بولاتتى؛ ئەكبەرجان ئاشۇ خروئىن دېگەن ئالۋاستىغا ئۆگىنىپ قالارمۇ، دەپ قورقاتتى؛ سادىقنى ئىچكىرىگە ماڭغۇزۇپ قويۇپ، كەينىدىنلا بىرەر خېيىم ـ خەتەرگە، بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ قالارمۇ، دەپ غەم يەيتتى؛ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى تەنها ئۆتكۈزگىنىم ياخشىمۇ ياكى بىرسىگە ياتلىق بولۇپ ئۆتكۈزگىنىم ياخشىمۇ، دەپ ئارىسالدا بولاتتى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتىدۇ، ھەممە ئىشقا ئۆلگۈرۈپ يۇرگىنى بىلەن ئازابىنى ئۆزى تارتىۋاتىدۇ. بەختىخانغا تۇرغۇن سىرلىرىنى، ھەسرەت ـ ئەلەملىرىنى ئېيتىپ، ئىچ ـ قارنىنى بوشىتىپ يۇرسىمۇ، ئېيتمايدىغانلىرىمۇ چىقىدۇ، ھەممە گەپنى ئېيتىۋەرگىنى بولمايدىكەن.

ماھىنۇر ئۆز قايغۇلىرىغا چۆكۈپ ئۆيىگە كېلىۋاتاتتى، ئۆيىگە ئاز قالغاندا ئىسمائىلجان ئۇچراپ قالدى.

— مېنى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتىڭمۇ، دېمەيسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ سالاملاشمايلا.

ماھىنۇر دەرھاللا جاۋاب بەردى:

— سىزنىڭ مېنى ئىزدەپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىڭىز بولمىسا...

— ئىزدىشىم كېرەك ئىدى، ئەتەي ئىزدىمىدىم.

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز، ئۆز ئىختىيارىڭىزدىكى ئىشلار بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم يوق ـ دە.

— يوق ئەمەس، تازا بار. ئۇقتۇم، قورۇ ـ جايلىق بوپسىز، ئازادە ئۆيلىرىڭىزدە ئولتۇرۇپ سۆزلىشەي، دەپ كەلدىم.

— قاچان؟

ـ ھازىر.

— بولمايدۇ.

— ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرغىنىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ياق ، بولمايدۇ .
— ئۆيــگە كەلگەن مېھماننى قوغلىغاننى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم بۇ ، قالتىس ئادەمكەنسىز جۇمۇڭ .
— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ ، — ماھىنۇر سەل خىجىل بولۇپ قالدى ، — بەك ھېرىپ كەتتىم ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەك ھالىم يوق ، دەم ئالمىسام بولمايدۇ ھەم ھازىر مەكتەپتىن ئىنىم كېلىدۇ .
— كەلسە نېمە بولاتتى ، تونۇشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ ، دەر ، ياكى لايىقى بىلەن ئولتۇرۇپتۇ ، دەر .
— قويۇڭا مۇنداق لاۋزا گەپنى ، — ماھىنۇر قىزىرىپ كەتتى ، — بولمايدۇ ، مېنى توغرا چۈشىنىڭ .
ئىسمائىلجان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنتمۇ قىلمىدى ھەم ئۇ كېتىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى .
— ئۆيىڭىزگە ئادەم كەلمەيدىكەن ـ دە ؟
— كەلمەيدۇ .
ئىسمائىلجان كۈلدى :
— كەلگەن بولسىچۇ ؟
— سىزدەك ئادەم كەلمەيدۇ .
— قايسى كۈنى ئۆيىڭىزدىن چىققان كىم ئۇ ؟
— ئەر كىشىمۇ ؟
— ئەلۋەتتە ، مەن دېمەتلىك .
ماھىنۇر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمائىلجان دەۋاتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى ئېسىگە ئالالماي خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا « كىمنى دەيسىز » دېگەن نەزەر بىلەن قارىدى .
— ئىككىڭلار قورۇدىن بىللە چىقتىڭلار ، ئالدىراش مېڭىپ داشۆگە بىللە كىرىپ كەتتىڭلار .
ماھىنۇر سۇس كۈلدى .
— يائاللا ... ماراپلا يۈرۈپسىز ـ دە ؟...
— مارىمىدىم ، قاراپ يۈردۈم .

— ئۇ ھەسەنجان ئاكام .
— ھەسەنجان ئاكام ؟
— شۇنداق .
— ئۆزىڭىزنىڭ ئاكىسىمۇ ؟
— ياق ، ئۇ غۇلجىلىق ئادەم ، بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىر ـ بىرىمىزنى بىلىشىمىز . ھازىر داشۆنىڭ مۇئەللىمى .
— مېنى ئەگىپ يۈرىدۇ ، دەڭە ؟
— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ، ئۇ داشۆنىڭ مۇئەللىمى ، مەن دېگەن قارا قورساق تىجارەتچى تۇرسام .
— بۇ سەۋەب بولالمايدۇ ، داشۆنى تۈگەتكەن نى قىزلارنىڭ سودىگەرلەرگە تېگىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟
— پۇلىغا تېگىۋاتىدۇ ـ دە .
— پۇلىغا ئەمەس ، ئەقىل ـ پاراسىتىگە تېگىۋاتىدۇ .
ماھىنۇر ئۈنچىقمىدى .
— دۇكىنىمىنىڭ ئالدىغا كەلمەڭ دېسىڭىز ، ئۆيىڭىزگە كەلسە كىرگۈزمىسىڭىز ، ئىسمائىلجان ئەمدى قانداق قىلسا بولىدۇ ؟ ... ئېيتىڭا ، بۇ زادى قانداق ئەخلاق ؟
« مۇشۇ قىلىۋاتقانلىرىم توغرىمۇ ـ خاتامۇ ؟ » دەپ ئويلىغان ماھىنۇر ئىسمائىلجاننىڭ ھەدىسىنىڭ قىزىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ئاستا قارىدى .
ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ كۈچى ، سالمىقىدا بىر توختىۋېلىپ يەنە مۇنداق دېدى :
— بىر ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايمەن دېيىش ياخشى ئەخلاقمۇ ؟ ئەمىسە مېنىڭ دېگەن يېرىمگە بېرىڭ ؟
— قەيەرگە ؟
— ياتىقىمغا .
— ياتىقىڭىزغا ... — ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزمىگىنىگە خىجىل بولۇپ تۇرغان ماھىنۇر خىجىللىقىنى بېسىش ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش

ئۇچۇنمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭغا قىزىپ قالدىمۇ ، ئانچە ئويلىنىپ كەتمەيلا جاۋاب بېرىۋەتتى ، — مەيلى ، — لېكىن شۇئان قىزىرىپ كەتتى . ئىسمائىلجان ئۇنىڭ نېمىگە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ :

— تەلەپ قويىغان ئادەمگە قانداق جاۋاب بېرىش قىزلارنىڭ ئەركىنلىكى ، قىزلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋالىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۈچ كۆرسىتىدىغان ئوغۇل بالا ، ئۆز غورۇرىنى ، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى يوقاتقان ئوغۇل بالا ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .

— خوش ، — ماھىنۇر مېڭىشقا تەمشەلدى .

— قاچان بارىسىز ؟

— ئەتە چۈشتە .

— قەيەرگە بارىسىز ؟ — ئىسمائىلجان كۈلۈپ كەتتى ، — قايسى مېھمانخانىدا ، ياتاق نومۇرى قانچە ؟ دەپ سورىمايلا « خوش » دەيسىزا ...

ماھىنۇرمۇ كۈلۈپ كەتتى :

— سىزمۇ دەپ بەرمەيسىزا ...

ئىسمائىلجان يېتىۋاتقان مېھمانخانىسى بىلەن ياتاق نومۇرىنى دەپ بەردى .

— ئەمسە تاماق يېمەي كېلىڭ .

ماڭغان ماھىنۇر كەينىگە قايرىلىپ :

— تۈركىيىلىكلەر مېھماندىن : ئاچ كېلەمسىز ـ توق كېلەمسىز ، دەپ سورايدۇ ، دەۋاتاتتى ، ئۆگىنىپسىز ـ دە ، ئەپەندىم ، — دېدى .

— ياخشى ئىشلارنى قايسى مىللەتنىڭ بولسىمۇ ئۆگىنىش كېرەك ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ ، بۇ ياخشى پەزىلەت .

— ئىسراپچىلىق قىلىپ يۈرمەڭ ، مەن توق بارىمەن .

ئىككىسى كۈلۈشۈپ خوشلاشتى .

※ ※ ※

ماھىنۇر ئىسمائىلجاننىڭ يانىغا بارىمەن ، دېمىگەنمۇ بولاتتى .

بىراق ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان گەپلىرى بىلەن ھەدىسىنىڭ قىزىدىن ، يەنى ئىنىسى ئەكبەرجاننىڭ ساۋاقدىشىدىن ئاڭلىغانلىرى ئوخشاش چىقتى . شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالدى . كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇ توغرۇلۇق ئويلاندى : گېپىدە جالىق يوق ، ياسالمىلىق يوق ، خۇشامەتمۇ يوق . ئەر- لەرگە خاس مەغرۇرلۇق بار . خۇدا ساقلىسۇن غۇرۇرىنى يوقىتىپ ، خۇشامەت قىلىپ ، ئۇنىڭ كەينىگە ئالدامچىلىقنى يوشۇرغان ئەرلەردىن . لېكىن ، ئوتتۇز بەشكىچە ئىشقى ھېسلىرى قوزغالغان چاغلاردا كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئاياللار بىلەن ئويناپمۇ يۈرگەندۇ . شۇ چاغقىچە ئۆيلەنمىگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىدە ئايالغا نىسبەتەن ھەقىقىي مۇھەببەت ، ھەقىقىي مېھرىبانلىق قالغانمىدۇ ... ماقۇل ، ئۇنىڭغا تەگدىممۇ دەي ، ھەممىلا ئىشتا غۇرۇرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى جانغا پېتىپ كېتەرمۇ ؟ ... دۇنيادا ئادەمنى چۈشەنمەكقۇ تەس ، ئەمما سەممىي ـ سادىقلىقىغا كۆز يەتسىلا بولىدىغۇ ... قايغۇلىرىم ، خىياللىرىم ئازدەك يەنە بىر خىيال پەيپشقىلى تۇردىغۇ ، ئۇھ ، بولدىلا ، ئەتە بىرگەپ بولار ، ئاۋۋال تاڭ ئاتسۇن .

ئەتىسى چۈش يېقىنلاشقانسىرى ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى ئىتتىكلەپ ئۇرۇشقا ، قوللىرى تىترەشكە باشلىدى . ئۇ دۇكىنىدا ئىدى . ئەمما ، سودىسى قىزىپ كېتىپ باراتتى . كاللىسىدا بارمىسام نېمە بولار ، دېگەن ئويمۇ يوق ئەمەس ئىدى . بارمىسا ئىسمائىلجاننىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى ئۆزىنى ئازابلاپ قويارمىكىن ، مۇھىمى بارغۇسى كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇ دۇكاندىن چىقىپ ، ئاۋۋال ئاشپۇزۇلغا كىردى . ئالدىغا كەلگەن بىر تەخسە لەغمەننىڭ يېرىمىنى ئاران يېدى ـ دە ، ئىككىلىنىش ھېسسىياتى بىلەن مېھمانخانىغا قاراپ ئاستا ماڭدى . ئۇنىڭ ئىككىلىنىشىدە خىجىل بولۇش قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قويۇۋاتاتتى .

ماھىنۇر ئىشىكنى چېكىپ ، ياتاققا قورۇنۇپقىنا كىردى ۋە ئىسمائىلجاننىڭ تەكلىپى بىلەن يالغۇز كىشىلىك دىۋانغا كېلىپ ئولتۇر- دى . ياتاق چىرايلىق ، ئازادە ، پاكىز ئىدى ۋە بىر خىل خۇشپۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . يەرگە مويى ئېگىز سەندۇك گىلەمى سېلىنغان بولۇپ ، كەڭ دېرىزىگە قوش پەردە — سۇترەڭ تور پەردە ، تېشىغا زەڭگەر دۇخاۋا

پەردە تارتىلغانىدى. يالغۇز كىشىلىك ئىككى دىۋاننىڭ ئارىسىدىكى ئۈستەلچە ئۈستىگە تەخسىلەرگە تىزىلغان نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈملەر قويۇپ قويۇلغانىدى.

— گېپىڭىزنى ئاڭلاپ تاماق ئەكىرمىدىم.

— ياخشى قىپسىز، — دېدى ماھىنۇر كۈلۈپ، — ئەمما ئۆزىڭىز ئاچ قالمىسىڭىزلا بولىدۇ.

— چاققان ئىكەنسىز جۇمۇڭ، تېگىپلا كەتسە چېقىۋالىسىز.

ماھىنۇر پەسكە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئېسىڭىزدىمۇ، تۈنۈگۈن سىزنى ئەتەي ئىزدىمىدىم، دېدىم. بۇ سۆزۈمنى قانداق چۈشەندىڭىز؟ — دېدى ئىسمائىلجان.

— تۈنۈگۈن چۈشەنچەمنى دەپ بولغان.

— تەتۈرلۈك قىلماڭ، ئارىلىقتىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتسىمۇ، سىزنى ئىزدىمىگىنىم سىزگە كۆپرەك ئويلىنىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىم، — دېدى ئىسمائىلجان گېپىنى رەسمىي باشلاپ، — ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمەسلىك مەجبۇرلاش تۈسىنى ئېلىپ قالىدۇ. ئۇنداق ئەمەسمۇ ـ يا؟

— بۇ قارىشىڭىز توغرا.

— مېنىڭ ھەممە قاراشلىرىم توغرا، گېپىمنى دەي، مەن گەپ ئەگىتىشنى بىلمەيمەن. سىزنى ھېلىقى يىلى لۆڭگە سېتىۋاتقان چاغدا كۆرۈپ، بۇ قىز مۇشۇ گۈزەل چىرايى بىلەن لۆڭگە سېتىۋاتقىنىغا قارىغاندا، يا بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن ياكى باشقىچە نىيەتتىكى قىزمىكىن، دەپ ئويلىدىم. سىزگە زوقۇم قوزغالغاچقا، كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم ـ دە، سىزنىڭ ئەخلاقلىق، ئېغىر ـ بېسىق ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇم. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭدە سىزگە نىسبەتەن نېمىشقىدۇر ئىچ ئاغرىتىش ھېسى قوزغالدى.

— ئىككىنچى قېتىم مېنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، مېنىڭ كاتتا سودا دۇكىنىم بار ئىدىغۇ؟

— ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىمدىن يارىتىپ قېلىش ھېسى

ئويغىنىپ بولغان.

ئىسمائىلجان ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن بىرەر بەلگە ـ ئەسەرمۇ يوق ھالدا، يا ھودۇقماي، يا قورۇنماي قاتتىق ـ قاتتىق سۆزلەيتتى. ئاۋازىدىن ئىشقىي ھېس ـ تۇيغۇلار سېزىلمەيتتى. تېخى ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ماھىنۇر: «ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى، سەمىمىي گېپى، مۇھەببەتلىك سۆزلىرى يوقتەكلا تۇيۇلىدىغۇ، تېخى ۋارقىراپ ـ ۋارقىراپ سۆزلەۋاتىدۇ، ھەرىكەتلىرىمۇ غەلىتە، ئىشقىي ـ مۇھەببەت توغرىسىدىكى گەپلەر يۈرەكتىن ساددىلىق، سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا پىچىرلاپ چىقمامدۇ؟ ... بىرسىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئادەمدە كۆرۈلىدىغان قورۇنۇش، ئەيمىنىش، ئوڭايسىزلىنىش، ھودۇقۇش ئالامەتلىرىدىن قىلچە ئەسەر يوق، ھەتتا مۇھەببەتلىك، ئېنىقراق يۈرەك سۆزىمۇ يوق. بۇ قانداق بولغىنى؟ ...» دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا ئۇ دىۋانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ماھىنۇرنى مېۋىلەرنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىۋاتاتتى.

ماھىنۇر جۈرئەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— سىز مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئادەمگە زادىلا ئوخشىمايسىز.

— مەندە تېخى چىن مۇھەببەت ئويغانمىدى. يالغانچىلىق باشقا ئىشقا ئاققان بىلەن مۇھەببەتكە ئاقمايدۇ. مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم. لېكىن پۈتۈنلەي ياخشى كۆرۈپ كەتمىدىم، ئۆيلەنسەم بولغۇدەك دېگەن تونۇشتىمەن. ياقتۇرۇپ قېلىش ئىككى ئادەم قوشۇلغاندىن كېيىن كۈچەيسە، ھەقىقىي چىن مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئائىلە بۇزۇلىدۇ ياكى بولمىسا تۇرمۇش كۆڭۈلسىز ھالەتتە ئۆتىدۇ.

ئىسمائىلجاننىڭ سۆزلىرى ماھىنۇرغا تەسىر قىلىپ، ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. بۇ قاراش ئۇنىڭدىن رازى بولۇۋاتقانلىقتىن دالالەت بېرەتتى.

تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ئىسمائىلجان تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ، كىم بىلەندۇ سۆزلەشتى. بىراق سۆزلىشىش بىر مىنۇتقىمۇ

يەتمەي، ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى.
— كىم ئىكەن ؟
— بىر قىز.
— نېمە دەيدۇ ؟
— نېمە دەيتتى دەيسىز، رۇخسەت قىلسىڭىز، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، سىزنى كۆتۈۋالسام دەيدۇ.
— تونۇمسىز ؟
— ياق.
— ئەمىسە ...
— ئىككىمىز بىر كېچە بىللە بولساق دېمەكچى.
— شۇنداقمۇ ... قىزىق - ھە، تونۇمىسىڭىز، — ماھىنۇر ئويلىنىپ قالدى، — سىزنىڭ مۇشۇ ياتاقتا ئىكەنلىكىڭىزنى، تېلېفون نومۇرىڭىزنى قانداق بىلىدۇ ؟
— مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچى قىزلىرى خەۋەر قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر مەن قوشۇلسام، ئۇ كېلىدۇ. مەندىن ئالغان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى خەۋەر بەرگەن كۈتكۈچى قىزغا بېرىپ، ئۇنى رازى قىلىدۇ. مۇشۇنداق سودىدىن نەپ ئېلىپ دەندەپ قالغان - دە.
— سىزمۇ دەندەپ قالغان - دە ؟
ئىسمائىلجان كۈلدى.
— سىز مېنى تېخىچە چۈشەنمەيۋاتىسىز - ھە ؟ مەن مۇنداق ئىشلاردىن ئاللىقاچان قول ئۈزگەن. شۇڭا سىزگە سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. نېمىشقا سەممىيلىك قىلىۋاتقانلىقىمنى چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىڭ.
— توۋا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ - ھە، ئادەمنى يىرگەندۇرىدىغان، غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلار نېمىدېگەن كۆپىيىپ كەتكەن، — دېدى ماھىنۇر يەۋاتقان ئالمىسىنى چىشلەشتىن توختاپ، — يان - يېنىمىزنى قاپلاپ كەتتىغۇ، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار ...
ئىسمائىلجان ماھىنۇرنىڭ نېمىگە قاراپ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى، بۇ

ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.
— بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئىشلار، — دېدى ئۇ ۋە دىۋاندىن يەنە تۇرۇپ كەتتى، — هازىر بۇ بىر زور ئىقىم. ئېقىمغا قارشى چىقىش — بىهۇدە ئاۋارىچىلىك. چۈنكى ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى، خالىغۇچىلىرى نۇرغۇن. سىز هەيران قالىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان ئىشلار بەزىلەر ئۈچۈن نورمال ئىش، هېچنېمە ئەمەس. هازىر كىنو — كونسېرتلاردا، كوچىلاردا سېتىلىۋاتقان رەسىملەردە يالىڭاچ دېگۈدەك قىزلار كۆپىيىپ كەتتى. ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن يەرلەردە قىز — ئوغۇللار نومۇس — هايا دېگەنلەر خىيالىغىمۇ كەلمىگەن هالدا قۇچاقلىشىپ — سۆيۈشۈپ يۈرىدۇ. ئەمما هەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ — ئادىتى بولىدۇ، بۇ دىنىمىز تۇرماق، ئەخلاقىمىزغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، شۇڭا غەزىپىمىز كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە ئىشى، بىزنىڭ قولىمىزدىن هېچنېمە كەلمەيدۇ، غەزەپلىنىپ يۈرۈۋېرىمىز، ئۇلار شۇ ئىشنى قىلىۋېرىدۇ. ئېقىمغا قارشى چىقىش — بىهۇدە ئاۋارىچىلىك دېگىنىم شۇ.
— شۇلارمۇ ئادەمغۇ، ئىنساپ قىلسا، ئالدى — ئارقىسىغا قارىسا بولمامدۇ، — دېدى ماهىنۇر گەپ قىستۇرۇپ.
— تېخى ئامال، — دېدى ئىسمائىلجان قوللىرىنى كېرىپ، — راست، بۇرۇن يوق ئىدى، هازىر ئىشلىك ئېچىۋېتىلدى، چەت ئەلنىڭ ياخشى نەرسىسىمۇ، ئەسكى نەرسىسىمۇ كىرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ ئېيسىل ئەتىرىمۇ، كولۇمبىيىنىڭ زەهەرلىك چېكىملىكىمۇ كىرگەندەك. بۇرۇن بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىزدا شەهۋانىيلىق، قاتىللىق تەرغىب قىلىنغان كىنولارغا قارشى تۇرۇلاتتى. هازىر قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇنى كىمگە دادلايسىز؟ چەت ئەل كىنو — تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا چەت ياقىلاردا، يەر ئاستى رېستورانلىرىدا بولۇۋاتقان ئويۇن — تاماشىلار، ناخشا — ئۇسسۇللار، ئەيش — ئىشرەت، كەيپ — ساپالىق كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ مەلۇم زورۇرىيەت تەلىپىدىن ئېلىنغان. لېكىن ئۇنى ئاشۇ چەت ئەللەردىكى كەڭ جامائەتچىلىكمۇ يامان كۆرىدۇ. ئۇنداق يەرلەرگە ئەسكى ئادەملەر، پاهىشە ئاياللار، ئادەملىك قېلىپىدىن

چىقىقانلار بارىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزدە هازىر قىزلار، ئاياللار كىيىپ يۈرگەن قارا گۈللۈك تور پايپاقنى ئالايلى، ئۇنى چەت ئەللەردە پاھىشە ئاياللار كىيىدۇ، ئاشۇ پايپىقىغا قاراپ ئۇنىڭ پاھىشە ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. بىزدە قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ — ئىسمائىلجاننىڭ چىرايىدا بىر نەرسىنى مەسخىرە قىلغاندەك سۇس جىلمىيىش پەيدا بولدى، — بىزدە ئۇنى دوراش، قوبۇل قىلىش كۆرۈلۈۋاتىدۇ. نېمە قىلغىنى؟ چەت ئەلدىن ئۆگەنگىنى. گەپ نېمىدە دېسىڭىز، ئاڭسىزلىق ـ نادانلىقتا، ياخشى ـ يامانني پەرق ئەتمەي قوبۇل قىلىشتا بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئاخىرقى نۆۋەتتە نېمە بولىدۇ؟ چەت ئەلدىن ئۆگەنگەن ياخشى نەرسىلەر قالىدۇ، ئۆزلىشىدۇ، ئەسكى نەرسىلەر تازىلىنىدۇ. مەسىلەن يەنە ئالايلى، بىر مەزگىل كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتان، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىش، ئوغۇللار چاچلىرىنى قىزلارنىڭكىدەك قويۇۋېتىش، ساقىلىنى ئالماسلىق، قۇلىقىغا هالقا سېلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. بىزنىڭ ياشانغان يازغۇچىلىرىمىز زۇنۇن قادىرى: مۇشۇ هارىملارنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشى بىلەن قىزلارنىڭكىدەك ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىشىدىن ئەجەب بىزار بولدۇم، ئوغۇللار قىزلارنىڭ كىيىمىنى تارتىۋالسا بولامدۇ، دېسە، تېيىپجان ئېلىيوف: قايىنما، بۇنى سەن ـ مەن قايناپ تۈگىتەلمەيمىز، بۇ هازىرقى ئېقىمىۋاتقان ئىش، بىر كۈنى ئۆزلىرى نەپرەتلىنىپ تاشلايدۇ، دەپتىكەن. دېگەندەك ياشلار هازىر ئۇنىڭ بەزىلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى، بەزىلىرى ئاز قالدى.

— راست، شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، — ماھىنۇر بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، — ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىگىمۇ سەت كۆرۈنۈپ قالىدىكەن.

— سەنئەتتىمۇ شۇنداق، بولمىغۇر ـ ھەرىكەتلەر، ئالتاغىل ۋارقىراشلار، چەتنىڭ ئاھاڭلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىپ ئويغۇرچە تېكىستلار بىلەن ئېيتىشلار بىر مەزگىلدىن كېيىن قېپقالىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز سەھنىدىن چۈشمەيدۇ، — دېدى ئىسمائىلجان دىۋانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنىڭغا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا ئىجاد

قىلىنغان يېڭى ـ يېڭى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىلار قوشۇلۇپ بېيىپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ بەزىلىرى ئېيتىشتىن قېلىپ، بەزىلىرى داۋاملىق ئېيتىلىدۇ ھەتتا خەلق ناخشا ـ سازلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ؟ بۇ، خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغانمۇ ـ يوق، ئۇنى مەنبە قىلغانمۇ ـ يوق، شۇنىڭغا باغلىق بولىدۇ. چەتنىڭ ياخشى نەرسىلىرى ئەلۋەتتە ئۆزلىشىپ كېتىدۇ. كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، ھەر خىل شەپكىلەر تارىختا بەلكىم بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كىيگەن كىيىملەردۇر، ئەمما ئۇنى يېقىنقى زامانلاردا چەتتىن قوبۇل قىلدۇق. ھازىر ئۇ بىزگە ئۆزلىشىپ، ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇ يەردە سودىگەرلەرنىڭ رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدۇ. سىرتنىڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى، ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ئېلىپ كىرىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىرتتىن مەتبەئە ـ باسمىچىلىقنى شۇلار ئەكىرگەن، پەننىي مەكتەپلەرنىمۇ شۇلار ئاچقان.

ئىسمائىلجان سۆزىنى تۈگەتتى ـ دە، ئۆز سۆزىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ كەتتىمۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ يېنىغا باردى ۋە شەھەرگە نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ قالدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندى ۋە ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ قالدى. ئىسمائىلجان ماھىنۇر بىلىدىغان، ئۇچراشقان سودىگەرلەرگە زادىلا ئوخشىماي قالغاندى. نۇرغۇن گەپ ـ سۆز، قاراشلىرى ھەسەنجانغا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا قايىللىقتىن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم يېنىپ كەتكەندى.

— ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ، — دېدى ئىسمائىلجان خېلىدىن كېيىن كەينىگە قايرىلىپ، — يولدىن چىقىپ كەتسە، كىشىدە ، پىرەت، يىرگىنىش پەيدا قىلىدۇ. يىرگىنىش، نەپرەت ئاستىدا قالغان كىشى ئۆزىنى تۈتۈۋالسا، ئۆزىگە نەپرەتلەنسە، كىشىلەر قاتارىغا ئۆتىدۇ، بولمىسا سۈپۈرۈندى ـ ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىسمائىلجاننىڭ سۆزى تۈگىشىگە، ماھىنۇر قوزغالدى:

— مەن قايتاي .
— نېمە دەيدىغانسىز ؟ ...
— مەن كەلگىلى خېلى بولدى ، كەتمىسەم بولمايدۇ .
— ئەلۋەتتە كېتىسىز ، مەن سىزنى قونۇپ قېلىڭ دەۋاتقىنىم يوق ، ئېيتىڭا ، نېمىگە كەلگەنىدىڭىز ؟
— بىردەم پاراڭلىشاي دەپ .
— مەن سىزگە ئۆيلىنىش قارارىغا كەلگىلى خېلى بولدى ، بۇ گەپنى ئىككى قېتىم دېدىم ، بۇگۈن جاۋاب بەرگىلى كەلدىڭىز ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ھېچنېمە دېمەي قانداق كېتىسىز ؟
— بۇ مال سودىسى ئەمەس ، ئىسمائىلجان ، ئۆمۈرلۈك ئىش ، مەن سىزنى ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتىمەن ، تولۇق چۈشىنەي ، گېپىڭىزگە قارىغاندا مېنى چۈشىنىپ بوپسىز ، مەنمۇ سىزنى چوڭقۇرراق چۈشىنىپ بولاي ، مېنى ئالدىراتماڭ . ئاۋۋال تارىخىڭىزنى ئۇقۇپ باقاي .
— بولىدۇ ، ئېيتقانلىرىڭىز توغرا ، بىراق يالغاندىن تارىخ ياسسام قانداق قىلىسىز ؟
— ئۇنداق قىلمايسىز ، سىزگە ئىشىنىمەن .
ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ماڭدى . ئىسمائىلجان ئۇنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى ، ماھىنۇر :
— بولدى ، مېنى ئۇزاتماڭ ، مېھمانخانىغا ئەرلەرنى ھەر قانچە ياخشى ئايال ئىزدەپ كەلسىمۇ ، كىشىلەر ئەسكى ، دەپ قارايدۇ .
ماھىنۇر چىقىپ كەتتى .
ئىشىك تۈۋىدە قالغان ئىسمائىلجان ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى . تالاي ـ تالاي قىزلارنى — كىشىلەرنى مەنسىتمەي سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدىغان قىزلارنى ، جىلۋىلىك چوكانلارنىمۇ گەپكە كىرگۈزگەن ، قولغا كەلتۈرگەن ئىسمائىلجان مۇنۇ ماھىنۇردىن جاۋاب ئالال- مايۋاتاتتى . « ئويناپدىغانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسان بولغىنى بىلەن ئالىدىغانلارنى قولغا كەلتۈرمەك ئاسان ئەمەس ئىكەن ، — دەپ ئويلانماقتا ئىدى ئۇ ، — توغرا ، مېنى تولۇق چۈشىنىپ جاۋاب بېرىشى كېرەك ـ دە ،

بولمىسا كوچىدىكى ئاياللاردىن نېمە پەرقى قالدۇ ؟! ئەمما ، ئۇ كېلىدۇ ، چوقۇم كېلىدۇ .»

## 41

— ئەجەب يوقاپ كەتتىڭىزغۇ ، كېلىپ قالارمىكىن ، دەپ يولىڭىزغا شۇنداق قاراپ كەتتىم ...

— راستما ؟

— راست بولمايچۇ ، قايسى كۈنى بىر قىز : ياتاقنىڭ ئالدىدا بىر بالا تۇرىدۇ ، دەپ كىمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقۇچە ، يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتىمەن ، چىقسام قارىسام سىز ئەمەس ، قايتىپ كىرىپ قىزلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق كۈلكىگە قالدىم .

— ئۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدىغۇ ...

— ئۇنداق دېمەڭ ، قىزلار ھېلىمۇ ياخشى ئەمەس بولۇپ قاپتۇ ، راست بولۇپ قالسا ، ھوشۇڭدىن كېتەتتىڭكەن ، دېيىشىپ كەتتى . شۇنداق ئىزا تارتىپ كەتتىم دەڭە ، يەر يېرىلمىدى ، مەن كىرمىدىم .

بۇ نۇرگۈل بىلەن سادىق ئوتتۇرىسىدا بېيجىڭ گەنجياكۇ كوچىسىدىكى ئاشپۇزۇلخانىدا بولۇنغان گەپلەر .

سادىق بېيجىڭغا كېلىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يېڭىدىن تونۇشقان باللارنى ئىزدەپ بېرىپ ، مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىدا ۋالىبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈۋاتقان نۇرگۈل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . نۇرگۈل بۇ ئۇچرىشىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنى ياتاققا تەكلىپ قىلدى . سادىق ياتاققا كىرىشتىن قورۇندىمۇ ، ئۇنىماي تۇرۇۋالدى ـ دە ، ئۇنى كوچىلارنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى . نۇرگۈل ماقۇل بولۇپ ئىككىسى مەكتەپتىن چىقتى ۋە ئاستا مېڭىشىپ بىر نەچچە كوچىلارنى ئايلىنىپ ، سەيلە قىلىشتى . كەچ كىرىپ قالغان مەزگىلدە ، سادىق نۇرگۈلنى ئۆتكەندە ئىككىسى بىللە كىرگەن ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىردى .

سادىق نۇرگۇلنىڭ خالىشى بويىچە تاماق بۇيرۇتقان، ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئىككى تەخسە لەگمەن كەلدى. ئىككى ئوتتۇرىدا بولۇنۇۋاتقان پاراڭ بېسىلىپ قالدى. تاماق جىمجىتلىق ئىچىدە يېيىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشخانىدا ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى.

تاماق يېيىلىپ بولۇپ، ئىككىسى كوچىغا چىقتى. سادىق نۇرگۇل- دىن كەچتە تەكرارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىۋىدى، نۇرگۇل تەكرار بولسىمۇ، قاتناشمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كەچ كىرىپ قالغانىدى. كوچا سەيلىسى يەنە باشلاندى. ئۇنىڭچى ئايدىكى بېيجىڭ هاۋاسى خېلىلا ئىسسىق بولسىمۇ، كەچقۇرۇنلۇقى سالقىن تارتىپ قالاتتى. كوچىدا كۈندۈزدىكىدەك يەنىلا ئادەملەر كۆپ ئىدى. قۇرغاق شامال چىقىشقا باشلىدى. نۇرگۇل قولىنى سادىقنىڭ بىلىكىگە سېلىۋالدى. سادىق بۇنداق ئىشلارنى، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى — كۆپكۈندۈزدە بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا قۇچاقلىشىپ يۈرگەن قىز ـ يىگىتلەرنى — ماگدامدا بىر دېگۈدەك كۆرۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە كەلگەندە غەلىتىلىك هېس قىلدى ۋە قورۇنۇپ مەگدەپمۇ كەتتى.

— بېيجىڭدا قانچە كۈن تۇرىسىز؟ — دېدى نۇرگۇل ئېلېكتر نۇرلىرى يورۇتقان پىيادىلەر يولىدا كېتىۋېتىپ.

— ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرارمەن.

— نېمانچىلا ئاز؟ ئاران كەلگەندە شۇنچە ئاز تۇرامسىز؟

— باشقا ئىشىم بولمىسا...

— مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئىش ئەمەسمۇ؟

— بۇمۇ ئىش، مۇهىم ئىش مال ئېلىش.

— خىيالىڭىز مالدىلا ئىكەن ـ دە؟

— مەن سودىگەر تۇرسام، توخۇنىڭ چۈشىگە دان كىرىدۇ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز.

— شۇنچە چوڭ شەھەردە سىزگە يارىغۇدەك مال تېپىلماسمۇ، بىر نەچچە كۈن ئايلىنىپ باقمامسىز؟ ئاكام بىر كەلسە، ھەپتە ـ ھەپتىلەپ

تـۇرىدۇ . سىز كېتىشنىلا ئويلايدىكەنسىز ، كېلىشىڭىزدىن كېتىشىڭىز تېز. ئىكەن ...

— مـالـغۇ جـىق ، بـاھا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . نەپ تېگىدىغان مال ئېلـىشىم كېرەك . بۇنداق گەپلەرنى ئاڭىلىغان بولغىيتڭىز ، تـۈنـۈگـۈن يـېرىـم كـۈن ، بـۈگـۈن يـېرىـم كۈن ماگىزىن - دۇكانلارنى ئارىلىـدىم ، تـوپ سـېتىش بازارلىرىغا باردىم ، ماللارنى كۆردۈم ، دىنلاپ بـاقـتـىم ، مـۇۋاپـىـق كـەلـمـىـدى . بېيجىڭدا ھازىر ئۆتكەنكىدەك باھاسى چۈشكەن ماللار يوقتەك قىلىدۇ ، تېخى باھاسىمۇ ئۆرلىۋاپتۇ . ۋاقتىنى بىكار ئۆتـكـۈزۈۋەتمەي ، يەنىلا گۇاڭجۇ تەرەپلەرگە بارغىنىم تۈزۈك ئىكەن ، ئا. چام تېزرەك مال ئەۋەتىشىمنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ .

ئۇلار ئادىمى شالاڭ ، ئۇچى كۆرۈنمەس ، ئىككى يېقى دەرەخلىك ، ئازادە كـوچـىـدا كـېتىـپ بارىدۇ . نەگە بارىدۇ ، مەنزىل قەيەر ؟ بىلمەيدۇ . لـېكىن بىلىدىغان ئىشىمۇ بار ، نۇرگۈل سادىققا بارغانسېرى يېقىنچىلىق قى. لـىـپ ، ئۆزىـنـى سۆركەپ مېڭىۋاتىدۇ ، سۆز ئارىلىقلىرىدا ئۇنىڭ بىلىكىنى تـېـخىمۇ چىڭ قىسىپ ، يەنە بىر قولى بىلەن سىلاپ نازلىق قىلىقلارنى قى. لـىـپ كـېـتـىپ بارىدۇ . دەممۇ دەم ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايدۇ ۋە ئۇ ئۆزىدە قـوزغـالـغـان يېقىملىق سېزىمدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن ... سادىقچۇ ؟ ئۇ. نـىـڭـدىمۇ ئوي تۇغۇلدى ، بۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە جىن كىردىمۇ ياكى ئۆزى شـۇنداق سادىدا ، تۈز قىزمۇ ؟ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنى نىكەم ، قايتايلى ، دېـمـەيـدىـغـۇ ، كـېـتـىـپ بارىدۇ - كېتىپ بارىدۇ ، قاياققا باشلىسام ، ياق ، دېمەي كېتىۋېرەمدۇ نېمە ؟ بۇ ئوقۇمۇشلۇق قىزنىڭ كۆڭلىدە نېمە باردۇ ؟

— بـايـا خـىـيـالىڭىز مالدىمۇ ، دېسەم ، « مەن سودىگەر تۇرسام » دەيـىـسـىـز ، سـودىـگـەرلـەرنىڭ خىيالىدا مالدىن باشقا نەرسە بولمامدۇ ، — دېدى نۇرگۈل سادىققا قايرىلىپ ئىللىق تۇستە قاراپ .

سـادىـق ئېلـېكتر نۇرلىرىنىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇر. غـان ئالا كـۆلـەڭـگـىلىك كوچىدا ، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىنىڭ خۇمارلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى - دە ، يۈرىكى ئىتتىكلەپ ئۇرۇپ كەتتى .

— بولىدۇ ، — دېدى ئۇ بۇ سۆزنىڭ قانداق مەنە بېرىدىغانلىقىنىمۇ

ئويلىماي .

— ئەمسە كۆڭلىڭىزدە كىم بار ؟

ھېچ ئويلىمىغان ھالدا تۇيۇقسىز بېرىلگەن سوئالدىن سادىق مەڭ-دەپ كەتتى . « كىم بار ؟ » بۇ ئەلۋەتتە بىرلا ئادەمنى — كۆڭۈلدىكى ئادەمنى كۆزدە تۇتۇپ سورىلىۋاتقان سوئال . نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك ؟ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن سادىق نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى ۋە ئۇنىڭمۇ چىقىرالماي قالدى .

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ، دېيەلمەيۋاتىسىز ـ ھە ؟

— ئۇنداق ئىش يوق .

— ئۇرۇمچىدە باردۇ ، تاپىنلىق ؟

— يا . . . ياق .

— ئەمسە كىم بار ؟

— مەن ئويلىماپتىمەن ...

— راستما ؟

— راست .

— مېنىڭ كۆڭلۈمدە بار .

سادىق « كىم ئۇ ؟ » دەۋەتكىلى تاس قالدى . يۈرىكى توختاۋسىز ئۇرۇپ ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بىئارام بولدى . ئېھتىيات قىلالماي « ئۇ كىم ؟ » دەپ سوراۋەتكەن بولسا ، ئۇ كۆڭلۈمدە سىز بار دېسە ، نېمە دېگىلى بولاتتى . ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىرسى بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇنى سادىققا دەپ يۈرمەيدۇ ـ دە .

سادىق تەرلەپ كەتتى . بۇ جىددىي پەيتنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈ-چۈن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى .

— ئاكىڭىزنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز ، ماللارنى بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ئالساق ، — دېدى ئۇ ، — مەن بۇ تەرەپلەرگە ئەمدىلا كېلىۋاتقاچقا ، ئەھۋاللارنى تازا چۈشەنمەيمەن ، مال ئېلىشتا ئوبدان دېتاليالماي ، قىينىلىپ قېلىۋاتىمەن .

— ئاكام توققۇزىنچى ئايدا بارىمەن دېگەن ، نېمە بولدىكىن ،

كـەلـمـەيۋاتىدۇ ، يا گۇاڭجۇغا كەتتىمكىن ، يا ئەمدى كېلەمدىكىن ، ئەمما كېلىدۇ .

سـادىـق نـۇرگـۇلـگـە سۆزلەش پۇرسىتى بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى گـەپكە تۇتۇپ ماڭدى . گۇاڭجۇدا كۆرگەنلىرىنى ، زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگـىـنـىـپ قالغان ياش سودىگەر بالىلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقلىـرىـنـى ، سـەنـيـۇەنـلـىـدىـكـى بـاغـچىدا ئۇچرىتىپ قالغان ھېلىقى قىزنىڭ ئەھۋالـىـنـى سۆزلەپ ، ئۇنىڭدا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى قوزغىدى ... شۇ-نـىـڭ بـىـلـەن نـۇرگـۇل مـەكـتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى .

— خوش ، — دېدى سادىق ، — ياخشى چۈش كۆرۈڭ .

— قـاچان كېلىسىز ؟ — قىزنىڭ ئاۋازىدىن زارلىنىش بىلەن زارىـقىش بىلىنىپ تۇراتتى .

— گۇاڭجۇغا سىز بىلەن خوشلىشىپ ماڭىمەن .

— كەلمەي قالماڭ جۇمۇڭ ؟

— ماقۇل .

سادىق قىزدىن ئايرىلىپ ، بەش ـ ئالتە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئۇھ ، دېـدى ۋە پېشانىسىدىن پۇرۇلداپ چىققان تەرنى يانچۇقىدىكى قولياغلىقىنى ئېلـىـش ئېسـىـگـە كەلمەي ، يېڭى بىلەنلا ئېرتتى . « بۇ قىزنىڭ ئويى مـۇنـداق ئـىـكـەن ـ دە ، — دەپ ئويـلـىـدى ئۇ خۇددى نۇرگۇل كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قالىدىغاندەك كەينىگە قايرىلىپ . ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئالـدى ، — تـېـخـى سادىدا ، تۇز قىزمىكەن دەپتىمەن ، ياق ، ئۇنداق ئەمەس ئـىـكـەن ... ئاپـتـوبـۇسـنـىـڭ ئـىـچـىـدە قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا ئالقىنىمنىڭ كەينىنى ، بېغىشلىرىنى سىلاپ كېتىشلىرى ، بوكۇنمۇ بەدىنىمگە يېپىشىپ ، قـولـۇمـنـى چىڭگىدە قىسىشلىرى ھەرگىزمۇ ساددىلىق ، تۇزلۇك ئەمەس ئـىـكـەن ، ھەمـمـىـسـى مـەنـىلىك ئىشلار ئىكەن . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تـۇرۇپ ، مـېـنـى قـانداق قىلىپ يارىتىپ قالغاندۇ ؟ ... ئەسكى قىزمۇ ـ يا؟ مـەكتەپنى تۈگـىـتىۋالغۇچە پۇلۇمنى خەجلىتىپ ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ئېلىپ بېرىـىڭ ـ بـۇنى ئېلىپ بېرىڭ ، دەپ ئوقۇشنى تۈگـىـتىۋالغاندىن كېيىن ،

مەن سىنى نەدە كۆردۇم، دەيدىغانلاردىنمۇ ـ يا ؟ ... بىراق قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىدىن، گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇنداق ئالامەتلەرنى سەزمىدىم. ناھايىتى سەممىي، ئاق كۆڭۈلدەك بىلىنىدۇ ... مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بولمايدۇ. مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار. ئەمدى ئۇ قىزنى ئىزدىمەيمەن، كۆرۈشمەيمەن. بۇدا كۆرۈشسەم چوقۇم تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى دەۋېتىدۇ، بىكار خىجىلچىلىق بولىدۇ. بىچارە قىز مېنى تازا ساقلايدىغان بولدى ـ دە، نېمە ئامال. »

سادىق نۇرگۈلنى سەممىي، ئاق كۆڭۈل، دەيدۇيۇ، يەنە ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ؟ ئۇ نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ ؟

※ ※ ※

سادىق ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلدى. گۇاڭجۇنى ئۈچ كۈن ئايلانغان بولسىمۇ، دىتىغا ياقىقۇدەك مال ئالالماي قۇرۇقلا كەلدى. ئۇ پويىزدا يانغاندى، بىر نەچچە كۈننى ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىماي خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن. بىراق ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىش بىلەن مال ئالماي قۇرۇقلا كەلگىنىگە بىر ئاز خىجىل بولدى. بۇ خىجىلچىلىق قورۇغا كىرىپ كەلگەندە بىردىنلا ئۆرلەپ كەتتى. ئۇ كەچتە كەلگەنىدى. ماھىنۇر، روزاخۇن بوۋاي، ئەكبەرجانلار دالان ئۆيدىلا سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىۋاتقانىكەن. ھەممىسى سادىقنىڭ تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. ئۇ ئاش ئۈستىگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، قولىنى يۇيۇپ كېلىپ ئەكبەرجاننىڭ يېنىدا بىر قىسما ھالەتتە سالپىيىپ ئولتۇردى. كۆزلىرىدە ئاجىز نۇرلار پىلدىرلايتتى.

ـــ سىنىڭ كېلىشىڭنى بىلگەندەكلا ھاردۇق ئېشى ئېتىپتىكەنمىز، ـــ دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭغا ئاش قۇيۇۋېتىپ.

سۇيۇقئاش سۆزسىز دېگۈدەك ئىچىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سودىسى توغرىسىدا ھېچكىم گەپ سورىمىدى. سادىقمۇ بىر نېمە دېمىدى.

ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇدا چاپسانلا قايتىپسەنغۇ ؟ — دېدى ماھىنۇر .
— مال ئالالمىدىم .
— نېمىشقا ؟
— مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ ، ئالسام بولارمۇ ـ ئالمىسام بولارمۇ ، دەپ تازا دىتلىيالماي ، ئاخىر ئالمايلا كەلدىم .
— بوپتۇ ، كۆزدە شۇنداق بولىدۇ . بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، باھا مۇقىملىشىدۇ ، — ماھىنۇر سادىقنىڭ بۇ قېتىم قۇرۇق قول كەلگەنلىكىدىن خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى ، ئۇنىڭ تىلى قارىيالماي كۆزىنى ئەپقېچىپ سۆزلەشلىرىدىن ھېس قىلىپ قالدى ، — باھا ئۆرلىگەندە ئازراق تۇرۇۋېلىپ مال ئېلىش كېرەك ئىكەن ، — ئالمىغىنىڭ ياخشى بوپتۇ . بىر مەزگىل ئۆتسۇن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ خېلى مال ئېلىپ قويدۇم .
ماھىنۇرنىڭ سۆزىدىن سادىق يېنىكلەپ قالدى . ئۇ « ئاۋارە بولۇپ ، شۇنچە چىقىم قىلىپ بارغان ئادەم ئازراق بولسىمۇ مال ئېلىپ كەلسەكچۇ » دەپ خاپا بولۇپ كېتەرمۇ ، دەپ ئويلىغان ، ئۇنداق دېمەكتە يوق ، « ئالمىغىنىڭ ياخشى بوپتۇ » دەۋاتىدۇ ، سادىقتا قوزغالغان خىجىللىق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە ، ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە ھېس قىلدى .
— سوغۇقمۇ چۈشۈپ قالدى ، ئەمدى بارمىساڭمۇ بولار ، — دېدى ماھىنۇر قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — خۇدا بۇيرۇسا ئەتىيازلىقتا بارارسەن ، قارا قىشنى ئەكبەرجان ئىككىڭلار مۇڭدىشىپ چىقارمامسىلەر . ھازىر دۇكانغىمۇ ئادەم ئازلىق قىلىۋاتىدۇ . مېنىڭمۇ ئىشلىرىم كۆپىيىپ كەتتى ، كۆپ ۋاقىتلاردا دۇكاندا ئولتۇرالمايمەن . دۇكاندىكى قىز يالغۇز ، بىر ئۆزى ئۈلگۈرەلمەي قېلىۋاتىدۇ . مۇقىم تۇرۇپ دۇكاندا مال ساتقۇچى ئادەم ئۈچكە يەتمىسە بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . مەن قايسىبىر ئىشلارغا ئۈلگۈرۈپ كېتەلەيمەن .
— يەنە ئادەم ئالساق بولمامدۇ ، ھەدە ، — دېدى ئەكبەرجان ، — بىردەم دۇكانغا يۈگۈرىدىكەنسەن ، بىردەم بازارغا ، يەنە تېخى ئۆينىڭ ئىشى ...

— راست دەيسەن ، دۇكىنىمىز چوڭ ، بىزگە ھازىر ئىككى ، ئەڭ بولمىغاندا بىر ئادەم تازا لازىم بولۇۋاتىدۇ ، ئۇنداق قىلمىسام ئارام ئالالمايدىكەنمەن .

— ئىش ئىزدەپ يۈرگەن قىزلار جىققۇ .

— مەنمۇ شۇ ئويدا .

بىر ئادەمنىڭ كەملىكى كەم ، ئىككى بولسا ، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى . ئەكبەرجانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ياتاق ئۆيدە يالغۇز قېلىپ ، سادىقنىڭ يوقلۇقى بىلىنگەن ، بىر ئۆيدە بىللە ياتىدىغان ، ئەتە - ئاخشىمى مۇڭدىشىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقى ئالايىتەنلا بىلىنگەندى . ھازىر سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكى ھەممىنى خۇشال قىلدى . ئۇنىڭ چاپسانلا يېنىپ كەلگەنلىكىدىن ۋە قىشچە ئىچكىرىگە بارمايدىغان بولغانلىقىدىن بولۇپمۇ ئەكبەرجان تېخىمۇ خۇشال بولدى .

تېلېۋىزور كۆرۈش ھازىرقى ئادەملەرنىڭ بولمىسا بولمايدىغان ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى ، ئۇنى ھەتتا كەچتىكى مۇھىم پائالىيەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ . روزاخۇن بوۋاي چىقىپ كەتكەن ، سادىق بىلەن ئەكبەرجان ئىككىسى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى . ماھىنۇر قاچا - قۇچىلارنى ئالدىراپ يۇيۇۋېتىپ ، قولىنى ئېرتىپ ، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى ئېكراندىكى قىز - يىگىتنىڭ تازا سۆيۈشۈۋاتقان يېرىگە توغرا كەلدى ، ماھىنۇرنىڭ ئاچچىقى كەلدىمۇ ياكى نومۇسى تۇتتىمۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى .

— ئىككىڭلارغا ئايرىم تېلېۋىزور ئېلىپ بەرمىسەم بولمىدى ، — دېدى ماھىنۇر ساراي ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ .

ئەكبەرجان بىلەن سادىق بىر - بىرىگە قاراشتى - دە ، تېلېۋىزور كۆرۈشتىن يالتىيىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم خانىسىغا چىقىپ كېتىشتى . ئۇلار ئۆز خانىسىدا بولسا ، ئۆزلىرىنى ئەركىن - ئازادە ۋە بەھۇزۇر ھېس قىلىشاتتى ، تاماكا چېكىشىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بىمالال دېيىشەلەيتتى .

ئۇلار گەپكە چۈشتى . سادىقنىڭ يادىغا نەۋاقتا ماھىنۇر ئۇقۇشۇپ

بېقىشنى تاپىلىغان مۇنۇ ئىش كەلدى ـ دە، ئېغىز ئاچتى:
— ئۆتكەندە سەن ئۆيگە ئىككى قىزنى باشلاپ كەپتىكەنسەن، — دېدى سادىق تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، — شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
— ئۇلار ساۋاقداشلىرىڭمۇ؟
— شۇنداق.
— ياكى بىرەرسى بىلەن يۈرەمسەن؟
— ئۇ چاغدا سەن ئۆيدە يوق ئىدىڭ، — دېدى ئەكبەرجان ۋە ياندۇرۇپ ئۆزىگە سوئال قويدى:
— ئۇنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟
سادىق كۈلدى:
— يوقلۇقۇم راست يوق ئىدىم، ساڭا راست گەپنى دەي، ماھىنۇر ئاچام ئۇقۇپ باق، دېگەن.
ئەكبەرجان سەل ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:
— مەنمۇ راست گەپنى قىلاي، بەربىر كېيىن ئۇقىدۇ، ئۇ چاغدا تېخى يۈرمىگەن. يېقىندا يۈرۈپ قالدۇق.
— ئوتتۇرا بويلۇقى بىلەنمۇ، ئېگىز بويلۇقى بىلەنمۇ؟
— ئوتتۇرا بويلۇقى بىلەن. ھەدەم يەنە نېمە دېدى؟
— باشقا گەپ قىلمىدى، يۈرۈۋاتقان بولسا، قايسىسى بىلەن يۈرۈۋاتىدىكەن؟ ئىككىسىلا ئادەمگە يۇقۇشلۇق قىزلارئىكەن، دېگەن.
— ئۇ نامراتلىقتا ئۆسكەن قىز ئىكەن. تاغىسى ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئىچكىرىگە، گۇاڭجۇ، شېنجېنلەرگە كىرىپ ئوقەت قىلىپ، كاتتا بايلار-دىن بولۇپ قاپتۇ ۋە ھەدىسىگە ئېسىل ئاشپۇزۇلدىن بىرنى ئېچىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئەكبەرجان.
شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەرجان ئۇ قىز بىلەن قانداق يېقىنلىشىپ، قانداق يۈرۈپ قالغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەشكە كىرىشتى. سادىقمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى.

ياشلار ئىشق ــ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى سۆزلەشكىمۇ ، ئاڭلاشقىمۇ ئامراق بولىدۇ . بۇ قىزىقارلىق ھېكايە ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى .

## 42

ئىشقىي ھېس قوزغىلىپ تۇرىدىغان ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ھېس . بەزىلەر ئۇنى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بېسىپ يۈرسىمۇ ، ھامان بىر كۈنى قوزغىلىدۇ . ماھىنۇر تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەممەن ، بۈنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشقا چىقماي ، دۇنيادىن تەنھا ئۆتۈپ كېتىمەن ، دەپ ئۆزىگە ــ ئۆزى ۋەدە بەرگەن ۋە شۇ ۋەدىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئارىلاپ قوزغىلىپ قالىدىغان ئىشقىي ھېسلىرىنى يېڭىپ ، ئۆزىنى باشقۇرۇپ تىنچ ياشاپ كەلمەكتە ئىدى . لېكىن ، كىشلەر ئۇنى تىنچ قويمىدى . كەينىگە كىرىۋالغانلار ، قانات سۆرەپ يۈرگەنلەر ۋە تەكلىپ قويغانلار مۆمىنجان بىلەن ئىسمائىلجانلا ئەمەس ئىدى . ئەردىن چىقىپ يالغۇز ياشاۋاتقان چوكاننىڭ ئوتتۇز ياشلىق مەزگىلى ئۆزىنىمۇ تىنچ قويمايدىغان ، جورا سېغىنىدىغان ، ئىشقىي ھېسلىرىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدىغان ، تەنھالىقنىڭ ئازابى جانغا پاتىدىغان مەزگىل . ئۇنىڭ بۇ مەزگىلى ۋەدىسىدىن ئۇستۈن كېلىپ ، مۇقىم بىر يولغا سېلىۋالغان تۇرمۇشىنى ، پىكىر ــ خىياللىرىنى داۋالغۇتۇۋەتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۆزىگە تىكىلىپ يۈرگەنلەر ئىچىدە ئىسمائىلجان ئۇنىڭ مەيلىنى قوزغاپ قويدى . بۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمۇ ؟ ئاغزىدا ئېتىراپ قىلمايدۇ ، گۇمان قىلىپ قالغان ئادەم سورىسىمۇ « ھەئە ، شۇنداق » دېمەيدۇ . بىراق ياخشى كۆرۈپ قېلىشنى ئۆمچۈك تورى ، دەپ قىياس قىلساق ، بۇ تور ھازىر تىخىمۇ توقۇلۇۋاتاتتى . شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئۇنى دۇكىنىغا ئەمەس ، بەزىدە ئىسمائىلجان تۇرۇۋاتقان مېھمانخانا تەرەپكە ئېلىپ كېتەتتى . قىزىق ئىش ، بولمىسا ئۇ ئەسلىدە ئۆيىدىن دۇكىنىغا بارماقچى بولۇپ چىقىدۇ . ئۆز ئىرادىسىنى يەڭگەن كۆڭۈل مەيلىنى كىم تو-

سوۋالايدۇ ؟

بۈگۈن ئۇ تېلېفونمۇ بەرمەي، ئىسمائىلجاننىڭ ياتىقىدا بار ـ يوقلۇقىنىمۇ ئۇقۇشماي مېھمانخانىغا كەلدى ـ دە، ئىسمائىلجاننىڭ ياتىقى ئالدىدا بىراقلا توختىدى. ئىشىكنى چەكمەكچى بولۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ نېمىشقىدۇر تۇرۇپ قالدى. « ياتىقىدا بارمىدۇ ـ يوقمىدۇ ... نېمىدەپ كەلگەندىمەن، مېنى جاۋاب بەرگىلى كەپتۇ، ئاخىر ماقۇل دەپتۇ ـ دە، دەپ قالارمۇ ؟ ... تېلېفون بەرسەممۇ بوپتىكەن ... تېلېفون بەرگەن بولسام، بەرىبىر كېلىمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى، ـــ دەپ ئويلىدى ماھىنۇر دەككە ـ دۈككە ئىچىدە بىر قىسما بولۇپ، ـــ ياخشىسى تۇيدۇرماي كېتەي، تو‌ۋا، ئۆز ئايىغىم بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىم نېمىسى ... »

ئۇ كەينىگە ياناي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئىسمائىلجان چىقىپ قالدى.

ـــ ۋۇي ... ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ ؟ ـــ ھەيران قالغان ئىسمائىلجان ماھىنۇرغا قاراپلا قالغانىدى.

ماھىنۇر ئۈنچىقمىدى، يۈزىنىڭ قىزىرىپ ـ ئوت ئېلىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پەسكە قاراپ تۇرۇۋالدى.

ـــ تېلېفون بېرىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ ؟ بىر مىنۇت كېچىكىپ كەلگەن بولسىڭىز، مەن يوق ئىدىم. ھېلىمۇ تەلىيىڭىز بار ئىكەن.

ـــ بىر مىنۇت كېچىكىپ كەلسەممۇ بوپتىكەن.

ـــ كېلىشنى كېلىپ قويۇپ بۇ نېمە گەپ، « ھېلىمۇ تەلىيىم بارئىكەن سىز بار چاغدا كەپتىمەن » دېگە ؟

ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب ياندۇرۇشنى خالىمىدى. لېكىن ياتاققا ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوڭايسىزلىنىپ كىردى ـ دە، يالغۇز كىشىلىك دىۋاندا ئولتۇردى.

ـــ تۇيۇقسىزلا بېرىپ باقاي، دەپ كېلىشىم ...

ـــ مېنى سىنىماقچىمىدىڭىز ؟

ـــ ئۇنداق ئەمەس.

ئىسمائىلجان مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ

كەتتى .

ماھنۇر ئۇنىڭ گەپ قىلمايلا نەگە ، نېمىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى . بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزىدە ھېلىلا قوزغالغان خىجىل بولۇش ، ئوڭايسىزلىنىش ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى سەزدى ۋە ئۆزىنى بىر ئاز ئەركىن ھېس قىلدى . ئىسمائىلجانمۇ ئانچە ھايال بولماي سۇلياۋ خالتىغا سېلىنغان ئالما ، نەشپۈت ، ئاپېلسىنلارنى ئېلىپ كىردى .

ــ بايا تۇيۇقسىز بېرىپ باقاي ، دەپ كەلدىم ، دېدىڭىز ، ــ دېدى ئىسمائىلجان ، ــ ھەر ئادەم ئۆز تارىخىنى ئۆزى يېزىپ ماڭىدۇ . مېنىڭ تارىخىمدىن ئالدامچىلىق ، يالغانچىلىق ئىللەتلىرى تېپىلمايدۇ . ئادەم قورقۇدەك ئىشلارنى قىلغان بولسامۇ ، يالغان ئېيتقان ئەمەسمەن . مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىم ، ھايات سەپىرىمدە قانداق ئىزلارنى قالدۇرغانلىقىمنى ئەينەن سۆزلەپ بەرمەكچىمەن . شۇ چاغدا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا سىز ياقتۇرىدىغان ئىسمائىلجان پەيدا بولامدۇ ياكى سىز ياقتۇرمايدىغان ئىسمائىلجان پەيدا بولامدۇ ، بۇنى بىلمەيمەن . بىلىدىغىنىم جەزمەن ئويلىنىپ باقسىڭىز . مەن بىر ئىشتىن قول ئۈزگەن ئىكەنمەن ، ئۇنى يېنىپ قىلغان ئەمەسمەن ، شۇنداقلا بىر ئىشتىن نەپ ئالغان ئىكەنمەن ، ئۇ قانۇنغا خىلاپ ئىش بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىنمۇ قول ئۈزگەن ئەمەسمەن . مېنىڭ تارىخىم ھازىرغىچە مۇشۇنداق تارىخ بولۇپ كەلدى . سىز مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى ئۇقماقچى ئەمەسمىدىڭىز ، شۇنداققۇ ؟

ــ شۇنداق ، ــ ماھنۇر يەنە ماقۇللاش ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى .

ــ سىز ماڭا قىزىقىپ قالمىغان بولسىڭىز ، بۇ يەرگە كەلمىگەنمۇ بولاتتىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟

ــ بەلكىم شۇنداقتۇر ، ــ ماھنۇر سۇس كۈلۈمسىرىدى .

ــ لېكىن مېنىڭ تارىخىمنى بىلمەسلىكىڭىز ، قىزىقىشىڭىزنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدىغۇ دەيمەن ؟

ـ تاپتىڭىز .

ـــ ئەمىسە سۆزلەي بېرەي ، ـــ ئىسمائىلجان ئۆرە تۇرۇپلا ،
خۇددى بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقان ئادەمدەك سۆزلەپ كەتتى ، ـــ قېنى مېۋە-
لەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ . گەپنى باشتىن باشلايلى . ھېچكىم مېنىڭ
تارىخىمنى سوراپ باققان ئەمەس ، تىجارەت - سودا يولىغا قانداق كىرىپ
قالغانلىقىمغا قىزىققانمۇ ئەمەس . ئەمما ئۆزۈم پات - پات ئەسلەپ تۇرىمەن .
سىز سوراۋاتىسىز ، بىلگۈڭىز كېلىۋاتىدۇ ، بۇنىڭغا ناھايىتى
خۇشالمەن ، ـــ ئىسمائىلجان ماھىنۇرنىڭ ئۇدۇلىدا ـــ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە
ئولتۇردى - دە ، سۆزگە كىرىشتى ، ـــ ئادەمنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان ، بىر
ئادەمگە دەپ بەرسىڭىزمۇ ئىشەنمىگۈدەك ئىشلار كېلىدىكەن . مەن بەزى
ئادەملەرنىڭ « ئاھ ، بىۋاپا ئالەم » ، « رەھىمسىز ئالەم » دېگەنلىرىنى
ئاڭلاپ ، نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ ، دەپ ئويلايتتىم ، ئۆز بېشىمغا كەل-
گەندە بىلدىم . ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان
بېرىدىغان چاغدا ، تۇيۇقسىزلا دادام تۈگەپ قالدى . ئەسلىدە بىز ئاپامدىن
ئەنسىرەپ يۈرەتتۇق . چۈنكى ، ئاپامنىڭ ئاغرىقى ئېغىر بولۇپ ياتاتتى
ئىدى . مېنىڭ ئىمتىھانغا كىرىدىغان بىرىنچى كۈنۈم دادامنىڭ يەتتە نەزى-
رىسىگە توغرا كېلىپ قالدى . باشقىلار ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى
بولمايدۇ ، ساڭا تۇرمۇش ، ئىستىقبال كېرەك ، بۇ پۇرسەتنىڭ يېنىپ كې-
لىشى ناتايىن ، سەن ئىمتىھانغا قاتنىشۋەر ، نەزىرنى بىز ئۆزىمىز ئۆتكۈزىمىز ،
دەپ تۇرۇۋالدى . « دەرد كەلسە قوشلاپ كېلەر » دېگەندەك ، مەن ئىمتى-
ھاننى تۈگىتىپ كېلىشىمگە ئاپام جان ئۈزدى . شۇنداق قىلىپ ، يەتتە
كۈن ئىچىدە ئاتىدىنمۇ ، ئانىدىنمۇ ئايرىلدۇق . ئانامنىڭ جىنازىسىنىڭ
ئالدىدا بېلىمنى باغلاپ يىغلاپ چىقىدىغان بىردىنبىر ئوغۇل مەن ، قالغان
ئىمتىھانلىرىمنى بېرىمەن ، دەپ ئانامنىڭ جىنازىسىنى قانداقمۇ تاشلاپ
كېتەلەيمەن ، بالىلىق قەرزىم قېنى ؟ ... ئانامنى يەرلىككە قويۇپ
كەلگەندە ، كىشىلەرنىڭ تولغىنىپ تۇرۇپ : « ئاھ بىۋاپا ئالەم » ، « رە-
ھىمسىز ئالەم » دېگەن نالە - پەريادلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم . شۇنىڭ
بىلەن مەن قانات - قۇيرۇقى قىرقىۋېتىلگەن قۇشتەك ھالغا چۈشۈپ

قالدىم. ئەسلىدە مەن ناھايىتى ياخشى ئوقۇيتتىم. بىرىنچى سىنىپتىن ــ ئونىنچى سىنىپقىچە ئەلاچى بولۇپ ئوقۇغان. يەنە كىتاب ئوقۇشقىمۇ شۇنچىلىك بېرىلگەن ئىدىمكى، ئۇيغۇر تىلىدا چىققان كىتاب ــ ژۇرناللارنى قويماي ئوقۇپ تۇردۇم، دېسەممۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ــ سەنئەت، تارىخ، پەلسەپەگە دائىر بىلىملەرگە بەكمۇ قىزىقاتتىم. خەنزۇ تىلىنىمۇ خېلىلا ياخشى بىلەتتىم. بىراق ئاتا ــ ئانامنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن قېلىشىم بىلەن ئوقۇشقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىم، كېلەچەك توغرىسىدىكى ئارزۇ ــ ئارمانلىرىم توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. بىز ئىككىلا بالا ئىدۇق، ھەدەم، مەن. ھەدەم مەندىن ئون ياش چوڭ بولۇپ، تۇرمۇشقا چىقىپ تۆت بالىغا ئانا بولغان ئايال ئىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ ھويلىسىدا ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئاپامنىڭ يەتتە نەزىرىسىدىن كېيىن، بىزنىڭ ھويلىغا كۆچۈپ كەلدى. ئېرى ناھايىتى بوشاڭ، ھورۇن، ئىش خۇشياقماس ئادەم ئىدى، بىردەم كىنوخانىنىڭ ئالدىدا شىمشىكا سېتىپ ئولتۇرسا، بىردەم يوغان ئىككى سېۋەت ئېسىلغان ئەپكەشنى مۈرىسىگە سېلىپ «كونا ــ يېڭى بارمۇ» دەپ كوچا ــ كويىلاردا يۈرەتتى. بىر ئىشنى سۈرۈپ قىلمايتتى، كۆپ ۋاقىتلاردا لەلەگلەپ بىكار يۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەلۋەتتە ئالتە جاننىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ كەتكىلى بولمايتتى. ھەدەم ۋىجدانلىق، غەيرەتلىك، تىرىشچاق ئايال بولغاچقا، ئىدارىلەرنىڭ تازىلىق ئىشچىلىقىنى قىلىپمۇ بالىلىرىغا قاراپ ئۆلگۈرەتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بىكار نان يەيدىغان مەن قوشۇلدۇم. بۇ ئىش ئۆزۈمگىمۇ ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. مەنمۇ ھەدەمنىڭ ئېرىدەك لەلەگلەپ يۈرەمدىم؟ «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن گەپ بار، دېدىم ــ دە، كىتاب ئوقۇشنىمۇ تاشلاپ، ئەڭ ئېغىر ئىش ــ كېسەك تۆكۈشكە باشلىدىم. كېسەك تۆكۈش ئېغىر ئىش بولغان بىلەن باشقا ئىشلارغا قارىغاندا پۇلى كۆپرەك ئىدى. ئونىنچى ئاينىڭ بېشىغىچە كېسەك تۆكتۇم. بىراق سوغۇق تېگىپ قېلىپ، يېتىپ قالدىم. بىر ئايغا يېقىن ياتتىم ــ دە، ئون بىرىنچى ئاي كىرىش بىلەن باققالچىلىق قىلىش

نىيىتىگە كەلدىم. قانداق، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئىسمائىلجان. ماھىنۇر شۇنداق دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تۇرمۇش ھەممىنى قىلدۇرىدىكەن، بىر پارچە ناننى ھالاللاپ يېيىش ئۈچۈن ھەر خىل كوچىلارغا كىرگۈزىدىكەن. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چوڭ باققاللارنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئالمىدىن بەزىدە يەتمىش ـ سەكسەن كىلوگرام، بەزىدە يۈز كىلوگرام ئالىمەن ـ دە، كەچكىچە ھەتتا كىشىلەر كىنودىن يانغۇچە ساتىمەن. ئارىلاپ ئىككى ـ ئۈچ كىلوگرام ئېشىپ قالمىسا، پۈتۈنلەي تۈگەپ كېتىدۇ. بېلىنى چىڭ باغلىغان ئادەم ئۈچۈن بۇمۇ ياخشى ئوقەت ئىكەن. دەسلەپ ھەر كىلوسىغا يىگىرمە تىيىن، كېيىنرەك ئون تىيىن چاپلاپ ساتىمەن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەر كۈنى كەم دېگەندە ئون سوم پايدىسى قالىدۇ. ئون سوم ئۇ چاغلاردا كۆپچىلىك پۇل ئىدى. بىر خالتا ئۇن سەككىز يېرىم سوم، بىر كىلو گۆش توقسەن ئىككى تىيىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەدەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا خېلىلا قارىشىدىغان بولدۇم. مەن بۇ ئوقەتنى سەككىز ئاي قىلدىم. بۇ چاغ سودا ـ تىجارەتكە يول ئېچىۋېتىلگەن، قويۇۋېتىلگەن چاغ ئىدى. بەزىلەر بۇرۇنقى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستە تۇتۇپ، كېيىن سوئال ـ سورىقى بولۇپ قالارمىكىن دەپ شەھەر ئاتلاپ چوڭ سودىلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا تازا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان لېكىن بەزىلەر تەۋەككۈل قىلىپ ئىچكىرىگە مېڭىشقا باشلىغان چاغ ئىدى. مەنچۇ؟ مەن پۇلۇم ئاز بولسىمۇ، باققالچىلىقنى تاشلاپ، باشقا سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ باقاي، گۇاڭجۇغا كىرەي، دېگەن قارارغا كەلدىم. گېپىمنى ئاڭلاپلا ئولتۇرىسىزغۇ، ماھىنۇر، سىزمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئىش قىلىپ قويۇڭ، چايداندا قايناقسۇ بار، چاي دەملەڭ.

ئۇنىڭ سۆزىگە بېرىلىپ كەتكەن ماھىنۇر كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تۆمۈر قۇتىدىكى پەمىل چايدىن سېلىپ چاي دەملىدى. ئىككىسى بىر ئىستاكاندىن چاي ئىچىشتى، بىر تالدىن ئالما ئاقلاپ يېيىشتى. ئالمىنى ئىسمائىلجان ئاقلاپ بەردى. ئۇ بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمدى مەن شۇ چاغدا ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان بىر مۇھىم ئىشنى سۆزلىگەچ كېتەي: ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىدىغان يىلى باھار مەزگىلىدە بىر قىز بىلەن يورۇپ قالدىم. ئۇ مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان سېلىمەم ئىسىملىك قىز ئىدى. بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىشتىن، ھۆرمەت قىلىشىدىغان، ئىشىنىشىدىغان ساۋاقلاشلاردىن ئىدۇق. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ياخشى ئۆتتى. مەن بىشىمغا كەلگەن بەختسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن قالدىم. سېلىمەم ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان چاغدا:

— روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، بىر يىل دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس، تەييارلىق سىنىپقا كىرىپ ئوقۇڭ، — دېدى.

كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلدى. كۆزۈمدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئازابلىق ھېسلىرىمنى زورغا بېسىپ تۇردۇم. چىرايىمنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ھېلىمۇ ياخشى كېچە ئىدى. ئۇ ماڭا توختىماي تەسەللى بېرىۋاتاتتى:

— سىز كېلەر يىلى ئۈرۈمچىگە چوقۇم بارالايسىز، بىز يەنە بىللە بولىمىز، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ...

بۇ سېلىمەم تېخى ئۈرۈمچىگە يورۇپ كەتمىگەن، مېنىڭ كىسەلك تۆكۈۋاتقان چاغلىرىم بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلۈم يېرىم ئىدى. مەن نېمىلەرنى ئارمان قىلمىغان! ئىسىت بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك ... ئاغزىم گەپكىمۇ كەلمەيتتى. كۆڭلۈمدە سېلىمەم ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ، دېگەن ئەندىشە بار ئىدى. «ياق، — دەيتتىم يەنە، — سېلىمەم ۋاپادار، كۆيۈمچان، مەن كىسەلك تۆكۈۋاتقان يەرگە نەچچە قېتىم ئاپىسىدىن يوشۇرۇنچە تاماقلارنى ئەكەلگەن، ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، ئىرادىلىك قىز ... »

سېلىمەم ئۈرۈمچىگە كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان كۈنلەرنى ساناپ تۇردۇم. ئون كۈندىن كېيىن بىر پارچە خەت كەلدى، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ ھاياجاندىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. تىترىگەن قوللىرىم بىلەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. خەت قىسقىلا — ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكى، مەكتەپكە تى-

زىملىتىپ، ئەتىسىلا ئوقۇش باشلىنىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئون بەش كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر پارچە خەت كەلدى. بۇ خېتى ئۇزۇن يېزىلىپتۇ. مېنى ئەسلەپ يۈرۈۋاتقانلىقى ۋە سېغىنغانلىقىنى، مەكتەپتىكى نەچچە مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مېنىڭ يوقلۇقۇمدىن قاتتىق ئۆكۈنىدىغانلىقىنى، ئۆز كۆڭلىنىڭ سۇنۇق ئىكەنلىكى، ھېچكىمگە ئارىلاشقۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى، جۈپ ـ جۈپى بىلەن يۈرگەن ئوغۇل ـ قىزلارنى كۆرگەندە، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتكەنلىكىنى يېزىپتۇ. مەنمۇ دەرھال خەت يېزىۋەتتىم. خېتىمدە ھىجران ئازابى ھەر قانداق ئازابتىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى، خۇمارلىقنىڭ ئاچلىقتىن يامان ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمنى، قىشلىق تەتىلنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈۋاتقانلىقىمنى يازدىم. ئىككى ئوتتۇرىدا مۇشۇنداق خەتلەر ئالمىشىپ تۇردى. قىشلىق تەتىلمۇ كەلدى. سېلىمە مەن ئالما سېتىۋاتقان يەردە ئالدىمغىلا كېلىپ قالدى. ماشىنىدىن چۈشۈپلا كېلىشى ئىكەن. مۇنداق يەردە ئۇچرىشىپ قالارمىز، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئىككىمىز تىنچلىق سوراشتۇق. ئۇ ئۈچىسىغا يوغان چاقماقلىق، تىزىدىن سەل يۇقىرى قېنىق ھال رەڭ پاختىلىق چاپان، كۆل رەڭ تار شىم كىيىۋاپتۇ. پۇتىدا ئىسكەتلىك بەتىنكە، مەن قولاقچامنى چۈشۈرۈۋەتكەن، ئۈچامدا پاختىلىق كۆك چاپان بولۇپ، بېلىمنى شوينا بىلەن باغلىۋالغاندىم. خىجىللىقتىن يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ كەتتى. ئېشەك ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردۇق. شۇنداقتىمۇ، كۆرۈشكەن پەيتلىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە تويماي، ئايرىلغۇمىز كەلمەي ئۆتكۈزدۇق. ئون ـ سەككىز كۈن ناھايىتى تېزلا توشتى ـ دە، سېلىمە ئۈرۈمچىگە كەتتى. ئۇ كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن ئادەتتىكىچە يېزىلغان بىر پارچە خېتى كەلگەنچە تاكى يازلىق تەتىل بولغۇچە باشقا خېتى كەلمىدى. مەن بۇ ئارىلىقتا ئۈچ پارچە خەت يازدىم. تىت ـ تىت بولۇپ، شۇلار بىلەن ئوقۇۋاتقان بىر ئاغىنەمگە سېلىمەمنى كۆزىتىپ باقساڭ، دەپ خەت يېزىۋىدىم، ئۇنىڭدىن: ئۈرۈمچىلىك بىر بالا بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرىدۇ، دېگەن

جاۋاب كەلدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مېنىڭدىن كىچىپتۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇمىدىمنى ئۈزەلمەي يۈردۈم. يازلىق تەتىلمۇ كەلدى، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىزدەپ باردىم. ئۇ ماڭا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، ئاپىسىنىڭ مىجەزىنىڭ يوقلۇقىنى، سىرتقا چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مانا ئەمدى ئېنىق بولدى. مېنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئىش ماڭا ئەلەم قىلدى، قاتتىق ھار كەلدى. ئىككىمىز شۇنچىلىك ئىناق، بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈمچان، ھۆرمەتچان ئىدۇق، مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا ۋەدىلەرنىمۇ بېرىشكەنىدۇق. قېنى ئۇ ۋەدىلەر، قېنى ئۇ ئىناقلىق، قېنى ئۇ كۆيۈمچانلىقلار؟ ... قىزلارنىڭ مۇھەببىتى شۇنداق بولىدىكەن ـ دە، سەن ئۇچۇن يانغاندا كۆيۈمچانلىقى، سادىقلىقى، ۋاپادارلىقى، ئىرادىسى ھەتتا پىداكارلىقى ئۇرغۇپ ـ تېشىپ تۇرىدىكەن. ئىككىنچى بىر ئادەمگە يۆتكەلگەندە، ئاشۇ خىسلەتلەردىن ئەسەرمۇ قالمايدىكەن. بەلكى ئوغۇللارمۇ شۇنداقتۇر، مەن ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلغان ... «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دەپ كىممۇ ئېيتقان بولغىيتتى؟ بۇ ئىش ماڭا ئېغىر كەلدى. لېكىن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىدىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلغانغا چىدالمامدىم، دەپ ئويلىدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە غەيرەت بېرىپ.

ئەسلىدە مەن پۇللىرىمنى جەملەپ توققۇزىنچى ئايدا تەۋەككۇل قىلىپ ئىچكىرىگە بىر كىرىپ باقماقچى ئىدىم، سېلىمەمنى كۆرۈۋۈم كۆر-مىسۇن، دېدىم ـ دە، بىر مىڭ يەتتە يۈز سومدىن ئوشۇقراق پۇلنى ئېلىپ، پىلانىمدىن بۇرۇنلا يولغا چىقىپ كەتتىم.

گۇاڭجۇغا كېلىپ بىر ھەپتىگىچە نېمە ئېلىشىمنى بىلەلمەي، باش-قىلارنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىپ يۈردۈم. بىر كۈنى چەتتىن كىرگەن ئېلېكترونلۇق قول سائىتىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. بىر دانىسىنى بەش سومدىن ئۈچ يۈزنى ئالدىم ـ دە، ياندىم. غۇلجىغا ئەكېلىپ بىر دانىسىنى بىر يۈز يىگىرمە بەش سومدىن ئوتتۇز يەتتە مىڭ بەش يۈز سومغا ساتتىم. بۇ سائەتنى غۇلجىغا مېنىڭ بىرىنچى قېتىم ئەكېلىشىم ئىكەن. خۇددى بىرسى

ئاسماندىن يۇل تاشلاپ بەرگەندەك كۆپ پايدىغا ئىگە بولۇپ قالغانلىقىمدىن ھەيران قالدىم. بىراق ئۇنىڭ مەستلىكىدە ئۆگدەپ يۈرمەي، گۇاڭجۇغا تېزلا يۈرۈپ كەتتىم. ئىككىنچى قېتىم يەتتە مىڭنى ئېلىپ دەرھال قايتتىم. ئۈرۈمچى، غۇلجىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ھەر دانىسىنى دەسلەپ بىر يۈز ئون سوم، كېيىنىرەك يۈز سوم، ئاخىرىنى توقسەن سومدىن سېتىپ تۈگىتىۋەتتىم. ھەش ـ پەش دېگۈچە يەتتە يۈز مىڭ سومدىن ئوشۇقراق پۇلغا ئىگە بولۇپ قالغىنىمغا ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمەي قالدىم. راستىمىكىن دېسەم، ئەقلىمگە سىغمايدۇ، يالغانمىكىن دېسەم، يانچۇقۇمدا پۇل تۇرىدۇ. مۇنداق تېزلا بېيىپ كەتكەن ئادەم مەنلا ئەمەس، كىشىلەر سودىگەرچىلىك قىلساق بولارمۇ، ئاخىرىدا قانداق ئاقىۋەتكە قالارمىز، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، تەۋەككۇل قىلىپ بۇ يولغا ماڭغانلار ھەيران قالغۇدەك بېيىپ كەتتى. دەسلەپكى سودىگەرلەردىن بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا مىليون ـ مىليونلاپ پايدىغا ئېرىشكەنلەر چىقتى. ئادەم يېڭى بىر يولغا چۈشمەكچى بولغاندا، ئىككىلىنىپ تۇرماي جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكىرىگە ھەر قايسى شەھەرلەردىن سودىگەرلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كىرىشكە باشلىدى. بۇلار شۇنداق كۆپەيدىكى، گۇاڭجۇدىكى سەنيۈەنلى كوچىسىنى ئىگىلەپ، ئۇنى مەخسۇس ئۇيغۇرلار كوچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. سودا يولى مۇرەككەپ، پايدا ـ زىيىنى قوشكېزەك، كىشىدىن چاققان ـ ئەپچىللىكنى، زېرەك، تەدبىرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان يول ئىكەن. ئۈچىنچى قېتىم ئەكەلگەن سائەتلىرىمنى ئون سوم، سەككىز سومدىن ھەم بەش ـ ئالتە سومدىن، كەينىنى ئالغان ئىزىغىمۇ يارىتالماي تۆت سومدىن سېتىپ ئاران تۈگەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكىرىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە، بىر نەچچە يىلغىچە قايتمىدىم. ھەدەمگە مېنىڭ بارلىقىمنى بىلىپ تۇرسۇن، دەپ خەت يېزىپ، ئارىلاپ پۇل ئەۋەتىپ تۇردۇم. گۇاڭجۇ، شاڭخەي، تيەنجىن، بېيجىڭلاردا قاتراپ يۈرۈپ سودا قىلدىم. ھەر خىل ماللارنى توپ ئېلىپ، توپ سېتىش بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ جەرياندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى ئۇچرىتىپ تۇردۇم. ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆ-

تەلمىگەن، بىرەر ئىشقىمۇ ئورۇنلىشالمىغان بىيجىڭلىق قىزلار ئىچىدىن سودىگەر باللار تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىلارنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغانلارنى كۆپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ياخشى كىيىملەرنى كىيگۈسى، ياخشى تاماقلارنى يېگۈسى، رېستوران، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا كىرگۈسى كېلىدىكەن. قەيەرگە باشلىسىڭىز، نەدە قونۇرسىمەن دېسىڭىز مەيلى دەيتتى. پۇل بەرسىڭىزلا ماڭىۋېرەتتى. رېستورانغا كىرىپ بىر تاماقلىنىش ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىش ئىكەن. بىيجىڭنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ئىش ئىزدەپ كىرگەن قىزلارمۇ جىق ئىكەن. كاۋاپچى باللار ئاشۇ قىزلارنىڭ ئۈچ ۋاخلىق تامىقىنى بېرىپ، قولىغا بىر سوم تۇتقۇزۇپ قويسا، بىر كۈنى كەچكىچە كاۋاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن. شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىۋالغان سودىگەر باللار ئاشۇنداق قىزلارنىڭ بىر كۈنلۈكىگە ئۈچ سوم بېرىپ، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا سالىدىكەن. ئەگەر سىز خالىسىڭىز، كەچلىك تامىقىنى بېرىپ قونۇپ قال، دېسىڭىزمۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل، دەيدىكەن. بۇ خۇددى قانۇنلۇق ئىشتەك يورۇشۇپ كېتىۋېرىدىكەن، ھېچكىمنىڭ كارىمۇ بولمايدىكەن.

— ھازىر مەشەدە بولۇۋاتقان ئىشلار، ئاۋۋال شۇ يەرلەردە بولغان دەگە، — دېدى چەكچىيىپ ئولتۇرغان ماھىنۇر.

— شۇنداق، — دېدى ئىسمائىلجان بېشىنى لىڭشىتىپ، — ياخشى ئىشلارمۇ، ئەسكى ئىشلارمۇ، تەرەققىي قىلغان چوڭ شەھەرلەردىن تارقىلىدۇ. مەنمۇ مۇنداق ئىشلارنىڭ سىرتىدا قالمىدىم، پۇلنىڭ كۈچى بىلەن بىيجىڭلىق چىرايلىق قىزلارنى ئوينىتىپ يۈردۈم. ئەڭ داڭلىق رېستورانلارغا ئەكىرىمەن، نامىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، يەپ باقمىغان ئېسىل تاماقلارنى، قىممەت باھالىق سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ بېرىمەن، ۋالىلداپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلاردا قوندۇرىمەن. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئوينىتىدىغان چىرايلىق قىزلىرىم يەتتە — سەككىزگە يەتتى. بەزىدە ئىشىم ئالدىراش پەيتلەردە ياتىقىمنىڭ ئالدىغا ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ قېلىپ، مېنى ساقلاپ تۇرۇپ قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. مۇنداق چاغلاردا ھەر — بىرىنىڭ قولىغا بەش — ئون

سومدىن تۇتقۇزۇپ كېتىپ قالاتتىم . بىراق تاپقان پۇلۇم كىرگەن كوچامغا ، ئۆيىمىزغان ئۆيۈنۈمغا يەتمەس بولۇپ قالدى . ياتاقتا بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتىم ، شۇئان ئېسىمگە مۇنۇ ناخشا كېلىپ قالدى : « ئۆيىنساڭ تۆزۈك ئۆينا ، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن » ، بۇ گەپ قالتىس گەپ ، ئۇلۇغ گەپ ، بۇ گەپ مېنى سەگىتتى ، بۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردىن كېيىن چىقارغان يەكۈنىدۇر . توغرا ، يولى بىلەن ئۆيىنىغان ئادەم خارابلاشمايدۇ ، ۋەيران بولمايدۇ . چۈشكۈنلەشمەيدۇ . مەن بۇ گەپنىڭ ھەقىقىتىنى ، ئۇلۇغلۇقىنى كېيىنكى كۆرگەنلىرىمدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم . پۇل تاپىمەن ، باي بولىمەن ، دېگەن ئادەم ئىچىملىك ـ چېكىملىككە ، ھاۋايى ـ ھەۋەس ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك . ئۇنداق بولمىسا ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن تاپقان پۇلى ئوچاقنىڭ كۆلىدەك توزۇپ كېتىدۇ ، توزۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالىدۇ . « ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن » دىن چىقىپ كەتكەنلەر شۇنداق بولىدىغۇ ، تالاي ـ تالاي پۇل تاپقان ، باي بولغانلار خارابلىشىپ ئاخىر كىشىلەردىن بىر پارچە نان سورايدىغان ھالغا كېلىپ قالدىغۇ ... مەن قەتئىي ئىرادە بىلەن كىرگەن يولۇم ، باسقان ئىزىمدىن ياندىم . خوش ، ماھىنۇر ، سىز قاچان ، قانداق سەۋەب بىلەن ئۆيلەنمەسلىك قارارىغا كېلىپ قالغان ، دەپ سورىمايسىزغۇ ؟ — دېدى ئىسمائىلجان بىردىنلا ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ . ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ ، چىرايى سەل ـ پەل تاتىرىپ كەتكەندى .

— تېخى سۆزىڭىز ئاخىرلاشمىغاندۇ ؟ — ماھىنۇر كۈلدى .

— توغرا ، ئاخىرلاشمىدى ، ئەمدى نېمىشقا شۇنداق قارارغا كەلگەنلىكىمنى دەيمەن ، — ئىسمائىلجان سۆزگە چۈشتى ، — بېيجىڭدا مەندىن تۆت ـ بەش ياش چوڭ ئىككى تونۇشۇم بار ئىدى ، ئۇلارمۇ سودىگەرچىلىك قىلاتتى . ئۇلارنىڭ چىرايلىق ئىككى ياش ئايال بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىنى ئارىلاپ كۆرۈپ قالاتتىم . بىر كۈنى كەچلىكى ئاشخانىدا بىللە بولۇپ قالدۇق ، ئۇلار ھەممىسى بىر يۇرتلۇق ئىكەن . تاماق يەپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش جەريانىدا ئىككى ياش ئايالنىڭ بېيجىڭغا بىلىم

ئاشۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئىككىدىن بالىسى بارلىقىنى، بىر سىنىڭ ئېرى باشقارما باشلىقى، يەنە بىر سىنىڭ قايسىدۇر بىر ئىدارىنىڭ باش بوغالتىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇلار ماڭا سەممىي، يۈزى تۆۋەن بىلىندى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىلىرىدە غەيرىي ئەھۋاللار سېزىلمىگەچكە، مەنمۇ باشقىچە ئويلاردا بولمىدىم.

بىر كۈنى ئىككى تونۇشۇم بىلەن ئۇچىمىز گۇاڭجۇغا بىللە بارماقچى بولۇشتۇق. ئايروپىلان بېلىتى ئالماقچى بولۇپ ئەتىسى سەھەرلىكى ئىككىسى تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا كەلدىم. ئىشىكنى چەكتىم، ئېچىلمىدى، يەنە چەكتىم، يەنە ئېچىلمىدى. قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، كۈتكۈچى قىزغا ياتاقنى ئاچتۇرۇپ كىردىم. كىردىمىيۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. ئىككىسى ئىككى كارىۋاتتا چىرايلىق ياش ئاياللار بىلەن بىر جۈپتىن بولۇشۇپ يېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ ئاياللار باشلىرىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى. ئىككى دېۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەلچىدە ھاراق، پىۋا بوتۇلكىلىرى، پىشقان گۆش، خاسىڭ مېغىزى، كەمپۈت ـ پېچىنىلەر چېچىلىپ تۇرۇپتۇ. تۆتى بىر ياتاقتا ياتسا، باشقا تەرەپلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، بۇلارنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى قالدى! ... بېشىم پىرقىراپ كەتتى، كەينىمگە ياندىم ـ دە، ياتاقتىن شۇنداق تېز چىقىپ كەتتىم، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىم تىترەپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئىككى ياش ئايال ماڭا شۇنداق سەممىي، يۈزى تۆۋەن كۆرۈنگەن ئەمەسمىدى، بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەي تۇرۇپلا ئەرلىرىنى، بالىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ يۈزىنى قىلمىسا، بىردەملىك ھېسسىياتلىرىنى باسالمىسا، ئاياللارغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولىدۇ؟ ... مەنمۇ سودىگەر، ئويلىنىپ قالسام، بىر ئاي ئۆيدە بولسام، بىر نەچچە ئاي ھەتتا يىللاپ سىرتلاردا بولۇپ قالىمەن، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، ئىشەنچ قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ... ھەممە ئاياللارغۇ ئۇنداق ئەمەستۇر، لېكىن خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ؟ بەدەن ـ بەدەنلىرىمدىن غەزەپ ـ نەپرەت، ئاياللارغا ئىشەنمەسلىك تۇيغۇلىرى

يېنىپ كەتتى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ئۆيلەنمەيمەن، مەڭگۈ ئۆيلەنمەيـ
مەن، دەپ قەسەم قىلدىم. ئۆيلەنمەسلىك قارارىغا كېلىشىمدىكى تۈپكى
سەۋەب مانا مۇشۇ.

— سىزمۇ قىزىق ئويلارنى ئويلاپتىكەنسىز، — دېدى ماھىنۇر ئۆ-
زىنى كەينىگە تاشلاپ، — ئۇنداق ئىشلار ھازىرمۇ جىققۇ،
كۆرمەيۋاتامسىز؟

— ھەر قانداق ئادەمنىڭ بىر ئەقىدىگە، خۇلاسىگە، قاراشقا كې-
لىشىگە مەلۇم نەرسىلەر سەۋەب بولىدۇ ـ دە، مەن سىزگە شۇنى
دەۋاتىمەن.

— سەرگۈزەشتىلىرىڭىز، كۆرگەنلىرىڭىز مېنى قالتىس قىزىقتۇ-
رۇۋاتىدۇ، قېنى داۋامىنى سۆزلەڭە، ئۇسسۇلۇق يەتكۈزۈپ بېرىش
مەندىن، — دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭغا چاي سۇنۇپ.

— سودىگەرلەر كۆپىيىپ كەتتى، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ
چايدىن ئىككى يۇتۇم ئىچىپ، — پايدىمۇ تۆۋەنلەپ، چويلىدا
توختىغۇدەك بىر نەرسە قالمايدىغان بولدى. بىر ماگىزىندا بىرەر يېڭى مال
سېتىۋالماقچى بولسا، نەچچە يۈزلىگەن سودىگەر خۇددى يەردىن ئۈنۈپ
چىققاندەك پەيدا بولاتتى. كۆپ پايدا ئېلىپ دەندەپ قالغان ئادەم ئاز
پايدىغا قانائەت قىلمايدىكەن. بۇ يولغا كىرىپتىمەن، ھەممىنى قىلىپ با-
قاي، دەپ ئەتكەس مال سودىسىغا كىرىشىپ كەتتىم. تەيۋەن، شياڭگاڭ
ۋە باشقا چەت ئەللەردىن دېڭىز ئارقىلىق يوشۇرۇنچە ھەر خىل ماللار كې-
رەتتى. نۇرغۇن سودىگەرلەر يۈرەكسىزلىك قىلىپ، بۇ سودىدىن ئۆزىنى
قاچۇراتتى. مەن تەۋەككۈل قىلىپ رەگلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، تاماكا
سودىسىغا كىرىشتىم. دېڭىز ياقىسىدىن يوشۇرۇنچە ئېلىپ، چوڭ
شەھەرلەرگە ئەكېلىپ باشقا سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم. كۆپ قېتىم
خەتەرلىك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلدىم، بىر قېتىم قاچقىنىمدا تاس قالدۇق
ئوق تېگىپ كەتكىلى. تەلىيىم بارئىكەن، قۇتۇلۇپ كەتتىم. ئىككى يىل-
دىن كۆپرەك ئەتكەس مال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق كۆزگە
كۆرۈنگەن بايلارنىڭ بىرىگە ئايلاندىم. مۇشۇ چاغدا ماڭا ئۇشتۇمتۇت بىر

ئوي كەلدى : ئۆزىمىزنىڭ شەھەرلىرىگە بىكىنىپ ، ھېچنەنى كۆرمەي ، جاھاننى ئارىلىماي يۈرەمدۇق ؟ تارىختا بىزنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز ئېشەك ، تۆگىلەردە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئايلاپ ، يىللاپ يول يۈرۈپ دۇنيا-نىڭ نە ــ نەلىرىگە بارمىغان . بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا باغدات ، گرېتسىيە ، رىم ... لارغا بارغان ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈل-لەنگەن مەزگىللىرىدە جەنۇبىتا ھىندىستان ، ئافغانىستان ، غەربتە ئىران ۋە غەربىي ئاسىيا ، شىمالى ئافرىقا ، شەرقىي ، جەنۇبىي ياۋروپالارغا بارغان ئەمەسمىدى ، بۈگۈن بىز ئەڭ تېز مۇساپىلىك ئاپتوموبىل ، پويىز ، ئايروپىلانلارغا ئىگە . دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىن ــ ئۇ چېتىگە گويا كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە يېتىپ بارالايمىز . شۇنداق ئىكەن ، نېمىشقا بىز ئۇ يەرلەرگە بارمايمىز ، ئۇ يەرلەرنى كۆرمەيمىز ھەم سودا قىلمايمىز ؟ ... مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ قىلالمىساق ، ئەڭ ئاددىسى بىزگە ئۇيات ئەمەسمۇ !

مەن غۇلجىغا قايتىپ كەلدىم . رەھمەتلىك ئاتا ــ ئانىلىرىمغا ئاتاپ ، يۇرت ــ جامائەتنى چاقىرىپ نەزىر قىلدىم . مۇشۇنداق پۇل تاپقان چېغىمدا ئۇلار بولسىچۇ ، تۆت قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ باق-ماسمىدىم ، كۈتمەسمىدىم ، دەپ ئويلىدىم ، ئەپسۇسلاندىم ، ئېچىندىم ، يىغلىدىم ... ھەدەملەرنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا نامرات ، ئەتىگەنگە تاپسا ، چۈشكە يوق ، چۈشكە تاپسا كەچكە يوق ئىكەن . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى يولغا سېلىش ، ھاللىقراق تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، بازارنىڭ ئاۋات يېرىدىكى بىر ئادەمنىڭ ھويلىسىدىن ئىككى فۇڭ يەرنى سېتىۋېلىپ ، ئاستىنى ئۆي ــ پەي ، كۆكتات ساقلايدىغان ئامبار قىلىپ ، ئۈستىنى ئازادە ، كۆركەم قىلىپ ئاشخانا سالدۇرۇپ بەردىم . يەنە قازان ــ قومۇچ ، چىنە ــ قاچا ، توڭلاتقۇ ، شامالدۇرغۇچ ، ئۈستەل ــ ئورۇندۇقلارنى ، يېرىم ئايغا يەتكۈدەك ئۇن ، ياغ ، گۆش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ : ئەمدى تۇرمۇشۇڭلارنى يولغا سېلىڭلار ، دېدىم . يېڭىدىن مەسچىت سې-لىشقا ( مەن بارغاندا پۇل يىغىش قىلىۋېتىپتىكەن ) ، باشلانغۇچ مەكتەپ رېمونتىغا ، كوچىمىزنى ئاسفالتلاشتۇرۇشقا پۇل بەردىم . ئۆزۈم چوڭ يول-

نىڭ كۆۋرۈكىنى ياساتتىم. بىر نەچچە كەمبەغەل ئائىلىلەرگە پۇل تارقاتتىم. ھېسابلاپ باقسام مۇشۇ ئىشلارغا ئىككى يۈز مىڭ سومدىن ئو-شۇقراق پۇل سەرپ قىپتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتىم.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىسمائىلجاننىڭ سۆزلىرىگە بېرىلىپ كەت-كەن ماھىنۇرنىڭ ئۆزى تۇيمىغان ھالدا يۈزلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرگەندى، دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىدە ئىللىق نۇرلار چاقناپ كەتكە-نىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئۆزى تۇرماق، ئەتراپىدىكى ھەم ئۆزى ئۇچراشقان سودىگەرلەرگە ئوخشمايدىغان، بى-لىملىك، قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ شۇنچە پۇل تېپىپمۇ خەلققە ھېچقانچە ئىش قىلالىسپ بېرەلمىگەنلىكىگە خىجىل بولدى ـ دە، قايىللىقتىن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قوزغالغان مېھرى بىلەن ئىسمائىلجانغا تىكىلىپ قالدى.

## 43

ـــ ھەر ئادەم ئۆز تارىخىنى ئۆزى يازىدۇ. مېنىڭ تارىخىمنى ئوقۇغان ئادەملەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى تارىختا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ سودا ئالاقىسى ئورناتقان، لېكىن بۇ تارىخ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇزاق ۋاقىت توختاپ قالغان، ھازىر ئۇلارنىڭ ئەۋلاد-لىرى شۇ يەرلەرگە بېرىپ، سودا قىلىۋېتىپتۇ، ئۇيغۇرلار سودا ـ تىجارەت ئارقىلىقمۇ ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇۋېتىپتۇ، دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە بولالايدۇ.

مەن ۋە مېنىڭ سەپەرداشلىرىمنىڭ يېقىندىن بېرى دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ سىنگاپور، تايلاند، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆز-بېكىستان، روسىيە، تۈركىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستانى، ئۇكرائىنا، پولشا، رومىنىيە، بۇلغارىيە، ۋېنگىرىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مەملىكەت-

لەرگە چىقىپ، سودا بىلەن شۇغۇللىنىشى، بىزنىڭ تارىختىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز سودا ـ تىجارىتىنىڭ قايتا تىكلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى. دۇنيا-نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان سودا ـ تىجارەت يالغۇز پۇللا تاپمايدۇ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدۇ. بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدۇ، ــ دەپ سۆزىنى باشلىدى ئىسمائىلجان بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ماھىنۇرغا قاراپ، ــ چەت ئەلگە سودا ئىشى بىلەن چىقىمىز دېسەك، ۋىزا ئېلىش بەك تەس.

ــ نېمىشقا؟ ــ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ماھىنۇر.

ــ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم، لېكىن ئامال قىلغىلى بولىدۇ.

ــ قىزىق ئىشقۇ بۇ؟

ــ شۇنداق، قىزىق ئىش، ــ دېدى ئىسمائىلجان ۋە سۆزىگە چۈشتى، ــ بىز ئالدى بىلەن قازاقىستان، قىرغىزىستان ياكى ئۆزبېكىستانغا تۇغقان يوقلاش باھانىسى بىلەن چىقىمىز ۋە ئۇ يەردىن باشقا مەملىكەتلەرگە ئۆتۈپ كېتىمىز. مەن ئۇ يەردە قانداق ماللارنىڭ تېز ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كىشىلەردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە بىرىنچى قېتىم سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئازراق ئادىداس، شىپۇن دۇخاۋا، نىلون دۇخاۋا ئېلىپ چىقتىم. بۇ ماللار راست دېگەندەك تېز ئۆتۈۋېتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ناھايىتى كۆپ ئېلىپ چىقتىم ـ دە، ئەزەربەيجانلىقلار، ئۆزبېكلەر، چېچەنلەرگە توپ ـ توپى بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. سىزمۇ بىلىسىز، قانداقلا بولمىسۇن بىر مال ئاز ۋاقىتتا پۇللۇق بولىدۇ، كۆپىيىپ كەتسە، ئەرزانلاپ كېتىدۇ ياكى ئۆتمەس ماتاغا ئايلىنىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم ئاچىقىنىمدىن كېيىن، ئۇ ماللار كۆپىيىپ كەتتى. تاشكەنت، ئالمۇتا، بىشكەك شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ يۈردۈم. «كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر» دېگەندەك سەمەرقەنت، بۇخارا، ئاشخابات شەھەرلىرىنى ئايلاندىم. ئورۇس تىلىنى بىلمەي سودا قىلىش بۇ يەرلەردە تازا يۈرۈشۈپ كەتمەيدىكەن. تاشكەنتنىڭ ئەسكى جۇۋا دېگەن يېرىگە كېلىپ ياتتىم ـ دە، تىل ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. چۈنكى بىزگە قىزىق تۇيۇلىدىغان مۇنداق ئىشنى كۆردۈم، ئالمۇتا، بىشكەك شەھەرلىرىدىكى

ماگىزىن ـ دۇكانلاردا مال سېتىۋاتقان قازاق، قىرغىزلارمۇ ئورۇسچە سۆزلەيدىكەن، تاشكەنتتىكى ماگىزىن ـ دۇكانلاردا مال سېتىۋاتقان ئورۇسلارمۇ ئۆزبېكچە سۆزلەيدىكەن. شۇنداق ئويلاپ قالدىم، ئېتىقادقا چىڭ بولساڭ، سېنى پەرىزاتمۇ ئۆزگەرتەلمەيدىكەن، ئېتىقادقا بوش بولساڭ، سېنى ئالۋاستىمۇ ئۆزگەرتىپ كېتەلەيدىكەن. تاشكەنتتە ئانچە ـ مۇنچە سودا قىلىپ، كۆپ ۋاقتىمنى تىل ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ بىر يىلدەك يۈردۈم. ئەسكى جۇۋىدا ئۇرۇمچىدىن، غۇلجىدىن چىققان سودىگەر باللار كۆپ ئىدى. روسىيىنىڭ ياۋروپا تەۋەسىگە ۋە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرگە چىقىپ، سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان باللارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بىلەن ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى سودا ـ تىجارەت ئەھۋاللىرىنى سۆزلىشىپ يۈرەتتۇق.

ئاخىر يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا يوشۇرۇنچە بۆكەن مۈگگۈزى ئاپاردىم.

— بۆكەن مۈگگۈزى ئاپارماق ئاسان ئەمەس، قاتتىق تەكشۈرىدۇ، دەۋاتاتتىڭغۇ؟ — دېدى ماھنۇر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئاسان ئەمەسلىكى ئاسان ئەمەس، بىراق ھەممىنى پۇل ھەل قىلىدۇ، قىيىننى ئاسانلاشتۇرىدىغان، «بولمايدۇ» دېگەننى «بولىدۇ» قىلىدىغان، تۈرۈلگەن قاپاقلارنى ئېچىلدۇرىدىغان پۇل. لىۇتچىكقا ياكى مۇناسىۋەتلىك خادىمغا ھەر بىر چامادان ئۈچۈن ئون دوللار بېرىدىغان گەپ، قالغان توسالغۇلارنى لىۇتچىك توغرىلايدۇ. پويىزغا قارىغاندا، ئايروپىلاندا ئاپىرىش بىخەتەررەك بولىدۇ. بىر چامادانغا يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش كىلوگرام سىغىدۇ. ئۈستىنى كۆركەم، چىرايلىق قەغەز بىلەن ئوراپ سالىمىز. بىر كىلوسىنى يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت دوللاردىن ئالغان، موسكۋاغا ئاپىرىپ يىگىرمە سەككىز ـ يىگىرمە توققۇز دوللاردىن ساتتىم. دەسلەپ يىگىرمە چامادانىنى ئاپارغان، كېيىن بىر تونىنا ئاپاردىم. ئۈچىنچى قېتىم پويىز بىلەن ئىككى تونىنا ئاپاردىم. بۇ سودىنىڭ ئېپىنى خېلى ئوبدانلا ئېلىپ كەتتىم. مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان غۇلجىلىق، ئۈرۈمچىلىك بەش ـ ئالتە بالا بار ئىدى. شۇڭلاشقا ھاياتىم ۋە

بايلىقمەدىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتىم. ئەمما بىزنى ساقچىلار قاقتى - سوقتى قىلىپ تۇراتتى. كېچىلىرى ياتاقتا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، پاسپورتىڭنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، جەرىمانە تۆلەيسەن، دەپ تۇرۇۋا-لىدۇ. ئۇلارنىمۇ پۇل يۇمشىتىۋېتىدۇ، ئون - يىگىرمە دوللار بېرىپ قويساق چىقىپ كېتىدۇ. ئون - يىگىرمە دوللار ئۇلار ئۈچۈن چوڭ پۇل. جىقراق بەرسەك تېخى بىزنى قوغدايدۇ. موسكۋادا ئۇزاق تۇرۇپ قالدىم. موسكۋادا داغىستانلىقلارمۇ بۆكەن مۆڭگۈزى ئەكېلىپ سېتىپ تۇرىدۇ. رومىنىيىدە بۆكەن مۆڭگۈزىنى موسكۋاغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە يۇقىرى باھادا ئالىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، رومىنىيىگە ئاچىقتىم. راست دېگەندەك ئۇ يەردە ئۈچ ھەسسە يۇقىرى باھادا ئالىدىكەن. بىر كىلوسىنى ئوتتۇز سەككىز - ئوتتۇز توققۇز دوللاردىن ساتتىم. رومىنىيىدىمۇ موسكۋادىكىگە ئوخشاش ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ماللىرىنى پارچە سېتىپ بېرىدىغان، خېرىدار تاپىدىغان، روسچە، رومىنىيىچە تىللارنى سۇدەك بىلىدىغان بۇياقتىن چىققان ئۇيغۇر باللىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئىشلىرىڭىزنى يۈرۈشتۈرۈپ بې-رىدىكەن. بۇ باللار شۇنچىلىك چاققان، زېرەك ئىكەنكى ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ. بىر قېتىم ئۇلار مۆڭگۈزنى سېتىۋاتقاندا، ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ساقچىلار بۇ نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۇلار بۇ تۆگىمە، تا-غاقلارنى ياسايدىغان خام ئەشيا، دەپتىكەن، ساقچىلارنىڭ تىبابەتچىلىك دورىلىرىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقى ھەم ئۇ يەرلەردە تىبابەتچىلىك ئىلمى تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۆكەن مۆڭگۈزى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇلارنى قويۇۋېتىپتۇ. باللار قۇتۇلۇپ قاپتۇ. رومىنىيە تۇرىدىغان يەر ئىكەن. كوچىلىرى، باغچىلىرى ئىنتايىن پاكىز، ئادەملىرى تازىلىققا ئاڭلىق ھالدا ئەھمىيەت بېرىدىكەن. تازىلىق قىلايلى، تازىلىققا رىئايە قىلايلى، دېگەن گەپنى ھېچكىممۇ دەپ باقمايدىكەن. بىنالىرى ئانچە ئې-گىز ئەمەس، لېكىن بىنالارنىڭ گىرۋەكلىرى، ماڭلايلىرى، ئىشىك - دېرىزە گەرنىزلىرى نەقىشلىق، بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. كوچىلىرىدا ياڭزا - ياڭزا گۈل، گىلاس ئۆستۈرۈلىدىكەن، ئەتىرگۈلنى ياخشى كۆرىدى-كەن، جىنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ، دېسىمۇ بولىدۇ. پۇتۇنغا ناھايىتى ئامراق،

ئەر ـ ئايال ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئوخشاشلا پىۋا ئىچىدۇ ، پىۋىخانىلاردا گارمون چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشى . ئۇلار مېھماندوست خەلق . بىزنىڭ « مېھمان » دېگىنىمىزنى ئۇلار ئۆز تىلىدا « مۇساپىر » دەيدۇ ؛ « خەير ـ خوش » دېگەننى « ئەلۋىدا » دەيدۇ . قىشتا ئەر ـ ئايال ھەممىسى پەلتو ، شىلەپە ، قولاقچا كىيىدۇ ، سەھرالىقلىرى خۇددى بىزنىڭ يېڭىسانىڭ قولاقچىسىغا ئوخشاش ئۆرە قولاقچا كىيىدۇ . ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق كېلىدۇ . بۇخارېستتا تاتار ، چېچەن ، تۈركلەر كۆپ ، تۈركلەرنىڭ ئاشخانىلىرىمۇ كۆپ . بىر قوينى يارتىپ تۇرۇپ يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش دوللارغا ئالغىلى بولىدۇ . ئۆزىمىزنىڭ تاماقلىرىنىمۇ ئېتىپ يەيمىز ، كىرىنگەش كوچىسىدىكى تۈرك ئاشخانىلىرىدىنمۇ تاماق يەيمىز . دېھقانلار بازارغا دېشلو ① ، خادىك ھارۋىلاردا كۆكتاش ، كاپۇستا ، تەرخەمەك ، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى ئەكىرىپ ساتىدۇ . تاۋۇزلىرىنىڭ شەكلىمۇ ، تەممۇ غۇلجىنىڭ قوزىتاي تاۋۇزلىرىغا ئوخشايدۇ .

ئورۇس تىلىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ، رومىنىيە تىلىنى بىلىۋېلىش تەسكە چۈشمىدى . بۇ ئىككى تىلدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇم . تىلدىن قىينالمايدىغان بولغاچقا ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋالە دېگەن قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . مەن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ھۆرمەت قىلىپ يۈردۈم . نەدىن بىلەي ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ . ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىزدىمىسەم خاپا بولىدۇ ، ئۇنىڭ مىغىنىمىغا قويماي ئۆيلىرىگە ئاپاردى . ئۇلار بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ، ئۇنىڭدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىكەن . مېنىڭ ھەممە نەرسەم ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە تەئەللۇق ، دەپ قارايدىكەن . بىر كۈنى ئۇ مۇنداق دېدى :

— بىز نېمىشقا توي قىلمايمىز ، نېمىگە قارايمىز ؟

ـ مەن ۋەتىنىمگە قايتىمەن ئەمەسمۇ ، — دېدىم .

— قايتساڭ مەيلى ، سەن بىلەن كېتىۋېرىمەن .

① دېشلو — خادىكتىن چوڭ ، جىقراق يۈك باسقىلى بولىدىغان ھارۋا .

— مەن ئاتا ـ ئانامدىن سورىشىم كېرەك ، ئۇلار رۇخسەت قىلامدۇ ، قىلمامدۇ ، كىم بىلىدۇ .

— مېنى سەن ئالسەڭغۇ ، باشقىلار نېمشقا ئارىلىشىدۇ ؟

— دىنىمىز ئوخشاش ئەمەس .

— مۇھەببەت دىنغا قارىمايدۇ ، سىلەرنىڭ دىندا باشقا مىللەتتىن ئالساڭ بولمايدۇ ، دەمدۇ ؟

— دېمەيدۇ ، بىراق مېنىڭ ئاتا ـ ئانام باشقا مىللەتتىن ئېلىشىمنى خالىمايدۇ .

— سىلەردىن بىزنىڭ قىزلارنى ئالغانلار بارغۇ ؟

— مېنىڭ ئاتا ـ ئانامدا كونىلىق ئېغىر ، ئاڭلىق ئادەملەر ئەمەس ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلمىسام يۈزۈمگە قارىمايدۇ ، ئاتا ـ بالىلىقتىن كېچىپ كېتىدۇ . شۇڭا مەن سېنى ياخشى كۆرسەممۇ ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، سېنى ياخشى كۆرىمەن ، دەپ ئېيتالمىغان . لېكىن بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز .

ۋالە يىغلىدى ، مەن بەزلىدىم ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەن-زىرىلىك يەرلەرگە ئاپاردىم ، موسكۋاغا ، ئىستامبولغا ، ۋارشاۋالارغا ئاپىرىپ ئوينىغاتتىم ، ئەڭ ئېسىل ياتاقلاردا تۇرغۇزدۇم . لېكىن كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرەي دېسەم ، پەقەت ئۇنىمايتتى . ئۇنىڭدا ئېلىۋالاي ، يۇلىۋالاي ، كېيىۋالاي ، دېگەن نىيەت يوق ئىدى . ھەر قانداق نەرسىدىن كۆڭلىنى ئەلا بىلەتتى . تۇغۇلغان كۈنىدە تىيانشان يۇڭ توقۇلما ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىدە ئىشلەنگەن ناھايىتى ئېسىل يۇڭ پوپايكىدىن بىرنى ، فىرانسىيىنىڭ ئېسىل ئەتىرىدىن بىر جۈپنى ئېلىپ ئاپىرىۋىدىم ، ئۇنى خۇ-شاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى . مەن رومىنىيىدىن موسكۋاغا قايتتىم . ۋالە مېنى ۋوگزالغا ئۇزىتىپ چىقتى . ئۇ تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى . مېنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمىدى . بىز ئايرىلدۇق . ئۇ يەردە رومىنىيە قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارمۇ بار ئىدى . مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم ھەم قىلمايتتىم . چۈنكى مۇھەببىتىمگە تۇغۇلغان يېرىمنى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى تېگىشىۋەتمەيتتىم .

رومىنىيىدە مەخسۇس يىپەك سودىسىنى قىلىپ بېيىپ كەتكەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بار ئىدى. مەيلى قەيەردە بولمىسۇن بېيىپ كەتكەنلەر ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپادا، ئىچىملىك ـ چېكىملىكتە يوق، بەش ۋاخ نامازنى تاشلىمىغانلاردىن چىقىدۇ. يىپەك سودىسىنى قىلىۋاتقانلار شۇنداقلاردىن ئىدى. مەن ئەيش ـ ئىشرەت، ئىچىملىك ـ چېكىملىكتە يوق بولساممۇ، لېكىن شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان ئىشلارنى بەزىدە يىگىتلىكىم تۇتۇپ، بەزىدە ئەتەي قىلىپ قويىدۇم. ئاگلىق ھەم ئەتەي ئەسكى ئىش قىلغان ئادەم بىردەملىك قىلىدۇ، ھەرگىز داۋاملاشتۇرمايدۇ، ئۆز ھېسسىياتىنى باسالايدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ، مەن مۇنداق ھېسسىي جەريانلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن.

مەن موسكۋادىكى چېغىمدا ئۇيغۇر باللىرى ئىچىدە ئادەتتىكى ئۇششاق سودىلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ، بۇلغارىيىدىن ياپونىنىڭ زەرلىك كەشمىر ياغلىقىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزبېك، تاجىكلارغا سېتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. بۇلغارىيىگە بارسام، غۇلام مويدۇن ھاجى دېگەن ئادەم مەخسۇس مۇشۇ ياغلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. مەن ئاشۇ ياغلىقتىن ئۈچ مىڭ دوژنا ① ئالىمەن دېۋىدىم، ئۇ ئەرزانلىتىپ يىگىرمە ئۈچ دوللار ئەمەس، يىگىرمە ئىككى دوللاردىن بەردى. مەن ئۇنى موسكۋاغا ئەكىلىپ، يىگىرمە سەككىز دوللار ئەمەس، يىگىرمە يەتتە دوللاردىن ساتتىم. بىر مەزگىل بۇ سودا بىلەنمۇ شۇغۇللاندىم.

بۇ سودىلار موسكۋا قىزىل مەيدانىنىڭ يېنىدىكى ئۆزبېكىستان رېستورانى ئالدىدا بولىدۇ. بۇ يەر قايناق بازار، پولۇ، كاۋاپ، مانتا، سامسا، ھەر خىل قورۇمىلار ھەر قاچان تەييار. بۇ يەرنى مۇستاپا دېگەن زومىگەر سورايدۇ، ئۇنىڭ شايكىسى بار. ياخشى يېرى پۇل بەرسىڭىز، سىزنى قاچان كۆردۈم دېمەي، ھەر قاچان سىزنى قوغدايدۇ. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۇنىڭغا ھەر ئايدا ئون بەش ـ يىگىرمە مىڭ رۇبلى بېرىپ تۇرىدۇ، نارازى بولمايدۇ.

ئۆزبېكىستان رېستورانى ئالدىدىكى قايناق بازاردا بۇياقتىن چىقىپ

① دوژنا ــ مالنىڭ 12 دانىسى بىر دوژنا بولىدۇ.

سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، كۆرۈنۈشتە سودا، ئەمەلىيەتتە باشقا نىيەتتە يۈرگەن ئاياللارمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سودىگەرچىلىك قىلىدىغان خەنزۇلارغا، ئەزەربەيجانلىقلارغا، قازاقلارغا تېگىشۋالغان. ئەرلەرمۇ قىزىق بولىدىكەن، ئۆزلىرى باشقا مىللەت قىزلىرى بىلەن ئوينىسا، كۆڭۈل ئاچسا ھەتتا ئۇلارنى ئەمرىگە ئېلىۋالسا ھېچ گەپ يوق، قىزلار باشقا مىللەت ئەرلىرى بىلەن ئوينىسا، كۆڭۈل ئاچسا، تېگىشۋالسا غەزەپلىنىدۇ، ئۆزىدە خورلۇق ھېس قىلىدۇ. مېنىڭدىمۇ مۇشۇنداق ھېس — تۇيغۇلار قوزغالغان. تېخى باشقا مىللەت ئەرلىرى بىلەن ئويناپ يۈرگەن قىزلارنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنلەر بار، ۋەھالەنكى، باشقا مىللەت قىزلىرى بىلەن نېمىشقا ئوينىدىڭ، كۆڭۈل ئاچتىڭ، دەپ ئوغۇللارنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالغان بىرەر قىزنى كۆرمىدىم.

ماھىنۇر كۈلۈپ كەتتى:

— ئاياللارنىڭ قورسىقى كەڭ — دە.

— كەڭمۇ ياكى ئۇنداق سېزىم كەممۇ؟

— ئايال دېگەن ئايال، ئۇ ئەرلەرنى باشقۇرمەن دېسىمۇ، ھامان باشقۇرۇلىدۇ.

— باشقۇرۇلۇش سېزىمى كۈچلۈك دەڭە؟

— مېنىڭچە بۇ ئاياللىق ئەخلاق.

ئىسمائىلجان سۆيۈنۈش ھېسسياتى بىلەن ماھىنۇرغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇلار بىرەر تالدىن مېۋە يېگەندىن كېيىن، ئىسمائىلجان يەنە سۆزىگە چۈشتى:

— ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي — جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدە، مەشھۇر شەھەرلەردە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى كۆپ. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز يۇرتلىرىدا ئىشسىز قالغان ياشلار، دېھقان باللىرى. ئۇلاردىن روس، تۈرك، ئۆزبېك، قازاق، رومىنىيە، بۇلغار قىزلىرىنى ئېلىپ، شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىرىمۇ كۆپ. بىر — بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش، نىكاھلىنىش مىللەتكە قارىمايدىكەن، مۇھەببەتتە چېگرا يوق ئىكەن. ئەلى دېگەن بىر بالا رومى-

نىيەلىك چىرايلىق بىر قىزنى ئالغان . هازىر ئۇلار ئىناق ئائىلىنىڭ
ئىگىلىرى . ئەلى خەنزۇ تىلىدىن باشقا ، رومىنىيە ، ئىنگلىز تىللىرىنى
پىششىق بىلىدۇ . تۆت تامنىڭ ئىچىدە بېكىنىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ
سىرتلارغا چىقىشى ، جاهان كېزىشى ئىنتايىن ياخشى ، ئەهمىيەتلىك ئىش
ئەمەسمۇ ... مەدەنىيەت ئۆگىنىدۇ ، دۇنيانى چۈشىنىدۇ ، ئۆزىنىمۇ چۈشە-
نىدۇ . مانا مۇشۇ ئەهمىيەتلىك ، مەنىلىك ئىشلارنى سودىگەرلەر
قىلىۋاتىدۇ . مەن سىزگە موسكۋالىقلارنىڭ روھىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىپ
بېرەي : ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالدا ، جەمئىيەتمۇ
قالايمىقان ، نۇرغۇن ئىشلار ئىزدىن چىقىپ كەتكەن ، بېشىغا بالايىئاپەت
كەلدى ، دېسەكمۇ بولىدۇ . نورمال كۈن ئۆتكۈزۈش تەس بولۇۋاتىدۇ .
لېكىن ئۇلار مۇكچىيىپ ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكىنى يوق . بېشىنى تىك
كۆتۈرۈپ ، مەغرۇر يۈرۈۋاتىدۇ . بىز ھەممىنى يەڭگەن ، بۇنىمۇ يېڭىمىز ،
دەيدۇ . مەن بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تارىختا ئۆزلىرىنى بېسىپ كەلگەن
كۈچلۈك تاجاۋۇزچىلارنى قانداق يېڭىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم . بۇ
ئۇلاردا پۈكۈلمەس ئىرادە ، ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتنى پەسەنت قىل-
مايدىغان قەيسەر روھنىڭ بولغانلىقىدىن . ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك
نەرسە ئۇلاردا بار ئىكەن . باشقىلار دۇنيادا ئۇيغۇر دېگەن مىللەتلىك بار-
لىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ، دېسە ، كىشىنى خارلاۋاتقاندەك ،
كەمسىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن . مەن مۇنداق كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايند-
ۇرىدىغان سۆزلەرنى تولىراق رومىنىيە ، بۇلغارىيىلەردە ئاڭلىدىم . شۇڭا كىم
بىلەن تونۇشۇپ قالسام ـــ مەيلى ئۇ ۋاگونلاردىكى باشقا مىللەت
سەپەرداشلىرىم بولسۇن ، مال ئالىدىغان سودىگەرلەر بولسۇن ، ئىزدىشىپ
يۈرىدىغان قىزلار ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بولسۇن ـــ ھەممىسىگە
ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ، ۋېنگىر ، بۇلغارلارنىڭ ئەسلى تەكتىنىڭ كىم-
لىكىنى ، ئۇلارنىڭ شۆھرەتلىك تارىخىنى سۆزلەپ يۈردۈم . ئۇلارغا ھەتتا
دەرس ئۆتتۈم دېسەممۇ بولىدۇ . رومىنىيىلىك ۋالە مېنى ئال ، دەپ تۇ-
رۇۋالدى . يىغلىدى ، قاقشىدى ، ئالمىدىم . ئاتا - ئانام باشقا مىللەتتىن
ئۆيلىنىشىمگە يول قويمايدۇ ، دەپ ئەتەي يالغان ئېيتتىم . ئۇيغۇر دېگەن

غۇرۇرى بار ، ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىشنى خالىمايدىغان خەلق ئىكەن ، دېسۇن ، دېدىم ؛ تونۇشقان ، بىرگە بولغان قىزلارنى قەيەرگە ئاپار ، دېسە ئاپاردىم ، ئايىماي پۇل خەجلىدىم ، قانغۇدەك ، ئۇنتۇلمىغۇدەك دەرىجىدە ئوينىتىم . ئۇيغۇر دېگەن ئاجايىپ مەرد ، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چۈشىنىدىغان ، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ خەلق ئىكەن دېسۇن ، دېدىم ؛ سودا - سېتىق ، بېرىش - كېلىش مۇناسىۋەتلىرىدە يالغانچىلىق قىلمىدىم ، دېگەن سۆزلىرىمگە ئەمەل قىلدىم ، ئۇيغۇر دېگەن راستچىل ، سەمىمىي خەلق ئىكەن ، دېسۇن ، دېدىم ؛ قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئىززىتىنى قىلدىم ، ئۇيغۇر دېگەن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان خەلق ئىكەن ، دېسۇن ، دېدىم ؛ ئاخىرقى نۆۋەتتە ئۇيغۇر يىگىتلىرى قالتىس غۇرۇرلۇق ، مەرد ، كىشىنىڭ مەيلىنى قوزغايدىغان جەلپكار بولىدىكەن ، دېگەن ئۇقۇم يۈرىكىدە قالسۇن ، دېدىم .

ئادەم ئۆز سۆزىدىنمۇ ئۆزى ھاياجانلىنىپ قالىدۇ . ئىسمائىلجان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ خىيالغا كەتكەن بولسىمۇ ، كۆزلىرى ئىسمائىلجاننىڭ بەستىدە ، تېز - تېز تاشلىنىۋاتقان ئاياغلىرىدا ئىدى . « ھەسەنجان ئاكامدەك قىلغان سۆزلىرى مەنىلىك ھەم چوڭقۇر ، — دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ ، — كۆز قاراشلىرىدا ئالاھىدىلىك بار ، كىشىگە ياقىدۇ ... »

※ ※ ※

— سودا - تىجارەتنى توختىتىپ ، باشقا يەرلەرنى كۆرۈش ، ئايلىنىش ، ساياھەت قىلىش قارارىغا كەلدىم ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — دۇنيادا داڭلىق دەم ئېلىش ئورنى قىرىمغا باردىم . قىرىم — مەن ھازىرغىچە كۆرگەن مەنزىرىلىك جايلارغا قارىغاندا ئالاھىدە گۈزەل ، بەكمۇ چىرايلىق يەر ئىكەن . كىچىككىنە كارىدورى بار بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم . باغ - ئورمانلىق ئىچىنى ئارىلايمەن ،

تاماشا قىلىمەن . ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان قىزىلار ، ئوتتۇرا ياشلىقلار ، ياشلار ۋە بالىلار كۆپ بولىسىمۇ ، بۇ دەم ئېلىش ـ ساياھەت ئورنىنىڭ كەڭلىكىدىن ئادەملەر شالاڭ كۆرۈنىدۇ . يانباغرىدىكى بۇككىدە ئورمانلىق ئىچىدىكى ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەر خۇددى قىزىل لېنتىلىق ، ئاق شىلەپىلىك قىزلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ . رەڭمۇ رەڭ كىيىملىك ئاياللار ، بەجايىكى باغلاردا گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرگە ئوخشايدۇ . ئۇلار يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشنى ، چىملىق يەرلەرگە ئەدىيال سېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئارا پاراڭ قىلىشنى ، شۈرلاپ لىرىكىلىق ناخشىلارنى ئېيتىشنى ھۇزۇر ھېس قىلىدىكەن . ئاشۇ ھالەتلەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كۆكسى ، ئاپئاق بىلەكلىرى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ . ئۇلار تونۇمىغان ئادەملەر بىلەنمۇ پاراڭلىشىدىكەن ھەم تونۇشۇپ قېلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن . زەڭگەر كۆزلۈك ، ئاق سېرىق يۈزلۈك ، بەللىرى ئىنچىكە ، چىرايلىق بىر ياش رۇس چوكاننى ھەر كۈنى نەچچە كۆرىمەن ، بىردە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ ، بىردە ئىككى تەرىپى قارىغايلىق ئاسفالتلىق يولدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ . بىر كۈنى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن ، سالام قىلىپ يېنىدا ئولتۇردۇم .

— نەدىن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىتابتىن كۆز ئۈزمەي . دېمەك ئۇ ماڭىمۇ سەپسېلىپ يۈرگەنىكەن .

— چەت ئەلدىن .

— يالغۇز كەلدىڭىزما ؟

— يالغۇز ، سىزچۇ ؟

— ئەلۋەتتە يالغۇز كەلدىم ، — كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ ماڭا قارىدى ، — سىزنىڭمۇ يالغۇز يۈرگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن .

— مەن تېخى ئىككى بولمىدىم .

— شۇنداقمۇ ؟

— سىزمۇ ئىككى بولمىدىڭىزما ؟

— ياق ، ياق ، مېنىڭ ئېرىم ، تۆت ياشلىق قىزىم بار ، بىراق دەم

ئېلىش ، ساياھەتكە يالغۇز كېلىشنى ياخشى كۆرىمەن ، ئېرىم بىلەن كەل-
سەم قانداق ئەركىن بولالايمەن ، خالىغىنىمدەك ئويىنيالمايمەن .
ئىككىمىزنىڭ ئارزۇيىمىز ، خالايدىغىنىمىز بىر يەردىن چىقماي قالدۇ ،
شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

مەن ماقۇللاش ئىشارىسى بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم . مەن ياۋروپا
ئاياللىرىنىڭ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشلىرى ، كۆز قاراش ، ئارزۇ ـ ئارمانلى-
رىنى يوشۇرمايدىغانلىقىنى ، ئۆز ئەركىنلىكى ، خاھىشىنى بىرىنچى ئورۇنغا
قويىدىغانلىقىنى بىلەتتىم ، مانا ئەمدى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋاتىمەن . ئۇ
روسىيىدىن باشقا يەرگە چىقمىغانىكەن . مەن ئەنگلىيە ، گېرمانىيە ،
ۋېنگىرىيە ، بۇلغارىيە ، رومىنىيە ، تۈركىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە كۆر-
گەنلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم . ئۇ ماڭا قىزىقىپ قالدى . ئىككىمىز
خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق . « ئوقۇۋاتقان كىتابىمغا قارىغاندا ،
ماڭا سىز مۇھىم ئىكەنسىز » دېدى ئۇ .

ئەتىسى ئۇنى يەنە شۇ ئورۇندۇقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان چېغىدا
كۆردۈم . ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ سالام قىلدىم .

— ئوھۇي ... مەن سىزنى كېلىپ قالارمىكىن ، دەپ كۈتۈپ
ئولتۇرغان ، قېنى ، يېنىمدا ئولتۇرۇڭ ، — دېدى ئۇ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ .

— مەنمۇ سىزنى مەشەدە بولسىكەن ، دەپ كەلدىم ، — دېدىم
مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ .

— ئىككىمىزنىڭ ئويى نېمىدېگەن ئوخشاش چىققان ، ئۇنداقتا
ئىككىمىز بىرلا نەرسىنى ئويلاپتىمىز ـ دە ...

ئىككىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق .

ـ ئويلىرىمىز خەيرلىك بولغاي ، — دېدى ئۇ .

ئىككىمىز ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق . خېلىدىن
كېيىن ئۇ قولىدىكى كىتابقا قارىدى ـ دە ، چىرايى بىردىنلا غەمكىنلەشتى .

— نېمە بولدىڭىز ؟

— ئانناغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ .

— « ئاننا كارىنىنا » نى ئوقۇۋېتىپسىز ـ دە .

ئۇ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.

— سىزنىڭغۇ ئىچىڭىز ئاغرىۋېتىپتۇ، لېۋ. تولستوي ئاننانى ئۆز قەلىمىدە يارىتىپ، ئۆز قەلىمىدە ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ يىغلىۋەتكەن.

— سىزمۇ ئوقۇپتىكەنسىز ـ دە.

— مەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغان، لېۋ. تولستوي توغرىسىدا يېزىلغان ئەسلىمىلەرنىمۇ ئوقۇغان. مېنىڭ ماسلوۋاغىمۇ شۇنداق ئىچىم ئاغرىغان.

— بىز بىزنىڭ مەشھۇر رومانلىرىمىزنىمۇ ئوقۇغان ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ ئىچىلىپ، — ئىككىمىز ئۇرتاق تىلغا ئىگە ئىكەنمىز، بۈگۈن كەچتە سىزنى ئۆيۈمگە چايغا تەكلىپ قىلىمەن. ئاق ماي، ھىندىستاندىن چىققان چېيىم بار، قانداق، كىرەمسىز ؟

— بىزدە « چاقىرمىغان يەرگە بارما، چاقىرغان يەردىن قالما » دېگەن ماقال بار. ئەلۋەتتە كىرىمەن، — دېدىم مەن.

كەچتە ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىگە كىردىم. ئۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش كىچىككىنە كارىدورى بار بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىكەن. ئۇ مەن كىرىشىمگە چاي دەملىدى. چاي ئىچىشىپ پاراڭغا چۈشتۇق. ئۇ ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، چىرايىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئارمىيىدە ئوفىتسېر ئىكەن، ئۆيىدە كۆپ تۇرمايدىكەن. توت ياشلىق قىزىنى ئانىسىغا قويۇپ بۇ يەرگە يىگىرمە كۈنلۈك دەم ئېلىشقا ئۇفادىن كەپتۇ. ئۆزى دوختۇرخانىدا سېستىرا ئىكەن. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. مېنىڭدە بىر ئاز قورۇنۇش بار ئىدى، ئۇ شۇنداق ئەركىن، خۇشخۇي ئىدى. سۆزلىگەندە بەدەنلىرىنى نازىغىتىپ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— ئادەم ساياھەتكە چىققاندا ياخشى دەم ئېلىشى، خالىغان، مەيلى چۈشكەن ئىشلارنى بەھۇزۇر قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۆزىدىن، دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن رازى بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئۇ زەڭگەر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — قورۇنۇپ يۈرسە، مەيلى چۈشكەن ئىشلارنى قىلالمىسا، دەم ئېلىشى دەم ئېلىش بولمايدۇ.

بىز پاراڭلىشىپ ئۇزاق ئولتۇردۇق. كېچە خېلى بىر يەرگە باردى. ئۇ بارغانسېرى كۆزلىرى ئويناپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ، خۇشخۇيلىشىپ كېتىپ باراتتى. مەن ئۇنىڭغا مېنى مېھمان قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتىپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم.

— نەگە بارىسىز؟ — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، — سىزنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ قېلىشىڭىزنى خالايمەن، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، مېنى ھۆرمەت قىلسىڭىز مەشەدە قونۇپ قالىسىز، خالىمايمەن، دېسىڭىز، چىقىپ كېتىڭ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە.

ھەم قىزىق، ھەم ئاجايىپ ئىشلار! شەرق ئاياللىرى ئۆز ئىچىدە بىلىدىغان، ئېيتىشتىن ئۇيىلىپ، ئېغىزىغىمۇ ئالالمايدىغان، ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە گۇناھ ھېسابلىنىدىغان سۆزلەرنى بۇلار ھېچقانداق قورۇنماي بىمالال، ئەركىن ھالدا ئېيتىۋېرەتتى. تېخى ئېيتقىنىغا خۇشال بولاتتى.

مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. قىرىمغا كېلىپ ئۆتكۈزگەن ئون كۈننىڭ ئۈچ كېچىسىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۇم. كېتىدىغان چېغىمدا — كۇپكۇندۇزدە، كىشىلەرنىڭ كۆزىچە، ئۇ قوللىرىنى بويىنۇمغا سېلىپ، مەڭزىم، لەۋلىرىمگە تويماي – تويماي سۆيدى، ئاندىن قويۇپ بەرمەي قولۇمنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى.

— خوش، مېنى ئەسلەپ تۇرۇڭ، — دېدىم مەن.

— خوش، مېنى چۈشىڭىزدە كۆرۈپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ.

بىز ئايرىلىشتۇق. ئۇنى يىغلاپ كېتەرمىكىن، دەپ ئويلىغىدىم. يىغلىمىدى.

※ ※ ※

موسكۋادا يەنە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، ئۇكرائىناغا يۈرۈپ كەتتىم. كىيېۋدىكى كاتتا بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتىم. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن كوچىلارنى ئايلىنىپ كېلىپ، پۇكەيدە خىزمەت قىلىدىغان ئايالدىن مۇزېيخانىنى سورىدىم. ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرگە قانداق با-

رىدىغانلىقىمنى ئۇ ئېيتىپ بەردى. خىزمەتچى ئايال پەرىزىمچە ئوتتۇز ئىككى ـ ئوتتۇز ئۈچ ياشلاردا بار، ئۆزى تولۇق كەلگەن، شەرقلىقلاردەك قاش ـ كۆزى قارا، بۇغداي ئۆڭ، قاملاشقان ئايال ئىدى. ئۇنىڭغا كۆپرەك قاراپ كەتسەم كېرەك، ئەتىمالىم:

— كۆزىڭىز مېنى يەۋېتەي دېدىغۇ، ماڭا ئاشىق بولۇپ قالدىڭىزمۇ، يا مېنى تونۇۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— يىگىتلىكىم تۇتۇۋاتىدۇ، — دېدىم مەنمۇ.

— ئوھوي، ياش يىگىت، مېنى ياش چاغلاپسىز ـ دە، قىرىقتىن ئاشقان ئايالمەن، راستىنلا يىگىتلىكىڭىز تۇتۇۋاتقان بولسا، سىزگە ھەم ياش، ھەم گۈزەل بىرسىنى تونۇشتۇراي، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالمايلا، ئالدىدىكى تېلېفوننىڭ نومۇرلىرىنى باستى: ئاللو، ۋېرامىنىسەن، ساڭا بىر يىگىت تاپتىم، چەت ئەلدىن كەلگەن، روسچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ. ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئوماق، كۆرسەڭ چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىسەن. بولىدۇ. چاپسان كەل، — ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ ماڭا قاراپ دېدى، — يېرىم سائەت ساقلاڭ.

مەن خۇددى چۈشۈمدىكىدەك يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭ كېلىشىگە راستىنلا كۆزۈم يەتمەيتتى. يېرىم سائەت تۈشتى، سائىتىمگە قارىشىمغا ئۇ كەلدى. ئۇنىڭ ۋېرا ئىكەنلىكىنى خىز-مەتچى ئايالنىڭ ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا مەنىلىك كۈلگەنلىكىدىن بىلىۋالدىم. يۇكەيدە خىزمەت قىلىدىغان ئايال بىزنى تونۇشتۇردى. ئۇمۇ قاش ـ كۆزى قارا، زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق ئىكەن، قىز بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۇنى ياتاققا تەكلىپ قىلىۋىدىم، ياخشىسى ئۆيگە كېتەيلى، دەپ مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. زامانىۋى، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بەش ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك قىلىدۇ. رامكىغا ئېلىنغان سۈرەتتە ۋېرا ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ بىر كىشى بىلەن تۇرىدۇ، ئۇ نېمىسىكىن؟ ياتاق ئۆيدىكى قوش كىشىلىك كارىۋاتقا قاراپ، ئۇنىڭ ئېرى بار بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۆزۈمنى سۈر بېسىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە بارا ـ بارا بەدەنلىرىمدىن قورقۇنچلۇق

ھېسلار قوزغىلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئېرى كېلىپ قالسا نېمە ئىش يۈز بېرەر؟ ... ئۆزۈمنى باستىم، ئېرى كېلىپ قالسىمۇ، ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ ياكى ئېرىنىڭ بۈگۈن كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ، شۇڭا ئىشەنچلىك باشلاپ كەلدى.

ئۇ چاي دەملەپ ئەكىردى. ئۈستەل ئۈستىنى يېمەك ـ ئىچمەككە تولدۇرۇۋەتكەنىدى. بىز مانا ئەمدى پاراڭغا چۈشۈپ ئۆز ئارا تونۇشتۇق. ئۇ يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپتۇ، ئۆزى كىتابخانىدا ئىشلەيدىكەن، ئېرى قىرىق بەش ياشقا كىرىپتۇ. (سۈرەتتىكى ئەركىشى ئېرى ئىكەن) تۆمۈر يول ئىنژېنېرى ئىكەن.

— مېنىڭ ئەرگە تەگكىنىمگە ئۈچ يىل بولدى. ئۇ مەندىن يىگىرمە ياش چوڭ بولسىمۇ، پۇلغا قىزىقىپ تەگكەن، — دېدى ئۇ سىرىنى ئېچىپ، — ھازىرغىچە تۇغمىدىم، ئۇ تۇغماسمۇ، مەنمۇ بىلمىدىم، تۇغۇشنىمۇ ئارزۇ قىلمايمەن. ئەمما مېنى ھۆرمەت قىلىدۇ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق زېرىكىمەن... بىلەمسىز، تۇغمىغان ئادەم بالىغا ئۆچ، ئەرگە ئامراق بولىدۇ، ئۇ ئۆيدە كۆپ تۇرمايدۇ. ماڭا ئىشىنەمدۇ، ئىشەنمەمدۇ، بىلمەيمەن.

ئۇ مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۈستەل ئۈستىگە ئىككى بوتۇلكا ۋىنو، توخۇ گۆشلىرىنى قايتىدىن قويدى. مېنىڭ ئەندىشىلىرىم تېخى تارقىلىپ كەتكىنى يوق، ئۆزۈمنى سەگەك تۇتۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا ئىككى رومكا ھاراق ئىچىپ قويدۇم. ئۆزى كۆپ ئىچىدىكەن. ئۇ مەن سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرەي، دەپ گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتتى: «ئەي يىگىت، دېرىزەمگە ھەركۈنى گۈل قويۇپ كېتىسەن، پەقەت كۆڭلۈڭ ئۈچۈنلا ئۇنى تاشلىۋەتمەيمەن. راستىنى ئېيتسام ساڭا زادى كۆڭلۈم يوق، كەچۈر مېنى، كۆڭلۈم يوق كىشىگە ئۆزۈمنى زورلىيالمايمەن». ناخشىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇنداقراق ئىدى. ئۇ ناخشىسىنى ھېسسىياتلىنىپ، غەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى. ئېيتىپ بولۇپلا چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىنتايىن شوخ، تېتىك، ئەركىن ئىدى. مېنىڭدە ئېرى كېلىپ قالسا، بۇ باشقا يەر ئەمەس، نەق شۇنىڭ ئۆيى، دېگەن ئەندىشە

تېخىچە بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىدىن، ھېسسىياتلىرىدىن قارىغاندا، مۇنداق ئەندىشە خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقـ ـمايتتى.

ۋېرا بىلەن ئىككى كىچە بىللە بولدۇم. كېتىدىغان چاغدا: « ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى يوق، باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچە، مەن بىلەن كۆڭۈل ئاچتى، ئۆيدە ئىككى كۈن قوندۇرۇپ، ئەتىۋالىق مېھمىنىدەك كۈتتى » دەپ ئويلىدىم ـ دە، بازاردىن ئېلىپ كىرگەن سوۋغىتىمنى ئۇنىڭغا سۇندۇم.

ــ بۇ نېمە؟

ــ سىزگە سوۋغات.

ئۇ خاپا بولۇپ كەتتى:

ــ نېمە كۆرۈۋاتىسىز مېنى، بۇ مەن بىلەن ئوينىغانلىقىڭىزنىڭ ھەققىمۇ؟ ــ ئۇنىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتكەندى، ــ مەن كۆڭلۈم ئۇ-چۇن، ئۆزۈمنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن ئوينىدىم، كۆڭلىڭىزنى بەردىڭىز، ماڭا شۇ يېتەرلىك، مېنى پاھىشە ئايال دەپ قاپسىز ـ دە، ــ ئۇ تىترەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئەكەلگەن سوۋغىتىمنى قامالاپ تۇتۇپ، بېشىمغا ئاتماقچى بولدىمۇ، قولىنى كۆتۈردى. مەن قورقۇپ كەتتىم، بىراق ئۇ توختاپ قالدى ـ دە، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ــ خاپا بولماڭ، ــ دېدىم مەن خىجىل بولۇپ، ــ بىر نەچچە كۈن بىللە بولدۇق، مېنى ئەسلەپ تۇرۇشىڭىز ئۈچۈن ئەكەلگەن.

ــ سىزنى كۆڭلۈمدە ئەسلىسەم بولمىدىمۇ، بەلكىم چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ تۇرارمەن. ئوماق يىگىت ئىكەنسىز، مېنى رازى قىلدىڭىز، سوۋغات دېگەن شۇ.

ئۇ ئالدىمغا كەلدى، كاچىتىمغا سالارمۇ، دەپ ئەنسىرىۋىدىم، ياق، ئۇنداق قىلمىدى، قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويدى.

ئۇكرائىنادىن ئايرىلىپ، موسكۋاغا قايتىپ كەلدىم.

ــ كۆردىڭىزمۇ، بۇزۇقچىلىقلارنى، ــ ئىسمائىلجان تۇيۇقسىز قايناپ قالدى، ــ ئاياللارغا قانداق ئىشەنگىلى بولىدۇ؟ مەن سودىگەر،

ئۆيلەنسەممۇ ئۆيدە كۆپ تۇرالمايمەن ، مېنىڭمۇ ئۆيۈمدە ، ئائىلىمدا مۇنداق ئىشلارنى بولمايدۇ ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ ؟ . . . بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان ھېلىقى ئىككى ئائىلىنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىنى كۆرۈپ ، ئۆيلەنمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدىم ، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنۇ ئىشلارغا قاراپ ، دۇنيادىن ئۆيلەنمەي ئۆتۈپ كېتىش توغرىسىدىكى قارارىم تېخىمۇ چىڭىيىپ كەتتى . توغرا ، قەتئىي ئۆيلەنمەسلىك كېرەك ئىكەن ، دەپ ئويلىدىم .

— ئۆزىڭىزمۇ بۇزۇقچىلىق قىلىپ ، يەنە باشقىلارنى بۇزۇق دەيدىكەنسىز ! ، — دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ .

— مەن دېگەن ئۆيلەنمىگەن يىگىت ، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ، باللىرى تۇرۇپ قىلىۋاتامدۇ .

— شۇنداقمۇ ، ئۆيلەنمىگەن ئادەم خەقنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن ئوينىسا ، بۇزۇق ھېسابلانمايدىكەن ـ دە ؟

— پەرقىمىز بار ، مېنىڭ ئائىلەم بولغان بولسىدى ، ئۇ باشقا گەپ ئىدى ، ئېيتىڭا ، ئۇ چاغدا مەن كىمگە خىيانەت قىلغان بولىمەن ؟

— ۋىجدانىڭىزچۇ ؟

— بۇنىڭ ئۇچۇن ۋىجدان كەتمەيدۇ ، مەن بۇزۇق ئەمەس ، پاھىشىخانىلارغا بارغىنىم يوق ، قىزلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغىنىم يوق ، پۇلغا زورلاپمۇ ئوينىغىنىم يوق . يولى كېلىپ قالدى ، ئوينىدىم ، بىراق كەينىگە كىرمىدىم . بەزىدە باش تارتىشقىمۇ مۇمكىن بولماي قالدى . بۇنى قانداق چۈشىنىش ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى .

— ماقۇل دەيلى ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئەمسە نېمىشقا قارارىڭىزنى ئۆزگەرتىپ قالدىڭىز ؟

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى سۆزلەيمەن . موسكۋادىن ئالمۇتاغا ، غۇلجىغا قايتىپ كەلدىم . ھەممەلەرنىڭ ئاشپۇزۇلى يۇرۇشۇپ كېتىپتۇ ، خېلىلا بېيىپ قاپتۇ . كونىگە ئىككى ـ ئۈچ يۈز سوم ساپ پايدا يارىتىدىكەن . بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ئالاھىدە ئىكەن . كونا ئۆيلەرنى چېقىۋېتىپ ، يېڭى ئۆيلەرنى ساپتۇ ، تېخى ماڭا ئا-

تـاپ ئايـرـم ئـكـكـى ئېغىز ئۆي سېلىپ قويۇپتۇ . مېنى ئۆيلىنىۋال ، دەپ كـۆپ قـىستىدى . مەن ئۆيلەنمەيمەن ، دۇنيادىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتـ-ـمەن ، دېـۋـدـم ، ھەيـران بولۇپ ياقىسىنى تۇتتى . ئىشقىلىپ ، ئۇلارنىڭ تـۇرمـۇشـى يـاخشىلىنىپ كېتىپتۇ . ئېرى بوشاڭ ئادەم ئىدى ، مەن قۇرۇپ بـەرگـەن ئاشخانىنىڭ بۇچاغقىچە تويىسىنى تۇرپانغا ئۇچۇرۇۋەتتىمىكىن ، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم ، ھەددىم چىلڭ كەپتۇ ، خۇدايىم تەگشەپ قويىدىكەن ، بـىـرى بـوشاڭ بـولسا ، بىرى پەملىك ، چىڭ بولىدىكەن ، غۇلجىدا ئۇزۇن تـۇرمـاي ، گـۇاگـجـۇغـا كـەتتىم . ئۇ يەردىن بېيجىڭغا كەلدىم . بېيجىڭدا مۇنداق بىر ئىش بولدى :

— بـىـر كـۈنى تۇيۇقسىز ئۆتى ئېتىلىپ كېتىپ يىقىلغان سودىگەر تـونـۇشـۇمـنـى يـوقلاپ دوخـتـۇرخـانىغا باردىم . ئۇ خېلىلا ياخشى بولۇپ قـالـغانىكەن . ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق . ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغان-لـىـقىنى ئۆيىگىمۇ خەۋەر قىلمىغانىكەن . تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭ ئايـالـى ، ئۈچ بـالـىسى كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئۇلار كۆرۈشۈپ ئەر ـ ئايال ، بـالـىـلار يـىـغـلـىـشـىـپ كەتتى . ئالته ـ يەتته ياشلاردا بار ئوغلى ، بىرى سەكـكـىـز ـ تـوقـقـۇز يـاشلاردا ، يەنە بىرى ئون ـ ئون بىر ياشلاردا بار ئـىـكـكـى قـىـزى دادىـسـىـنـىـڭ بېشىنى ، يۈز ـ قوللىرىنى سىلايتتى ، كۆز يـاشلىرىنى ئېرتاتتى ، مەڭزلىرىنى مەڭزىگە ياقاتتى . ئايالى ياشلىرىنى ئېر-تـىـپ ئۇنـىڭ بېشىدا ئولتۇراتتى ۋە ئېرىگە مېھربانلىق بىلەن تىكىلەتتى . مەن بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم . . .

— دادا ، ياخشىكەنسەنغۇ ، — دېدى چوڭ قىزى ، — سېنى يېتىپ قاپتۇ ، دەپ ئاڭلاپ شۇنداق ئەنسىرەپ كەتتۇق .

— يـاخـشـى بـولـۇپ قالدىم ، قىزىم ، ئوقۇشۇڭلاردىن قېلىپ بىكار ئاۋارە بوپسىلەر

— ئاپام ، داداڭلار سـىلەرنى كۆرسە ، چاپسان ساقىيىپ كېتىدۇ ، دەپ ھەممىمىزنى ئەكەلدى .

ئېـنىقكى ، باللارنى ئانىسى ئەڭ يىراق جاي — غۇلجىدىن داداڭلار غـېرىبسىنىپ قالمىسۇن ، دەپ ئەكەلگەنىدى . مەن بۇ ئاتا ـ باللىق ، ئەر ـ

ئايالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت، كۆيۈمچان ئائىلە ئەزالىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. مەن مۇشۇنداق ئاغرىپ قالسام مۇگىلىنىپ ياتىمەنغۇ، دادا، دەپ كېلىدىغان باللىرىم بولمىسا، بېشىمدا ئۆلۈم كەتسەم، سەن كىمنىڭ بالىسى دېسە، ئىسمائىلجاننىڭ، دەپ چىرىغىمنى ئۆچۈرمەيدىغان نەسلىم قالمىسا، ياشاشنىڭ نېمە مەنىسى قالدى ؟ . . . ئۆيلىنىشىم كېرەك ئىكەن، چوقۇم ئۆيلىنىمەن ! مەڭگۈ ئۆيلەنمەسلىك، دۇنيادىن جورىسىز ئۆتۈش ـــ ھەم مەنىسىز، ھەم كۆلكىلىك ئەقىدە، كۆلكىلىك قاراش ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم. يېشىم ئوتتۇز بەشكە كەلدى، بۇرۇنراق ئۆيلەنگەن بولسام، باللىرىمنىڭ ئالدى ئون ياشتىن ئېشىپ قالار ئىدى. ھازىر يالغۇز ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلىرىمگە ئۆكۈنىمەن. بىراق، ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئەقىدە بىلەن ئاخىر سىزنى تاللىدىم. سىز ماقۇل دېسىڭىز، توي قىلىمەن.

ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندى، ھاياجانلاندى، ئۇنىڭدىن سەممىيلىكنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ مۇنداق دېدى :

ـــ بوپتۇ، سىزگە ياتلىق بولسام بولاي، بىراق بىر شەرتىم بار.

ـــ نېمە شەرت ؟

ـــ سىز قەيەردە بولسىڭىزمۇ ئەتكەس مال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەپسىز، ئۇنىڭدىن قول ئۈزسىڭىز، بوپتۇ، سىزگە ياتلىق بولاي.

ـــ مەنمۇ قول ئۈزمەكچى، ـــ دېدى ئىسمائىلجان ئورنىدىن تۇرۇپ، ـــ ئىچكىرىدە ئازراق ئىشىم بار، شۇنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىمەن، ئەسلىدە بۇرۇنراق مېڭىشىم كېرەك ئىدى، سىزدىن جاۋاب ئالىمەن، دەپ كېچىكىپ كەتتىم.

ئۇنىڭ سىرتتىن ئالىدىغان مېلى بار ئىدى، ئۆز ئويىچىمۇ ئاخىرقى مېلى شۇ ئىدى، شۇنى ئېلىۋالماقچى ئىدى.

ـــ ئەتكەس مال سودىسى قىلغانلار ئاخىر ئۆز بېشىغا چىقىدۇ ياكى ئېغىر بالايىئاپەتكە دۇچ كېلىپ ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ، ـــ دېدى ماھىنۇر

ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قەتئىيلىك بىلەن.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى ئىسمائىلجان، — شۇنداق ئاقىۋەتكە قالغانلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەنمۇ كۆرگەن، قول ئۈزدۈم، تېز قايتىپ كېلىمەن، بېرىپ - كېلىشىمگە كۆپ بولسا بىر ئاي كېتەر.

— خوش، ئەمىسە سىزنى ساقلايمەن، كۈتىمەن، — دېدى ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ياناي.

— توختاڭ، — دېدى ئىسمائىلجان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — سىزنى ئاخىر قولغا كەلتۈرىمەن دېۋىدىم، قانداق ئىكەن، كەلتۈردۈممۇ؟

— شۇنداق، — ماھىنۇر كۈلدى، — كۆپ ھاللاردا ئەرلەر قىلىمەن، دېگىنىنى قىلالايدۇ، — ماھىنۇر كۈلگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى ۋە بىردىنلا بەدەنلىرىنىڭ بوشىشۋاتقانلىقىنى، قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— سىزنى قولغا كەلتۈرۈشۈم مېنىڭ قانداقتۇر كارامىتىمدىن ئەمەس، سىزنىڭ ماڭا مەيلىڭىز قوزغىلىپ قالغانلىقى. مەيلىڭىز قوزغالمىغان بولسا، بېشىمنى تاشقا ئۇرساممۇ يېقىن كەلمىگەن بولاتتىڭىز...

— ئەمدى نېمە دېسىڭىزمۇ دەيسىز - دە، — ماھىنۇر كۈلۈمسىرەپ پەسكە قارىدى. ئۇنىڭ ئىشقىي ھېسلىرى قوزغىلىپ كەتكەنىدى. شۇ تۇرقىدا ئىسمائىلجاننىڭ ئۆزىنى قۇچاقلىشىنى، لەۋلىرىگە يېنىپ - يېنىپ سۆيۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. لېكىن، ئىسمائىلجان ئۇنىڭ ھېسسىياتلىنىپ نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەزسىمۇ ئۇنداق قىلمىدى.

— سىز مېنى چۈشىنىپ بولدىڭىز، شۇڭا سىزنى ئىلكىمگە ئۆتتىڭىز دېسەممۇ بولىدۇ، بىراق... بىراق ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى، — ئۇ ماھىنۇرنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى، — خوش، مېنى ساقلاڭ، كۆپ بولسا، بىر ئايدىن كېيىن ئۆيىڭىزگىلا بارىمەن، قالغان ئىشلارنى شۇ چاغدا مەسلىھەتلىشەيلى.

# 44

ئۆز تۇرمۇشىنى، بولۇپمۇ ئەرسىز ئۆتۈۋاتقان ياش ئاياللاردىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھاياتىنى ئويلىمايدىغان كىم بار؟ روشەنكى، ماھىنۇر يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق ئوي - خىياللارغا چىرمىلىپ قالغانىدى. ئۇنى ئويلىمايمەن، دېسىمۇ ئويلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك ئەھۋال. بىراق شۇنداق ئوي - خىياللارغا چىرمىلىپ قالسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر چېتىدە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇش دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان گۈلپىيە بىلەن گۈلزارنىڭ غېمىنى يەپمۇ كېلىۋاتىدۇ. بىر ئادەمنى ئەسكىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى ئىكەنسەن، تولۇق قۇتۇلدۇرۇشۇڭ، مۇھىمى ئۇنىڭغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىشىڭ كېرەك. ئۇلار داۋالىنىپ، ساقىيىپ چىقسا نەگە بارىدۇ؟ ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىشى كېرەكمۇ؟ كېتىشى كېرەك بولسا، ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقان، مەھەللە - يۇرت ئالدىغا قانداق بارىدۇ؟ بارسا بىكارچى بولۇپ بارىدۇ، ئالىي مەكتەپلەرنى تۈگىتىپ، ئىش تاپالماي يۈرگەنلەر كۆرمىسەڭ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارغا ئىش - خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ. شۇ ھالدا يەنە ئەسكى يوللارغا كىرىپ قالماسمۇ؟ كىرىپ كەتمەيدۇ، دەپ كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ . . . ماھىنۇر بۇ مەسىلىلەرنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى، دەپ بىلىۋاتىدۇ.

ئۇ بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: ئۇلار ساقىيىپ چىقسا، ئۆزلىرى رازى بولسا، ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قېلىش ۋە ئۆز دۇكىنىدا مال ساتقۇچىلىققا سېلىش. ھازىر دۇكىنىدا مال ساتقۇچى ئادەم كەملىك قىلىۋاتىدۇ، ئىككى - ئۈچ ئادەمگە ئېھتىياجلىق. ئەنە، بىر ئېغىز ئۆيى بىكار تۇرۇپتۇ، ئىككى قىز شۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپسا ياتىقى ھەل بولىدۇ؛ ھەممىسى بىرلىشىپ قول - قولچە تاماق ئەتسە،

تـامـىقـى ھەل بـولـدۇ؛ ھەر ئايدا مۇۋاپىق ئىش ھەققى بېرىلسە، كىيىم ـ كېچـەكـكى ھەل بولـدۇ؛ ئەقلى، دىتى بار ئادەم ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق يـەنـە نېمە كېرەك؟! كىرگەن كوچىسى، باسقان قەدىمىدىن قانداق ئاقـ ۋەتـلـەرگـە قـالـغـانـلـىقـىـنـى ئېسىدە چىڭ ساقلار، يۈرىكىگە چۈشكەن يـارىلارنـى، تـارىـخـىـدا قالغان داغلارنى ئويلار... بۇرنىغا سۇ كىرىدىغۇ، نـەپـسـىـنـى يـىـغسا، ھېسسىياتىنى باسالىسا، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن قاچسا، ئەمدىكى تۇرمۇشى خاتىرجەم، بەلكى گۈلدەك ئۆتمەمدۇ!

مـاھـىنـۇر بۇگۈن چۈشتىن كېيىن دۇكانغا بارماي، بىر كىلوگرام تـونـۇر كاۋىپىنى، دوخوپكىدا پىشقان بىر توخۇ گۆشىنى ئېلىپ، قىزلارنى يـوقلاپ كـېلىش ئۈچۈن كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، زەھەرلىك چېكىملىكـ لـەرنـى تـاشلاتقۇزۇش دوختۇرخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بـارمـىغـىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. «يولۇمغا قاراپ كەتكەندۇ تـايـىـنلىق، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ـ ساۋاقداشلىرى يېقىندىن بېرى يوقلاپ كـېـلـىـدىغان بولۇپ قاپتۇدەك، بۇرۇن كەلمەيدىغان، لەنەت ئوقۇغان بولـ غـىـيـتـتـى... ئەمدى ئىچ ئاغرىتىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئالدانغان، باللىق قـىـلـغـانلارغـا ئـىـچ ئاغـرىتىش كېرەك، تاشلىۋەتسە تېخىمۇ ئەسكى بولۇپ كەتمەمدۇ...»

مـاھىنۇر دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدى، دوختۇر، سېستىرالار ئۇنى تـونـۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قىزلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش يولىدا قىلىۋاتقان مـەردانـىـكلىرىدىن ئۇلارمۇ تەسىرلەنگەن. شۇڭا، ئۇ بۇ يەردىمۇ ھۆرمەتكە ئـىـگـە. مـاھـىـنـۇر دوخـتـۇر، سېستىرالارغا ئالما، نەشپۈت ئېلىپ كەلگەن، ئالـدى بـىـلـەن ئۇلارنـى يوقلىۋېتىپ، ئاندىن بىر سېستىرا بىلەن گۈلپىيە، گـۈلـزار ياتقان ياتاققا كىردى. ئىككى قىز پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ ئولـ تۇرغانىكەن، ماھىنۇرنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كېتىشتى.

ـــ قـانـداقـراق ئەھۋالىڭلار، ـــ دېدى ماھىنۇر ئىللىق تۇستە، ـــ ناخشا ئېيتقۇدەك بولۇپ كېتىپسىلەر ـ دە؟

ـــ تـېـخـى ئۇسـسـۇلـمۇ ئوينايمىز، ـــ قىزلار ماھىنۇرنىڭ ئالدىغا ئۈچقاندەك كېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ كەتتى.

— بۇدا كىچىكىپ كەلدىم، قولۇم بوشىماي...
— يولىڭىزغا شۇنداق قاراپ كەتتۇق.
— سىزگە شۇنداق ئۆگىنىپ كېتىپتىمىز، ماھىنۇر ھەدە، پاتراق كەلمىسىڭىز روھىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ.
— خىلىلا ياخشىلىنىپ كېتىپسىلەر ئەمىسە.
— بۇ قىزلىرىڭىز ئوغۇللاردىنمۇ ئىرادىلىك ئىكەن، خۇمارى تۇتقاندا، ۋاي - ۋايلىمايدۇ، ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا تاشلىمايدۇ، غەيرەت قىلىپ، بەدەنلىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، چىشىنى - چىشىغا بىسىپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، شۇنداق چاغلاردا تېخى ئىككىسى چىلىشىپمۇ كېتىدۇ، — دېدى سېسترا قىز، — بەزى ئوغۇللارنى كۆرسىڭىز شۇنداق چىدىماس، كۆكەرمە، قاراپ تۇرۇپ غەزەپلىنىپمۇ قالىسىز.
— يۈزۈڭلارغا قان يۈگۈرۈپ، چىرايىڭلارمۇ ياخشى بولۇپ قاپتۇ، — ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى ياندى، — مۇشۇ ھالىتىڭلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇۋاتىمەن.
سېسترا قىز مۇنداق دېدى:
— كۆپ بولسا بىر ئاي، بولمىسا يەنە يىگىرمە كۈندە چىقىپ كېتىدۇ.
— دۈشمىنىمىز ئاجىزلاپ كەتتى.
— بىزگە ھۇجۇم قىلغۇدەك ھالى قالمىدى.
— ھازىر جان ئاچچىقىدا تىپىرلاۋاتىدۇ.
— ئۆلەي دەپ قالدى.
بەس - بەس بىلەن سۆزلەۋاتقان قىزلارنىڭ چىرايىدىنمۇ ئۈمىد، ئىشەنچ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.
ئادەم دېگەن ھەممىنى قىلالايدۇ، قىلالىغاچقا ياخشىلىقى بىلەن ئەزىز، يامانلىقى بىلەن خار؛ ئالىيجانابلىقى بىلەن ئۇلۇغ، پەسكەشلىكى بىلەن سۇپۇرۇندى - ئەخلەت؛ ئىرادە - غەيرەتلىكلىكى بىلەن ھۆرمەتلىك، بوشاڭ - چىدامسىزلىقى بىلەن نەپرەتلىك. شۇڭلاشقا ئۇ بىر قارىساڭ يىرگىنىشلىك، بىر قارىساڭ سۆيۈملۈك؛ بىر قارىساڭ قەدىرسىز،

بىر قارىساق قەدىرلىك، بىر قارىساق ئويۇنچۇق، بىر قارىساق غۇرۇرلۇق ئىنسان، تېخى يېقىندىلا بۇ ئىككى قىز ئوقۇتقۇچى ـ ساۋاقداشلىرى ئال‍دىدا، جامائەتنىڭ نەزىرىدە نەپرەتكە قالغان، قەدىرسىز مەخلۇقلار ئىدى، مانا ھازىر ھوشىنى تېپىپ، ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇپ، سۆيۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىۋاتىدۇ. بىر ئادەم ئۇچۇن دۇنيادا ئەڭ زور يوقىتىش ــ خەلقنىڭ قۇچىقىدىن ئايرىلىپ قېلىش. ئالقىشلاش كېرەككى، ھازىر ئۇلار يېنىپ كېلىۋاتىدۇ ــ ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش قىلىۋاتىدۇ.

سېستىرا قىز چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ بۇرۇلغانىدى، ماھىنۇر بى‍لىكىدىن تۇتۇۋالدى:

ــ توختاڭ، گۆش ئەكېلىۋىدىم، ئېغىز تېگىپ چىقىڭ، ــ ئۇ سومكىسىدىن پىشقان گۆشلەرنى ئېلىپ ئۇتتۇرىغا قويدى. سېستىرا قىز كىچىكرەك بىر پارچىنى ئالدى ـ دە، چىقىپ كەتتى. قالغانلىرىنى ئاز ـ ئازدىن يېيىشىپ، بىز ھازىر تاماق يېگەن، كەچتە يەيلى، دەپ ئېلىپ قويىدى.

بۇ باشقا دوختۇرخانىلارغا ئوخشىمايدىغان دوختۇرخانا، بۇ يەردە جىمجىتلىق بولمايدۇ. لېكىن، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. بىر دەمدە سىرلىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرسە، بىر دەمدە پاتپاراقچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. بىردە تامنى گاللاچلىتىپ مۇشتلاۋاتقان، بېشىنى گۈس ـ گۈس قىلىپ تامغا ئۇرۇۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلانسا، بىردە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ نالە ـ پەريادلار ئاڭلىنىدۇ. بىراق، ئۇلار ئادەمگە ئېسىلىۋال‍مايدۇ. كۆتۈرۈلۈۋاتقان نالىلەرنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بىرلىرى ئالىم، نەدە سەن، ئىككى شوراتساڭ نېمە بولار‐سەن، دەپ زارلايدۇ، بىرلىرى يارى، نېمىشقا سېنىڭ گېپىڭگە كىرگەندىمەن، بېشىڭغا چاقماق چۈشەر، قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن، ئىلا‐ھىم، دەپ قارغايدۇ؛ بىرلىرى ئۆزۈمدىن ئۆتتى، مىليونلاپ پۇلۇمدىن ئايرىلىپ كەتتىم، مەن خۇمسىدا بار، مەن دۆت، مەن ئەقىلسىز، دەپ ئۆزىنى ئۆزى تىللايدۇ؛ يەنە بىرلىرى، ساتقان گۆيلار نېمىشقا جارالانمايدۇ، دەپ كىملەردىندۇر نارازى بولىدۇ. شۇنداق چاغلاردا زال،

ياتاقلارغا كىرسىگىز ئوخشىمىغان ھالەتلەرنى كۆرىسىز ، بەزىلەر زالدا ياكى ياتاقتا سونايلىنىپ يېتىپ قالغان ؛ بەزىلەر تۈگۈلۈپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرغان ، بەلكى ھوشىنى بىلمەيدۇ ؛ يەنە بەزىلەرنىڭ پېشانىسى ، مەڭزلىرى ، قاڭشالىرى سۈرۈلگەن ، قانىغان . . . ياخشىلىنىۋاتقانلىرى پاكىز كىيىنىپ يۇيۇنۇشكەن ، خۇشخۇي ھالدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ، كۈلۈشۈۋاتقان ، ناخشا ئېيتقان . . .

مۇشۇ ئالامەتلەر تەسىرىدىنمۇ ، ئۇلار خىلىغىچە گەپتىن قېلىشىپ ، جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى .

— ھازىر قانداقراق ، يەنە خۇمار قىلامدۇ ؟ — دەپ سورىدى ماھىنۇر گۈلپىيەگە قاراپ .

— ئانچە ـ مۇنچە قىلىدۇ .

— لېكىن كۆچلۈك ئەمەس ، — دېدى گۈلزار ، — ئاچايىپ دەھشەتلىك مەزگىللەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق ، ئاخىر يەڭدۇق .

— راست ، — دەپ ئۇن قاتتى گۈلپىيەمۇ ، — ئاساسىي جەھەتتىن ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىكەن ، چىڭ ئىرادە ، قەيسەر روھ كېرەك ئىكەن .

— ئىرادەڭلەرنىڭ بوش ـ چىڭلىقىنى بىر سىناپ باقتىڭلار ـ دە ، دوختۇرلارمۇ ناھايىتى چىداملىق قىزلارئىكەن ، دەۋاتىدۇ .

— تازا قاتتىق تۇتقاندا قانداق قىلدىڭلار ، دېمەمسىز ، ئوقۇغان كىتاب ، كۆرگەن كىنولارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈردۇق ، ئىنقىلابچىلارنىڭ قىيىنىغان چاغدىكى چىدام ـ غەيرىتى ، قەيسەرلىكىنى ئويلىدۇق ، بىر ـ بىرىمىزنى قاتتىق تۇتسا ، بىرىمىز قىيناشقا چىدىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ جاسارىتىنى سۆزلىدۇق ، تەنتەربىيە ئوينىدۇق ، بەزىدە چامباشچىلارنى دورىدۇق . تېخى بەزىدە :

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا ،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا .
كۈرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا ،

يېگىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەك غالىب يولغا.

دېگەنگە ئوخشاش ئادەمگە ئۈمىد، كۈچ ـ جاسارەت ئاتا قىلىدىغان شېئىرلارنىمۇ ئوقۇپ كەتتۇق.

ــ سىگىلىگىزنى بوش چاغلىماڭ، ماھىنۇر ھەدە، ــ دېدى گۈلپىيە تەبەسسۇم پارلىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، ــ قىڭغىر يولغا ئاگىزلىق، تەنتەكلىك بىلەن كىرىپ كەتكەن، ئەمدى توغرا يولغا ئاگلىق ھالدا كۆرەش قىلىپ چىقىۋاتىمىز.

ــ يارايسىلەر، ئۇكىلىرىم يارايسىلەر، ــ ماھىنۇر ھاياجانلاندى، ــ ئىرادەڭلار چىڭ ئىكەن، غەيرەتلىك ئىكەنسىلەر.

ماھىنۇر بىرىنچى قېتىم كەلگىنىدە خۇددى بىلمىگۇدەك دەرىجىگە كېلىپ قالغان چەتتىكى كارىۋاتتىكى قىزمۇ بىر ئاز ئوڭلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ، چىرايىدىكى تاتىراڭغۇلۇق، كۆزلىرىنىڭ ئاستىدىكى كۆكلەر يوقاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، روھىي كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، تېتىكلىشىپ قاپتۇ. گەپلەرگىمۇ ئارىلىشىپ ئولتۇردى.

ــ قېنى، ھەممىڭلارنى ئۆيگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەيمۇ؟ ــ دېدى ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــ ياق، ياق، ئۇزۇل ـ كېسىل ساقايمىغۇچە بۇ يەردىن ھەرگىز چىقمايمىز، يېڭى ئادەم بولۇپ بىراقلا چىقىمىز دەڭە، ــ دېدى گۈلپىيە كۈلۈپ.

ماھىنۇر قىزلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن، قەيسەر ـ ئۈمىدۋارلىقىدىن ئىشەنچكە تولۇپ خۇشال قايتتى. قىزلار ئۇنى ئۈمىدلىك گەپلىرى، جاراڭلىق كۈلكىلىرى بىلەن بىنانىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ شۇ خۇشاللىقى بىلەن دۇكانغىمۇ بارماي، ئۆيىگىلا كەلدى.

بۈگۈن كېچە ماھىنۇر قىزلاردىن خاتىرجەم بولغانلىقىدىن، ئىسمائىلجانغا ياتلىق بولۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىدىن تۇغۇلغان ئوي ـ خىياللار بىلەن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەي

يۈرىكىنى دەممۇ دەم ياندۇرۇۋاتقان، بەدەنلىرىنى قىزىتىۋەتكەن نەرسە ھاياجان، ئۈمىد، ئىشەنچ ئىدى، « ئادەم بۇ دۇنياغا كېلىپ، ئۇ دۇنياغا كەتكۈچە، ئۆزىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان ھالدا ئىللەتلىكمۇ بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلار زەھەرلىك چېكىملىكنى دەسلەپ ئېغىزىغا ئالغاندا، ئۆزلىرىنىڭ يۈزى تۆكۈلىدىغانلىقىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرقى نۆۋەتتە خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ، مەكتەپتىن قوغلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى؟ شۇنداق، ئويلاپ باقمىغان، خەير، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئەمدى مۇھىمى ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشكە جۈرئەت قىلىش. مەن ئۇلار ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ ھەقىقىي رەۋىشتە قول ئۈزۈپ كېتەرمۇ ياكى كونا كېسەللىرى قوزغىلىپ قايتىدىن باشلىۋالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈرگەنىدىم. ياق، راستتىنلا قول ئۈزۈپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، خالىسانە ياردىمىم، قىلىۋاتقان ئەجىرلىرىم بىكار كەتمەيدىغان، ھاردۇقۇم چىقىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۈمىدۋار قىزلارئىكەن، ئىستىقبالىنى ئويلايدىكەن . . . — ماھىنۇرنىڭ خىيالىغا بىردىنلا ئىسمائىلجان كېلىپ قالدى. ئۇ ئارۇپىجانغا ئەسلىدە تۇرمۇشقا چىقىش زۆرۈرىيىتىدىن تەگكەن، تەگكەندىن كېيىن، مېھرى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئىسمائىلجانغا بولسا ھېلىتىنلا مەيلى قوزغىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ياتىقىغا ئۆز ئايىغى بىلەن ئىككى قېتىم باردى. بۇ قانداق كۈچ؟ بۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىش كۈچى. مۆمىنجاندىن قېچىپ يۈرۈۋاتىدىغۇ . . . ئىسمائىلجانىنىڭ ياتىقىغا ئاخىرقى قېتىم بارغاندا، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى كۈتمىدى؟ شۇ چاغدا ئىسمائىلجان ئۆزىگە تارتىمىغۇ، قۇچاقلىسىمۇ، سۆيسىمۇ تۇرۇپ بەرگەن بولار ئىدى. « ئۆز بېشىدىن ئۆرگۈن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، راستچىل، گېپى ئوچۇق، يىگىت، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ يېقىملىق ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، — بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرماي، ئاياتماي، جۈرئەتلىك بىلەن سۆزلەپ چىقتى. ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدا مېنىڭ ئۇقۇقانلىرىم بىلەن سۆزلىگەنلىرى ئوخشاش. مېنىڭ كۈتىدىغىنىم سەممىيلىك ئەمەسمىدى،

سەممىي ئىكەن. ھەممىدىن ئەۋزىلى ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاشقا ئىنتىلىدۇ. ماڭا ئەر بولسا، مېنى باشقۇرسا بولىدۇ. دۇنياغا كەلگەن ئادەم بەختلىك بولسام، دەپ ئارزۇ قىلىدىغۇ، كىشىلەر كۆڭۈل ئۇلۇغ دەيدىكەن، كۆڭلۈمگە ئايان بولۇۋاتىدۇ، مېنى بەختلىك قىلىدىغاندەكلا تۇرىدۇ.»

ماھىنۇرنىڭ بەدەنلىرى يېنىپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە ھېچقاچان مۇنداق شېرىن خىياللارنى قىلمىغان، مۇنداق يالقۇنلۇق ئوتتىمۇ يانمىغان.

## 45

كىتابخانىلارنىڭ ئىپسىدە بولسا كېرەك، سادىق ئىچكىرىدىن مال يۆتكەشكە كىرگەندە، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نۇرگۇل بىلەن تونۇشۇپ قالغان. كۆرۈشۈش، بىللە بولۇش ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، نۇرگۇل سادىقنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى توغرىدىن - توغرا دېيەلمەي، ياپتا گەپلەر بىلەن ھەر ھالدا چۈشەنگۈدەك قىلىپ ئىزھار قىلغان، بىراق سادىق ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى كۆرۈشمەسلىك، ئۇنى ئىزدىمەسلىك قارارىغا كېلىپ، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. بىر چالا ساۋات بالا ئا-لىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزنىڭ مۇھەببىتىنى نېمىشقا قوبۇل قىلمىدى؟ بۇنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار.

سادىق ھازىر ئون توققۇز ياشقا يېقىنلاپ قالدى. ئىشق - ھېس كىشى بالاغەتكە يەتكەندە ئەلۋەتتە قوزغىلىدۇ. كىمگە، قانداق ئادەمگە قوزغىلىدۇ؟ ئۇنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ. قاچاندۇر بىر چاغدا بىر ياش يىگىت چىرايلىق قىزغا ئۆيلىنىپ، ئىككى باللىق بولغاندا ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ، سەت بىر تۇل خوتۇنغا كۆيۈپ قېلىپ، ئائىلىسىنى بۇزۇپ كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىكەن. ھازىرمۇ سادىقتا كىتابخانىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مۇھەببەت پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنى ئەمدى ئاشكارىلايلى:

سادىق ماھىنۇرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، يوشۇرۇنچە كۆيۈپ

يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سەۋداغا چۈشۈپ قالغىنىغا بىر يىل بولاي دېدى.

سادىق ئون ئالتە – ئون يەتتە ياش مەزگىللىرىدە، ئەقلى توشۇشقا قاراپ ماڭغان چاغلاردا ماھىنۇرنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىغانلىقى، كوچىدا تەمتىرەپ – سوقۇلۇپ يۈرگەن پەيتلىرىدە تىرىكچىلىك يولىغا رەسمىي سالغانلىقى، كېيىنرەك دۇكىنىغا ئەكىلىۋېلىپ، چوڭقۇر مېھرى بىلەن كۆيۈنگەنلىكى ۋە ئىشەنگەنلىكىدىن ئۆزىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر كۆيۈنۈش، ھۆرمەت پەيدا بولغانىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ماھىنۇرنىڭ ئاق سېپتا يۈز – بويۇنلىرىغا، قاپقارا قاشلىرىغا، دولدۇگىلەك كۆزلىرىگە، قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىگە، ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق بۇرنى، نېپىز، قىنىق ھال رەڭ لەۋلىرىگە، زىلۋا بويى، گۈزەللىك يېغىپ تۇرغان بەستىگە ۋە ئىككى ئۆرۈلگەن قۇندۇزدەك پارقىراق چاچلىرىغا تويماي – تويماي قارايدىغان بولۇپ قالدى. ماھىنۇر دۇكاندىن بىردەم يوقاپ كەتسە ۋە كەچلەردە بەختىخانىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالسا، خۇددى مۇھىم ئىشى باردەك ئۇنىڭ تېزرەك پەيدا بولۇشىنى تىلەيتتى، يېنىدا بولمىسا بىر يېرى كەملەپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئاخشىمى بىللە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگەن چاغلىرىدا قويۇلۇۋاتقان كىنو – كونسېرتلارنىڭ ئۇزاقچە داۋاملىششىنى تىلەپ، ئاخىرلاشقاندا، ياتىقىغا بويىنى باغلانغاندەك چىقىپ كېتەتتى. نېمىشقا شۇنداق ھېسسىياتلاردا يېنىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. «يېشىم چوڭىيىۋاتىدۇ، — دەپ پات – پات ئويلاپ قالاتتى ئۇ، — ئىككى – ئۈچ يىلمۇ ئۆتەر، خۇدايىم مۇشۇ ماھىنۇر ئاچامدەك چىرايلىق، كۆيۈمچان بىر قىزنى ئاتا قىلىۋەتسە – ھە...»

سادىق كۈنلەرنى مۇشۇنداق ھېس – تۇيغۇلاردا ئۆتكۈزۈپ، ئون سەككىزگە كىرگەندە يىگىتلىكى رەسمىي ئويغاندى. بۇرۇنقى بىردە ئويغىنىپ، بىردە يوقاپ تۇرىدىغان ئىشقىي ھېسلىرى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى – دە، ماھىنۇرنى ئويلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەلمۈرىدىغان بولۇپ قالدى. تۇرمۇشتا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمما ھۆرمەتنىڭ مۇھەببەتكە ئايلىنىشى تەبىئىي ھال. سادىقنىڭ

ماھىنۇرغا يوشۇرۇنچە كۆيۈپ يۈرگىنىگە بىرىيل بولاي، دەپ قالدى. ئۇ تالاي ـ تالاي كېچىلەرنى ئۇنى ئويلاپ، ئىشقىدا يېنىپ ـ تولغىنىپ ئۆتكۈزدى. ئۇ بىرەر ئەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالسا، كۆنچىلىكى تۇتۇپ كېتەتتى. بەزىدە چاندۇرمايمەن دېسىمۇ چاندۇرۇپ، ماھىنۇرغا گەپ قىلغاندا يۈزلىرى تاتىرىپ، تىلى كالۋالىشىدىغان، قوللىرى تىترەپ كېتىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئەكبەرجان يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، سادىقنىڭ ئۇھ ـ ئۇھلاپ، چوڭقۇر تىنىپ، تولغىنىپ ياتالمىغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

ــ نېمە بولدۇڭ سادىق، ــ دېدى ئەكبەرجان تۇيۇقسىزلا، ــ نېمانچىلا ئاھ ئۇرۇپ ياتالمايسەن؟

سادىق چۆچۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە ئاغزىدىن بىرەر گەپ چىقىپ كەتكەنمىدۇ، دەپ ئالاقزادە بولۇپ:

ــ بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

ــ بىرسىگە ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇ ـ يا؟

ــ يا ... ق . . .

ــ ھەي تاڭەي . . . بىرسىگە كۆيۈپ يۈرسەڭمۇ دەيمەن؟

ــ يوق گەپنى قىلمىغىنا . . .

ــ ئەمىسە باش ئاغرىقنىڭ دورىسى بار، ئىچەمسەن؟

ــ ئىچەي.

ئۇ ئاغرىمىغان بېشى ئۈچۈن دورا ئىچتى.

يەنە بىر قېتىم مۇنداق ئىش بولدى: ماھىنۇر سادىقنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ ئىشقا بۇيرۇدى:

ــ ئۇكام، خۇرۇم چاپانلار يېتىپ قېلىۋاتىدۇ، دۇكانلارنى ئارىلاپ ئۇلارنىڭ ھازىرقى باھاسىنى ئۇقۇپ كەلسەڭ، باھاسى چۈشمىگەن بولسا، بىز چۈشۈرۈپ سېتىۋەتسەك، نۇرغۇن پۇلنى مۇشۇ چاپانلار تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، پۇلنى ئايلاندۇرالمايۋاتىمىز.

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن تۇرغانلىقى ئۈچۈن ماھىـ

ىۈردىن تارقىلىۋاتقان ئاياللارغا خاس بىر خىل پۇراق سادىقنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، تاس قالدى ئۇنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتكىلى، سادىقنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— ماقۇل.

— توختىغىنا، — دېدى ماھىنۇر مېڭىشقا تەمشەلگەن سادىقنى توختىتىپ، — تىترەيسەنغۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— ياق.

— ياق دېمە. — ئۇ سادىقنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويۇپ، ئالدىقانلىرىنى تۇتتۇۋىدى، سادىق تېخىمۇ بىئارام بولدى.

— قىزىتماڭ ئېشىپ قاپتۇ، ئاۋۋال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، ئاندىن بازارغا بارساڭ بولارمىكىن؟

— بولدى، بازارغا باراي.

— بولدى دېمە، بازار دېگەن قېچىپ كەتمەيدۇ.

— ئاۋۋال بازارغا بېرىپ كېلەي.

— ئەمىسە كېلىپلا يار.

مۇنداق ئىشلار بىر نەچچە قېتىم يۈز بەردى. ماھىنۇرنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىشلار سادىقنىڭ ھەسرىتى - دەردى ئىدى. ئەگەر سادىق باشقا يەردە تۇرۇۋاتقان بولسا، ئېھتىمال، بۇ چاغقىچە ماھىنۇرغا ئۆز مۇھەببىتىدىن گەپ ئاچقانمۇ بولار ئىدى. «ئەجەب بىر دۇكاندا، بىر ئۆيدە تۇرۇپ قاپتىكەنمىز... مەيلى، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش گۇناھلىق ئىشمىدى، — دەپ ئويلاپ قالاتتى ئۇ بەزىدە، — ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ تۇرۇۋاتقىنى — مېنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغىنىم، ئاچا - ئۇكىدەك ئۆتكىنىمىزغۇ، بولمىسا بىر نەۋرە ئىنىسىغا تېگىۋالغان ئاياللارمۇ بارغۇ...»

سادىقنىڭ يەنە بىر ئەندىشىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئەكبەرجان بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقى. «يېڭى كەلگەن چاغلاردا خۇش بولۇۋىدىم، مانا ئەمدى بۇ ماڭا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، — دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ ئەلەمدە تولغىنىپ، — غۇلجىدا ئوقۇماي، نېمىشقا ئۇرۇمچىگە كېلىۋالدىكىن...

ھەممىدىن يامىنى مېنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ بولغىنى ، ئىككى ـ ئۈچ ياش كىچىك بولسىچۇ كاشكى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى مېنى بەزىدە « ئۇكا » دەيدىغىنىچۇ . . . »

سادىقنىڭ خىيالى ماھىنۇرغا ، ماھىنۇرنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ-لۇقىغا بېرىپ تاقىلىپ قالاتتى . ئۇنىڭ گەپ قىلالماي يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئىدى . لېكىن ئۇنىڭغىمۇ يول تاپاتتى . « چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ ، مەن چوڭ كۆرمىگەندىكىن بولدىغۇ ، روزاخۇن بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ يىگىرمە ئۈچ يېشىدا ئۆزىدىن ئون يەتتە ياش چوڭ ــ قىرىق ياشلىق خەدىچە ئىسىملىك ئايالغا ئۆيلەنگەن ئىكەنغۇ ، مەن ئۆزۈمدىن ئون ئىككى ياش چوڭ ئايالغا ئۆيلەنسەم نېمە بو-لىدىكەن ؟ ئەرلەر ئۆزىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز ياش كىچىك قىزلارنى ئالسا بولىدىكەنۇ ، ئاياللار ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك ئەرلەرگە تەگسە بولمامدىكەن ؟ . . . خەدىچە دېگەن ئايالمۇ سودىگەر ئىكەن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىشلەپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى قىلاتتىكەن . ماھىنۇر ئاچامۇ سودىگەر ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىشلەپ سودىسىنى قىلىۋاتىمەنغۇ . . . »

سادىق بۇ خىياللارنى نەچچە قېتىم سۈرگەن ، مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا جانلىنىپ ، غەيرەتلىنىپ قالاتتى ۋە ئەتىسىلا ئېغىز ئېچىۋېتىدىغاندەك ھالەتكە كېلەتتى . « مەنمۇ بۇرۇختۇرما بولۇپ يۈرىۋەرمەي ، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلاي . ئۇ خىيالىدا مەن يوقتەك يۈرگەن بىلەن ، كىم بىلىدۇ ، ئىچىدە ئويلاپ يۈرەمدۇ تېخى ، ــ دەپ ئىشەنچ ، ئۈمىدكىمۇ تولۇپ قالاتتى ، ــ مۇھەببەت ئىزھار قىلسام ، خۇشال بولۇپ كېتەر بەل-كىم . . . توختا ، ياپسام پىشارمۇ ، كۆمسەم پىشارمۇ ، دەپ ئىككىلىنىپ يۈرىۋەرمەي ، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئەگىتىپ ، پۈرىتىپ دەي ، گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ ، قالغىنىنى ئۆزى چۈشىنىۋالغۇدەك قىلىپ ئىزھار قىلىپ باقاي ، شۇ چاغدا مەلۇم بولىدۇ . ئۇ ئەقىللىق ، دەرھال چۈشىنىدۇ ـ دە ، يا ئېچىلىپ كېتىدۇ ، يا تۇتۇلۇپ كېتىدۇ . »

ئۇشۇق ـ تۆشۈك گېپى يوق ، ياۋاش ، دائىم جىمىپ يۈرىدىغان

سادىقنىڭ ئۆزىگە كۆيۈپ يۇرگەنلىكىنى قىلچىمۇ سەزمىگەن ماھىنۇر كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سادىققا: سەن كۆكتاتلارنى ئاقلاپ ـ تازىلا، مەن خىمىر يۇغۇراي، لەگمەن ئېتىپ يەيلى، دەپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. لەگمەننىڭ سېيى قورۇلۇۋاتقاندا، بەختىخان ئۆيگە تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى.

— كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ، — ئۇ ئىشىكتىن سۆزلەپلا كىرىپ كەلگەندى، — سىنى لەگمەن ئېتىۋاتامدىكىن، دەپ ئويلىۋىدىم، راست چىقتى، لەگمىنىڭنى سېغىندۇق ئەمەسما...

ئىككىسى تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. ماھىنۇر ئۇنى سارايغا باشلىۋىدى، مەشەدە ئولتۇراي، دەپ ئۇنىمىدى.

— ماۋۇنى كۆرمىگىلى خېلى بوپتۇ، — دېدى ئۇ سادىققا قاراپ، — چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ئۆزى قارا بولغان بىلەن كۆزى چىرايلىق جۇما بۇنىڭ، قارا، كۆزلىرىنىڭ ئويناپ تۇرغىنىنى، نەچچە ياشقا كەلدىڭ؟

خىجىللىقتا قالغان سادىق جاۋاب بېرەي دېگۈچە، ماھىنۇر جاۋاب بەردى:

— ئون سەككىزدىن ئاشتى.

— خوتۇن ئالىدىغان ۋاقتى بوپتۇ.

ماھىنۇر كۈلدى، سادىق يەرگە قارىدى.

— قىشلىقىڭ بار سىنىڭ، قارا، يۈزلىرىڭنىڭ سۈزۈلۈپ، قىز بالىدەك بولۇپ كەتكىنىڭنى، مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ.

— بۈگۈن سۆزلەپلا قاپسىزغۇ، بولدى ئەمدى، — دېدى سوزۇلغان پىلتىلارنى بارماقلىرىغا ئەپچىللىك بىلەن يۆگەۋاتقان ماھىنۇر.

— مەستلىكى كەلگەن ئادەم سۆزلەيدۇ، بۇدۇمەتمىدىم مەن... ھە، راست، ھېلىقى قىزلىرىڭ قانداقراق بولۇپ قالدى؟

— خېلىلا ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، دوختۇرلارمۇ ناھايىتى ئىرادىلىك قىزلارئىكەن، دەپ ماختاۋاتىدۇ.

— قالتىس ئىش قىلدىڭ ـ قالتىس ئىش قىلدىڭ، خۇدامۇ رازى،

ھۆكـۈمەتمۇ رازى ، جامائەتمۇ رازى بولغۇدەك ئىش قىلدىڭ ، قانچە پۇلۇڭ چىقتى ؟

— ئون مىڭ سوم تاپشۇرغان ، چىقىدىغاندا نېمە دەيدىكىن ؟

— شۇڭلاشقا كۆكلەۋاتىسەن ئەمەسما ، تاپقان پۇلنى مۇشۇنداق يەرگە ئىشلەتكەن ئادەم كۆكلەيدۇ ، دېمىگەنمىدىم .

ماھىنۇرنىڭ لەگمىنى تەييار بولدى . ئالدى بىلەن سادىقتىن روزاخۇن بوۋايغا بىر تەخسە چىقىرىپ بەردى ، ئاندىن سادىققا سالدى . ئۆزلىرى سارايغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى ، ئىشلار رەتلىك كېتىۋاتاتتى . ئىككىسى تاماق يېگەچ گەپكە چۈشتى . ئۇلارنىڭ گەپلىرى سادىقنىڭ قۇلىقىغا كىرمەكتە ئىدى .

— خۇدايىم بەرگەن نېمىكەنسەن ، ھەممە نېمەڭ تەل بولدى ، ئەمما لېكىن بىر نېمەڭ كەم بولۇۋاتىدۇ .

— نېمىنى دەيسىز ؟ — ماھىنۇر ئۇنىڭ نېمىنى دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى ، بۇ قېتىم سوئال قويدى .

— نېمىنى دەيسىز ، دېگىنىنى ماۋۇنىڭ ، ئەرگە تېگىۋالساڭ بولاتتى دەيمەن ، گېپىم شۇ ، يالغانمۇ - يا ؟

— قويۇڭا ئۇ ئىشنى . . .

— ياش ئادەمگە ئەرسىز ئۆي ئۆيمۇ ، ئۇ دوزاخ .

— ماڭا ئۇنداق بىلىنمەيدۇ .

— يالغان ئېيتما ، ئاپال دېگەنچۇ قارا ، تولغاندا ، سۆزلىگەندە ئەرنى سېغىنىدۇ دەيمەن .

— ئاستىراق ، سادىق بار . . .

— سادىق بولسا نېمە بولاتتى ، بەرىبىر ئەرگە تېگىسەن ، ئۇمۇ خوتۇن ئالىدۇ .

— ئەر چىقمىسا ، كىمگە تېگىمەن ؟

سادىق ئۈمىدلەندى ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى . . .

— دېگەن سۆزنى تېخى . . . سىنى ئەگىپ يۈرگەنلەر ساماندەك ، بىرەرىنى تاپايمۇ - يا ؟

سادىقنىڭ جىنى چىقتى ۋە ئىچىدە: نېمە چاتىقى بۇ خوتۇننىڭ، دەپ ئۇنىڭغا ئۆچلۇكى ياندى.

— تاپسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— تېپىپسەن ـ دە ؟

— ياق، تاپمىدىم، دېگەن گەپلىرىڭىزمۇ توغرا، بەختىخان ھەدە، ياش ئادەمگە ئەرسىز يۈرۈش ياخشى ئەمەس ئىكەن، تاپقاندا سىزگە دەيـ مەن.

سادىقنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

— ما گېپىڭ توغرا.

بەختىخان تاماقتىن كېيىن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى ـ دە، كەچ قالدىم، دەپ ماڭدى. ھويلىغا چىققاندا بۇياققا كىرىۋاتقان ھەسەنجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ماھىنۇر ئۇنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، بەختىـ خاننى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى.

— ماڭ كىرىپ كەت، يالاڭ چىقىپسەن، يۆرتلۇقۇڭمۇ كەلدى. ئۇمۇ ساڭا قانات سۆرەپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرسىغۇ دەيمەن، دېدى ئۇ كۈ-لۈپ، — مەيلى يوق ئادەم بىكاردىن ـ بىكارغا قار كېچىپ كېلەمدا...

— توۋا دەگە.

— ئۆتكەندە كەلسەممۇ شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپتىكەنسەن.

— تونۇشلار كەلمەمدۇ ؟

— كېلىدۇ، تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە بىكارغا كېلەمدۇ ؟ جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا.

— سىزنىڭزە، مۇشۇنداق گەپلىرىڭىز...

— ھە، مۆڭگەكلەپ كەتتىڭغۇ. ماڭ، يۈگۈر، مېھمىنىڭغا قارا، خوش، — بەختىخان كۈلۈپ ماڭدى.

ماھىنۇر ئۆيگە يېنىپ كىردى. سادىق تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەسەنجانغا تاماق ئەكىرمەكچى بولۇۋىدى، تاماق ئۈستىـ دىن كەلدىم، دەپ ئۇنىمىدى.

ماھىنۇر ئالايىتەنلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى، تېزلىكتە چاي دەملەپ

ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ـ دە ، ئىشىكنى يېپىۋالدى . سادىقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى . ھەر قاچان ھەسەنجان كەلسىلا ماھىنۇرنىڭ ئىچىلىپ كېتىشى ، ئۇنى كۇتۇپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشى سادىقنىڭ جېنىغا پېتىپ يۈرەتتى . ئىشىكنى يېپىۋېلىشى ئۇنىڭ تېخىمۇ جېنىغا پاتتى ۋە غەزىپىنى كەلتۈردى . نېمە دېيىشىۋاتىدىكىن ؟ . . . گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازدىن باشقا ، ئېنىقراق بىر ئېغىزمۇ گەپنى ئاڭلىيالمايۋاتاتتى . ئۇ ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش ۋەسۋەسىسىگە چۈشكەنىدى . تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پەسلىتىپمۇ باقتى ، يەنىلا ئاڭلانمىدى .قۇلىقىنى ئىشىككە ياقاي دېسە ، تۇيۇقسىز چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى . ئۇ ئېرىكىپ ، تىت ـ تىت بولۇپ تېلېۋىزورنى تۈزۈكمۇ كۆرمەي ئولتۇردى .
ئىككىسىنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى قانداق ئاڭلىغىلى بولار ؟ ئۇ ھويلىغا چىقتى . دېرىزىنىڭ يېنىغا ئاستا كەلدى . ئىككىسى ئۇستەلنىڭ ئىككى چېتىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى . ھەسەنجان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەۋاتىدۇ ، نېمىلەرنى دەۋاتىدىكىن ، ماھىنۇر شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلاۋاتىدۇ . قوش دېرىزىدىن بىرەر ئېغىز گەپنى تۇرماق ، بايـ قىدەك گۇدۇڭلىغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايدۇ . قار تازا چۈشۈۋېتىپتۇ . شامال ئارىلاش چۈشۈۋاتقانلىقى ئۇچۇن پېشايۋاننىڭ يېرىمىغا يېتىپ كەپتۇ . ئۇ بىردەم تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مۇزلاۋاتقىنىنى سەزدى ـ دە ، ئۆيگە يېنىپ كىرىپ ، يەنە تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى . بىراق كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدەنلىرىدە كۈنچىلىك ئوتلىرى يېنىپ كەتكەنىدى . بۇرۇختۇرما بولۇپ ئولتۇرۇش نېمىدېگەن تەس ـ ھە . . . ئۇ بىردە قىزىرىپ ، بىردە تاتىرىپ بىئارام بولماقتا ئىدى .
ئارىدىن بەلكىم يېرىم سائەت ئۆتكەندۇ ، سادىقنى چۆچۈتۈپ تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى ـ دە ، چەينەكنى كۆتۈرۈپ ماھىنۇر چىقتى . ئۇنىڭ مەڭزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ، چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم چاقناپ ، كۆزلىرى خۇمالىشىپ ، پۈتۈن تۇرقىدىن يېقىملىق بىر ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇرۇپتۇ .
— قاپاقلىرىڭ باراڭغا ئالغۇدەك چۈشۈپ كېتىپتىغۇ ، سادىق ،

تېلېۋىزوردىكى ئىشلار سېنى خاپا قىلدىمۇ نېمە ؟ — دېدى ماھنۇر چاي چىقلاۋېتىپ .

— ھە ، ئادەمنى خاپا قىلىدىغان ئىشلار جىق ئىكەن .

ماھنۇر كىرىپ كەتتى . سادىقنىڭ بۇرۇختۇرمىلىقى داۋاملاشماقتا ئىدى . ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ ، بىردەم قوپۇپ ، ئاخىر بېرىپ تېلېۋىزور قانىلىنى يۆتكىۋىدى ، ناخشا ـ ئۇسسۇل چىقىپ قالدى . ئۇ ئاۋازىنى كۆچەيتىۋەتتى . ئۆي ئىچى غۇلغۇلداپ كەتتى .

ماھنۇر ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ :

— ئاستىراق ، سادىق ، ئاستىراق ، — دېدى .

— سىلەرنى ناخشا ئاڭلىسۇن ، دەۋاتىمەن .

— بوشراق قويساڭمۇ ئاڭلايمىز .

ھەسەنجان تاكى تېلېۋىزور توختىغۇچە ئولتۇردى . ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، سادىقمۇ ياتىقىغا چىقىپ ياتتى . ماھنۇر يېتىپ قالدى . سادىق ئۇيقۇسى قېچىپ ، قوپۇپ ئولتۇردى ـ دە ، تاماكا چەكتى ، تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ يەنە ياتتى ، بىراق ئۇيقۇ كېلەر ئەمەس ، كاللىسىغا كىرىۋالغان گۇمان ، ئوي ـ خىياللار ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەي ، قىينىماقتا ئىدى . ئاخىر چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقتى . ماھنۇر ياتقان ئۆينىڭ چىرىغى ئاللىقاچان ئۆچكەنىدى . ئۇ ئۇخلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ . ئەكبەرجان كەچتە مەكتەپتە ئىش بار ، ئۆيگە كەلمەيمەن ، دېگەن . بۈگۈن سادىق يالغۇز . بۇگۈنكى كۆڭلىگە تەگكەن ئىشلار سىزمۇ ، ئۇ يالغۇز قالسىلا تولغىنىپ ، ماھنۇرنىڭ يېنىغا كىرگۈسى كېلىپ ۋە ئۇ ھەقتە شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ ياتالمايتتى .

ئۇ تالادا مۈزلىغىنىچە تۇرۇپ ، ئاندىن ياتىقىغا كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ تولغىنىپ ، ئاھ ئۇرۇپ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى كىم بىلسۇن .

## 46

ماھىنۇر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇش دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان ئىككى قىزنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ساقايغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ دوختۇرخانىغا چىقتى ۋە قالغان رەسمىيەتلەرنى تېزلا پۈتتۈردى. دوختۇر - سېستىرالارغا رەھمەت ئېيتتى. قىزلار ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. لېكىن ئىككى قىزنىڭ كۆڭۈللىرىدە بىر تۈگۈن - ئەندىشە بار ئىدى. بۇ ئەندىشە ئۇلار چىقىشقا ئاز قالغاندا باشلانغان، ھازىر تېخىمۇ ئۆرلىمەكتە ئىدى.

— قېنى ماشىنىغا چىقىڭلار، — دېدى ماھىنۇر.

— نەگە بارىمىز؟ — قىزلارنىڭ ئەندىشە ئۇچقۇنلىرى يانغان كۆزلىرى ماھىنۇرغا تىكىلدى.

— نەگە باراتتۇق، بىزنىڭ ئۆيگە بارىمىز، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— سىزنىڭكىگە بېرىپ...

— ئاۋۋال ئۆيگە بارايلى، — ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — قالغان گەپلەرنى ئۆيدە دېيىشەرمىز، ماشىنىغا تېزرەك چىقىڭلار.

ھەممىسى كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ يولغا كەتتى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دەل - دەرەخلەرنى ئاق چېچەكتەك قىرو باغلاپ كەتكەن، ئۇ قىزلارنىڭ كۆزىگە ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنۈپ، گۈزەللىك، شادلىق تۇيغۇلىرىنى ئۇيغىتىۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنياغا باشقىدىن كەلگەندەك سەزمەكتە ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇنقى يىرگىنچلىك مەزگىللىرىنى ئويلاپ، ھازىرقى ھالىتىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى. شۇنداق، ئادەم ئۆزىنى چۈشەنگەن چاغدا، خاتا باسقان قەدىمىدىن سەسكىنىپ،

توغرا باسقان قەدىمىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ. ئۈمىد، ئىشەنچ، ئىرادە ئادەمنى مىسكىنلىك، بىچارىلىك، مەيۈسلۈكتىن خالاس قىلىپ، تېتىك - جۇشقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ، شادلىق بۆشۈكىگە بۆلەيدۇ. ئىككى قىزنىڭ تۇرقى - چىرايىدىن مۇشۇ خىل روھىي ھالەت ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ماھىنۇر ئىككى قىزنىڭ قانداق ئوتتا يېنىپ، قانداق سۇدا ئېقىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن يۈرەكلىرىنى ياندۇرۇۋاتقان خۇشاللىقتىن كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇۋاتسا كېرەك، دېگەن پەرەز بىلەن ئولتۇراتتى. ئەمما ئۇ قىزلارنىڭ قايغۇسىنى تازا ئويلاپ كەتمىدى.

غۇيۇلداپ ئۇچقان ماشىنا ئۇلارنى ماھىنۇرنىڭ قورۇسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھەممىسى ماشىنىدىن چۈشۈشتى ۋە ماھىنۇرنىڭ باشلىشى بىلەن قورۇغا كىردى. گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرى پېشايۋانلىق چىرايلىق ئۆيلەرگە چۈشۈش بىلەنلا يېنىپ كەتتى:

— پاھ... مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭما؟

— پاھ، دېگۈچىلىكى يوق.

— مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھېلىقى ياتىقىڭىز — ئىككىمىز ئارانلا ياتقان كىچىككىنە ئۆيىڭىزلا بار جۇمۇڭ، بىزگە قىلغان ياردىمىڭىزنى ئەمدى چۈشەندىم.

— شۇ ياتاقتا ياتمىسام بۇ ئۆيلەرمۇ بولمايتتى.

— قورۇ - جاي قىلدىم، دېگەنىدىڭىز، لېكىن مۇنچىلىك ئۆيلەرنى سالدۇرۇپ كەتكىنىڭىزنى ئويلىماپتىمەن.

— بۇ ئۆيلەر بولمىسا، سىلەرنى قانداق ئاچىقالايتتىم.

گۈلپىيە بىلەن گۈلزار بىر - بىرىگە ئاستا قاراشتى.

ھويلىدىكى ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقان بەختىخان بىلەن ھەسەنجان پېشايۋانغا چىقتى. ھەممىسى تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

— سىلەرمۇ كېلىپ بوپتىكەنسىلەرغۇ، — دېدى ماھىنۇر ئىككىسىنىڭ ۋاقتىدا كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ.

— دۇنىياغا يېڭىدىن كەلگەن قىزلارنى قارشى ئالايلى دەپ، — دېدى بەختىخان، — ئالدىن كېلىپ تۇردۇق.

ماھىنۇر گۈلپىيە بىلەن گۈلزارنى بۈگۈن ئېلىپ چىقماقچى بولغانلىقىنى ئىككىسىگە خەۋەر قىلىۋەتكەنىدى. ھەممىسى ئۆيگە كىرىشتى. ماھىنۇر دوختۇرخانىغا ماڭار چاغدا، قازانغا گۆش سېلىپ، سۇس قايىنىتىپ قويۇپ ماڭغان. ھازىر ئۆي ئىچى ئىللىپ، شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرۇپتۇ. ئۆي ئىچىنىمۇ بىر خۇشاللىق كېزىپ يۈرەتتى.

— ئەجەب چىرايلىق قىزلار ئىكەنسىلەر، چىرايىڭلارمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ چىقىپسىلەر، — دېدى بەختىخان.

— چىرايىمىزنى سەتلەشتۈرۈۋەتكەن ئالۋاستىنى قارغاپ، يەرنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆمۈۋېتىپ چىقتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى گۈلپىيە.

— شۇڭلاشقا چىرايىڭنى ياندۇرۇۋالدىڭ — دە . . .

— تاس قالدۇق چىرايىدىنمۇ، ئۆزىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالغىلى.

گۈلزار گەپ قىستۇردى:

— ماھىنۇر ھەدەم بىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

— ھەر قانداق ۋەھشىي ھايۋانمۇ، ئالۋاستىمۇ ئادەمدىن قورقىدۇ، گەپ ئادەمنىڭ ئىرادىلىك بولۇشىدا، — دېدى ھەسەنجان تەمكىنلىك بىلەن، — ئاڭلاپ تۇردۇق، ناھايىتى ئىرادىلىك قىزلار ئىكەنسىلەر، ئىرادىسىز، بوشاڭ ئادەمنى كىسەل بوزەك قىلمايدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئادەملىكىڭلارنى چۈشەنمىگەن چاغدا، ئاق ئالۋاستىغا بوزەك بولدۇڭلار، چۈشەنگەن چاغدا ئۇنى يەڭدىڭلار، مانا بۇ ئىرادە، سىلەرنى ئۆلۈم يولىدىن ياندۇرۇپ كەلگەن نەرسە — ئۆز ئىرادەڭلار. ئادەمدە ئىشەنچ، ئىرادە بولىدىكەن ھېچ نەرسىگە، ھېچ كىمگە بوزەك بولمايدۇ. ئەمدى گەپ سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭلارنى قانداق ئۆتكۈزۈشۈڭلاردا قالدى، — ھەسەنجان سەل توختىۋالدى — دە، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى، — بۇرۇنقى ئۆلپەتداشلىرىڭلار ئالدىڭلارغا يەنە كېلىشى، ھېسسىياتىڭلارنى قوزغاپ، سىلەرنى كونا سەنەمگە دەسسەشكە دەۋەت قىلىشى

مۇمكىن . بۇ ئىنتايىن مۇھىم پەيت ، ئەگەر سىلەر داۋالىنىش جەريانىدىكى ئىرادەڭلارنى يوقىتىپ قويمىساڭلارلا ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرەلەيسىلەر ، ماھىنۇر ھەدەڭلارنىڭ ئەجرى بىكار كەتمەيدۇ . بۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن كې- يىنكى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەيدىغان دەرسىمنىڭ بىر مەزمۇنى بولىدۇ . سىلەردىن يىرگەنگەنلەر ئەمدى سىلەرنى ئالقىشلايدۇ ، — ھەسەنجان سۆزىنى توختاتماقچى بولۇۋىدى ، بىراق يەنە بىر نەچچە جۈملە سۆز ئېغىزىغا كېلىپ قالدى ، — ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىشى كېرەك ، ئۆزىنى يۈكسەكلەشتۈرۈشمۇ ، پەسكەشلەشتۈرۈشمۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق . سىلەر ئىللەتلىرىڭلاردىن تازىلىنىپ يېڭى ئادەم بولۇپ چىقتىڭلار ، بىراق ئالدىڭلاردا يەنىلا مۇشۇ ئىككى يول بار .

ھەسەنجاننىڭ سۆزىدىن كېيىن ، ئۆي ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭ سۆزلىرى گۈلپىيە بىلەن گۈلزارغىلا ئەمەس ، باشقىلارغىمۇ تەسىر قىلغانىدى . چۈنكى ، ھەسەنجان قىزلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ، ئاق ئالۋاستىنى يەڭگەن جاسارىتىدىن ھاياجانلانغانىدى . ھاياجانلىنىپ ئېيتىلغان سۆز يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقىدۇ . بۇنداق سۆزلەر باشقىلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ، يۈرەك — باغرىنى دولقۇنلىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئالدىغا سەن ئادەم ئىكەنسەن ، باسقان قەدەملىرىڭدىن كىشىلەر يىرگىنىشى كېرەكمۇ ، زوقلىنىشى كېرەكمۇ ، دېگەن سوئالنى تاشلايدۇ .

— بىز ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىكىمىزنى ئۇنتۇپ ، ھېسسىياتىمىزنى باشقۇرالماي ئاز دەرد تارتمىدۇق ، ھەسەنجان ئاكا ، — دېدى گۈلپىيە ئازابلىق خىياللاردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — بىزنى مەكتەپتىن چېكىندۈرگەن چاغدىلا ئۆزىمىزنىڭ نەپرەتلىك ئاقىۋەتكە قال- غانلىقىمىزنى بىلگەن ، — ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەسرەت ، ئۆكۈنۈش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

ھەسەنجاننىڭ سۆزىنى بىرىلىپ ئاڭلىغان ماھىنۇر ئۈنچىقماي ئول- تۇردى . ئەمما ، بەختىخاننىڭ بىر نىمە دېيىشكە ئېغىزىنى ئۆمەللىگىنىنى بايقاپ قېلىپ ، شەرەت قىلىپ ئۇنى سۆزلەشتىن توختىتىپ قويدى .

چۈنكى، ئۇ ھەسەنجاننىڭ سۆزىنى يېتەرلىك بولدى، دەپ پەرەز قىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تاماقنا تېزلىك بىلەن روزاخۇن بوۋاينى چاقىرىپ كىرىپ، ھورلىرى پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان، يۇمشاق پىشقان ئىككى تاۋاق گۆشنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. بىر ـ ئىككى پارچىدىن گۆش يېيىلگەندىن كېيىن، ماھىنۇر يەنە ئاپقۇرلاردا شورپا ئەكىردى. تاماق جىمجىتلىق ئىچىدە يېيىلدى.

ـــ سىلەرنى ئۆيگە ئېلىپ چىقتىم، ـــ دېدى ماھىنۇر ئىككى قىزغا قاراپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ـ سىلەر ھەسەنجان ئاكام ئېيتقاندەك يېڭى ئادەم بولۇپ چىقتىڭلار، ياخشى ئادەملەر قاتارىغا قېتىلدىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلارنى قەيەردە، قانداق ئۆتكۈزمەكچىسىلەر؟

ئىككى قىز ئۇچۇن ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ سوئالنى قىزلار دوختۇرخانىدا، داۋالىنىش جەريانىدا، بولۇپمۇ چىقىش كېتىشكە بىر نەچچە كۈن قالغاندا بىر ـ بىرىگە قويغان. مۇۋاپىق جاۋاب تاپالماي قىينالغان ۋە ئاخىرىئۆزلىرىنى داۋالىتىۋاتقان ماھىنۇرغا ئېيتماقچى ھەم ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئالماقچى بولغان. ئەمما، ھازىر بۇ سوئال ئويلىمىغان يەردىن ماھىنۇر تەرىپىدىن قويۇلۇۋاتىدۇ. ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك؟

ئېغىر جىملىقتىن كېيىن گۈلپىيە مۇنداق دېدى:

ـــ سىز قانداق يول كۆرسەتسىڭىز، بىز شۇنىڭغا رازى.

ـــ ئۇنداق دېمەڭلار، سىلەرنىڭ ئويلىغىنىڭلار ھېساب.

ـــ ماھىنۇر ھەدە، ـــ دېدى گۈلزار ئېچىنىشلىق ئاۋازدا شىۋىرلاپ، ـــ قانداق قىلىشىمىزنى ئويلاپ، بىزنىڭ بېشىمىز قېتىپ كەتتى. بېشىمىزنى سىلىدىڭىز، بىزنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۇردىڭىز، گۈلپىيەنىڭ ئېيتقىنى توغرا، يول كۆرسىتىشىڭىزگە تەشنا بىز.

ـــ سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلار بولسا ئېيت ماھىنۇر، ـ دېدى بەختىخان سۆز قىستۇرۇپ، ـــ ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتىسا...

ـــ مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بار، ئېيتاي: ماقۇل دېسەڭلار، دۇكىنىم

ئىككى ـ ئۈچ ئادەمگە ئېھتىياجلىق ، مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ قېلىڭلار ، ياق ، بۇ يەردە تۇرمايمىز ، يۇرتلىرىمىزغا كېتىمىز ، دېسەڭلار ، مەن يەنە سىلەرگە ئىگە ، چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن .

ماھىنۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، قىزلار چۇرقىرىشىپ كەتتى :

— ۋاي جېنىم ھەدە ، ئالتۇن ھەدە ، قالتىس ياخشى گەپ قىلدىڭىز ، بولدى ، بىز مەشەدە ئىشلەيلى . . .

— ئالدىڭىزدا ئىشلەيلى ، يۇرتىمىزغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز . . .

— ھەر قانداق ئېغىر ئىشقا سالسىڭىزمۇ ئىشلەۋېرىمىز . . .

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن ، گەپ يۈزدە ياخشى ، دېگەن گەپ بار ، — دېدى ماھىنۇر ، — ھەممىمىز مۇشۇ قورۇدا بىللە تۇرىمىز ، بوش بىر ئېغىز ئۆيۈم بار ، ئۇ ئىككىڭلارنىڭ ياتاق ئۆيى بولىدۇ . ئۈچ ۋاخلىق تاماقىڭلارنى مۇشۇ ئۆيدىن يەيسىلەر ، ھەر ئايدا قولۇڭلارغا ئىككى يۈز سوم بېرىمەن . جان كۆيدۇرۇپ ياخشى ئىشلىسەڭلار ئىش ھەققىڭلارنى ئۆستۈرۈپ تۇرىمەن . ھەممىدىن مۇھىمى گېپىمنى ئاڭلايسىلەر . قانداق مۇۋاپىق بولدىمۇ ؟

— ئەسلى بۇ قىزلار خىزىرغا يولۇقۇپتىكەن ، — بەختىخان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ كەتتى ، — نىيەت ـ ئىقباللار دۇرۇس ئىكەن . ماھىنۇر غۇلجىدىن كېلىپلا ، بىزنىڭ ياتاققا ئورۇنلىشىپ : تەلىيىم بارئىكەن ، سىزدەك باشپاناھقا ئۇچرىدىم ، دېگەن . سىلەرنىڭمۇ تەلىيىڭلار باركەن ، مانا ماھىنۇرخانغا — بىر كۆيۈمچان باشپاناھقا ئۇچراپسىلەر ، تەلەي كەلسە ، شۇنچىلىك كېلەر ، قانداق دېدىم ؟

ئىككى قىز ھەر ئىككىسىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردى . چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى . ئۇلار ياخشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ، ئۆزلىرىگە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر ئىگىنىڭ چىققانلىقىغا ھاياجانلىنىپ ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى . بۇ يىغىدا ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە قالغان ، ئادىمىيلىكتىن چىققان مەزگىللىرىگە نىسبەتەن پۇشايمان ـ ئۆكۈنۈشمۇ ،

يېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىغان ئادەمگە قوزغالغان مېھىر - مۇھەببەتمۇ، شۇنىڭ بىلەن قالماي يەنە ئۇنىڭ تىرىكچىلىك يولى تېپىپ بېرىۋاتقانلىقىغا يانغان تەشەككۇر - رەھمەتمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يىغىسىغا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالمىغان ماھىنۇر، بەختىخانلارنىڭ كۆز يېشىمۇ قوشۇلدى.

— ماھىنۇرنىڭ ئاتىدارچىلىقىدىن ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالمىغىنىڭلارمۇ شۇنىڭدىن، — دېدى ھەسەنجان يىغىلار پەسەيگەندىن كېيىن، — بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق، ياخشى ئىشلىسەڭلار، ماھىنۇرنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىساڭلار، سىلەردىن ھەممىمىز رازى بولىمىز.

گۈلپىيە بىلەن گۈلزار يىغىدىن توختاپ، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇشىغا، ماھىنۇرمۇ ياش يوقى كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىڭلار، ئاندىن دۇكانغا بارسىلەر، شۇنىڭ بىلەن خىزمىتىڭلار باشلىنىدۇ.

ئاخىرقى گەپمۇ شۇ بولدى - دە، ھەممىسى قوزغىلىشتى. بەختىخان پېشايۋاندىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ماھىنۇرغا:

— غۇلجىدىن يالغۇز كېلىۋىدىڭ، مانا بەش - ئالتە جان بولدۇڭ، ھويلاڭ ئاۋاتلاشتى، خوش، ئىشلىرىڭ خەيرلىك بولغاي، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ھەسەنجانمۇ، — ئۈرۈمچى ئاۋات شەھەر، ماھىنۇر بۇ شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى، بۇنى يېڭى پۇقرانىڭ كارامىتى دېيىش كېرەك.

※ ※ ※

بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش بولدى، دېسە، مانا مۇشۇنى دېسە بولىدۇ. تۈنۈگۈنكى يىرگىنىشلىك قىزلار بۈگۈن سۆيۈملۈك قىزلارغا ئايلاندى. كەلگۈسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ياشاشتىن

بەزگەندى ، مانا ئەمدى ئۇمىد ، ئىشەنچكە تولدى . چۈنكى ئۇلار راستتىنلا چۈشكۈنلۈك ، غەپلەتتىن ئويغىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈپ ، غەيرەتكە كەلدى ، بەدىنىدىكى يېپىشقاق ، سىڭىشچان زەھەرنى تازىلاپ ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى كۆردى . ياشاشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى . شۇڭا ھاياتنى باشقىدىن باشلاش نىيىتىگە كەلدى .

ئىككى قىز كەچلىك تاماقنى ماھىنۇرنى ئاربلاشتۇرماي ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزلىرى ئەتتى . تاماقتا ئۇلگۇرۇپ سادىق بىلەن ئەكبەرجان كەلدى . روزاخۇن بوۋاي كىردى . ھەممىسى — ئالتە كىشى قوۋۇلىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى . تاماقتىن كېيىن ، گۈلپىيە قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ ، دەستىلەپ ئېلىۋەتتى . ماھىنۇر بېرىپ تېلېۋىزورنى ئېچىۋىدى ، ئەكبەرجان دەرس ئوقۇيمەن ، دەپ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى . روزاخۇن بوۋايمۇ چىقىپ كەتتى . قالغانلىرى ئاخىرغىچە كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى .

— گۈلزار ، شۇ تۇرقىدا سەن نېمىلەرنى ھېس قىلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىدى گۈلپىيە ئىككىسى ئايرىم خانىسىغا يېنىپ چىققاندىن كېيىن يېتىش ئالدىدا .

— مېنىڭ ھېس قىلغان نەرسىلىرىم ناھايىتى كۆپ ، ئالدى بىلەن ئەركىن - ئازادىلىكنى .

— توغرا ، مەنمۇ خۇددى ئۆز ئۆيۈمدە بەھۇزۇر يۈرگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم .

— توۋا ، گۈلپىيە ، — دېدى گۈلزار غەمكىنلىك بىلەن ، — ئاجايىپ مەينەت ، شەرمەندە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۇق - ھە . . . ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا قىلىپ كېتىدىغان قىلىقلىرىمىز نېمىدېگەن رەسۋا ، ئىختىيارىمىزنى شۇلارغا بېرىۋېتەتتۇق . . . — گۈلزارنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى ، چىرايلىق كۆزلىرىدە مەيۇس ئۇچقۇنلار يېنىشقا باشلىدى ، — خۇددى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالغانىدۇق .

— راست ، بايا بىزنى ئاشۇنداق ھالغا كەلتۈرۈۋېلىش ئۇچۇن ، ئاتايىن ئالداپ ئۆگەتكەنىكەن ، — گۈلپىيەنىڭمۇ ئېچىنىش ، ئۆكۈنۈش ،

غەزەپتىن تېخى يېقىندىلا قان يۇگۇرگەن مەڭزىلىرى ، ھال رەڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ ، قوللىرى تىترەپ كەتتى ، — خالىسا قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىدۇ ، خالىسا تاشلايدۇ ياكى باغرىغا باسىدۇ ۋە ياكى ئېتتىرىۋېتىدۇ . نېمە قىلىمەن دېسە ، قىلالايتتى ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەئەينى قۇل ئىدۇق . قىزلىق نومۇس ، نازاكەت ، غۇرۇر دېگەنلەر نەدە . . . شۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قاپتىكەنمىز ، بىلەمسەن ، ھازىر مەن كىملەر مېنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن .

قىزلار خېلىغىچە تەگسىز خىياللارغا چۆكۈپ جىمىپ قالدى ـ دە ، بىردىنلا يىغلاپ كەتتى . خورلۇق ، خارلىنىش جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى مانا ئەمدى ئۇلار تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ۋە ئازابلانماقتا ئىدى ، كۆز چاناقلىرىغا تولغان ئاچچىق ياشلار توختىماي تامچىلىماقتا ئىدى . قىسمەتنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۇلارنى يەرگە ئۇرغان ، مانا ئەمدى كۆتۈرۈپ ئالدى . بىراق يۈرەككە چۈشكەن داغ ، پېشانىگە يېزىلىپ قالغان بۇلغىنىش ئاسانلىقچە ئۆچمەيدۇ ـ دە .

— دۇنيادا ئەڭ نەپرەتلىك ئادەم — ئۆز غۇرۇرىدىن ، نومۇسىدىن ، ۋىجدانىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم ئىكەن ، — دېدى گۈلپىيە كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ ، — ئۇنداق ئادەم ئەڭ رەزىل ئادەم ، ئەڭ پەسكەش ، ئەڭ خۇشامەتچى ئادەم ئىكەن ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى باشقىلارغا سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايدىغان ، ئۇيۇلۇشنىمۇ بىلمەيدىغان يىرگىنىشلىك مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىدىكەن . . . خۇدايا شۈكۈر ، ماھىنۇر ھەدەم بىزنى ئاشۇ رەزىل دۇنيادىن قۇتقۇزۇپ چىقتى .

— راست ، جېنىم دوستۇم ، راست ، بۇ ئۇگىمىزمۇ ، چۈشىمىزمۇ ، ماھىنۇر ھەدەم راستىنلار بىزگە ئىگە بولدىمۇ ؟

— شۇنداق ، نېمىدېگەن مېھرىبانلىق ، نېمىدېگەن كۆيۈمچانلىق ، نېمىدېگەن ساخاۋەتلىك ئىشلار بۇ . . . بىزنىڭ يالغۇز داۋالىنىشىمىزغىلا ئون تۆت مىڭ سوم تۆلىدى . قارا ، يەنە ئىسسىق ئۆي ، ئىسسىق تاماق تەييار ، تېخى ھەر ئايدا ئىككى يۈز سوم بېرىدىكەن . بىزنى ھەممە غەملىرىمىزدىن خالاس قىلدى . بولمىسا ئۆيلىرىمىزگە قايتالماي ، نەلەردە

قاڭقىپ ، نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەتتۇقكىن ، تۇرمۇش غېمى بىلەن يەنە قانداق ئالدامچىلىقلارغا ئۇچراتتۇقكىن . . . ئويلىسام قورقىمەن . بايىقى بەختىخان ئىسىملىك ئايالنىڭ دېگىنىدەك بىزنىڭ يەنىلا تەلىيىمىز بارئىكەن .

— تەلىيىمىزنى ماھىنۇر ھەدەم ياراتتى ، ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قانداقمۇ ياندۇرارمىز — ھە ؟

— ھەسەنجان ئاكام ئېيتتىغۇ ، ياخشى ئىشلىسەك ، كېيىندىن چىقمىساق ياخشىلىقنى ياندۇرغان ، رازى قىلغان بولىمىز .

ئىككى قىز يېشىنىپ ، پاكىز ، يۇمشاق ئورۇندا ياتقان ، سۆزلەشتىن توختاپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن خۇشاللىق ، ھاياجانلىنىش كۆزلىرىگە ئۇيقۇ بەرمىدى .

شۇ تۇرقىدا ، ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان مەزگىلگىچە ئۇخلىيالمىغان گۈلپىيە بىلەن گۈلزارلا ئەمەس ، ماھىنۇرمۇ تېخىچە ئۇخلىيالمىدى . ئۇمۇ قىزلار توغرىسىدىكى خىياللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى ئويلاپ ئويغاق ئىدى . « ئىككى قىزدىن خاتىرجەم بولدۇم ، ئويلىغانلىرىم بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىر غېمىم تۈگىدى ، — دەپ باشقا خىيالغا كۆچتى ئۇ ، — ئىسمائىلجاننىڭ كەتكىنىگە مانا بىر ئايدىن ئاشتى . كېچىكسەم ، بىر ئايدا كېلىمەن دېيۈىدى ، تېخىچە يوق ، نېمە بولغاندۇ ؟ . . . ئۆيدىكى ھېساپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ دېگەندەك ئىشلىرى پۈتمەيۋاتامدىكىن . . . يا بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالدىمىكىن ، يا بولمىسا يېڭىدىن بىرەر سودىغا كىرىشىپ كەتتىمىكىن ؟ . . . ياق ، ئۇنداق قىلمايدۇ ، ئېلىم - بېرىمىمنى تۈگىتىۋەتسەم ، ئەمدى ئىچكىرىگە كىرمەيمەن ، مۇمكىنقەدەر تېزرەك قايتىپ كېلىمەن ، دېگەن . كېلىپ قالار ، ۋەدە قىلغان ۋاقتىدىن تېخى ھېچ قانچە ئاشمىدى ، — ئۇ ئىسمائىلجاننىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى توغرىسىدىكى ئويلىرىنى تۈگىتىپ ، ئۆزى توغرىسىدىمۇ ئويغا چۆكتى ، — ئاخىر پېشانەمگە ئىسمائىلجان يېزىلغان ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، مەن ئۇنىڭغا تەگسەم ، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئەكبەرجان ئالسا ، بىز ناھايىتى مۇستەھكەم

بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. تېزرەك كەلسە، تويىمىزنى تېزرەك قىلساق، يالغۇزلۇقۇم ئەجەب چېنىمغا تەگدى. ئوتتۇزغا كىرىپتىمەن، مۇشۇ يېشىمغىچە تۇرمۇشنىڭ نېمە خۇشلۇقىنى كۆردۈم؟!»

## 47

ماھىنۇر دۇكىنىدا ئانچە تۇرمايدۇ. ھازىر ئۈچ قىز، سادىق بولۇپ تۆت ئادەم مال سېتىشقا بەخۇدۇك يېتىشىدىغان بولدى. ئۆزى مال يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، كۆپرەك ئۆيىدە بولىدۇ. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن توپ سېتىش بازارلىرىنى ئارىلاپ، بازار ئەھۋالىنى، مال باھاسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، دۇكىنىغا قايتىپ كەلدى. دۇكاندا بىرەر سائەتتەك تۇرۇپ، گۈلپىيە بىلەن گۈلزاردىن رازى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ خېرىدارلارنى كۈتۈۋېلىشى، مۇئامىلىسى ئالايىتەن ياخشى بولۇپ، چاققان، چەبدەس ئىكەن. خېرىدار بىرەر مالنى ئالماقچى بولسا، ئۇنى دەرھال ئالدىغا ئەكېلىپ، يېيىپ كۆرسىتىپ، ئۇ مالنىڭ سۈپەت، پاسونىنى داڭلاپ چۈشەندۈرۈپ، مۇمكىنقەدەر ئۇنى ئالدۇرۇشنىڭ يولىنى تاپىدىكەن. بۇ ماھارەتنى ئۇلارنىڭ تېز ئىگىلىۋالغىنىغا ئۇ خۇش بولدى.

ماھىنۇر بازار ئارىلاش جەريانىدا ئامبارىدىكى شىپۇن دۇخاۋىلارنىڭ باھاسىنى بىر ئاز چۈشۈرۈپ پارچە سېتىشنىڭ ياكى كۆپرەك چۈشۈرۈپ توپ سېتىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان. شۇڭا، سادىققا ئامباردىكى دۇخاۋىلارنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆيىگە ياندى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ھېچ قانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، تۇيۇقسىز ھەسەنجان بىلەن بىر ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. ماھىنۇر ئۇلارنى خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلىدى ۋە تېزلىك بىلەن چاي دەملىدى. ھەسەنجان بۇ يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆز قولىدا ئوقۇغانلىقىنى، مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ ھازىر گېزىتخانىدا مۇخبىرلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ماھىنۇرنىڭ سودىدا قانداق روناق تاپقانلىقى

ۋە ئۇنىڭ جەريانلىرىنى، بولۇپمۇ روزاخۇن بوۋاي، گۇلپىيە بىلەن گۇلزار ھەم باشقىلارغا قىلغان خالىسانە ياردەملىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى، ئۇنى گېزىتتە ئېلان قىلدىغانلىقنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇخبىر يىگىتنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— يازسىڭىزغۇ مەيلى ئۇكام، — دېدى ماھىنۇر بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — بىراق ئاشۇ ئىككى قىزنىڭمۇ ئىسمىلىرى يېزىلار؟

— ئىسىملىرىنى دەمسىز، ئۇنى يازساقمۇ بولىدۇ، يازمىساقمۇ بولىدۇ، — دېدى مۇخبىر يىگىت.

— مېنىڭ ئىسمىمغۇ يېزىلار؟

— ئەلۋەتتە يېزىلىدۇ.

— بۇنى ئويلاشساق بولغۇدەك.

— قانداق دەيسىز؟

— ئۇلار مېنىڭ دۇكىنىمدا ئىشلەۋاتسا، ئىسمى يېزىلمىسىمۇ بەربىر باشقىلار ئۇقۇپ كېتىدۇ، ياخشىسى، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالايلى، ئۇكام، مېنى يېزىش مۇھىم ئىش ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش، ئۇ ئىشلارنى قوزغىماسلىق ياخشىمۇ، ئويلىشىپ باقايلى.

ماھىنۇرنىڭ پىكرىگە ھەسەنجان بىلەن مۇخبىر يىگىت قوشۇلدى. چايدىن كېيىن مۇخبىر يىگىت كەتتى، ھەسەنجان قالدى.

ماھىنۇر قورۇما قورۇپ، ئەتكەن چاي ئەتمەكچى بولۇپ گۆش توغراۋاتقاندا، سادىق كىرىپ كەلدى.

— چوش بولۇپ قالدى، دۇخاۋىلارنى تاماقتىن كېيىن ئاپارساڭمۇ بولار، — دېدى ماھىنۇر سادىققا.

سادىقنىڭ ھەسەنجاننى كۆرۈپ جۇدۇنى تۇتتى ـ دە، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھەسەنجاننىڭ سوئاللىرىغا «ياق»، «ھەئە» دەپ قىسقىلا جاۋابلارنى بېرىپ ئولتۇردى. ھەسەنجان بۈگۈن ئۇنىڭ بۆلەكچە بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن ماھىنۇر سادىقنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر ئىشقى سەۋداغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن شۇ ھالغا كەلگەنلىكى

ۋە ھەسەنجانغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچلۈكى قايناپ ـ تېشىپ تۇرغانلىقى ئۇ-نىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەس ئىدى .

ماھىنۇر قورۇمىنى قورۇپ بولۇپ ، ئاندىن ئەتكەن چاي ئەتتى . ئاۋۋال ئۇچ ئاپقۇر ئەتكەن چاينى ئەكىردى ، كەينىدىن گۆشنى پىياز بى-لەنلا قورۇغان قورۇمىنى ئەكىردى .

ــ ئالدىراپ كەتمىگەن بولسىڭىز ، ھەسەنجان ئاكا ، ــ دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭ چىنىسىگە نان سېلىۋېتىپ ، ــ تاماق ئەتكەن بولاتتىم .

ــ مۇشۇمۇ تاماققۇ ، بۇنداق قايماقلىق ئەتكەن چاينى پەقەت سىز-نىڭ ئۆيىڭىزدىلا ئىچىپ قالىمەن .

ــ شۇڭلاشقا پات ـ پات كېلىپ تۇرۇڭ ، دېيمەن ئەمەسمۇ .

ــ كېلىۋاتىمەنغۇ ؟

ــ نەدە ، ئايدا ، يىلدا بىر كېلىسىز .

ــ ھەر سېغىنغاندا كېلىۋاتىمەن .

سادىقنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى ـ دە ، ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . « سېغىنغاندا . . . ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن ، ـــ ئەتكەن چاينى سېغىندىم ، دەپ ماھىنۇر ئاچامنى سېغىنىپ كېلىدۇ بۇ . . . ماھىنۇر ئاچامۇ نېمانچە قىلىدىكىن ، ھەر كەلسە ، ئالدىرايمەن ، دەپ تۇرسىمۇ ساپلا گۆشنى قورۇپ ئەكىرىدۇ . تېخى قازانغا گۆش سېلىۋاتقان ، گاڭپەن ئەتسىمۇ ئۇچ ـ تۆت خىل قورۇما ، بىزگە نەدە ئۇنداق قىلىدۇ .

ھەسەنجان تۆت قاتلانغان قولياغلىقنى ئېچىپ ئېغىزلىرىنى ئېرتتى ـ دە ، ماھىنۇرغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى ۋە ھېلىقى ئىشلىرىنى ئويلاپ قالدى : توۋا ، مۇشۇ ماھىنۇر ئابدۇقادىر بىلەن قاچقان ـ ھە . . . ئۇ چاغلاردا بۇ قىز تېخى ئېچىلىشقان نازۇك قىزىلگۈل غۇنچىسىغا ، ئابدۇقادىر بولسا ، سولىشىپ قالغان قارا گۈلگە ئوخشايتتى . ماھىنۇر ئۇنى قانداقلارچە ياخشى كۆرۈپ قېلىۋىدىكىن . . . ئۇنىڭدا مۇھەببەت ھېسسى ئويغىنىۋىدى-مىكىن ياكى تەنتەكلىك قىلىپ ، قېچىش دېگەن قانداق بولىدۇ ، قېچىپ باقاي ، دەپ ئويلىۋىدىمىكىن ؟ . . . ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ

كەتتى ، ھېلىمۇ قىزلاردەك تۇرۇۋدا . . . »
ھەسەنجاننىڭ ئۆزى تۇيمىغان ھالدا ماھىنۇرغا قاراپ كەتكىنىنى سادىقمۇ ، ماھىنۇرنىڭ ئۆزىمۇ بايقاپ قالدى . « ھەسەنجان ئاكام ماڭا ئەجەب قاراپ كەتتا ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، — بۇرۇنلاردا مۇنداق قادىلىپ قارىمايدىغان ، بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ بۇ مۇنداقلا قاراشمۇ ياكى مەنىلىك قاراشمىدۇ ؟ » سادىقمۇ : « قانداق قىلسام بولار ، دەپ خىيالغا چۆكۈپ يۈرۈۋەرمەي ، دەيدىغان گېپىمنى تېزرەك دېمىسەم بولمىغۇدەك ، مۇنۇ ئادەمنىڭ قاراشلىرى باشقىچە ، مېنى داغدا قويمىسۇن يەنە . . . قانداقمۇ ئېغىز ئاچارمەن . . . ئەي خۇدا ، ماڭا غەيرەت بەر » دەپ ئويلىدى .
ھەسەنجان تاماقتىن كېيىن كەتتى . سادىق دالانغا چىقىپ ئولتۇردى . ئىككىسى ئۆيدە ئازادە قالدى . سادىق پەيتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنىمۇ ، ئالدىراشنىڭ لازىملىقىنىمۇ ئويلىدى .
ماھىنۇر سارايدىن قاچا - قۇچىلارنى دەستىلەپ كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ، ئۇ :
— ئەمدى سىزنى . . . سىزنى . . . — دەپ توختاپ قالدى .
— نېمىگە دۇدۇقلايسەن ؟
— ئاچا دېمەيمەن .
— نېمە دەيسەن ؟
— ماھىنۇر دەيمەن .
— ۋېيەي ، سەتلەشمە .
— شۇنداق دېسەم نېمە بولىدۇ ؟
— چوڭ بولۇپ كېتىپسەن - دە ؟
— مەيلى ، ئاچا دېسەم دەي ، ئۆزىدىن ياش پەرقى چوڭ بولغان ئەرلىرىنى « ئاكا » دەپ يۈرگەن ئاياللارمۇ بارغۇ . . .
ماھىنۇر سادىقنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ ، ئاۋۋال قىزىرىپ ، كېيىن تاتىرىپ كەتتى - دە ، قولىدىكى چىنە - قاچىلار بىر سىيرىلىپ توختاپ قالدى ۋە پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تىترەپ كەتكەنلىكتىن چىنە -

قـاچىلارمۇ سوقۇلۇپ جاراڭلاپ كەتتى . ئۇ بۇرۇلۇپ ئالايغان كۆزلىرى بىـ
لەن سادىققا قارىدى . سادىق پەسكە قارىۋالدى .
— قـاراپ ئولتۇرىسەنغۇ ، نېمىگە كەلگەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما !
دۇخـاۋىلارنــى دۇكـانغا ئاپارمامسەن ؟ . . . ماڭ ! — دېدى ماھىنۇر قەھرى
بىلەن ۋارقىراپ .
سـادىـق ئورنـىدىـن خـۇددى بىـر نەرسە چېقىۋالغاندەك چاچراپ
تۇرۇپ كەتتى - دە ، ئۆيدىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە چىقىپ كەتتى . ماھىنۇر
ھازىـرغىـچە ئۇنىڭغا مۇنداق ۋارقىرىمىغان ، ھەتتا قاتتىقراقمۇ گەپ قىلمىـ
غـان . سـادىـق ئـامـبـاردىـن ئېلـىـپ چـىـققان ئىككى توپ دۇخاۋىنى
مورىسىگە قويدى - دە ، ھويلىدىن تېزلا چىقىپ كەتتى .
مـاھـىنۇر سالپىيىپ تاپىسىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ پىكىرلىرى
چېـچـىـلـىـپ كەتكەندى ۋە ئۆزىنى بىر بىلىپ ، بىر بىلمەي خېلى ئۇزاق
ئولـتـۇردى ، كـۆڭـلـىدە ھەرخىل خىياللار كېزىپ يۈرەتتى . « تووا ، مۇنۇ
سـادىـقـنـىـڭ دەپ يۈرگەن گەپلىرىنى قاراڭلار ! . . . — ئۇ بىر تەرەپتىن
نـومۇسلىنىپ يەنە بىر تەرەپتىن غەزەپلىنىپ پىچىرلىماقتا ئىدى ، — نېمىـ
دېـگـەن سـەتـچـىـلىك بۇ ، ئۇنىڭغا قانداقمۇ قارارمەن ، ئۇمۇ ماڭا قانداقمۇ
قـاراز . . . تـووا ، مـۇنـۇ تـېـتـىـقسىزلىقنى ، مەن ئەمدى مۇشۇ كۈنگە قالـ
دىممۇ ؟ . . . »
مـاھىنۇرنىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى
ۋە تـوخـتـاۋسىز قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىكىدىن تامچىـ
لـىـمـاقـتـا ئـىـدى . ئۇ نـېـمـىـگە شۇنچە زارلاۋاتىدۇ ؟ سادىق بىلەن ھەدە -
ئـىـنـىـدەك بـولـۇپ قالغان تۇرۇقلۇق قايسى يۈزى بىلەن ماڭا مۇنداق گەپـ
لـەرنـى قـىـلىدۇ ، دەپ يىغلاۋاتامدۇ ؟ ياكى كىچىككىنە بالا مېنى مەسخىرە
قـىلىۋاتىدۇ ، بۇ مەن ئۈچۈن ئېغىر خورلۇق ئەمەسمۇ ، دەپ يىغلاۋاتامدۇ ؟
ۋە يـاكـى ئېـرىـم بولغان بولسا ، بۇ كۈنلەرگىمۇ ، بۇ خارلىقلارغىمۇ قالماس
ئـىـدىم ، قۇرۇپ كەتسۇن ئەرسىز تۇرمۇش ، دەپ يىغلاۋاتامدۇ ؟ بۇ تەرىپى
بـىـزگـە قـاراڭـغـۇ ، بـەلـكى ، ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇدۇر ، ئىشقىلىپ ئۇ ئەلەمدە
تولغىنىپ ، ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كەتتى .

ماھىنۇر ھەسەنجان ئۆيگە كەلگەن ۋاقىتلاردا، سادىقنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، چىرايى تۇتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى سېزەتتى. بۈگۈن شۇنداق بولدى. ئۇ بۇنى ئېرى يوق ياش ئايالنىڭ ئۆيىگە كېلىۋەرسە، قانداق بولىدۇ دەپ، شۇنداق قىلىدۇ، دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈلچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۆڭلى بارلىقىنى قىلچىمۇ ئويلاپ باقمىغان، سادىقنىڭ گېپى ئۇنىڭغا تولىمۇ غەلىتە، شەرمەندە ئىشتەك تۇيۇلدى.

«ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى قانداقمۇ بىر ئۆيدە تۇرغىلى بولىدۇ، — دەپ ئويلىدى ماھىنۇر كۆز ياشلىرىنى ئېرىتىپ، ئۆزىنى بىر قۇر ئوڭشاپ، — ئۇنى قوغلىۋېتىشىم كېرەك. نەگە بارسا بارسۇن، ئۇ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، قولىدا پۇلىمۇ بارغۇ. شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ - دە... — ماھىنۇر خېلى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇ قاراشلىرىدىن يالتىيىپ قالدى ۋە يەنە قانسىز لەۋلىرى پىچىرلىدى، — ئۇنداق قىلماي، بۇ گەپ مېنىڭ ئېغىزىمدىن چىقمىسۇن. ئۇنىڭغا قايتىشىمنى ئاچماي، تورۇلۇك - تورۇك تېگىپ يۈرەي، ئۇنى ئېغىر ئالسا ئۆزى كەتسۇن، بەلكىم بۈگۈنكى ۋارقىرىغىنىمنىڭ، كۆزلىرىمنى ئالايتقىنىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئۆزىمۇ كەلمەس. كەلسە، ئالدىمدىن كېتىشكە بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ كېلەمدۇ تېخى...»

ماھىنۇر دۇكانغىمۇ بارماي، بازار ئارىلاشنىمۇ قويۇپ، ئۆيدە بۇ-رۇختۇرما بولۇپ، ئازابلىنىپ ياتتى. كەچلىك تاماقمۇ ئەتمىدى. ئەمما كەچتە سادىق كەلدى، كەلگەندىمۇ ھەممىدىن كېيىن كەلدى ۋە ياتىقىغا كىرىپ كەتكەنچە چىقمىدى. گۈلپىيە بىلەن گۈلزار كېلىپلا قول - قولچە بىر دەمدىلا لەگمەن ئەتتى. تاماق تەييار بولۇشىغا ئەكبەرجانمۇ كەلدى. لېكىن سادىق مىجەزىم يوق، دەپ ياتىقىدىن چىقمىدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا مىجەزىنىڭ يوق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ماھىنۇردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنىسىغا:

— بولدى، زورلاۋەرمە، مىجەزى يوق ئادەم قانداق تاماق يەيدۇ؟ ئوڭشالغاندا يەر، — دېدى قوپاللىق بىلەن.

تېلېۋىزور كۆرۈشتىن زادىلا قالمايدىغان سادىق تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرۈشكىمۇ چىقمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىسى بۇگۈن يېرىم كېچىگىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى.

ئەتىسى ماھىنۇر دۇكانغا ۋاقىچە باردى. يۇكەيگە يېنىچە يۆلىنىپ ئولتۇرغان سادىق يەردىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇردى. ماھىنۇرغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ماھىنۇر دۇكانغا كېلىپ بەلكىم ئون مىنۇت ئۆتكەندۇ، سودىگەرلەر ئارىسىدا بولۇۋاتقان مۇنۇ خەۋەردىن ئۇنىڭ بېشى پىرقىراپ كەتتى:

— ئىسمائىلجان دېگەن بىرسىنى دېڭىز ياقىسىدا بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرۈپ تېلېۋىزورلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ.

— يۈز دانە رەڭلىك تېلېۋىزور ئىكەن، ئۇياقتىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ ماشىنىغا بېسىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— ئۇ غۇلجىلىق ئىكەن.

— ساپلا ئەتكەس مال سودىسى قىلاتتىكەن.

نېمىدېگەن دەھشەتلىك خەۋەر بۇ ـ ھە... بۇ گەپلەر ماھىنۇردىن ئۈچ مېتىر نېرىدا توپلىشىۋالغان تىجارەتچىلەر ئارىسىدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. كۆزلىرى ئىمىر ـ چىمىر قىلىپ، يەرلەر ئاسمانغا ئۇچۇۋاتقاندەك، ئاسمان يەرگە ئېقىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى، كۆز ئالدىلا ئەمەس، ئىچىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. پېشانىسىدىن يۇرۇلداپ چىققان سوغۇق تەرنى قولى بىلەنلا ئېرتىپ، نەلەرگىدۇر تىكىلدى. ئۇ ئېچىنىشلىق، ئىنتايىن ئازابلىق خىياللارغا پېتىپ يېرىم سائەتتەك ئولتۇردى ـ دە، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئۆيىگە ياندى. يول بويى ئۆزىنى بىر بىلىپ ـ بىر بىلمەي دېگۈدەك ماڭدى. كۆزىگە ھەممە نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ۋە تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن زارلاندى: «مەن نېمىدېگەن شور پېشانە، نېمىشقا بەختىم قارا، ـ ئۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن تورۇسقا تىكىلىپ، كىرىپىكمۇ قاقماي ھەسرەتلىنىپ پىچىرلىماقتا ئىدى، ـ ئاتا ـ ئانامنىڭ مەجبۇرلاپ

بىرىنى بىلەن بىرىنچى تۇرمۇشۇم ۋەيران بولدى ، ئەسكى بولدۇم . ئىككىنچى قېتىم ئالدىنىپ ياتلىق بولۇپ ، شەرمەندە بولدۇم ، ئۈچىنچى قېتىم ئەمدى بەختىم ئېچىلار ، دەپ مەيلىم قوزغالغان ئادەمگە ياتلىق بولاي دېگەن چېغىمدا ، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلسە ، ماڭا ئۇۋال ئەمەسمۇ . . . مەن كىشلەرگە يامانلىق قىلمىغۇدىمغۇ ، نېمانچە تارتقۇلۇقلار بۇ . . . تۇۋا ، ئۆمۈر يولۇمغا شۇنچىلىك ئەلەم ، ئازابلار يوشۇرۇنۇپتىكەن ـ دە . . . »

ماھىنۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى ـ دە ، قايغۇلۇق كۆڭلىگە بىر ئاز تەسەللىمۇ تاپتى : « يىراق يەرنىڭ گېپى ھەر ياڭزا » دېگەن گەپمۇ بار ، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ ، ـــ بۇنچىلىك بولۇپمۇ كەتمەي ، بۇ گەپلەرنىڭ راستىمۇ باردۇر ، يالغىنىمۇ باردۇر ، سانىماي سەككىز دېمەي ، ئاۋۋال ئېنىقراق ئۇقۇپ باقاي . »

يىراق ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، ماھىنۇر ئىچكىرىدىن چىققان غۇلجىلىق ياش سودىگەردىن ئىسمائىلجاننىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ راستلىقىنى ئۇقتى . ئۇ ئىسمائىلجاننىڭ پىچاق سېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ ئۈزۈلدى .

شۇ كۈنى ماھىنۇر كېچىچە يىغلاپ چىقتى . بېشىغا كەلگەن قىسمەتتىن زارلىنىپ تاڭنى ئاتقۇزدى . ئۇ نىمجان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى . كۆزلىرى تورلىشىپ ، بىر نەرسىنى روشەن كۆرەلمەيتتى . بېشى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇش ئالدىدا ئىسمائىلجاننىڭ ھەدىسىنى ۋە ھەدىسىنىڭ ئەكبەرجان بىلەن بىللە ئوقۇۋاتقان قىزىنى ئويلاپ قالدى : « ئۆلتۈرۈلگىلى بىر ئايچە بوپتۇ ، ئۇلار نېمىشقا ئۇقمىغاندۇ ؟ ئۇقـقان بولسا ، ئاشۇ قىز ئارقىلىق بىزمۇ ئۇققان بولار ئىدۇق . يۈز دانە تىلىۋۇزور ئۈچ يۈزمىڭ ، كۆپ بولسا تۆت يۈزمىڭ سوم بولار ، يەنىمچە ئىسمائىلجاننىڭ ئالتە ـ يەتتە مىليون سومغا يېقىن پۇلى بار . ئۇ پۇللىرى قەيەردىدۇ ؟ شۇنچە پۇلنى ئەلۋەتتە يېنىغا سېلىپ يۈرمەيدۇ ـ دە . دەرھال ھەدىسىگە خەۋەر قىلىۋەتسەم بولغۇدەك . »

## 48

قىش ئۆتتى ، تەبىئەت ئويغاندى ، ئاسمان سۈزۈلدى . يۈرەكلەرنى سەگىتىپ ، ئەتىيازنىڭ يېقىملىق ھىدى تارقىلىشقا باشلىدى . يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن نەغمىچى قۇشلارمۇ يېتىپ كەلدى . ئادەملەرمۇ ، جان ـ جانىۋارلارمۇ ، يەرلەرمۇ بىر يېڭىلىنىش مەۋسۇمىغا كىردى . ئېدىر ـ دۆڭلەر ، ئېتىز ـ قىرلار ، ئېرىق ياقىلىرى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كۆكتاتلىرى بىلەن قاپلىنىشقا ، مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەشكە ـــ تەبىئەت ياسىنىشقا باشلىدى . ئادەملەر خۇشال ، قۇشلار پەرۋاز قىلماقتا ، سايرىماقتا . . .

لېكىن ماھىنۇر مىسكىن ، چىرايلىق ياسىنىدۇيۇ ، غەمكىن يۈرىدۇ . دۇكانغا ھەركۈنى بېرىپ تۇرۇشتىنمۇ قالغان ، كۆپ ۋاقتىنى ئۆيدە يالغۇز ئۆتكۈزىدۇ . چاققان ـ چەبدەسلىكى ، تىنىم تاپماسلىقى ، ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇنلۇقى قېنى ؟ ھە ، ئۇنى ئايىغى چىقماس خىياللار ئېلىپ كەتكەن . يۈرەكنى زىدە قىلىدىغان ئازابلىق خىيال ، ئاھ ئۇرۇش ، ھەسرەتلىنىش ھازىر ئۇنىڭ دائىمىي ھەمراھى .

بۈگۈنمۇ ئۇ ئۆيدە . ئەتىگەن ئەكبەرجان مەكتەپكە ، سادىق ، گۈلزار ، گۈلپىيەلەر دۇكانغا كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بارى ـ يوق قىلغان ئىشى ئۆينى سۈپۈرۈپ قويۇش بولدى . سائەتمۇ ئوندىن ئېشىپ كەتكەندۇ ، ھازىرغىچە سىم كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە قوش ياستۇقنى قولتۇقى ئاستىغا قويۇپ يېنىچە ياتىدۇ . چىرايى سولغۇن ، كىرپىكلىرى ھالسىز ، قارا كۆزلىرىدە ئاجىز نۇرلار ئۇچقۇنداپ قالىدۇ .

ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ پېشايۋانغا چىقتى . غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا تىكىلدى . بىر جۈپ قارلىغاچ پېشايۋانغا ئۇۋا سالماقتا ئىدى . ئۇ كۈلۈمسىرىدى . باھارنىڭ قىيغىتىپ ئۇچقان يېقىملىق شاماللىرى شىۋىرلاپ يېتىپ كەلدى . ئۇ بىر ئاز سەگىپ راھەتلەندى ۋە پېشايۋاندا

ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۇياق ـ بۇياقتا ماڭدى . دەرۋازىنىڭ يېنىدا ـــ كىچىككىنە ئۆينىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان روزاخۇن بوۋاي ماھنۇرنىڭ روھىي ھالىتىگە ، ھەرىكەتلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ تۇراتتى . ماھنۇرنىڭ كۆزى ئاسمانىدا ، دەرەخ ئۇچلىرىدا ئىدى . ئۇ پېشايۋاندىن چۈشۈپ كوچىغا چىقىپ كەتتى . بىراق دۇكانغا بارماي يېرىم يولدىن قايتىپ كەلدى . ساراي ئۆيگە كىرىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى . يېڭىدىن چېچەكلەپ ئېچىلغان جىگدىنىڭ بىر تۇتام ئۇششاق شاخلىرى گۈل قاچىسىغا چىلىنىپ ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويۇلغانىدى . « روزاخۇن بوۋاي ئەكىرىپ قويۇپتۇ ـ دە ، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ ، ـــ كوچىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ ، دېرىزىسىدە كۆرگەندەك قىلىۋىدىم . » ئۇ ئۈستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . جىگدىنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان ئۆتكۈر پۇرىقى ماھنۇرنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ ، ئەتىياز كىرىش بىلەن ئويغىنىشقا باشلىغان ئىشقىي ھېسلىرىنى ئۇلغايتىۋەتتى ۋە تۇرمۇشىدىكى كەم نەرسىگە بولغان تەشنالىقىنى ، ئىنتىلىشىنى ، زارىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . ئۇ بۇرۇختۇرما بولۇپ ئۇنىسىز ئازابقا چۆكۈپ ئولتۇرغاندا ، ئۆيگە ئەكبەرجان كىرىپ كەلدى .

ـــ دۇكانغا بارماپسەن ـ دە ، ھەدە ؟

ـــ بارمىدىم .

ـــ تاماق ئەتمىدىڭمۇ ؟

ـــ ئاخشامقى گۆش ناندىن بار ، ئەتكەن چاي ئېتىپ بېرەي ، ـــ ئۇ چۈش بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمىغانىدى . ئەكبەرجانمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا چۈشتە ئۆيگە كەلمەيتتى .

ـــ سەنمۇ ئىچمەمسەن ؟ ـــ دېدى ئۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ .

ـــ قورسىقىم ئاچمىدى .

ئەكبەرجان ھەدىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى ـ دە ، سورىدى :

ـــ مۇشۇ يېقىندىن بېرى نېمە بولۇۋاتىسەن ، ھەدە ؟

ـــ ھېچنېمە ، قانداق ؟

— قايغۇرۇپ يۈرگەندەكلا قىلىسەن ، ئاخشام قىزلارمۇ : ماھىنۇر ھەدەمگە نېمە بولغاندۇ ، ئەجەب ئۇنسىز بولۇپ كەتتى ، دېيىشىۋاتىدۇ .

— مىجەزىم يوق ، ئاغرىغان يېرىمنىڭ تايىنى يوق ، ئەتىيازلىقى قان سۈيۈلگەندە ئادەم شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇ .

— دوختۇرغا ئاپىرايمۇ - يا ؟

ماھىنۇر كۈلدى .

— بىر يېرىم ئاغرىمسا نېمىگە بارىمەن ، مەندىن ئەنسىرىمە ، ئۇكام .

ئەكبەرجان كەتكەندىن كېيىن ، ماھىنۇر يەنە ئازابلىق خىياللارغا پېتىپ قالدى : « قىزلار مېنى ماھىنۇر ھەدەمگە نېمە بولغاندۇ ، ئەجەب ئۇنسىز بولۇپ كەتتى ، دېيىشىپتۇ - دە ، ھەي قىزلار - ھەي قىزلار ، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن دەرد - ئەلەملەرنى سىلەر نېمە بىلىسلەر ، ياشلىقىم ئاخىرلىشاي دەپ قېلىۋاتىدۇ ، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى قانچىلىك كۆردۈم ؟ . . . ياشلىقىم ، ئىشقىي ھېسلىرىم تەلەپ قىلغان نەرسىلەر قېنى ؟ . . . قايسى كۈنى مۆمىنجان يەنە ئالدىمنى توسۇۋالدى ، تۇرمۇش قۇرايلى ، دەپ يالۋۇردى ، كۆڭلۈم تارتمىسا قانداق قىلىمەن ، تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولامدۇ ؟ . . . راست ، ئىسمائىلجانغا كۆڭلۈم چۈشۈۋىدى ، ئۇ مېنى بەختلىك قىلىدۇ ، دەپ ئويلىۋىدىم ، بىراق ئۇ مېنى تەلمۈرتۈپ قويۇپ ، ئاققان يۇلتۇزدەك كۆڭلۈم ئاسمىنىدىن يوقاپ كەتتى . بۇ دۇنيادا مېنىڭدەك بىتەلەي ئادەم بارمىدۇ ؟ . . . قايسىبىر يىلى بىر مومايىنىڭ ئوغلىغا : ئۆزۈڭنى يۇلغا ئۇنچىلىك ئۇرۇپ كەتمە بالام ، قېرىنداشلىرىڭنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىۋەتكەن پۇل كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سېنى ۋەيران قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىۋىدىم ، ئىسمائىلجاننىڭ تاپقان پۇلى ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋېتىش تۇرماق ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىغۇ . . . ئىسمائىلجان ماڭا : ھەر قانداق ئىش ئۆز يولى بىلەن بولۇش كېرەك ، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن ، دېگەن قالتىس ئۇلۇغ گەپ ، دېگەندى ، نېمىشقا ئۇنى ئۆزىگە ئىشلىتەلمىدى ؟ نېمىشقا قانۇنسىز سودىدىن قول ئۈزەلمىدى ؟ قانۇنلۇق سودا بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ، ھەر

ئىش ئۆز يولى بىلەن بولغان بولاتتىغۇ ؟ . . . — ماھنۇر چوڭقۇر تىنىپ تـوختاپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ياش ئۇنچىلىرى پارقىرىدى ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئەلەم بىلەن ئېچىشىپ كەتتى ، ئۆيلەر پىرقىراۋاتـ قانـدەك بـولدى . شۇ ھالدا ئۇ خېلى تۇرۇپ قالدى ، — مۇشۇ ئەھۋالىمدا كـۆزۈمـنى يۇمۇپلا مۇنۇ سادىقلا تەگسەممۇ بولاتتى ، بىراق ئۇ مەندىن ئون ئـىـكـكـى يـاش كـىـچىـك ، مەن ئەللىك ياشقا كىرىپ ، ئىشقىي ھېسلىرىم ئۆلـگـەن چاغدا ، ئوتتۇز سەككىزگە كىرىپ ، ئىشقىي ھېسلىرى راسا ئۆرـ لـىگـەن بـولـىدۇ . شـۇ چـاغدا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ ؟ بەربىر كـۆڭـۈلـسـىـزلىك ، بەختسىزلىك كېلىپ چىقمامدۇ ؟ ! كاشكى ئۇ ئەكبەرـ جـانـدىـن ئۈچ ـ تـۆت يـاش چـوڭ بـولغان ، ئەكبەرجان ئۇنى ئاكا ، دەپ يـۈرگەن بولسىچۇ . . . ئاھ ، خۇدا ، نېمىشقا ئۇنى مەن بىلەن تەڭ دېمەتـ لـىـك قـىـلىپ يارىتىپ قويمىغانسەن ، ھەممە تەتۈرلۈكنى ، بەختسىزلىكنى مېنىڭ پېشانەمگە يازغىنىڭ نېمىسى ؟ . . . »

« ھېـلـىـقـى ئابـدۇقـادىـر بىلەن ھەسەنجان ئاكام غۇلجىدا بىزنىڭ ئۆيـگـە كـېـلـىـپ يـۈرگـەن چـاغلاردا كـۆزۈم ئەجـەب ھەسەنجان ئاكامغا چۈشـمـەيـتـىـكەنا ، يا ھەسەنجان ئاكامنىڭ ماڭا چۈشمەيتىكەن . ھازىرمۇ مـاڭـا قاراپ كېتىدۇ ، ئۆتكەندە كەلگەندە كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ كەتتى . مـاڭـا مەيلى بولۇپ ، ئېغىز ئاچالماي يۈرەمدۇ ـ يا ؟ . . . ئەگەر ھەسەنجان ئاكـام ئېـغـىـز ئاچسا ، سۆزسىز ماقۇل ، دەيتتىم . سودىگەرچىلىك قىلماڭ ، دېـسـىـمۇ ماقۇل ، دەيتتىم . بىراق ئۇ نېمىدىن قورۇنىدۇ ، كۆڭلى بولسا دەـ ۋېرىشى كېرەكتىغۇ . »

« ئادەمـلـەر نـېـمـە ئۈچـۈن يـاشـايـدۇ ؟ خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بـولـۇش ، بـەخـتـلـىـك بولۇش ئۈچۈن ، ھەممە ئادەم شۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ ، مـەنـمـۇ ئـىـنـتـىـلـدىـم ، لـېـكـىـن ھازىـرغـىـچە ماڭا نېسىپ بولمىدى ، — ماھنۇرنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ، ئازاب ، ئەلەم ئۇچقۇنلىرى تېخىمۇ روشەن يـانماقتا ئىدى ، — پۇل تېپىپ باي بولۇش — بەختلىك بولغانلىق ئەمەس ئـىـكـەن . شـۇنچە پۇل تاپتىم ، باي بولدۇم ، بىراق ئۇ تۇرمۇشۇمدىكى كەم نـەرسـىـنى ، مەن زارىقىپ كۈتكەن نەرسىنى تولدۇرۇپ بېرەلمىدى ، بەختـ

لىكمۇ قىلالمىدى . تەقدىر رەھىمسىزئىكەن ، ياشاش ئازاب ئىكەن . . . »

« مەن تېبخى ياشقۇ . مېنىڭ بەختىم كىمگە باغلىق بولار ۋە كىمدىن ئىچىلار ، شۇنداق كۈنلەر كېلەرمۇ ؟ — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە باردى ـ دە ، سىرتقا مۆلدۈرلەپ قارىدى ، — ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ، تەقدىرنىڭ ماڭا ئاتا قىلغىنى غېرىب ـ مىسكىنلىك ، يالغۇزلۇق ئوخشايدۇ . . . ئۇھ . . . »

ماھىنۇرنىڭ دېمى سىقىلدى ، تۆت تام بارغانسېرى قىسىپ كېلىۋاتقاندەك قىينالدى . ئۇ بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ، ئازابلىق خىياللاردىن نېرى بولۇش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى ـ دە ، كۆڭلىگە ئاراملىق ئىزدەپ دۇكىنىغا — قايناق بازارغا قاراپ ماڭدى . كېتىپ بېرىپ بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدى « ياق ، بازار ماڭا قانچىلىك ئاراملىق تېپىپ بېرەر ؟ . . . ياخشىسى ھەسەنجان ئاكامنىڭ ياتىقىغا باراي ، ئۇ مېنى ئۆتكەندە كىرىپ قالغان تۇيۇق يولۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ئەمەسمىدى . . . توختا ، شۇ يەرگە باراي ، بەلكىم ئۇنىڭمۇ ماڭا ئېيتالماي يۈرگەن گەپ ـ سۆزلىرى باردۇر ، ھېچ بولمىسا ئۆكسىگەن دىلىمغا تەسەللى بېرەر . . . »

ئۇ ماڭغان يولىنى ئۆزگەرتىپ ، ھەسەنجاننىڭ ياتىقىغا يۈرۈپ كەتتى .

1994 ـ يىلى ، غۇلجا ناھىيە دولانيۈزى يېزىسى ،
1995 ـ يىلى ، توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىسىدا يېزىلدى .

مەسئۇل مۇھەررىرى : سۇلتان ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى : ئازاتگۇل ئاتاۋۇللا
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام

# ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى

( رومان )

ئاپتورى : ئابدۇراخمان قاھار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 7226 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر1 / 32
باسما تاۋىقى : 17.375 قىستۇرما ۋارىقى :4
1998 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 10,000 —I
ISBN7—228—04665—X/I • 1738
باھاسى : 19.80 يۈەن